ئەختەم ئۆمەر



# ئۇ ۋە ھەم سەن دەريا

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
خەتتات: سۇلايمان ئىسمائىل خالى

## ئەختەم ئۆمەر ئەسەرلىرى

غېرىب - سەنەم (1) (2)

باياۋاننىڭ سىرى (1) (2)

چۈمبەللىك ساھىبجامال

دېلىغۇللۇقتىكى سۆيگۈ

ئاھ، رەھىمسىز دەريا

قۇملۇق تىترەۋاتىدۇ

يېگانە ئارال

ISBN 978-7-228-11818-2
9 787228 118182 >
定价 :40. 00元

ئەختەم ئۆمەر

# ئاھا رەھىمسىز دەريا

(پوۋېستلار)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

**图书在版编目(CIP)数据**

阿，无情的河：维吾尔文/艾合塔木·吾买尔著. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2008. 8
ISBN 978—7—228—11818—2

Ⅰ. 阿… Ⅱ. 艾… Ⅲ. 中篇小说—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2008）第 131340 号

| | |
|---|---|
| **作　　者** | 艾合塔木·吾买尔 |
| **责任编辑** | 巴力江·孜帕尔 |
| **责任校对** | 阿依古丽·萨比提 |
| **特约校对** | 亚森·扎依莫夫 |
| **封面设计** | 艾克拜尔·萨力 |
| **出版发行** | 新疆人民出版社 |
| **电　　话** | (0991)2827472 |
| **地　　址** | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| **邮　　编** | 830001 |
| **印　　刷** | 新疆金版印务有限公司 |
| **经　　销** | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| **开　　本** | 880×1230 毫米　1/32 |
| **印　　张** | 14.5 |
| **版　　次** | 2008 年 10 月第 1 版 |
| **印　　次** | 2008 年 10 月第 1 次印刷 |
| **印　　数** | 1—5000 |
| **定　　价** | 40.00 元 |

# ئاھ، رەھىمسىز دەريا (پوۋېستلار)

---


ئاپتورى :  ئەختەم ئۆمەر
مەسئۇل مۇھەررىرى :  بارىجان زەپەر
مەسئۇل كوررېكتورى :  ئايگۈل سابىت
تەكلىپلىك كوررېكتورى :  ياسىن زايىموف
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى :  ئەكبەر سالىھ
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى :  شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون :  0991—2827472
ئادرېسى :  ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر
پوچتا نومۇرى :  830001
باسقۇچى :  شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى :  شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى :  880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى :  14.5
نەشرى :  2008 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى .
باسمىسى :  2008 - يىل 10 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى :  1—5000
كىتاب نومۇرى :  ISBN 978—7—228—11818—2
باھاسى :  40.00 يۈەن


---

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتكى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

«شۇم پېشانە» .................................................. 1
ھەسرەت .................................................. 73
زېمىن ، قارا ئادەملىرىڭگە ! .................................................. 107
ئاھ ، رەھىمسىز دەريا ! .................................................. 168
قۇرتلاپ كەتكەن كۆل .................................................. 225
قىيامەتتە قالغان سەھرا .................................................. 315

## «شۇم پېشانە»

### 1

ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈنغا سوزۇلغان ، يىلان باغرى ئاقىدىغان دولان دەرياسى بويى . تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن دەريا ئارىلىقى مۇنبەت تۈزلەڭلىك . ئۇ يەردە تۈزى تەڭشەلگەن يەرلەرمۇ ، زەي ـ شور ئۆرلەپ تۇرىدىغان يەرلەرمۇ ، ساپ ھاۋالىق باغۇ ـ بوستان مەھەللىمۇ ، بىپايان قومۇش باسقان سازلىقمۇ ، چەكسىز كەتكەن يىكەنلىك ، سۈيى تۈزلۈق كۆللەرمۇ ، قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا كەڭرى يېيىلىپ ياتقان قويۇق توغراقلىق ، ياۋا جىگدە ، يۇلغۇنلۇقلارمۇ بار . بۇلارنىڭ شەرق تەرىپىنى دولان دەرياسى ئوراپ تۇرىدۇ . دەريا ئاجايىپ سېھرىي كۈچكە ئىگىكى ، بۈگۈن بۇ قىرغاقتا ئۆزىنى ئۇرۇپ نۇرغۇن زېمىننى يۇتۇۋەتسە ، ئەتىسى قارشى قىرغاقتا يېيىلىپ ئاقىدۇ . شۇڭا خەلق بۇ دەريا بويىدا زېمىن تۇتۇشتىن ئېھتىيات قىلىدۇ . دەريانىڭ ئىككى ياقىسىغا نۇرغۇن خەلق ئولتۇراقلاشقان بولۇپ ، يىراقتىكى ئېگىز تەكلىماكان قۇملۇقىدىن قارىسا ، بۇ دەريانىڭ بۈك ـ باراقسان ئورمانلار ، يېشىل تۈزلەڭ يايلاقلار ، ئېگىز شور دۆڭلەر ، تۆگە لوكىسىدەك قۇملار ئارىسىدا خۇددى كۈمۈش يىلاندەك جىمىرلاپ تولغىنىپ ئېقىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ . دەريانىڭ ئاياغ ئېقىنىدا بىر دەريا قايچىسى بار . بۇ قايچىدا يىكەن ، پىيىزەك ، خادا قومۇشلار ،

كىچىك ـ كىچىك شورلۇق كۆل ئىچىدە نۇرغۇن تۇزلۇق پۇلاقلار بار . بۇ كۆللەردە ئادەتتە دولاننىڭ ئۇزۇن قۇيرۇق يەرلىك قارا بېلىقى ، ياۋا ئۆردەك ، قاراغاز ، ئالا بويۇن قاشقالداق ، قىزىل قوڭۇر قانات قاشقالداق ، يەكەن توخۇسى ، كېچە ـ كۈندۈز بۇقۇلداپ زەمبىرەك ئاتقاندەك ئاۋاز چىقىرىدىغان سۇ بۇقىسى ۋە قۇشقاچلار ماكان تۇتقان . ئاندىن ئۇزۇن بويۇن ئاق تۇرنا ، قىرغاۋۇل ، ھاڭغىت قاتارلىقلارمۇ بار .

مانا بۇ كۆللەرنىڭ ئەتراپىغا ئادەمزات كەمدىن ـ كەم ئاياغ باسىدۇ . لېكىن ئۇنىڭ ئېگىزرەك بىر تۆپىلىكىدە بىر يالغۇز كەپە بار . كەپىدە بىر قېرى ئاقساقال بوۋاي بىلەن ئۇنىڭ يىگىرمە تۆت ـ يىگىرمە بەش ياشلاردىكى بىر ئوغلى ياشايدۇ . ئۇلار ئاساسەن بېلىقچىلىق قىلىدۇ . يازدا دەرياغا ئاق سۇ كەلگەندە دەريادىن ئېقىندا سۈزىدۇ . ئاق سۇ كەلسە ئۇلارنىڭ ئامىتى كېلىدۇ . چۈنكى دەريادا ھەر يوغان لىم ياغاچلار ئېقىپ كېلىدۇ . بەزىدە بىر كۈندە يەتتە ـ سەككىز تال قارىغاي ، ئارچا ، توغراق سۈزۈۋالغىلى بولىدۇ . بۇنىڭ ھەر بىرىنى يىراقتىكى شەنبە بازارغا ئاپىرىپ ، كەم دېگەندە ئەللىك تىيىندىن ساتقىلى بولىدۇ . لېكىن دەريادىن ئېقىندا سۈزۈش خەتەرلىك ئىش ، بەزىدە ئېقىم قاينىمىغا دۈچ كەلگەندە ئېقىندىنى تاشلاپ ، دەرھال جاننى ياقىغا ئالمىسا جاندىن ئايرىلىدۇ .

يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان ماڭسۇر بوۋاي ئېقىندا سۈزۈشكە چىقالمايدىغان بولۇپ قالدى . چۈنكى ئېقىندا سۈزۈش كۈچتۈڭگۈرلۈك ھەم چەبدەسلىكنى تەلەپ قىلىدۇ . تۇرۇلۇپ ـ تۇرۇلۇپ كېلىدىغان غايەت زور دولقۇن ، ھۆركىرەپ ، ھۇتارتىپ پىرقىرايدىغان قايناملارغا دۈچ كەلگەندە بارلىق جان ـ جەھلى بىلەن غۇلاچ تاشلاپ ئۈزۈپ ئۆتۈشكە ، چاپالىق ھەم خەتەرلىك ھالەتلەردىمۇ قارامىلىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ . شۇڭا بۇ ئىش ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇشۇكۈرگە قالدى .

ئابدۇشۇكۇر كىچىكىدە ئانىسىدىن يېتىم قېلىپ ، ئاتىسىنىڭ ئالدىدا مۇشۇ دەريا بويىدا چوڭ بولدى . ئاتىسىنىڭ دەريا بويىدىكى

جاپالىق ، خەتەرلىك ئەمگەكى ئۇنىمۇ قاۋۇل ، قورقۇمسىز ، چىدامىلىق ، قارام بىر يىگىت قىلىپ يېتىشتۈردى . ئۇ ئاق سۇ مەزگىلىدە سەھەردە ئورنىدىن تۇرىدۇ ـ دە ، بېلىق شورپىسى بىلەن ياما زاغرىسىدا ناشتا قىلىپ ، يەتتە ـ سەككىز تۇخۇم بىلەن بىر ـ ئىككى زاغرىنى بېلىگە تۇگۇۋېلىپ ، كەندىر ئارقانىنى قۇلا ئاتنىڭ بوينىغا يۆگەپ ، ئاتقا يايداق مىنىپ ، دەرياغا قاراپ ماڭىدۇ . تاغىل ئىت ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ئارقىسىدىن ئەگىشىدۇ . كەچكىچە غۇلاچ تاشلاپ ، سۇ بىلەن ئېلىشىپ ، قايناملاردا قېقىلىپ ، دولقۇنلاردا چۆكۈپ ـ لەيلەپ يۈرۈپ سۈزگەن ئېقىندىلارنى دەريانىڭ قولتۇق تاراملىرى ئارقىلىق كۆلگە ئاچىقىپ ، قۇلا ئاتقا سۆرىتىپ مەھەللىگە ئەكېلىدۇ . ماڭسۇر بوۋاي بولسا كەچكىچە تور سېلىپ بېلىق تۇتۇش بىلەن ئاۋارە .

بۇ يەرگە كىشىلەر كەم كېلىدۇ . پەقەت ئىككى ـ ئۈچ كۈندە بىر قېتىم شەنبە بازارلىق بېلىقچىلار كېلىپ ، ماڭسۇر بوۋاي تۇتۇپ قويغان بېلىقلارنى ئېلىپ كېتىدۇ . ئېقىندىلار يازچە ئاپتاپتا تۇرۇپ قۇرۇيدۇ . قىش كىرگەندە بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ ، پۇلىغا ئاشلىق ، ياغ ، كىيىم ـ كېچەك سېتىۋالىدۇ . قالغان پۇلنىڭ كۆپ قىسمىنى ماڭسۇر بوۋاي كونا مىس چۆگۈنگە سېلىپ ساقلايدۇ .

بۈگۈن ئابدۇشۈكۈر ئادىتى بويىچە ، ئاتىسى تەييارلىغان ناشتىلىقنى يېدى ـ دە ، زاغرىنى بېلىگە تۇگۇپ ، قۇلا ئاتنى مىنىپ ، تاغىل ئىتنى ئەگەشتۈرۈپ ، دەرياغا قاراپ ماڭدى . تاڭ ئەمدىلا سۈزۈلگەنىدى . يىراقتا چوقچىيىپ تۇرغان قۇملۇق ئۇپۇققا ئوخشاش ئاستا ـ ئاستا قىزغۇچ رەڭگە كىردى . دەريادىن سۇنىڭ توختاۋسىز شارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ ، نەم شامال ئۇرۇپ تۇرىدۇ . ئابدۇشۈكۈر ئاتلىق كېتىپ بېرىپ ، دەريانىڭ يىراق يۇقىرى ئېقىنىغا ئۈزمەي كۆز تىكتى . لۆمۈلدەپ ئېقىۋاتقان قورقۇنچلۇق لاي سۇدا ، ئۇ يەر ـ بۇ يەردە پاچاقتەك چوڭلۇقتىكى ياغاچلار ئېقىپ كەلمەكتە ئىدى . ئابدۇشۈكۈر چوڭ ئېقىندا

كەلمىسە ئادەتتە ئاتايىن سۇغا كىرمەيتتى . شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ ئىتى قاتتىق قاۋاپ كەتتى . ئابدۇشۇكۇر بۇرۇلۇپ دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى قۇملۇق قىرغاقتا تاغىل ئىتىنىڭ ئۆزىگە قاراپ قاتتىق قاۋاۋاتقانلىقىنى كۆردى . بۇ تىمتاس قىرغاقتا ئادەتتە بىرەر ئەھۋال بولمىسا ئىت قاۋىمايتتى . شۇڭا ئۇ ئاتنى ئىت تەرەپكە قاراپ چاپتۇردى . ئۇ يېقىنلاپ كەلگەندە ، قىرغاقتا يېقىن ، ئۇشۇققىچە سۇدا بىر ئادەم دۈملا سوزۇلۇپ ياتاتتى . ئۇ ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ ، ياتقان ئادەمنىڭ يېنىغا كەلدى . تاغىل ئىت ئابدۇشۇكۇرگە سۈركىلىپ ئەركىلەپ غىڭشىدى . ئۇ بۇ ئادەمنىڭ ئايال ئىكەنلىكىنى بايقىدى . چۈنكى ئايالنىڭ پۈتۈن ئەزايىغا بىر قەۋەت كۆك سىغىزلاي ئورنىشىپ كەتكەن بولۇپ ، چىرايى تۇگۇل ئۇزۇن ئىككى تال ئۆرۈمە چېچىمۇ لاي ئارىسىدا پەرق ئەتكۈسىز بولۇپ كەتكەنىدى . ئابدۇشۇكۇر ئايالنى كۆتۈرۈپ قىرغاققا ئاچىقىپ چىم ئۈستىگە ياتقۇزدى . ئۇنىڭ يۈز - كۆزىنى بەلۋېغىنىڭ ئۇچى بىلەن ئېرتتى . قىزنىڭ چىرايىدىن گۈزەللىكى ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى . ئابدۇشۇكۇرنىڭ قىزغا رەھىمى كېلىپ ، ئىچى سىيرىلىپ كەتتى . ئۇ قىزنىڭ چېكىسىنى تۇتۇپ باقتى . ئاندىن ئېڭىشىپ قۇلىقىنى كۆكسىگە قويۇپ يۈرىكىنى تىڭشىدى . قىزنىڭ يۈرەك سوقۇشى بىلىنەر - بىلىنمەس ئاڭلىنىپ تۇراتتى .

— تېخى هاياتكەن ، — دەۋەتتى ئۇ ، خۇشال بولۇپ . قىزنىڭ قورسىقى ئېسىلىپ كەتكەنىدى . ئابدۇشۇكۇر قىزنىڭ بېشىنى تۆۋەن قىلىپ ، قورسىقىنى مۇجىدى . قىزنىڭ ئاغزى - بۇرنىدىن بۇلۇقلاپ لاي سۇ ياندى . قىزنىڭ ئاغزىدىن پۇۋلىدى . بىر هازا پۇۋلىگەندىن كېيىن قىزدا سۇس تىنىق پەيدا بولدى . يۈرەك سوقۇشىمۇ بۇرۇنقىدىن سەل كۈچەيگەندەك بولدى .

ئېقىندا سۈزۈۋېلىش بىلەن ئادەم سۈزۈۋېلىش ئۇلار ئۈچۈن تونجى ئىش ئەمەس ، بەلكى مۇشۇ قىز بىلەن سەككىزىنچى قېتىم ئادەم سۈزۈۋېلىشى ئىدى . ئەگەر مۇشۇ قىز هايات قالسا ئۇلار

سوزۇۋالغان ئادەمنىڭ ئۈچىنچىسى هايات قالغان بولىدۇ.
ئابدۇشۈكۈر كۆك دىكا چاپىنىنى سېلىپ قىزنى يۆگىدى ـ دە، ئاتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ، دەرهال ئۆيىگە قايتتى.

ماشۇر بوۋاي ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرهال ھەرىكەتكە كېلىپ ھارۋىدىكى كۆرپە ئۈستىگە قىزىق قۇمدىن يېيىپتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەدىيالنى سالدى. ئاندىن قىزنى ياتقۇزۇپ، دۇخاۋا يوتقانغا چۈمكىدى. قىز تېخى ھوشىغا كەلمىگەندى. ماشۇر بوۋاي:

— ئوغلۇم، ئاتنى تېز ھەيدە، ئەمما ناھايىتى سىلىق ھەيدە. دوختۇرخانىغا قانچە تېز بارسا شۇنچە ياخشى، تىنىقى ئۈزۈلۈپ قالاي دېسە ئاغزىدىن قورقماي پۈۋلە، — دېدى.

ئات يورغىلاپ مېڭىپ كەتتى. بوۋاي ئورۇق قوللىرىنى كۆتۈرۈپ، ئاق، شالاڭ ساقىلىنى تىترىتىپ بىرمۇنچە دۇئا قىلدى. ھارۋا يىراقلاپ بىر ئۇن يېتىم يەرگە بارغاندا بوۋاي نېمىشقىدۇر توۋلاپ يۇگۇردى:

— ۋا ئابدۇشۈكۈر!...

ئابدۇشۈكۈر ھارۋىنى ئارقىغا ياندۇرۇپ، بوۋاينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاتتى.

— ئۇنتۇغىلى تاسلا قاپتىمەن، ماۋۇ ئىككى يۈز تىزىنى يېنىڭغا سېلىۋال.

## 2

قىز كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىنىڭ ئۆلمىگەنلىكىنى بىلدى. ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئارىسىدىن سىرغىپ چىققان ياشلار، تاتارغان يۈزىنى سىيپاپ ئېقىپ چۈشتى.

— قىزىم، ئوبدان بوپقالدىڭىزمۇ؟ — دېدى، قىرىق بەش ياشلاردىكى دوختۇر ئايال مېھرىبانلىق بىلەن. قىز بىلىنەر ـ

www.uyghurkitap.com

بىلىنمەس بېشىنى لىڭشىتىپ يەنە كۆزىنى يۇمدى . ئەمما ئايال دوختۇرنىڭ سېستىرا قىزغا تاپىلاپ ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ياتتى .

ياتاق ئىچى جىمىپ كەتتى . قىز كۆزىنى ئاچتى . ئۇنىڭ كارىۋىتى يېنىدا ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك ، ئاق يۈزىنى ئارىلاپ سەپكۈن باسقان سېستىرا قىز ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ تۇرقىدىن شوخلۇقى چىقىپ تۇراتتى . ئۇ كېسەل قىزنىڭ ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، يېزىۋاتقان خاتىرىسىنى قويۇپ سورىدى :

— قانداق ، خېلى بەلەن بوپقالدىڭىزمۇ ؟

— ھەئە ، — دېدى قىز ، بوشقىنا ئاۋازدا .

— مۇندىن كېيىن تېخىمۇ ياخشى بولۇپ كېتىسىز ، — دېدى سېستىرا قىز . ئۇنىڭ خۇشخۇي ، مېھىر - شەپقەت يېغىپ تۇرغان ھۆسن - جامالى ، يېقىملىق ئاۋازى قىزنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلدى .

— ئېتىم مېھرىگۇل ، — دېدى سېستىرا قىز ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ ، — مۇشۇ يېزىدىن ، — ئۇ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى . ئۇنىڭ كۈلكىسىمۇ يېقىملىق ئىدى . كېسەل قىز ئۇنىڭ شوخلۇق بىلەن ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ پىسسىڭىدە كۈلدى .

— ئېتىڭىز نېمە ؟ — سورىدى مېھرىگۇل .

— تاجىنىسا .

— قانچە ياشقا كىردىڭىز ؟

— ئون سەككىزگە .

— ھە ، مانا بۇ تېخىمۇ ئوبدان بولدى ئەمەسمۇ ، — دېدى مېھرىگۇل خۇشال كەيپىياتتا ، ھېلىقى خاتىرىنى قولىغا ئېلىپ ، — تاجىگۇل دەپ يازاي ، يېشىمىزمۇ تەڭ ، ئېتىمىزنىڭ گۇلىمۇ تايىنلىق ئوخشاش بولۇپ كەتسۇن . شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئىككىمىز ئۆمۈرلۈك ئاداش بولۇپ قالايلى . ئىسمىڭىزمۇ ئۆزىڭىزگە ئوخشاش چىرايلىقكەن . چىرايىڭىزنىڭ ھېچبولمىغاندا يېرىمىنى بولسىمۇ

ماڭا بەرگەن بولسىڭىز ئىككىمىز ئوخشاش چىرايلىقلاردىن بولۇپ، يىگىتلەرنىڭ كۆزىدىن ئوت چاقنىتىۋەتمەمتۇق... ھا... ھا... — تاجىنىسا دوستىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈۋەتتى ۋە:

— مېھرىگۈل، ئەجەبمۇ شەيتانكەنسىز، چىرايىنى قانداقمۇ بەرگىلى بولىدۇ؟... خۇدا شۇنداق ياراتقان تۇرسا... — دېدى.

— ۋاي - ۋۇي ئەجەبمۇ ياخشى بولدى، — دېدى مېھرىگۈل ھاياجانلىنىپ، — سىز مەن بىلەن سۆزلەشكۈدەك بولدىڭىزمۇ؟ بىلىكىڭىزنى چىقىرىڭ، قان بېسىمىڭىزنى ئۆلچەپ باقاي.

تاجىنىسانىڭ ياتقان ياتىقى يالغۇز كىشىلىك ياتاق ئىدى. بۇ ياتاقتىن مېھرىگۈلنىڭ خۇش كۈلكىسى ئۈزۈلمەي ئاڭلىنىپ تۇردى. تاجىنىسامۇ كۈلۈۋېرىپ خېلىلا چارچاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ قەلبىدە قارا بۇلۇتتەك ئەگىپ ئۈزۈپ يۈرگەن ئازاب ۋاقتىنچە ئۇنتۇلغانىدى. تاجىنىسانىڭ بۇرۇن ئۇچلىرىدا پەيدا بولغان تەر تامچىلىرىنى كۆرگەن مېھرىگۈل دوستىنىڭ سەل چارچىغانلىقىنى سېزىپ، قىزىق پاراڭنى توختاتتى. ئۇ دوستىنىڭ سەرگۈزەشتىسىنى ئاڭلاشقا ئالدىرايتتى. بىراق تاجىنىسانىڭ سالامەتلىكى تېخى تولۇق ئەسلىگە كەلمىگەچكە، سوراشقا پېتىنالمىدى. چۈنكى ئۇ: دوستىنىڭ كۆزلىرىدىكى ئېغىر قايغۇ - ھەسرەت ئۇچقۇنىدىن بىرەر چوڭ كۆڭۈلسىزلىكنىڭ شەپىسىنى سەزگەنىدى. ئۇ ئۆزىچە ھەر خىل گۇمانىي پەرەزلەردە بولدى. ئېھتىمال ئۇ بىرەر يىگىت بىلەن پۈتۈشكەن بولسا، ئاتا - ئانىسى ئۇنى باشقا بىرىگە زورلىغاندا ئۆلۈۋالماقچى بولغاندۇ.

— ئاداش، — دېدى مېھرىگۈل جىم ئولتۇرىۋەرسە خۇشال كەيپىياتنىڭ تۈگەپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، — بىرمۇنچە قىزىق گەپلىرىمنى قىلىپ بەرسەم ئاڭلاپ، كۈلۈشنى كۈلۈۋېلىپ، ماڭا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىپ بەرمەيسىزغۇ؟

تاجىنىسا سەل مىدىرلاپ، مېھرىگۈل تەرەپكە ئۆرۈلۈپ،

يۈزىنى ئالقىنىغا قويۇپ ياتتى ۋە بىردەم جىم تۇرۇپ، ئۈن چىقارماي خىيال سۈردى.

— ئاداش نېمىنى ئويلاۋاتىسىز؟ — دېدى مېھرىگۈل دوستىنى سۆزلەشكە دەۋەت قىلىپ، — ماڭا ئاشۇ خىياللىرىڭىزنى سۆزلەپ بەرسىڭىزچۇ؟

— مەن قانداق بولۇپ بۇ دوختۇرخانىغا كىرىپ قالدىم؟ — مېھرىگۈل دوستىنىڭ دەل مۇشۇنداق بىر سوئالنى سورىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتاتتى.

— سىزنى ئابدۇشۈكۈر دېگەن، ئۆزى قاۋۇل، چىرايلىق، بىر بېلىقچى يىگىت دەريادىن سۈزۈۋاپتۇ. ئۇ بەكمۇ بەلەن يىگىتكەن. سىزنى داۋالىتىش ئۈچۈن يالۋۇرمىغان ئادىمى قالمىدى. بىز ئۇنىڭدىن: «بۇ قىز نېمىڭىز بولىدۇ؟» دەپ سورىساق، ئۇ گېپىمدىن ئېزىپ، ھودۇقۇپ، قىزىرىپ تۇرۇپ قالدى. كېيىن ئۇقساق، سىز ئۇنىڭ ھېچ نەرسىسى ئەمەسكەنسىز. قىرىق بەش كىلومېتىر يەردىن بۇ يەرگە ئەكەپتۇ. ئۇ سىز ئۈچۈن جىق ئاۋارىچىلىق تارتتى. سىزنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىڭىزنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتىپ، «قىزلارنىڭ قانداق كىيىمگە ئامراقلىقىنى بىلمەيمەن. سىز ئېلىشىپ بەرسىڭىز» دەپ تۇرۇۋېلىپ، تۈنۈگۈن ئىككىمىز بازارغا چىقىپ سىزگە بىر بۆلۈك كىيىملەرنى سېتىۋالدۇق. قارىڭە، — مېھرىگۈل تومپۇچكىنى ئېچىپ ئۇنىڭ ئىچىدىن مېغىزرەڭ توپلىيىدىن بىرنى ئېلىپ كۆرسەتتى ۋە ۋىلىقلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — تازا قىزىق ئىش بولدى. پۇتىڭىزغا قانچىلىك ئاياغ كېلىدىغانلىقىنى ئويلىمايلا چىقىپتىمىز، ئابدۇشۈكۈر قايتىپ كىرىپ پۇتىڭىزنى ئۆلچەپ چىقتى، ھا... ھا... ھا...

تاجىنىسا دوستىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاۋېتىپ ئىختىيارسىز ھالدا ياپراقتەك تىترەپ كەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ بېلىقچىنىڭ ئوغلى توغرۇلۇق يەنە نېمىلەرنىدۇ ئاڭلاش ئىستىكى تۇغۇلغانىدى. ئۇ

بۇنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى . تاجىنىسانىڭ پۈتۈن دىققىتى بىلەن گېپىنى ئاڭلاۋاتقانلىقىدىن ھۇزۇرلانغان مېھرىگۇل تومپۇچكا ئىچىدىن يەنە بىر يېشىل قاتلاق يوپكا ، كوپتا قاتارلىق نەرسىلەرنى ئالدى .

— شۇنداق قىلىپ ئۇ يىگىت سىز ئۇچۇن سېخىيلىق بىلەن پۇل خەجلىدى ، بەك مەردكەن . مەن چاقچاق قىلىپ : «تاپان ھەققىڭگە نېمە بېرىسىز » دەپ قويسام ، «قانچە پۇل ئالىسىز ؟ » دېمەمدۇ ، مەن ئىزادىن ئۆلەي دېدىم . راست تۇزكەن . ئاخىر كېلەر قېتىم كەلگەندە ماڭا بىلىق ئەكېلىپ بېرىدىغان بولدى . قانداق ، بوپتۇما ؟... ھا... ھا... ھا...

— ئۇ قېنى ؟... — «ئۇ » دېگەن سۆزنىڭ ئاغزىدىن قانداق چىقىپ كەتكىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالغان تاجىنىسا ئۇيالغىنىدىن شەپەقتەك قىزىرىپ كەتتى . ئىچىدە مىڭ پۇشايمان قىلدى .

— كۆرۈشكە ئالدىراۋاتامسىز ؟

— ياق...

— كۆرسىڭىز كۆرگۈچىلىكى بار ، — دېدى مېھرىگۇل قىزىقچىلىق قىلىپ ، — كېلىدۇ ، ئات ھارۋىسىنى بىر دەڭدە قويۇپتىكەن ، شۇنىڭدىن ئەنسىرەپ ، ئۇ نەرسىلەرنى بىزنىڭ ئۆيگە يۆتكىۋېتىدىغان بولۇپ ، ئىنىم بىلەن بىللە كېتىشتى ، — مېھرىگۇل سۆزلەۋېتىپ دوستىغا تىكىلدى . شۇ تاپتا ، تاجىنىسا بۇلاقتەك كۆزلىرىدە ياش لىغىلدىغان ھالدا تورۇسقا تىكىلىپ قالغانىدى .

— تاجىگۇل ، ئابدۇشۇكۇر سىزگە ئاشىق بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ ، — دېدى مېھرىگۇل ، دوستىنى سىنىماقچى بولۇپ ، — سىز بۇنىڭغا نېمە دەيسىز ؟

— ياق !... — دېدى تاجىنىسا ، لېكىن ئۇ خۇددى قورقۇنچلۇق چۈش كۆرگەندەك چۆچۈپ سىلكىنىپ كەتتى . كۆزلىرىدىن يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك ياشلار تۆكۈلۈشكە باشلىدى . قوللىرى بىلەن يۈزىنى تۇتۇۋېلىپ قاتتىق ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى .

# 3

مېھرىگۈل ئۇنى - بۇنى دەپ بەزلەپ يۈرۈپ دوستىنىڭ يىغىسىنى توختاتتى. دوختۇر تاجىنىسانى يەنە بىر قېتىم تەكشۈرۈپ چىقىپ كەتتى. مېھرىگۈل ئۇنىڭغا ئوكۇل ئۇردى، دورا ئىچۈردى.

تاجىنىسانىڭ يۈرىكى ئازاب ئىچىدە ئېچىشىشىمۇ، لېكىن قانداقتۇر ئۇ يېڭى بىر ھېس - تۇيغۇنى سەزمەكتە ئىدى. يېڭى بىر خىرە - شىرە نۇر ئۇنى سەگىتتى. يېڭى ئىنتىلىش، غىل - پال ئارزۇ بارا - بارا چوڭىيىپ يەڭگىل تەۋرەنگەن كۆل سۈيىدەك ئۇنىڭ قەلبىگە تاراشقا باشىدى. ئابدۇشۈكۈرنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرى كۆز ئالدىغا كېلىۋالدى. گويا ئۇ تەلمۈرۈپ، كۈلۈمسىرەپ تىكىلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. تاجىنىسا دوستىنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئاساسەن، ئۇنىڭ تەقى - تۇرقى، چىراي - شەكلىنى غۇۋا كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندەك بولدى. لېكىن كۆز ئالدىدا يەنىلا خالىقنىڭ سىيماسى ئەكس ئېتىپ تۇرۇۋالدى. گويا ئۇ ئېغىر گۇناھ قىلغاندەك يۈرىكى ئېغىپ، ئازابلىنىپ، تولغىنىپ كەتتى. خالىقنىڭ ئارقىسىدىن بارالماي تۇرۇپ قالغىنىدىن ھەسرەتلەندى، خىيالى چېچىلدى. ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدا بىردە خالىقنىڭ مۇلايىم سىيماسى ئەكس ئەتسە، بىردە ئابدۇشۈكۈرنىڭ ئۆزى كۆرمىگەن غۇۋا چىرايى تەكرارلىنىدۇ. تاجىنىسا قايغۇردى. ئۇنىڭغا ھاياتلىقتىن ئۆزگە تەسەللى بولغۇدەك، كۆڭلىنى ئېغىر ئازابتىن ئازراق بولسىمۇ دالدىغا ئالغۇدەك ھېچقانداق شەپقەت كۆرۈنمىدى. ئۇ بۇ ھاياتتا ئۆزىگە ئازاب - ئوقۇبەت، تىل - ئاھانەت، ئۆلۈمدىن باشقا ھېچ نەرسە تاپالمىدى. پەقەت ئۆلۈملا ئۇنى تۈگىمەس - پۈتمەس دەرد - ئەلەمدىن قۇتۇلدۇرالايدىغان بىردىنبىر شەپقەتچى بولۇپ بىلىندى. شۇڭا ئۇ ئۆلۈم بوسۇغىسىغا ئۆز ئىختىيارى بىلەن قەدەم باسقانىدى. ئەمما ئۆلۈم ئۇنى قوبۇل كۆرمىدى. يەنە ھاياتلىق قايىنىمىغا ئىتتىرىپ بەردى. ئەمدى بۇ

يەردە ئۇ ھاياتنىڭ شەپقەتلىك نۇرىنى كۆرگەندەك بولدى . ھايات يەنە باشلاندى . تاجىنىسانىڭ بېشىغا مۇشۇ ئىككى ـ ئۈچ ئاي ئىچىدە ئاجايىپ ئېغىر قىسمەتلەر كەلدى . ئۇ ئاچچىق دەرد ـ ئەلەمنىڭ تەمىنى تېتىشقا مەجبۇر بولدى . ئەمدىلا ئۆز سېيماسىغا يېڭى ئىزلار قالدۇرماقچى بولغان پاك قەلب قاتتىق زەربىدىن يانجىلدى ، ئېزىلدى . تاللاپ چىن قەلبىدىن سۆيگەن يىگىتى يېرىم يولدا ھالاك بولدى ! يۈرەك ! ياش بەڭۋاش يۈرەك يەنە ئۆزىنىڭ بەڭۋاشلىقىنى قىلىۋاتىدۇ . ئۇ ئېزىلىپ تۇرۇپ يەنە يېڭى بىر بەختنى ئارزۇ قىلىۋاتىدۇ . ئۇنىڭ كۆزلىرى يىغلاپ ياش تۆكمەكتە ، لەۋلىرى خىرە كۈلمەكتە ؛ كۆڭلى كىمنىدۇر كۈتمەكتە . ئۇ تەشنا بولۇۋاتىدۇ . ھەسرەت بۇلىقى بولغان كۆزلىرى ئىشككە تەلمۈرۈۋاتىدۇ . يەنە يۈرىكىنىڭ بىر يېرىدىن چىققان كۈچ ئىشككە ئارقىسىنى قىلىپ قويۇۋاتىدۇ . ئۇنىڭ كاللىسىدا خالىق ، ۋىجدان ، ساداقەت ، گۇناھ ، يەنە مۇھەببەت ، تەلپۈنۈش ھەممىسى تەڭ ياشاۋاتىدۇ . خالىق... بىراق ، ئۇ ھازىر يوق . مەڭگۈ يوق . ئۇ ئەمدى تاجىنىسا بىلەن مۇھەببەتلىشەلمەيدۇ... ياق... ياق ، مۇھەب-بەتلىشىدۇ . ئۇ قەلبىدە مۇھەببەتلىشىدۇ . تۇنجى مۇھەببەت ھامان قەلبىدە چوڭقۇر ئىزلارنى قالدۇرىدۇ . ئۇنى ھەرگىز ، ئاسانلىقچە ئۇنتۇپ كەتكىلى بولمايدۇ . بىراق ئۇ تېخى ياش ، يەنە كېلىپ قەلبىنىڭ دەرۋازىسى رەسمىي يوسۇندا بىراۋ تەرىپىدىن ئېچىلمى-دى . ئۇ تېخى پاك . ھايات ياشىغان ئىكەن ئۇنىڭغا جەزمەن... ھازىرلا ئۇنى ياخشى كۆرسە ، ئەسلىدىكى مۇھەببەتنىڭ يۈز خاتىرىسى بولامدۇ ، يوق؟ ئۇلار كۈرمىڭ قېتىملاپ قىلىشقان ۋەدىلەر نەگە كېتىدۇ؟ ئەمىسە ئۇ يۇرتىغا قايتىپ كەتسۇنمۇ؟ يۇرتىغا نېمە دەپ بارىدۇ؟ ئۇنى يۇرتى قارشى ئالارمۇ؟ ئۇنى قانداق بەتناملار ، قانداق ھاقارەتلەر ، قانداق خورلۇقلار ، قانداق ئازابلار كۈتۈپ تۇرىدىغاندۇ؟ ! «تاراق» قىلىپ ئېچىلغان ئىشىك تاجىنىسانىڭ خىيال يىپلىرىنى ئۈزۈۋەتتى . ئۇ بېشىنى بۇراپ ئىشىك تەرەپكە قارىدى ، بېشىغا ئاق دوپپا ، ئۈچىسىغا كۆك دىكا

چاپان ، توپىرەڭ نىلون شىم كىيگەن قاۋۇل بىر يىگىت كىرىپ كەلدى . ئۇنىڭ ئارقىسىدا يەنە بىر ئوغۇل بالىمۇ بار ئىدى . تاجىنىسا دېرىزىگە قارىۋالدى ، مېھرىگۇل ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلارنى خۇشال قارشى ئالدى . تاجىنىسا نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمىدى . ئابدۇشۇكۇرنىڭ يېقىنلاپ كەلگىنىنى سېزىپ، يۈرىكى دۈپۈلدەپ ، قاتتىق سوقۇشقا باشلىدى .

— خېلى ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ — دېدى يىگىت بوش ئاۋازدا . تاجىنىسا ھودۇقۇپ ، قىزىرىپ ، ئاران دېگەندە ئاغزىدىن گەپ چىقىرالىدى :

— خۇداغا شۇكرى... سىزگە رەھمەت...

ئابدۇشۇكۇر نېمە دېيىشىنى بىلمەي ئوڭايسىزلىنىپ تۇرۇپ قالدى .

— ئابدۇشۇكۇر ئاكا ، — دېدى مېھرىگۇل ، ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ ، — سىز تاجىگۇلنى مەندىن بۇرۇن قۇتۇلدۇرۇپ تونۇشالمىغان بىلەن ، مەن سىزدىن كېيىن قۇتۇلدۇرۇپ دوست بولۇپ كەتتۇق دەڭا .

ئابدۇشۇكۇر گەدىنىنى تاتىلاپ كۈلدى . تاجىنىسانىڭ غەمكىن كۆزلىرى ئابدۇشۇكۇرنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچراشتىيۇ ، لاچىندىن ئۈركىگەن كەپتەردەك تېزلا باشقا تەرەپكە قارىۋالدى . ئابدۇشۇكۇر بىلەن كىرگەن بالا مېھرىگۇلنىڭ ئىنىسى ئەكرەم ئىدى . ئۇلار مېھرىگۇلنىڭ ئۆيىدە ئەتتۇرۇپ كەلگەن توخۇ گۆشى سالغان ئۇگرىنى مېھرىگۇلگە بەرگەندىن كېيىن ، تېلېۋىزور كۆرۈش ئۈچۈن چىقىپ كېتىشتى . مېھرىگۇل تاجىنىساغا ئاش ئىچۈردى ، ئاندىن كېيىن ئۆزى ئىچتى . ئۇلار خېلى ئۇزاققىچە ئۇيان - بۇيانىڭ پارىڭىنى سېلىشتى . مېھرىگۇل ئۆزىنىڭ مۇھەببىتى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى . ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان بىر ساۋاقدىشى بىلەن مۇھەببەتلەشكەن بولۇپ ، ئۇ يىگىت ھازىر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋېدىكەن . يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن ئوقۇشى پۈتىدىكەن . دوستىغا ئۆز سۆيگىنى ھەققىدە ئۇزاق سۆزلىگەن

مېھرىگۈل بىر ـ ئىككى پارچە خېتىنىمۇ ئوقۇپ بەردى . تاجىنىسا «مېھرىگۈل ھەقىقەتەن تەلەيلىك قىز ئوخشايدۇ» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى ۋە دوستى قىستاپ سوراۋەرگەندىن كېيىن ئۆز بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەرنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بەردى .

## 4

توي يۈتكەپ ماڭغان ماشىنا ئۆرۈلۈپ كېتىپ ، ئېغىر يارىلانغان خالىق ھوشىدىن كەتتى . بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئېچىنىشلىق بىر ۋەقە بولدى . ناغرىسىنى تاراڭلىتىپ ، ماشىنىنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرغان ناغرىچىنىڭ ھالى ھەممىدىن بەتتەر بولدى . ئۇنىڭ بېشى مىجىلىپ ، مېڭىسىنىڭ قېتىقى چاچراپ كېتىپتۇ . شوپۇرنىڭ مەيدىسى ئېزىلىپ ، بىر پارچە قىزىل تاختايدەك بولۇپ قاپتۇ . ئۇ يەر ـ بۇ يېرى سۇنۇپ ، بېشى يېرىلغانلار ، كۆزى قويۇلغانلارنىڭ سانى خېلى كۆپ . خالىق بۇگۈن تاڭغا يېقىن دوختۇرخانىدا جان ئۈزدى . شۇنىڭ بىلەن خۇشال توي قايغۇلۇق مۇسىبەتكە ئايلاندى . تويچى ياشلار ، يىگىتنىڭ دوستلىرىدىن يارىسى سەل يەڭگىلرەكلىرى قارىلىق باغلاپ ھازا ئاچتى . ئۆزىنىڭ جېنى بىلەن قالغان ، ھالى بەتتەررەكلىرى بولسا ئېگىراشقىمۇ ماغدۇرى يوق ، دوختۇرخانىدا ۋايساپ ياتتى . لېكىن تاجىنىسا شۇنچە بالايى ـ بەتتەر ئىچىدە ئامان ساقلىنىپ ، قىز پېتى تۇل قالدى . يىگىتنىڭ كۆزىنى يۇمدۇرۇش پەيتىدە ئۇنىڭ قېتىپ قالغان قارىچۇقى ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ئېچىنىشلىق تىكىلگەندەك تۇيۇلدىكى ، ئۇ خالىقنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ ، ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى . بۇ ئىشلار ئەنە شۇنداق بولۇپ ئۆتتى . كىشىلەر بۇ تاسادىپىي يۈز بېرىپ ، بىردەمنىڭ ئىچىدە زېمىنغا يېپىلغان ۋەقەدىن چۆچۈشتى . ھەركىم ئۆز ئادەتلىرى بويىچە كاللىسىغا كەلگەن خىياللارنى جاۋىلداپ سۆزلىشىپ كېتىشتى . بەزىلىرى رەھمەتلىك يىگىتنىڭ ياشلا قازا قىلغىنىغا ئىچ ئاغرىتىشسا ، يەنە بەزىلىرى قىز پېتى تۇل قالغان

بىچارە تاجىنىساغا ئىچ ئاغرىتىشىپ ، ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۇرۇپ يىغلاپ ، كېسەللى تۇتۇپ ، چىشلىرى كىرىشىپ قالغانلىقىنى سۆزلىشىپ ، ئاخىرىدا : «ھەممىدىن ھايات قالغىنى چوڭ ئىش بولدى . يىغلا ـ قاقشا ، ئاستا ـ ئاستا ئۇمۇ ئۇنتۇلۇپ قالىدۇ . ياش ، چىرايلىق بولغاندىكىن يەنە بىرى ئالىدۇ دەپ خۇلاسە قىلىشتى . بۇ ئىشقا شور ئېقىن يېزىسىدىكىلەرنىڭ ئىچ ئاغرىتمىغىنى يوق دېسىمۇ بولىدۇ . تېخى شەھەرلىكلەرمۇ بۇ پاجىئەنى ئاڭلاپ خېلىلا قايغۇرۇپتۇ . ھادىسە يېرىم يولدا بولغانىدى . شور ئېقىندىكى ئاقساقاللار مەسلىھەتلىشىپ «نېمىلا بولمىسۇن ، تاجىنىساخان خالىقاخۇننىڭ نىكاھىغا ئۆتكەن ئىكەن ، ئۇنىڭ قارىلىقىنى تۇتۇپ ، چىرىغىنى ياندۇرۇپ ، ھامۇتاخۇن ، سارىخانلار (خالىقنىڭ ئاتا ـ ئانىسى )نىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرسۇن ، قالغىنى كېيىن بىر گەپ بولار دېيىشتى . شۇنىڭ بىلەن تاجىنىسا قېيىناتىسىنىڭ ئۆيىدە تۇردى . خالىقنىڭ بۇرۇنلا ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇپ بولغان ئاۋۇتاخۇن ، سادىقئاخۇن دېگەن ئىككى ئاكىسى ، خەيرىنىسا ئىسىملىك بىر ئاچىسى بولۇپ ، ئۇلار نالە ـ زارە قىلىپ يىغلاپ ، كۆزلىرىدىن دەريا ـ دەريا ياشلارنى ئېقىتىشتى ، ھۆرنىسا ئىسىملىك ئون بەش ياشلىق سىڭلىسى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگىتىپ ئۆيىگە قايتقانىدى . تاجىنىسا مەرھۇم خالىق بىلەن ئۆزى ئۈچۈن راسلانغان ، چوڭمۇ ئەمەس ، كىچىكمۇ ئەمەس ، ئىچكىرى ـ تاشقىرى ئىككى ئېغىز ئۆيگە ئورۇنلاشتى . ھۆرنىسا ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى . ئۇلار ئۆيىنىڭ تېمىدىكى سۈرەت جازىسىدا خالىقنىڭ سەككىز سۇڭلۇق چوڭلۇقتىكى سۈرىتىنى كۆردى . ئۇ كۈلۈپ تۇراتتى . تاجىنىسا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتى ، ھۆرنىسا دەرھال سۈرەتنى ئېلىپ ساندۇققا سېلىۋەتتى . تاجىنىسانىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن تارتىپ ئۇرۇق ـ تۇغقان ، قولۇم ـ قوشنىلىرىغىچە بۇ ئائىلىگە ئىسسىقلىق ئىچۈرۈش ، ئۆيلىرىگە باشلاپ مېھمان قىلىش بىلەن تەسەللى ئېيتىشتى . بۇ ئىشنىڭ ئاياغ قۇيرۇقى ئىككى ھەپتىگىچە داۋاملاشتى . شۇنداقتىمۇ بۇ ئائىلىدە يەنىلا ئېغىر

قايغۇلۇق كەيپىيات ھۆكۈم سۈردى . بۇ ئائىلىدىكىلەر بىر - بىرى بىلەن كەمدىن - كەم سۆز قىلىشاتتى . تاجىنىسا كىچىسى ھۆرنىسا ئۇخلىغاندا ئاستا ئورنىدىن تۇراتتى - دە ، ياندىكى ئۆيدە قېپىنانىسى سارىخاننىڭ جايناماز ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ، تىترەك ئاۋاز بىلەن خالىقنى قوشاق قوشۇپ يىغلاۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ، ئۇنىڭ چىقارماي ئۆكسۈپ يىغلاپ چىقاتتى . بۇ ئىش تاكى تاڭ ئاتقۇچە داۋاملىشاتتى . بەزىدە سارىخان يىغلاۋېرىپ ھالسىزلانغاندا ، ھامۇت بوۋاي ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ ، سەۋر قىلىپ ، ئارام ئېلىشقا ئۈندەيتتى . لېكىن بەزىدە ئۇمۇ تەسەللى بەرگۈدەك سۆز تاپالماي سارىخان بىلەن تەڭلا ھۆڭرەپ يىغلاپ كېتەتتى . بەزىدە سۈبھى بىلەن تەڭ تۇپراق بېشىغا كېتىپ ، چۈشكە يېقىن ھاسىسىنى تورۇكلىتىپ قايتىپ كېلەتتى . يۈرەك پارىسىنىڭ تۇيۇقسىز ۋاپات بولۇشى بوۋاي ، مومايغا ناھايىتى ئېغىر زەربە بولدى . ئىككى ھەپتە ئىچىدىلا ئۇلار خېلى قېرىپ كەتكەندەك ھالسىراپ قالدى . خالىق ئوغلاق تارتقاندا مىنىدىغان جەدە قاشقا ئاتنى بىمالال مىنىپ ، قويۇق ئاق ساقاللىرىنى سىيپاپ ، ئات ئۈستىدە كۆركەم ئولتۇرىدىغان ھامۇت بوۋاي ئەمدى ئۆزىنى ئاتقا مىنگۈدەك دەرمانى قالمىغاندەك ھېس قىلدى . ئەمما ئۇ ئەتىگەندىن - كەچكىچە ئاتنىڭ ئېگەر - جابدۇقىنى پۇختىلاپ ياساش بىلەن ئاۋارە ئىدى . ئاندىن ئاتنى ئىشىك ئالدىدىكى چوڭ ئۆستەڭدە سۇغا پىشىپ ، كۆۋرۈكنىڭ ئېگىز قوزۇقىغا باغلاپ قويۇپ ، ئاتنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىگە سىنچىلاپ قارايتتى . ئۇ بەزىدە خالىقنى يىراق بىر سەپەرگە كېتىپ ، يېقىندا قايتىپ كېلىدىغاندەك ھېس قىلاتتى . لېكىن ئۆزىنى ئۆزى ئالدايدىغان بۇ غىل - پال ھېسسىيات بىردەمنىڭ ئىچىدىلا غايىب بولۇپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلىنىڭ قان ئىچىدە ئوچۇقلا قېتىپ قالغان كۆزى ئۆزىگە تەلمۈرۈپ قاراۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ ، كۆزلىرىدىن ياش سىرغىپ چىقاتتى . سارىخان ناماقتىن قېلىپ ، جايناماىزدىن قوپماي ، كۈنۈم - كۈنۈم يىغلاپ ئولتۇرۇشنى ئادەت قىلىۋالغانىدى . تاجىنىسا ئۆزىدىكى بارلىق

www.uyghurkitap.com

قايغۇ ـ ئەلەمنى بېسىۋېلىشقا ، كاللىسىنى پىرقىرىتىپ گاراڭ قىلىپ قويۇۋاتقان بۇ ئېغىر ، تەگسىز غەمكىنلىكنى بىردەم بولسىمۇ ئۇنتۇشقا ، كاللىسىدىن چىقىرىۋېتىشكە تىرىشىپ ، ئەتىكىنى سەھەر تۇرۇپ ھويلا ـ ئاراملارنى پاكىز سۈپۈرەتتى . ئۇلاغلارغا ئوت تاشلاپ ، ئېغىل قۇرۇقداپ ، ئاتىنىڭ سامىنىنى تاسقاپ ، ئوقۇرغا قوناق تۆكۈپ بېرەتتى . ئىنەكنى سېغىپ ، سۈتىنى پىشۇرۇپ ، كورىغا ئېلىۋېتىپ ، بامدات نامىزىنى ئالدىراپ ئوقۇيتتى ـ دە ، قېيناتىسى مەسچىتتىن كىرىپ بولغۇچە ناشتىلىق تەييارلايتتى . قېيناتا ، قېينانىسىغا زورلاپ ناشتا قىلغۇزاتتى . ئاندىن باغدىن ئوت ئالغىلى تاغارنى قولتۇقلاپ چىقىپ كېتەتتى . قېيناتا ، قېينانىسى كېلىنىنىڭ ھەر بىر سۆز ـ ھەرىكىتىگە ھاڭۋېقىپ قارايدۇ . تاجىنىسا ئۆز تەبىئىتى بويىچە قانچە خۇشخۇي ، قانچە تېتىك بولۇشقا ئۇرۇنسىمۇ ھامان قولاشماي ، قاچىغا قوشۇق سالغاندا ، بەزىدە بىر قاچىغا ئىككى قوشۇق سېلىپ ، بەزىسىگە سالماي چاندۇ . ئۆزىنىڭ بۇ قىلىقىدىن خىجىل بولۇپ ، تېخىمۇ ھودۇقۇپ كېتىدۇ . خۇددى ئېغىر گۇناھكاردەك ، قېيناتا ، قېينانىسىنىڭ كۆزىدىن ئىلاجى بار ئۆزىنى قاچۇرىدۇ . ئۇلارنىڭ تىكىلىپ قاراشلىرىدىن ، كۆزلىرىنىڭ ئۇچرىشىپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىدۇ . ئۇنىڭ چىرايى كۈندىن ـ كۈنگە تاتىرىپ ، مەڭزىدىكى قىزىللىق غايىب بولدى .

## 5

خالىقنىڭ قىرىق نەزىرىسىنى بېرىپ ، ئەتىسى ئاختىخانىنىڭ ئۆگزىسى ئۆرۈلۈپ ، ئاتنى بېسىۋالدى . بۇنداق توقۇناق بالا ـ قازا ھامۇتاخۇن ئائىلىسىنى گاڭگىرىتىپ قويۇپلا قالماستىن ، شور ئېقىنلىقلارنىمۇ تەشۋىشكە سالدى . چۈنكى ، بۇ يەردىكى خەلقنىڭ ئەقىدىسى بويىچە قارىغاندا ، بۇنداق كېلىشمەسلىك بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالمايدۇ . بەلكى بۇ تەگسىز چوڭ ئاپەتنىڭ باشلىنىشى ھېسابلىنىدۇ . مەھەللە ئىمامىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە : ئاتنىڭ

بارلىق گۈشى پىشۇرۇلۇپ ، پۈتۈن يۇرتقا نەزىرە قىلىپ بېرىلىپ ، جامائەتنىڭ دۇئاسى ئېلىندى .

سارىخاننىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ كەتتى . تاجىنىسانىڭ ئازابى تېخىمۇ كۈچەيدى . ئۇ سارىخاننىڭ يېنىدىن نېرى كەتمەي ، ئەتراپىدا پىرقىراپ يۈردى . كۆزلىرى ياشتىن ، كۆڭلى غەمدىن خالىي بولمىدى . سارىخاننىڭ كېسەل يېتىپ قىلغان ئىلتىجاسى بويىچە ئاتاقلىق بىر قېرى جىنكەش ئايال كەلتۈرۈلدى . بىرنەچچە تال نوكچا ياسىلىپ ، يەرگە سانجىپ ئوت يېقىلدى . جىنكەش كەمپىر بىر هازا چۈشىنىكسىز توۋلاپ ، ئاللا بىر نېمىلەرنى چىللىغاندىن كېيىن بىردىنلا كۆزىنىڭ قارىقى ئارقىغا تارتىلىپ ، پۇت ـ قوللىرى قېتىپ ، ئوڭدىسىغا يىقىلدى . چىشسىز ئاغزى هىمىدە ئېتىلىپ ، ئىككى جاۋغىيىدىن كۆپۈك كەلدى . چوڭقۇر ئىككى قوۋزى كۆپۈپ ، يەنە ئەسلىگە كېلىپ ، دەسلەپ چۈشىنىكسىز بوش ئاۋازدا بىر نېمىلەرنى دېدى . كېيىن بىردىنلا كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ ، چەكچىيىپ كەتتى ۋە چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ «هە··· هە··· هىم ، بۇ ئۆيىنىڭ يېگى كېلىنىما ؟··· » دەپلا بىر هازا جىمىپ كەتتى . ئۆيدىكى هەممە كۆز بىردەكلا تاجىنىساغا تىكىلدى . تاجىنىسا قورققىنىدىن يۈرىكى سېلىپ ، پۇت ـ قوللىرى تىترەپ ۋۇجۇدىدا جان قالمىغاندەك بولدى . تېنىنى سوغۇق تەر باستى . بارغانسېرى چىرايى تاتىرىپ ، بەكرەك لاغىلداپ تىترەشكە باشلىدى . جىنكەش ئايال يەنە زۇۋانغا كىردى :

— نېمە ؟ يېگى كېلىننىڭ ئايىغى قۇرغاق ، شۇم پېشانە ، شەققە ! ئۇنىڭ قەدىمى يەتكەن يەر ، ئائىلە توزغاقتەك توزۇيدۇ !··· هەرگىز روناق تاپمايدۇ··· قۇرۇق قاقشالدەك قۇرۇپ كېتىدۇ . بۇ ئائىلىنىڭ ئۈستىدە بىر قارا بۇلۇت ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ !···

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان تاجىنىسا بىر ئۇھ تارتىپلا بوغۇلۇپ ئىزىغا يىقىلدى . ئۇنىڭ چىرايى ئۆلۈكنىڭكىدەك سارغىيىپ كەتكەنىدى . ئۇ ئەمدى هېچ نەرسىنى ئاڭلىيالمىدى . جىنكەش كەمپىر ئاستا ، ئۈزۈپ ـ ئۈزۈپ سۆزلىمەكتە ئىدى :

www.uyghurkitap.com

— بۇ شەقىقە يۈزىگە يۈندى ، ئىزىغا كۆل چىچىلىپ ، دەرھال قوغلانمىسا ئائىلە پۈتۈنلەي ۋەيران بولىدۇ !...

ئۆيىنىڭ ئىچى ئوپۇر - توپۇر بولۇپ ، كېيىن جىمىدى ، ھەممەيلەننىڭ چىرايىنى ئاجايىپ قورقۇنچلۇق ۋەھىمە ، جىددىي سۈر باستى . ئۇلار جىنكەش كەمپىرنىڭ سۆزلىرىنى زور ئىشەنچ ، قاتتىق تەشۋىش ئىچىدە ئاڭلاپ ، يەردە خارتىلداپ سۇنايلىنىپ ياتقان تاجىنىساغا چەكسىز غەزەپ - نەپرەت نەزەرى بىلەن قاراشماقتا ئىدى...

## 6

كېچە جىمجىتلىقىنى توختاۋسىز شارقىراپ ئېقىۋاتقان دولان دەرياسى بۇزۇپ تۇرىدۇ . تۈتەك پەردە ئارىسىدا ئۈزۈپ كېتىۋاتقان ئاي دەريا بويىغا جايلاشقان ، بۈك - باراقسان جىگدىلەر ئوراپ تۇرغان ئۆينىڭ ئۈستىگە غۇۋا نۇر چاچماقتا . تاجىنىسا تورۇسقا تىكىلگىنىچە چەكچىيىپ ياتىدۇ . ئۇنىڭ قەلبى ئاچچىق خىياللار بىلەن تولغان . ئۇ بۈگۈن چاشكا ۋاقتى بىلەن «كۆچ - كۆچ ، لەنەت ! گۆرىستانلىقتا بار ، ئىنسان قەدىمى باسمىغان چۆل - باياۋانغا بار !...» دەپ تۈكۈرۈپ ، تىللاپ ھەيدەلگەنىدى . ئۇ زار - زار يىغلاپ تۈرلۈك پاجىئەلىك خىياللارنى سۈرەتتى . ئۇنى بىر نەچچەيلەن ھارۋىغا بېسىپ ئولتۇرغۇزۇپ ئاتا - ئانىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ كېتىشتى . ئۇ ھوشىغا كېلىپ ئۆز ئۆيىدىكى ھەممەيلەننىڭ ئاجايىپ يات ، بىر خىل سوغ نەزەردە قاراۋاتقانلىقىنى كۆردى . ئۇلار ئۇنىڭغا ھېچقاچان مۇنداق قاراپ باقمىغانىدى . ئۇ بەدىنىدىن بىر خىل سېسىق پۇراق ، نىجاسەت پۇراۋاتقانلىقىنى سەزدى . ئۇنىڭ ئېزىلىپ لەختە بولغان يۈرىكى ئوزۇق ئالماقچى ، شىپا تاپماقچى ، پاناھلانماقچى بولغان ، ئۆزى ئۈچۈن پۈتۈن مېھرىبانلىقنىڭ مەنبەسى بولغان بۇ ئانا بۆشۈكتىن تەمە قىلغان ھەممە !... ھەممە نەرسە تۈگىگەندەك بولدى . يۈرىكى تىكەن

سانجىلغاندەك بولۇپ ئىچىشىپ كەتتى . ئۇ هازىر خۇددى ئىگىزدىن موللاق ئېتىپ چۈشۈپ كېتىۋاتقان ، لاچىن سوققان بىچارە باچكىغا ئوخشاپ قالدى . ئۇنى پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلىك چىرمىۋالدى . ئۇنىڭ كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ هېچ نەرسىنى كۆرەلمىدى . كېيىن هېچ نەرسىنى سەزمىدى . قاراڭغۇ چۈشتى ، ئۇنىڭ يېنىدا ئانىسى پۇشۇلداپ ئۇخلىماقتا . ئۇ ئېهتىيات بىلەن ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ، تۈگۈلۈكتىن چۈشكەن غۇۋا ئاي نۇرىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئانىسىنىڭ چىرايىغا ، قورۇق باسقان يۈزىگە سىنچىلاپ قارىدى . چۈۋۈلۈپ كەتكەن چاچلىرىنى تۈزەپ قويدى . دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ ، ئۈجمىگە ئېسىلىپ بىر هازا ئۆكسۈپ يىغلىدى . خالىق ئۇنى مۇشۇ ئۈجمە ئۈستىدە ، يوپۇرماق ئارىسىدا مۆكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ، قانچە ئاخشام كۈتۈپ ئولتۇرغان بولغىيتتى ؟ تاجىنىسا ئۆيدىكىلەرنى ئۇخلىتىپ قويۇپ ، مۇشۇ ئۈجمە تۈۋىدە قانچە قېتىملاپ خالىق بىلەن ئۇچراشقان ۋە ئۇنىڭ بىلەن شېرىن خىياللار ئىلكىدە مۇهەببەتلەشكەنىدى . بۇ ئۈجمە ئۇلارنىڭ ساپ مۇهەببىتىنىڭ ، بەختلىك چاغلىرىنىڭ گۇۋاهچىسى سۈپىتىدە يۈرەك سۆزلىرىنى جىمىدە تۇرۇپ ئاڭلىغانىدى . مانا ئەمدى بولسا ئۇلارنىڭ بەختسىزلىكىگە قايغۇرۇپ سۈكۈتتە تۇرماقتا . تاجىنىسانىڭ بۇ ئۈجمىگە چوڭقۇر هۆرمىتى بار ئىدى . خالىقنى سېغىنغاندا ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قارايتتى . مانا هازىرمۇ شۇنداق بولۇۋاتىدۇ . ئۇ ئۈجمىنىڭ قوتۇرماچ غولىنى چىڭ قۇچاقلاپ ، يۈزىنى ئۇنىڭ غولىغا يېقىپ تۇرۇپ : «ئاھ ، خالىق ! بۇ ماڭا نېمە كۆرگۈلۈك ! ؟ بۇ مېنىڭ چۈشۈممۇ ياكى ئوڭۇممۇ ! ؟ مېنى قارا باستىمۇيا ؟ !... ياق - ياق !... سەن مېنى نېمىشقا تاشلاپ كېتىسەن ؟ مەن سېنى مۇشۇ يەردە ساقلىتىپ رەنجىتىپ قويغان بولغىيتتىم ! ؟ مېنى مۇشۇ كۈنگە قالسۇن دەپ تاشلاپ كەتتىڭما ؟ سەن مېنى تاشلاپ كەتكىنىڭ بىلەن مەن سېنى تاپىمەن !... هازىرلا يېنىڭغا بارىمەن !... » ئۇ ئۈجمىنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلىدى . كەچنىڭ دەريا تەرەپتىن ئۇرغان سوغ شامىلى ئۇنى ئەندىكتۈرۈۋەتتى . ئۇ ئالغا

www.uyghurkitap.com

قــاراپ مــاڭــدى . هــەيۋەتلىك شاۋقۇن سېلىپ ئېقىۋاتقان دولان دەريــاســى كــۆز يــەتكۇسىز كۇمۇش قاسراقلىق ئاق ئەجدىھادەك لـۆمــۇلدەپ ئاقماقتا ئىدى . تاجىنىسا گىلەمدەك يۇمشاق چىمنى دەســــەپ ، قىرغاقنى بويلاپ ، ئاياغ ئېقىنىغا قاراپ خېلى ئۇزاق ماڭدى . ماڭغىچىلىك مادارى قالمىغاندا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئۆيىگە قارىدى . ئاي ئولتۇرۇپ كەتكەن بولۇپ ، ئۆي گويا قاپقارا چوڭ قورام تاشتەك كۆرۈندى . ئەنە شۇ قورام تاشنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ ئــاتا ـ ئانىسى ، سىڭلىسى ، كىچىك ئىنىلىرى شېرىن ئۇيقۇدا . تاجىنىسا يۈزىنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ ئۆكسۈپ يىغلىدى :

— خەير ئانا ! خۇدايىمغا ئامانەت ، تەقدىر ماڭا راستتىنلا شۇم پېشانىلىكنى ئاتا قىلغان ئوخشايدۇ . مەندىن رازى بولۇڭلا !… — ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە ، ئۆزىنى دەرياغا تاشلىدى !…

ئۇلارنىڭ پارىڭى يېرىم كېچىگىچە سوزۇلدى . مېھرىگۇلنىڭ تاجىنىساغا قاتتىق ئىچى ئاغرىدى . دوستىغا بولغان ھېسداشلىقى تېخىمۇ كۈچەيدى . ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ياش يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلدى .

مېھرىگۇل ئاستا ـ ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى . ئۇ چارچىغانىدى . ئۇنىڭ يۈرىكىدە ھېچقانداق جاراھەت يوق ، ئۇ خاتىرجەم .

تــاجــىنىسا يەنە خىيال دېڭىزىغا شۇڭغۇدى . ئابدۇشۇكۇرنى يــاخــشــى كــۆرســۈنــمــۇ ؟ خــالــىــق… ئــۇ ياخشى يىگىت ئىدى . ئــابــدۇشــۇكۇرچۇ ؟ ئۇمۇ ياخشى يىگىتكەن . تاجىنىسانىڭ قۇلاق تۈۋىدە مېھرىگۇلنىڭ «ئۇ سىزگە كۆيۈپ قالغان ئوخشايدۇ» دېگەن سۆزى ئاڭلانغاندەك بولدى . «ئۇنىڭ شەپقەت ، ھودۇقۇشلىرىدىن قــارىــغــانــدا شــۇنــداق . مــەن ئۇنى ھۆرمەتلەيمەن ، ئۇنى مەڭگۇ قەدىرلەيمەن ، ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقىنى ئۇنتۇمايمەن . ئەمما مەن راستتىنلا شۇم پېشانىمۇ ؟ ئابدۇشۇكۇرمۇ خالىقتا ئوخشاش ؟ !… ئەي ھەممىگە قادىر ئاللا ، بىزنى ھەر خىل بالا ـ قازالاردىن ئۆز ھــىــمــاتــىــڭغا ساقلاپ ، بىزگە ئامانلىق ، خاتىرجەملىك نېسىپ

قىلغىن ، ھېچبولمىغاندا بالالىرىڭنى ماڭىلا بەرگىنكى ، ئۇ ئامان قالسۇن . ئۇ مېنىڭ شەپقەتچىم ، ئۇ ماڭا ئۇنتۇلغۇسىز ياخشىلىق قىلدى... بىراق ، مەن راستتىنلا شۇم پېشانە بولسام ئۇنىڭ جېنىغا زامىن بولارمەنمۇ ؟... ئاھ خۇدا ، مەن يەنە بىر ياخشى يىگىتنىڭ جېنىغا زامىن بولماسلىقىم كېرەك . ئۇ ياشىسۇن ، ئۇنى پاناھىڭدا ساقلىغىن . ئۇنىڭغا چەكسىز بەخت ـ سائادەت ئاتا قىلغىن . ئاھ خۇدا مېنى نېمىشقا شۇم پېشانە يارىتىپ قويغانسەن ؟ ئاھ دەريا ، دەريا مېنى نېمىشقا سىڭدۈرەلمىدىڭ ! ؟ مەن نېمىشقا ئۆلمىدىم ؟... يەنە خەقنىڭ جېنىغا زامىن بولغىلىمۇ ؟ ياق... مەن شۇم پېشانە ئەمەس ؛ ياق ، مەن راستتىنلا شۇم پېشانە ئوخشايمەن . بولمىسا ، شۇنچە بالا ـ قازا ، شۇنچە ۋەھىمىلىك ئىشلار ماڭا باغلىنىپ قالامدۇ ؟ ئەي ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم ، ماڭا رەھىم قىلغىن... »

## 7

خالىدە خانىم ئۇلارغا ئورۇن سېلىپ بەردى . ئەكرەم ئابدۇشۇكۇرگە ئىنتايىن ئىجىل بولۇپ قالدى . ئۇ ئابدۇشۇكۇرنىڭ بېلىق ، ئۆردەك ۋە قاشقالداق توغرىسىدىكى قىزىقارلىق پاراڭنى بېرىلىپ ئاڭلايتتى . بۇگۈنمۇ شۇنداق بولدى . ئابدۇشۇكۇرنىڭ بىر قېتىم قاشقالداق چۇجىسى قوغلاپ كېتىۋېتىپ قومۇشلۇق ئارىسىدا يىلان ئۇۋىسىغا توغرا كېلىپ قالغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىنى ئاڭلاۋېتىپ ئۇخلاپ قالدى . ئابدۇشۇكۇرنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كېلىدىغاندەك ئەمەس . ئۇنىڭ يۈرىكى خۇشاللىق ئىلكىدە ئويناۋاتقاندەك ئىدى . بۇ خۇشاللىق ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ھېچقانداق خۇشاللىققا ، يوغان لىم سۇزۇۋالغان ، ئۇنى كۆپ پۇلغا ساتقان ، شەھەرگە كىرگەن... ھېچقانداق خۇشاللىققا ئوخشىمايتتى . ئۇنىڭ قانلىرى قىزىپ توختىماي يۇگۇرگۇسى ، چېلىشقۇسى ، ئوغلاق تارتقۇسى كېلىپ كەتتىيۇ ، ئۇمۇ ئۆزى قىلماقچى بولغان ئىش

ئەمەستەك تۇيۇلدى . ئۇ بىر قېتىم بازارغا بېلىق ساتقىلى كىرىپ ، ئىككى كۆزى ئەما بىر مەدداھتىن «يۇسۇپ ـ زۇلەيخا» ناملىق بىر قىسسىنى ئاڭلىدى ، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ قىزلارنى كۆرسە ئۆزىنى يۇسۇپتەك ھېس قىلىپ ، ئۇلار ئارىسىدىن زۇلەيخانى ئىزلەيدىغان بولۇپ قالغان . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تاجىنىسانىڭ گۈزەل ، ئوماق چىرايى پەيدا بولۇش بىلەنلا ، گويا يۈرىكى ئېتىلىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك دۈپۈلدەپ سوقۇپ ، بارلىق ئەزالىرى تىترەپ ، تاماقلىرى قۇرۇپ كەتتى . «زۇلەيخا — مەن ئىزلىگەن زۇلەيخا شۇ ئوخشىمامدۇ ؟ ئۇ مېنى يارىتارمۇ ؟ ئۇ ھەقچان قول ـ ئىلكى ئۈزۈن ، باي كىشىلەرنىڭ قىزى . ئېھتىمال ، مېنى ياراتمىسا كېرەك... »

ئۇ ئۆزىنى ناھايىتى ئاجىز ، بىچارە ھېس قىلدى . خېلى ئىشلارنى قارامىلىق بىلەن قىلىدىغان يۈرەك ئەمدى ئۇنىڭغا ناتىۋان بىلىندى . ئەمدى ئۇ ئۆزىنى قىزنىڭ ئالدىغا بېرىپ بىرنەچچە ئېغىز گەپنىمۇ جايلاپ قىلالمايدىغاندەك ھېس قىلدى . يوغان لىملارنى دەريادىن سۈزگەن ، ئېغىر تورنى سۆرىگەن كۈچ ـ قۇۋۋەت قېنىدۇ ؟ بايا قىز ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ قارىدى ، لېكىن ئۇ ھودۇقۇپ ، قىزغا قاراشقا جۈرئەت قىلالمىدى . ئەينى چاغدا ئۇ قىزنى دەريادىن سۈزۈۋالغاندا بىمالال قۇچاقلاپ كۆتۈرگەن . چېكىسىنى قولى بىلەن تۇتقان ، كۆكسىگە قۇلىقىنى قويۇپ ، يۈرەك سوقۇشىنى تىڭشىغان . ئۇنىڭ تىنىقىدىن قىز نەپەس ئالغان . ئەجەبا ، ئەمدى نېمە بولغاندۇ ؟ ئەمدىغۇ ئۇنداق قىلىش ئۇن تاغنىڭ ئۇ يېقىدا تۇرۇپ تۇرسۇن ، تىكىلىپ قاراشقىمۇ بولمىسا . «ئەستا مەن ئۇنىڭغا راستتىن كۆيۈپ قالغان ئوخشايمەن . بۇ مېنىڭ خام خىيالىم بولۇپ چىقارمۇيا ؟ ئۇ قانداق قىلىپ دەرياغا چۈشۈپ كەتكەن بولغىيتتى ؟ ئۇنىڭ تۇغقانلىرى ئۇنى دەرياغا چۈشۈپ ئۆلۈپ كەتتى ، دەپ ئويلىمىدىغاندۇ ؟ ئۇ ساقايغاندىن كېيىن كېتىپ قالدۇ... مېنى چوقۇم ياراتمايدۇ . مەن كۆڭلۈمدىكىنى ئۇنىڭغا دېسەم قانداق

بولار ؟ ياق ، ئۇنىڭغا يۈزتۇرا گەپ قىلالىشىم چۈچۈرىنى خام سانىغانلىق ، ياكى كۆڭلۈمدىكىنى مېھرىگۈلگە دېسەم بولارمۇيا ؟ ۋاي ، راست دۆتكەنمەن . مېھرىگۈل مەندەك بىر يالاڭ ئاياغ بېلىقچىنىڭ گېپىنى توشۇيدىغان خىلىممىتى ؟ !... »

ئابدۇشۈكۈرنىڭ ساددا قەلبى ئۈمىدسىزلەندى . ئۇ تاجىنىسادىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا قەلبى ئازابتىن پۇچۇلاندى . ئىككى كۈندىن بۇيانقى خۇشاللىقىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى . ئۇنى غېرىبلىق باستى . گويا ئۆزىنى ناتونۇش ياقا يۇرتقا قاڭقىپ كېپقالغاندەك ھېس قىلدى . ئۇنى قاتتىق يىغا تۇتتى . ھەرقانچە قىلىپمۇ يېشىنى تۇتۇۋالالمىدى .

## 8

ئەتىگەنلىك غىزادىن كېيىن مۇھەممەت ئەپەندى ، خالىدە خانىملار ئابدۇشۈكۈر بىلەن بىللە تاجىنىسانى يوقلاپ دوختۇرخانىغا كەلدى .

— خېلى ئوبدان بوپقالدىڭىزمۇ قىزىم ، — دېدى خالىدە خانىم تاجىنىسانىڭ چاچلىرىنى مېھرى بىلەن سىلاپ .

— سىلەرگە كۆپ رەھمەت ئاچا... سىلەردەك مېھىر - شەپقەتلىك ، ئوبدان ئادەملەرگە ئۇچراشقىنىم ئۇچۇن ئۆزۈمنى !... — دېدى تاجىنىسا كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ .

— يىغلىماڭ . نېمىشقا يىغلايسىز . مانا ھازىر بىر ئوبدان ئوڭلىنىپ قاپسىز ، چىرايىڭىزغا قان يۈگۈرۈپ ، ئاجايىپ چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىز ، — دېدى خالىدە خانىم تەسەللى بېرىپ ، — ئادەمنىڭ بېشىغا نى - نى ئىشلار كېلىدۇ . سەۋر قىلسىڭىز خۇدايىم بەختىڭىزنى بېرىدۇ قىزىم ، ئۆلۈمدىن ئامان قالغانلىقىڭىزمۇ چوڭ بەخت .

— ئۇغۇ شۇنداق ، — دېدى تاجىنىسا كۆز ياشلىرىنى

سۇرتۇپ ، — لېكىن...

— كۆڭۈللىرىدىن ھەر خىل خىياللارنى چىقىرىۋەتسىلە قىزىم ، — دېدى مۇھەممەت ئەپەندى يول كۆرسىتىپ ، — كۆرگىنىڭدىن كۆپتۇر كۆرمىگىنىڭ ، كۆرمىگەننى كۆرىسەن ئۆلمىگىنىڭ دېگەندەك ، ئىنسان بالىسىنىڭ بېشىغا ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلار كېلىدۇ . ئەقىللىق ئادەم مۇشكۇللۇك ئىچىدە ئۆزىنى يوقىتىپ قويماي بەخت يولىنى تېپىشنى بىلىشى كېرەك...

مۇھەممەت ئەپەندى بىلەن خالىدە خانىم مەرىپەت قىلىپ خېلى ئۇزاق سۆزلەشتى . ئاخىر خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى . ياتاقتا ئابدۇشۇكۇر بىلەن تاجىنىسالا يالغۇز قالدى . ياتاق ئىچى ئادەم يوقتەك جىمىپلا كەتتى . ئابدۇشۇكۇر قىزغا قارىدى . قىزنىڭ بولاق كۆزلىرى ئۇنى سەيلە قىلىۋاتقانىنىڭ ئۇستىگە ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالدى . قىز ھەسرەتلىك كۈلدى . ئابدۇشۇكۇر ئەندىكىپ كەتتى . ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ ، بەدىنىدىن چىلىق - چىلىق تەر قۇيۇلدى . «ئۇ بىچارە بەك ئاق كۆڭۈلكەن» دەپ ئويلىدى قىز . ئۇ ئابدۇشۇكۇرنىڭ كېلىشكەن بەستىنىڭ بىچارىلەرچە قىياپىتىگە قاراپ ئىچى ئاغرىدى . ئۇنىڭمۇ يۈرىكى سەكرەپ چىقىپ كېتىدىغاندەك سوقماقتا ، «ئۇ نېمىشقا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايدۇ ؟ نېمانچە شۈك ئولتۇرىدۇ ؟ ئەجەبمۇ قىيىن بولدى . مەن ئاۋۋال گەپ قىلايمۇيا ؟» تاجىنىسا شۇ خىياللار بىلەن ئۇنىڭغا نېمە دەپ گەپ قىلىشنىمۇ بىلەلمەي قالدى . ھەتتا بىرەر ئېغىز گەپ سوراپ قالسىمۇ جاۋاب بېرەلمەيدىغاندەك ھېس قىلدى . ئابدۇشۇكۇر تېخىمۇ شۇنداق ئىدى . قىزنىڭ كۆزى ئۆزىگە تەلمۈرۈپ ، قانچىلىك ئىنتىلگەنسېرى ئۇ شۇنچە ھودۇقۇپ ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇۋاتاتتى . ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا قانچە كۈچەپ باقسىمۇ ئۇنىڭدا ئۆزىنى باشقۇرالىغۇدەك دەرمان قالمىغانىدى . پېشانىسىدىن ساقىپ چۈشكەن بىر تامچە تەر كۆزىگە كىرىپ كەتتى . ئاچچىق تەر كۆزلىرىدىن ياش چىقىرىۋەتتى . بۇ ھالدىن ئۇ بەكمۇ ئىزا تارتتى .

— بىر يېرىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ؟ — ئاخىر ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا سورىدى قىز. ئابدۇشۈكۈر گويا ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك بولۇپ كەتتى.

— ھە… ياق. چوڭ بولغاندىن بېرى ئاغرىپ قالمىدىم، — ئابدۇشۈكۈرنىڭ گەپلىرى قولاشمايۋاتاتتى.

— مەڭ… تەرىڭىزنى سۈرتۈۋېلىڭ، — قىز ياستۇقى يېنىدىكى لۆڭگىنى ئېلىپ ئابدۇشۈكۈرگە تەڭلىدى. لۆڭگىنى ئالغۇچە يىگىتنىڭ قولى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەۋاتقانلىقىنى قىز كۆرۈپ قالدى.

— سىزگە نېمە دەپ رەھمەت ئېيتىشنى بىلەلمەيۋاتىمەن، — دېدى قىز ئۇنىڭ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ، — سىز ھەقىقەتەن ياخشى ئادەمكەنسىز، — بۇ چاغدا ئابدۇشۈكۈر لۆڭگىدە تەرلىرىنى سۈرتۈپ، لۆڭگىدىن چىققان پۇراقنى پۇرىدى، لۆڭگىدىن چىققان يېقىملىق پۇراق ئۇنىڭ دىلىغا ھۇزۇر بېغىشلىدى. لۆڭگىنى بەكرەك پۇرىۋېلىشنى ئويلىغانىدى، لېكىن قىزنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قىزىرىپ كەتتى.

— يا… ياق. ساقىيىپ قالغىنىڭىزدىن بەك خۇش بولدۇم، — ئۇ بۇ سۆزنى قىلىپ بولۇپ يەنە قىزىرىپ كەتتى، قىز كۈلۈمسىرىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ھەسرەتلىك، ئەمما ئاجايىپ (تىل بىلەن ئىپادىلىگىلى بولمايدىغان) بىر ھېسسىيات يوشۇرۇنغان ئۇچقۇن چاقنىدى.

— نېمانداق شۈك ئولتۇرىسىز؟… مەن بەك سىقىلىپ كېتىدىكەنمەن، — دېدى قىز غەيرەتكە كېلىپ.

— سىزگە دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىم بار ئىدى… لېكىن تاپالمايۋاتىمەن… — ئابدۇشۈكۈر ھەم خۇشاللىق، ھەم ھودۇقۇش ئىچىدە شۇنى ئاران دېيەلىدى. قىز ئابدۇشۈكۈرنىڭ كۆڭلىدىكى گەپنى قىلغىنىدىن رازى بولدى ۋە سورىدى:

— مېنى قانداق قۇتۇلدۇرۇۋالغىنىڭلارنى دەپ بەرمەمسىز؟

— ئۇنى... ئۇنى كېيىن دەپ بېرەي... بىر نەرسە يېگۈڭىز كېلىۋاتامدۇ؟ — سورىدى ئابدۇشۈكۈر.

— ياق، ھازىر تاماق يېدىمغۇ؟ — قىز ۋىلىققىدە كۈلۈۋەتتى. ئابدۇشۈكۈر ئۇنىڭ كۈلگىنىنى تۇنجى قېتىم كۆردى.

— ياق - ياق، ئۇنداق دېمىدىم ھە، ئۆرۈك پىشتى، يەنە بازارغا چىلگە كىرىپتۇ... مەن شۇلارنى دەۋاتىمەن، — قىز يەنە كۈلۈۋەتتى، چۈنكى ئابدۇشۈكۈر سۆزلەۋېتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ تاجىنىسانىڭ كارىۋىتىغا يېقىنلاپ قالغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ قىلىقىدىن ئىزا تارتىپ ئارقىسىغا داجىدى. قىزنىڭ كۈلكىسى تېخىمۇ ئۇلغايدى.

— مەن ھازىرلا كىرەي، — ئابدۇشۈكۈر شۇنداق دەپلا ياتاقتىن چىقىپ كەتتى. چارەك ۋاقىت ئۆتكەندە، ئۇ تور سومكىدا ئۆرۈك، ئىككى چىلگە ئېلىپ كىردى. ئۇ ناھايىتى خۇشال ئىدى. باياتىنقى ھەسرەتلىك كۆزلىرىدىن شادلىق نۇرى چاقناپ تۇراتتى.

— نېمانچە كايىيدىغانسىز؟ — دېدى قىز خىجىل بولۇپ.

— ياق... ئۇنداق دېمەڭ، بۇ كايىغانلىق ئەمەس. ما ئۆرۈك بەك سۇلۇقكەن، بەك تاتلىقكەن، يەپ بېقىڭا، — ئابدۇشۈكۈر راسا پىشقان ئىككى - ئۈچ دانە ئۆرۈكنى ئېلىپ قىزغا سۇندى. تاجىنىسا يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ قول ئۇزاتتى...

— ۋاي - ۋۇي، ماۋۇ قاراڭغۇ بازارچىلارنى، ئادەم يوق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مېھماندارچىلىق قىلىشىۋېتىپسىلەر - دە؟...

مېھرىگۈلنىڭ تۇيۇقسىز كىرىپ قىلغان گېپى ھەر ئىككىيلەننى ھودۇقتۇرۇۋەتتى.

— ئابدۇشۈكۈر، ئۆرۈكتىن ماڭىمۇ بەرمەمسىز، مەن يېمەيدىغان ئۆرۈكمۇيا بۇ؟...

— ياق، ياق... بۇ، سىزمۇ يەڭ، — ئابدۇشۈكۈر گەپ قىلغاچ چىلگىنى پىچتى. ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىگە مېھرىگۈل

قاقاقلاپ كۈلەتتى . ئابدۇشۈكۈر ئاخىر ياتاقتا تۇرۇپ بولالماي چىقىپ كەتتى . ئىككى قىز تەڭلا كۈلۈپ كەتتى .

## 9

تاجىنىسا بىر ھەپتىدىن كېيىن سەللىمازا ساقايدى . دوختۇر ئەمدى ئۇنىڭ چىقىپ كەتسە بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى . ئۇلۇشكۈن ئابدۇشۈكۈر ئۆيگە كەتكەنىدى . تاجىنىسانى ئېغىر قايغۇ باستى .

— نېمىنى ئويلاۋاتىسىز ؟ — سورىدى مېھرىگۈل .

تاجىنىسا بېشىنى چايقىدى . ئۇنىڭ كۆزىدىن ياش سىرغىپ چىقماقتا ئىدى .

— ئەجەبكەنسىز ، تاجىنىسا ، شۇنىڭغىمۇ باش قاتۇرامدۇ كىشى ، ئۇنىڭ يۈرىكى كاۋاپ بولاي دېدى .

— جېنىم ئاداش ، چاقچىقىڭىزنى قويسىڭىز ، — دېدى تاجىنىسا ھالسىز بىر قىياپەتتە .

— سىز نېمە دەۋاتىسىز ، مەن چاقچاق قىلمىدىم ، راست گەپ قىلىۋاتىمەن .

تاجىنىسا قاراپلا قالدى . بىردە ئۇنىڭ قەلبى ئۆزىگە پاناھ بولىدىغان ئاق كۆڭۈل ئىنسانلارنىڭ بارلىقىدىن خۇشال بولسا ، يەنە بىردە خىيال كەپتىرى ئۇنى ئۇمىدسىز تۇمانلار ئارىسىدا پەرۋاز قىلدۇرۇپ ئۆزىنى خورلۇق ئىچىدە قېلىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى . ئۇ مېھرىگۈلنىڭ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزىگە ئوخشاش بەختسىزلىككە ، ئازابقا مۇپتىلا بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى . كۈندۈزنىڭ كېچىسى ، خۇشاللىقنىڭ قايغۇسى ، كۈلكىنىڭ يىغىسى بولغىنىدەك ، ئۇمۇ ئەينى چاغدا مانا مۇشۇ شوخ قىزدەك قاقاقلاپ كۈلگەن ، چاقچاق قىلغان ، شېرىن خىياللارنى سۈرگەن ، ئېسىل چۈشلەرنى كۆرگەن ، ئۆزىنى بەخت ئىچىدە ئۈزگەندەك ھېس قىلغان . غەمسىز كۈنلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن . خالىق بىلەن ھەر كۈنى دېگۈدەك دەريا بويىغا سۇغا چىققاندا ، قوي - كالىلارنى

قەيلاڭدىن قايتۇرۇپ كەلگەندە ئۇچرىشىپ، ئۇزاقتىن ـ ئۇزاققا مۇھەببەت سۆزلىرى، كەلگۈسى بەختلىك ئائىلىسى، بالىلىرى توغرىسىدا كۈلۈشۈپ، تالىشىپ، قىزىرىشىپ، ماي تارتىشىپ ئولتۇرۇشۇپ قانچىلىك ۋاقىتنىڭ ئۆتكەنلىكىنى بىلىشمەي قالغانىدى.

بىر كۈنى تاجىنىسانىڭ ئاتىسى باغدىكى تۆت تۈپ قىزىل ئۆرۈكنى قېقىپ، سەككىز چوڭ سېۋەتكە قاچىلاپ، تاجىنىساغا «قاراپ تۇر» دەپ قويۇپ، ھارۋىنى قوشقىلى باغدىن چىقىپ كەتتى. دەل شۇ پەيتتە، خالىق باغنىڭ كەينىدە پەيدا بولدى ـ دە، تۈگمەس پارىڭنى باشلىۋەتتى. بىر چاغدا ئاتىسىنىڭ قاتتىق ۋارقىرىشىدىن تاجىنىسا ھودۇققان ھالدا ئارقىسىغا قارىدى. تاغىل مۇزاي ئىككى سېۋەت ئۆرۈكنى ئۆرۈۋېتىپ، يەرگە مارجاندەك چېچىلغان ئۆرۈكلەرنى يېگىلى تۇرۇپتۇ. بۇ مۇزاي تۇغۇلۇپ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ، ئىمىزگىدە باققان بولغاچقا، بۇ ئۆينىڭ «ئەركە بالىسى» بولۇپ، ھەممە يەردە ئەركىن يۈرەتتى. ھەتتا ئۆيگىمۇ ئادەمگە ئەگىشىپ كىرىپ ـ چىقىپ يۈرۈۋېرەتتى. روزاخۇنبايىنىڭ ۋارقىرىشى بىلەن تەڭ خالىق قوناقلىق ئىچىگە شۇڭغۇپ غايىب بولدى. تاجىنىسا قاتتىق ئىزا تارتىپ، قورقۇپ ئاتىسىغا قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي، پۇت ـ قوللىرىدا جان قالمىغاندەك تۇرۇپ قالدى.

— مۇزايىنى ھەيدىمەمسەن! — ئاتىسىنىڭ قاتتىق ۋارقىرىشىدىن، ئاران تۇرغان تاجىنىسا قورقۇپ چىرقىرىۋەتكىلى تاس قالدى.

— بارغانچە گالۋاڭ بولۇپ كەتكىلى تۇردۇڭ، مەن مۇزاي ئۆرۈكنى يەپ كەتمىسۇن، قاراپ تۇر دېسەم نېمىگە قارىدىڭ؟

تاجىنىسا مۇزايىنى ھەيدەپ باغدىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئەس ـ يادى ئاتىسىنىڭ خالىقنى كۆرۈپ قالغان ـ قالمىغانلىقىدا بولغاچقا، ئاتىسىنىڭ غودۇراشلىرى قۇلىقىغا كىرمىدى. پەقەت «سەن»لەپ قىلغان گەپلىرى ئۇنىڭ يۈرىكىگە بېرىپ تۇرۇپ

قالدى . ئۇ چوڭ بولۇپ مۇشۇ كۈنگىچە ئاتىسىدىن قاتتىق گەپ ئاڭلىمىغان ، «سەن»لەپ قىلغان گېپىنى تېخىمۇ ئاڭلىمىغانىدى . شۇ كۈنى تاجىنىسا كەچكىچە يىغلاپ چىقتى . ئانىسى ئۇنى بىرمۇنچە بەزلەپمۇ يىغىدىن توختىتالمىدى . كەچتە ئاتىسى بازاردىن قايتىپ كېلىشىگە ئانىسى تاپا ـ تەنە سۆزىنىڭ بېشىنى چىقىرىپ بولغۇچە ئاغزى ـ قۇلىقىغىچە تويۇپ ، زۇۋان چىقىرالمىدى . روزاخۇنباي قەمبەرنىساخانغا يوغان بىرنى ئالىيىپ :

— سەن خوتۇن تولا كاپىلدىماي ، قىزىڭنى ئوبدان بىل... ئۇ ھېلىقى ساۋۇتباينىڭ خالىق دېگىنى بېشىنى قايدۇرۇپ ، ساراڭ بولايلا دەپتۇ . قىز بالا دېگەن ئون تۆتتىن ئاشسا ئۆيدە ساقلىغىلى بولمايدىغان ئېشەك تاپى بىرنېمە... قىزىڭنى چىڭ تۇت . بىز يۇرت ئىچىدە نومۇس ـ ئاھانەتكە قالمايلى يەنە !...

— ئوھۇش ، ئاغزىڭلىنى ئۇششۇتمەي تۇرۇڭلا ، — قەمبەرنىساخان ئاغزىدا شۇنداق دېگىنى بىلەن يۇرىكى «قارت» قىلىپ ، پېشانىسىنى تۇتۇپ ، ئاغزىنى قۇشقاچ كامىرىدەك ئاچقانچە تۇرۇپ قالدى ۋە قورقۇمسىراپ سورىدى :

— ۋاي تېخى شۇنداق ئىشمۇ بارمىدۇ ؟

روزاخۇنباينىڭ تېخىمۇ زەردىسى قايىنىدى :

— سەن گالۋاڭ خوتۇن قانچە ، قىزىڭ شۇنچە ، — دېدى ئۇ قولىنى شىلتىپ ، — قىزىڭغا دە ، ھازىرغىچە ئادەم يارىماي مېنى يامان ئاتلىق قىلدى ، رايىغا قويدۇم ، ئەمدى بولار ، ھەر ئىشنىڭ ھېسابى بار . تېگىدىغان ئادىمى بولسا ۋاقتىدا ساڭا دېسۇن .

— ۋاي ، تۇۋا دەڭلا... قىزىمىزنى ئەمدى ئاشۇ خالىققا بېرەمدۇق .

— تۇۋىنى قىزىڭدىن سورا... مەن بۈگۈن بازاردا ھېلىقى بىرنېمە كوجاڭ دېگەننىڭ قىزى «تېگىمەن» دېگەنگە بەرمەي باشقىسىغا زورلىغاچقا دورا ئىچىپ ئۆلۈۋاپتۇ ، دەپ ئاڭلىدىم . بۇ كەمنىڭ قىزلىرى... بولدى قېرىغىنىمدا خەقنىڭ نالىتىنى

كۆتۈرگىچىلىكىم يوق . كىمگە تېگىمەن دېسە ، خۇداغا ئامانەت قىزىم ، بېشىڭىز باش ، پاقالچىقىڭىز تاش بولسۇن ، دەپ ئۆزىتىپ قويىمەن .

ئېرىنىڭ كەسكىن تەلەتىنى كۆرگەن قەمبەرنىساخان بىر نەرسە دېيىشكە پېتىنالماي ، ئاغزىنى ئۆمەللەپ تۇرۇپ قالدى . بۇ گەپلەرنى يان ئۆيدە تۇرۇپ ئاڭلاۋاتقان تاجىنىسا ئىزا تارتتى ھەم خۇشال بولدى . چۈنكى ئاتىسى بىر ئىشنى قىلىمەن دەپلا ئاغزىدىن چىقارسا قىلماي قويمايدىغان جاھىل ئادەم ئىدى . تاجىنىسا كېچىچە تۈزۈككىنە ئۇخلىيالماي ، ئەتىسى كەچ قىلالماي ، دەريا بويىدا بۇ ئىشنى خالىققا دېمىگۈچە ئىچى تىتىلداپ تۇرالماي قالدى . لېكىن خالىقنىڭ ئالدىدا خۇشاللىقىنى ھەرگىز بىلىندۈرمەي بىچارە ھالەتتە دېدى . بۇ خەۋەردىن خۇشال بولغان خالىق قىن ـ قىنىغا سىغماي قالدى...

* * *

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، — ئىشىكنىڭ ئېچىلىشى بىلەن يېشى ئاتمىشقا تاقاپ قالغان ، ئېگىز بويلۇق ، قارامتۇل ، چوڭقۇر كۆزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان بىر كىشى بىلەن ئابدۇشۈكۈر كىرىپ كەلدى .

ئىككى قىز بوۋايغا قىزغىن سالام بەردى . بوۋاي تاجىنىسانىڭ كارىۋىتىدا ئولتۇرۇپ ، دۇئا قىلغاندىن كېيىن ئامان ـ ئېسەنلىك سورىدى ، ئاندىن ئابدۇشۈكۈر ئىككى قىزنى قىسقىچە تونۇشتۇردى . تاجىنىسا ماڭسۇر بوۋاينى كۆرگەندىن كېيىن ئۆپكىسى ئېسىلىپ ، ئۆزىنى بوۋاينىڭ قۇچىقىغا ئاتقىلى تاس قالدى ، بىراق ئۇ ئۆزىنى بېسىۋالدى . شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن مۇنچاقتەك ياش تۆكۈلۈپ ، مەڭزىنى بويلاپ ئاقتى :

— بوۋا ، بۇ قىز بەكمۇ يىغلاڭغۇ ئىكەن ، قاراپ تۇرۇڭ ، يىغلاۋېرىپ قېرىغاندا سىزنىمۇ يىغلاڭغۇ قىلىپ قويىدۇ ، — دېدى



www.uyghurkitap.com

مېھرىگۈل .

— سەن راست گەپ قىپتىكەنسەن ، ئوغلۇم ، — دېدى بوۋاي زوقلانغان ھالدا ، — بۇ ھەقىقەتەن شوخ قىزكەن ، مېنىڭ مۇشۇنداق بىر قىزىم بولىدىغان بولسا...

شۇئان مېھرىگۈل دوستىغا «لاپ» قىلىپ قاراپ قويۇپ :

— قىز دېگەن سىزنى دەپ دەريادا ئېقىپ ، سۇغا چۆكۈپ كېلىۋاتسا يەنە قىزىم يوق دەمسىز ؟ — دېدى كۈلۈپ .

ئابدۇشۈكۈر بىلەن تاجىنىسا تەڭلا چوغدەك قىزىرىپ يەرگە قاراشتى .

مېھرىگۈل :

— ھەي ئابدۇشۈكۈركا ، بۇرنۇمغا بېلىق پۇرىقى كېلىۋاتىدىغۇ ، سۈيۈنچە ئالغاچ كەلدىڭىزمۇ نېمە ؟ — دېدى بۇلۇڭدىكى تاغارغا قاراپ .

— ھەئە ، ئالغاچ كەلدىم ، — دېدى ئابدۇشۈكۈر تاغارنى كۆرسىتىپ ، — تەلەيلىك ئىكەنسىز ، سىزگە ئاتاپ تور سالساق ، بېلىق دېگەن كارامەت جىق چىقىپ كەتتى .

— ئۇنداق بولسا بۇنىڭدىن كېيىن تور سالسىڭىز ماڭا ئاتاپ سالسىڭىز بولغۇدەك... ھا... ھا...

— شوخ قىزنىڭ كۈمۈش قوڭغۇراقتەك جاراڭلىق كۈلكىسى بوۋاينىمۇ كۈلدۈرمەي قويمىدى .

بوۋاي بىرمۇنچە پىشۇرۇلغان بېلىق ، چۆجە گۆشى ۋە تۇخۇم ئەكەلگەندى . ئۇلار بىرگە ئولتۇرۇپ ، ئۇ نېمەتلەرنى يەپ مەززە قىلىشتى .

— ئېلىڭ ، يەڭ قىزىم ، مۇنۇ بېلىق كاۋىپىنى ھەر خىل دورا - دەرمەك بىلەن پىشۇردۇم ، — دەيتتى بوۋاي تاجىنىساغا ئاتىلارچە مېھرىبانلىق قىلىپ .

تاجىنىسا بوۋايغا قەلبىدە چوڭقۇر ھۆرمەت تۇيغۇسى پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى .

مېھرىگۈل ماڭسۇر بوۋاي بىلەن تاجىنىسانىڭ بىر - بىرى

بىلەن خۇددى ئۇزاق ۋاقىت ئايرىلىشىپ كەتكەن ئاتا ـ بالىدەك مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ كەتكىنىگە قاراپ، ۋىلىتقىدە بىرنى كۆلدى ـ دە، ئابدۇشۇكۇرگە قاراپ، تىلىنى چىقىرىپ قويۇپ:

— ئىسىت، مەن تاجىنىسا بولسامچۇ؟ مىنىمۇ شۇنداق ئەتىۋارلايدىكەن بۇ بوۋام، — دېدى. بوۋاي مېھرىگۈلگە قاراپ چىشسىز ئېغىزىنى ئېچىپ كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— كىلىڭ قىزىم، سىزمۇ بەك بەلەن قىزكەنسىز، كۆز تەگمىسۇن دەپ قالدىم، — دېدى. ئۇلار ئەنە شۇنداق قىزغىن پاراڭ سېلىشىپ قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنىمۇ بىلمەي قېلىشتى. كەچكە يېقىن ئابدۇشۇكۇر دوختۇرخانا بىلەن ھېسابلاشتى. ئۇلار دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن، مېھرىگۈل ئۆيىگە باشلاپ باردى. مۇھەممەت ئەپەندى بىلەن خالىدە خانىم ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ماڭسۇر بوۋاي بىلەن مۇھەممەت ئەپەندى كىچىچە ئۆزلىرىنىڭ كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى سۆزلەپ چىقىشتى، مۇڭداشتى. مۇھەممەت ئەپەندى ماڭسۇر بوۋاينىڭ ساددا، ئاق كۆڭۈل ئادەملىكىدىن مەمنۇن بولدى ھەم ئۇنى ياقتۇرۇپ قالدى. ماڭسۇر بوۋاي مۇھەممەت ئەپەندىنىڭ بىلىملىك، ئېسىل ئادەملىكىنى بىلدى ۋە كۆڭلىدە ھۆرمەت ھېسسىياتى قوزغالدى. ئۇلارنىڭ پارىڭى تاجىنىسا ئۈستىگە كېلىپ تاقالغاندا، بوۋاي قاتتىق ئۇھ تارتىپ:

— بۇ بەك بەلەن قىزكەن، قارىغاندا ئابدۇشۇكۇرنىڭ ئۇنىڭغا كۆڭلى چۈشۈپ قالغاندەك قىلىدۇ. بىراق، بۇ قىز بىزدەك جاڭگالدا كۈن كەچۈرىدىغان ئادەملەرنى يارىتامدىكىن؟ — دېدى كۆڭلى غەلىتە بولۇپ. مۇھەممەت ئەپەندى بوۋاينىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تاماكىسىغا ئوت يېقىپ ئۇنى بىر ـ ئىككى شورىدى، ئاندىن بوۋاينىڭ مىسكىن چىرايىغا قاراپ:

— ماڭسۇركا، سىز تاجىنىسادىن خاتىرجەم بولسىڭىز بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىز تولۇق بىلمەيمىز، ئۇ ئۆلۈۋېلىش ئۈچۈن ئۆزىنى دەرياغا تاشلىغان. لېكىن سىلەر ئۇنى

www.uyghurkitap.com

قوتولدۇرۇۋالدىڭلار . ئۇنىڭ هازىرقى ئەھۋالىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ئۆيگە قايتىپ بېرىش نىيىتى يوق . ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيگە بارسىمۇ بەربىر ئاتا - ئانىسى بىلەن كۆرۈشمەي تۇرالمايدۇ . شۇڭا ئۇنىڭ سىلەرنىڭ ئۆيگە بېرىشتىن باشقا ئامالىمۇ يوق . سىزمۇ قېرىپ قاپسىز ، ئابدۇشۇكۈرنىمۇ بەربىر ئۆيلەيدىغان گەپ . شۇنداق بولغاندىكىن بۇ قىز ئابدۇشۇكۈرگە ناھايىتى باب كېلىدۇ ، — دېدى .

— ئۇنداق بولسىغۇ مەنمۇ ئۆلۈپ كەتسەم يەرلىكىمدە خاتىرجەم ياتاتتىم . لېكىن بىزنىڭ مەھەللىمىز ئادەمزاتسىز بىر چۆل . بۇ قىز بارغاندىن كېيىن كۆنەلمەي ، تۇرغۇسى كەلمەي قالامدىكىن دەيمەن ، — دېدى بوۋاي ئەندىشىسىنى ئېيتىپ . مۇھەممەت ئەپەندى بىردەم ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن :

— ئاۋۋال بارسۇن ، ئەگەر سىز دېگەندەك بولۇپ قالسا بىر ئامال قىلارمىز ، — دېدى .

ئەتىسى تاماقتىن كېيىن ئۇلار يولغا چىقىدىغان ، تاجىنىسامۇ بىللە قايتىدىغان بولدى . بوۋاي خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى باسالماي قالدى . ئابدۇشۇكۈرنىڭ يۈرىكى ئويناپ كەتتى . ئۇنىڭ قاقاقلاپ كۈلگۈسى ، ناخشا ئېيتقۇسى كېلەتتى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ خۇشاللىقتىن بېشى ئاسمانغا تاقاشقاندەك بولدى .

تاجىنىسا خالىدە خانىم بىلەن قۇچاقلىشىپ ، يىغلاپ تۇرۇپ خوشلاشتى . ئۇ مېھرىگۇل بىلەن قۇچاقلاشقاندا ، گويا ئۆز يۈرىكىدىن ئايرىلىپ كېتىۋاتقاندەك ئىچ - باغرى ئېرىپ ، ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى . ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش قۇيۇلدى . مېھرىگۇلمۇ ئىچەكىشىپ كەتكەن بۇ مۇلايىم دوستى بىلەن مۇشۇ ئىككى ھەپتە ئىچىدە گويا يۈرىكى بىر - بىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەندەك ھېس قىلغانىدى . ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ياش تاجىنىسانىڭ مۇرىسىنى ھۆل قىلىۋەتتى . ئىككىسى بىر - بىرى بىلەن ئۇزاققىچە قۇچاقلاشقان پېتى تۇردى . ھەر ئىككىسىنىڭ ئاغزى گەپكە كەلمەيتتى . تاجىنىسا ناھايىتى تەستە :

www.uyghurkitap.com

— خەير ـ خوش ، مېھرىگۇل ، ئامان بولۇڭ ، — دېيەلىدى .
مېھرىگۇلمۇ كۆز ياشلىرىنى ئېرتىپ ئۇلگۇرەلمىگەن ھالدا :
— خوش تاجىنىسا ، ئامان بولۇڭ ، كېلىپ تۇرۇڭ ، — دېدى .

بۇ ھالنى كۆرۈپ خالىدە خانىمنىڭ كۆزىدىنمۇ ئىختىيارسىز ياش ئېتىلىپ چىقتى .

— خوش ماڭسۇر ئاكا ، سالامەتلىكىڭىزنى ئاسراڭ ، پات ـ پات كېلىپ تۇرۇڭ ، — دېدى مۇھەممەت ئەپەندى بوۋاينىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ .

— خۇدا سىلەرنى ئامان قىلسۇن ، مەن يەنە كېلىمەن ، رەھمەت سىلەرگە ، — دېدى ماڭسۇر بوۋاي .

ھارۋا قوزغالدى ، قولا ئات يورغىلاپ مېڭىپ كەتتى . ئۇلار تاكى بىر ـ بىرىنىڭ قارىسى كۆرۈنمىگۈچە قول پۇلاڭلىتىپ ، گويا مەڭگۈلۈك خوشلىشىۋاتقاندەك قىلىشتى .

## 10

ئەگرى ـ بۈگرى شورلۇق يولنىڭ ئىككى تەرىپى تاكى دەريا بويىغا بارغۇچە قويۇق ئۆسكەن قومۇشلۇق ئىدى . ئۇ يەر ـ بۇ يەردىكى دۆڭلۈكلەردە دېگۈدەك يانتاق ، قامغاق ئۆسكەندىن باشقا ، يۇلغۇن كۆچەتلىرىمۇ ئۆسكەنىدى . قومۇشلۇق ئارىسىغا سىنچىلاپراق قارايدىغان بولسا ، خەقلەر يېقىندىن بېرى بۇ جاڭگاللارنى بۆلۈشۈپ ، ئېگىز پاسىل قىرلارنى سوقۇپ ، ئۇششاق ئورەكچىلەرنى كولاپ تېرىغان جىگدىلەر قاتار ئۇنۇپ كەتكەنىدى . لېكىن قويۇق قومۇش ئۇلارنى چۆكۈرۈپ كەتكەنىدى . «ئاقىۋەت سېنى چۆكۈرۈپ ، بىرنەچچە يىل ئىچىدە .قويۇق ئورمان بولۇپ كېتىدۇ…» دەپ ئويلىدى بوۋاي .

بۈگۈن ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق بولغاچقا ، جاھان بىردەمدىلا تونۇردەك قىزىپ كەتتى . ئابدۇشۈكۈر «گۈلەمخان»غا ئىسقىرتىپ ،

قامچىسىدىن قاس چىقىرىپ ، پات ـ پات ئارقىسىغا قاراپ قويۇپ ، ياۋەندە ئولتۇراتتى .

— سايىسى يوق جاڭگالدا پىژغىرىم بولۇپ كېتىدىغان بولدى ـ هە ، قىزىم ، — دېدى بوۋاي ، تاجىنىسانىڭ تەر قۇيۇلۇۋاتقان مەيۇس چىرايىغا قاراپ .

— ياق ـ ياق ، — دېدى تاجىنىسا بوۋايغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ . ئۇنىڭ كۈلۈمسىرىشىدىن قايغۇلۇق بىر هالەت چىقىپ تۇراتتى . بوۋاي قىزنىڭ كۆڭلىدە ئاللىقانداق تۈگمەس بىر غەم ـ قايغۇنىڭ هۆكۈم سۈرۈۋاتانلىقىنى هېس قىلدى . ئابدۇشۈكۈر ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ، تاجىنىساغا سەپسالدى . شۇ چاغ ئۇنىڭ كۆزى تاجىنىسانىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى ـ دە ، دەررۇ ئالدىغا قاراپ ئاتنى قامچىلىدى . ئات بىر خىل يورغىلاپ كېتىۋېتىپ ، قامچا يەپ ، ئىگىسىنىڭ كۆڭلىنى بىلگەندەك چاچما يورغىغا چۈشۈپ يۈرۈپ كەتتى .

بوۋاي قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئۆيى توغرۇلۇق بىرنەچچە قېتىم سورىماق بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللەپ ، تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان گەپنى بوغۇزىغا يۇتۇۋەتتى . چۈنكى ئاخشام مۇهەممەت ئەپەندىنىڭ : «ماڭسۇركا ، قىزنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەت خېلى ئېغىردەك قىلىدۇ . ئۇ يۇرتى ۋە ئاتا ـ ئانىسى توغرۇلۇق سۆزلەشتىن بەك ئېھتىيات قىلىدىكەن . ئۆيگە بارغاندىن كېيىن ئىلاجى بار بۇ توغرۇلۇق قىزدىن ئالدىراپ سورىماڭ . كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ سىرنى ئۇ ئۆزى ئېيتىپ بېرىشى مۇمكىن ، ئۇ بىزنىڭ مېهرىبانلىقىمىزغا ئىشىنىپ بېرىپتىكەن . لېكىن هېچكىمگە ئېيتماسلىقنى ۋەدە ئاپتۇ . شۇڭا مېنىڭمۇ بۇ توغرۇلۇق تولۇق چۈشەنچەم يوق» دېگەن سۆزى ئۇنىڭدا كۈچلۈك تەسىرات قالدۇرغانىدى .

ئۇلار قوزا چۈشكە يېقىن مەهەللىگە يېتىپ كەلدى . تاجىنىسانىڭ دەسلەپ كۆرگىنى تىنىمسىز شاۋقۇن سېلىپ ئېقىۋاتقان دەريا بويىدىكى ئەتراپى بۈك ـ باراقسان سۆگەتلەر بىلەن

قاپلانغان مەھەللە بولدى . يىراقتىنلا تاغىل ئىت ئەركىلەپ قاۋىغان پېتى ئۇلارنى قارشى ئېلىشقا چىقتى . ئىت يېقىن كەلگەندە ، تاجىنىسا قورقىنىدىن ۋارقىرىۋېتىشكە تاسلا قالدى . چۈنكى ئىتنىڭ ئاپئاق ، پىستان چېقىر كۆزى ناھايىتى قورقۇنچلۇق ئىدى .

بۇ ھالنى كۆرۈپ ئابدۇشۇكۇر ساددا سەھرا يىگىتىگە خاس كۈلكىسى بىلەن قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى ، تاجىنىسا ئىزا تارتقىنىدىن ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى . بوۋاي ئوغلىغا كايىدى :

— ھىم سېنىڭ ئورۇنسىز كۈلكەڭنى ، تاجىگۈل قورقۇپ كېتىۋاتسا كۈلۈۋاتىسىنا ؟ ! — ئۇ ھارۋىدىن چۈشتى ـ دە ، ۋارقىراپ ئىتنى سۆگەتلىك ئارىسىغا ھەيدەپ كىرىپ كەتتى . ئابدۇشۇكۇرمۇ يەرگە چۈشۈپ ، ئاتنى يېتىلەپ ماڭغاچ :

— ئەگەر مۇشۇ ئىت خەۋەر قىلمىغان بولسا سىزنى قوتۇلدۇرۇۋالالمايتتىم ، — دېدى .

— نېمە ، بۇ ئىت گەپ ئۇقامدۇ ؟ — دېدى قىز ھەيران بولۇپ .

— ياق ، گەپ ئۇقمايدۇ . لېكىن ئىنتايىن ھوشيار ، ئەقىللىق . بۇ ئەتراپتا يېڭى يات نەرسە ئۇچرىسا قاۋاپ ، بىزگە خەۋەر قىلىدۇ .

ئۇلار ئىشىك ئالدىغا كېلىپ قېلىشتى ، ئابدۇشۇكۇر ئاتنى توختىتىپ تاجىنىسانى ھارۋىدىن يۆلەپ چۈشۈرەي دەپ بولغۇچە ، ھارۋىدىن چۈشۈپ بولدى . بوۋاي ئۆينىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ كەلدى ، ئۇ ئىتنى باغلىۋېتىپ كەلگەنىدى .

ساپاق ـ ساپاق ، ئۆيۈل بولۇپ كەتكەن يېشىل مەرۋايىتتەك ئۈزۈملەرگە قارىغان تاجىنىسا بوۋاينىڭ ئۆزىگە گەپ قىلغىنىنى ئاڭلىماي قالدى . بۇ قورۇسىز ئۆينىڭ ئالدىغا ئۈزۈم بارىڭى تەكشى يېيىلەك يايغان بولۇپ ، كۆن چۈشمەيتتى . 7 ـ ئاي مەزگىلى بولغاچقا ، ئۈزۈملەرنىڭ ئالدى چېكىلىشكە باشلىغانىدى . بوۋاي تاجىنىساغا بۇ ئەتراپنى تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى . ئۆينىڭ ئورنى ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ ، قويۇق سۆگەتلەر بىلەن قاپلانغان . ئۇنىڭ

سىرتى قومۇش ، يىكەنلەر ئۆسكەن كۆل ئىدى . ئۆينىڭ غەربىدىكى يېرىم چاقىرىم يەردە دەريا شاۋقۇن سېلىپ ئاقاتتى . ئۆينىڭ ئالدىدا بولسا ، بايا كۆرگەن ئۈزۈم بارىڭى ، ئاندىن ئۇنىڭ سىرتىدا بەش ـ ئالتە پۇڭ يەردىكى ئوتياشلىق ، يەنە سۆگەتلىك كۆل بار ئىدى . ئىككى ئېغىز ئولتۇراق ئۆي ، بىر ئېغىز ئاشلىق ـ تولۇك قويىدىغان ئۆي ۋە يەنە بىر ئېغىز ئات سولايدىغان ئېغىل بار ئىدى . ئېغىلدا ئابدۇشۈكۈرنىڭ ئەللىك ـ ئاتمىش كەپتىرىمۇ بار ئىدى .

بوۋايلارنىڭ ئۆيى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ ، بىر سۇپا ، ئۇستىدە تــوپا بېسىپ كەتكەن ئىككى پارچە كىگىز ، تامغا يۆلەپ پومىلاپ قويغان ئۇچ ـ تۆت شەمبىزە يوتقان ـ كۆرپە ، ئۆڭۈپ كەتكەن سامان تەكىيلەر تۇراتتى . تامدا بولسا ئىسلىشىپ قارىيىپ كەتكەن ، بويىما زەدىۋال ، تەكچىدە دۇم كۆمتۈرۈكلۈك بىر قانچە چىنە ـ قاچىلار توپا بېسىپ تۇراتتى . قازان ـ چۆمۈچلەرمۇ ھەم شۇنداق . يۇقىرىقىلار بۇ ئائىلىنىڭ بىردىنبىر كۇندىلىك تۇرمۇش بىساتى ئىدى . ئۆينىڭ تورۇسىمۇ ئىستىن قارىيىپ كەتكەنىدى .

بوۋاي ئۆز ئەھۋالىنى (تاماقنى ئوغلى ئېتىدىغانلىقى ۋە ناننى ئۆزى ياقىدىغانلىقىدىن تارتىپ ) تونۇشتۇردى . ھەتتا تاجىنىسانىڭ قولىغا بىر پارچە ناننى تۇتقۇزۇپ يېتىلەپ چىقىپ ، تاغىل ئىتىغىمۇ تونۇشتۇرۇپ قويدى . ئىت ناننى يەپ تاجىنىساغا ئەركىلىۋىدى ، تاجىنىسا يەنە قورقۇپ كەتتى . لېكىن ئىتنىڭ ئۆزىنى تونۇغىنىدىن ناھايىتى خۇشال بولدى . ئۇلار پاراڭلىشىپ ، كۈننىڭ خېلى يەرگە بېرىپ قالغىنىنىمۇ تۇيماي قالدى .

بــىر كــەمــدە بــوۋاي بــىــلەن تاجىنىسا خۇشال ھالدا ئۆيگە كىرگەندە ، ئابدۇشۈكۈر تاماق ئېتىش ئۇچۇن قازان يۇيۇۋاتاتتى . بـۇنـى كــۆرۈپ تــاجىنىسا ئابدۇشۈكۈرنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي تۆشۈكنى ئۆز قولىغا ئالدى . بوۋاي كۆڭلى سۆيۈنگەن ھالدا :

— قىزىم ، سىز بىزگە مېھمان ، تاماقنى ئۆزىمىز ئېتەيلى ، سىز ئەمدىلا كېسەلدىن قوپتىڭىز ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئابدۇشۈكۈر تاماقنى خېلى ئوبدان ئېتەلەيدۇ ، — دېدى .

— ياق ، سىلەر تاماق ئەتسەڭلار مەن قانداق ئولتۇرالايمەن ، — دېدى تاجىنىسا ئۇنىماي .

شۇنداق قىلىپ ، تاماقنى تاجىنىسا ئەتتى . ئارىدەك ئىنچىكە سوزۇلۇپ پىششۇرۇلغان لەڭمەن ئالدىغا كەلگەندە، بوۋاي ھاياجانلانغىنىدىن كۆز چانىقىدىن ئېقىپ چىققان ياشنى توسۇۋالالمىدى .

— ئابدۇشۈكۈرنىڭ ئانىسى رەھمىتى تاماققا شۇنداق ئۇستا ئىدى ، — دېدى ئۇ ياشلىرىنى بەلۋېغىنىڭ ئۇچىغا سۈرتۈپ . ئۇنىڭ قورۇق باسقان چىرايى ھاياجاندىن ئېسىلىپ قىزىرىپ كەتتى ، شۇ تاپتا تىنىمسىز شارقىراپ ئېقىۋاتقان دەريا شاۋقۇنىدىن ئۆتكەن ئىشلار تاجىنىسانىڭ ئېسىگە چۈشۈپ ، ئۇنىڭ كۆڭلىنىمۇ غېرىبلىق قاپلىغانىدى . ئۇنىڭ ئۆيىمۇ مۇشۇ دەريانىڭ بېشىدا ، بەلكىم ئانىسى دەريا بويىدا تۇرۇپ ، كاللىرىنى باققىلى كەتكەن سىڭلىسىنىڭ يولىغا قاراۋاتقاندۇ ياكى دادىسى كەچ قالدىڭ دەپ كايىۋاتقاندۇ . تاجىنىسانىڭ كۆزىدىن ياش چىقتى . لېكىن بوۋايلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ يانغا قارىۋالدى .

كەچتە ئورغاقتەك ئاي غەرب تەرەپتە پەيدا بولۇپ ، كەچ ئاسمىنىنى يورۇتتى . ئۇلار ھويلىدىكى سۆپىدا رادىئو تىڭشاپ ئولتۇرغاچ ، بوۋاينىڭ قىزىق پاراڭلىرىنى ئاڭلايتتى . رادىئودىن مۇڭلۇق ناخشىلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى ، بوۋاي ناخشىنى زوقلىنىپ ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ :

— ياش چېغىمدا مەنمۇ خېلى ناخشىچى ئىدىم ، كېچە ـ كېچىلەپ ناخشا ئوقۇيتتىم ، — دېدى ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ .

— سىز بۇرۇندىن تارتىپ مۇشۇ دەريا بويىدا ياشىغانمۇ ؟ — سورىدى تاجىنىسا قىزىقىپ .

— ياق ، مەن بۇ دەريا بويىغا قىرىق يېشىمدا ، ئابدۇشۈكۈر ئۈچ ياشقا كىرگەندە كەلگەن ، بىز بۇ يەرگە خاپىلىقتىن قېچىپ كەلگەن .

— قانداق خاپىلىق ؟



www.uyghurkitap.com

بوۋاي بىر هازا جىم ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ، سۆزىنى بىرنەچچە ئون يىللار ئىلگىرىكى تارىختىن باشلىدى :

ماڭسۇر بوۋاي دولاننىڭ بىلىقچى دېگەن يېزىسىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغانىدى . ئۇ كىچىك چېغىدىلا ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان بولۇپ ، ئون بىر ياشقا كىرگەندە موممىسىمۇ ئۆلۈپ كېتىپ ، باشپاناهسىز يېتىم بولدى . شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ بايلارنىڭ مېلىنى بېقىپ ، ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ ئۆيىدە ئىشلەپ ، جان بېقىپ يۈردى . يىگىرمە ياشقا كىرگەندە شېرىپ بەگ دېگەن باينىڭ مېلىنى باقتى . ئۇ ناخشىغا ناهايىتى ماهىر بىر يىگىت بولۇپ ئۆستى . كۈنلەرنىڭ بىرىدە بەگ ماڭسۇرنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ قالدى ، ناخشا ئۇنىڭغا خېلىلا يېقىپ قالغانىدى . ئەتىسى ئەتىگەندە ، بەگ ماڭسۇرغا ناخشا ئوقۇپ بېرىشنى ئېيتتى . ماڭسۇر قورقۇپ تۇرۇپ ناخشا ئېيتىپ ، بەگنىڭ ئۆزىدەك بىر مالچىنىڭ ناخشىسىنى ئاجايىپ هۇزۇرلىنىپ ئاڭلاۋاتقىنىنى كۆرۈپ قەۋەتلا خۇشال بولدى ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ماڭسۇر مال بېقىشتىن قۇتۇلۇپ ، بەگنىڭ ئۆيىدە ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنى قىلغاچ ، بەگنىڭ ئىچى پۇشۇپ قالسا ناخشا ئېيتىپ بېرىدىغان ناخشىچىسى بولۇپ قالدى . بۇ جەرياندا ئۇ بەگنىڭ ئات باقارى بوۋايدىن ساتار چېلىشنى ئۆگىنىۋالدى . بىر مەزگىلدىن كېيىن داڭلىق سازەندە ناخشىچى بولۇپ قالدى . شېرىپ بەگ ئەمدى ئۇنى خارلىمايتتى ، بەلكى خېلىلا ئەتىۋارلايتتى . ئەتراپتىكى بەگ ـ بايلارنىڭ توي ـ تۆكۈن ، بەزمە ـ مەشرەپلىرىگە ماڭسۇر بارمىسا قىزىمايدىغان هالغا كېلىپ قالغاچقا ، ماڭسۇر قولدىن ـ قولغا يېتىشمەي قالاتتى . مۇنداق چاغلاردا ئۇنى ئۆزلىرىگە چىللاپ كەلگەنلەرنىڭ هەر قانداقى شېرىپ بەگدىن رۇخسەت ئالاتتى . چۈنكى توي ـ تۆكۈن ، بەزمە ـ مەشرەپلەردە ماڭسۇرغا بىرمۇنچە پۇل ، گۆش ، بىرەر قۇر تون ـ سەرپاي ، گەزماللار قويۇلاتتى . بۇ نەرسىلەرنىڭ هەممىسى ئاخىرقى هېسابتا باينىڭ ساندۇقىغا كىرەتتى . بۇ تاپاۋەت هېچقانداق دەسمىسىزلا باينىڭ

www.uyghurkitap.com

خەزىنىسىنى ھەرقانداق كىرىمدىن ئارتۇق تولدۇرۇۋاتاتتى . ئۇنىڭ ئۇستىگە ماڭسۇرنى چىللاپ شىرىپ بەگنىڭ ئالدىغا كەلگۈچىلەر ئاز ـ تولىدىن بىر نەرسە ئالغاچمۇ كېلەتتى . باي مانا شۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ماڭسۇرغا ئۆز سارىيىنىڭ ياقا تەرىپىدىكى بىر ئېغىز تار ئۆينى بېتىپ ـ قوپۇشقا ئاجرىتىپ بەردى .

بۇ كۈنلەردە ماڭسۇرنىڭمۇ بۇ ئائىلىدە كۆڭلى ناھايىتى خۇشاللىق ، بەخت ئىچىدە ئۆتۈۋاتاتتى . چۈنكى بەگنىڭ ئىككىنچى خوتۇنىدىن بولغان ئون يەتتە ياشلىق قىزى پاتىگۈل بىلەن كېچىلىرى ئەل ئايىغى بېسىققاندا ئاشىق ـ مەشۇق بولۇپ يۈرۈشەتتى . بەگ ئائىلىسىدىكىلەر بۇنى بىلمەيتتى . چۈنكى بەگ قىزلىرىنى كۈندۈزى ئۆيدىن تالاغا چىققىلى قويمايتتى . ماڭسۇرنىڭ ئايدىڭ كېچىلەردە ئۇزمەي ئېيتىدىغان يېقىملىق ، لەرزان ناخشىسى بۇ قىزنىڭ يۈرىكىنىڭ نازۇك تارلىرىنى چېكەتتى . ئۇنىڭ يۈرەك ـ باغرى ماڭسۇرنىڭ ساتارىنىڭ تارىسى بىلەن تەڭ تىترەپ مۆڭلىناتتى . دەسلەپتە ماڭسۇر بۇنى سەزمىدى ھەم ئۇنداق بولار دەپ خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى . لېكىن قىزنىڭ قەلبىگە تۇتاشقان ئىشق ئوتى ئۇنى سەۋدا قىلىپ ، بىر كېچىسى جاھان تىنچىغاندا ماڭسۇرنىڭ ئەسكى ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىغا ئېلىپ كەلدى . ماڭسۇر كەچكىچە مەشرەپتە ناخشا تولاپ ، ھېرىپ ـ چارچاپ كەتكەنلىكتىن قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەنىدى . قىز ئۇنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كىرىپ ، بېشىغا كېلىپ ئولتۇردى .

يىگىت شىرىن ئۇيقۇدا چۈش كۆرمەكتە ئىدى . قىزنىڭ ھېسسىياتى ئوت تەپتىدە يالقۇنلايتتى ، قانلىرى ئۇرغۇيتتى . ئۆزىنى ئاۋۇ بىغەم ئۇخلاۋاتقان يىگىتنىڭ ئۇستىگە ئاتقۇسى كېلەتتى . لېكىن بىر خىل غايىۋى كۈچ ئۇنى قورقۇتاتتى . ئۇ ئۇزاقتىن بېرى كەشتىلەپ ئىشلىگەن ئاق يىپەك ياغلىقنى يىگىتنىڭ يوتقان سىرتىغا چىقىپ قالغان ئوڭ قولىغا چىگىپ قويدى ـ دە ، چىقىپ كەتتى .

ئەتىگىنى ماڭسۇر ئويغاندى . ئۇ قولىدىكى قارادەك ئاپئاق ،

قان رەڭگىدىكى مەشۇت يىپ بىلەن كەشتىلەنگەن ياغلىقنى كۆرۈپ ھەيران بولغىنىدىن سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ پاكىز يۇيۇپ يېيىپ قويغان كۆڭلەك، دوپپىسىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھەيران بولدى. ياغلىقنى ئېچىپ، چىرايلىق، نەپىس كەشتىلەنگەن گۈلگە سىنچىلاپ قارىدى، بۇرنىغا ئەتىرنىڭ قويۇق مەززىلىك پۇرىقى «گۇپ» قىلىپ ئۇرۇلدى. بۇ خۇش پۇراق ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېچىلدۇرۇپ، يۈرىكىنى بىردىنلا سىلكىنتىۋەتتى. ئۇنىڭ ئىچىگە قورقۇنچلۇق بىر ئوت كىرىپ، مېڭىسىدىن چىقىپ كەتكەندەك بولدى. چۈنكى ئۇ بۇ پۇراقنى بەگنىڭ خېنىملىرىدىنلا پۇرىغانىدى. ئۇنىڭ كاللىسى گاراڭ بولدى. قورقۇنچلۇق خىيال ئۇنى ئەندىكتۈرۈۋەتتى، ئۇ «راستىنلا شۇنداق بولۇپ، باي بىلىپ قالسا تۈگەشكىنىم شۇ» دەپ ئويلىدى ـ دە، كەچكىچە قويغان ـ تۇتقىنىنى بىلمەي گاڭگىراپ يۈردى. يۈرىكى بىردە ۋەھىملىك خىياللار ئىلكىدە سىقىلسا، يەنە بىردە بىر خىل بەخت سېزىمى ئىچىدە ئويناپ كېتەتتى، بەزىدە ئېلىشىپ ھېچ نەرسىنى سەزمىگەندەك بولۇپمۇ قالاتتى.

كەچتە ئۇ ئىشىكنى چىڭ تاقاپ ياتتى، لېكىن بىردەمدىن كېيىن بىر خىل كۈچ ئۇنى ئورنىدىن تۇرۇپ دەمنى ئېلىۋېتىشكە مەجبۇر قىلدى؛ يەنە بىردەمدىن كېيىن دەمنى چىڭ سىلىپ، ئىشىكنى يەنە تاقىدى. بىر ھازا ياتقاندىن كېيىن يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ دەمنى ئېلىۋېتىپ ياتتى. ئۇ شۇنداق بىقارار ھالدا يېتىپ ئۇيقۇغا كۆز يۇمدى. شۇئان ئىشىك «تاراق» قىلىپ ئېچىلىپ ـ يېپىلغاندەك بولدى. ئۇ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا ھاڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. پاتىگۈل بىر ـ ئىككى قەدەم نېرىدا ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى، ماڭسۇرنى تىترەك باستى.

— خېنىم، بۇ كېچىدە سىز؟...

— ناخشىڭىزنى ئاڭلىغىلى كىردىم.

— ياق، ياق، خېنىم. مەن بىر يېتىمەكمەن، كۈنۈمنى

ئالغىلى قويۇڭ. مەن سىزگە ناخشا ئېيتىپ بېرەلمەيمەن، ئەگەر دادىڭىز ئۇقۇپ قالىدىغان بولسا مېنى تىرىك قويمايدۇ.

— مەن قورقماي كىرگەن يەردە، سىز نېمىدىن قورقاتتىڭىز؟ — دېدى قىز، ساپال چىراغنىڭ پىلىكىنى تېخىمۇ چىقىرىپ قويۇپ، — قېنى ناخشىڭىزنى باشلىمامسىز؟

— ئەتە كۈندۈزدە، — دېدى ماڭسۇر دۇدۇقلاپ.

— ماڭا بۇ پۇرسەتنىڭ قانداق قولغا كەلگەنلىكىنى بىلەمسىز؟ — قىزنىڭ جىنەستىدەك قىزىل، نېپىز لېۋى تىترەپ، كۆزلىرىدىن ياش سىرغىپ چۈشتى، — مەن جانىنى ئالمقانغا ئېلىپ كىردىم، ئەجەبا سىز «لەيلى - مەجنۇن»، «پەرھات - شىرىن»، «غېرىب - سەنەم» داستانلىرىنى ئوقۇيسىزيۇ، مېنى ئۆزىڭىزگە!... — قىز سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالماي، قوللىرى بىلەن يۈزلىرىنى ئېتىۋېلىپ يىغلاپ كەتتى.

— يىغلىماڭ... — ماڭسۇر ھودۇقىنىدىن قىزنىڭ مۈرىسىنى تۇتتى.

— مەن قورقمايمەن، ماڭسۇر، — دېدى قىز بېشىنى كۆتۈرۈپ، — مەن ھەممىنى ئويلاپ قويدۇم، يالغۇز بۇ يەرلا يۇرت ئەمەسقۇ، بىز يىراقلارغا كېتەيلى، مەن سىزنى تولا چۈشەپ، مانا ئاخىر مۇشۇ ھالغا كەلدىم...

مانا شۇ ئاخشامدىن ئېتىبارەن ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن، ئەمما شىرىن، ئوتلۇق مۇھەببىتى كۈچىيىپ كەتتى. ئۇزاققا قالماي بەگ قىزى، ئىككى ياخشى ئېتى ۋە بىرمۇنچە پۇل بىلەن ماڭسۇردىنمۇ ئايرىلدى.

ماڭسۇر بىلەن پاتىگۈل شۇ يوقالغىنىچە يەر ئىسلاھاتى مەزگىلىدە يۇرتقا پەيدا بولدى. ئۇلار يۇرتتا ماكانلىشىپ، دېھقانچىلىق قىلدى. پاتەمخان (پاتىگۈل ھازىر مۇشۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغانىدى) ئۈچ قىز، بىر ئوغۇل تۇغقان بولسىمۇ ھېچقايسىسى تۇرماي، ئارقا - ئارقىدىن تۈگەپ كەتتى. بۇ ئىشتىن ئەر - خوتۇن

ئىككىلىسى ناھايىتى ھەسرەتلىنەتتى. كېيىن پاتەمخاننىڭ بويىدا قالمىدى. ئۇلار ئىشلىدى، تۇرمۇشى ناھايىتى جاپالىق ئۆتتى. ھەدىسە ئەترەت پاتەمخاننى «پومىشچىك» دەپ ھەيدىۋېلىپ، بەك جاپالىق ئەمگەككە سالاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئېغىر ئىشلارنى ماڭسۇر ئۆزى قىلىپ، پاتەمخاننى ئاسرايتتى. ئارىدىن بەش يىل ئۆتكەندە پاتەمخان ئېغىر ئۇستىخان بولدى. بۇ ئىشتىن ئىناق ئەر - خوتۇن ئالەمچە خۇشال بولدى.

بىر كۈنى پاتەمخان دولقۇنغا چىقالمىغىنى ئۈچۈن كۆرەش قىلىندى. كۆرەشتە تىل - ھاقارەتتىن باشقا تاياق - توقماقمۇ ئېشىپ - تاشتى.

— تۇفى سېسىق، — دېدى كادىر. ئۇنىڭ ئاغزىدىن بەلغەم ئارىلاش چىققان تۈكۈرۈك پاتەمخاننىڭ يۈزىنى بويلاپ ئاقتى. پاتەمخاننىڭ سەۋر قاچىسى غەزەپ زەردابى بولۇپ تاشتى:

— ئادەمنى شۇنداق خارلىغان بارمۇ؟ يۈزگە تۈكۈرسە قانداق بولىدۇ؟ كۆر، — دېدى - دە، شالاق قىلىپ كادىرنىڭ يۈزىگە بىرنى تۈكۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇر دېسە ئۇر دەپ، بىچارە ئايالنى بىرمۇنچە غالچىلار قوناق سوققاندەك ئۇرۇپ ھوشىدىن كەتكۈزۈۋەتتى. پاتەمخان شۇ ياتقانچە بىر ئايدىن ئارتۇق يېتىپ قالدى. پاتەمخاننى داۋالىتىش ئۈچۈن ئۆيدىكى نەرسىلەرنى پاك - پاكىز تۈگەتكەن ماڭسۇر دادۇيگە بىرقانچە قېتىم قەرزگە بېرىپ، ئەلەمدە قۇرۇق قايتتى. ئۇ قار ياغقان سوغۇق كۈنلەرنىڭ بىرىدە دادۇيگە يەنە باردى. بۇ كەچ كىرىپ نامازشام ۋاقتى بولغان چاغ ئىدى. ھېلىقى خىزمەت دۈيىنىڭ كادىرى ئىشخانىدا شورپا قاينىتىپ ئولتۇراتتى، ئۇ ماڭسۇرنى كۆرۈپ يەنە جۇدۇنى تۇتتى:

— ھە، ماڭسۇر بەزگەك، يەنە قەرز دەپ كەلدىڭمۇ؟ بىلىپ قوي ساڭا قەرز بېرىلمەيدۇ!...

ماڭسۇر يوقسۇزلۇق، ئاچارچىلىق دەردىدە ناھايىتى جىلى بولغان، ھەتتا جېنىدىنمۇ تويغانىدى. ئۇ ئىشخانىدىن چىققىنىچە

ئۆيگە بېرىپ پاتەمخان بىلەن ئۈچ ياشقا كىرىپ قالغان ئوغلى ئابدۇشۈكۈرنى ئېشەككە مىندۈردى ـ دە ، ئادەم ئايىغى تەگمەيدىغان دەريا بويىغا بېرىپ گەمە كولاپ ئولتۇردى . قىشچە بېلىق ، ياۋا غاز ، ئۆردەكلەرنى تۇتۇپ يەپ كۈن ئۆتكۈزدى . ئەتىيازغا ئۇلاشمايلا پاتەمخان ھاياتلىق بىلەن ۋىدالاشتى...

ماڭسۇر بوۋاي ھېكايىسىنى تۈگەتكەندە ، كېچە يېرىملاشقان بولۇپ ، ئايمۇ ئاللىقاچان قاياققىدۇر يوشۇرۇنغان . سىيادەك قاراڭغۇدا دەريا شاۋقۇنى ، ئۆردەك ، غازلارنىڭ غاقىلدىشى ، پاقا ـ چېكەتكىلەرنىڭ كۈركىرىشى ، كۆل بۇقىسىنىڭ ھۆركىرىشى بۇ بىپايان جاڭگالنى جانلاندۇرۇۋەتكەنىدى . بوۋاي تاجىنىسانى ئىچكىرىكى ئۆيدە ئۇخلاشقا تەكلىپ قىلىپ ، بىردىنبىر تاۋار يوتقىنى ۋە تاۋار كۆرپىسىنى ئەكىرىپ ئورۇن راسلاپ بەردى . ئۆزى بولسا ئابدۇشۈكۈر بىلەن دالان ئۆيدە ياتتى .

## 11

كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئارىدىن ئۈچ ـ تۆت كۈن ئۆتۈپ كەتتى . بۇ جەرياندا ئابدۇشۈكۈر ئادىتى بويىچە ياغاچ سۈزۈش بىلەن ئاۋارە بولدى . دەل ھازىرقى كەلكۈن مەزگىلىدە سۈزمىسە ، كەلكۈن توختىغاندا بۇ ئامەتتىن قۇرۇق قالاتتى . بوۋاي بولسا بېلىق تۇتۇش بىلەن بەند بولدى ، تاجىنىسا ئۆينى تۈزەشتۈرۈپ ، سەرەمجانلاشتۇرۇش ، ئۈچ ۋاخ تاماق ئېتىش بىلەن مەشغۇل بولدى . ئۇنىڭ كۆڭلى تېخىچە دەككە ـ دۈككە بىلەن ئەنسىزچىلىك ئىچىدە تۇراتتى . شۇنداقتىمۇ بۇ ئۆينى راۋۇرۇس قىلىپ تۈزەشنى خىيال قىلدى . چۈنكى بوۋاي ئۇنى ئۆز قىزىدەك كۆرۈپ ، ئىشەنچ بىلەن ناھىيىدىكى بانكىدا توققۇز مىڭ يۈەن ، ئۆيدە يېقىندىن بۇيان بېلىق ساتقان يەتتە يۈز يۈەندەك پۇل بارلىقىنى ئېيتقان . تاجىنىسا ھېسابلاپ ئۆزى ئۈچۈن ئىككى يۈز يۈەندىن ئارتۇق پۇل

خەجلەنگىنىنىمۇ ئېسىگە ئالدى. ئۇ ئويلايتتى: بۇ ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى تولۇق، ئۆز ئېھتىياجىدىن ئاشىدىكەن، ئەمما ئۆيدە بار سەرەمجان ھازىرقى ۋاقىتتا ھەتتا يار - يۆلىكى يوق ئاجىزلارنىڭكىدىنمۇ ناچار، مەن بۇ ئۆينى سەرەمجانلاشتۇرۇش پىلانىمنى ماڭسۇر ئاتامغا دېسەم ئۇ نېمە دەركىن؟ بۇ ئۆيلەرمۇ بەك كونىراپ كېتىپتۇ، ئۇنى قايتا سېلىش كېرەككەن، بىراق ئۇلار بۇ توغرىدا ئويلىمامدىكىنە؟ ھازىرچە بىر قېتىم رېمونت قىلىپ ئولتۇرۇپ تۇرسا بولغۇدەك.

ئۇ يەنە شۇنداق خىياللارنى قىلىپ، ئوچاقتىن ئەمدىلا قومۇرغان ئىسسىق قاتلىمىدىن تۆتنى ياغلىقتا چىگدى - دە، ئاۋۋال دەريا بويىغا باردى. يىراقتىنلا تاغىل ئىت ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئابدۇشۇكۇر بولسا دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنى تەرەپتە قولا ئاتقا مىنىۋېلىپ، يىراقتا قاراپ دەريادا ياغاچىنىڭ ئېقىپ كېلىشىنى كۈتەتتى. ئۇ تاجىنىسانى كۆرۈپ ئېتىنى چاپتۇرۇپ كەلدى ۋە خۇشال ھالدا ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ:

— نان ئېلىپ كەلگەن ئوخشىمامسىز؟ تازىمۇ بەلەن بولدى، رەھمەت سىزگە، — دېدى ئاپتاپتا كۆسەيدەك قاپقارا بولۇپ كۆيۈپ كەتكەن يۈزىنى ئاق كۆڭلىكىنىڭ پېشىگە ئېرتىپ تۇرۇپ.

قىز ئۇنىڭغا يېقىندىن بىرى شەكىللەنگەن ھەسرەتلىك كۈلكىسى بىلەن كۈلۈپ قويۇپ:

— كۆڭلىكىڭىزنى تېخى ئاخشام يۇسام، يەنە پېشىگە تەرىڭىزنى ئېرتىۋاتىسىز ئابدۇشۇكۇركا. نەچچە دېدىم، بۇ ئادىتىڭىزنى قاچانمۇ تاشلارسىزكىن - تاڭ، — دېدى ئەيىبلىگەندەك. ئابدۇشۇكۇر ئىزا ئارىلاش ھىجىيىپ قويدى:

— بۇ، ئاپلا... يەنە شۇنداق قىلدىم - دە، مۇشۇنداق كۆنۈپ قاپتىكەنمەن. لۆڭگىنى يەنە ئېسىمدىن چىقىرىپتىمەن، — دېدى. ئۇ قانچە چاقچاق قىلىشنى ئويلىسىمۇ، تاجىنىسانىڭ كۆزىگە قارىغان ھامان ئېسىدە ھېچقانداق گەپ قالمايتتى. تاجىنىسا ئۇنىڭغا

نانىنى بېرىپ خوشلىشىپ ، بوۋاي بېلىق تۇتىدىغان يەرگە قاراپ كەتتى . هازىرمۇ ئابدۇشۇكۇر قىزغا چاقچاق قىلىپ بىقىشنى ئويلاپ ، ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋىدى ، كۆڭلىگە پۈككەن گەپلىرى نەگىدۇر غايىب بولدى . قىز خېلى ئۇزاپ كەتكەندە يەنە ئېسىگە چۈشۈپ «ئاپلا قايسى بىر يەرگە كەتكەن بولغىيتتى بۇ...» دەپ غودۇراپ ، كۈلۈپ قويدى ۋە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قىزغا قاراپ قويۇپ يەنە دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا ئاتنى چاپتۇرۇپ كېتىپ قالدى .

تاجىنىسا كەلگەندىن بۇيان بوۋاي ئۆينىڭ بارلىق ئۇششاق ئىشىدىن ، بولۇپمۇ سۇ ئەكىرىش ، تاماق ئېتىش ، كىر يۇيۇشلاردىن ئازاد بولۇپ ئۆزىنى ياشىرىپ قالغاندەك هېس قىلدى . تاجىنىسا ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى تېپىپ قىلىدىغان ، كەم سۆز ، ئايىغى يەڭگىل ، قولى ئەپچىل قىز ئىدى . ئۇ ھەممە ئىشلاردا بوۋاينىڭ كۆڭلىدىكى ئىشلارنى تېپىپ قىلاتتى . بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئەتكەن تامىقى ناھايىتى تەملىك بولۇپ ، بوۋاينىڭ كۆڭلىگە بەكمۇ ياقاتتى . ئۇ دەسلەپتە قىزنى بىر ھەسسە ياقتۇرۇپ قالغان بولسا ، ھازىر ئون ھەسسە ياخشى كۆرۈپ قالدى . ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتى ، مىڭىش - تۇرۇشلىرى ، گەپ - سۆزلىرىدىن تارتىپ دائىم بوۋاينى سۆيۈندۈرەتتى . ئۇ شۇڭا ئۆز - ئۆزىگە «خۇدا ، مەن بىچارىگە ئاسماندىن بىر پەرىشتە چۈشۈرۈپ بەردىمۇ نىمە؟» دەپ ئويلايتتى . يەنە بىر تەرەپتىن قىزنىڭ بۇ يەردە تۇرغۇسى كەلمەي قالارمىكىن ياكى ئىگىسى چىقىپ ئەكېتىپ قالارمىكىن دەپ بەكمۇ ئەندىشە قىلاتتى . شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن ئۇ ئابدۇشۇكۇرگە تۆت - بەش كۈن ئىلگىرى :

— بۇ ناھايىتى ياخشى قىز كەن ، نىمە كەتسىمۇ مەيلى ، قىزنى چوقۇم بۇ يەرگە كۆندۈرۈۋالايلى ، ئۇنى بەك قەدىرلەيلى . ھېلىقى يىڭىدىن چىققان لويۇڭجى (ئۇنىئالغۇنى دېمەكچى) دېگەن نەرسىدىن بىرنى ئالايلى ، بانكىدىن پۇل ئاجراتسىمۇ بولىدۇ . ئىشقىلىپ ،

قىزنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان نەرسە بولسا مەيلى . سېنى مۇشۇنداق-راق قىز بىلەن ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىپ قويۇپ ئۆلۈپ كەتسەم ، ئۇ دۇنيادا ئاناڭ بىلەن يۈزۈم يورۇق كۆرۈشەلەيمەن ، — دەپ جېكىلىگەن . ئوغلى بولسا ئاتىسىنىڭ سۆزىدىن تېخىمۇ خۇشال بولغانىدى .

بوۋاي تورنى سېلىپ قويۇپ ، سائىتىدا ئەنە شۇ خىيال بىلەن لەززەتلىنىپ ئوڭدا ياتاتتى . شىپىرلىغان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى ، بوۋاي بېشىنى كۆتۈرۈپ تاجىنىسانى كۆردى .

— ۋاي قىزىم ، كېلىڭ ، كېلىڭ ، سىزنى ئەجەبمۇ ئاۋارە قىلىۋەردىم ، — دېدى ئۇ خۇشاللىقىدىن ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ .

— قورسىقىڭىز ئېچىپ كەتكەندۇ ئاتا ، — دېدى تاجىنىسا سائىتىدا ئولتۇرۇپ ، ياغلىقتىن نان ئېلىۋېتىپ .

— يوقسۇ ، يوقسۇ ، ئانچە ئاچمىدى بالام ، — دېدى بوۋاي خۇشال ھالدا ، — بۇ جاڭگالدا تازىمۇ ئىچىڭىز پۇشۇپ كەتكەندۇ ، قىزىم .

— ياق ئاتا ، رادىئودا ناخشا ئېيتىپ تۇرىدۇ ، ئۇنىڭدىن زېرىكسەم مېھرىگۈل بەرگەن بىرمۇنچە بەلەن كىتابلار بار ، ئوقۇيمەن . ئاندىن ياستۇق تىكىمەن ، — دېدى قىز بوۋاينىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىپ .

— ياستۇق دېگەن نېمە ئۇ قىزىم ، — دېدى بوۋاي چۈشىنەلمەي تەئەججۈپ بىلەن .

— باشقا قويىدىغان تەكىيە ، يىڭنىچە ئىسمىنى ياستۇق دەيمىز ، — دېدى قىز چۈشەندۈرۈپ ، — ئۆيدىكى ياستۇقلار كونىراپ كېتىپتۇ ، يېڭىدىن ئەتمىسەك بولمايدىكەن .

بوۋاي تاجىنىسانىڭ سۆزىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى .

— ئەجەبمۇ ئەقىللىك قىزكەنسىز بالام ، بىزنىڭ ئۆيدە ئايال بولمىغاندىكىن ، ئۆي تۇتۇشنىڭ ئېپى - جېپىنى بىلمەي يۈرۈۋەردۇق ، قولىڭىزدىن گۈل ئۇنسۇن ، نېمە قىلغۇڭىز كەلسە

www.uyghurkitap.com

تارتىنماي دەۋېرىڭ قىزىم، — دېدى بوۋاي.

تاجىنىسا كۆڭلىدىكىنى بىر - بىرلەپ بوۋايغا ئېيتتى، بوۋاي خۇشاللىقىدىن:

— تولىمۇ بەلەن گەپ قىلدىڭىز بالام، مۇھەممەت ئەپەندىم مۇشۇ تەتىلدە بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ كەلسە، بۇ ئۆي بىلەن قانداقمۇ قىلارمىز دەپ بېشىم تاشتەك قېتىپ تۇراتتى، ئەتىلا ئىشقا كىرىشەيلى. ئابدۇشۇكۇرمۇ ئىشنى قويسۇن، — دېدى بوۋاي. ئۇنىڭ تامچىلىق ھۈنىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلار ئىشىك ئالدىدىكى سېغىزلىقتىن يېكەن توزغىقىدا لاي ئېتىپ، ئىككى ئېغىز ئۆينىڭ ئىچى - تېشىنى سىلىق سۇۋىدى. ئابدۇشۇكۇر بىلەن تاجىنىسا لاي توشۇدى. ئىككى كۈنگىچە ئۇچەيلەننىڭ ھېرىپ ماجالى قالمىغان بولسىمۇ، ئەسكى تامنىڭ چىرايلىق ئىسكەتكە كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ھاردۇقى چىقتى، سۇپىنىمۇ قايتىدىن رېمونت قىلدى. ئاندىن يەكشەنبە كۈنى ئابدۇشۇكۇرنى ھارۋا بىلەن بازارغا يولغا سالدى. بۇ جەرياندا باشقا گەپ - سۆز بولمىدى.

ئابدۇشۇكۇر بازاردىن ئەللىك جىڭ ھاك، بەش يوتقان، بەش كۆرپىگە تاشلىق، ئەستەر، پاختا تورى، بىر يۈڭ ئەديىال، ئۈچ پارچە كىگىز، ئىككى پارچە شىرداق ئېلىپ كەلدى. بۇ نەرسىلەرنى تونۇگۈن كەچكىچە مۇھەممەت ئەپەندى، خالىدە خانىم، مېھرىگۈللەر ئېلىشىپ بەردى. ئابدۇشۇكۇر كۆپ نەرسە ئېلىپ باقمىغىنى ئۈچۈن بېشى ئېلىشىپ كېتىپ، زەدىۋاللىقنى ئۇنتۇغانىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن بوۋاي ئابدۇشۇكۇرگە «ئۇنتۇغاق» دەپ بىرمۇنچە كايىدى.

تومۇز ئاپتىپىدا تام مۇشۇ ئىككى كۈن ئىچىدە قۇرۇپ بولدى. تامنىڭ ئىچى - تېشى چىرايلىق ئاقلاندى.

مېھرىگۈل بىرنەچچە پارچە كىتاب بىلەن بىر پارچە خەت ئەۋەتكەن بولۇپ، خېتىدە ئۇ بىر ھەپتىدىن كېيىن ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ كەلمەكچى بولغانلىقىنى يازغانىدى. تاجىنىسا

خەتنى ئوقۇپ يىغلىۋەتتى .
شۇنداق قىلىپ ، دەريا بويىدىكى بۇ يالغۇز ئۆي — بوستانلار ئارىسىدا يىراقتىن قارىسا ئاپئاق بىر پارچە قاشتېشىدەك كۆرۈنىدىغان بولدى ، بوۋاي ئۆي ئىچىگە زوق بىلەن قاراپ : «پەرىشتىدەك قىز ـ دە ، پەرىشتىدەك» دەپ كۇسۇلدايدىغان بولۇپ كەتتى . تاجىنىسا هارغىنىغا قارىماي ئىشلەپ ، يوتقان ـ كۆرپىنى پۈتتۈردى . چىرايلىق تىزىپ ، يۇڭ ئەدىيالنى ياپتى . ئۆي خۇددى كۈندەك يالىلىدە يورۇپ كەتتى ، بوۋاي خۇشاللىقىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى .
ئەتىسى ئۇ خېلى كۆپ بېلىقنى هارۋىغا بېسىپ ، بېلىق سودىگەرلىرىدىكى نېسى قالغان پۇللىرىنى ئالغاچ ، ئۆيگە زەدىۋال ئېلىپ كەلگىلى بازارغا ماڭدى . بوۋاي كەتكەندىن كېيىن ، ئابدۇشۈكۈر ياغاچ سوزۇشكە چىقماقچى بولدى ، تاجىنىسامۇ ئۆيدە باشقا كىشى بولمىغاچقا بىرگە چىقىشنى ئىلتىماس قىلدى ، ئابدۇشۈكۈر ناهايىتى خۇشال بولدى ، بىراق ئۇ بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك بولۇپ ئويلىنىپ قالدى :
— نېمە بولدى ، مەن كاشىلا بولىدىغان باشقا ئىش بارمىتتى ؟ — دېدى قىز ئابدۇشۈكۈرگە .
— ياق ، ئۇنداق ئەمەس ، دەرياغا چىقساق يەنە سىز يالغۇز قالىسىز ، يەنە تېخى سىز سايىدىغۇدەك بىرەر تال گىياهمۇ يوق ، ئىسسىقتا قىينىلىپ كېتىسىز ، شۇڭا بۈگۈن بېلىق تۇتقىلى چىقايلى ، بېلىق تاماشىسى خېلى ئوبدان ، — دېدى ئابدۇشۈكۈر .
تاجىنىسا ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكىگە ئىچىدە قايىل بولدى .
ئۇلار كىچىك قولۋاقتا ئولتۇرۇپ بىردەم قومۇشلۇق ئارىسىنى سەيلە قىلىپ مېڭىشتى ، بىر ئوچۇقچىلىقتا چىققاندا تور تاشلاپ ، يەنە بىر يىكەنلىك ئارىسىغا كىردى . قىز بېلىق تۇتۇش ۋە باشقا ئىشلار توغرىسىدا هارماي سوئال ياغدۇرۇپ تۇراتتى ، ئابدۇشۈكۈر بولسا زېرىكمەي جاۋاب بېرەتتى . ئۇلار ئەنە شۇنداق سۆزلىشىپ ،

www.uyghurkitap.com

چۈشكە يېقىن ئۆزاقتىن بىرى چىقمىغان بىر يەرگە چىقىشتى، بۇ يەردە بوۋاي بىلىق تۇتقاندا سايىدايدىغان بىر ساتما بولۇپ، ئۆزاقتىن بىرى بۇ يەرگە چىقمىغاچقا ساتما ئىچىگە قومۇش ئۆنۈپ كەتكەنىدى. ئۇلار شۇ يەرگە چىقىشتى. ئابدۇشۇكۇر ساتما يېنىدىكى قومۇشتىن بىر قولتۇق ئورۇۋالدى ـ دە، ساتما ئىچىگە يېيىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىچىك يىپ پالاسنى سېلىپ ئولتۇرۇشتى، ساتما ئىچى تار بولغانلىقتىن ئۇلارنىڭ يېقىن ئولتۇرۇشىغا توغرا كېلەتتى. ئۇلار ياندىشىپ بىردەم جىم ئولتۇرغاندىن كېيىن ساڭگىلاپ قالغان قومۇشنىڭ گەدىنىنى تاتىلاۋاتقان قولىقىنى گەدىنىمگە قونغان ھاشارات دەپ ئويلاپ قالغان ئابدۇشۇكۇر گەدىنىگە قولىنى ئۇزىتىۋىدى، ياتتۇ بولۇپ قىزغا يولىنىپ قالدى، قىز چۆچۈپ ئۆزىنى قاچۇرماقچى بولۇۋىدى، ئابدۇشۇكۇر دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى، جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكتىن يۈرىكى قاتتىق دۈپۈلدەپ كەتتى.

تاجىنىسا قىزىرىپ كەتتى، ئىسسىق ئەۋجىگە چىققانىدى. ھەر ئىككىسى بىردەمدە تەرلەپ چىلىق ـ چىلىق بولۇپ كەتتى، ئابدۇشۇكۇر كۆڭلىكىنى سېلىۋەتتى ھەم قىزغا:

— بۇ يەردە باشقا يات ئادەم بولمىغاندىكىن چاپىنىڭىزنى سېلىۋېتىڭ، بەك تەرلەپ كېتىپسىز، — دېدى. ئۇ بۇ گەپنى قىلالىغىنى ئۈچۈن بەك خۇشال بولدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرىكى سېلىپ تۇرسىمۇ ئۇنىڭدا بىر خىل يېڭى غايىۋى جۈرئەت پەيدا بولغانىدى. قىز بىرئاز جىم ئولتۇرغاندىن كېيىن:

— سىز تۇرسىڭىز قانداق سېلىۋېتىمەن؟ — دېدى پۈتىنىڭ ئۇچىغا قاراپ.

— سىز، سىز، تاجىگۈل مەن سىزگە تېخىچە يات ئادەم ھېسابلىنىمەنما؟ بىراق مەن سىزنى ھاياتىمدىكى ئەڭ يېقىن ئادىمىم ھېسابلايمەن.

— ياق، ياق، ئۇنداق دېمەڭ، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. سىز

ماڭا قايتا ھاياتلىق بەرگەن شەپقەتچىم ، ىىراق… — قىز سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ، ھەسرەتلىك ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ توختاپ قالدى . ئۇنىڭ كۆزىدىن تامچىپ چۈشكەن ياش قومۇش ياپرىقىدا مارجاندەك توختاپ قالدى ۋە غىلدىرلىدى .

— سىز بىلمەسلىكىڭىز مۇمكىن ، — دېدى يىگىت ، ئۆزىنى چۈشەنـدۈرۈپ ، — مـەن سىزنى كـۆرگـەندىن بۇيان يـۈرىكىم سـىـزگـە — تۇنجى قېتىم سىزگە تەلپۈنۈپ سوقىۋاتىدۇ ، سىز بولـمـىسىڭىز ، سىزدىن ئايرىلسام بۇ ھاياتنىڭ ماڭا ياپراقسىز دەرەخـتەك بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم ، راست شۇنداق ، مەن سىزدىن ئايرىلىپ ياشىيالمايمەن . ىىراق سىز…

— ئابدۇشۇكۇر ، بولدى سۆزلىمەڭ ، مەنمۇ خۇددى سىزگە ئـوخشاش ، ئەمما مەن بەختسىز بىر قىزمەن ، شۇڭا… — قىز سۆزلەۋېتىپ بىر چىرقىرىدى ـ دە ، ئۆزىنى ئابدۇشۇكۇرنىڭ باغرىغا ئېتىپ ، ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدى ، ئابدۇشۇكۇر قاتتىق چۆچۈپ قـارىـۋىـدى ، سـاتمىنىڭ ئالدىدىكى قويۇق قومۇشلۇقتىن بىلەك چوڭلۇقىدا بىر يىلان بېشىنى كۆتۈرۈپ ، تىلىنى چىقىرىپ قاراپ تۇراتتى . ئابدۇشۇكۇر ئانچە قورقۇپ كەتمىدى :

— قورقماڭ ، قورقماڭ ، ئۇ بىزنى ھېچنېمە قىلمايدۇ ، بەلكى بىزنى بىر ـ بىرىمىزگە يېقىنلاشتۇرىدۇ ، — دەپ ، ئويناپ تۇرغان يـۈرـكـىـنـىـڭ تـەقـەززاسى ، قايناپ ، ئوقچۇپ تۇرغان قېنى ، ئـۆركەشلەپ تۇرغان مۇھەببەت ھېسسىياتى بىلەن قىزنى باغرىغا چـىڭ باستى . قىزنىڭ ئاۋازى دەز كەتكەن ساتارنىڭ تارىسىدەك بوش ، تىترەپ چىقاتتى :

— قورقۇۋاتىمەن… قەدىرلىكىم ، سىزدىن ، پەقەت سىزدىن ئـەنـسـىـرەيـمـەن . ىىراق ، سىز ئېمىدېگەن ئوبدان ، — ئۇنىڭ ۋۇجـۇدىـغـا ئـوتلۇق ھارارەت بەخش ئېتىپ ، يېڭىدىن كىرگەن ئىسسىق سېزىم پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى تىترىتىۋەتكەندەك بولدى ـ دە ، سۆزىنى داۋاملاشتۇرالمىدى .

www.uyghurkitap.com

يىلان بۇ بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇقنىڭ تاماشىسىنى بىردەم كۆرگەندىن كېيىن ، تېزلا قومۇشلۇق ئارىسىغا كىرىپ غايىب بولدى . قىز بۇنى كۆرەلمەيتتى ، ئۇنى پەقەت ئابدۇشۇكۇر كۆرۈپ تۇردى . ئۇ بۇنداق بەختلىك مىنۇتلارنىڭ پەيزىنى بۇرۇن سۈرۈشكە قادىر بولالمىغانىدى . ئۇ مۇھەببەتنىڭ بۇ بەتلىرىدىن ۋاراق ئۆرۈشتىن قورقۇنچلۇق ئىش يوق دەپ بىلگەنىدى . ھازىر بولسا يۈرىكىدىن ئۇرغۇپ چىققان مۇھەببەتنىڭ يوشۇرۇن ، قۇدرەتلىك كۈچى بۇ بەتنى تۇنجى قېتىم ئاچقۇزدى . ئۇ بۇرۇن مۇھەببەتنىڭ بۇنداق چوڭقۇر قاتلاملىرىنى ، ئۇنىڭ لەززىتىنىڭ بۇنداق شېرىن ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىغانىدى ، ئەمدى بولسا ئۇ ئۆزىنى يېڭىدىن باشقىچە بىر دۇنياغا كۆز ئاچقاندەك ، يېڭى بەخت قۇچىقىدا ۋىلىقلاپ كۇلۇۋاتقاندەك سەزدى . ئىسسىق تەپتىدىن چىقىۋاتقان تەر ئۇنىڭ بوشىشىپ كەتكەن بەدىنىنى ھۆل قىلىۋەتكەنىدى . دەريا تەرەپتىن كەلگەن سالقىن شامال ئۇلارنى سەگىتىپ ئۆتتى .

ئۇلار بىر كۈنلۈك كۆڭۈللۈك ساياھىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ، بېلىقلارنى تاغارغا سېلىپ قايتقاندا كۈن غەرب ئۇپۇقىغا ئولتۇرۇپ ، ئۇنى قىپقىزىل نۇرلاندۇرۇۋەتكەنىدى ، بوۋايمۇ قايتىپ كەلگەن بولۇپ ، ئۇلارنىڭ يولىغا قاراپ تۇرغانىدى . مۇشۇ ئازغىنە ۋاقىت ئىچىدە بوۋاي خۇشاللىقتىن بارغانچە ياشىرىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى . تاجىنىسا كېلىپلا ئادىتى بويىچە تاماقنا تۇتۇندى .

ئابدۇشۇكۇرنىڭ چىرايىنى بىر خىل غەمكىنلىك قاپلىغانىدى ، سۆز ـ ھەرىكىتىمۇ ئىنتايىن سۇس كۆرۈنەتتى ، تاجىنىسامۇ باشقىچىلا خىيالچان بولۇپ قالغانىدى .

بوۋاي ئىككىسىدىكى بۇ جىددىي كەيپىياتنى كۆرۈپ سەل ئەندىشىگە چۈشتى . ئۇلار كەچلىك غىزانى جىملا ئولتۇرۇپ يېيىشتى ، مەززىلىك چۆچۈرە ئۇلارنىڭ ئېغىزىغا تېتىمىغاندەك ئىدى . تاماقتىن كېيىن تاجىنىسا قازان ـ قومۇشلارنى پاكىز يۇيۇپ ، يىغىشتۇرغاندىن كېيىن ھەر كۈنكى ئادىتى بويىچە ھويلىدا

ئۇزاق ئولتۇرۇشۇپ ھېكايە ئاڭلاشنى قويۇپ ، پانار چىراغنى ياندۇرۇپ ، ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى ، بۇ ھالنى كۆرۈپ بوۋاينىڭ مېڭىسىنى تېخىمۇ ئەندىشىلىك خىياللار چۇلغىدى .

بوۋاي بىلەن ئابدۇشۇكۇر ھويلىدىكى سۇپىغىلا ئۇرۇنلىرىنى سېلىشىپ ياتتى ، بىرئاز جىمجىتلىقتىن كېيىن بوۋاي :

— تاجىگۇل نېمە بولدى ، سەن گاللىۋاڭ رەنجىتىپ قويدۇڭمۇيا ؟ — دېدى ئابدۇشۇكۇر تەرەپكە ئۆرۈلۈپ پەس ئاۋازدا .

— ياق ، — دەپ ئېغىر تىندى ئابدۇشۇكۇر . بۇ ھالنى كۆرۈپ بوۋاينىڭ ئىچى تېخىمۇ تىت ـ تىت بولدى .

— ئەمىسە نېمە بولدى ، مەن بىردەم ئۆيدە بولمىغانغا قىزنى رەنجىتكەن ئوخشايسەن ، بولمىسا ئۇ...

— ئۇنداق ئەمەس ئاتا ، نېمانچە ئاغزىڭىزغا كەلگەننى دەۋېرىسىز ؟ — ئابدۇشۇكۇر بوۋاينىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تەپتى ، ئۇ دادىسىنىڭ تېخىمۇ غەزەپلىنىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ، بولغان گەپلەرنى دەپ بەردى . بوۋاي ئوغلىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ خىرىلدىغان ھالدا :

— شۇم پېشانە ، — دەپ تەكرارلاپ قويدى .

تاجىنىسا بۈگۈن ساتمىدا ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن بارلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى ئابدۇشۇكۇرگە سۆزلەپ بەرگەنىدى . ئابدۇشۇكۇردىن بۇلارنى ئاڭلاپ ، بوۋاينىڭ ئۇزاق يىللىق قاينام ـ تاشقىنلىق ، خىلمۇخىل سەرگۈزەشتلەر بىلەن تولغان كاللىسى چۆرگىلەپ كەتتى .

— ھە ، ئەسلىدە ئايىغى قۇرغاق ، شۇم پېشانە ئىكەن ـ دە ، مەنمۇ بۇرۇنلاردا ئاڭلايتتىم . بۇنداق شەقىقلەر خۇدانىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان ، قەدىمى يەتكەنلا يەردىن بالا ـ قازا ئۈنەرمىش ، لېكىن كۆرمىگەن... — بوۋاي شۇلارنى دەپ ، ئېغىر خۇرسىنىپ جىم بولۇپ قالدى . ئەتراپ تىنچسىز ، شاۋقۇن كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى . كۆلدىكى پاقىنىڭ كۇركىرىشى شاۋقۇن ئاۋازىنى بېسىپ تۇراتتى .

www.uyghurkitap.com

ئابدۇشۇكۇر كۆز يېشىدىن زېرىكتىمۇ ياكى دادىسىنىڭ ئاغزىدىن چىققان نەشتەردەك ئاچچىق، ۋەھىمىلىك سۆزلەرنى ئاڭلاشتىن ئۆزىنى قاچۇردىمۇ ئەيتاۋۇر، يوتقانغا پۈركۈنۈۋالدى.

— يائاللا، نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق، تويىنى كۆچۈرۈپ ماڭغان ماشىنا كۆمتۈرۈلۈپ... خۇددى باسقاقتەك بېسىلىپ، تويى بولغان يىگىت ئۆلۈش !... سۇبھانالla! قېرىغاندا يەنە بالا - قازا مېنى تاپارمۇ!؟ ياق، مەن دەرد - ھەسرەتكە چىدىماي يۇرتنى تاشلاپ مۇشۇ يەرگە كېلىۋالغانمەن، ئەمدى يەنە بۇنداق دەردنى تارتقۇچىلىكىم يوق، — دېدى غۇدۇراپ.

— ئۇخلاپ قالدىڭمۇ؟ — دېدى بوۋاي يوتقانغا پۈركۈنۈۋالغان ئوغلىنى نوقۇپ.

— ياق، — دېگەن سادا چىقتى يوتقان ئىچىدىن، يىغا ئارىلاش چىققان ئاۋازدىن بوۋاي ئۆزى قىلغان ھەممە گەپنى ئوغلىنىڭ ئاڭلىغانلىقىنى بىلدى. «ھەي، ياشلىق - تە، ياشلىق... بۇنىڭ ئەلپازىدىن ئەگەر ئاشۇ قىز ئۆيىدىن چىقىرىۋېتىلسە مەندىن كېچىدىغان چېغى، ھەي شەيتان، مۇھەببەت دېگەننىڭ ھەممىسى شەيتان، ئاشىق - مەشۇق دېگەنلەرمۇ شەيتان. بىراق، مۇھەببەت دېگەن...» بوۋاي جاۋابسىز، ئۇزۇك، قورقۇنچلۇق خىياللارنى ئارقا - ئارقىدىن سۈرەتتى. ھېچقانداق خىيالنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەنمەيتتى. كۆڭلىنى ھەممىدىن بەكرەك ئەندىشىگە سالىدىغىنى «مەنمۇ شۇم پېشانە قىزنى ئېلىپ بېرىپ، ھېلىقى ئوغلىدىن ئايرىلىپ قالغان بىچارىلەردەك، قېرىغاندا دەرد تارتىپ قالارمەنمۇ؟ !...» دېگەندەك قورقۇنچلۇق خىيال ئىدى. بىر تۇرۇپ «ئەجەبا شۇنچە ئەقىللىق، چىرايلىق خۇش پېچىم قىز شۇم پېشانە، شەققە بولۇپ تۇرەلگەنمىدۇ؟ ياكى بۇنداق شەققە ئائىلالارنى خۇدا شۇنداق چىرايلىق يارىتامدىغاندۇ؟» دېگەن ئۆزىنىڭ ئاددىي رامكا بىلەن قورشىۋالغان خىيالىنى سۈرەتتى. بىردە خۇدانىڭ ئۆزىگە بۇنداق شۇم پېشانە بالايىئاپەتنى يولۇقتۇرغىنىدىن ھەسرەتلىنەتتى،

قورقاتتى ، بۇ بىچارە قىزنىڭ ھالىغا قايغۇراتتى . «ئاھ… خۇدا بەش ۋاخ نامىزىمدا ئوغلۇمنى مەن كۆرگەن كۈنگە دۇچار قىلمىغايسەن ، دەپ دۇئا قىلاتتىم ، ئەمدى ئۇ مەندىنمۇ ئېغىر دەردكە مۇپتىلا بولامدۇ ـ نېمە ! ؟ » دەپ ھەسرەت چېكەتتى . ھازىر ئۇنىڭ مۇشۇ بىرنەچچە كۈندىن بۇيانقى خۇشاللىقى نەلەرگىدۇر غايىب بولغان ، دەھشەتلىك خىياللار ، قورۇنچلۇق كۆرۈنۈشلەر ، چېكى يوق غەملەر گويا ئوچۇق ئاسماننى تۇتەك قاپلىۋالغاندەك ، ئۇنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىنى قاپلىۋالغان بولۇپ ، بېشى پىرقىرايتتى . ئۇ ھاياتىدا شۇنچە ئېغىر كۈنلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپمۇ ئۆزىنى بۇنچىۋالا بىچارە ، غېرىب چاغلىمىغانىدى ، ئۇ ھازىر ئۆزىنى شۇنچىۋالا ئاجىز ، كۈچسىز ، يېگانە ھېس قىلىپ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش چىقىراتتى . شۇ تاپتا ئابدۇشۈكۈرنىڭ غەم ـ قايغۇسى ھەممىنى بېسىپ چۈشەتتى ، بېشىغا كېلىدىغان ھەرقانداق بالا ـ قازانىڭ يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇ بۇ مۇھەببەت ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاشقا رازى ئىدى . بىراق ئۇنى ئىككى نەرسە ھەسرەتكە سېلىۋاتاتتى ، بىرى ، قىز يامغۇردەك ياش ئاققۇزۇپ يىغلاپ تۇرۇپ : «قەدىرلىك ئابدۇشۈكۈر ، مەن دۇنيادا مەڭگۈ بەختسىز ئۆتىمەن ، مەن سىزنى بەك ياخشى كۆرەتتىم ، سىزمۇ مېنى چىن يۈرىكىڭىزدىن ياخشى كۆرۈپ ، ئاجايىپ قەدىرلىدىڭىز ، بىراق مەن تەقدىر تەرىپىدىن شۇم پېشانە بولۇپ يارىلىپ قاپتىمەن ، مەن دەسلەپ ئۆزۈمنىڭ شۇم پېشانە ئىكەنلىكىمگە ئىشەنمىگەن ، لېكىن كېيىنچە ئىشەندىم ، شۇڭا سىز مېنى ئۇنتۇڭ ، سىز ياشىشىڭىز كېرەك ، مېنى دەپ نابۇت بولسىڭىز بولمايدۇ !… » دېگەنىدى . شۇ چاغدا ئابدۇشۈكۈر : «سۆيۈملۈكۈم ، ھەرگىز ئۇنداق دېمەڭ ، سىز ھەرگىز شۇم پېشانە ئەمەس ، مەن بۇ گەپكە ئىشەنمەيمەن ، سىزنى دەپ ھەرقانداق خەۋپ ـ خەتەرگە ، بالا ـ قازاغا يولۇقسام رازىمەن » دەپ تەڭلا يىغلاپ كەتكەنىدى . شۇ چاغدا قىز : «ياق ، مەن سىزنىڭ مېنى دەپ بەختسىز بولۇپ قېلىشىڭىزغا چىداپ تۇرالمايمەن ،

www.uyghurkitap.com

بىچارە قىرى دادىڭىزنى ئويلاڭ ، ئۇ قىرىغاندا ھەسرەت چەكمىسۇن ، دادىڭىزغا دەپ مېنى يولغا سېلىپ قويۇڭ» دېگەن . قىزنىڭ تەلىپى بويىچە يولغا سېلىپ قويۇش كېرەكمۇ؟ ياق ، ھەرگىز ئۇنداق قىلالمايدۇ ، بۇ مۇھەببەت ئۇنىڭ تومۇر - تومۇرلىرىغا سىڭىپ كەتكەن ، بۇنىڭدىن ھەرگىز كېچەلمەيدۇ . ئەمىسە ، دادىسىچۇ؟... ئابدۇشۈكۈر گويا ئۆزىنى ئىككى قورام تاش ئارىسىدا قېلىپ مىجىقى چىقىپ كېتىۋاتقاندەك خاراموش ھالەتتە سەزدى .

قىزنىڭ ئازابتىن ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كەتكەن يۈرىكى ھازىرمۇ يەنە ھەسرەت قاچىسىدىكى ئىمجان بىلىقتەك تىپىچەكلەيتتى . دەريا بويىدىكى بۇ ئۆيدە ئۈچ كىشى كېچىچە ھەسرەت كېمىسىدە پايانسىز ، تېگى كۆرۈنمەيدىغان ، دولقۇنلۇق دېڭىز ئىچىدە ئۈزۈپ چىقتى !...

## 12

ئەتىسى ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇردى ، ھەممىسىنىڭ كاللىسى خۇددى خام قاپاقتەك بولۇپ قالغانىدى . بوۋاينىڭ چىرايىدا قىرىلارغا خاس ھەسرەت سايىسى ئەكس ئېتەتتى ، بىر كېچىدىلا خېلى بەك قېرىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى .

تاجىنىسانىڭ بىر ئايدىن بۇيان ھەسرەتكە ئادەتلىنىپ كەتكەن چىرايى قەغەز كەبى ئاقىرىپ كەتكەن . ھېسسىياتلىرىمۇ قاياققىدۇر غايىب بولغان ، سۇزۇك بادام قاپىقى پەرق ئېتەرلىك ئىششىغانىدى .

ئابدۇشۈكۈرنىڭ ھالى ھەممىدىن بەتتەر ئىدى . ئۇنىڭ قارامتۇل چىرايى كۆكۈش ، سېرىق رەڭگە كىرگەن ، قاپىقى قاتلىنىپ ، كۆزى چوڭقۇرلىشىپ ، قىزىرىپ كەتكەن ، ساددا چىرايى قايغۇنى يوشۇرالمىغانىدى . ئۇ خېلى ۋاقىتچە ئورنىدىن تۇرمىغانىدى ، بوۋاي سىلكىشلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى .

بوۋاي گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك چىرايىدىكى قايغۇنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپ كايىدى :

— قوپ ، شۇ چاغقىچە ياتقانمۇ بارمۇ؟ كۈن قىزىلىغىچە ياتقان

ئادەم شەقىقە كېسىلىگە گىرىپتار بولىدۇ ، تېز قوپۇپ ناماز ئوقۇ !...

ئابدۇشۈكۈر ئورنىدىن تۇرۇپ تامغا يۆلىنىپ ، بېشىنى چاڭگاللاپ يەنە ئولتۇردى .

بوۋاي ئىچىدە ئوغلىغا قاتتىق ئىچ ئاغرىتسىمۇ ، ئۇنىڭغا ھومىيىپ قاراپ ، يەنە بىر مۇنچە غۇدۇرىدى . شۇ چاغ تاجىنىسا :

— بولدى قىلىسىلا ئاتا ، تومۇز ئەمەسمۇ ؟ ئىسسىق ئۆتۈپ قالغان بولسا بېشى ئاغرىۋاتمىغاندۇ ؟ — دېدى زورىغا كۈلۈمسىرەپ .

بوۋايمۇ زولاپ تەبەسسۇم قىلىپ قويدى .

تاجىنىسا ئورۇن - كۆرپىلەرنى يىغىپ ، ئۆيگە توشۇغىلى تۇردى .

بوۋاي ئېغىلدىن ئاتنى ئاچىقىپ توقۇدى . ئاندىن ئەتىگەنلىك غىزا ئۈچۈن قازان يۇيۇۋاتقان تاجىنىساغا ، ئاندىن پەرىشان ھالدا ئولتۇرغان ئوغلىغا «لاپ» قىلىپ بىردىن قاراپ قويۇپ ، ھەممە ئاڭلىغۇدەك قىلىپ :

— مەن مۇھەممەت ئەپەندىنىڭكىگە بېرىپ كېلەي ، — دېدى - دە ، ئاتقا مىنىپ ھويلىدىن چىقىپ كەتتى .

تاجىنىسا «ناشتا قىلىۋالمامسىز ؟» دېمەكچى ئىدى ، لېكىن ئۈلگۈرەلمەي ئىزىدا تۇرۇپ قالدى . ئابدۇشۈكۈر بېشىنى كۆتۈرۈپ ، دادىسىنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قويدى .

— بىر يېرىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ ؟ — سورىدى قىز ئابدۇشۈكۈرنىڭ قارشىسىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ .

ئابدۇشۈكۈر ئۇنىڭغا قارىدى ، ھەسرەتكە تولغان ئىككى جۈپ كۆز بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشتى .

— يۈرىكىم ئاغرىۋاتىدۇ ، — دېدى ئابدۇشۈكۈر .

بۇ ھەسرەتلىك سادا ھەقىقىي مۇھەببەت ساداسى ئىدى . قىز ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلىۋەتتى ۋە ئۆزىنى ئابدۇشۈكۈرگە تاشلىدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

* * *

— مەنمۇ ئاخىر مۇشۇنداق بولىدۇ دەپ ئويلىغۇدىم ، — دېدى مۇھەممەت ئەپەندى ماڭسۇر بوۋاينىڭ قولىغا سۇ قۇيۇۋېتىپ ، لۆڭگىنى بوۋايغا ئۇزىتىپ بولغۇچە بوۋاي قولىنى بەلۋېغىنىڭ ئۇچىغا ئېرتىپ بولدى…

داستىخان يىغىشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن يەنە قول چايقالدى . مۇھەممەت ئەپەندى تاماكا ئوراپ مۇشتەككە سېلىپ تۇتاشتۇرۇپ قاتتىق ئىككى شورىدى ، ئاندىن كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا بوۋايغا قارىدى . ئۆيدە خالىدە خانىملا قالغان بولۇپ ، مېھرىگۇل ، ئەكرەملەر ئۆز ئىشلىرىغا كېتىشكەنىدى . ئۆينى بىر پەس جىمجىتلىق قاپلىدى ، بوۋاينىڭ بۇلۇت كەبى تۇتۇلۇپ كەتكەن چىرايى ئۇنى خېلى بەكلا جۇدەڭگۇ كۆرسىتەتتى .

خالىدە خانىم ئىشكاپ يېنىدىكى كىچىك ئورۇندۇقتا ئولتۇرغانىدى ، ئۇنىڭ بوۋايغا قانچە قېتىم بىر نەرسە دەپ ، ئۆز كۆڭلىدىكىنى دېگۈسى كەلگەن بولسىمۇ ، لېكىن مۇھەممەت ئەپەندىنىڭ خىيالچان ئولتۇرۇشىغا قاراپ ، تىلىنىڭ ئۇچىغا نەچچە قېتىم كەلگەن گەپنى ئىچىگە يۇتۇۋېتىپ ، ئىچى تىت ـ تىت بولغان هالدا ئولتۇردى .

— دېمەك ، تاجىنىسا شۇم پېشانە ، ئايىغى قۇرغاق شۇم پېشانە شەقىقە بولۇپ چىقتى دەڭ ، — دېدى مۇھەممەت ئەپەندى ئېغىر ئۇھ تارتىپ ، ئورنىدىن تۇرۇپ . ئۇ قولىدىكى تاماكا قالدۇقىنى كۇلدانغا تاشلىدى ـ دە ، مۇشتىكىنى پۈۋلەپ ياچۇقىغا سالدى . ئاندىن سافاغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ، توپارەڭ شەپكىسىنى قولىغا ئېلىپ ، شالاڭ چاچلىق بېشىنى تاتىلاپ قويۇپ ، سۆزىنى داۋام قىلدى :

— ھە ، ماڭسۇركا ، سىز نېمىدەپ ئويلاپ قالسىڭىز مەيلى ،

مېنىڭچە بىچارە قىزغا ناھايىتى ئۇۋال بوپتۇ، بولغاندىمۇ چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئۇۋال بوپتۇ.

ماگسۇر بوۋاي نۇرسىز، ئاجىز كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ مۇھەممەت ئەپەندىگە تىكىلدى. ئۇ مۇھەممەت ئەپەندىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق دەيدىغانلىقىغا ھەيران بولغانىدى.

— مەسلەن ئالايلى، مەن تاسادىپىي ۋېلىسىپىتتە كېتىپ بېرىپ، ئاپتوموبىل ياكى باشقا نەرسىگە ئۇرۇلۇپ كېتىپ، بەختكە قارشى قازا قىلىپ كەتسەم، بۇنى كىمدىن كۆرۈش كېرەك؟ بۇنى خالىدە خانىمنىڭ شۇم پېشانىلىقىدىن بولدى، دېيىشكە بولامدۇ!؟

مۇھەممەت ئەپەندى ماگسۇر بوۋايغا سوئال نەزەرى بىلەن تىكىلىپ قارىدى. ماگسۇر بوۋاي بىگىز بارمىقى بىلەن دوپپىسىنىڭ تېگىدىن بېشىنى تاتىلاپ قويۇپ جاۋاب بەردى:

— بۇلار خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغان ئىشلار، ئەجەل شۇنداقتۇ ئەمدى...

— ئەمىسە نېمە ئۈچۈن ئاپتوموبىلنىڭ ئۆرۈلۈپ كېتىشى، خالىق قاتارلىق بىرقانچە كىشىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى، ئېغىل ئۆرۈلۈپ ئاتنىڭ ئۆلۈشىنى خۇدانىڭ تەقدىرىدىن، ئەجەلدىن كۆرمەي، ئەمدىلا ئون سەككىز ياشقا كىرگەن بىر قىزدىن كۆرۈشىدۇ؟ ھەممە ئىش خۇدانىڭ تەقدىرىگە باغلىق دەپ تۇرۇپ، شۇنچە ئادەمنىڭ ئۆلۈمىنى ئاشۇ بىر قىزدىن كۆرسە، ئۇ چاغدا بەندىنىڭ تەقدىرى خۇدانىڭ ئىلكىدە ئەمەس، بەندىنىڭ قولىدا دېگەنلىك بولمامدۇ؟ ئاخىر بېرىپ خۇداغا شېرىك كەلتۈرگەنلىك بولمامدۇ؟ سىز تەقۋادار ئادەم، مېنىڭ بۇ سۆزلىرىم خاتا ئەمەستۇ؟ — مۇھەممەت ئەپەندى سۆزىنى توختىتىپ، ماگسۇر بوۋايغا سوئال نەزەرى بىلەن قارىدى.

— ياق، ياق، دېگەنلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى توغرا گەپلەر، — دېدى ماگسۇر بوۋاي، مۇھەممەت ئەپەندىنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ.

ئۇ مۇھەممەت ئەپەندى بىلەن دەسلەپ تونۇشقاندىن تارتىپلا

«ئاجايىپ ئىلمي ، ياخشى ئادەم ئىكەن» دېگەن قاراشقا كەلگەن ھەم كۆڭلىدە چەكسىز ھۆرمەت پەيدا بولغانىدى ، شۇڭا ئۇ بۇ ئىش توغرۇلۇق مۇھەممەت ئەپەندىنىڭ مەسلىھەتىنى ئاڭلاپ ئاندىن بىر ئىش قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەنىدى .

— ئۇنداق بولسا بۇ شۇم پېشانە دېگەن گەپ قانداق ئۆزى ؟ — دەپ سورىدى ماڭسۇر بوۋاي كۆڭلىدىكى دىلغۇل نەرسىلەرنى تېخىمۇ ئايدىڭ قىلىۋېلىش ئۈچۈن .

— مېنىڭچە ، — دېدى مۇھەممەت ئەپەندى ئوراپ بولغان تاماكىسىنى مۇشتەككە سېلىپ ، — بۇ تاجىگۇلگە قىلىنغان تۆھمەت ، قورسىقىدا ئىلىپىنىڭ سۇنۇقى يوق ئىپقاچتى گەپلەرنى قىلىپ يۈرۈپ ، نادان خەلقنى ئۆزىگە ئىشەندۈرۈۋالغان جان باقارلارنىڭ تاپقان گېپى . ئۇلار ھەممە ئىشنى خۇدانىڭ تەقدىرى دەيدۇيۇ ، يەنە ئۇنىڭ تەتۈرىسىچە گەپلەرنىمۇ قىلىپ قويۇشقىنىنى ئۆزلىرى بىلىشمەيدۇ .

ماڭسۇر بوۋاينىڭ دىلى يورۇپ ، كۆڭلى شادلىققا تولدى . ئۇ تۈنۈگۈن ئاخشامدىن بېرى «شۇم پېشانە» دېگەن بۇ قورقۇنچلۇق سۆزدىن ناھايىتى ئەنسىرىگەن ئىدىيۇ ، تولۇن ئايدەك بىر ياخشى قىزنىڭ «شۇم پېشانە» ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەي كەلگەنىدى . بۇ قىزنىڭ ئۇنداق بولۇپ چىقماسلىقىنى تىلەپ ، خۇداغا يېلىنىپ ، نەچچە قېتىم يىغلىغانىدى . مانا بۇ گەپ ئۇنىڭ ئارزۇسى بويىچە بولۇۋاتىدۇ ، ئۇ خىيال سۈرمەكتە ئىدى : بەلكىم بۇمۇ خۇدانىڭ تەقدىرىدۇ ، نىكاھ دېگەن ئاجايىپ سىرلىق نەرسە جۇمۇ ، ئۇ يەتتە غايىبنىڭ بىرى ئەمەسمۇ ؟ مەنمۇ بىر يېتىم بالا ئىدىم ، بەگنىڭ قىزى ماڭا كۆيۈپ قالار دەپ ئويلاشقىنىمۇ يېتىنالمايتتىم ، خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن نىكاھىمىز قوشۇلۇپ قالغانىدى . بۇ قىزنى ئابدۇشۈكۈرنىڭ نىكاھى سۆرەپتىكەنمۇ دەيمەن ، بۇمۇ باھانە ـ سەۋەب ـ تە ! باھانە سەۋەب .

مۇھەممەت ئەپەندى بوۋاينىڭ باياتىن بۇيان قايغۇ تۇمانلىرى

قاپلىۋالغان چىرايىنىڭ تەبەسسۇم جىلۋە قىلىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى يېنىك ھېس قىلدى.

— ماڭسۇر بوۋا، قانداق، تاجىنىسا دىتىڭىزگە يېقىپ قالغاندۇ؟ — دەپ سورىدى خالىدە خانىم خۇشال كۈلۈپ.

— ياقمامدىغان، مەن ئۇنداق قولى گۈل، ئەقىللىق قىزنى كۆرمىگەن، بىرلىزە!··· — بوۋاي گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى.

— ھە توختاپ قالدىڭىزغۇ؟ تاجىنىسا كۆڭلىڭىزگە ياقمىدىمۇ يا؟ — دېدى خالىدە خانىم، بوۋاينىڭ ئىچىگە يۇتۇۋەتكەن گېپىنى سۇغۇرۇۋالماقچى بولۇپ.

— ۋاي ياق خانىم، ئۇنى بىر دېمەڭ، كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم بولىدۇ. ئابدۇشۇكۇر بىلەن ئىككىسى خۇددى كاككۇك-زەينەپلەردەك كۆيۈپ-پىشىپ يۈرۈشىدۇ، دەڭا، — دېدى بوۋاي پىخىلداپ كۈلۈپ.

— ئەمىسە نېمىشقا «بىرلىزە» دەپ توختاپ قالىسىز؟

بوۋاي بىر نەرسە دېيەلمەي قالدى. قارىغاندا بوۋاي يەنىلا قىزنىڭ پېشانىسىدىن قورقۇۋاتسا كېرەك.

— ئۇنداق بولسا، ئايغى قۇرغاق شۇم پېشانە قىز بىزنىڭ پۈتۈن ئائىلىمىزنى قۇرۇتۇۋەتسىمۇ مەيلى، بىز ئەكېلىۋالايلى، — دېدى مۇھەممەت ئەپەندى. بوۋاي قىزىرىپ كەتتى. چۈنكى مىنۇت، سېكۇنتلاپ ھېسسىياتى ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بوۋاي يەنە كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدە شۇ قىرقۇنچلۇق، بەختسىزلىك سايىسىنىڭ ئەگىشىپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغانىدى. مۇھەممەت ئەپەندىنىڭ گېپى بوۋايغا خېلىلا ئۆتۈپ كەتتى، ئۇ ئەمدى قەتئىي قارارغا كەلدى.

— بولدى، پېشانەمگە كەلگىنىنى كۆردۈم، خۇدانىڭ تەقدىرى نېمە بولسا تارتماي ئىلاجىم يوق. توينى قىلىۋېتەيلى، قالغىنى ئوغلۇمنىڭ پېشانىسى، — دېدى بوۋاي كەسكىن تەۋەككۇل قىلىپ.

بۇ چاغ مۇھەممەت ئەپەندى بىلەن خالىدە خانىملارغا تەتىل

بولغىلى بىرنەچچە كۈن بولغان بولۇپ ، كېلەر ھەپتە ئۇلار ماڭسۇر بوۋاينىڭكىگە بېرىشقا كېلىشتى .

بوۋاي خوشلىشىپ قايتتى . ئۇنىڭ كۆڭلىدە غەم ـ ئەندىشىمۇ يوق ، ئەمما تامامەن خاتىرجەممۇ ئەمەس ئىدى . ئۇ يول بويى ئات ئۈستىدە چىگىش خىياللارنى قىلىپ ماڭدى : «مۇھەممەت ئەپەندىنىڭ گەپلىرى بەرھەق ، لېكىنزە··· مەيلى تەقدىردىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولامتى . نېمە بولسا مەيلى ، مەنغۇ توي دېگەننى بىلمەيلا خوتۇن ئالغان ، نېمىلا بولمىسۇن ئوغلۇمنىڭ تويىنى بەلەن قىلمىسام بولمايدۇ ، ئانىسى رەھمەتلىكنىڭمۇ ئارزۇسى شۇ ئىدى .»

لېكىن بىر ئىش بوۋاينى يەنە قايغۇغا سالدى : «توي قىلىدىغان پۇلمۇ ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرۇپتۇ ، لېكىن بۇ تويىنى كىشىلەر كېلىپ ئۆتكۈزۈشۈپ بېرىدۇ . بۇ جاڭگالدا بولسا تويغا قاتنىشىدىغان مۇھەممەت ئەپەندىلەردىن باشقا ئادەم يوق ، ئالتە ـ يەتتە ئادەم بىلەنلا توي ئۆتكۈزەرمىزما ؟ ياكى يېقىندا ئىپى ـ مەھەللە ، يىراقتا ئۇرۇق ـ تۇغقانمۇ يوق···» بوۋاينىڭ كۆڭلى قاتتىق بۇزۇلدى .

ئۇ باياتىنراق بۇ ئىشنى ئېسىگە كەلتۈرۈپ ، بۇ توغرىدا مۇھەممەت ئەپەندى بىلەن مەسلىھەتلەشمىگىنىگە پۇشايمان قىلدى . كېيىنگە يېنىشنى ئويلىشىدى ، مەھەللىگە يېقىنلاپ قالغانلىقىنى بىلىپ ، توي كېتەرلىكلىرىنى ئالغىلى بارغاچ سۆزلىشىش قارارىغا كەلدى .

بوۋاي ئۆيگە كېلىپلا بولۇنغان گەپنى ئوچۇق ـ يورۇق ئېيتىۋەردى . ھەسرەت ـ پىغانلىرى ئىچىدە مۇڭلىنىپ ئولتۇرغان ئىككى ياش خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى قويارغا يەر تېپىشالماي قالدى .

— قىزىم ، خۇدانىڭ تەقدىرى — ئىككىڭلارنىڭ نىكاھى سۆرىگەن گەپ ، ئىنشائاللا سىز شۇم پېشانە ئەمەس ، بۇ سىزگە قىلىنغان بوھتان ، نىكاھىڭلار سۆرەپ شۇنداق بولغان ، «نىكاھ غايىب» دەيدىغان گەپ بار ئەمەسمۇ ؟ — دېدى بوۋاي روھلۇق

هالدا .

تاجىنىسا ئىنزا ئارىلاش كۆلۈمسىرەپ يەرگە قارىدى ، ئۇ خۇشاللىقىدىن گاڭگىراپ قالغانىدى .

شۇنداق قىلىپ قارار قىلىنغان كۈنى توي بولدى . مۇھەممەت ئەپەندى مەكتىپىدىن بىرمۇنچە ئوقۇتقۇچى كەسىپداشلىرىنى ، مېھرىگۈلمۇ خېلى كۆپ خىزمەتداش ، تونۇش - بىلىشلىرىنى بىللە ئېلىپ كەلگەن بولۇپ ، قىرىقچە ئادەم بىر ئاپتوموبىلدا دەريا بويىدىكى بۇ يالغۇز مەھەللىگە يېتىپ كېلىشتى .

توي دەيدىغان بولسا ئۇنىڭ مەشرىپىنى دەپ ئۆزىنى ئاتىدىغان دولان خەلقى بۇ يالغۇز مەھەللىگىمۇ ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي ، تاللىق بازىرىدىن كېلىشتى . دولان مەشرىپى دولان دەرياسىنىڭ ھەيۋەتلىك شاۋقۇنى بىلەن قوشۇلۇپ ، بۇ قومۇشلۇق ۋادىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى . كۆللەردە بەخىرامان ئۈزۈشۈپ ، سەيلە قىلىشىپ يۈرگەن ياۋا ئۆردەك ، غازلار ۋە باشقا ئاللىقانداق سۇ قۇشلىرى بۇ سادادىن ئۈركۈشۈپ ، بىر قىسمى يىراق قويۇق تىكەنلىك ئارىسىغا شۇڭغۇپ كىرىۋېلىپ ، بۇ ساداغا قىزىل پىستان كۆزلىرىنى تىكىشتى . بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ ، دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىشتى .

تويغا كەلگەنلەر ئاساسەن ئوقۇتقۇچى ، دوختۇر ، سېستىرالار ئىدى . ئۇلار گۈزەل مەنزىرىلىك دەريا بويىدا ھۇزۇرلىنىپ سەيلە قىلىشتى ، قىزىق پاراڭلارنى سېلىشتى . قازانلاردا غاز ، ئۆردەك ، بېلىق ، قوي گۆشلىرى مەززىلىك دەم يەپ پىشتى .

تويغا كەلگەنلەرنىڭ كۆپچىلىكى ياش قىز - يىگىتلەر بولۇپ ، ئۇلار بىر - بىرىنى مەشرەپكە تارتىشاتتى ، چاقچاق قىلىشاتتى ، كۈلۈشەتتى . بىر - بىرىگە ياشلىق غۇرۇرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن بېقىشاتتى ، تېخى بىرنەچچە جۈپ قىز - يىگىتنىڭ مۇشۇ توي مەشرىپىدە ئۆزئارا يېقىنلىشىپ ، مۇھەببەتلىشىپ قالغانلىقىنى دېمەيلا قوياي .

بوۋاي خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى بېسىۋالالماي قالغانىدى، ئۇ بۇ تويىنى بۇنچىلىك كۆڭۈللۈك بولار دەپ ئويلىمىغانىدى. باراڭنىڭ سايىسىدە قاتار تىزىلىپ ئولتۇرغانلار ئۆزئارا دەريا بويىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى، ئۆردەك گۆشى، بېلىق گۆشىنىڭ مەززىلىكلىكى، بوۋاينىڭ بېلىق كاۋىپىنى مەززىلىك پىشۇرىدىغانلىقى ۋە باشقىلار توغرىسىدا پاراڭ سېلىشاتتى.

قىز ئۈستىدە پاراڭ بولغاندا ھەممە دىققەت بىلەن مۇھەممەت ئەپەندىنىڭ ئاغزىغا قاراشتى، مۇھەممەت ئەپەندى تاجىنىسانىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىسىنى سۆزلەشكە باشلىدى...

ئىچكىرىكى ئۆيدە مېھرىگۈل باشلىق بىرنەچچە قىز تاجىنىسانى ئورىۋالغان بولۇپ، ئۇلار ھەدەپ قىزىق پاراڭلارنى قىلىشىپ، قاقاقلاپ كۈلۈشەتتى، بىر ـ بىرىنى قىچىقلىشاتتى، ئوينىشاتتى، بىر ـ بىرى بىلەن نازلىق ماي تارتىشىپ، گەپ تالىشىپ يەنە كۈلۈشەتتى.

تاجىنىسا بېشىغا زەر بېسىلغان ئاق گىجىم رومالنى ئارتىپ يۈزىنى يېرىم ئېتىۋالغان، ئۇچىسىغا شىپىڭ دۇخاۋا كۆڭلەك، كۆك سارجىدىن كاستيۇم، پۇتىغا مېغىزرەڭ توپلى كىيگەنىدى، بۇنچىلىك ئاددىي كىيىملەر ئۇنى شۇنچىلىك چىرايلىق قىلىۋەتكەنكى، خانىم ـ قىزلار بىلەن سىپتىرا قىزلار ئۇنىڭغا ھەۋەس بىلەن قارىشاتتى. مېھرىگۈل بولسا شوخلۇق بىلەن چاقچاق قىلاتتى:

— ھوي، نىمانچە يەپ كېتىدىغاندەك قارىشىسىلەر، كۆزۈڭلەر يەپ بولمىسۇن يەنە، ئازراق ئىنساپ قىلىڭلار، يىگىتكىمۇ قالسۇن، ھى... ھى... ھى!... — ئۇ شۇنداق كۈلۈپ، تاجىنىسانى قۇچاقلىۋېلىپ ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىگە بىرقانچىنى سۆيۈۋەتتى. تاجىنىسا ئىزا تارتقىنىدىن شەلپەردەك قىزىرىپ يەرگە قارىۋالدى. شۇ چاغدا يەنە بىر قىز:

— سىز توي قىلغانمىدىڭىز؟ يىگىت سۆيمەستە، نېمە سىز

خەقنىڭ يارىنى سۆيۈۋېرىسىز؟ — دېدى پىخىلداپ كۈلۈپ.

— قانداق، ئىچىڭىز ئاداۋاتامدۇ؟ ئەگەر مەن يىگىت بولىدىغان بولسام بۇنىڭدىن قاتتىقراق سۆيۈپ، ۋايجىنىنى چىقىرىۋەتكەن بولاتتىم، — دېدى مېھرىگۈل بوش كەلمەي. شۇ ئەسنادا يەنە بىر قىز:

— سىز ئاۋۇ ئوقۇۋاتقان ھېلىقىنى شۇنداق قىلارسىز، تاقىلداپ تۇرالماي قالدىڭىزمۇيا؟ ھى... ھى... ھى... — بۇ گەپ مېھرىگۈلنىڭ جان يېرىگە تەگدى. ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ھېلىقى قىزنىڭ ئەدىپىنى بەرمەكچى بولغانىدى، ئۇ قىز تۇتۇق بەرمىدى، قىزلار پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى، تاجىنىسا بولسا كۆزىگە ياش ئېلىپ، غېرىبسىنىپ ئولتۇردى. ئۇ يېنىدا چاقچاقلىشىپ ئولتۇرغان قىزلار ئىچىدە مېھرىگۈلدىن باشقىنى تونۇمايتتى.

يۇرتىدا توي بولغاندا ئۇنىڭ دوستلىرى ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىشىپ، ئۇنىڭ يىغىسىغا چاۋاك بىلەن جور بولۇشقانىدى، سىڭلىسى ئۇنى پەپىلىگەنىدى، ئەمدىچۇ؟ ئۇنىڭ ئانىسىمۇ، سىڭلىسىمۇ، دوستلىرىمۇ ئەنە شۇ مېھرىگۈل ئىدى.

— نېمىشقا يىغلايسىز؟ — دەپ سورىدى بىر قىز، تاجىنىسا ئۇندىمەي يەرگە قارىۋالدى.

— توي قىلغاندا يىغلاش قىزلارنىڭ ئادىتىغۇ؟ — دېدى يەنە بىر قىز.

— مەن تويۇم بولغاندا يىغلىماي، تازا قاقاقلاپ كۈلىمەن، — دېدى بايىقى مېھرىگۈلنى پومىلىغان قىز پىخىلداپ كۈلۈپ، ئارانلا تۇرغان مېھرىگۈل پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي:

— ئاران تۇرغان ئەسلىدە ئۆزۈڭكەنسەن ـ دە؟ ۋاي بىچارە، تويۇڭنى ۋاقتىدا قىلىۋەتمىسە بولمىغۇدەك، ھى... ھى... ھى... — دېدى. قىزلار چۇرقىرىشىپ كەتتى، ھېلىقى قىز گەپتە ئۇتتۇرۇپ قويغىنىنى بىلىپ ئۇيۇلۇپ كەتتى.

www.uygburkitap.com

قىزلار ئەنە شۇنداق كۈلكە ـ چاقچاقلار بىلەن ئولتۇرۇشتى . ئەمدى بىز بىرقانچە ناتونۇش يىگىت بىلەن سورۇننىڭ بىر تەرىپىدە ئولتۇرۇپ بىلىق تۇتۇش ھەققىدىكى قىزىق ھېكايىلەرنى سۆزلەۋاتقان ئابدۇشۇكۇرنىمۇ قويۇپ تۇرۇپ ، سەرگۈزەشتە سۆزلەپ ئاخىرلاشتۇرغان مۇھەممەت ئەپەندىنى تاپساق بىر يېڭىلىق ئۇستىگىلا كېلىمىز . قىزنىڭ سەرگۈزەشتىسىنى ئاڭلاپ ، ھەممەيلەن قىزنىڭ ھالىغا ئىچ ئاغرىتىشتى . شۇ ئارىدا بىر ياش يانچۇقىدىن قاتلاقلىق گېزىتنى ئېلىپ :

— تۇنۇگۇن كەلگەن مۇنۇ گېزىتتە ئادەم ئىزلەش ئېلانى بار ئىكەن ، مۇشۇ قىز شۇ بولۇپ چىقمىسۇن يەنە ، — دەپ گېزىتنى مۇھەممەت ئەپەندىنىڭ قولىغا بەردى . ئېلان مۇنداق ئىدى :

«تاجىنىسا روزى ، ئايال ، ئون سەككىز ياش ، بۇ يىل 6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ ، تا ھازىرغىچە قايتىپ كەلمىدى . ئۇچراتقۇچىلارنىڭ M ناھىيە شورئېقىن رايونلۇق ج خ شۆبە ئىدارىسىگە خەۋەر قىلىپ قويۇشىنى سورايمىز .»

ئېلاننىڭ يان تەرىپىدە تاجىنىسانىڭ كۈلۈمسىرەپ چۈشكەن سۈرىتى تۇراتتى . مۇھەممەت ئەپەندى جىددىيلىشىپ دەككە ـ دۈككە ئىچىدە قالدى . بۇ خەۋەر بىردەمنىڭ ئىچىدىلا توي سورۇنىنى زىلزىلىگە سېلىۋەتتى . ھەر تەرەپتە ، بۇلۇڭ ـ بۇلۇڭدا غۇلغۇلا ، كۇسۇرلاشلار بولۇپ كەتتى . ھەر كىم ئۆزىنىڭ قارىشى ، ھېسسىياتى بويىچە سۆزلىشەتتى . بەزىلەر : «ئاتا ـ ئانىسى بۇ قىزنىڭ دىرىكىنى قىلغانىكەن ، ئۇنىڭ ئۆزىنى دەرياغا تاشلىۋالغىنىدىن بىخەۋەر ئىكەن ، ئاتا ـ ئانىسىغا خەۋەر قىلىش كېرەك» دىيىشە ، يەنە بەزىلەر : «بۇ قانداق بولىدۇ ، قىز بۇ يەردە توي قىلىۋاتقان تۇرسا ، ئاتا ـ ئانىسى خەۋەر تاپسا بۇنى خالامدۇ ، ئۇنىڭدىن كۆرە خەۋەر قىلمىغان ياخشى ، بارسا يەنە شۇ ھېلىقى گەپلەرنى تاپقان ناشىكەر يۇرتقا بارىدۇ» دىيىشەتتى . يەنە بەزىلەر : «نېمىلا بولمىسۇن ئاتا ـ ئانا ئەمەسمۇ ، بىر بالىنى بېقىپ ئون

سەككىز ياشقا كىرگۈزمەك ئاسان گەپمۇ ، خەۋەر قىلىش كېرەك ، ئـۇلارنــىڭ ئارزۇسى پەقەت قىزنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى بىلىش» دېيــىــشــەتــتى . بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان بوۋاي دىلغۇل بولۇپ ، تـۇرالــمــايــلا قالدى ، كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ پەرىشان بولدى . ئابدۇشۈكۈر بولسا نېمە قىلارىنى بىلمەي گاڭگىراپ قالدى ، تويمۇ پاتپاراق بولۇپ كەتتى ، بۇ خۇددى ۋاراقلاپ قايناۋاتقان قازانغا بىر كاللەك مۇز سالغاندەك ئىش بولدى . ئاياللار ۋە قىزلارمۇ بۇ ئىشقا هەر خىل تەبىر ئېيتىشىپ ، ئولتۇرغان يېرىنى «يىپ بازىرى» قىلىۋەتتى .

خالىدە خانىممۇ چۆرگىلىتىپ قويۇپ بەرگەندەك بېشى قېيىپ تۇرۇپ قالدى ، مۇهەممەت ئەپەندى بىردەم ئۇيان ـ بۇيانغا مېڭىپ ، نــېــمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى . ئۇ بوۋاينىڭ بەكلا تىتىلداپ كــېــتــىــۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەرمەكچى بولدى ، بوۋاينىڭ يېنىغا بېرىپ تۇرۇشىغا ئاجايىپ بىر ئىش يۈز بەردى . ئۇ بۇرۇلۇپ قارىۋىدى ، سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر توپ قىزلار بىلەن مېهرىگۈل پەيدا بولدى . قىز ناهايىتى تەمكىن هالدا :

— قەدىرلىك مېهمانلار ، ئارىسالدى بولماي ، بەختسىز قىزنىڭ بەختلىك تويىنى خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزسەك ، بۇ توي رەسمىي تـوي . تـاجــىــنىسا ئۆز رازىلىقى بىلەن : «بۇ مېنىڭ ئۆمۈربويى تۇرىدىغان ئۆيۈم ، ئاتا ـ ئانامغا خەۋەر قىلىش ئىشىغا كەلسەك ، بــۇنــىــڭــدىن خاتىرجەم بولۇڭلار ، ۋاقتى كەلگەندە ئۆزۈم خەۋەر قىلىمەن» دەيدۇ ، — دېدى . ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنچىلىك مۇلايىم ، يېقىملىق ئىدى . شۇئان توي سورۇنىدا :

— بارىكاللا ، مۇبارەك بولسۇن ! — دېگەن سادا ياڭرىدى . بوۋاي چاقماق تېزلىكىدە كۆز ئالدىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردىن هەم گــاڭــگىرايتتى ، هەم خۇشال بولاتتى . كېلىنىنىڭ جاسارىتىدىن هەيران بولاتتى .

يــىــگــىتلەر دۇخاۋا ، تاۋار بەلۋاغنى ئابدۇشۈكۈرنىڭ هەممە

يېرىگە ، ھەتتا قول ، پاچاقلىرىغىچە ئۈست ـ ئۈستىلەپ باغلىۋەتتى .

قىزلار بولسا ھەر خىل باش رومالللىرىنى قىزنىڭ بوينىغا ئۈست ـ ئۈستىلەپ ئارتىۋەتتى . ھەر بىر رومال ئارتقاندا :

— تويۇڭلارغا مۇبارەك بولسۇن ، بەختلىك بولۇڭلار ، — دەپ قۇتلۇقلايتتى . توي مانا شۇنداق جىددىيچىلىك ، خۇشاللىق ، ھاڭ ـ تاڭلىق ئىچىدە ئاخىرلاشتى...

## خاتىمە

تويدىن كېيىن دەريا بويىدىكى بۇ خىلۋەت مەھەللىنىڭ ئىشى خېلى بەكلا روناق تاپتى . يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ، تاجىنىسانىڭ تەكلىپى بويىچە ئاۋۋال توخۇ ـ چۈجە فېرمىسىدىن ئىككى يۈز توخۇ چۈجىسى ، ئۈچ يۈز ئۆردەك چۈجىسى ئەكېلىپ باقتى . كۆپچىلىكى ئەي بولۇپ قاتارغا قوشۇلدى ، ئۇنىڭدىن باشقا ئون بەش تۇياق سىغىن كالا بېقىۋېدى ، كېيىنكى كۈنلەردە بۇ كالا سەكسەندىن ئاشتى .

ئۇلار يەنە يەر ئۆزلەشتۈرۈپ كېۋەز ، شال تېرىدى .

مانا شۇنداق قىلىپ بۇ «شۇم پېشانە» قىزنىڭ ئايىغى بۇ ئائىلىگە ئاجايىپ يارىشىپ قالدى ، بۇ ئائىلە باياشاتلىق بوستانىدا تېخىمۇ يېشىللىقا پۈركەندى .

ھازىر ئابدۇشۇكۇر بالىلىق بولۇپ قالدى . بوۋاي گەرچە مۈكچىيىپ قالغان بولسىمۇ ، نەۋرىلىرىنى قولۋاقتا سىلىۋېلىپ ، بېلىق كۆللىرىنى ئارىلاپ ، تورغا چۈشكەن بېلىقلارنى ئاجرىتىدۇ . ئۆردەكلەرنىڭ تۇخۇمىنى يىغىدۇ .

ئۇلار ناھىيىلىك يېمەكلىكلەر شىركىتى بىلەن سۈت ، تۇخۇم ، بېلىق سېتىپ بېرىش توختامى تۈزگىنى ئۈچۈن بۇ يەرگە ماشىنىلار ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرىدۇ . ئابدۇشۇكۇرنىڭ ھازىر دەريادا ئېقىنىدا سۈزۈشكە چولىسى تەگمەيدۇ . ئۇ موتسىكلىتىنى مىنىپ ئۆي بىلەن تاللىق بازىرى ھەم ناھىيە يولى ئارىلىقىدا قاتناپ يۈرۈپ

ئائىلە ئىگىلىكىگە ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ . ئۇلار بىرقانچە مۇساپىرنى ياردەمچى قىلىۋالغان بولۇپ ، ئۇلارنى ئۆي - ئوچاقلىق قىلىپ ، ئۆز ئۆيىنىڭ ئەتراپىغا چىرايلىق ئۆيلەرنى سېلىپ بەردى .

ھازىر دەريا بويىدىكى ئەسلىدە بار بولغان بىر ئائىلە بەش ئائىلە بولۇپ قالدى .

تاجىنىسا ئاشۇ مۇساپىرلارغا كۈندىلىك ئىشلارنى كۆرسىتىپ بېرىپ ، قوماندانلىق قىلىدۇ . ئۇ بۇرۇنقىدەكلا مۇلايىم ، كۆيۈمچان بولغىنى ئۈچۈن ، ئەر - ئايال مۇساپىرلار ئۇنى قەۋەتلا ھۆرمەتلەيدۇ .

ساق ئالتە يىل ئۆتكەندە بوۋاي ئالەمدىن ئۆتتى . شۇ يىلى قۇربان ھېيتتا ئۇلار شورئېقىنغا تۇيۇقسىزلا كېلىپ پۈتۈن يۇرتنى ھەيرانلىقتا قالدۇردى .

ئەمدى ئاخىرقى ھېكايىنى شورئېقىندىن ئاڭلايلى :

تاڭ سۈزۈلگەندە تاجىنىسانىڭ ئۆيدە يوقلۇقى بىلىندى . ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلۈكتەك ئۇخلاپ قېلىشقىنى ئۈچۈن بىر - بىرىگە تاپا - تەنە قىلىشتى . ئۆينىڭ ئارقىسى ، باغ ئىچى ، يۇرت ئىچى ، ھەتتا باشقا يۇرتلارمۇ ئىزلەندى . لېكىن تاجىنىسانىڭ دېرىكى بولمىدى . يىراق - يېقىن ، ئۇرۇق - تۇغقانلارغا خەۋەر بېرىلدى . لېكىن تاجىنىسانى ئىزلەپ مېڭىلغان يوللار بىكار ئاۋارىچىلىك بولدى . كېيىنكى چاغدا بەزىلەرنىڭ مەسلىھەتى بىلەن گېزىتكە ئېلان چىقىرىلدى ، بۇلارمۇ نەتىجىسىز بولدى ، ئاخىرقى ھېسابتا دەرياغا ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋالغان ئوخشايدۇ ، دېگەن يەرگە كېلىپ ، يىغا - زارە بىلەن يۇرتقا نەزىر بېرىشتى . ھامۇتاخۇن بالا - ۋاقىسى بىلەن كېلىپ نەزىرگە قاتناشتى . ئۇ بۇ يەردىكى مۇسىبەتتىن خالىقنى ئەسلەپ يەنە قايغۇرۇپ ، ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى .

شۇنداق قىلىپ ، بۇ كۈنلەر ئۇزاقلاپ كەتتى . شورئېقىنلىقلار بۇ ئىشنى ئاستا - ئاستا ئۇنتۇشقا باشلىدى . پەقەت ئىككى ئائىلە —

ھامۇتاخۇن ئائىلىسى بىلەن روزاخۇن ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇرۇپ، پات ـ پات قوزغىلىدىغان يارا بولۇپ قالدى. روزاخۇن بۇ يىل بەكلا قېرىپ قالدى، قېرىغانسېرى ئۆتكەن ئىشلار يۈرەكنى تاتىلاپ ئارام بەرمەيدىغان بولدى. ئۇ دائىم «ئىسىت رەھمەتلىك تاجىگۈل قىزىم، ئاتا ـ ئاناڭ ھايات تۇرۇپ ئەجەب دەرد تارتىپ ئۆلۈپ كەتتىڭ ـ ھە!» دەپ ھەسرەت چېكەتتى.

قۇربان ھېيت بۇ يىل سېخىي كۈزدە كەلدى. داستىخان نېمەتلەرگە تولدى. تاجىنىسانىڭ مەرەمنىسا ئىسىملىك سىڭلىسى بار ئىدى. تاجىنىسا ئۆلۈپ كېتىپ ئىككى يىلدىن كېيىن ئۇ تېببىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، توي قىلىغانىدى، ئۇمۇ يولدىشى بىلەن كەلدى. ھەممە بالا ـ ۋاقىلار جەم بولدى. قۇربانلىقتا ئاتاپ بېقىلغان يوغان، سېمىز قوشقار سويۇلدى. يۇمشاق پىشۇرۇلغان گۆش داستىخانغا كەلتۈرۈلدى. ھەممە خۇشال ئېغىز تېگىشتى، لېكىن قەمبەرنىساخان موماي كۆزىدىن تاراملاپ ياش ئاققۇزۇپ، ئېڭىكىنى يۆلەپ ئولتۇرۇپ قالدى، مەرەمنىسا ئانىسىنىڭ يىغلاۋاتقىنىنى كۆرۈپ:

— ئانا، نېمە بولدۇڭ؟ — دەپ سورىدى.

— رەھمەتلىك ئاچاڭ تاجىنىسا بولغان بولسا، سىلەرگە ئوخشاش قارىشىپ ئولتۇرۇپ، بىر داستىخاندا تاماق يېيىشسەك يۈرىكىم ئېتىلىپ كەتمەستى!... — ھەممە يېيىشتىن توختاپ ئولتۇرۇپ قېلىشتى، ئۆي ئىچىنى قايغۇلۇق سۈكۈت باستى. بىر چاغدا سىرتتا قول تراكتورىنىڭ پاقىلدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاندىن ئىت قاتتىق قاۋاپ كەتتى.

— مېھمان كەلگەن ئوخشايدۇ، — دېدى مەرەمنىسا ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ ھەممىدىن بۇرۇن تالاغا چىقتى. ئۇ ھويلا دەرۋازىسىدىن چىققاندا، بىر ئايال كونا ئۆينىڭ ئورنىدىكى باراقسان ئۈجمىگە قاراپ تۇراتتى. يىگى ئۆي دەريادىن قاچۇرۇلۇپ، ئارقىغا تارتىپ سېلىنغانىدى. مەرەمنىسا دەرھاللا ئايالنى تونۇيالمىدى.

ئايالنىڭ قوچىقىدا بوۋاق، يېنىدا يەتتە ياشلاردىكى بىر قىز، تۆت ـ بەش ياشلاردىكى بىر ئوغۇل تۇراتتى. توپىلىق يولدا بولسا بىر ئەر قول تراكتورىنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈپ، يەنە قانداقتۇر بىر ئىشلارنى قىلىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. مەرەمنىسا «كەت» دەپ ھاۋشىۋاتقان ئىتنى قوغلىدى. شۇئان ئايال چۆچۈپ ئۆي تەرەپكە بۇرۇلدى، يېنىدىكى قىز بىلەن ئوغۇل تارتىنچاقلىق بىلەن ئانىسىنىڭ كۆڭلىكىگە ئېسىلىشىپ مۆكۈنۈشتى. مەرەمنىسا داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇ كۆزلىرىگە ئىشىنىپ ـ ئىشەنمەي، يۈرىكى دۈپۈلدەپ سىلىپ، ئاغزىنى ئاچقانچە قېتىپ قالغانىدى.

— مەرەمنىسامۇ سىز؟!… — ئايال تىترەك ئاۋازدا توۋلىدى.

— ئاچا… تاجىنىسا ئاچا!… — مەرەمنىسا ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ بېرىپ، تاجىنىسانى چىڭ قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى، — ئاچا… جېنىم ئاچا بۇ ئوغۇمۇ، چۈشۈمۇ؟ سەن ھاياتكەنسەن ـ دە….

بۇ چاغدا ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى چىققانىدى. روزى بوۋاي بىلەن قەمبەرنىساخان مەرەمنىسانىڭ «تاجىنىسا ئاچا» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۆز قۇلاقلىرىغا ئىشەنمىگەن ھالدا تەڭلا يىغا ئارىلاش:

— قېنى تاجىنىساخان قىزىم، قېنى… — دېيىشىپ كەلدى، تاجىنىسا يۈگۈرۈپ دېگۈدەك ئاتىسى بىلەن ئانىسىنىڭ ئالدىغا باردى، يۈرەكنى ئەزگەن دەرد ـ ئەلەم تۈيۈقسىز خۇشاللىقتىن يىغا ـ زارىغا ئايلاندى. تاجىنىسا قانداق تۇيۇقسىز غايىب بولغان بولسا، شۇنداق تۇيۇقسىز پەيدا بولدى. ئۇزاق يىللىق سېغىنىش ئوتى ئۇلارنىڭ ئىچىنى ئۆرتىگەنىدى. مانا ئەمدى يەنە كۆيدۈرۈپ چېقىۋاتىدۇ. خېلى ئۇزاق يىغا ـ زارىدىن كېيىن تاجىنىسا ئېرىنى ئۆيدىكىلەرگە تونۇشتۇردى، قىزىنىڭ ئىسمى پەخرىنىسا، ئوغلىنىڭ ئىسمى پەرھات، قوچىقىدىكى بوۋاقنىڭ ئىسمى ئابدۇغېنى ئىدى، روزاخۇن بىلەن قەمبەرنىساخان نەۋرىلىرىنى

www.uyghurkitap.com

ياتسىرىغىنىغا قارىماي قوچاقلىرىغا ئېلىپ ئەركىلىتىشتى . لېكىن ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىكى بۇ ئىشلارغا ھېچ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى ، گويا يەنە غايىب بولۇپ كېتىشىدىن قورققاندەك تاجىنىساغا چوڭقۇر سېغىنىش ، ئازاب ، بەخت ئىچىدە مۆلدۈرلەپ تىكىلەتتى ، قوچاقلايتتى . گويا چىڭ تۇتۇۋالمىسا بىردىنلا كۆزدىن غايىب بولۇپ كېتىدىغاندەك چىڭ قۇچاقلاپ بىر - بىرىنىڭ يۈرەك سوقۇشىنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلايتتى . بىر - بىرىنى پۇرايتتى ، كۆزلەردىن ياش ، چېھرىدىن ھاياجان كۈلكىسى كەتمەيتتى . ھېچقايسىسى زورۇقۇپ ئېغىزىدىن گەپ چىقىرالمايتتى ، ھەممە ئۆزىنى ئۇنتۇغانىدى .

بۇ ئىش بىردەمدىلا پۈتۈن شورئېقىنىغا تارالدى ، ھەممە ھەيران بولۇشۇپ ، بىر - بىرلەپ روزاخۇننىڭ ئۆيىگە يەتكە كېلىشتى . قۇربان ھېيت بۇ ئائىلىدە تازا قىزىدى . بىر كۈن ئىچىدە ھېيت نەغمىسى روزاخۇن بوۋاينىڭ كەڭرى بېغىدىن ئاڭلاندى . مەشرەپ بولدى . ياش - قېرى ھەممەيلەن دولان مەشرىپىنى قانغۇچە ئوينىدى .

1986 - يىل ، قەشقەر .



# ھەسرەت

## 1

ئوڭ پۈتى تىزىدىن يوق غازى بوۋاي قولتۇق تايىقى بىلەن تەستە مېڭىپ كېتىۋاتاتتى. نامازشام مەزگىلى بولسىمۇ، ئاپئاق قارلار ئۈستىدىن زېمىننى بېسىپ كېلىۋاتقان قاراڭغۇ تېخىچە ئۆز كۆلەڭگىسىنى يېيىپ بولالمىغانىدى. بەلكى شۇ ئىس - تۈتەك ئارىلاش قاراڭغۇلۇق بىلەن يەنە ئاق قار دانچىلىرى زېمىنغا بىللە چۈشمەكتە ئىدى.

غازى بوۋاي بىر پۈتى بىلەن قار ئاستىدا قالغان ئوڭغۇل - دوڭغۇل خالتا كوچىلاردا چوڭقۇر ئىز قالدۇرۇپ، ھەر ئىشىككە كەلگەندە، توختاپ تىلەمچى بولاتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىز بېسىپ، يوغان يەكپاي كەشىنى سۆرەپ ماڭىدىغان سۇلايمان قاپقارا قاسماق بېسىپ كەتكەن، چاك - چاك يېرىلغان چەمەك قوللىرىدا يوغان ياغاچ ئاياغنى كۆتۈرۈپ كەلمەكتە، ئۇ غازى بوۋاينىڭ نەۋرىسى بولۇپ، بۇ يىل ئون ياشتا، بوۋاي بىر ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ، تىلەمچى بولۇپ كانىيىنى قىرىۋىدى، سۇلايمان بوۋىسىنىڭ بىقىنىغا يېنىك نوقۇپ:

— چوڭ ئاتا، سەن قېرىغانچە ئۇنتۇغاق بولۇپ قېلىۋاتىسەن. «كەچ كىرگەندە تىلىسە يامان بولىدۇ» دەيتتىڭغۇ؟ يۈر كېتەيلى! — دېدى ئاستاغىنە.

www.uyghurkitap.com

بــوۋاي قېتىپ تارىشا بولۇپ قالغان قوللىرى بىلەن چاپاق باسـقـان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ نەۋرىسىگە چوڭقۇر مېھرى بىلەن تىكىلدى .

— تــوغــرا ئــېــيــتتىڭ ئوغلۇم ، بىز ھەزرىتى نەخشۋەندە پىرىمىنىڭ يولىدا مېڭىۋاتىمىز ، بىز كىشىلەرنىڭ بېشىغا چۈشكەن بالا ـ قازانىڭ بەدىلىگە ياشاۋاتىمىز ، ئەتىگەننىڭ سەدىقىسى قوبۇل بولىدۇ ، دېگەن گەپ بار… — بوۋاي چوڭقۇر ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى ـ دە ، نەۋرىسىگە زوق بىلەن قارىدى . ئۇ مەيۈس بىر كۈلگەندى ، ئۆسۈپ كەتكەن ساقال ـ بۇرۇتلىرى ئارىسىدىن شالاڭ ، سېرىق چىشلىرى كۆرۈنۈپ قالدى . ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن نەۋرىسىنىڭ تۇمىقىنى ئۈستۈن قىلىپ كىيدۈرۈپ قويدى . سۇلايماننىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن چوڭ كۆزلىرى ، قوشۇقتەك ، كىر باسقان يۈزى كۆرۈندى . ئۇنىڭ بوۋىسىغا مىدىرلىماي قاراپ تۇرغان كۆزلىرى : «بوۋا ، بىلىپ قوي ، مەن ئادەم بولۇۋاتىمەن ، ئادەم بولغاندا كارامەت ئادەم بولىمەن ، تومۇرۇمدا ئاتامنىڭ قېنى بار !» دەۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى .

ئۇلار كوچا بېشىدىكى تۇرالغۇسى — ياقۇپ ناۋاينىڭ تونۇرىغا قاراپ مېڭىشتى . بوۋاي تونۇرنىڭ قار ئاستىدا قالمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى ، كوچىدا ھەر كۈنى نۇرغۇن مەينەتچىلىكلەر دۆۋىلىنىپ تۇراتتى ، لالما ئىتلار ئۇنى تاتىلاپ ، ھەممە يەرنى بۇلغايتتى . ئۇنىڭ سېــســىــق پۇرىقى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى بۇلغىسا ، مەينەتلىرى پاچاقلىرىغا چاپلىشاتتى .

بۈگۈن ئەتىگەن ياغقان قار بۇ مەينەتلىكلەرنى پۈتۈنلەي يوشۇرۇپ ، زېمىننى پاكلاشتۇرۇپ قويغانىدى .

## 2

بۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇن غازى بوۋاينىڭ ئوغلى نىياز «تاغ ئوغرىلىرىنىڭ شېرىكى» بولغاچقا دارغا ئېسىلىپ ، سىرتماقتا

ئۆلتۇرۇلدى ، ئۆلۈكى سازايى قىلىندى ، كېلىنى بۇزەيىنەپ ئاۋۋال زىنىدانغا تاشلاندى ، كېيىن ئامبالغا دېدەك قىلىنىپ ، هايال ئۆتمەي ئۆلۈكى داۋزا قومدىن چىقتى . غازى بوۋاي شۇنىڭدىن بېرى نارەسىدە نەۋرىسىنى ئېلىپ سەرسان بولۇپ ، ياقا يۇرتلاردا يۇردى ، كېيىن هۆكۈمەتنىڭ ئۆپكىسى بېسىلغاندا ، يەنە قولتۇق تايىقىنى توكۇلدىتىپ ، نەۋرىسىنى ئەگەشتۇرۇپ يۇرتىغا قايتىپ كەلدى .

ئۇلار قارلىق كوچىلارنى تۈگىتىپ ، ئۆزىنىڭ تۇرالغۇسىغا يېتىپ كېلىشتى . تونۇر بېشىدا بۇلارنىڭ كونا هەمراهلىرى — توقۇز - ئون جۇلدۇر كېپەن يېتىمچىلەر تارتىپ چىقىرىلغان قوقاسىنى چۆرىدىگەن هالدا ۋارقىرىشىپ - جارقىرىشىپ ئولتۇرۇشاتتى ، ئۇلارنىڭ بۇ هالىتى كىشىگە خۇددى قىر بېشىغا قونۇۋالغان بىر توپ توك قاغىلارنى ئەسلىتەتتى .

غازى بوۋاي بىلەن سۇلايمان ئوتىسىنىماق بولۇپ كېلىۋىدى ، سىغقۇدەك يەر قالماپتۇ ، هەممىسى غېمىدە يوق ، ئۆز گېپى بىلەن . بىرى : بۇگۇن بىر يەردە ئىشلەپ قورسىقىنى باقالماي كەلگىنىدىن زارلانسا ، يەنە بىرى بىر بايۋەچچىنىڭ دېدىكى بىلەن ئاشنا بولغانلىقى هەققىدە سۆزلەيتتى ، يەنە بىرى بولسا بەدەنلىرىنى كارتىلدىتىپ قاشلاپ ، قويىنىدىن ئالغان پىتنى يەتمىش پۇشتىغىچە تىللاپ ، قاغاپ ئوتقا تاشلايتتى .

سۇلايمان چىشلىرى كاسىلداپ تىترىگەن هالدا شۇمشىيىپ بوۋىسىغا قارىدى . غازى بوۋاي ئۆز پاراڭلىرى بىلەن بولۇپ كەتكەن مۇساپىرلارغا زەن سېلىپ ، بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن كانىيىنى يېنىككىنە قېقىپ قويۇۋىدى ، باشقىلار يەنىلا تۇيمىدى . ئۇلار ئارىسىدا ئولتۇرغان يوغان سالۋىرىنىڭ ئۇستى ئۆتكەمىدەك ئۆتمىتۆشۈك ، چۇپۇرلىرى چىقىپ تۇرغان بىرى ئورنىدىن دەرس تۇردى ، ئۇنىڭ ئېتى تۇرغۇن ئىدى .

— ۋوي غازى ئاتام كەپتۇ ، ۋاي ئىسىت ، كەلسىلە غازى ئاتا ، توڭلاپ ياپراقتەك تىترەپ كېتىپلا ، كەلسىلا ، ماۋۇ مېنىڭ ئورنۇمغا كەلسىلە ، — دېدى ئۇ تەكلىپ قىلىپ . تۇرغۇننىڭ

گېپىنى ئاڭلاش بىلەن باشقا مۇساپىرلارمۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ غازى بوۋاينى قوقاسىنىڭ يېنىغا ئولتۇغۇزۇشتى.

— بوۋا سالامەت كەلدىلىمۇ؟

— بوۋا، بەك توڭۇپ كېتىپلا، بىز ياش جېنىمىزدا ئوتقا قاقلىنىپ ئولتۇرۇپمۇ ئىسسىمايۋاتىمىز، سىلىزە، تازا پىشقان ئادەمدە.

شۇ چاغدا سالۋالىق ھومىيىپ زەردە قىلدى:

— ئاش كەلسە ئىمان قېچىپتۇ، دېگەندەك بايا بېشىمىزدا قاراپ تۇرسا، بىرىڭىزمۇ مىدىرلاپ قويۇشمىدىڭ، ئەمدى قاپاقتىن سۇ تۆكۈلگەندەك كولدۇرلىشىپ كېتىشتىڭغۇ!؟

يېتىمچىلەردىن بىرى:

— ھەي تۇرغۇن، نىيىتىڭ نېمىدېگەن يامان ـ ھە؟ مۇشۇنداق دەپ غازى ئاتامغا ياخشى كۆرۈنۈپ، جىقراق نان ئالارمەنمىكىن دەپ ئويلاۋاتىسەنغۇ دەيمەن، بولدى، ئۇنچىۋالا قىلىپ كەتمە، — دېدى چاقچاق بىلەن.

— قارنىڭنى دېمىسەڭ سەنمۇ بۇنچىۋالا قىلمىغان بولاتتىڭ، — دېدى تۇرغۇن بوش كەلمەسلىككە تىرىشىپ.

غازى بوۋاي يېنىدا ئوتىسىنىپ ئولتۇرغان نەۋرىسىگە ئىشارەت قىلىۋىدى، ئۇ خۇرجۇندىكى نانلارنى مۇساپىرلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بەردى. مۇساپىرلار خۇشال بولۇشۇپ، پارچە نانلارنى ئىشتىھا بىلەن يېگىلى تۇردى. بوۋاي قوينىدىن يەنە بىر پارچە نان ئېلىپ تۇرغۇنغا بەردى.

— رەھمەت بوۋا، سىلىدەك مېھىر ـ شەپقەتلىك ئادەمگە خۇدايىم ئايرىم بىر جەننەت يارىتىپ ئەكىرىسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ… ھى… ھى… ھى… — دېدى تۇرغۇن بوۋايغا سەجدە قىلغۇدەك بولۇپ، باشقا يېتىمچىلەر پىخىلداپ كۈلۈشتى. غازى بوۋاي:

— ياغلىما گەپنى ئاز قىل، — دېدى خىتاب قىلىپ، — شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ باشقىلار ساڭا كۆن بەرمەيدۇ.

بوۋايغا قورقۇمسىراپ قارىغان تۇرغۇن بىچارىلەرچە بىرنى ھىجايدى ـ دە ، قولىدىكى ناننى يالماپ يېيىشكە باشلىدى . بوۋاي مەيدىسىنى ئۇتقا قاقلىغاچ مۇساپىرلارنىڭ نان يېيىشىگە زەن سالدى . ئۇ شۇ تاپتا بۇلارنىڭ قورسىقىغا نان تېپىپ بېرەلىگەنلىكىدىن مەمنۇن ئىدى .

— غازى ئاتا ، بىر ھېكايە سۆزلەپ بەرمەمسىز ، — دېدى ، مۇساپىرلاردىن بىرى .

— ھە راست ، شۇنداق قىلسىلا غازى ئاتا ، — دېيىشتى باشقىلارمۇ .

— بىلىدىغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بولدۇم ، ئەمدى مەندە ھېكايە قالمىدى ، — دېدى غازى بوۋاي .

— غازى ئاتا ، پۈتىڭىزنىڭ نېمە ئۈچۈن مېيىپ بولۇپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بەرسىڭىز قانداق ؟ — دېدى توپ ئىچىدىن بىرى .

— ھە راست ، پۈتىڭىز نېمىشقا مۇشۇنداق ئاجىز بولۇپ قالغان ؟ — دەپ سورىدى باشقىلارمۇ قىزىقىپ .

ئۇلار نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بوۋاينىڭ شۇنچە قىزىق ھېكايە ـ چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بېرىپ ، پۈتى ھەققىدە گەپ قىلمىغىنىدىن ھەيران قېلىشتى .

— ھەي !… سۆزلەپ كەلسەم گەپ تولا ، يۈرەك ئېچىشىدۇ !… — دېدى غازى ئاتا ، چوڭقۇر ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ .

— ياش ۋاقتىڭىزدا تامدىن ئارتىلىپ قاچىمەن دەپ پۈتىڭىزنى سۇندۇرۇۋالغانمۇيا ؟

ۋىجىككىنە كەلگەن سېرىق يۈزلۈك يىتىمچىنىڭ بۇ چاقچىقى ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈۋەتتى ، ھەتتا غازى ئاتىمۇ كۈلۈپ سالدى .

— ھەي ئاغىنىلەر ، كەلسە ـ كەلمەس گەپلەرنى ئاز قىلىڭلار جۇمۇ ! غازى ئاتام سىلەرنىڭ چاقچاق قىلىپ ئوينايدىغان كىچىك

بالاڭلار ئەمەس، ئاتىمىز يوللۇق، خىزىردەك ئۇلۇغ ئادەم، — دېدى تۇرغۇن، «كارت» قىلىپ سوزۇپ بىرنى كېكىرىۋەتكەندىن كېيىن.

— ئەمدى خۇشامەت قىلساڭمۇ بېرىدىغىنى تۇگىدى.

— سەن دېمىسەڭمۇ بىز بىلىمىز، — يېتىمچىلەر ھەر تەرەپتىن تۇرغۇنغا ھۇجۇم قىلىشتى، سالۋالىق غىدىق - پىدىق قىلىپ جىم بولدى.

غازى ئاتا بىردەم خىيال سۈرۈپ كانىينى قىرغاندىن كېيىن سۆز ئالدى:

— بالىلىرىم، ئەمدى ئېيتمىسام بولمىدى، — دېدى ئۇ، چىڭگىلماچ ساقىلىنى سىلاپ قويۇپ، — ھەممە ئەزالىرىم ساق قاۋۇل بىر يىگىت ئىدىم، «مەن» دېسە «مەن» دەپ مەيدىسىگە ئۇرۇپ يۈرىدىغان دولاننىڭ نوچىلىرىدىن ئىدىم، «غازى دولان» دېسە، ئالتە شەھەردە تونۇمايدىغان ئادەم يوق ئىدى. بەرجەس نوچى يىگىتلەردىن بىرنەچچىسى خىزمىتىمنى قىلاتتى. يىگىتلىرىمنى باشلاپ، ما تەرىپى مارالبېشى تۇمشۇقتىن ئاقسۇغىچە، ئا تەرىپى قەشقەر، خوتەنلەرگىچە يۈرۈپ چېلىشاتتىم، ھېچكىم تارغىقىمنى يەرگە تەگكۈزەلمىگەن، بەزىلىرى غازى دېسە بەل قورۇشمايلا سورۇننى بېرەتتى. مەن دائىم ئوۋچىلىق قىلاتتىم. بىر يىلى ياۋا تـوڭـگـۇز دېھقانلارنىڭ زىرائەتلىرىنى ۋەيران قىلىۋەتتى. ئەل - جامائەت دۇئا بېرىپ مېنى ياۋا تۇڭگۇزنى تۇگىتىپ بەرگىن دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ياۋا توڭگۇز ئوۋلاشقا كىرىشتىم. كۈنلۈكى ئىككى - ئۈچنى ئۆلتۈردۈم. يۈرت ئىچى ياۋا توڭگۇزنىڭ ئەندىشىسىدىن خالاس بولغىلى تۇردى. بىر كـۈنى كـەچ مېنى پالاكەت باستى، قوناقلىقنى ئارىلاپ جىرىڭلىما تەرەپكە ئۆتۈپ قاپتىمەن، ياۋا توڭگۇزنىڭ تازا يوغىنىغان — بىر ئەركىكىگە ئۇچراپ قالدىم، مىلتىقىمنى ئوقلاپ، چېنەپ ئېتىۋىدىم، كاساپەت شۇئان غالجىرلىشىپ ماڭا ئېتىلدى، مىلتىقىمنى قايتا ئوقلاشقا

ئۆلگۆرەلمىدىم . چۈنكى ئۇ يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى ، قېچىشنىڭ ئامالى يوق . مىلتىقنىڭ بىر يېرىم گەز كېلىدىغان يۇلغۇن دۇشالقىسى بىلەن ئۇنىڭ قارنىغا كۆچەپ بىر ئۇرۇۋىدىم ، توڭگۇز غەزەپ بىلەن قاتتىق بىر چىرقىرىدى ـ دە ، دۇشالقىنى سۇندۇرۇۋېتىپ ماڭا تاشلاندى . كۆزلىرىمگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي قالدى ، مېڭەمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى . ئەلنىڭ دۇئاسى بىلەن ، ئاللا تائالا مەدەت قىلدىمۇ ، بىر كەمدە توڭگۇزغا مىنىپ قاپتىمەن . شۇ ئارىدا ئىككى يوتامنى ، كاسامنى ئۇنىڭ قىلىچى يېرىۋېتىپتۇ ، قاتتىق غەزىپىم كەلدى ، كۆزۈمگە ھېچنېمە كۆرۈنمىدى ، خەنجىرىمنى قىنىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ ، توڭگۇزنىڭ قارنىغا ، قولاق تۈۋىگە پاتۇردۇم . ئۇزاق ئۆتمەي بۇ كاساپەت يىقىلىپ ، خارقىراپ ياتتى . شۇ چاغدا مەنمۇ ھالىمدىن كېتىپتىمەن .

— غازى ئاتا ، يۈتىڭىز شۇ چاغدا ناكا بولغانمۇ ؟ — سورىدى يېتىمچىلەردىن بىرى سۆز ئارىلاپ .

— ياقەي ، تەخىر قىلىپ ئاڭلىمامسەن ، — دېدى بوۋاي داۋام قىلىپ ، — ئۈچ ئاي دېگەندە ، سەللىمازا ساقايدىم . يۇرت ئىچىدە يەنە بىر ئەنسىزلىك پەيدا بولدى : «بىر بۆلۈك بەدنىيەت چېرىكلەر ئىسيانچىلاردىن زەربە يەپ ، دەريادىن ئۆتۈپ ، مەكىتكە قاراپ كېلىۋېتىپتۇ ، ئۇلار كەلسە ئەلنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ ، ئۆيلەرگە ئوت قويارمىش ، خوتۇن ـ قىزلارغا چېقىلارمىش . ئايىغى تەگكەن يۇرتلارنىڭ ھەممىسىدە شۇنداق قىپتۇ !» دېگەندەك مىش ـ مىش گەپلەر ئۆلغايدى . راست دېگەندەك دەل شۇ چاغدا ، جەرەندۆڭدىن نىياز بەگ ، ئويبوغدايدىن ئەزىز بەگھاجى ، دۈشەنبە بازاردىن ياقۇپ بەگلەر كېلىشىپ ، يۈتكۆل دولان خەلقىنى باشلاپ چىقىپ ، بۇلاڭچى چېرىكلەرنى دولان زېمىنىغا ئاياغ باستۇرماسلىققا كېلىشىپتۇ . ئاز كۈن ئىچىدىلا يۈتكۆل دولان تەۋرەپ كەتتى . ئون مىڭغا يېقىن ئادەم توپلىنىپ ، قوللىرىمىزغا ئارا ـ توقماق ئېلىپ ، ئات ـ خېچىرى بارلار ئات ـ خېچىرىمىزغا ، ئېشىكىمىز بارلار

ئېشىكىمىزگە مىنىپ جەڭگە ئاتلاندۇق .

مارالبېشى چېگرىسىدىكى جاڭگالدا شۇنداق تۇتۇشتۇقكى ، بىزنىڭ ئارا ـ توقماق ، قىلىچ ، ئوقيا ، قارا مىلتىقلىق مىغىلداپ تۇرغان ئادەم توپىمىز بۇلاڭچى چېرىكلەرنى ئانىسىدىن تۇغۇلغىنىغا پۇشايمان قىلدۇرۇۋەتتى . ئۇلار ئالاقزادە بولۇپ پىلىموتلىرىدىن ئوق ياغدۇرغىنىدا بىز ئاتلىرىمىزنى ئۇياق ـ بۇياق چاپتۇرۇپ ، چاتقاللىق ئارىسىدا كۆرۈنۈپ ـ كۆرۈنمەي چوقان سېلىشتۇق . ئۇ توخۇ يۈرەك چېرىكلەر قورقۇنچلىقىدا بولۇشىغا ئوق ياغدۇردى . ئاخىر ئوقى تۈگىدى ، بەدەر قاچتى . ئۇلار قانچە قىلىپمۇ قويۇق توغراقتىن چىقالمىدى ، بىز خۇددى ئوغلاق ئوينىغاندەك ياكى توشقان ئوۋلىغاندەك ئۇلارنى تىرىپىرەن قىلىپ ، ئۆلۈكىنى توغراقتا ئوغۇت قىلىۋەتتۇق . ئاشۇ جەڭدە ساق يىگىرمە ئۈچ خاۋارىچىنىڭ مىڭىسىدىن تۇتۇن چىقىرىپ ، ئۆلۈكىنى جاڭگالدا قويغانمەن . بۇ ئارىدا سۆزلەپ كەلسەم گەپ تولا… شۇنداق قىلىپ كېيىنكى كۈنلەردە ئىسيانچىلارغا ئەسكەرمۇ بولدۇم . بىر قېتىملىق جەڭدە پۇتۇم پارتلاپ كېتىپ ، جېنىمدىن ئايرىلغىلى تاس ـ ماس قالدىمۇ ، ياخشى ئەجىلىم توشماپتىكەن ، لېكىن بىر پۇتۇمدىن ئايرىلدىم . بىر كۈنلەردە «ئىسيانچىلارغا ئەسكەر بولغانلارنىڭ كاللىسى ئېلىنىپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاش بىلەنلا ، بالا ـ چاقامنى ئېلىپ ، تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىگە ئۆزۈمنى ئالدىم . بىرنەچچە زامان تاكاس ، خېنيا جاڭگاللىرىدا ئوۋچىلىق بىلەن جاھاندارچىلىق قىلدىم ، كېيىنكى كۈنلەردە ھۆكۈمەتنىڭ ئۆپكىسى بېسىققاندا يۇرتقا قايتىپ چىقتىم .

## 3

قار ياغقانغا ئىككى ھەپتە بولدى ، تېخى توختىمىدى . تونۇر بېشىغا توپلىنىدىغان يېتىمچىلەر كۆپەيدى . باشقا ئاشپەز ـ ناۋايلار

ئۇلارنى دۇكانلىرىنىڭ يېنىغا يېقىن يولاتمايدۇ . ياقۇپ ناۋاي ياقا يۇرتلۇق مۇساپىر كىشى بولغاچقا غېرىب ـ مىسكىنلەرگە ئۆزىنىڭ تونۇر بېشىنى قونالغۇ قىلىشقا رۇخسەت قىلدى ، بەلكى ئانچە ـ مۇنچە نان ئاچىقىپ ئۇلەشتۇرۇپمۇ بېرىدۇ . مەدىكار لازىم بولغانلار مۇشۇ يەرگە كېلىدۇ ، شۇنىڭ ئۈچۈن يېتىمچىلار بۇ يەرنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى پاناھلىق جاي ھېسابلايدۇ .

بۇ كوچا يېتىمچى كوچىسى . مانا ئەمدىلىكتە بولسا مەدىكار بازىرى بولۇپ قالدى . بۇ يەردىكى يېتىمچىلار ھەرقانچە ئىشلەمچىلىك قىلسىمۇ يەنىلا قورسىقى ئاچ ، ئۈچىسى يالىڭاچ كۈن ئۆتكۈزۈشىدۇ . قىش كىرگەندىن بېرى تېخىمۇ شۇنداق بولۇپ كەتتى . ئۇلارنىڭ قورساق غېمىنى ئازراق بولسىمۇ غازى بوۋاي قىلىدۇ . ئۇ ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە ھاسىسىنى تۇكۇلدىتىپ يۇرۇپ تىلەيدۇ . تاپقىنىنى تونۇر بېشىدىكى قوقاسقا قاقلىنىپ ئولتۇرۇپ تەڭ يەيدۇ ، شۇڭا يېتىمچىلەر غازى بوۋاينى ئاتىسىدەك قەدىرلەيدۇ .

ماۋۇ كېلىشمەسلىكنى دېمەمدىغان ، بوۋاي ئۇشتۇمتۇت ئېغىر بىتاپ بولۇپ قالدى . قارىغاندا ئۇنىڭ ئۆمرى ئۇزاققا بارمايدىغاندەك قىلاتتى . ئۇ يېتىپ قالغاندىن كېيىن ، بۇ يەردىكى مۇساپىرلارنىڭ كۆڭلى ئېغىرلاشتى . سۇلايمان كۆزلىرىدىن ياش ئېقىتىپ مېھرىبان چوڭ ئاتىسىنىڭ يېنىدىن ئايرىلمايتتى . مۇساپىرلار بولسا بوۋاينىڭ كېسىلىگە ئالادىن شىپا تىلەيتتى . يېتىمچىلەرنىڭ ئاھ ـ پەريادى بوۋاينىڭ يۈرىكىنى ئەزدى ، ئۇ نۇرى ئۆچكەن كۆزلىرىنى ئاران ئېچىپ ، قۇرۇپ گەز باغلىغان لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ ، نەۋرىسىگە ئاز ـ تولا نان تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇدى ، سۇلايمان ئەقىللىق ، ئايىغى يەڭگىل ، ياخشى بالا ئىدى . ئۇ چوڭ ئاتىسى ئېيتقاندەك قىلدى . ئەمما ئۇنىڭ ئەكېلىدىغىنى تايىنلىق بولاتتى . چۈنكى ئۇ چوڭ ئاتىسىدىن ئەنسىرىگەچكە پات ياناتتى .

# 4

ئەتىيازنىڭ ئىزغىرىن شاملى جۇل - جۇل كىيىملىك بىر جۇپ نىمجان ۋۇجۇدنى ھەرىدەك چېقىپ، تېنىنى قاتۇرۇشقا ئۇرۇناتتى.

غازى بوۋاي قولتۇق تاياقا تايىنىپ ئاران ئىلگىرىلەيتتى، سۇلايمان بولسا ئۇزىنىڭ ئاۋاق تېنىگە ئارتىۋالغان يوغان كىيىملىرى بىلەن پۇتىدىكى يەكپاي كەشىنى سۆرەپ، تەسلىكتە چوڭ ئاتىسىنى يۆلەپ ماڭاتتى. سوغۇقتىن ئۇنىڭ لەۋلىرى كۆكەرگەن بولۇپ، چىشلىرى كارسىلداپ تىترەيتتى. شىۋىرغان ئارىلاش جۇت شامال قوملارنى ئۇچۇرۇپ، سوغ بىلەن قوشۇپ ئادەمگە ئۇراتتى. بوۋاينىڭ چىرايلىرى ساماندەك سارغىيىپ، قاقشالدەك قېتىپ قالغانىدى، ئۇنىڭ نۇرسىز كۆزلىرى قارىماققا خاتىرجەملىك پەردىسىدە ئورالغىنى بىلەن، ئىنچىكە سەپسالغاندا ئاجايىپ قورقۇنچلۇق ئۇچقۇن يېلىنجاۋاتقانلىقىنى كۆرۈش مۇمكىن ئىدى، ئۇنىڭدىكى مېھرىبان نۇر سىيماسى ئەمدىلىكتە ئۇمىد ھەم ئۇمىدسىزلىك، جاسارەت ۋە ئارمانىنىڭ يوشۇرۇن كۆلەڭگىسى بىلەن ئالماشقان.

سۇلايمان لاغىلداپ تىترەپ تۇرغان بوۋاينى تىرەجەپ مېڭىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى توختىماي ئېقىۋاتقان ياشلاردىن قىزارغان، كىرلەشكەن مەڭزىدە ئۇششاق ياش ئېرىقچىلىرى پەيدا بولغانىدى. ئۇ ئىچ - ئىچىدىن بۇقۇلداپ يىغلىماقتا. نەۋرىسىنى ئەتلىمە گۆش ۋاقتىدىن تارتىپلا ئەسكى چاپىنى بىلەن قوينىغا سولاپ باققان، نەۋرىسى ئۇچۇن جان بېرىشكە تەييار بۇ چوڭ ئاتا مۇشۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى تاش يۈرەك بولۇپ كەتتى، سۇلايماننىڭ يىغىسى ئۇنى قىلچىمۇ ئېرىتەلمىدى. بەلكىم سۇلايمان مۇشۇ يېشىغىچە مۇنداق ھەسرەتلىك يىغىنى تۇنجى قېتىم يىغلاۋاتقاندۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چۈنكى، ئاتىسى دارغا ئېسىلىپ كاللىسى ئېلىنغاندا سەبىي كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ئىنسانلار ئارىسىدىكى بۇنداق قەبىھلىككە ھەيران بولۇپ تىكىلگەن، ئاتىسىنىڭ كاللىسى بىر قىلىچ بىلەن يەرگە دومىلىتىلغاندا، چىرايىدىن ياۋۇزلۇق چىقىپ تۇرغان، سېمىز قارا كىيىملىك جاللاتقا قاراپ ھاڭقىيىپ قالغان !...

ئانىسى: «ئوغلۇم، سۇلايمان !... جېنىم قوزام !...» دەپ ۋارقىرىغاندا ئۇ ئانىسىغا قاراپ چىرقىراپ يىغلىغان، ئەمما ھازىرقىدەك ھەسرەتلىك، ئاچچىق يىغلىمىغان.

ئۇ سوغۇقتىن — ئاچچىق شىۋىرغاننىڭ زەھەر تىللىق قامچىسىنىڭ بەدىنىنى تىلىشىدىن يىغلاۋاتامدىغاندۇ؟ ياق، ئۇ بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى چوڭ ئاتىسىدىن دەھشەتلىك بىر خەۋەر ئاڭلىدى. ئۇ تەقدىرنى باشقىچە قىلىپ قويىدىغان، بېشىغا ئەڭ كۆلپەتلىك كۈنلەرنى سېلىپ، كىچىككىنە ئاۋاق جىسمىنى مىجىپ سۇيىنى چىقىرىۋېتىدىغان كۈنلەر توغرىسىدىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق بىر خەۋەرنى ئاڭلىغانىدى. ئۇ يىغلاشقا ھەقلىق، يىغلىسۇن! مەرھۇم ئاتىسىنىڭ داردا چاچراپ چىققان كۆزلىرى ئۈچۈن يىغلىسۇن! قورساقلىرى يېرىلىپ، ئۈچەي - باغرى چۇۋۇلغان ئانىسىنىڭ كۆكسىدىكى ياۋۇز خەنجەر ئىزلىرىدىن بۇلۇقلاپ چىقىۋاتقان قانلار ئۈچۈن يىغلىسۇن!... چوڭ ئاتىسىنىڭ ھەر بىر مۇساپىر - يېتىمچىنى دەرمانسىز قوللىرى بىلەن قۇچاقلاپ، «خۇدايىمغا ئامانەت، رىزقىڭلارنى ئاللا كەڭرى قىلسۇن» دېگەن سۆزلىرى ئۈچۈن يىغلىسۇن!...

سۇلايمان ئۆزىنى يىغىدىن ھەرقانچە توختاتماقچى بولسىمۇ، توختىتالمىدى. ئۇ كۆكرىپ كەتكەن ئاستىنقى لېۋىنى قاتتىق چىشلىدى. ئۇنىڭ ئاق، ئۆتكۈر چىشلىرى ئىزىدىن قان تەپچىرىدى. بوۋاي ھازىر بۇ ھالنى كۆرمەيتتى. كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سالاتتى، ئاھ!... ئىلگىرى نەۋرىسىنىڭ كۆزىدە ياشنىڭ سايىسىنى كۆرسە سەكپارە بولۇپ كېتىدىغان بۇ ئاتا نېمە

بولدىكىنە ! ؟ ئەنە ئۇ ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزگەن ئاتا : «ئەجەل يېقىنلاشماقتا !... ئوغلۇم ، مەن ئاتاڭ بىلەن ئاناڭنىڭ ئىنتىقامىنى ئالماقچىمەن !... مەن ئىنتىقام ئالىمەن !... » دېگەن خىياللارنى قىلىپ يارماقتا...

## 5

تۈن قاراڭغۇسى ئۆز ئادىتى بويىچە زېمىننى يالماپ يۇتتى . يامۇلنىڭ قارا سىرلىق دەرۋازىسى قاراڭغۇلۇق بىلەن تازا ماسلاشقان بولۇپ ، زۇلمەت ئۇۋىسىدەك تولىمۇ ۋەھىمىلىك كۆرۈنەتتى .

كېچە خېلى بىر يەرگە باردى . ئۇلارنىڭ يامۇل دەرۋازىسى ئالدىدا ياتقىنىغا ئۈچ كۈن بولدى . بوۋاي ناھەق قەتلى قىلىنغان باللىرىنىڭ خۇنى ئۈچۈن يامۇلغا ئەرز قىلىپ ، ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلماقچى بولغانىدى ، ھەيدەپ چىقىرىلدى . ئۇ قەدىنى نىيەتكە كەلگەندى ، بىراق تېنى كېسەل ئازابىدىن ئاجىزلاپ كەتكەچكە يامۇل دەرۋازىسىنىڭ سەل ئوڭ يېنىدا سۇنايلىنىپ ياتتى . ئۇنى تەشنالىق تۇتتى . سۇلايمان بېلىدىكى كىچىك قاپىقىنى يېشىۋىدى ، بىر يۇتۇم سۇ چىقتى . بوۋاي تەشنالىقتا قانمىدى .

سۇلايمان مەسچىت يېنىدىكى كۆلدىن سۇ ئەكېلىشكە يۈگۈردى ، ئۇنىڭ يۈگۈرۈشى تەس ئىدى ، بەكپاي كەش ئۇنىڭغا ئېشكەل بولغانىدى . ئۇ ئېشكەلنى زەردە بىلەن ئېرىقغا تاشلىدى ، تاپىنىدىن كىرگەن سوغۇق مىڭىسىنى زىڭىلدىتىۋەتتى . ئۇ تېخى ئون ـ ئون بەش قەدەم ماڭا ـ ماڭمايلا دەرۋازا ئالدىدىن ئېچىنىشلىق بىر ئاۋاز ئاڭلاندى !

— ۋايجان ! !...

سۇلايمان ئارقىغا يېنىپ ، دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندە ، غازى بوۋاي ھاكىم ھارۋىسىنىڭ تۆمۈر چاقى ئاستىدا قانغا مىلىنىپ

جانسىز ياتاتتى .

— چوڭ ئاتا ! ...

سۇلايمان چوڭ ئاتىسىنىڭ جەسىتى ئۈستىگە ئۆزىنى ئاتتى .

## 6

تۇتەك قاپلىغان سەھەر .

يامۇل ئالدى ئادەملەر بىلەن تولغان . چېرىكلەر خەلقنى دەرۋازىغا يېقىن كەلتۈرمەي ھەيۋە بىلەن تۇرۇشاتتى . كىشىلەر غەزەپلىك كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىپ ، قانغا مىلىنىپ ياتقان غازى بوۋاينىڭ جەسىتىگە ، ئۇنىڭ يېنىدا دۇگدىيىپ ئولتۇرۇپ يىغلاۋاتقان ، كۆزلىرى ، جەندە كىيىملىرى قان بىلەن بۇلغانغان سۇلايمانغا قارىشاتتى .

قارا دەرۋازىنىڭ كىچىك ئىشىكى ئېچىلىپ ، ماۋزۇرلىرىنى يالىڭاچ ھالدا بېلىگە قىستۇرۇۋالغان توققۇز ـ ئون چېرىك چىقىپ ، دائىرە ھاسىل قىلىپ ، خەلققە ھومىيىپ تۇرۇشتى . ئاندىن سېمىز تاغار قورسىقى ساقچى فورمىسىغا پاتماي قالغان ساقچى باشلىقى قاسىم شېكەر ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كۆزەينەكلىك ئورۇق ھاكىم ، ئاندىن يۇرتنىڭ قاسقان سەللىلىك دىنىي زاتلىرى چىقىشتى ، ئۇلار ھەممىسى ئىنتايىن سىلىق ـ سىپايىلىك بىلەن خەلققە ئېگىلىپ سالام بەردى . خەلق «مىت» قىلىپ قويمىدى . ساقچى باشلىقى قاسىم شېكەر يوغان قورسىقىنى ئالدىغا چىقىرىپ ، قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ سۆزلەشكە باشلىدى :

— ئەھە ، خالايىق ، تىلەمچى بوۋاينىڭ يامۇل دەرۋازىسى ئالدىدا ھاكىم جانابلىرىنىڭ ھارۋىسى تېگىدە قازا قىلغىنىغا ھاكىم جانابلىرى ماتەم بىلدۈرىدۇ ، جامائەتكە ئۆزرە ئېيتىدۇ . ئەھە ، بۇ ھاكىم جانابلىرىنىڭ ئۇلۇغ ئىنسانپەرۋەر زات ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ...

توپ ئىچىدىن بىردىنلا غۇلغۇلا قوزغىلىپ كەتتى، ھاكىم خەلققە باش لىڭشىتىپ كۈلۈمسىرىدى.

سۇلايمان كۆز ياشلىرىنى تارام - تارام تۆكۈپ ئەسلەيتتى: ھاكىم غالجىرلىق بىلەن قاسىم شىكەرگە قولىنى شىلتىدى، سىرتماق تارتىلدى، ئاتىسىنىڭ بېشى قاسىم شىكەرنىڭ قولىدىكى قىلىچ بىلەن چېپىلدى! !... ھاكىم قولىنى شىلتىدى، خەنجەر ئانىنىڭ كۆكسىگە ئۇرۇلدى، ئانا قان ئىچىدە تولغىنىپ يەرگە يىقىلدى! !...

قاسقان سەللىلىك ئاخۇنۇم سۆز ئالدى:

— جامائەت، غەزەپ شەيتاننىڭ سۈيدۈكى، ئىماننىڭ دۈشمىنى، ئاللانىڭ تەقدىرىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ، ھەر بىر مۇسۇلمان قازاغا رازى بولۇشى لازىم. ئىنسان ئاللانىڭ مۈلكى، ئاللا بىر ئادەمنى خالىسا كۈلدۈرىدۇ، خالىسا ئۆلتۈرىدۇ، ئاللانىڭ بۇ ئىشىغا بەندىنىڭ ئارىلىشىشىغا رۇخسەت يوق، كىمكى ئارىلىشىدىكەن ۋاھىدىلقاھھارنىڭ غەزەپ لەنىتىگە گىرىپتار بولىدۇ. تىلەمچى بوۋاينىڭ جېنىنى ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن ئەزرائىل ئالدى، بۇنىڭغا ھېچكىم جاۋابكار ئەمەس، شۇنداقتىمۇ ئۇلۇغ ئىنسانپەرۋەر، مېھىر - شەپقەتلىك ھاكىم جانابلىرى مەرھۇم بوۋاينىڭ نەۋرىسىگە ئەللىك سەر كۈمۈش تەڭگە نەپىقە بېرىدۇ.

## 7

ئەتىيازنىڭ جۇدۇنلۇق كۈنلىرى ئاخىرلاشتى. جۇلدۇر چاپىنى ئۈستىدىن كىردىن قارىيىپ كەتكەن ماتا قارىلىق باغلىغان ئاۋاق سۇلايماننىڭ ئورۇق يۈزلىرىنى بىر قەۋەت قاسماق باسقان بولۇپ، چاچلىرى ئۆسۈپ چىگىشلىشىپ، يوغان كۆرەك تۇماقنىڭ ئەتراپىدىن چىققان قۇلاق، گەدەنلىرىنى ياپقانىدى. ئۇ چوڭ يەكتاي، يىرتىق كەشىنى سۆرەپ، پاتقاقلارنى شالاپشىتىپ

مەدىكارلار كوچىسىغا كەلدى. ئۇنىڭ كونا ئۇلپەتلىرى مۇساپىر-يېتىمچىلار ئۇ يەردە ئادىتى بويىچە قوقاسنىڭ ئەتراپىدا دۈگدىيىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار ئۆزئارا پاراڭلىشىپ ئاۋارە ئىدى، شۇڭا سۇلايمان خېلى يېقىنلاپ كەلگەن بولسىمۇ ئۇنى كۆرۈشمىدى. يېقىن كەلگەن سۇلايمان خېلى ئۇزاققىچە قاراپ تۇردى، ئۇلار يەنىلا ئۆز ھەلەكچىلىكىدە ئىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئاكىلار، — دېدى سۇلايمان ئاۋازىنى چىقىرىپ، سالام بېرىپ. يېتىمچىلار سۇلايمانغا دەرھال قاراشتى ۋە ھال سوراشتى. مۇساپىر-يېتىمچىلار سۇلايمان ئۈچۈن دۇنيادا تەڭداشسىز، مېھرىبان كىشىلەر ئىدى، ئۇنىڭ بۇلاردىن باشقا ھېچقانداق باشپاناھى يوق ئىدى، چوڭ ئاتىسىنىڭ دەپنە مۇراسىمىمۇ ئاساسەن مۇشۇ مۇساپىرلار بىلەن ئۆتتى، جىنازىنىمۇ مۇشۇ كىشىلەر كۆتۈرۈپ «ۋاي ئاتام» دەپ يىغلاشتى، يىغلىغاندىمۇ شۇنداق قاتتىق يىغلىدىكى، ئەتراپ مۇسىبەتنىڭ ھەسرەتلىك ساداسىدىن چاڭ كەلدى.

ئارىدا مەيدىلىرىنى سېرىق قوناقنىڭ ساقىلىدەك تۈكلەر باسقان كۆكسىنى ئوتقا قاقلاپ ئولتۇرغان، يېشى ئوتتۇز ئالتە-ئوتتۇز يەتتىلەردىكى بىر كىشى سۇلايماننى يېنىغا چاقىرىپ:

— كېلە بالام، كەل، نېمىگە قورقۇپ تۇرىسەن، ئىلگىرى بۇنچىۋالا قورقۇنچاق ئەمەستىڭغۇ؟ ئاجايىپ ئەقىللىق، زېرەك بالىتىڭ، چوڭلار ئويلىمىغان ئىشلارنى قىلاتتىڭ، ئەمدى سەن بىزنىڭ كىچىك باتۇرىمىز سۇلايمانغا ئوخشىماي قالدىڭ، ئاتا-ئاناڭ سېنى جانلىرىدىنمۇ ياخشى كۆرەتتى. رەھمەتلىك چوڭ ئاتاڭ پۈتۈن ئۆمۈر بويى ئەركىنلىك، ھۆرلۈك، تەڭلىك ئۈچۈن، ئاۋامنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن ياشاپ شېھىت بولدى. چوڭ ئاتاڭ ئاخىرقى ئۆمرىدە ئاتاڭ بىلەن ئاناڭنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىمەن دەپ، ئارمانغا يېتەلمەي قازا قىلدى. سەن ھۆرلۈك، ئادالەت قۇربانلىرىنىڭ پەرزەنتى تۇرۇپ، نەسلىڭنىڭ دۈشمىنى — قانخور

جاللاتلار بىلەن پۈل ئۈچۈن دوست بولدۇڭ...

سېرىق ئادەمنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ، قىزىل جىيەك قوڭۇر كۆزلىرىدىن سىرغىپ چۈشكەن ياش، ئۆسۈپ چاڭگىللىشىپ كەتكەن ساقاللىرى ئارىسىغا كىرىپ كەتتى، مۇساپىرلار باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ تۇرۇشتى، سېرىق كىشى سۇلايماننىڭ يېنىغا كېلىپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ مەڭزىدە توختاپ قالغان ياشنى يىرىك قوللىرى بىلەن سۈرتتى:

— ئوغلۇم، ئاتاڭ سەن تۇغۇلغاندا ئۆزى قىلالمىغان نۇرغۇن ئىشلارنى سېنى قىلالىسۇن، دۇنيادا سۇلايمان پادىشاھدەك ئادالەتچى بولسۇن دەپ ئارزۇلاپ، ئىسمىڭنى سۇلايمان قويغان بولغىيتتى بەلكىم. ئاتاڭ سېنى توققۇز ئاي قورساق كۆتۈرۈپ، ئاچچىق تولغاق يەپ تۇغۇپ، ئاق سۈت بېرىپ بېقىپ، قاتىلىم بىلەن دوستلاشسۇن دەپ ئارمان قىلمىغان بولغىيتتى، چوڭ ئاتاڭمۇ ئۆلۈكۈمنى ساتار دەپ ئويلىمىغان بولغىيتتى. مۇشتەك تۇرۇپ بۇنداق قارا يۈرەكلىكنى نەدىن ئۆگەندىڭ!؟

سۇلايمان ئۆزىنى بۇ مېھرىبان كىشىنىڭ قۇچىقىغا ئېتىپ، بار ئاۋازى بىلەن ئۇن قويۇپ يىغلىۋەتتى!...

— ئاكىلار... مەن... مەن... مېنى... — ئۇ گەپ قىلىشقا بار كۈچى بىلەن تىرىشسىمۇ ئاغزىدىن پەقەت گەپ چىقىرالمىدى، كانىيىنى غايىبانە بىر سىرتماق بوغۇپ قويغاندەك باشقا ھېچ نەرسە دېيەلمىدى، بوغۇزىغا كەپلىشىپ قالغان گېپى بولسا «ئاتا، ئانا... چوڭ ئاتا... ئاكىلار... بالاڭلار ئىنتىقام ئېلىش، ئاشۇ جاللاتلاردىن قىساس ئېلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلدى، مېنى چۈشىنىڭلار، ئاخىر ئىنتىقام ئالىمەن!... ئىنتىقام!!...» دېگەنلەر ئىدى.

— تۇفى يالغانچى نىجىس، ھارام تاماق ئاۋاق شۇم! ئىسىت غازى ئاتامنىڭ سەن شۇمغا قىلغان مېھرىبانلىقى، ئەگەر بۇ ئىپلاسلىقلىرىڭنى بىلگىنىدە، كىچىك چېغىڭدىلا بۆشۈكۈڭدە بوغۇپ ئۆلتۈرسە بوپتىكەن!؟ — ئارىدىن چاچراپ تۇرغان تۇرغۇن

سۇلايىماننى چۈجىنى قاماللىغان سادەك يۇلۇپ ئېلىپ، ئەسكى تۇماقتەك چۆرىمەكچى بولۇۋىدى، سېرىق كىشى ئۇنى توسۇپ قويدى، سالۋالىق سۇلايمانغا ئەلەم بىلەن چەكچەيدى. ئۇنىڭ ئىسلاشقان بەتبەشىرە چىرايى ئېپىقىنىڭكىدەك سۇرلۇك تۇسكە كىرگەنىدى، سۇلايمان قورققىنىدىن لاغىلداپ تىترەپ كەتتى:

— ئاكا - ئاكا! سەن!...

سالۋالىق سۇلايماننىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ تارتقۇچلاپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— يوقال، ئەسلىنى يوقاتقان ئىپلاس شۇم! بىلەمسەن، چوڭ ئاتاڭ رەھمەتلىكنىڭ ئۆلۈكىنى ئەللىك سەر ئاق تەڭگىگە ساتتىڭ، چوڭ ئاتاڭنىڭ نامىنى پۇلغا ساتتىڭ، قارنىڭ يېرىلىدىغۇ سېنىڭ! ئاكىلىرىڭ، شۇنچە ئەل - جامائەت تەڭگىنى ئالما دېسە، پۇلنى كۆرۈپ ھەممىنى ئۇنتۇدۇڭ، ھېچكىمنىڭ گېپىگە كىرمىدىڭ. مەرھۇم غازىكامنىڭ روھى ئۇرسۇن سەندەك ۋاپاسىز ھايۋاننى، يوقال كۆزۈمدىن!...

ئۇ سۇلايماننى يەردىن يۇلۇپ ئېلىپ، ئۆزىدىن بەش - ئالتە گەز يىراقلىققا چۆرۈۋەتتى، ئۇنىڭ كانىيى بوغۇلۇپ خىرىلداپ قالغانىدى. بۇ قېتىم سېرىق ئادەممۇ ئۇنى توسمىدى. باشقا مۇساپىرلارمۇ ئۇن - تىنسىز يەرگە قارىشىپ ئولتۇرۇشتى. تۇرغۇننىڭ چىرايى قورقۇنچلۇق تۇس ئالغانىدى، ئۇ شۇ تۇرقىدا بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، بېشىنى چاڭگاللاپ ھۆركىرەپ يىغلىغانچە ئىزىدا ئولتۇرۇۋالدى.

ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى مۇساپىرلارنىمۇ يىغلىتىۋەتتى. ھەممىسى سۇلايمانغا غەزەپ - نەپرەت بىلەن غۇدۇراشتى. بۇ چاغدا تۇرغۇننىڭ ئىچىدە ھەر خىل يامان خىياللار ھۆكۈم سۇرمەكتە ئىدى. سۇلايمان شاراقلاپ تۇرغان ئەللىك سەر ئاق تەڭگىنى ئالغان چاغدىلا ئۇنىڭ ئىچىگە بىر پارچە ئوت كىرىۋالغانىدى. ئۇ دەسلەپتە سۇلايماننى خالىي بىر يەرگە ئاپىرىپ، پۇلنى تارتىۋېلىپ بۆلەك يۇرتقا قېچىپ

www.uyghurkitap.com

كەتمەكچى بولدى . لېكىن ساقچى باشلىقى سۇلايماننى پاناھىغا ئېلىۋالدى ، بۇ خۇددى ئوغرىنى قاراقچى ئۇرغاندەك بىر ئىش بولدى . ساقچى باشلىقىمۇ سۇلايماننىڭ پۇلىنى دەپ ئۇنى پاناھىغا ئالغانلىقىنى ، بەربىر ئاخىر قوغلايدىغانلىقىنى ئۇ ئېنىق بىلەتتى . بۇ ئىشتىن ئۇنىڭ زەردىسى قايناپ ، سۇلايماننىڭ يالغۇز پەيتىنى كەلتۈرەلمەي ، ئارقىسىدىن پايلاپ يۈرەتتى . ئىش ھېچ ئوڭىنى بەرمىدى . سۇلايمان ئادەم مىغىلداپ تۇرغان چوڭ كوچا بىلەن مېڭىپ يا ساقچىغا ، ياكى يامۇلغا كىرىپ كېتەتتى ، بەزىدە ھاراق دۇكىنىدىن ھاراق ئالاتتىيۇ ، ئۇدۇل ساقچىغا كىرىپ كېتەتتى . تۇرغۇن مەخپىي ھالدا ئەگىشىپ يۈرۈۋەردى . ئىش ئوڭدىن كەلمىدى . ئىچىگە كىرىۋالغان ئوت ئۇنى ئۆرتەپ باراتتى ، شاراقلاپ تۇرغان ئاق كۈمۈش تەڭگە كۆز ئالدىغا كەلسىلا ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ كېتەتتى ، ئۇ ۋاقىتنىڭ ئۈزىراپ كېتىشىنى خالىمايتتى . چۈنكى ، بىر كۈن ئۈزارسا سۇلايماندىكى ئاق تەڭگە بىر ھەسسە خورايتتى ، ئويلىمىغان يەردىن سۇلايماننىڭ بۈگۈن بۇ يەرگە كېلىپ قالغىنىنى كۆرمەمدىغان ؟ !

«ئۇ ھازىر سۇلايماننى قوغلايدۇ ـ دە ، ئارقىسىدىن بېرىپ مەقسىتىگە يېتىدۇ ، بىراق ، ئۇنى ئارقىدىن قوغلاپ ماڭسا ماۋۇلار گۇمانلانامدۇ ؟...» ئۇ مانا شۇنداق خىياللار ئىلكىدە ، تەلىيىنىڭ كاجلىقىغا يىغلىماقتا ئىدى .

سۇلايمان يەرگە يېنىچە چۈشتى . قوينىدىكى كۈمۈش تەڭگىلەر ئۇنىڭ گۆشسىز بەدىنىگە پېتىپ ، سېرىق ئېشەك چاققاندەك ئاغرىتىۋەتتى . لېكىن ئۇ ۋايسىماي ، تولغىنىپ ئورنىدىن تۇردى . ئولتۇرغانلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدى ، ئۇنى يۆلەپمۇ قويمىدى . قوينىدىكى مېتال پۇللار چوڭ ئاتىسىنىڭ ھاسىسىدىنمۇ قاتتىق ئىدى . كىم بىلىدۇ ، سۇلايمان قىساس ئالالماي ، كىشىلەرنىڭ ھازىر بەرگەن باھاسى ، لەنەت ـ نەپرىتى راستقا ئايلىنىپ ، رەھمەتلىك ئاتا ـ ئانىسى ، چوڭ ئاتىسىغا مەڭگۈ يۈز

كىلەلمەمدۇ ، تېخى !...

ئۇ يىغلىمىدى . ئۇ ئۇن گەز يىراقتا ئۆزىگە لەنەت بىلەن قاراپ تۇرغان مۇساپىرلارغا بىر ھازا قاراپ تۇردى . ئۇنىڭ كىچىككىنە يۈرىكى سۇسىز كۆلچەكتە قالغان نىمجان بېلىقتەك تىپىرلاپ يىغلىماقتا .

ئۇ قويىنىدىن چوڭ ئاتىسىنىڭ ئۆلۈكىنى ساتقان پۇلنىڭ ئازراق ، ناھايىتى كىچىككىنە بىرقىسمىغا سېتىۋالغان بىرنەچچە گىردە ناننى ئېلىپ :

— ئاكىلار ، مەن سىلەرگە نان ئەكەلگەنىدىم ، — دېدى بوغۇق ئاۋازدا . شۇئان مۇساپىرلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ كەتتى . ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى بايىقى نەپرەتلىك تومانلاردىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى . ئۇھ... شۇ ئاچ قورساق ئۇلارنىڭ ۋىجدانىنى ، قەسەملىرىنى يالماپ تاشلىغاندەك ئىدى ، ئۇلار سۇلايمانغا قاراپ يۈگۈرۈشتى .

— توختاش ، لەنىتى دەيۈزلەر !... ئۇ نان توڭگۈزنىڭ پوقىدىنمۇ ھارام ! ئۇ ناننى قايسىلىڭ يېسەڭ رەھمەتلىك غازى توكۈرنىڭ گۆشىنى يېگەن بىلەن ئوخشاش بولىسەن ! ئادەم گۆشى ھارام . يەر يۇتقۇر شۇم ئۇ نانلارنى چوڭ ئاتىسىنىڭ ئۆلۈكىنى ساتقان پۇلغا ئالغان !... — باياتىن بېرى يىغلاۋاتقان تۇرغۇن ئورنىدىن سەكرەپ قوپۇپ ، بار ئاۋازى بىلەن سۆزلەيتتى . ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنچىلىك چىقتىكى ، ئۇزاقتىن - ئۇزاق ئەكس سادا پەيدا قىلدى . ئىتلارمۇ بۇ غەزەپلىك سادادىن چۆچۈپ ئويغىنىپ ھۇۋلاشقا باشلىدى . مۇساپىرلار ئىزلىرىدا توختاپ ، باشلىرىنى تۆۋەن سېلىشتى ، ئۇلارنىڭ خۇشاللىق ، ئۈمىد نۇرلىرى ئەكس ئەتكەن چىرايلىرى شۇئان تۇتۇلدى ، ئۇلار ئۆپكىدەپ يىغلاۋاتقان ھەمراھى تۇرغۇنغا مەيۈسلۈك بىلەن قاراشتى . ئۇ خىرىلداپ سۆزلىمەكتە ئىدى :

— بۇرادەرلەر ، ھارام نەرسىنى يېيىش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن

ئۆلۆمدىنمۇ يامان ، ئادەم گۆشىنى يېيىش تېخىمۇ شۇنداق ، بولۇپمۇ ھۆرمەتلىك ئاتىمىز غازى توكۇرنىڭ گۆشىنى يېيىش بىز ئۇچۇن نومۇس . ئۇ ھايات ۋاقتىدا بىزنى ئاچ قويمىغان ، ئۇ ئۆلسە بىز ئۇنىڭ گۆشىنى يېمەيلى ، بۇگۇن كېچىنى ئاچ قورساق ئۆتكۈزسەك غازى ئاتىمىزنىڭ روھى بىزدىن خۇش بولىدۇ ، ئۇ دۇنيادىمۇ يۈزىمىز ئۇنىڭ ئالدىدا يورۇق بولىدۇ .

سۇلايماننىڭ قولىدىكى نانلار يەرگە — ئالدىدىكى پاتقاقتا چۇشۇپ كەتتى . ئۇ لېۋىنى قاتتىق چىشلىدى ـ دە ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ، قەدىناس يەكپاي ئۆتۈكىنىڭ چۇشۇپ قالغىنىغا قارىماي يۇگۇرگىنىچە كوچا بويلاپ كەتتى ، ئۇ شۇنداق تېز يۇگۇردىكى ، بىردەمدىلا ئۇنىڭ ئاۋاق جىسمى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولدى .

## 8

خۇپتەن ۋاقتى بولغانىدى . گازۋاي لامپا قاسىم شېكەرنىڭ پاكىز قىردۇرۇۋالغان بېشىنى يورۇتۇپ پارقىرىتىۋەتكەنىدى ، ئۇنىڭ ئۆي ، خوتۇن ، بالا ـ چاقىلىرى يېزىدىكى كەگرى زېمىنىدا . ئۇ نۇرغۇن زېمىن ، ھېسابسىز مال ـ مۇلۇك ، كۆپلەپ ئىشلەمچىلەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ . ئۆزى ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى ئىچىدە ياتاق تۇتۇپ ، يېتىپ قوپىدۇ . كەچتە بولسا قانغۇچە ئىچىپ ، خالىغىنىچە ئاشنا ئويناپ ، ئەيش ـ ئىشرەت قىلىدۇ...

بىر كومزەك ھاراق كۆتۇرگەن سۇلايمان ياتاققا كىرىپ كەلدى .

كومزەكنى كۆرۈپ خۇشاللىنىپ :

— كەل ، شاكىچىك كەل ، يارايسەن ـ دە ، — دېدى قاسىم شېكەر ، — بىر كومزەك ئەكەلدىڭمۇ ؟ ھادى پونىككىدىن ـ ھە ؟

سۇلايمانمۇ ئۆز ئىشىدىن ھۇزۇرلىنىپ سۇنئىي ھىجايدى .

ئۇنىڭ يۈز ـ قوللىرى پاكىزلانغان ، ئورۇق مەڭزىگە قان يۈگۈرۈپ ، ئەت قونغان ، ئۇستۈبېشىمۇ بىر قۇر يېڭى كىيىم بىلەن يېپىلغان بولۇپ ، كۆلگۈنچەك كۆزلىرىدىن قانداقتۇر بىر خىل زېرەكلىك چىقىپ تۇراتتى ، ئۇ قويىنىدىن پىشۇرۇپ بويالغان بىرنەچچە تۇخۇمنى چىقىرىپ ، قاسىم شىكەرنىڭ ئالدىغا قويدى . هاراقتىن ئەمدىلا بىر رومكا ئىچكەن قاسىم شىكەر يېتىمنىڭ بۇ ئىلتىپاتلىرىدىن شادلىنىپ مەمنۇن بولدى :

— يارايسەن ئاۋاق ئەزىمەت ، كۆڭلۈمدىكىنى ئەجەب تاپىسەن ـ هە ! ؟ سېنى نېمە بىلەن مۇكاپاتلىسام بولار ؟ — دېدى ئۇ قاقاقلا كۈلۈپ ، سۇلايماننى ماختاپ ئەركىلىتىپ ، — هە راست ، هادى دوغا بۇ هاراقنى قانچە پۇلغا بەردى ؟

— بىرسەر كۈمۈش تەڭگە .

— هۇ ، هارام تاماق جازانىخور ! مېنىڭ يۈز ـ خاتىرەمنىمۇ قىلماپتۇ ـ دە ! توختا ، ئۇ چېقىر كۆزگە ئۆزۈمنى بىر تونۇتۇپ قويمىسام !... هە بولدى ، ئاشۇ بىر سەرگە بىر هەپتىگىچە پۇلسىز هاراق ئېلىۋېرىمىز جۇمۇ .

قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان بۇ قانخور جاللات ئۆزىنىڭ ۋەهشىي ، ئاچ كۆز ، مۇتىهەملىكى بىلەن مەشهۇر بولۇپ ، ئۇنى كىشىلەر : «قاسىم شىكەر» دەپ ئاتىشاتتى . ئۇ ياقا يۇرتلاردىن كېلىپ قالغان مۇساپىر ـ سەرگەردانلارنى كۆرسە مال ـ مۈلكىنى هېچبىر سەۋەبسىزلا مۇسادىرە قىلىپ ، ئۆزىنى زىندانغا تاشلايتتى . شۇڭا «قاسىم شىكەر» دېسە هەرقانداق ئادەمنىڭ ئەرۋاهى ئۇچاتتى !...

ئۇ تۇخۇمنى چالا سويۇپ ئاغزىغا قاپلاپ ، هاراقنى جامغا تولدۇرۇپ ئىچمەكتە ئىدى . سۇلايمان كومزەككە بىر پەس قاراپ تۇردى ، ئۇنىڭ يېنىدىكى چوڭ ئاتىسىنىڭ ئۆلۈكىنى ساتقان پۇلنى مۇشۇ بىر ـ ئىككى ئاي ئىچىدە بۇ خۇنخور هاراق ئىچىپ ئازلا قويغانىدى ، پۇل بارغانچە ئازلاۋاتاتتى . ئۇ غازى بوۋاينىڭ قېنىنى ئىچىپ بولۇشقا ئازلا قالدى . يېنىدىكى كۈمۈش تەڭگىلەر تۈگىگەن

هامان سۇلايمان بۇ يەردە بىردەممۇ تۇرالمايدۇ .

— جۇيجاڭ ئاتا ، بايا مېنى بىر نېمە بىلەن مۇكاپاتلايمەن دېگەنىدىڭىزغۇ ؟

— هە ، راست ، ئۇنتۇپتىمەن ، نېمە مۇكاپات ئالىسەن ؟

قوۋزىدىن چېچىلىپ يوغان قورسىقى ئۈستىگە چۈشكەن توخۇم ئۇۋاقلىرىنى تېرىپ ئاغزىغا سالغاچ سورىدى قاسىم شېكەر .

— مەن سىزنىڭ كىچىك ساقچى ئەسكىرىڭىز بولسام دەيمەن ، — دېدى سۇلايمان ، ئەركىلىگەندەك قىلىپ .

— سەنما ؟ ها !... ها !... ها !... — قاسىم شېكەر ئاغزىدىكى توخۇمنىڭ بىر قىسمىنى پۈرقۈۋەتتى ، ئۇنىڭ كۆزلىرى كۆلكىدىن ئەسكى جۇۋىنىڭ تۆشۈكىدەك پۈرۈلۈپ كەتتى ، — ماقۇل ، هازىردىن باشلاپ مېنىڭ كىچىك كانۇيىم بول . ها... ها... ها ! !...

— مەن تاپانچا ئاسمەنمۇ ؟

— هىم ؟ ! هازىر سەن تېخى كىچىك ، تاپانچىنىڭ قېپىغا باسۇرۇپ قويسام هەپتە ياتسەن ، سەل چوڭ بولغاندا...

— ئەمسە بىرىڭ كۆتۈرۈپ باقاي .

— هەي ، تولا مەمەدانلىق قىلمىساڭچۇ ! — دېدى قاسىم شېكەر قاپىقىنى تۈرۈپ .

— ماڭا بېرىدىغان مۇكاپاتىڭىز شۇمۇ ؟ — دېدى سۇلايمان دومسىيىپ .

قاسىم شېكەر ئوڭايسىز بىر قىياپەتتە هىجايدى :

— هەي هارامزادە ، بىر گېپىمنى تۇتۇۋېلىپ تىلىمنى كەستىڭدە .

ئۇ بېلىدىكى تاپانچىنى ئېلىپ ، ئىچىدىكى ئوقلارنى چىقىرىۋېلىپ ، سۇلايمانغا بەردى . مۇزدەك تاپانچىنى ئېلىش بىلەن سۇلايماننىڭ يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقۇپ ، ئاغزىدا نەم قالمىدى . تاپانچا هەقىقەتەن ئېغىر ئىدى . ئۇنىڭ كىچىككىنە ئاۋاق بەدىنى كاچكۇلدىن سۇزۇۋالغان كۈچۈكتەك تىترەپ كەتتى . تاپانچا قولىغا

ئۆتۈش بىلەن ئۇنىڭ كاللىسىدا قانداقتۇر بىر قورقۇنچلۇق خىيال «يالت» قىلىپ قالغانىدى...

قاسىم شېكەرنىڭ قارا سىرلىق تاپانچىسى — مانا مۇشۇ ئۆزى تەستە كۆتۈرۈپ تۇرغان تاپانچا ئۆز ئاتىسىنىڭ مېڭىسىگە تەگلىنىپ، ئاتىسىنى ئىزىدىن قىمىرلاتمىغان... كېيىن ئاتىسى يېنىدا ئۇزۇن كۆسەي مىلتىقلارنى تەڭلەپ تۇرغان ئىككى چېرىكنى بىر مۇشت، بىر كاللا بىلەن تىك موللاق چۈشۈرۈپ، ئىككى تاقلاپ بولغۇچە مانا مۇشۇ قارا ئەزرائىلنىڭ ئاغزىدىن «پاڭ» قىلىپ بىر ئوت چىقىپ ئاتىسىنى تىك موللاق چۈشۈرگەن. ئۇنىڭ يوتىسىدىن ئاققان قان ئۇزۇن قونجىلىق ئۆتۈكىنى تولغۇزغان. ئىككى چېرىك ئۇنى قولىدىن باغلاپ ئاتلىرىغا سۆرەتكىنىچە ئېلىپ كەتكەن... مانا مۇشۇ قولىدا تۇرغان نەرسىنىڭ ئاغزىدىن ھېلىقى قىزىل ئوت چىقمىغان بولسا بەلكىم ئاتىسى يىقىلمىغان، يۇگۈرۈپ كېتىۋەرگەن، پەقەت توختىمىغان بولاتتى. ئۇنىڭ ئاتىسى ئالدىراپ يىقىلمايتتى. چېلىشىشمۇ نى - نى ئادەملەرنى بېشىغا ئېلىپ يەرگە ئۇرىدىغان ئادەم ئىدى. «ئابدۇكېرىم پالۋان» دەپ ئۇنى ھەممە ئادەم ھۆرمەتلەيتتى. ھەقىقەتەن پالۋان ئادەم ئىدى. ئەمما باشمالتاق قولچىلىك كېلىدىغان مۇشۇ نەرسە ئاتىسىنى يىقىتىۋەتكەنىدى. دېمەك، بۇ نەرسە ھەرقانداق ئادەمنى يىقىتىۋېتەلەيدىكەن. بەلكى قاسىم شېكەر بىلەن ھاكىمنىمۇ يىقىتىۋېتەلەيدىغان ئوخشايدۇ ياكى بۇ نەرسە ئۆز ئىگىسىنى بىر سىلىق كۆزىدە قاراپ تۇرۇپ يىقىتمايمۇ قالارمۇ؟

سۇلايماننىڭ ئەمدىلا قان يۇگۈرۈشكەن ئورۇق يۈزى تاتىرىپ كەتتى. قاسىم شېكەر خىرىلداپ كۈلۈپ سورىدى:

— قانداق، قورقامدىكەنسەن؟

— ياق... ياق... قورقمايمەن، — دېدى سۇلايمان دەررۇ جاۋاب بېرىپ، — مەن دېگەن سىزنىڭ ساقچىڭىز تۇرسام...

ئەمەلىيەتتە سۇلايمان قولىدىكى ئۇ نەرسىنى مۇمكىنقەدەر، بىردەم بولسىمۇ ئۇزاقراق تۇتۇپ تۇرۇشنى، بەلكى مەڭگۇ ئۆزىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى . شۇنى دەپ پۇلنىڭ كۆپىنى خەجلەپ ئاران تۇتالىغۇدەك بولدى .

سورىدى ئۇ :

— بۇنى مەنمۇ ئاتالامدىمەن ؟

كومزەكنى قۇرۇقداپ بولغان قاسىم شېكەر شىر كەيپ بولغانىدى . ئۇ قىزارغان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ سۇلايمانغا تىكىلدى . سۇلايمان ئەركىلىگەن قىياپەتتە يەنە سورىدى :

— سىزنىڭ كانۇيىڭىز بولغاندىكىن ، مەنمۇ بىلىمەن ـ ھە ، ئاكا ؟

— ئۆگەنسەڭ بىلىسەن ، — دېدى قاسىم شېكەر مەستلىكتە خىرىلداپ كۈلۈپ ، — بولدى تولا گەپ قىلماي ھېلىقى ئۇجمىلىك ھويلىدىكى ئاچاڭنى چاقىرىپ كەل .

— قورقىمەن…

— قورقىمەن ! ؟…

— ھەئە ، كېچە بولۇپ كەتتى…

— ھۇ ھارامزادە ، توخۇ يۈرەك ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تالادا ، گۆلەختە يېتىپ قورقمايسەن ، ئەمدى قورقۇمسەن ! ؟

— يولدا باللار توسۇۋېلىپ ، ئۇرۇپ ماڭغىلى قويمايدىكەن ،— دېدى سۇلايمان يىغلامسىراپ .

— ھازىر كېچىدە ئۇ ھارىملار يوق ، بېرىۋەر ، — دېدى قاسىم شېكەر نەشە سېلىنغان چىلىمنى پۇرقىرىتىپ شورىۋالغاندىن كېيىن .

— ھازىر ھەممىسى يولغا چىقىۋېلىپ ئاق سۆڭەك ئوينايدۇ .

قاسىم شېكەر بىر ھازا ئۈن ـ تىنسىز جىم بولدى . ئۇنىڭ ئاغزىدىن پۇرۇلداپ چىقىۋاتقان كۆكۈش ئىس ئۆينى بىر ئالدى . سۇلايمان يەر تېگىدىن قاسىم شېكەرگە زەن سالدى : ئۇنىڭ كۆزلىرى ئېلىشقانىدى .

— سىز خاپا بولىدىكەنسىز ، — دېدى سۇلايمان دومسايغان ھالدا ، — گېپىمگە ماقۇل دېسىڭىز ئاندىن قىچقىرىپ بېرىمەن .

قاسىم شېكەرنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى :
— قايسى گېپىڭگە ؟
— ماڭا تاپانچا ئېتىشنى ئۆگىتىپ قويسىڭىز ؟
— ئەكە ، جاھىل يىتىم ئوغلاق ، — دېدى قاسىم شېكەر ، ئۇ تاپانچىنى قولىغا ئېلىپ قۇرۇق شاراقلىتىپ قويدى ، — تۇتە مانا ، ماۋۇ تەپكىنى باسساڭ ئېتىلىدۇ .
سۇلايمان تاپانچىنى قولىغا ئېلىپ سورىدى :
— قاياققا ئاتىمەن ؟
— نەگە ئاتساڭ بولىۋېرىدۇ .
سۇلايمان تىترەپ كەتتى ، ئۇنىڭ پۇت - قولى ماغدۇرسىز-لىنىپ ، تاپانچا قولىدىن چۈشۈپ كېتىشكە تاسلا قالدى .
— ئـاتـامىسەن نان قېپى ! ئاسمانغا — ئۆينىڭ تورۇسىغا قارىتىپ ئاتە !...
— چاق !...
سـۇلايـمان ھەيران بولدى . چۈنكى ئۇ تەپكىنى بېسىۋىدى ، «چاق » قىلغان ئاۋازدىن بۆلەك ، تاپانچىنىڭ ئاغزىدىن ھېچنېمە چـىقمىدى . «بوشراق بېسىپ قالدىممىكىن يا ؟ » ئۇنىڭ يۈرەك سوقۇشىمۇ توختاپ قالغاندەك ئىدى .
— ئاكا ، بۇنىڭ ئاغزىدىن ھېچنېمە چىقمىدىغۇ ؟
— ئوق يوق ، — دېدى قاسىم شېكەر پەرۋاسىزلارچە جاۋاب بېرىپ ، — نېمانداق مەن تەرەپكە ئاتىسەن ھارامزادە ؟
— قــولــۇم كۆتــۈرەلــمىدى ، — دېدى سۇلايمان تەبئىي ئاھاڭدا ، — ئۆزىڭىزنىڭ تۇرسا ، سىز تەرەپكە قىلسام نېمە بوپتۇ ؟
— نېمە ! ؟ ھا !... ھا !... ھا !... ۋاي گالۋاڭ ئەخمەق . بۇ نەرسە ئىگىسىنى تونۇيالامتى ؟... جۇگۇ ، تولا قاپاقباشلىق قىلماي ھېلىقى ئىشىڭغا ماڭ .
سـۇلايـمـان خۇشال بولۇپ چىقىپ كەتتى . ئۇ چوڭ يولغا چىقىپ ، شۇنداق يۈگۈردىكى ، ساقچى ئىدارىسىنىڭ دەرۋازىۋىنى بـاققان قارا كۆچۈك ئۇنىڭ بىلەن تەڭ يۈگۈرۈپ ، يېتىشەلمەي

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

توختاپ قالدى. ئۆنىڭ كاللىسىدا بىرلا سۆز يادلانماقتا ئىدى: «بۇ نەرسە ئىگىسىنى تونۇيالامتى؟...»

## 9

هاكىمنىڭ يەتتە ياشلىق ئوغلى ئوبۇل بەگزادە بىر تۇمۇچۇقنى چىڭ سىقىمدىغان هالدا ئىشىك ئالدىدىكى دىۋاندا ئولتۇراتتى. سۇلايمان بولسا كىچىككىنە قوللىرىنى ئەپچىللىك بىلەن هەرىكەتلەندۈرۈپ قوۋزىقى سويۇۋېتىلگەن سۆگەت چىۋىقىدا قەپەس توقۇۋاتاتتى.

— ئىتتىك بولامسەن، — دېدى ئوبۇل بەگزادە تومۇچۇقنى قەپەسكە سولاشقا ئالدىراپ.

شۇ ئەسنادا قوللىرىنى كەينىگە تۇتقان هالدا ئۆيدىن چىقىپ كەلگەن هاكىم باللارنىڭ ئويۇنىغا قىزىقىپ بىردەم قاراپ تۇردى. سۇلايماننىڭ قولىنىڭ ئەپچىللىكىگە زوقى كەلدى بولغاي، بەگزادە خىرىلداپ سورىدى:

— يەنە بىرنى قاچان تۇتۇپ بېرىسەن؟

— يەنە قورۇپ قويدۇققۇ؟ — دېدى سۇلايمان قەپەس توقۇۋېتىپ، — چۈشىسىلا يەنە تۇتۇۋالىمىز.

هاكىم كۈلۈپ قويۇپ كېتىپ قالدى. سۇلايمان قەپەس توقۇشنى داۋام قىلماقتا...

چوڭ ئاتىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ هېلىقى ئەللىك سەر پۇلنى ئالغاندا هاكىمنىڭ بۇ بەگزادىسى بىلەن تونۇشۇپ قالغان. قىشتىن بۇيان تولا چاغلاردا ئوبۇل بەگزادىغا قۇشقاچ تۇتۇپ بېرىپ يۈردى. هاكىم دەسلەپ بۇ قەلەندەر سوكنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقارغانىدى، بەگزادىسى يىغلاۋېرىپ بېشىنى ئوچاق ئېتىۋەتتى، ئىلاجىسىز سۇلايماننى تاپتۇرۇپ كەلگەنىدى. سۇلايمان كۈندۈزى هاكىمنىڭ قورۇسىدا بەگزادە بىلەن ئوينىسا، كەچتە ساقچى ئىدارىسىگە كېلىپ قېرى چايچىنىڭ يېنىدا ياتاتتى. قېرى چايچى

بالا ـ چاقىسى بولمىغاچقا چايخانىنىڭ بۇرجىكىدىكى سۇپىدا يالغۇز ياتاتتى . قاسىم شىكەر سۇلايماننى پاناھىغا ئالغاندىن كېيىن ئۇنى چايچىغا ھەمراھ قىلىپ قويغانىدى . قېرى چايچى بۇ يېتىم ئوغۇلنى ئۆز بالىسىدەك ياخشى كۆرۈپ قالدى .

## 10

بىر تۇرۇلغا ئۇچۇپ كېلىپ ھاكىمنىڭ قورۇسى ئارقىسىدىكى باغدا سايراشقا باشلىدى . نەچچە كۈندىن بېرى تازا ئىچى پۇشقان بەگزادە بىلەن سۇلايمان باغ ئىچىگە قاراپ يۈگۈرۈشتى .

تۇرۇلغا ئەمدى يېشىل يوپۇرماقلار بىلەن چۈمكەلگەن قېرى ئامۇت دەرىخىنىڭ ئۇچىدا سايراۋاتاتتى .

— ئۇنى تۇت ، ئۇنى تۇتۇپ بەر ! — دېدى بەگزادە تۇرۇلغىنى كۆرسىتىپ ، — تۇتۇپ بەرمىسەڭ ئاتامغا دەيمەن .

— ئۇنى تۇتماق ئوڭاي ئەمەس ، — دېدى سۇلايمان سالماقلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ ، — ئۇ بەك ھوشيار جانىۋار ، ئۇنى تۇمۇچۇق ياكى ئاق قۇشقاچتەك تۇتۇۋالغىلى بولمايدۇ .

— ماڭا ئۇنى تۇتۇپ بەر دېدىم ، تۇتۇپ بەر ، — دېدى بەگزادە ئارتۇقچە قەغىشلىك قىلىپ ، — تۇتۇپ بەرمەيدىغان بولساڭ دادامغا دەيمەن !...

— مەندە نېمە ئامال ، — دېدى سۇلايمان غەزىپى كېلىپ ، — مېنىڭ يا قانىتىم بولمىسا...

— ياق ، سەن تۇتالايسەن !...

— ئۇنداق بولسا ، — دېدى سۇلايمان بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن بەگزادىگە ، — ئۇنى ئاتاڭنىڭ تاپانچىسى بىلەن ئاتايلى ، سەن تاپانچا ئېتىشنى بىلەمسەن ؟ — بەگزادە مەيۈس ھالەتتە بېشىنى چايقىدى . سۇلايمان ئۇنىڭغا دومسىيىپ تۇرۇپ :

— ھــەــم ، ســەن تــېــخــى بەگزادە تۇرۇپ تاپانچا ئېتىشنى

بىلمەمسەن؟ مېنىڭ ئاتامنىڭ تاپانچىسى بولمىسىمۇ مەن جېنىمدا تـاپانچا ئېتىشنى ئۆگىنىۋالدىم. قاسىمكام ماڭا تاپانچا ئېتىشنى ئۆگىتىپ قويدى. ئىسىت، ئاتاڭ ساڭا تاپانچا ئېتىشنى ئۆگىتىپ قويماپتۇ ـ دە!؟...

بەگزادە كالپۇكلىرىنى ئۈمچەيتىپ، يىغلىماقچى بولۇۋىدى، سۇلايمان دەررۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ:

— يىغلىما، مۇنداق قىلايلى، بۇ جانىۋار باغقا ئۆگىنىپ قاپتۇ، ئەتە يەنە كېلىدۇ. سەن ئاۋۋال ئاتاڭدىن تاپانچا ئېتىشنى ئۆگەن، ئاندىن تاپانچىنى ئېلىپ چىق، تۇرۇلغىنى ئاتىمىز.

## 11

كـەچـقـۇرۇن هـاكـىم هـەرقـانـداق قـىلـىـپـمۇ ئوغلىنى گوللىيالمىدى. ئاخىر تاپانچا ئېتىشنى ئۆگىتىشكە مەجبۇر بولدى. بەگزادە تاپانچىنى ئاران كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، ئاسمانغا ئىككى پاي ئوق ئېتىپ، شادلىقتىن بېشى كۆككە يەتكەندەك بولدى.

ئەمدى ئۇ ئەتە ئۆيىنىڭ ئارقىسىغا چىقىپ، سۇلايمان بىلەن تۇرۇلغا ئاتىدۇ. ئاتىسى قانچىلىك يالۋۇرسىمۇ تاپانچىنى بەرگىلى ئۇنىمىدى، بەلكى تاپانچىنى مەهكەم قۇچاقلىغىنىچە ئۇخلاپ قالدى.

## 12

سـەهـەردە هـاكـىم قورۇسىنىڭ ئارقىسىدىن ئاڭلانغان ئوق ئاۋازى قورۇنىڭ ئىچىنى زىلزىلىگە سېلىپ، هاكىم، خېنىم ۋە چـېـرىـكـلـەرنـى ئۆرە ـ تۆپە قىلىۋەتتى. ئۇلار ۋارقىرىشىپ ـ جارقىرىشىپ، باغقا يۈگۈرۈشتى. باغدا بەگزادە بىلەن سۇلايمان تـۇراتتى. ئوبۇل بەگزادە تاپانچىنى سۇلايمانغا بەردى. سۇلايمان ئامۇت دەرىخىگە قارىتىپ يەنە بىر پاي ئوق ئاتتى. ئۇلار ئىككىسى

خۇشال بولۇپ قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى . بەگزادە سۇلايماننىڭ قولىدىكى تاپانچىنى ئالدى ، ئاتماقچى بولۇپ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈشىگە تۇيۇقسىز بىر چېرىك كېلىپ تاپانچىنى تارتىۋالدى ۋە سۇلايماننى بىر تېپىپلا تىك موللاق چۈشۈرۈۋەتتى ، سۇلايماننىڭ بۇرنى قاناپ كەتتى ، بەگزادە ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ يۇمىلاپ ، چىرقىراپ يىغلاشقا باشلىدى .

خېنىم كېلىپ چېرىكنىڭ تەستىكىگە بىرنى سېلىپ تاپانچىنى تارتىۋالدى . چېرىك شۇئان ئىزىغا تىزلاندى . بەگزادىنى يۆلەپ تۇرغۇزغان خېنىم ئۇنىڭغا تاپانچىنى تۇتقۇزدى ۋە توپىسىنى قېقىشتۇرغاچ ئۇنى بەزلىگىلى تۇردى :

— يىغلىماڭ جېنىم قوزام ، يىغلىماڭ ، ئاشۇ ئەسكى سىزنى خاپا قىلدىمۇ ؟ خاپا بولماڭ .

«پاڭ » قىلىپ ئېتىلغان ئوق ، تىزلىنىپ ئولتۇرغان چېرىكنى ئارقىسىغا ئۈچۈرۈۋەتتى . ئۇ چالا بوغۇزلانغان كالىدەك خارقىراپ ، قېنىنى چاچرىتىپ ، بىردەم تېپچەكلىدى ـ دە ، جىمىقتى .

ئوق ئۈنىنىڭ بوغۇزىغا تەگكەندى . بەگزادە تاپانچىنى تاشلىۋېتىپ چىرقىرىغانچە ئانىسىنى قۇچاقلىۋالدى . سۇلايمان قوغلاپ چىقىرىلدى .

## 13

يېرىم كېچە ، تولۇن ئاي قارا بۇلۇتلار ئارىسىدا قالغان .

«پاڭ ـ پۇڭ » قىلىپ ئېتىلغان ئوق ئاۋازى غەپلەتتە ئۇخلاپ قالغان زېمىننى ئەنسىز ساراسىمىگە سېلىۋەتتى . توخۇلار قاتتىق قاقىلدىشىپ كېتىشتى ، تۇمشۇقىنى قۇيرۇق ئاستىغا تىقىپ ياتقان ئىتلار قاۋىشىپ كەتتى ، زېمىن چاپاق باسقان كۆزىنى ئېچىپ مەڭدەپ كەتتى . شۇنچىلىك ۋەھىمە ، مەڭدەشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سۇلايمان ئىدى . ئۇ ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئېگىز هويلا

تېمىدىن چاققانلىق بىلەن سەكرەپ چۈشتى - دە، قاراڭغۇلۇق قويىنىدا قۇيۇندەك يۈگۈرۈپ، ساقچى ئىدارىسىدىن يىراقلاپ كەتتى. ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئىچىنى بىردەمدىلا قىيا - چىيا، داد - پەرياد، قالايمىقان ۋارقىراشلار، تىللاشلار، دۈپۈرلەپ يۈگۈرۈشلەر قاپلاپ كەتتى.

— قا... قاسىم جۇجاڭنى بىرى ئېتىۋېتىپتۇ!!...

— كىم!؟ ھۇ، ئاناڭنى!... قاراۋۇل پىتلىقلار نېمە ئىش قىپتۇ؟ تېز قوغلاڭلار!...

ھايت - ھۇيت دېگۈچە ساقچى ئىدارىسىنىڭ دەرۋازىسىدىن چىققان ئاتلىقلار بىر - بىرىنى تىللىشىپ، ۋارقىرىشىپ - جارقىرىشىپ قاتىلنى ئىزلەپ تەرەپ - تەرەپكە چېپىشتى.

سۇلايمان ھاسىرىغان ھالدا يۈرگۈرمەكتە، ئۇنىڭ قوينىغا سېلىۋالغان تاپانچا باياتىن بەدىنىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن بولسا، ئەمدى بىر پارچە مۇزغا ئايلانغان بولۇپ، كۆز ئالدىدىن بايىقى مەنزىرە ئۆتمەكتە ئىدى.

كەچتە ئۇ قوينىدىكى ئاخىرقى تەڭگىگە ھاراق، گۆش، تۇخۇم ئەكىلىپ قاسىم شىكەرگە سۇندى. قاسىم شىكەر قانداقتۇر بىر ئىشتىن خاپا بولۇپ، چېچىلىپ تۇراتتى. تازا خۇمارى تۇتقان بىر پەيتتە كەلگەن بۇ نازۇنېمەتلەر ئۇنى دوم سالدى. ئۇ بولۇشىغا يېدى، ئىچتى. تاكى مەست بولۇپ، چوشقىدەك خارقىراپ ئۇخلىغۇچە ئىچتى. سۇلايمان بۇرۇنلا چايخانىغا ھەيدەلگەنىدى، بىراق مۇھاپىزەتچىمۇ نەپسى يامان، ھاراقخۇمار بىر نېمە بولغاچقا، ئاللىقاچان مەست بولۇپ، ياندىكى ئۆيگە كىرىپ ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

يېرىم كېچە بولغاندا سۇلايمان چايخانىدىن چىقتى، تام بىغىرلاپ قاسىم شىكەرنىڭ تۇرالغۇسىغا كەلدى. ئاۋۋال پەم بىلەن ئالدىن تەييارلاپ قويغان ئون ئىككى پەرىلىك تۆمۈر قۇلۇپنى يان ئۆيدىكى مۇھاپىزەتچىنىڭ ئىشىكىگە سالدى. ئاندىن تاقاقسىز

قالغان ياتاقتا كىردى ـ دە ، تىمىسقىلاپ يۈرۈپ ، ئەپچىللىك بىلەن تاپانچىنى سۇغۇرۇۋالدى . قاسىم شىكەر ھېچنېمىنى تۇيمىدى . ناھايىتى سىپسىق ، قوپال ئاۋازدا يەل قويۇپ يۈرۈپ ئىنجىقلاپ ممدىرلىدى . سۇلايماننىڭ يۈرىكى ئاغزىغا كەپلىشىپ ، بەدەنلىرى تاياقتەك قېتىپ قالدى ، قاسىم شىكەر يەنە جىم بولۇپ ، خورۇلداشقا باشلىدى . سۇلايمان تاپانچىنى ئاستا ئۇنىڭ بېشىغا توغرىلىدى ـ دە ، تەپكىنى باستى :

— «پاڭ !...»

ئۇ چاقماق تېزلىكىدە چايخانىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ ، قورۇ تامدىن پەسكە چۈشۈپ بولدى ۋە يوگۇرگىنىچە ھاكىم قورۇسىنىڭ ئارقا تەرىپىگە كېلىپ ، قويۇق جىگدە چاتقاللىقى ئارىسىغا يوشۇرۇندى . ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كەلگەن بىر كۆلەڭگىمۇ ئۇنىڭدىن ئون گەز يىراقلىقتىكى قويۇق جىگدە چاتقاللىقىغا يوشۇرۇندى .

كىچىككىنە ناھىيە بازىرىدا قىيامەت قايىم بولدى . ئىشىكلەر چېقىلىپ ، ئېغىل ـ قوتانلار قېزىلىپ ، ئۆي ـ ئۆيلەردىن يېرىم يالىڭاچ كىشىلەر ھەيدەپ چىقىرىلدى . بوۋاقلارنىڭ چىرقىراپ يىغلاشلىرى ، ئىتلارنىڭ ئەنسىز قاۋاشلىرى ، چېرىكلەرنىڭ ئاغزىغا كەلگىنىنى دەپ ۋارقىراشلىرى بازارنى بىر ئالدى . كوچا ـ كوچىلاردىن ھەيدەپ چىقىرىلغان كىشىلەر چېرىكلەرنىڭ قارا كۆسەيلىرى بىلەن يامۇل ئالدىغا توپلانماقتا ئىدى . تونۇر بېشىدىكى بىر توپ سەرگەردان مۇساپىرلارمۇ قوللىرى باغلىنىپ ھەيدەپ كېلىنىدى ، لېكىن بۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇرغۇن يوق ئىدى .

## 14

خورازلار بەس ـ بەستە چىللاشقا باشلىدى . تاڭ ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇق باشلاندى . سۇلايمان قويۇق جىگدە چاتقاللىقى

ئارىسىدىن پەم بىلەن چىقىپ ، ھاكىم بېغىغا سۇ كىرىدىغان ئېرىققا چۈشتى ـ دە ، ئېرىق ئىچىدە ئۆيۈغان مۇز ئۈستىدە ئۆمىلەپ ماڭدى . سۆڭگۈچكە بىرنەچچە قېتىم دوقۇرۇپ ، كىرىشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ ، توسۇقتىن ئۆتۈپ باغ ئىچىگە كىرىشكە بولمىدى . قوللىرى مۇزلاپ ، تاياقتەك قېتىپ كەتكەن بولسىمۇ ئۇ پۈتۈن ئەس ـ يادى بىلەن باغ ئىچىگە كىرىشنى ئويلايتتى . ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلگەن كۆلەڭگە شەپە چىقارماي ئۈچ گەز يىراقلىقتىكى قېرى سۆگەت دالدىسىغا كېلىپ تۇردى ، سۇلايمان بۇنى سەزمىدى ، لېكىن كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلىۋەتتى : «بۇ باغقا كىرەلمەيۋاتىمەن ، تامدىن باغقا كىرىۋالساملا خالاغا مۆكۈنەتتىم ـ دە ، ھاكىم دېگەن جاللاتنىمۇ !··· چوك ئاتا ، ماڭا مەدەت بېرىڭە ، مېنى يۆلىڭە ، مەن مۇشۇ تامدىن ئۆتۈۋالساملا··· » سۇلايمان ئۆكسۈپ يىغلايتتى . ئۇنىڭ كۆزى ئېگىز باغ تېمىغا يېقىن ئۆسكەن سۆگەت بادرىسىغا چۈشتى .

سۇلايماننىڭ بايىقى سۆزلىرىنى قېرى سۆگەت دالدىسىدا تۇرۇپ ئاڭلىغان كۆلەڭگە تۇرغۇن ئىدى . ئۇ ئىككى كۈندىن بېرى مۇساپىرخانىسىغىمۇ بارماي كېچە ـ كۈندۈز ساقچى ئىدارىسى ئەتراپىدا يوشۇرۇنۇپ ، سۇلايماننى پايلاپ ياتقانىدى . بايا سۇلايمان تامدىن چۈشكەندىن كېيىن ئۇ ئەگىشىپ كەلگەنىدى . «ھە ، ئەسلىدە سەن شۇم قاسىم شېكەرنى ئۆلتۈرۈپ بولۇپسەن ـ دە ! يائاللا !··· نېمىدېگەن جىگەرلىك نېمىسەن ، ھېچبىر ئادەمنىڭ ئەقلىگە كەلمەيدىغان ئىش ، ئەمدى سەن ھاكىمنى ئۆلتۈرمەكچى . يائاللا ، ئات كالىلىسىدەك يۈرىكى بار شۇمكەن ـ دە !··· مەن سېنىڭ پۇلۇڭنى ئالىمەن دەپ··· ھە توختا ، سېنىڭ ئۈنچىلىك پۇلۇڭنى ئېلىپ قانچىلىك باي بولارمەن ! ؟··· » ئۇنىڭ خىيالى شۇ يەرگە كەلگەندە ، سۇلايمان تىك ئۆسكەن ياش سۆگەت بادرىسىغا يامىشىشقا باشلىدى ، پۇرسەتنى قولدىن بەرسە بولمايدىغانلىقىنى پەملىگەن تۇرغۇن ئېچىرقاپ كەتكەن ياۋۇز بۆرىدەك ئېتىلىپ بېرىپ ، سۇلايماننى باسماداپ ، كانىيىنى ئامبۇردەك قىسىۋالدى :

— ھۆ يەر يۇتقۇر ، ئادەم سۇرەتلىك شاياتۇن شۇم !… — دېدى ئۇ تاپانچىنى تارتىۋېلىپ ، سۇلايمان ھەرقانچە تېپىچەكلەپمۇ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمىدى !…

*　　*　　*

ھاۋانى تۇمان باسقان كۈنلەرنىڭ بىرى ، ئەتىگەن ، يامۇل ئالدى ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى ، قوراللىق چېرىكلەر خەلقنىڭ چۆرىسىدە مازارلىقنىڭ شەددىسىدەك ئەگرى - بۈگرى سەپ تۈزۈپ تىك تۇراتتى .

مۇنبەردە بولسا ھاكىم باشلىق ئەمەلدار ، قازى - ئاخۇنۇملار ئولتۇرۇشاتتى .

سورۇنغا چەمبەرچاس باغلىنىپ ، ئاغزىغا لاتا تىقىلغان سۇلايمان كەلتۈرۈلدى . كىشىلەر توپى تەۋرەپ كەتتى .

— ۋاي جېنىم ، قاسىم شېكەرنى ئۆلتۈرگەن قاتىل ئىشۇمىكەن ؟ !

— ئۆزى مۇشتەك تۇرىدۇ ، ئەجەب يامانكىنا ! ؟

— باتۇر قۇش نەسلىنى دوراپتۇ !…

قاسقاندەك سەللە ئورىغان قازى جانابلىرى ھۆكۈم ئېلان قىلىشقا باشلىدى :

— … ئىلى قىزىل پاچاق باندىتلىرىنىڭ شېرىكى نىياز غازى مۇرتەدنىڭ تۇخۇمى ، مانا بۇ شاياتۇن شۇم — سۇلايمان ، ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قاسىم شېكەرنى ئۆلتۈرۈپ ، يەنە ھاكىم جانابلىرىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان . شەرىئەتتە بۇ چوڭ جىنايەت ھېسابلىنىدۇ . ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشى ئىماندىن ئايرىلىدۇ ، ئوغرىلىق قىلغاننىڭ قولىنى كېسىش ، ئادەم ئۆلتۈرگەننى ئۆلتۈرۈش شەرىئەتنىڭ مۇقەددەس ھۆكمى . شۇنىڭ ئۈچۈن سۇلايمان دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلۈپ كىشىلەرگە ئىبرەت

قىلىنسۇن !...

ياشقا تولغان ھەسرەتلىك كۆزلەر دارغا تىكىلدى ، رەھىمسىز جاللاتلار ھەرىكەتكە كەلدى . قانلىق سىرتماق كىچىككىنە نارەسىدىنى خۇددى بېلىجاننى ئىلغان قارماقتەك ئېگىزگە تارتىپ چىقىپ كەتتى !...

نارەسىدىنىڭ ئاغزىغىمۇ قېلىن ، بۇخسىغان رەزگى لاتىلار تىقىۋېتىلگەن بولۇپ ، ئۇنىڭ ئاستىدا ئاشۇ ھۆ تارتىپ يىغلىشىۋاتقان نادان ئانىلارغا ، ئۆزى بىلەن تەڭتۇش باللارغا ، بۇ پاجىئەگە قاراشقا جۇرئەت قىلالمايۋاتقان زېمىنغا ، ئەر بولۇپ تۆرەلگەن دىلى مەجرۇھ قابىل ئەزىمەتلەرگە دەيدىغان قانچىلىك گەپلىرى بار ئىدىكىن - تاڭ ؟ !...

1986 - يىل ، قەشقەر .



# زېمىن، قارا ئادەملىرىڭگە!

ئەي زېمىن، بۇرنۇڭ سەزمەس بولۇپ قالدىمۇ؟ سېسىقچىلىقتىن كۆڭلۈڭ ئاينىمىدىمۇ؟ ئادەملىرىڭنىڭ گەپلىرى شۇنچىلىك سىلىق، چىرايلىق بولغان بىلەن ئۇلارنىڭ ھەربىر نەپىسىدىن سېسىق بۇس چىقىدۇ. ئادەملىرىڭدىن سېنىڭ ئۈستۈڭگە چۈشۈۋاتقان پاسكىنىچىلىقلار پۈتۈن جىسمىڭنى بۇلغىۋەتتى. ئادەملىرىڭ سېنىڭ ساپ ھاۋايىڭنى سۈمۈرۈۋېلىپ، قەلبىدە بۇلغىنىپ كەتكەن بۇسلارنى قويۇۋېتىۋاتىدۇ. زېمىن، بۇنى بىلدىڭمۇ؟ بەلكى بۇنىڭغا ئىشەنمەيۋاتقانسەن. مانا، ئادەملىرىڭ سېنىڭ ئۈستۈڭگە دەسسەپ، بەدىنىدىن قويۇلغان سېسىق تەرلىرىنى ساڭا تۆكۈۋاتىدۇ. مانا، بۇ پاسكىنىچىلىقلار سېنىڭ كۆزۈڭنى كور، بۇرنۇڭنى سەزمەس، قۇلىقىڭنى گاس، ئاغزىڭنى تىلسىز، پۇتۇڭنى پالەچ ئادەمگە ئوخشىتىپ قويدى. مەيلى، ئاڭلا ياكى ئاڭلىما، مەن بار ئاۋازىم بىلەن توۋلاپ باقاي: «زېمىن، قارا ئادەملىرىڭگە!»

ئەي زېمىن، قارىغىن: سېنىڭ بۇنچىلىك ھالغا كېلىپ قېلىشىڭنى ئادەملىرىڭنىڭ بىۋاپالىقىدىن ئەمەس، ئىلاجسىزلىقىدىن بولۇۋاتىدۇ، دەپ جاۋاب بېرىمەن. بىقاۋۇل، ئارمانغا چۇشلۇق دەرمانى يوق، دەرد ئاستىدا مىجىقى چىققان ئادەملەر ئىلاجسىز سېنى بۇلغايدۇ. ئەي زېمىن، دەرد ئېزىۋەتكەنلەر يىغلاۋېرىپ، كۆزىنىڭ يېشى قۇرۇدى. بېشىغا كۈن چۈشسە، يىغىنىڭ ئورنىغا سازاڭدەك مىدىرلاپ، پىلە قۇرتىدەك

www.uyghurkitap.com

سۆڭەكسىز بولۇپ ، بىر - بىرىنى يالاپ ، بىر - بىرىنى شوراپ ياشاشنى ئۆگەندى . مەينەتچىلىك سىنىڭ ئۇستۇڭگە مانا شۇندىلا تېمىشقا باشلىدى .

زېمىن ، مەن سېنى بۇلغاۋاتقان ئادەملەرنىڭ كىچىككىنە سۇرىتىنى سىزىپ كۆرسەتمەكچى . سەن ئادەملەرنىڭ سۇرىتىنى كۆرگىن !

## 1

ئون گەز ئۇزۇنلۇقتىكى ئاق يىپەك رەختكە ئاجايىپ بىر سۈرەت كەشتىلەندى . شۇ سۈرەتكە زېمىنىمىزنىڭ ئەڭ گۈزەل جايلىرىنىڭ رەڭلىرى ماھىرلىق بىلەن بېرىلگەن . يېشىل يەرلىرى خۇددى پوستىدىن يېڭىدىن يېشىلىپ چىققان يۇمران ياپراقتا ، يەڭگىل تەۋرىنىپ تۇرغان بۇلاق سۇلىرى خۇددى گۈزەل قىزلارنىڭ ئوماق كۈلكىسىگە ئوخشاش جىلۋىلىك ئىدى . ئەنە شۇ بۇلاق بېشىدىكى ئېچىنىشلىق مەنزىرە گويا ھازىرقى زامان ئوۋچىلىرىنىڭ ۋەھشىي يىرتقۇچلارغا چېقىلىشتىن قورقۇپ ، بىچارە ، مەھكۇم مۆمىنلەرنى قىرغىن قىلغىنىغا ئوخشاش پاجىئە ئىدى . كۆرۈۋاتقان ئادەملەر ، ۋەھشىيلىك ئالدىدا كۆز يىلدىرلىتىپ قاراپ تۇرىدىغان ياكى ساقىپ چۈشۈۋاتقان قانغىمۇ قاراشقا پېتىنالمايدىغان قابىل تېنىڭلاردا يىلدىرلاپ تۇرغان ئاجىز قەلب كۆزۈۋاتقان بىلەن كۆرۈۋاتقانلار ، ھەرگىز قورقماڭلار ! بۇ رېئاللىق ئەمەس بىر سۈرەت ، سۈرەت بولغاندىمۇ بىر خىيالىي سۈرەت . بىر بىچارە چىشى كېيىك بۇلاق بېشىغا ئوۋچى تەرىپىدىن قويۇلغان چوڭ بىر تۆمۈر قاپقانغا چۈشكەن بولۇپ ، پۇتلىرىدىن سىرغىپ چىققان قان بۇلاق سۈيىنى قىزىل رەڭگە كىرگۈزگەن . تىنىق بۇلاق سۈيى بىچارە كېيىكنىڭ بىگۇناھ قېنى بىلەن بويالغان . كېيىك زېمىنغا تۆرىلىپ ھېچ نەرسىگە ياكى ھېچبىر ئادەمگە دەخلى - تەرۇز قىلمىغانىدى . بىراق ئۇنىڭ ئاشۇنداق يىرتقۇچ بولماي دۇنياغا تۆرەلگىنى ئوچۇنلا ،

يىرتقۇچلار ئۇنى زېمىنغا چۈشكەن ئارتۇق نەرسە قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىۋاتىدۇ . چىشى كېيىك قاپقاندا تولغىنىپ ، يۇمران چۆپلەرنى چەيلىۋەتكەن ، ئەركەك كېيىك چوڭقۇر دەرد بىلەن ئۆز جۈپىنىڭ كۆز يېشىنى يالىماقتا . ئۇنىڭ قارا سىياھتەك كۆزلىرى ئالىتاغىل تۇسكە كىرگەن ئاسمانغا تىكىلگەنىدى . ئۇنىڭ بۇ قارىشى گويا بېشىغا چۈشكەن بۇ بەختسىزلىكتىن ئاللاغا نالە قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ . يەنە بىر قاراشتا ، ئۆز بېشىغا مۇشۇ كۈننى سالغان رەھىمسىز تەقدىرگە غەزەپ بىلەن قاراۋاتقاندەك ، ئۇنىسىز شىكايەت قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ . بۇ ھەقىقەتەن زور بەختسىزلىك ، چىدىغۇسىز بەختسىزلىك ! بۇ تۇپراقنىڭ ئادەملىرى ئۆز جۈپتى ھالاك بولسا ، ئىككىنچى بىرى بىلەن جۈپ بولۇپ خاتىرجەم ياشاۋېرىدۇ . ئەمما ماۋۇ كېيىكچۇ ، كېيىك ئۇنداق قىلالمايدۇ . ئۇنداق قىلىش ئۇنىڭ تەبىئىتىگە يات . ئۇ ئەمدى ياشاشنى ئاياغلاشتۇرىدۇ . مانا ، ئەركەك كېيىكنىڭ پىغانلىق نالىسى ئاڭلانغاندەك بولدى . قويۇق ئورمانلاردىن ، يىراقتا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاق چوققىلاردىن ، يېشىل جىلغىدىن ، بۇلاق سۇيىدىن... كېيىكنىڭ ھەسرەتلىك نىداسىنىڭ دولقۇنسىمان ئەكس ساداسى ياندى . كېيىك تىپىرلىدى ، ئۆزىنى بۇنداق پاجىئەدە سىزغان رەسسامغىمۇ لەنەت ئوقۇغاندەك بولدى . جۈپتىدىن ئايرىلىپ تىرىك ياشاشنى ھارام دەپ نالە قىلىۋاتقاندەك بولدى . رەسسامنىڭ يۈرىكى كېيىكنىڭ يۈرىكىدىكى ئۇنىسىز نالىنى چۈشەنگەندەك ، بىردىنلا قاپقانغا چۈشۈپ تولغىنىپ ياتقان چىشى كېيىكنىڭ يېنىدىكى ئەركەك كېيىكنى يۇتۇۋەتتى . چىشى كېيىكنىڭ يېنىدا بىردىنلا بىر قارا كۆلەڭگە پەيدا بولدى . رەسسامنىڭ قوللىرى بەزگەكتەك تىترىگىنىچە ، ئۈزلۈكسىز ھەرىكەتلەنمەكتە . قارا كۆلەڭگە ئاستا ـ ئاستا ئاق رەڭگە كىرىشكە باشلىدى . ئەمدى چىشى كېيىك گويا بۇ يەرگە ئۇۋچى يېتىپ كەلگەندە ھەمراھى ئۆزىنى تاشلاپ قېچىپ كەتكىنىگە نەپرەت بىلەن قاراپ ياتقاندەك ئىدى . ئۇنىڭ بۇرۇن تۆشۈكلىرى غايەت چوڭايغانىدى ، ئۇ راستىنلا

نەپرەتلەنگەندەك ئىدى . ياق ، بىردىنلا ئاقۇش رەڭ ئۈستىدە يــەنە ئەركەك كېپىنەك پەيدا بولدى . دەسلەپتە ئۇنىڭ بېشى پەيدا بولدى ، كۆزى پەيدا بولدى . ئەنە كۆزى پەيدا بولدى . ئۇنىڭ كۆزى بايىقى كۆرۈنۈشنىڭ ئەكسىچە ، پۈتۈنلەي ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئــۆزگەرگەن . مانا ئەمدى ئۇنىڭ كۆزلىرى شادلىق ، خۇشاللىق بۇلىقىغا ئايلانغانىدى . ئۇ نېمىگە شۇنچە خۇشاللانغاندۇ ، جۈپتىنى قــۇتــقــۇزۇشــنىڭ بىرەر ئامالىنى تاپقانمىدۇ ؟ ياق ، بۇ مۇمكىن ئــەمــەس ، ھىيلىگەر ئادەملەرنىڭ قويغان قاپقىنىدىن كېپىنەكنىڭ ئــامــان قېلىپ ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇشى مۇمكىن ئەمەس ، ئەمىسە ئەركەك كېپىنەك بايا غايىب بولغاندا ، ئۇۋچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ، كــۆزلــىرىدىن تارام - تارام ياش تۆكۈپ تۇرۇپ ، ئۇنىسىز ھالدا ئۇنىڭغا يالۋۇرغانمىدۇ ؟ ياق ، ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ! ياۋۇز ئۇۋچى كېپىنەكنى كۆرگەن ھامان ئوقيانىڭ كىرىچىنى بولۇشىچە تارتىپ ، كــېــپىنەكنى ئاتماي قويمايدۇ ، كېپىنەكمۇ ئۇۋچىغا يېلىنمايدۇ . ئۇ ئۇۋچىنىڭ رەھىمسىز يىرتقۇچ ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ . ئادەملەرنىڭ ئــۆزىنى كۆرگەندە ھامان يەۋېتىدىغانلىقىنى بىلىدۇ ، ئەمىسە ئۇ ھــازىر نېمانچە خۇشال ، ئاھ ، ئەمدى كۆرۈۋالار ، ئەمدى ئۇنىڭ ھەممە يېرى كۆرۈندى ، ئەسلىدە ، كۆكرىكىگە ، بىقىنىغا ئۇۋچىنىڭ ئىككى تال ئوقى سانجىلغان ، قىزىل قان جۈپتىنىڭ قېنى بىلەن قــوشــۇلــۇپ بــۇلاق ســۈيــىــگە قۇيۇلغانىدى . ئورمان ئارىسىدىن رەھىمسىز ئۇۋچىنىڭ يېرىم گەۋدىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى . دېمەك ، ئــەركــەك كــېــپــىــنــەك ئــۆز ھــەمــراھــى بــىــلــەن مــەڭگۈ بىرگە بــولــىــدىغانلىقىدىن ، ئادەملەرنىڭ ئۆتكۈر پىچاقلىرىدا تارتقۇشلاپ ســويــۇلــۇپ ، ۋاراقــشــىــپ تــۇرغــان قــازانلىرىدا تەنلىرى بىرگە قــايــنــايــدىــغــانلىقىدىن ، چىشلىرىدا بىرگە چاينىلىدىغانلىقىدىن ، قــاراڭغــۇ قــورســاقــلــىــرىــغــا تــىــتــىــلــىــپ كىرگەندىمۇ بىرگە كــىــرىــدىغانلىقىدىن ، شۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ، شۇ ئادەملەرنىڭ يــۈرىــكــىــنــىــڭ قــانــداقلىقىنى بىرگە كۆرىدىغانلىقىدىن خۇشال بولغانىكەن - ھە ! ئانا كېپىنەك ئەسلىي يېڭىدىن دۇنياغا كۆز ئاچقان

ئوغلاقلىرىغا ئوزۇقنى كۆپرەك بېرىش ، بۇلاق سۈيىدىن كۆپ ئىچىپ ، كۆكسىدىكى سۈتنى كۆپەيتىش ئۈچۈن بۇلاق بويىغا كەلگەنىدى . بىچارە ئوغلاقلار مەسۇم كۆزلىرىنى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يولىغا ئىنتىزارلىق بىلەن تىكىپ ، ئانا سۈتىگە تەشنا بولۇپ تۇرغاندا ، ياۋۇز ئوۋچى ئۇلارنىمۇ تۇتار . ئادەملەر يامان ، ھىيلىگەر . ئۇلارنى كېيىك ئىزىدىن ئىزدەپ بېرىپ تۇتىدۇ ـ دە ، ئۇلارنىڭ يۇمران تەنلىرىنىمۇ لەززەت بىلەن چايناپ يۇتىدۇ . دېمەك ، كېيىك ئوغلاقلىرىمۇ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن چوڭ بەختسىزلىك ئىچىدە بەختلىك ئۇچرىشىدۇ...

رەسسامنىڭ قولى تالدى ، كۆزى تالدى .

ئۇ قىچىشىپ كەتكەن تاقىر بېشىنى بىر سىلىۋىدى ، ئاشۇ ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈشنى شەكىللەندۈرگەن بوياقلار تاقىر بېشىغا يۇقتى ، ئۇنىڭ تۈكسىز بېشىغا يۇققان بوياق ئاشۇنىڭغا ئوخشاش بىر پاجىئەلىك سۈرەتنى ئىپادىلەپ بېرەلمىسىمۇ ، لېكىن كىچىككىنە بولسىمۇ بىر كۆڭۈلسىزلىكنىڭ بېشىغا سايە تاشلىغانلىقىنىڭ ئالدىن بېشارىتىدەك كۆرۈنەتتى .

— بۇ سۈرەت ئەجەب مەنىلىك سىزىلىپتىغۇ ؟

رەسسامنىڭ تاياقتەك ئورۇق ، ئېگىز ئايالى ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ ، ھەم خۇشال ، ھەم ھەيران بولۇپ ، ئىشخانىنىڭ بىر تېمىنى لىق ئالغان رەختتىكى سۈرەتكە قاراپ قالدى . رەسسام بىر ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ ، ئايالىغا قاراپ قويدىيۇ ، ئۈنچىقمىدى .

— قاچاندىن بېرى بۇنداق سۈرەت سىزىشقا تەييارلىق كۆرگەنتىلە ؟

— تۈنۈگۈن كەچتىن بېرى ، — رەسسام جامال ھارغىن ، بوش ئاۋازدا جاۋاب بەردى . جامالنىڭ ئايالى تېخىمۇ ھەيران بولۇپ ، تۇمشۇقنى ئۇشلاپ ، چوڭقۇر كۆزلىرىنى يېپىۋالغان قاپىقىنى سۈزدى .

— ۋىيەي ، پوچىلىقىنى ، رەسمىي ئىجادىيەتكە كىرىشىپ

بىرەر ئەسەر ئىجاد قىلماقچى بولسىلىمۇ، بىرقانچە ئاي تەييارلىق قىلاتتىلە، ئەمەلىيەتتە سىزغانلىرى ئۇنچىۋالا ئەمەس ئىدى. ئەجەبا، بىر كېچىدىلا بۇنداق ئېسىل سۈرەت چىقامدۇ؟ھازىرغىچە سىزغان ھەرقانداق داڭلىق رەسىملىرى مېنىڭچە بۇ رەسىمنىڭ ئالدىدا يىپ ئېشەلمەيدۇ.

— مەيلى، يىپ ئېشەلىسۇن، ئېشەلمىسۇن، يېزا باشلىقىغا يارىسىلا بولغىنى. بۇ رەسىمنى سىزىشتا ئۇنىڭمۇ بىر كىشىلىك ھەسسىسى بار، بولمىسا بۇنداق چىقىشى ناتايىن، — دېدى رەسسام ئايالى ئاپتوۋۇزدا قويۇپ بېرىۋاتقان ئىسسىق سۇدا قولىنى يۇيۇۋېتىپ.

— باشلانغۇچنى تۈزۈك ئوقۇمىغان باشلىقنىڭ بۇ رەسىمگە ھەسسە قوشالىغۇدەك قانچىلىك بىلىمى بار ئىدى؟ ئۇ كىشىلەرگە ۋارقىراشنى، بۇيرۇق چۈشۈرۈشنى، دېھقانلارنى شولۇپ يېيىشنى بىلىدۇ، — دېدى جامالنىڭ ئايالى ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ، جامال چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپىغا قاراپ قويۇپ:

— بوشراق گەپ قىل، كوندۇزى گەپ قىلساڭ ئەتراپىڭغا باق، كېچىسى گەپ قىلساڭ قۇلاقنى قۇلاقا ياق. چىڭراق گەپ قىلساڭ، ئەتىسى يېزا باشلىقىنىڭ ئاغزىدىن ئوت بولۇپ چىقىپ، يۈزۈڭگە داغ سالىدۇ، — دېدى ئايالىغا چېچىلىپ. ئايالى ئېرىنىڭ چۈس مىجەزىنى بىلگەچكە، ئاستا غوتۇلدىدى:

— ئۆز ئۆيىدىمۇ ئۇنلۇكرەك گەپ قىلىشقا پېتىنالمايدۇ كىشى. يېزا باشلىقى بۇ رەسىمگە نېمە ھەسسە قوشتى؟

— ئۇ: «ئوغلۇمنىڭ يېڭى تۇتقان ئۆيىگە ئاسىدىغان گەپ، مۇشۇ ئون گەز رەختكە قاملاشتۇرۇپ بىر رەسىم سىزىپ بەر» دېدى. نېمە سىزىپ بېرىمەن؟ دېسەم، بىردەم بېشىنى قاشلاپ: «كېيىكنىڭ رەسىمىنى سىز» دېدى. ئويلاپ ئولتۇرۇپ، ئۇشتۇمتۇتلا، ھېلىقى مەشھۇر ئۇيغۇر خەلق چۆچىكىدىكى كېيىك پاچىئەسى ئېسىمگە كېلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ رەسىم سىزىلىپ قالدى.

— بۇ رەسىمنى بەرمەيلى ، — دېدى جامالنىڭ ئايالى پاتىمە . جامال ئايالىغا ئالىيىپ قاراپ قويدى .

— نېمىشقا بەرمەيسىز ؟

— بۇ سىلىنىڭ ئىجادىيەتلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ياخشىسى ، ئۇنى بەرگەن تەقدىردىمۇ ، بىزنىڭ ئۆيدە يەپ كېكىرىپ چىقىپ كەتكەن نەچچە قوينىڭ گۆشچىلىك ئەتىۋارى بولمايدۇ ، ئۇچىغا چىققان يۈزسىز چوقۇر ئۇ .

— بولدى ، پاتىمە ، مۇشۇ كۈندە ئاغزىڭ ئېچىلىپ كەتسە توختاتقىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدىڭ ، قانداق قىلىمىز ؟ بۇنداق ئىت خۇيلۇق ئادەملەرنى ئۇزاق مۇددەتكىچە يۇندا بىلەن باقمىغۇچە ، ئىشنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ . مەيلى بۇنىمۇ ئالسۇن ، يەنە نېمە يېسە يېسۇن ، بۇ قېتىم يېزىغا بېرىلگەن كادىر قوبۇل قىلىش شتاتىنىڭ بىرىنى ماڭا تەستىقلاپ بەرسىلا بولغىنى . ئاشۇ نەپسى تويماس چوقۇرنىڭ قورسىقى تويۇپ ، بۇرۇتى مىدىرلاپ كەتسىلا ، باشقىسى بۇ يەرلىك خاقاننىڭ ئالدىدا غىڭ قىلالمايدۇ ، — دېدى جامال چوڭقۇر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ . پاتىمە ئىچى سىيرىلگەن هالدا رەسىمگە تىكىلدى .

## 2

جامالنىڭ شاپتۇل قېقىدەك قورۇلۇپ قالغان چىرايىغا خۇشاللىق يامىشىپ ، يۈزىدىكى قورۇقلار تېخىمۇ قورۇلۇپ ، ئۆمۈچۈك تورىغا ئوخشاپ قالدى . شۇنداق قىلىپ ، ئۇ بىر يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ، قوي سويۇپ شورپا تەييارلاش ، ئۇچرىغان ئەمەلدارلارغا كۆزىنى بىچارىلىك بىلەن مۆلدۈرلىتىپ يېلىنىش ، سانسىز قېتىم بالىۋاقىسىنى رەسىمگە تارتىپ قويۇش ، ئۇلارنى چوڭايتىپ ، چىرايلىق نەقىشلىك رامكىلارغا ئېلىپ ، ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ ، ئالىي ئېھتىرام بىلەن قاراش ، ئاغزىغا كەلگەنلىكى چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ئاغزى قۇرۇغىچە مەدھىيە ئوقۇش

نەتىجىسىدە ، ئاخىر ئۆزى كۆزلىگەن مەقسەتكە يېقىنلاپ قالدى . تەستىق سېلىنسىلا ، كادىرلىق شتاتىدىن بىرنى ئېلىپ ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى مەتبۇئات ، كۆرگەزمىلەردە دېھقان رەسسام جامال دەپ ئاتىلىپ كەلگەن قالپاقتىن قۇتۇلىدۇ . ئەمدى گېزىتلەر ئۇنى دېھقان رەسسام دېمەيدۇ . بۇ ئىسمىدىن ئۇ شۇنچىلىك بىزار بولغانىدى . بىراق نېمە ئىلاج ، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ نامرات بىر يالاڭتۆش رەسسام ئەمەسمۇ ؟ بۇ ئىشنى قىلىپ تۇرمىسا ، چۆنتەككە كىرىپ تۇرىدىغان پۇل توختايدۇ ـ دە . ئەمدى ئۇ دۆلەتنىڭ تۆمۈر كىيىملىك كادىرى بولماقچى . ئۇنىڭ ھەممە يېرى — ئاغزى ، قۇلىقى ، بۇرنى… ھەممە يېرى كادىر ، ئۆلۈكىمۇ كادىر بولىدىغان گەپ . ساق قىرىق بەش ياشتا ئاران بىر يېزا كادىرى بولماقچى . ۋاي ، بۇنىڭ ئۇچۇن ئۇ قانچىلىك تىرىشىپ ـ تىرماشتى ؟ يېزا باشلىقى ، ناھىيە ھاكىمى ، مۇئاۋىن شۇجى ، كادىرلار ئىشخانىسى ، ئىش بېجىرگۈچىسى ، باشلىقى ، باشلىقنىڭ كاتىپى ، ھەتتا ئاشۇ مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارنىڭ دەرۋازىۋەنىدىن تارتىپ ئالدىغا بېرىپ ، ئوتتۇز تەزىم قىلىش ، زورىغا ھىجىيىش ، بىچارىلەرچە يېلىنىش ، رەسىمگە چۈشىدىغان ـ چۈشمەيدىغانلىقىنى ، ئۆيدە سىرلايدىغان نەرسىسىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى سوراش… ئۇھ ، بۇ ئاقنانچى ئاغىنىلەرنىڭ بۇنداق بىكار نەپتىن قاچىدىغىنى نەدە ! بىرىنى رەسىمگە تارتسا بالىسى ، بالىسىدىن ئاشسا چوڭ ئانىسى ، ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ قوشنىسى ، قوشنىسىنىڭ نەۋرىسىنى تارتماق ، يەنە بىرىنىڭ ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن غىچ ـ غىچ ئىشكاپىدىن تارتىپ كەشنى قويىدىغان ئورۇندۇقىغىچە سىرلىماق … ۋاي ، بۇلارنى سانىسا بەلكىم يۈز نەچچە قېتىمدىن ئېشىپ كېتەر . بۇ جەرياندا ، يېمەي ـ ئىچمەي ، چۆچۈرىدەك تۆت بالىسى بىلەن ئايالىغا تەسەللى بېرىپ ، چىشىنى چىشىغا چىشلەپ ئىشلىدى . ياپىر ! بۇ ئېغىزلار شۇنچىلىك تولمايدىغان ، چوڭقۇر ھەم كەڭرىكەنكى ، خۇددى سۇلايمان پادىشاھنىڭ دىۋىلەرنى بەند قىلىدىغان كۈپلىرىگە ئوخشاش تەگسىز ئىدى . بۇنداق چوڭ ھاڭلارنى جامالدەك بويى بىر مېتىر

ئاتمىش سانتىمېتىر كېلىدىغان ئاۋاق ئادەمنىڭ قان ـ تەرى قانداقمۇ تولدۇرۇپ بولالىسۇن . بىراق ، جامال ئۈمىدسىزلەنمىدى ، ئەكسىچە گېزىت ـ ژۇرناللار ئەۋەتكەن ئازغىنا قەلەم ھەققىنى توپلاپ ، مېھمانغا يېتەرلىك نەرسىلەرنى تەييارلاپ ، باشلىقلارنىڭ ئالدىغا بارغاندا ، قورۇنۇپ ، ئۇلارنىڭ قار ـ مۇز يېغىپ تۇرغان چىرايىغا ساقچىدىن قورققان ئوغرىدەك قاراپ يۈرۈپ ، ئاران تەكلىپ قىلىپ ، مىڭبىر تەكلىپ ـ تەكەللۇپلار بىلەن يېگۈزگەندە ، ئاغزىدا چىرايلىق مەدھىيە ئوقۇۋاتقان بولسىمۇ ، قەلبىدە : «يە ، يېگىن ، ئىچە ، نېمە يېسەڭ يەپ ، نېمە ئىچسەڭ ئىچىپ ، ئىشىمنى بىر ھەل قىلىۋەتسەڭلا مەيلىدى ، قېنىمنى ئىچىۋاتىسەن ، بالانى يېسەڭمۇ يېگىن ، لېكىن بىر ھەل قىلىۋەتسەڭ بولاتتى » دەيتتى . كىم باشقىلارنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولمايدۇ ، كىم رەسمىگە چۈشمەيدۇ ، كىم دېرىزىنى سىرلاتمايدۇ ؟ بۇ ئەلۋەتتە نورمال ئەھۋال ـ دە . جامال ئۇھ دېگۈچىلىك دەرمان قالمىغاندا ، ئۆز مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇراي دېدى . ئاشۇ چاغدىلا ، ئۇ ئۆز ۋاقتىدا نېمە ئۈچۈن ياخشى ئوقۇپ مەكتەپنى سالامەت پۈتكۈزمىگەنلىكىگە يەنە قاتتىق ئازابلاندى . ئەينى چاغدا كادىرلىقنىڭ قەدرىگە يېتىپ ، كادىر بولماقنىڭ مۈشۈنچىلىك قىيىن ئىكەنلىكىنى بىلگىنىدە ، غىت قىسىپ ئوقۇغان بولاتتى . ئەمدى پۇشايمان قىلغانىنىڭ نېمە پايدىسى ؟ بۇ ئىشلارمۇ ئۆتۈپ كېتەر . كادىرلىقمۇ كۆزگە كۆرۈنۈپلا قالدى . ئۇ كادىر بولۇۋالغاندىن كېيىن ، بىر ئاز دېمىنى ئېلىۋالماقچى ، بىر مەزگىل تىنىۋالماقچى . قوللار تالدى ، پۇتلار قاپاردى ، تولا سۆزلەپ ئېغىزىنىڭ بىر قات تېرىسى قالمىدى . تولا كۈتۈپ كۆزىنىڭ نۇرى ئاجىزلىدى . يۈرەك زارىقىپ لەش بولدى . ئۇ خۇشال ھالدا چوڭ بىر ئۇھ تارتتى . ئۇنىڭ يېنىدا ياتقان ئايالىمۇ ئويغاقكەن ـ دە ، ئۇ ئېرى تەرەپكە ئۆرۈلدى .

— مۇرادلىرى ھاسىل بولۇشقا پەقەت بىر كۈنلا قالدى ، — دېدى پاتمە تەنە ئارىلاش . بەلكىم ئەتىگەندىن بېرى ئۇمۇ ئېرىگە

ئوخشاش نۇرغۇن خىياللارنى سۇرگەندۇ، ئىبرىنىڭ كادىر بولۇش يولىدا كەشىنىڭ سوگى چۇشۇپ قالغۇدەك پالاقشىپ، يۇقىرى - تۆۋەن قاترىغانلىقىنى ئويلىغاندۇ. ئۇچىسىدا كىيىمى قالمىغۇچە مېھمان كۇتكەن مۇساپىسىنى ئەسلىگەندۇ.

— ماڭغان يوللىرىمنى، قىلغان ئەجرىمنى ئويلاپ ئۇھ تارتىۋاتىمەن. مۇشۇ كىچىككىنە بىر جايدا باشلىقنىڭ شۇنچە تولىلىقىنى ئويلاپ ئۇھ تارتىۋاتىمەن. مېنىڭدەك بىر ئادەتتىكى ئادەمنى كادىرلىققا قوبۇل قىلىش شۇنچىۋالا كۆپ باشلىقنىڭ قولىدىن ئۆتىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئۇھ تارتىۋاتىمەن. نېمىدېگەن مۇرەككەپ؟ قانچە ئويلىسىمۇ تېگىگە يەتكىلى بولمايدۇ. خۇددى ئالۋاستىنىڭ چېچىدەك چىگىش ئىشلار. مېنىڭ ئىشىمغۇ ئاساسەن ھەل بولاي دەپ قالدى، ئەمما ئاشۇلارنىڭ ئالدىغا قاتراش جەريانىدا، ماڭا ئوخشاش نۇرغۇن بىچارىلەر بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدىم. مېنىڭ قولۇمدىن ھېلىقىدەك ئۇششاق ئىشلاردىن تارتىپ مەدھىيە، خۇشامەتكىچە ھەممىسى كېلىدىكەن. تولا قاتراش ھارمۇ كەلمەيدىكەن. بىراق ھەممە ئادەم ماڭا ئوخشامدۇ؟ ئاشۇلارنىڭ ئىچىدە ماڭا ئوخشاش يېلىنىش - ھېجىيىش، مەدھىيە، ماختاشقا تىلى بارمايدىغانلارمۇ بار. ئاشۇ بىچارىلەرنىڭ ھالىغا ئېچىنىمەن. مەسىلەن، باشلىقلارنىڭ تولىسى ماختانچاق كېلىدىكەن. مەن ئۇلارنىڭ بۇ ئاجىزلىقىنى بايقىۋالدىم - دە، ئۇلارنىڭ قاملاشمىغان ئىشلىرىنى كارامەت دانا ئىش بوپتۇ دەپ، ھارماي ماختىدىم، ياراشمىغان كىيىملىرىنى ئاجايىپ يارىشىپتۇ، دېدىم. سەت دۆڭ پېشانە بالىلىرىنى ئەجەبمۇ ئوماق بالىلاركەن، پېشانىسى ئوچۇقكەن، دېدىم. ئۇلار ھاكاۋۇر، غادىيىپ تۇرسىمۇ، ئەجەب كەمتەر، كەڭ قورساق، دۇنيادا تېپىلغۇسىز بەلەن ئادەمكەنلا، دېدىم. بۇ ماختاش، مەدھىيىلىرىمگە گەرچە ئۇلار پەرۋا قىلمايۋاتقاندەك، ئاڭلىمايۋاتقاندەك، بۇنداق ماختاشنى ياقتۇرمايۋاتقاندەك قىلسىمۇ، چىن كۆڭلىدىن تازا ياقتۇرىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇردۇم. شۇڭا ئىشىم ھەل بولاي دەپ

قالدى. باشقا بىچارىلەرنىڭ ئۇلارغا قىلغان سوۋغاتلىرى مېنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ. بىراق ئۇلار مەندەك مەدھىيىچىلەردىن ئەمەس، دورىيالمايدۇ، شۇڭا ھەل بولمىدى. مانا بۇلار مېنىڭ ئالىي مەكتەپتە پسىخولوگىيىنى ئوبدان ئوقۇپ...

— ۋاي ئاللا، بولدى قىلسىلىچۇ، ئىبغىزلىرى بىر ئىپچىلسا توختاتقىلى بولمايدۇ.

پاتىمە جامالنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى. جامال پىخىلداپ كۈلۈپ، قولىنى ئۇن ـ تىنسىز پاتىمەگە سوزدى.

بايا جامالنىڭ سۆز ئاخىرىسىدا: «مانا بۇلار مېنىڭ ئالىي مەكتەپتە پسىخولوگىيىنى ئوبدان ئوقۇپ...» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ قالدۇق. ئەجەبلىنىۋاتامسىلەر؟ «ئەجەبا ئۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپتۇيۇ، يەنە نېمىشقا كادىر ئەمەس، ھازىرغىچە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغانلاردىن كادىر بولمىغىنى بارمۇ؟» بۇ غەلىتىلىكتىن ئەلۋەتتە ئەجەبلەنمەي قالمايسىلەر. بۇ جامال قانداق غەلىتە نەرسە، يۇرۇڭلار، سېۋەتتە سۇ توختىمىغاندەك، تولا گەپ قىلىدىغان ئادەمنىڭ ئىچىدە گەپ ياتمايدۇ. ئۇ بەزى ئەمەلدارلارنىڭ ماختانچاقلىق ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز ئىشىنى ھەل قىلىشنىڭ كاۋىكىنى تاپقان بولسا، بىزمۇ ئۇنىڭ تولا گەپ قىلىدىغان ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ بۇ غەلىتە سۆزىنىڭ سىرىنى بىلىۋالايلى.

## 3

جامال يېرىم كېچىدە چالا مەست ھالدا ياتىقىغا قايتىپ كىرىپ، ئۆزىنى كارىۋىتىغا تاشلاپلا، خورۇلداپ ئۇيقۇغا كەتتى. كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنىش بىلەنلا، ئاجايىپ چۈشلەر باشلاندى...

«يۇمشاق، ساپسېرىق چاچلىق بىر باش، ئىسسىق، يۇمشاق بىر تەن ئۇنىڭ كۆكسىگە سۈركەلمەكتە. ئۇنىڭدىن شۇنچىلىك

خۇش پۇراقلار تارالماقتىكى ، بۇ پۇراق جامالنىڭ ئۇيقۇلۇق سەزگۈلىرىنى ئويغاتتى . دەسلەپتە ئۇ ئاشۇ ئەۋرىشىم ، يۇمشاق تەندىن باشقىنى بىلەلمىدى ، كېيىن قولىنى يۇمشاق بىر قول چىڭ سىقتى . بۇ كىمنىڭ قولى بولغىيدى ؟ تونۇشلا بىر قولغۇ ؟ شۇنچە نازۇك ، ئىنچىكە بارماقلار... ۋاھ ، تونۇشلا بىر جۈپ ئوتلۇق كۆك كۆز ، لالىدەك قىزىل لەۋ . ئاخىر كۆردى . ئۇ كۆرۈشكە ئۈلگۈرمەيلا ئاشۇ ئىسسىق لەۋلەر ئۇنىڭ تىكىلىپ قاراپ قالغان كۆزلىرىگە نۆۋەت بىلەن بېسىلدى . جامال دەرھال ۋارقىراپ ئۇنى سىلكىۋەتتى . لېكىن ئاۋازى بوغۇلۇپ زۇۋانى چىقمىدى ، ئۇنى ئىتتىرىۋېتەي دېسىمۇ ، قولىنى مىدىرلىتالمىدى .

— سۆيۈملۈك باقىيوۋ...

ئالتۇن چاچلىق ياش رۇس ئايال ، تونۇش ئاۋاز ، تونۇش چىراي ، تونۇش كۈلۈمسىرەش ، تونۇش كۆك كۆز . لېكىن جامال گەپ قىلاي دېسە ئاۋازى چىقمايدۇ . تەنلىرى بەند قىلىۋېتىلگەندەك مىدىرلىمايدۇ .

— كاتە... — جامال قورقىنىدىن لاغىلداپ تىترەپ ۋارقىرىۋەتتى . ئەمما ئاۋازى پەقەت چىقمىدى ، ھەتتا ئۆزىمۇ ئاڭلىيالمىدى .

— نېمىشقا بۇنچىۋالا ھودۇقىسىز ، سۆيۈملۈك باقىيوۋ ، مەن ۋاسىلىۋا كاتىنىشكا ئەمەسمۇ ؟ بۇ يەردە يات ئادەم يوق ، سىلەر بۇ ئىشلارنى بەكمۇ خەتەرلىك ، يامان ئىش دەپ قارايدىكەنسىلەر ، ئەمەلىيەتتىمۇ ھېچقانداق ئالاقزادە بولغۇدەك ئىش ئەمەسقۇ ؟ سىز قورقماڭ ، سىز ئۈچۈن ئېھتىيات قىلىپ ، بۇ ئىشنى ھېچكىم بىلمەيدىغان قىلدىم . يېنىڭىزغا كىرگىنىمنى ھېچكىم كۆرگىنى يوق ، سىز تولىمۇ سۆيۈملۈك ، يارامىلىق يىگىتسىز...

كاتىنىشكا جامالنىڭ بويىنىغا گىرە سالدى . جامال ئۇنىڭ قولىنى ئاجرىتىۋەتمەكچى بولۇۋىدى ، قولىنى كۆتۈرەلمىدى . كاتەنىڭ كۆك كۆزلىرى ئۇنىڭغا چوڭقۇر مېھرى بىلەن تىكىلگەنىدى . دائىم مۆڭلىنىپ تۇرىدىغان كۆزلىرى ھازىر ئاجايىپ

نۇر دېڭىزىغا ئايلانغانىدى... »

جامال بوغۇلۇپ ۋارقىراپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى چىلىق - چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرىدىن بىر نەچچىسى ئويغىنىپ بېشىنى كۆتۈردى. چىراغ ياقتى. «قارا باستىمۇ؟...» جامال جاۋاب بەرمىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى دەھشەت بىلەن سوقماقتا ئىدى.

ئۇ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ، بىر بىنانىڭ يېنىغا باردى - دە، دېرىزىدىن مارىدى. بىر رۇس ئەر چالا سىزىلغان بىر سۈرەتكە تىكىلگىنىچە بىر قولىدا موي قەلەم، بىر قولىدا بوياق قاچىسى تۇتۇپ قېتىپ تۇراتتى. بۇ بايا جامال چۈشىدە كۆرگەن كاتىنىشكانىڭ ئېرى ۋاسىلى ئىۋانوۋ ئىدى. ئۇ جامال بېيجىڭ گۈزەل سەنئەت ئىنستىتۇتىغا كەلگەن بىر يىلدىن بېرى ئۇنىڭ رەسىم ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. ۋاسىلى ئىۋانوۋ ناھايىتى ئاق كۆڭۈل، پۈتۈن ئىشتىياقىنى رەسىم كەسپىگە بېغىشلىغان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئېغىر - بېسىق تۇرقىدىن ھەقىقىي سەنئەتكارلارغا خاس سالاپەت چىقىپ تۇراتتى. يېشى ئەللىكتىن ئېشىپ، پەقەت گەدىنىدىلا كىچىككىنە ئاق چېچى قالغان پېشقەدەم رەسسام جۇڭگونىڭ ئىختىساسلىق خادىملىرىنى تەربىيىلەشكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئۆزى ئىلتىماس قىلىپ موسكۋادىن بېيجىڭغا كەلگەنىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ ئۇنىڭ جۇڭگودىكى كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان گۈزەل تەبىئىي مەنزىرىلەرنى، قەدىمىي خاتىرە جايلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشكە بولغان تەشنالىقىدىنمۇ بولغانىدى. ئۇ جۇڭگوغا كېلىپ بۇ تەشنالىقىغا قاندى. بېيجىڭنىڭ سەھەر ۋاقتىدىكى نۇرغا تولغان مەنزىرىسىنى، ئون ئۈچ پادىشاھ قەبرىسىنى، يىخېيۈەن، بېيدەيخې، شياڭشەن، سەددىچىن قاتارلىق جايلىرىنى، گۈيلىننىڭ رىۋايەتلەردىكىدەك گۈزەل مەنزىرىلىك تاغ - دەريالىرىنى، تەيشەن تېغىنىڭ ئاسمان - پەلەك تىك چوققىلىرىنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى بېسىۋالالماي قالدى. ئۆزىنى ياشلىقىغا يېنىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. جۇڭگوغا

كەلگىنىدىن تولىمۇ ئىپتىخارلاندى . شۇڭلاشقىمۇ ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا بەكمۇ ئەستايىدىل دەرس ئۆتتى . بولۇپمۇ جامالغا تولىمۇ ئامراق ئىدى . چۈنكى جامالنىڭ قىسقىغىنا بىر يىل ئىچىدە رۇس تىلىنى خېلى ئوبدان ئۆگىنىپ ، مەقسىتىنى بىلدۈرەلەيدىغان بولغانلىقى ئىۋانوۋنى تولىمۇ خۇشال قىلغانىدى . ئىۋانوۋ بوش ۋاقىتلىرىدا جامال بىلەن مۇڭدىشىپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىراتتى . دائىم دېگۈدەك تەڭرىتېغى ، بوغدا كۆلى ، تارىم ۋادىسى توغرىسىدا ھاياجانلىنىپ سۆزلەيتتى . شانلىق ئۇيغۇر مەدەنىيىتى توغرىسىدا ھاياجانلىنىپ سۆزلەيتتى . شانلىق ئۇيغۇر مەدەنىيىتى توغرىسىدا ، قەشقەر ، خوتەن ، تۇرپان ، ئىلى توغرىسىدا ، قەدىمكى زامانلاردا ئۆتكەن ئۇيغۇر ئالىملىرى ، شائىر - يازغۇچىلىرى ، رەسساملىرى توغرىسىدا سۆزلىگەندە ، ئۆزىنى زادىلا توختىتالمايتتى . توۋا ، بىر رۇس شىنجاڭنىڭ ھەممىلا يېرىنى ، ھەتتا نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىنى بىلىدىكەنۇ ، جامال ئۆزىنىڭ زېمىنىنى ئۇنىڭچىلىك بىلمەيدۇ . ھەتتا ھازىر شىنجاڭ قايسى تەرەپتە دېسە شۇنىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەسلىكى مۇمكىن . ئىۋانوۋ جامالنى دائىم ئۆيىگە تاماققا تەكلىپ قىلاتتى . لېكىن جامال رەت قىلاتتى . بىر كۈنى ئىۋانوۋ جامالنى ئۇنىمىغىنىغا قويماي ئۆيىگە باشلاپ كەلدى . ئايالى كاتىنىشكا ئۇلارنى قارشى ئالدى . ئۇ جامالنى كاتىنىشكىغا : «بۇ تەڭرىتېغى بويىدىن كەلگەن تەڭرى بالىسى ، كارامەت ئەقىللىق ، زېرەك ، تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى يۇقىرى ، تىرىشچان ئوقۇغۇچى» دەپ تونۇشتۇردى . كاتىنىشكا ئېرىنىڭ جامالنى ماختاشلىرىغا ئانچە پەرۋا قىلمايۋاتقاندەك قىلىسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ بىر خىل يوشۇرۇن ھەسرەت سايە تاشلاپ تۇرىدىغان چوڭقۇر كۆكۈش كۆزلىرى جامالغا پات - پات تىكىلەتتى . ئۇنىڭ سوزۇق ئاپئاق چىرايى ، ئۇزۇن قوڭۇر كىرپىكلىرى بۇ چوكاننىڭ گۈزەللىكىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى .

— كاتە ، باقىيوۋ رۇس تىلىنى ئۆگىنىشكە ناھايىتى چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان يىگىتكەن ، بۇ قەدىرلەشكە تېگىشلىك ئىش ، ئۇ

بوش ۋاقىتلىرىدا سىزنىڭ يېنىڭىزغا كىرىدۇ، سىز ئۇنىڭ رۇس تىلى ئۆگىنىشىگە ياردەملىشىڭ. ۋۇي، باقىيوۋ، سىز تاماق يېمەيسىزغۇ؟… ھە، بىلدىم، سىز مۇسۇلمان بالىسى - دە، ئەمىسە، مېۋە سويۇپ يەڭ، كەمپۇت يەڭ. كاتە، بىز باقىيوۋنىڭ مۇسۇلمان بالىسى ئىكەنلىكىگە ھۆرمەت قىلايلى، قارا، سەن ئۇنىڭ بىلەن تاماق يېگەندە، ئاۋۇ قوچقىڭدىكى ماچكاڭنى نېرى قىل، — كاتىنىشكا شۇئان قوچىقىدىكى چوپۇرلۇق سېرىق ماچكىسىنى ياتاق ئۆيىگە ئەكىرىۋەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم پەيدا بولدى. ئۇ كۆزلىرىنى توسۇۋالغان سېرىق چاچلىرىنى قولى بىلەن ئارقىغا قايرىۋېتىپ، ئىستاكانلارغا هاراق قۇيدى.

— باقىيوۋ، سىز بىلەن تونۇشقىنىم ئۈچۈن ئىنتايىن خۇشالمەن، — دېدى ئۇ ئىستاكاننى قولىغا ئېلىپ، — بۇنىڭدىن كېيىن بوش ۋاقتىڭىزدا دائىم كېلىڭ، مەن سىزنىڭ تىل ئۆگىنىشىڭىزگە ياردەم قىلالىسام، ئۆزۈمنى ئىنتايىن بەختلىك ھېس قىلىمەن، — كاتىنىشكا ئورنىدىن تۇردى. ئىۋانوۋمۇ ئورنىدىن تۇردى. ئۇلارنىڭ ئىستاكانلىرى بىر - بىرىگە ئۇرۇلدى. جامال ئورنىدىن تۇرمىدى.

— ھە، بۇنداق تارتىنچاقلىق ئۇيغۇرلاردىكى بىر خىل قەدىرلەشكە تېگىشلىك ئادەت، بۇ قىياپەت كىشىلەردە ھېسداشلىق قوزغايدۇ. بىراق، باقىيوۋ، خىجىل بولماڭ، بىز سىزنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىڭىزگە ھۆرمەت قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىمىز. سىزمۇ ئەلۋەتتە چۈشىنىشىڭىز كېرەك، — دېدى ئىۋانوۋ سەمىمىي بىر خىل ئاھاڭدا.

— ھۆرمەتلىك مۇئەللىم، خانىم، ماڭا كۆيۈنگىنىڭلار ئۈچۈن كۆپ رەھمەت، بىراق مەن هاراق ئىچىپ باقمىغان.

— بۇ، دىنىڭىزغا بولغان سادىقلىقىڭىزغۇ دەيمەن؟ بىراق تارىختىكى مەشھۇر مۇسۇلمانلاردىن هاراق ئىچكەنلىرىمۇ كۆپ. مەن سىزگە ئۇستاز سۈپىتىم بىلەن لەۋزى قىلدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كاتە سىزنى ئاتايىن قەدەھ كۆتۈرۈشكە تەكلىپ قىلدى. ئۇيغۇرلاردا

«دوستۇڭنىڭ كۆڭلىنى كۆكسۈڭگە باس» دېگەن سۆز بار، قېنى، كۆتۈرەيلى.

جامال ھاياتىدا تۇنجى قېتىم ھاراق رومكىسىنى قولىغا ئالدى. ئەمدى ئۇنىڭغا ئۇستازىنىڭ سۆزىنى رەت قىلىش ئىمكانىيىتى قالمىغانىدى.

تاماقتىن كېيىن، ئۇلار ئۇزۇن پاراڭلاشتى. كاتىنىشكا ئېچىلىپلا كەتتى. ئۇ جامالغا رۇس تىلىنى چوقۇم كامالەتكە يەتكۈزۈپ ئۆگىنىشكە ۋەدە بەردى. جامال تولىمۇ خۇشال بولدى. ئۇ مۇئەللىمنىڭ ئۆيىدىن چىقىۋېتىپ: «ۋاسىلى ئىۋانوۋ يېشى ئەللىكتىن ئاشقان ئادەمكەن، ئايالى كاتە بولسا ئەمدىلا ئوتتۇزغا ئۇلىشىپتۇ. پەرق نېمىدېگەن چوڭ، قىزدەكلا تۇرىدۇ» دەپ ئويلىدى.

ۋاسىلى ئىۋانوۋ بىلەن كاتە ئىشكى ئالدىدىكى گۈللۈكتە جامالنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قېلىشتى.

## 4

ئۇ مەكتەپنىڭ كەڭرى سەيناسىغا چىقتى. تار سېمونت يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئارچا ـ قارىغايلار بۇك سايە تاشلاپ تۇراتتى. سەھەر قۇياشىنىڭ قىزغۇچ نۇرى يوپۇرماقلاردىكى شەبنەم تامچىسى ئۈستىدە پارقىرايتتى. ئەتراپتىن تومۇزغىنىڭ چىرىلداشلىرى ئاڭلىناتتى. ئوقۇغۇچىلار ئەتىگەنلىك تاماق يېيىش ئۈچۈن ئالدىرىشىپ ئاشخانا تەرەپكە يۈگۈرۈشمەكتە ئىدى. جامال گويا ئوغرىلىق قىلغان ئادەمدەك ھودۇقاتتى. كېچىدە كۆرگەن چۈشى ئۇنى ساراسىمىگە سېلىۋەتتى، ياش ئادەم قىزلار بىلەن بىرگە بولۇپ چۈش كۆرىدۇ. ئەمما مۇئەللىمنىڭ ئايالى بىلەن بولۇپ چۈش كۆرسە ـ ھە؟ ... بۇ كېچە كۆرگەن چۈشى شۇنچە ئېنىق ئېسىدە تۇرۇپتۇ. ئۇ تولا چاغلاردا چۈش كۆرەتتىيۇ، ئەسلىيەلمەيتتى، ئۇنتۇپ قالاتتى، كۆرگەن چۈشىمۇ شۇنچە گۇڭگا

ئىدى . ئەمما بۇگۇن كىچە كۆرگەن بۇ چۇشى گويا راستتەكلا ، ئوڭىدا بولغاندەك تۇيۇلاتتى . كاتەنىڭ ھەربىر ھەرىكىتى ، ھەربىر سۆزى ، ھەربىر تىنىقى ئۇنىڭ ئېسىدە ناھايىتى ئېنىق ساقلانغانىدى . چۇشمۇ شۇنداق بولىدىكەن ياكى جامال كاتەنى ئويلاپ يېتىپ شۇنداق چۇش كۆردىمۇ ؟ ئۇنى نېمىشقا ئويلايدۇ ؟ قانداق پېتىنىدۇ ؟ تېخى ئۇستازىنىڭ ئايالى بىلەن ـ ھە ؟ !...

ئۇ بۇگۇن كەچكىچە دەرسكە قاتناشمىدى . ئۇ بېيجىڭ كوچىلىرىدا لاغايلاپ يۇرۇپ ، ئاخىر بىر بوتۇلكا ھاراق ، بىر ئاز پىشۇرۇلغان كالا گۆشى ، ئاندىن ئۇششاق يېمەكلىكلەردىن بىر ئاز ئالدى ـ دە ، يىخبىيۇەن باغچىسىغا كىرىپ ، بىر سۇنئىي تاغ باغرىدىكى چۆپلۇكتە ئولتۇرۇپ ، ئۆزى يالغۇز ئىچكەچ ، خىيالغا چۆمدى . ئۇنىڭ بېشى ئېغىرلىشىپ ، لوقۇلداپ ئاغرىماقتا ئىدى . ئۇ بىرقانچە كۇن ئىلگىرىكى ئىشلارنى ئەسلىدى .

بىر كۇنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن ، جامال ۋاسىلى ئىۋانوۋنىڭ ئۆيىگە كۇلۇمسىرەپ ، سالام بېرىپ كىرىپ كەلدى . ئىۋانوۋ بىلەن كاتە تاماق جوزىسىدا ئاخىرقى تاماقلىرىنى يېيىشىپ ، نېمىدۇر بىرنەرسە ئۇستىدە سۆزلىشىپ ئولتۇراتتى . ئۇلار خۇشال ھالدا ئورنىدىن تۇرۇشۇپ ، جامالنى ئىنتايىن قىزغىن قارشى ئالدى . ھەممىدىن كاتەنىڭ چىرايى بۆلەكچىلا ئېچىلىپ كەتكەنىدى . ئۇ جامالنىڭ قولىدىن يېتىلەپ ئەكىلىپ تاماق ئۇستىلى يېنىغا ئولتۇرغۇزدى ۋە رۇمكىلارغا ۋىنو تولدۇردى . ئۇ كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ :

— ھازىر ۋاسىلى بىلەن سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىشىپ ئولتۇراتتۇق . ئۇنىڭغا سىزنىڭ رۇسچە ئۆگىنىش ئۇنۇمىڭىزنىڭ يۇقىرى بولۇۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بېرىۋىدىم ، ئۇ ئىنتايىن خۇشال بولدى ، — دېدى .

— ھە ، مەن ئىشىنىمەن ، چوقۇم ياخشى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن . مەن سىزنى چوقۇم كېلىدۇ ، دەپ كۇتۇپ ئولتۇرغانىدىم . ئاخىر كەلدىڭىز . قېنى ، كۆتۇرەيلى !

ئۈچ رومكا بىر ـ بىرىگە يېنىك جاراڭلاپ ئۈرۈلدى. روم-
كىنىڭ جاراڭلىغان ئاۋازى شۇ تاپتا بۇ ئۈچ يۈرەكتە ئۈچ خىل
ئەكس سادا پەيدا قىلغانىدى .
ئىككى رومكىدىن ۋىنو ئىچىلگەندىن كېيىن ، ۋاسىلى ئىۋانوۋ
ئورنىدىن تۇردى .
— مەن ئىشخانامغا چىقىمەن ، سىلەر ئۆز ئىشىڭلارنى
داۋاملاشتۇرۇڭلار . خەير كاتە ، خەير باقىيوۋ .
ۋاسىلى ئىۋانوۋ ئادىتى بويىچە كاتەنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ
قويۇپ ، خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى . بۇنداق چاغلاردا كاتە ئېرىدىن
ئىچ ـ ئىچىدىن بىزار ئىكەنلىكىنى قانچىلىك يوشۇرۇشقا ئۇرۇن-
سىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ مۇڭ چىقىپ تۇرغان گۈزەل كۆك كۆزى
بىلىندۇرۇپ قوياتتى . كاتە خۇمار كۆزلىرىنى ئوينىتىپ ، جامالغا
دەرس بېرىشكە كىرىشتى . ئۇ شۇنچىلىك ھېسسىياتچان ، شۇنچىلىك
قىزغىن ، شوخ ئىدى . ئۆگەتكەن سۆزلىرى تولىمۇ كۆلكىلىك
ئىدى . بۇنداق كۆڭۈللۈك ئۆگىنىش ، بىر تەرەپتىن ، جامالنىڭ
ئېغىر دەرسلەرنىڭ بېسىمىدىن تالغان مېڭىسىگە ھاردۇق بەرسە ،
يەنە بىر تەرەپتىن ، بۇ يەردە ئۆگەنگەنلىرى ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا
كاللىسىغا ئورنىشىپلا قالاتتى . بۇنداق ئۆگىنىشنىڭ ۋاقتى
ئۇزارغانسېرى ، كاتە بىلەن جامال ئوتتۇرىسىدىكى سۆزلەر
كۆپەيدى . سىپايە سۆز قىزىقچىلىققا ، قىزغىنلىق چاقچاققا
ئايلىنىپ ، ئۇلار ئۆزلىرىمۇ سەزمىگەن ھالدا ، بىر ـ بىرىگە بولغان
سەمىمىي دوستلۇق ھېسسىياتى بارغانسېرى چوڭقۇرلاشتى . جامال
كاتەنىڭ ھەربىر سۆزىنى قاتتىق بېرىلىپ ئاڭلايتتى . ئەگىشىپ
تەكرارلايتتى .
كاتە بەزى چاغلاردا تىل ئۆگىنىش ھېسابىغا ، گۈزەل موسكۋا
كوچىلىرى ، ئۇ يەردە ئۆتكۈزگەن كۈنلىرى ، قىز دوستلىرى ،
مەكتەپ ھاياتى ، ئاتا ـ ئانىسى توغرىسىدا ئاجايىپ سېغىنىش ئىچىدە
سۆزلەپ بېرەتتى . جامالمۇ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى بېرىلىپ ئاڭلايتتى .
بىر كۈنى كاتە سۆز ئارىسىدا جامالدىن ئۆز يۇرتى توغرىسىدا

سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى . ئۇمۇ كاتەنىڭ سورىشىنى ئىنتىزار بولۇپ كۈتكەن ، ئەمما ئۆزلۈكىدىن سۆزلىمىگەنىدى . ئۇ ئۆز يۇرتىنىڭ تەكلىماكان گىرۋىكىگە يېقىن يەردە ئىكەنلىكىنى ، ئۇ يۇرتنى ئۇيغۇرلار «دولان» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى ، يەرلىرىنىڭ مۇنبەت ، ئادەملىرىنىڭ ناھايىتى ئاق كۆڭۈل ، مەرد ، مېھماندوست ، سەنئەتخۇمار ئىكەنلىكىنى ، كۇندە مەشرەپ ئوينىمىسا ئۇيقۇسى كەلمەيدىغانلىقىنى ، مەدەنىيەتنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ ئۆزىگە خاس تۇتقان ئورنىنىڭ بارلىقىنى ئىپتىخارلىق بىلەن سۆزلەپ بەردى . ئۇ سۆزدىن توختىغاندا ، يېرىم كېچە بولۇپ قالغانىدى . جامال تامغا ئېسىقلىق «ئالتۇن سۇمۇرغ» ماركىلىق سائەتكە قاراپ چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە كىتاب ـ ماتېرىياللىرىنى يىغىشتۇرۇپ ، كاتە بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى . كاتە ھەسرەت بىلەن بىر ئۇھ تارتىپ ، بوينىنى قىسقان ھالدا ، جامالنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدى . ئىختىيارسىز كۆزلىرىدىن ياش سىرغىپ چۈشتى .

## 5

جامال كىتاب ـ خاتىرىلىرىنى قولتۇقلاپ ، ئادىتى بويىچە ۋاسلى ئىۋانوۋنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى . ئىشىك تۈۋىدە ئىۋانوۋ بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى . ئىۋانوۋ رەسىم سىزىش ئۈچۈن ئىشخانىغا ماڭغانىدى ، ئۇنىڭ كەيپى تازا جايىدا ئەمەس ئىدى . شۇڭا ئۇ جامالغا زورىغا كۈلۈمسىرەپ باش لىڭشىتىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى . كاتە بولسا ھارغىن بىر خىل كەيپىياتتا ئېزىلىپ ئولتۇراتتى . ئۇ جامالنى كۆرۈش بىلەنلا بۆلەكچە جانلىنىپ ، ئۇنى قىزغىن قارشى ئالدى . جامال سەل تەمتىرەپ :

— كاتە خانىم ، بۈگۈن كەيپىڭىز ئانچە ياخشى ئەمەستەك تۇرىدۇ ، ئەتە كېلەيمۇيا ؟ — دېدى .

— ياق ، باقىيوۋ ، ئادەم دېگەن جانلىق نەرسە ، كەيپىياتنىڭ

ئۆزگىرىپ تۇرۇشى ئىنساندىكى تەبىئىي خۇسۇسىيەت، كەتمەڭ.
شۇنداق قىلىپ ئۆگىنىش باشلاندى. لېكىن بىر دەمدىن كېيىنلا كاتە:
— باقىيوۋ، بابا سىز كەيپىمنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى ئېيتقاندىڭىز، بۈگۈن مەن سىز بىلەن بىر ئاز ئىچىشكەچ پاراڭلىشىشنى خالاپ قالدىم. بىزنىڭ پاراڭلىشىشىمىزمۇ سىز ئۈچۈن بەرىبىر ئۆگىنىش. مېنىڭ ئۈمىدىمنى رەت قىلماسلىقىڭىزنى سورايمەن. بۈگۈن ماڭا ئۆزىڭىز ياخشى كۆرگەن ھېكايىلەردىن سۆزلەپ بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.
جامال بۇ تۇيۇقسىز سوئالدىن سەل تەمتىرەپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن:
— ماقۇل، چىن تۆمۈر باتۇرنى ئېيتىپ بېرەي، — دېدى.
كاتە رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ بېشىنى لىڭشىتتى. جامال پۈتۈن زوقى بىلەن قىسسىنى ئېيتىپ بەردى.
كاتە جامالغا بىردەم ئۈنسىز تىكىلىپ قاراپ تۇرغاندىن كېيىن:
— بۇغۇ ھەقىقەتەن تەسىرلىك قەھرىمانلىق داستانىكەن، بۇنى ئەركىنلىكىكە تەشنا بولغان، ئەمما ئۇنى قولىغا ئېلىشنى بىلمەيدىغان قۇللار ئارىسىغا بېرىپ ئوقۇپ بەرسىڭىز، مەلۇم ئۈنۈمنى كۆرۈشىڭىز مۇمكىن، بىراق مەن سىزدىن ھەقىقىي مۇھەببەت داستانىنى تەلەپ قىلىۋاتىمەن، بىلدىڭىزمۇ؟ — دېدى.
كاتە بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋېتىپ جامالغا تىكىلدى. يەنە بىر رومكا كۆتۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى بارغانچە مۇڭلىنىپ كېتىۋاتاتتى. جامالمۇ رومكىنى قولىغا ئالدى. ئۇلار ئۈنسىز ھالدا بىر - بىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ، ئارقا - ئارقىدىن ئىككى رومكىنى ئىچىۋەتتى.
— ماقۇل كاتە، مەن سىزگە پادىچى بىلەن مەلىكە ھەققىدىكى قىسسىنى ئېيتىپ بېرەي.
جامال بىر ئاز تەڭشىلىپ، روھى كۆتۈرۈلۈپ قالغاندى. ئۇ

قىسسىنىڭ بەزى سۆزلىرىنى رۇسچە ئېيتالمىغاندا ، ئۇيغۇرچىنى ئارىلاشتۇرۇپ ، ھاياجانلىنىپ سۆزلەپ كەتتى . كاتە بۇ ياۋاش - يۇمشاق ، جىمغۇر ، تارتىنچاق يىگىتنىڭ بۇنچىلىك ھېسسىياتلىق ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى . ئىختىيارسىز كۆزلىرىدىن نەچچە قېتىم ياش تۆكۈلگىنىنى سەزمەي قالدى . بۇ كۆز يېشى ئەلۋەتتە ، ئاشىقلار ئاشىقلارنىڭ قىسسىسىنى ئاڭلىغاندا چىقىدىغان كۆز يېشى ئىدى . قىسسە ئاخىرلاشتى . كاتە ئىختىيارسىز :

— باقىيوۋ ، سىزنىڭ مۇھەببەت باغلىغان قىزىڭىز بارمۇ ؟ — دەپ سوراپ قالدى . ۋاھ ، كۆرۈڭ ماۋۇ قاملاشتۇرۇپ سورالغان سوئالنى ؟ ھاراق سېغىنىشنى بىر ھەسسە كۈچەيتسە ، مۇھەببەت قىسسىسى ئون ھەسسە كۈچەيتىدۇ . ئەي مۇھەببەت ھىجرانىنىڭ لەززەتلىك ئازابىنى تارتىپ كۆرگەنلەر ، ئېيتىڭلار ! بۇنداق چاغدا ، سېغىنىش گرادۇسى ئەڭ يۇقىرى رەقەمنى كۆرسىتىپ ، يۈرەكنىڭ نازۇك ستىرېلكىسى قانچىلىك تىترەيدۇ ؟ ! جامال چېكە چېچى تەكشى قىرقىلغان ، قارا كۆزلۈك ، چىرايلىق پاتىمەنى ئەسلىدى ، ئۇنىڭ مەسۇم ، ئالمىدەك چىرايى ، ئۇمچىيىپ تۇرغان جىنەستىدەك لېۋى ، يوپۇرماقتىن غىرىلداپ ، سىيرىلىپ چۈشكەن شەبنەم تامچىسىدەك ياش تولۇپ تۇرغان سېيماسى جامالنىڭ كۆز ئالدىغا كەلدى . «مەن سىزنى ساقلايمەن ، ئامانەتنى چىڭ ساقلايمەن ، ياق ، ياق ، ئوبدان جامال ، سىز كەتمەڭ ، ئوقۇغان ئادەملەر ۋىجدانسىز بولىدىكەن ، بىلمى قانچە كۆپ بولسا ، شۇنچە ۋىجدانسىز بولۇپ كېتىدىكەن ، سىز ئوقۇشقا بارمىسىڭىزمۇ بولاتتى . مۇشۇ ئوقۇغىنىڭىزمۇ يېتەر . ھازىر ئوقۇمىغان ۋاقتىڭىزدىكىگە پەقەت ئوخشىماي قېلىۋاتىسىز ، ئۇ چاغدا بەك ياخشىدىڭىز» ، «خاتىرجەم بولۇڭ پاتىمەم ، ئوقۇغان ئادەملەرنىڭ كۆپلىرى ياخشى ، ۋىجدانلىق بولىدۇ ، مېنىڭ يۈرىكىمگە پەقەت سىزلا نەقىشلەنگەن . ئۇ پەقەت ئۆزگەرمەيدۇ . مېنى چوقۇم ساقلاڭ . »

جامال كاتەنىڭ سوئالىغا قانداق جاۋاب بەرگەنلىكىنى ئۆزىمۇ ئاڭقىرالماي ، كاتەگە بىردەم تىكىلىپ قاراپ قالدى . كاتەمۇ ئۇنىڭغا

شۆنچىلىك تىكىلىپ قارىدىكى ، بىر جۈپ قارا كۆز بىلەن بىر جۈپ كۆك كۆزنىڭ نۇرلىرى بىر ـ بىرىنىڭ قەلبىنىڭ نازۇك پەرلىرىگە شۇڭغۇشقاندەك ئىدى . كاتە ئاغزىنى ئۆمەللىدى :

— مېنىڭمۇ سۆيگەن يىگىتىم ، ئاشىقىم بارئىدى ، ـ ئۇنىڭ كۆزى ياشلاندى ، — رېئاللىق ئاشىقىمدىن ئايرىپ تاشلىدى . يىللاردىن بېرى ، قەلبىم ئاشىقىمنىڭ يېنىدا ، پۇلغا ، ئاش ـ نانغا ، كىيىمگە ، شۆھرەتكە ئېھتىياجلىق ماددىي تېنىم بۇ يەردە ئىدى ، يېقىندىن بېرى ، روھقا ئايلىنىپ كەتكەن مۇھەببىتىم تېنىمگە قايتىپ كەلگەندەك بولدى . يۈرىكىمنى تۇتۇپ باقسام ، مۇھەببىتىم قايتىپ كەپتۇ .

— شۇنداقمۇ ؟ — دېدى جامال كاتەگە ھەيرانلىق بىلەن تىكىلىپ . ئۇ كاتەنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدىن ھاياسىزلىقنىڭ بەزى ئالامەتلىرىنى سېزىپ قالغانىدى . ئۇنىڭ قارىشىچە ، مۇئەللىمگە ، ئۇستازغا خىيانەت قىلىش — ئەخلاقسىزلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى بولۇپ ، بۇ ئادەمگەرچىلىككە مۇتلەق سىغمايدىغان ئىش ئىدى .

## 6

كۈنلەر ئۆتمەكتە . جامالنىڭ ۋاسىلى ئىۋانوۋنىڭ ئۆيىگە رۇس تىلى ئۆگىنىشكە بارمىغىنىغا بىر ھەپتىدىن ئاشتى . بۇنىڭغا جامالنىڭ ھېلىقى كېچىدە كۆرگەن چۈشى سەۋەب بولدى . ئاشۇ چۈش ئۇنىڭ مۇئەللىمىنىڭ ئۆيىگە بارىدىغان يولىنى توسۇپ قويغانىدى .

جامال بىر ھەپتىنى ئۇيقۇسىزلىق ، مەجنۇنلۇق ئىچىدە ئۆتكۈزدى . دەرسكىمۇ چالا ـ بۇلۇلا قاتنىشىپ يۈردى . ۋاسىلى ئىۋانوۋنى كۆرگەندە ، ئۇنىڭ بەدىنىنى غۇززىدە سوغۇق تەر بېسىپ كېتەتتى . ئىۋانوۋ بىر كۈنى كاتەدىن جامالنىڭ دىلى رەنجىگۈدەك بىرەر ئىشنىڭ بولغان ـ بولمىغانلىقىنى سورىۋىدى ، كاتە قىلچە



www.uyghurkitap.com

تـەمـتـــرـــمـەستىنلا ، بۇنداق بولۇشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېيتتى . ۋاسىلى ئىۋانوۋ كاتەگە بىر هازا تىكىلىپ قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ، ئۇن ـ تىنسىز كەچلىك تاماققا ئولتۇردى . ئۇلار زۇۋان سۈرمەستىن تاماق يېيىشتى . ۋاسىلى ئىۋانوۋ يەر تېگىدىن كاتەگە نەزەر سالدى . كاتە كۆڭلى تارتمىغان ، خۇش ياقمىغان هالدا تاماققا ئانچە ـ مۇنچە ئېغىز تېگىپ قويۇپلا ئولتۇردى . ۋاسىلى ئىۋانوۋ رەسسامىلارغا خاس سەزگۈرلۈك بىلەن ، بۇ ياش ئايالنىڭ ئۆزىدىن قانچىلىك نەپرەتلىنىدىغانلىقىنى ئوبدان چۈشىنەتتى . ئۇ ئەلۋەتتە ئۆز ئېرىدىن نەپرەتلىنىشكە هەقلىق . كاتە هازىر پەقەت مۇهەببەتكە موهتاج ، مۇهەببەتتىن باشقا هېچقانداق نەرسىگە موهتاج ئەمەس . ئېسىل يېمەكلىكلەر ، مەخسۇس ماشىنا ، ئازادە ئۆي ، كىيگىلى نۆۋەت تەگمىگەن كىيىملەر… لېكىن ئېرى ئۇنىڭ تەلەپ قىلغان مــۇهەببىتىنى بېرەلمەيدۇ . ئۇنىڭ تەشنا يۈرىكىنى قاندۇرىدىغان مۇهەببەت بۇ ئەردە يوق . بۇنىڭ ئۈچۈن هەر ئىككى يۈرەك ئورتاق هەسرەتكە تولغان . بىرى تەشنالىق ئازابىدا تولغانسا ، بىرى ۋىجدان ئازابىدا هەسرەت چېكىدۇ .

— كاتە ، مەن چۈشىنىمەن ، — دېدى ۋاسىلى ئىۋانوۋ بىر رومكا كۆتۈرۈۋېتىپ ، — سەن نۇرغۇن قۇربانلارنى بەردىڭ ، بىراق مەن سېنى بەختلىك قىلالمىدىم…

ئـۇ كاتەنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ قويۇپ ، ئىشخانىسىغا چىقىپ كەتتى . كاتە قولياغلىقىنى ئېلىپ مەڭزىنى سۈرتۈۋەتتى . بەدەننى جۇغۇلدىتىغان بىر خىل سوغۇق ئېقىم ئۇنىڭ مەڭزى ئارقىلىق پۈتۈن تومۇرلىرىغا تارقالغانىدى . ئۇ يۈزىنى بارماقلىرى ئارىسىغا ئېلىپ يىغلىۋەتتى .

## 7

جامال بىر توپ ساۋاقداشلىرى بىلەن چاقچاقلىشىپ مەكتەپ بـاغچىسىدا كېتىپ بارغاندا ، تۇيۇقسىز كاتە بىلەن دوقۇرۇشۇپ

قالدى . ئۇنىڭ كاتەنى كۆرمىگىنىگە بىر ئايدىن ئاشقانىدى . جامالنىڭ خۇشاللىقى شۇئان غايىب بولۇپ، چىرايى ئاتىرىپ كەتتى .

— مەن سىز بىلەن ئايرىم سۆزلەشمەكچىمەن ، — دېدى كاتە رۇس تىلىدا . جامالنىڭ يېنىدا تۇرغان ساۋاقداشلىرى بۇ سۆزنى چۈشىنەلمىدى . ئۇلار جامالغا قارىدى . جامال ئۆزىمۇ سەزمىگەن هالدا :

— سىلەر كېتىۋېرىڭلار ، مۇئەللىم مېنى چاقىرتىپتۇ ، — دېدى . ساۋاقداشلىرى كاتەگە ئەيمىنىپ قارىشىپ ، باش لىڭشىتىپ قويۇپ كېتىپ قېلىشتى . كاتە جامالنىڭ يېنىغا كەلدى . ئۇ كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ :

— باقىيوۋ ، مەندىن قاتتىق رەنجىگەن ئوخشايسىز ، مەن سىزنى تەكلىپ قىلغىلى كەلدىم ، — دېدى .

— بارالمايمەن .

— نېمىشقا بارمايسىز ؟ مەن سىزنىڭ چوقۇم بارىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىپ كەلدىم .

جامالنىڭ كۆندىلىك ئۆگىنىشى ئەسلىگە كەلدى . ئۇ يەنە هەركۈنى كەچتە ۋاسىلى ئىۋانوۋنىڭ ئۆيىگە بارىدىغان بولدى .

كاتە ياشاردى . كۈندىن ـ كۈنگە هۆسنىگە تولۇپ ، گۈلدەك ئېچىلىپ كەتتى . مۇهەببەتنىڭ تەڭداشسىز قۇدرەتلىك كۈچى ئۇنىڭ ياش تۇرۇپ مومايلارغا ئوخشاپ قالغان كۆڭلىنى ياشارتقانىدى . كاتەنىڭ خۇشاللىقى قېرى رەسسامنى كاتەدىن نەچچە هەسسە خۇشال قىلغانىدى . كاتە هازىر ئىۋانوۋنى ساداقەتمەن ئاياللارنىڭ ئۆز ئېرىگە قىلىدىغان ئۇلۇغ مېهرىبانلىقى بىلەن هۆرمەتلەيتتى . ئىۋانوۋ ئايالىنىڭ هۆرمىتىدىن ئۆزىگە لەززەت تاپتى . بۇ لەززەت ئۇنىڭ چىرىپ لەش بولغان تېنىنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرغان ياش ، گۈزەل ئايالنىڭ سەكرەپ تۇرغان يۈرىكىدىكى خۇشاللىقىدىن كېلەتتى . بۇ ياش يۈرەك مانا بۇ قېرى تەن ئۈستىدە خۇشال تېپچەكلەيدۇ . بۇ گويا بىلىجاننىڭ سۇسىز كۆلچەكتە سۇغا تەشنا

بولۇپ ھەر تەرەپكە سەكرىگىنىگە ئوخشايدۇ . نىمجان بىلىق ئۆلۇم گىردابىغا بېرىۋىدى ، ئاسماندىن تۇيۇقسىز ياغقان شىپالىق يامغۇر ئۇنىڭغا جان بەردى ، ئۇ يەنە تىرىلدى .

## 8

جامال ئادىتى بويىچە كەچلىك تاماقتىن كېيىن كىتاب ـ دەپتەرلىرىنى قولتۇقلاپ ، قويۇق ئارچىلار ئارىسىدىكى كىچىك سىمونت يول بىلەن ۋاسىلى ئىۋانوۋنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلدى . ئايىغى ئاستىدا بىرنەرسە «پاس» قىلىپ قالدى . ئۇ يۈرىكى ئاغقان ھالدا ئايىغىغا قارىدى . ئۇ ئۇزۇن بىر سالمىغا دەسسىۋالغان بولۇپ ، سالما قانغا مىلىنىپ ياتاتتى . جامال خۇرسىندى . ئۇ يولدا تەكشى ئۆمىلىشىپ يۈرىدىغان سالمىدىن تولىمۇ بىزار ئىدى . ئۇ بىيجىڭغا كەلگەن بىر يېرىم يىلدىن بېرى ئايىغى ئاستىدا ئۆملەپ يۈرگەن سالمىلاردىن ئېھتىيات بىلەن ئاتلاپ ئۆتۈپ كەلگەنىدى . ئۇنىڭ يۇرتىدا : «سالمىنى ئۆلتۈرگەن كىشىنى نەس باسىدۇ» دېگەن ئەقىدە بار ئىدى . ئۇنىڭ يۈرىكى راستتىنلا بۆلەكچە سوقۇپ كەتتى . ئۇنى بىرخىل ۋەھىمە قاپلىدى . ئۇغۇ كونا ، خۇراپىي قاراش . ئەمما يەنىلا ئادەمنىڭ بالىلىق دەۋرىدە ئېڭىغا سىڭىپ كەتكەن ئەقىدىنى يۇيۇپ چىقىرىۋەتكىلى بولمايدۇ . بۇ دارۋىنىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا ، ئىنسانلاردىكى تۇغما خۇسۇسىيەت . جامالنىڭ كۆڭلى چۈشىن يەۋالغاندەك بولۇپ ، ئىشىك ئالدىغا كېلىپ قالغىنىنىمۇ تۇيماي قالدى . ئۆي ئىچىدىن ۋاسىلى ئىۋانوۋنىڭ ئاۋازى ئېنىق ئاڭلىنىۋاتاتتى :

— ھازىر ۋەزىيەت جىددىي ئۆزگەردى . سوۋېت ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتى يامانلىشىش تەرەپكە قاراپ بۇرۇلدى . ھۆكۈمىتىمىز ئۆزىنىڭ جۇڭگوغا قىلغان بارلىق ياردەملىرىنى قايتۇرۇۋالماقچى . جۇڭگوغا كىرگەن بارلىق مۇتەخەسسىس ، ئالىملارنى قايتۇرۇپ ئاچىقىپ كەتمەكچى . كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان بۇ ئىشنى

www.uyghurkitap.com

بۇگۇن چۈشتىن كېيىن ئەلچىخانىمىزدىكى كاتتىۋاشلار بىزگە ئۇقتۇردى . بۇ يەردە قىلىنىۋاتقان ۋە قىلىماقچى بولۇۋاتقان نۇرغۇن ئىشلار ئىزىدا قالدى . بۇ تولىمۇ ئېچىنارلىق بىر ئىش .

ئىۋانوۋنىڭ سۆزى ئۈزۈلدى . ئۆي ئىچى گۆرىستاندەك جىمجىتلىققا چۆمدى .

ئاياغ تىۋىشى ئىشىككە يېقىنلاپ كەلدى . جامال قويۇق ئارچا يوپۇرماقلىرى ئارىسىغا مەڭدىگەن هالدا ئۆزىنى ئاتتى .

## 9

ئوغۇل بالىنىڭ بېشىغا هەرخىل قىسمەتلەر كېلىدۇ . ئامىتىڭ كەلسە ، ئىشىك ـ دېرىزەڭنى ئېتىۋالساڭمۇ موراڭدىن كىرىۋېردۇ . ئامىتىڭ قاچقاندا بولسا ، تۇتۇۋالىمەن دەپ ئىشىك ـ دېرىزەڭنى مىخلىۋەتسەڭمۇ تېمىڭنى ئۆرۈپ چىقىپ كېتىۋېرىدۇ . ئامەت جامالغا بىردەملىككىلا كۈلۈمسىرەپ باقتىيۇ ، ئۇنىڭ كەينىدىن بالا ـ قازا ئىز بېسىپ كېلىپ قالدى . جامال بىر يېرىم يىل كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيىپ ، گالستۇك تاقاپ ، بېيجىڭ كوچىسىدا ئۆزىنى پۇۋلەپ ، كەشكە چۈشكەن شولىغا قاراپ چېچىنى ياساپ ، تانسا ئويناپ ، ستۇدېنت بولۇۋېدى ، بىر يېرىم يىلدىن كېيىن تەقدىر ئۇنى شېخىدىن ئايرىلغان يوپۇرماقتەك ئۇچۇرۇپ ئاپىرىپ ، تېگى كۆرۈنمەس بىر هاڭنىڭ گىرۋىكىگە ئاپىرىپ تاشلىدى .

جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتى بۇزۇلۇپ ئۇزۇنغا قالماي ، جامال شىۋجېڭجۇيىچىلارنىڭ ئىشپىيونى دېيىلىپ ، مەكتەپتىن سولاقخانىغا يۆتكەلدى . سوراق ، تاياق . ئاه ، نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئانا يۇرت ، ئاه ، تەكلىماكان ، ئاه ، دولان ، مېنىڭ يۇرتۇم ، قايدىسەن ! مېنى قوينۇڭغا ئال ، ئوغلۇڭغا قۇچىقىڭنى ئاچ ، ئوغلۇڭنىڭ بېشىغا تېگى كۆرۈنمەس قارا بالا ـ قازا كەلدى . ئوغلۇڭنى قارا باستى . ئانا يۇرت ، ئانىلىق مېھرىڭ

بىلەن مېنى باغرىڭغا باس، بېشىمنى سىلا، ئاق سۈت بەرگەن قوش ئەمچىكىڭنىڭ ئارىسىغا يوشۇر. ئوغلۇڭنىڭ ئارقىسىدىن قارا بوراندەك دەھشەتلىك بالا ـ قازا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ. مېنى چەكسىز كەتكەن بىپايان قۇملىرىڭغا كۆم، تىلسىملىق شەھىرىڭگە سولىۋەت، ئۇلار ئوغلۇڭنى كۆرەلمىسۇن. چېتىگە كۆز يەتمەس توغراقلىقىڭغا يوشۇر، بوران ئۇچۇرۇپ كەتمىسۇن. ساپ ھاۋالىق بوستانلىرىڭغا يوشۇر، بالانىڭ كۆزى كۆرمىسۇن. بەڭۋاش دولان دەرياسىنى گەپكە كىرگۈز، دەھشەتلىك دولقۇنلىرى بىلەن يەتتە باشلىق يالماۋۇزنى توسقاندەك، بالا ـ قازانىڭ يولىنى توسسۇن. ئۆزىنىڭ مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان دولقۇنلىرى، يۈرەكنى تىترىتىدىغان شىددەتلىك شاۋقۇنلىرى بىلەن، بالا ـ قازانىڭ يۈرىكىنى تىترەتسۇن. ئۇھ... جامال بەدەر قاچقانچە، ئۆز يۇرتىغا كېلىپ ھالسىرىغان ھالدا ئانا تۇپراققا، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يەرگە يۈزلىرىنى، لەۋلىرىنى يېقىپ يىقىلدى. ئۇ دولان دەرياسىدىن ئۆتۈپ بولغۇچە، گويا كەينىدىن بىرنەرسە قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك، يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلدى. بىرەر يولۇچى ئۇنىڭغا گەپ قىلسا، قورقىنىدىن بەزگەكتەك تىترەپ كەتتى. بىرەر ساقچىنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ قالسا، يەۋاتقان نېنىنى قويۇپ قاچتى. مانا ئاخىر، مىڭ ئۆلۈپ، بىر تىرىلىپ، ئالىي مەكتەپتە رۇس تىلىغا قىزىققىنىغا مىڭ لەنەت ئوقۇپ، ئانىسىدىن تۇغۇلغىنىغا پۇشايمان قىلىپ، يۇرتىغا ئاران كېلىۋالدى. ئۇنى قورقىتىپ، ۋەھىمىگە سېلىپ، يۈرىكىنى قېپىدىن چىقارغان بالا ـ قازا كەلمىدى. دەككە ـ دۈككىدە ئۆتكەن كۈنلەر بارا ـ بارا يىراقلاپ كەتتى. لېكىن ئۇ نەسچىلىكنىڭ ئۈستىگىلا چۈشكەنلىكىنى بىردىنلا سېزىپ قالدى.

پۈتكۈل يۇرت قەھەتچىلىكتە قالغانىدى. ئاچارچىلىقتىن كىشىلەر قىرىلىپ، كەينى ـ كەينىدىن ئۆلمەكتە، خۇددى كېسەل تەگكەن توخۇدەك ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆلمەكتە. ئۆلمىگەنلىرى شامال كېسىلىگە يولۇقۇپ، چىرايلىرى سارغىيىپ، نىمجان بولۇپ

قالغانىدى. جامالنىڭ ئاتىسىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەي يىقىلدى. ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن، جامالمۇ ئىمجان بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان پاتىمەنىڭ كۆڭۈلچەك، رەھىمدىل ئاتا ـ ئانىسىنىڭ پاناھىغا ئېرىشتى. ئۇ بۇ ئۆيگە زەمبىلدە كەلتۈرۈلگەنىدى. بۇ ئائىلىنىڭ ھال ـ كۈنىمۇ كوممۇنانىڭ داش قازىنىدىكى كېپەك ئۇمىچىغا قاراشلىق ئىدى. تازا ئىشتەيلىك ئېغىزدىن بىرى كۆپەيدى. بۇ ئائىلىنىڭ يۈكى بىر ھەسسە ئېغىرلاشتى. ئەمما پاتىمەنىڭ ئاتا ـ ئانىسى غىڭ قىلمىدى. پاتىمەنىڭ گۈزەللىكى تۈگۈل ئۇنىڭ شوخلۇقىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ئۇنىڭ يۈزى قوشۇقتەك بولۇپ قالغان، ئالمىدەك يۈزىنى داغ باسقان، مىجەزى ئۆزگىرىپ، مۆرىمەس بولۇپ قالغانىدى. ئۇ جامالنىڭ كەلگىنىگە خۇشال بولمىدى. ئۇنىڭ گەپلىرىگە پىسەنت قىلمىدى، پاتىمە ئۆيدىكى ئالتە جان ئادەمنىڭ ئاچلىقتىن ئۆلمەسلىكى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلغانىدى. ئامانەتنى داۋىنىڭ ياش ئامبارچىسى ھېكىمگە بىر چارەك تېرىققا مەخپىي تىگمشكەنىدى. كېيىنمۇ ئون جىڭ... بەش جىڭ... بىر جىڭ... تېرىققا تېگىشىشۋەردى. ئاتا ـ ئانا بۇلارنى بىلدى. تېرىق ئىزسىز يوقالدىيۇ، ئۇنىڭ سۆڭىكى گالغا تۇرۇپ قالدى. پاتىمە ئېغىر بوي بولۇپ قالغانىدى. مانا بۇنى پاتىمەنىڭ ئاتا ـ ئانىسى جامالغا دەپ بەردى. جامال پاتىمە بىلەن توي قىلدى. ئۇ قىز تويلۇقى ئۈچۈن، ئايالىرنىڭ ئېتىزدا ئەمگەك قىلىدىغان بىردىنبىر قورالى بولغان تاغاردىن بىرنى ئالدى. ئۇ بۇنى لېۋىنى لېۋىگە چىشلەپ قىلدى. ئۇ پاتىمەنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆزىنى پاناھىغا ئېلىپ، ئۆلۈمدىن قۇتقۇزغىنىغا جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن، پاتىمە بىلەن توي قىلغانىدى. ئەمما يۈرىكىدە بىر داغ قالدى.

پاتىمە تاغاردا ئېتىزغا توپا قويۇپ يۈردى. ئېغىر توپا ئۇنى بويىدىن ئاجرىتىۋەتتى. كۈنلەر ئەنە شۇنداق ئۆتىۋەردى. جامال غەزىپىنى كەتمەندىن چىقاردى. ئۇ بىر چارەك ئېغىرلىقتىكى پولات كەتمەننى بوز يەرگە كۈچ بىلەن چاپالايدىغان بولدى. ئۆز ۋاقتىدا

ئالىي دەرىجىلىك سارجىدا كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيىپ ، گالستۇك تاقاپ ، كەشىنىڭ شولىسىدا ئۆزىنى كۆرۈپ يۈرگەن يىگىت مانا ئەمدى بېشىنى چۆشۈرتۈپ ، شاپاق دوپپا كىيىپ ، توپا ئارىسىدا هاشار چاپىدىغان دولان دېھقىنىغا ئايلانغانىدى .

## 10

ئايلار ، يىللار ئەنە شۇنداق مۇشەققەت ئىچىدە ئۆتىۋەردى . كىشىلەر ئۆلدى ، باللار تۇغۇلدى . تىرىكچىلىك يەنە داۋاملىشىۋەردى .

جامال ئېغىر ئەمگەك دەستىدىن مۇنەكتەك قورۇلۇپ قالدى . دەرد ـ ھەسرەت ، پۇشايمان ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېغىر ئەمگەكتىنمۇ بەتتەر ئازابلايتتى . ئۇ ئايالى پاتمەگە بىر قارىسىلا ، ئاچچىقى كېلەتتى ـ دە ، ئۇنى چېچىدىن تۇتۇپ راسا ساۋىغۇسى كېلەتتى ، يەنە بىر تۇرۇپ ئىچى ئاغرىيتتى . مېھرىبانلىقى تۇتۇپ قالسا ، تارىشىدەك قاتقان قوللىرى بىلەن ئۇنى قۇچاقلاپ قويات‌تى . بولارنىڭ ھەممىسى پاتمە ئۈچۈن بەربىر ئوخشاش ، ئۇ يەنىلا ئۈنسىز ، ياۋاش بىر بەندىگە ئايلىنىپ قالغان . جامال نېمە تەلەپ قىلسا ، نېمىگە بۇيرۇسا ، ئۈنسىز ئىجرا قىلاتتى . مانا بۇ ھال جامالنىڭ يۈرىكىنى سىقاتتى ، ئىچىنى پۇشۇراتتى . ئاخىر ئۇ نېسىۋىسىگە چاڭ سالغان ھېكىمدىن ئىنتىقام ئېلىپ ، شۇ ئارقىلىق خورلانغان قەلب يارىسىنى شىپا تاپقۇزماقچى بولدى . ئۇنى ھازىرلا بېرىپ دەردى چىققۇدەك ئۇرسۇنمۇ ياكى بىر پىچاق بىلەنلا ئۇ ئالەمگە يوللىۋەتسۇنمۇ ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز پۇتىنى بىر ئۆتۈككە تىقىش ، ئۆزىنى ھالاك قىلىشتىن ئىبارەت ، خالاس . ئەڭ ياخشىسى ، ۋاقىت كۈتۈش ، پۇرسەت كۈتۈش ، شۇ جەرياندا مۇۋاپىق بىر چارىگە ئىگە بولۇش كېرەك .

پەلەكنىڭ تەتۈر چۆرگىلەۋاتقان چاقى بىردىنلا ئوڭ چۆرگىلەشكە باشلىدى . جامال لەپپىدە بۇ ناھىيىدىلا ئەمەس ، ۋىلايەت تەۋەسىدە نامدار ، ئابرۇيلۇق ئىنسانغا ئايلىنىپ قالدى . ھەر

چوڭ ئەترەتتە ماۋ زېدۇڭنىڭ ئون گەزلىك سۈرىتىدىن ھېچ بولمىغاندا بىرى بولۇشى، كىچىك ئەترەتلەرنىڭ مەجلىسخانا، ئىسكىلات تاملىرىدا ساناقسىز ماۋ زېدۇڭ سۈرەتلىرى بولۇشى، ئائىلىلەردىمۇ ئاشۇ سۈرەتتىن بىرى بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. قانچە كۆپ بولسا، شۇنچە ياخشى، بۇ ھەربىر كىشىنىڭ پارتىيىگە، ماۋجۇشىغا بولغان سادىقلىقىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم. ئەگەر كىم مەڭدەپ قىلىپ، بۇ بورانغا توغرا تۇرۇپ قالمىدىغان بولسا، بۇ بىچارىنىڭ ھالىغا ۋاي. مانا، بۇ بورانغا قاراپ يەلكەن يايغان ئەڭ ئاكتىپ كىشى بىزنىڭ جامال بولدى. ئۇنىڭغا بېيجىڭدا ئۆگەنگەن ھۈنىرىنى ئىشقا سالىدىغان پۇرسەت كەلگەنىدى. لېكىن بىزنىڭ جامالنى ئەترەتتىكىلەر كۆزگە ئىلماي، نەچچە مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەپ، ئىچكىرىدىكى داڭلىق رەسساملارنى تەكلىپ قىلغىلى ئادەم ماڭدۇردى. كېلىدىغان داڭلىق رەسساملار ئۈچۈن مېھمانخانا تەييارلىدى، ئەترەتنىڭ ئاشلىق ئىسكىلاتىدا تېرىقتىن ئۆزگە ھېچنېمە يوق ئىدى. تېرىق تامىقىنى قانداقمۇ ئىچكىرىدىن چىققان داڭلىق رەسساملارنىڭ ئالدىغا قويغىلى بولسۇن؟! ئۇلار دەررۇ يېزىدىكى داڭلىق قاراڭغۇ بازارچى ساۋۇت شەيخنى قاراڭغۇ ئۆيدىن بوشىتىپ، بۇغداي ئۇنى تېپىپ كېلىشكە ماڭدۇردى. چوڭ ئەترەتنىڭ چارۋا مۇدىرىغا ھەرقايسى قوتانلاردىكى ئەركەك پاقلانلارنى تاللاپ، بىر يەرگە يىغىپ، مېھمانلار ئۈچۈن ئوبدان بورداش بۇيرۇقى بېرىلدى. بېلىق، ئۆردەك، غاز، قاشقالداق تۇتۇشقا مەخسۇس ئادەملەر بەلگىلەندى. بىرەيلەنگە بىرقانچە چوشقىنى بورداپ سەمرىتىش ۋەزىپىسى يۈكلەندى. مانا بۇ ئىشلار جامالنىڭ ئوغىسىنى قاينىتىۋەتتى. ئۇ ئۆيىنىڭ ئالدى تېمىنى توزغاق بىلەن كۆك سىغىزدا چىرايلىق سۈۋىدى. ئاندىن ھاكلاپ ئاقارتتى، كىچىسى پاتىمەنىڭ قولىغا جىن چىراغنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ، بېيجىڭدىن سومكىسىغا سولاپ ئەكەلگەن بوياقنى ئاچىقىپ سۈرەت سىزىشقا باشلىدى. بىچارە پاتىمە ئېرىنىڭ ھاياتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزدى. تولا يىغلاپ ئاۋازى پۈتتى. ئېرىنى قاراملىق قىلماسلىققا ئۈندەپ يالۋۇردى. ئالدىڭىزدىكى ئىككى بالا ئاتىسىز

يېتىم بولۇپ قالمىسۇن، دەپ يىغلىندى. بىراق جاھىل ئېرىنى تۇسۇپ قالالمىدى. نائىلاج چىراغنى تۇتۇپ قاراپ تۇردى. ئالا قانجۇقنى ئىشىك ئالدىدىكى قېرى ئۆرۈككە باغلىدى. ئىت قاۋاپ ئادەم كەلگەنلىكىدىن شەپە بەرسىلا، سىزىلىۋاتقان سۈرەتنى سۇۋاپ چاپلىۋېتىش ئۈچۈن، زەمبىلدە سېغىز لاي ئەكېلىپ قويدى. ئېرى بولسا خاتىرجەم ھالدا ئاۋۋال قېرىنداش قەلەم بىلەن ئۆزى ياسىۋالغان ياغاچ سىزغۇچتا بىرمۇنچە سىزىق تارتىپ چىقتى. پاتىمەنىڭ كۆزلىرى ئالاق ـ جالاق بولۇپ، بەزگەكتەك لاغىلداپ تىترىمەكتە. ئۇنىڭ شۇنچە ئېغىر ـ بېسىق، غەم يېمەس مىجەزى نەلەرگە كەتتىكىن. چىراغ تولا لىپىلداپ جامالنىڭ سەپراسىنى ئۆرلەتتى. قارىۋىدى، ئايالىنىڭ بىر قولى بىلەن يۈرىكىنى تۇتۇۋېلىپ، ھەدەپ ھاسىراۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان چوڭ تىنىق چىراغنى لىپىلدىتىپ ئۆچۈرۈپ قوياي دەپ قالغاندى. جامال زەردىسى قاينىغان ھالدا، ئايالىدىن چىراغنى تارتىۋېلىپ: «كۆزۈمدىن يوقال!» دېدى. ئايالى قورقۇمسىراپ تالاغا چىقىپ كەتتى. جامال بىر قولىدا جىن چىراغنى، بىر قولىدا موي قەلەم تۇتۇپ، ماۋجۇشىنىڭ تىيەنئەنمېن راۋىقىدا ھەيۋەت بىلەن تىكىلىپ تۇرغان ھەربىي فورمىلىق سۈرىتىنى سىزىشقا كىرىشتى. ئۇ ھودۇقماي، خاتىرجەم ئىشلىمەكتە ئىدى. پاتىمە ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ، چەكسىز قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن پىل ـ پىل قىلىپ كۆرۈنۈپ قالىدىغان چىراغ شولىسىنى كۆرۈپ قالاتتى. يىراق ـ يىراقلاردىن ئېچىرقىغان ئىتلارنىڭ ئېچىنىشلىق ھۇۋلاشلىرى، چېكەتكىلەرنىڭ بەس ـ بەستە چىرىلداشلىرى، قاياقتىندۇر ئەتىگەنلىك ناشتا ئۈچۈن ياغۇنچاق چۆرۈۋاتقان قېرى مەزلۇمنىڭ مۇڭلۇق ناخشا ئاۋازى ئاڭلىناتتى:

قادىر خۇدا قۇدرىتىڭدىن تاغنى ياراتتىڭ،
تاغنىڭ ئىچى قاراڭغۇ دەپ ئاينى ياراتتىڭ.
...

پاتىمە ئەنسىزلىك ئىچىدە يۇلتۇزسىز قاراڭغۇلۇققا قاراپ

www.uyghurkitap.com

هارغاندىن كېيىن ، سۈپىغا بېشىنى قويۇپ ، ئۇيقۇغا كەتتى .

پاتىمە دەھشەتلىك قارا بېسىپ چىرقىراپ ئويغانغاندا ، ئېرى جىن چىراغنى تۇتۇپ ، يۈز ـ كۆزلىرى ، قوللىرى ھەرخىل بوياقلار بىلەن بويالغان ھالدا ، ئۇنىڭ بېشىدا زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ قارىيىپ گەز باغلىغان لەۋلىرى ئۆمچىيىپ ، ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزارغان كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلۇۋاتاتتى . پاتىمە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ، ئېرىنىڭ قولىدىن جىن چىراغنى يۇلۇۋالدى ـ دە ، تامنىڭ ئالدىغا بېرىپ ، جىن چىراغ يورۇقىدا تامغا ئەلەڭلەپ قارىدى . ئۇ ھەيرانلىقتىن قورقۇپ ئارقىسىغا داجىدى . ماۋ زېدۇڭنىڭ ئىككى گەز چوڭلۇقتىكى ھەيۋەتلىك ھەربىي فورما بىلەن قاراپ تۇرغان سۈرىتى يىراقلارغا ، چەكسىز قاراڭغۇلۇققا تىكىلىپ تۇراتتى . پاتىمە نېمە ئۈچۈندۇر ئۆزىچە قورقۇپ ، چىراغنى قولىدىن پاققىدە چۈشۈرۈۋەتتى ، ئۇ پېشانىسىنى تۇتقان ھالدا ھوشسىزلىنىپ يىقىلدى .

— پاتىمە ! — جامال پاتىمەنى يۆلىۋالدى .

## 11

جامالنىڭ ھەرە كۆنىكىدەك قۇشقاچ كامىرى تېمىدا پەيدا بولغان ھەيۋەتلىك سۈرەت قومۇشلۇق سەھرادىكى كىچىككىنە يېزىنى ئۆرە ـ تۆپە قىلىۋەتتى ، شامال كېسىلى بېسىپ ، چىرايلىرى ساماندەك سارغايغان ، ئاچلىقتىن ئورۇقلاپ ، قۇرۇق قاقشالدەك بولۇپ قالغان دېھقانلار ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىشىپ ، بۇ تامدىكى ھەيۋەتلىك سۈرەتكە قورقۇمسىراپ ، تۇرلۇك ـ تۇمەن ئەندىشىلەر بىلەن تىكىلىشتى . بەزىلىرى بۇ سۈرەتكە قاراشقىمۇ پېتىنالماي ، ياقىسىنى تۇتۇشقان ھالدا : «تووۋا ، جامالدا ئات كالللىسىدەك يۈرەك بار ئوخشايدۇ ، قانداق پېتىنغاندۇ ؟ بۇ تەلۋە ساراڭ بېشىغا بالا تېپىۋالدىغان بولدى ـ دە . خۇدانىڭ بەرگىنىگە شۈكۈر قىلىپ ، سىڭگەن يامىسىنى ئىچسە

بولماسمىدى ؟ » دېيىشىپ تارقاپ كېتىشتى . بەزىلىرى : «ئەجەبمۇ بالادىن قورقمايدىغان قارام بىر نېمىكەن بۇ ؟ ئۆزىغۇ مىشەك مانتىسى يېمىگەندىمۇ ، گۇندىخانىغا كىرىپ ئاق موما يەپ ياتار . ئەمما ئايالى بىچارە بىلەن ئىككى بالا تەس كۈنگە قالىدىغان بولدى ـ دە ، ئۇلارغا ئەمدى سېرىق قوناقنىڭ ئۇمىچىنى كىم تېپىپ بېرىدۇ ؟ » دېيىشىپ ، جامالدىن رەنجىشتى . بۇلار بۇ بالا ـ قازانىڭ ئۆزلىرىگە يۇقۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ ، جامالنى قارغاشتى ، لەنەت ـ نەپرەت ئوقۇشتى ۋە يۇرتنىڭ بېشىغا بالا ـ قازانى چىللاپ كەلگەن بۇ شۇم ھۇۋقۇشنى سا چۇجىنى قامالىغانىدەك چاڭگاللاپ ، ئەترەتنىڭ سولاقخانىسىغا قامىۋېتىپ ، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى بىرنەچچە ۋاراق سامان قەغەزگە پۈتۈپ ، گۇڭشېغا يوللاشتى . گۇڭشېدىن كەلگەن باشلىق جامالنىڭ تېمىدىكى سۈرەتكە قاراپ ، ئاغزىنى ئۆمەللەپ ، كۆزلىرىنى چىمچىقلاتتىيۇ ، ھۆكۈم چىقىرالماي ، ناھىيىگە يوللاش ئۈچۈن دەرھال قايتتى . ناھىيىدىن كەلگەنلەر رەڭگى ئۆچۈپ ئاقىرىپ كەتكەن سېرىق سىيامىۇ شەپكىلىرىنى قوللىرىغا ئېلىشىپ ، پېشانىلىرىدىكى تەرنى سۈرتۈشتى ، كۆزەينەكنى ھورداپ سۈرتۈشۈپ ، رەسىمگە ئۇزاققىچە تىكىلىپ قاراشتى . بىراق ، ئۇلارمۇ ھۆكۈم چىقىرىشقا ئاجىزلىق قىلىشتى بولغاي ، ۋىلايەتكە يوللاش ئۈچۈن ، جامالنى قارلىغاچ قانىتى قىلىپ بوغۇچلاپ ، ساقچى ماشىنىسىغا سېلىپ ، ناھىيىگە ئېلىپ كېتىشتى . بۇ يېزىدىكى دېھقانلار گويا ئۈستىدىن بىر ئېغىر يۈك ئېلىپ تاشلانغاندەك بولۇپ يېنىك تىنىشتى . بۇ بالا ـ قازانىڭ ئاشۇ دەيۇز جامال بىلەنلا كەتكىنىگە چەكسىز خۇشال بولۇشتى . ئۇنداق شۇم قۇشنىڭ ماكانى ئاشۇ قاراڭغۇ گۇندىخانا بولۇشى كېرەك . ئەترەتتە چوڭ ـ كىچىك ، قاتلامۇ قاتلام يىغىنلار ئېچىلىپ ، جامالنىڭ تەلۋىلىكى ، دۆتلۈكى ، يۇرتقا سالغان ئەنسىزچىلىكى راسا نەپرەت بىلەن قارغالدى . پاتىمە ئېغىر دەرد ـ ئەلەم ، ئاھانەتكە چىداپ تۇرالماي ، تاننى قېرى ئۆرۈككە سېلىپ تۇرۇۋىدى ، باللىرى چىرقىراپ يىغلىشىپ ، ئۇنىڭ پۇتىغا ئېسىلىپ

يالۋۇرۇشتى ، زېمىنغا ، ئاسمانغا قاراپ ، ئانىسىنى ، ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى تىلەپ ۋارقىراشتى . ئانىسىنىڭ يۈرىكى ئەلۋەتتە تاش ئەمەس ، ئۇ سەل سىقىپ قويسىلا سۈيى چىقىدىغان شوخلىغا ئوخشايدۇ . ئانا ئاخىر بالىلىرىنى قۇچاقلاپ ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى . گۆدەك بالىلارنىڭ سېھرىي كۈچى نېمىدېگەن قۇدرەتلىك ـ ھە . ئۇلار گۆرستانغا ئوخشايدىغان سۈرلۈك ، قاپاق ئىچىگە چۈشكەن ھەرىدەك غوڭۇلداپ تۇرىدىغان بۇ دۇنيادىن ۋاز كەچكەن ئانىنى ئۇ دۇنيادىكى تىنچ ، خاتىرجەم كۆيگىلى بولىدىغان دوزاختا مېڭىشتىن توسۇپ قويدى . ئانا يەنە مەسۇم گۆدەكلەرنىڭ بەختى ئۈچۈن ياشاش قارارىغا كەلدى .

## 12

ناھىيە بۇ چوڭ سىياسىي مەسىلىنى ۋىلايەتكە يوللىدى . بۇ ئىش ئىچكىرى ئۆلكىدىن شىنجاڭنىڭ سۈرەت سىزىشىغا ياردەم بەرگۈچى رەسساملار ئۆمىكى كەلگەن پەيتكە توغرا كەلدى . بۇلارنىڭ ئارىسىدا جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە نامى چىققان داڭلىق تاقىر باش رەسساملارمۇ ، ياش بۈيرۈقۋاز رەسساملارمۇ بار ئىدى . ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياشلىرى قېرىلىرىنى باشقۇراتتى . قېرىلىرى «گېزەندىلەر» ، ياشلىرى ئىنقىلابىي كۈچلەر ھېسابلىناتتى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياش تۇرۇپ قېرى «گېزەندىلەر»نىڭ قاتارىغا ئۆتۈپ قالغانلارمۇ بار ئىدى . «جامال» ، «رەسىم» دېگەن ئىسىم چىقىشى بىلەن تەڭ ، بىر ياش رەسسام بىلەن قېرى رەسسام بىر ـ بىرىگە ھەيرانۇ ـ ھەس بولۇپ قاراشتى ۋە بۇ ئەنزىنى تەكشۈرۈش ھەم ئۇ ناھىيىنىڭ رەسىم سىزىش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ، سىزىلغان رەسىملەرنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ، جامالنىڭ يۇرتىغا بېرىشنى تەلەپ قىلدى . بۇ ناھىيىنىڭ قاتنىشى ئىنتايىن قولايسىز ، ئۇنىڭ ئۈستىگە داڭقى كەتكەن بەڭۋاش دەريادىن ئۆتكۈچىلەر ئۆلۈمنى ئالىقىنىغا ئېلىپ

مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ تەلپى دەرھال تەستىقلاندى. شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئىچكىرىدىن دۆشكەللىنىپ ھەيدەپ كېلىنگەن «گېزەندە» رەسساملار شىنجاڭ بوسۇغوسىغا قەدەم قويۇشى بىلەنلا، زور قارشى ئېلىشقا، ئۇخلاپ چۈشىدە كۆرمىگەن ھۆرمەت ۋە ئالىي ئېھتىرامغا ئېرىشكەندى. بۇ ئىككى داڭلىق رەسسام تەكشۈرگۈچى خادىملار بىلەن بىللە جامالنىڭ قومۇشلۇق ئارىسىدىكى ئۆيى ئالدىغا باردى. باردىيۇ، ئېغىزلىرىنى كامارداك ئېچىشىپ قارىشىپ قالدى. ماۋ زېدۇڭنىڭ ھەيۋەتلىك سۈرىتى بۇ قومۇشلۇق مەھەللىدە ھەيۋەت بىلەن قاراپ تۇراتتى.

— ئوخشاپتۇ، قالتىس ئوخشاپتۇ. بىزمۇ ھازىرغىچە ماۋجۇشىنىڭ بۇنچىۋالا چوڭلۇقتىكى رەسىمىنى سىزىپ باقمىدۇق. بەلكىم، ھەرقانچە سىزساقمۇ مۇشۇنچىلىك سىزالمىز. قېنى رەسسام، ئۇنى نېمىشقا خورلايسىلەر؟ بۇنى سىزىش ئاسان گەپمۇ؟ ئۇ ھەقىقىي باتۇر ئەزىمەت ئىكەن. بىزنى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈرۈڭلار!

ناھىيىنىڭ ئورۇق، بەشىنچى سىنىپ سەۋىيىسىگە ئىگە، ئەسكەرلىكتىن ئالماشقان بۇيرۇقۋاز سېكرىتارى دەرھال جامالنى بوشىتىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. تەرجىمان ئارقىلىق داڭلىق رەسسامنىڭ سۆزلىرىنى ئۇققان سېمىز گۇڭشې سېكرىتارى ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى. جامال كەلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ساقاللىرى سۈپۈرگىدەك بولۇپ، چاچلىرى گەدىنىنى ياپقانىدى. ئىككى داڭلىق رەسسام دەسلەپتە جامالغا چېكەتكىدەك قاراپ قېلىشتى، كېيىن كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. جامال بولسا بىردەم ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرغاندىن كېيىن خەنزۇ تىلىدا:

— جاڭ مۇئەللىم، شياۋلىيۇ، — دەپ ۋارقىغىنىچە ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇلارنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى.

ئۇچەيلەن كاللەك بولۇپ قۇچاقلىشىپ، يىغلىشىپ كەتتى.

— بۇ ئوڭۇممۇ، چۈشۈممۇ؟ مەن ھازىر نەدە؟ سىلەر بۇ يەرگە

نېمىشقا كەلدىڭلار ؟ مېنى ئەكەتكىلى كەلدىڭلارمۇ ياكى جازالىغىلى كەلدىڭلارمۇ ؟ ئۇلار مېنى جازالاش ئۈچۈن تۇتۇپ تۇرغان . بولدى ، مەن بۇلارنىڭ قولىدا ئۆلگۈچە ، سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا ئۆلۈشنى خالايمەن ، — دېدى جامال ئۆپكىدەپ يىغلاپ تۇرۇپ .

— نېمە دەۋاتىسىز جامال ، ساراڭ بولدىڭىزمۇ ؟ بىز سىز بىلەن كۆرۈشۈپ ئىنتايىن خۇشال بولدۇق . شىنجاڭغا كېلىدىغانلىقىمىزنى ئاڭلاپ ، سىز بىلەن كۆرۈشۈشنى تەمە قىلغانىدۇق . قەشقەرگە كېلىشىمىز بىلەنلا ، بىر رەسامنىڭ رەسىم سىزغانلىقىنى ئاڭلىدۇق . رەسىمنى چوقۇم سىزنىڭ سىزغانلىقىڭىزنى پەرەز قىلدۇق . سىز ھەم قورقۇمسىز ئىدىڭىز ، ھەم ياخشى سىزاتتىڭىز . ۋاسىلى ئىۋانوۋ سىزگە ئەڭ قاتتىق تەلەپ قويۇپ ئۆگەتتى .

جاڭ مۇئەللىم ۋاسىلى ئىۋانوۋنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغىنىدا شۇ زامان پۇشايمان قىلىپ ، گېپىنى توختىتىۋالدى ، چۈنكى شۇ كۈنلەردە ، رۇسلارنىڭ ئىچىدە لېنىن بىلەن ستالىندىن باشقىسىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغىلى بولمايتتى . ئۇ سۆزىنى بىراقلا ئۈزۈپ قويسا ياخشى ئەمەسلىكىنى ئويلاپ ، ۋىلايەت ۋە ناھىيىدىن كەلگەنلەرگە قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

— جامال بىلەن شياۋلىيۇ مېنىڭ بېيجىڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدىكى ئوقۇغۇچىلىرىم . شياۋلىيۇ بىلەن جامال ساۋاقداش بولىدۇ ، — دەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇردى .

## 13

جامال بىردىنلا ناھىيە ، ۋىلايەت تەۋەسىدە نامدار شەخسكە ئايلىنىپ قالدى . ئۇ رەسىم سىزىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ كەلگەن ئورۇنلارغا يېتىشەلمەي قالدى . ماشىنىلار ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئۆچىرەت ساقلاپ تۇرىدىغان بولدى . ئۇنىڭ رەسىم سىزىپ كەلتۈرگەن كىرىمى بۇ نامرات ئەترەتنى بېيىتىپ قويدى . قەيەرگە

رەسىم سىزىپ بەرسە، رەسىم سىزىش ھەققىگە ئاشلىق تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، تەرەپ - تەرەپلەردىن ھارۋا - ماشىنىلاردا ئاشلىق كېلىپ، ئەترەتنىڭ چاشقان يامانلاپ چىقىپ كەتكۈدەك ھالغا كېلىپ قالغان ئامبارلىرىغا تۆكۈلدى. ئاچارچىلىقتىن تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ چىقىپ كەتكەن دېھقانلار قايتىپ كېلىشكە باشلىدى. ھەتتا باشقا ئەترەتلەرنىڭ دېھقانلىرىمۇ قورساق تويدىغان بۇ جەننەتكە نوپۇسقا ئۆتۈشكە ئۇرۇنۇپ، تەرەپ - تەرەپتىن كېلىشكە باشلىدى. جامال بولسا، كېچە - كۈندۈز ئارام تاپماي، تاملارغا، يول بويىغا قاتۇرۇلغان سېمونت مۇنارلارغا ھارماي رەسىم سىزاتتى. ئۇ ھازىر «پادىشاھمۇ مەندەك قەدىرلىك بولۇپ كەتمەس؟» دەپ ئويلايتتى. ئۇ ئەمدى ئادەمگە ئوخشىدى، سەمرىدى، بەدىنىگە ئەت قوندى، قېتىپ تارشىدەك بولۇپ كەتكەن قوللىرى يۇمشىدى، ئالىقانلىرىغا، پۇتلىرىغا چۈشكەن قاداقلار يوقالدى. ئەمدى ئۇ ئۆتكەن - كەچكەنلەرنىڭ ئالىي ئېھتىراملىق سالىمىنى قوبۇل قىلىدىغان بولدى. بۇرۇن ئۇنى يۇرتىغا بالايىئاپەت ئېلىپ كەلگۈچى شۇم قۇش دەپ قارغىغان يۇرت دېھقانلىرى ئەمدىلىكتە جەينامازدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئاللادىن مەدەت تىلىدى: «چىققان دۆۋىسىنى تېخىمۇ ئېگىز قىلغايسەن، مەرتىۋىسىنى تېخىمۇ يۇقىرى قىلغايسەن» دەپ دۇئا قىلىشىدىغان بولدى.

جاڭ مۇئەللىم، شياۋلىيۇ ۋە ۋىلايەتتىن كەلگەن تەكشۈرگۈچىلەر ئەھۋالنى ۋىلايەتكە دوكلات قىلىۋىدى، ۋىلايەت رەھبەرلىرى بۇنىڭدىن كېيىن بارلىق رەسىملەرنى جامالنىڭ سىزىشىنى، ھازىر رەسىمچىلەر يېتىشمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئىچكىرىدىن كەلگەن رەسساملارنىڭ دەرھال قايتىپ كېلىشىنى ئۇقتۇردى. شۇنىڭ بىلەن، جامال جاڭ مۇئەللىم ۋە ساۋاقدىشى شياۋلىيۇ بىلەن خوشلاشتى. جاڭ مۇئەللىم خوشلىشىدىغان چاغدا، شياۋلىيۇنىڭ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنىپ، مانا ئەمدىلىكتە ئۆزى بىلەن تەڭ تارتىپ چىقىرىلىپ، بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. جاڭ مۇئەللىم يەنە ۋاسىلى ئىۋانوۋ بىلەن بولغان دوستلۇقى، ۋاسىلى ئىۋانوۋنىڭ تالانتى توغرىسىدا

www.uyghurkitap.com

ناھايىتى پەس ئاۋازدا كۆپ سۆزلىدى ، جامالنىڭ بالىلىرىنى ئەركىلەتتى ، كۈلدى ، خۇشال يايرىدى ، مېھمان شەرپىگە ئۆتكۈزۈلگەن دولان مەشرىپىدە ، ئالتاغىل توۋلاپ ، ئۇڭغۇل - دوڭغۇل دەسسەپ ئۇسسۇل ئوينىدى ، دولاننىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى زوق بىلەن ماختاپ ئولتۇرۇپ سىزدى . جامال ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا ۋاسىلى ئىۋانوۋ تەقدىم قىلغان فوتو ئاپپاراتنى ئەسكى ساندۇقتىن ئاچىقىپ ، ئۇلار بىلەن گۈزەل مەنزىرە تاللاپ سۈرەتكە چۈشتى . مۇئەللىمنى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن سۈرەتكە تارتتى . ئەترەتنىڭ قاشاڭ ئاتلىرىغا مىنىپ ، تاكاس جاڭگاللىغا بېرىپ ، جەرەن ، توشقان ئوۋلىدى . جاڭ مۇئەللىم بىلەن شياۋلىيۇ ئۈيغۇر ئوۋچىلىرىنىڭ قارچىغا ، بۈركۈتتە ئوۋ ئوۋلاشلىرىنى كۆرۈپ ، ھاياجان بىلەن ، ئاغزى كۆپۈك بولغۇچە ماختىدى ، سۈرەتكە تارتتى ، سىزدى . ئۆزلىرىنىڭ تۇغۇلۇپ ، چوڭ بولۇپ بۇنچىلىك كۆڭۈللۈك سەيلە قىلمىغانلىقىنى ، بۇنچىلىك گۈزەل ، مۇنبەت يايلاقلارنى ، بوستانلىقلارنى ، چەكسىز توغراقلىق ئورمانلارنى كۆرمىگەنلىكىنى ، بۇنىڭ ئەستىن چىقمايدىغان خاتىرە بولۇپ قالىدىغانلىقىنى سۆزلەشتى . جاڭ مۇئەللىم كېتىدىغان چاغدا ، جامالنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ :

— ئىنىم ، بىزنىڭ ھاياتىمىز بەك ئەگرى - توقاي ، مۈشكۈل ، بولۇپمۇ بىزنىڭ ئىلمىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇنداق . چىدامىلىق بولۇڭ ! — دەپ خوشلاشتى . ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن يەنە كۆرۈشەلەيدىغان ياكى كۆرۈشەلمەيدىغانلىقىنى تىلغا ئالغىنىدا ، كۆزلىرىدىن يېشى پەقەت توختىمىدى ، قوللىرىنى چۈشۈرمەي پۇلاڭلاتتى .

## 14

تەقدىرنىڭ قان ساقىپ ئايلىنىدىغان چاقى بىر پىرقىراپلا جامالغا ئامەتنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ قويدى . جاپالىق يىللار

داۋاملىشىۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن جامال ئەمدى ئاموت ياغىچىدىن دەستىلەنگەن يېرىم چارەك ئېغىرلىقتىكى پولات كەتمەندىن قۇتۇلغانىدى . ئۇنىڭ ئاغزى گۆش ـ مايغا تولۇۋىدى ، يۈزلىرىدىكى چاۋىراپ تۇرغان داغلار يوقىلىپ ، ياغاچ قوشۇقنىڭ كاسىسىدەك قىزاردى ، ۋىجىك گەۋدىسى قاپاقتېرەكنىڭ غولىدەك چوڭايدى ، يىپتەك ئىنچىكە قورساقلىرى ئالدىغا سىلىنىپ ، كالىنىڭ قورسىقىدەك پولتايدى ، جىگدە يىلتىزىدەك كۆرۈنىدىغان قاپقارا گەدىنى كۈندىن ـ كۈنگە ئېسىلىپ بۇقىنىڭ گەدىنىدەك زورايدى . كۆزلىرى پىلدىرلاپ تۇرىدىغان يىلتىز بويۇن جامال ھازىر يوق ، ئۇ ئەمدى باشقا بىر جامالغا ئايلانغان . ھازىر ئۇ قورسىقىنى ئالدىغا چىقىرىپ ، قولىنى كەينىگە تۇتۇپ ، بوغۇم ـ بوغۇم تورلىشىپ كەتكەن گەدىنىنى قوپۇرۇپ ماڭىدىغان بولدى . قولتۇقىغا خالتا قىستۇرغان دېھقانلار يىراقتىن ئۇنىڭ ئالدىغا ئېگىلگىنىچە كېلىپ سالام قىلىدۇ ، مەدھىيە ئوقۇيدۇ . جامال بولسا ، خۇشياقمىغان ھالدا دېھقانىنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالىدۇ ، قولتۇقىغا خالتا قىستۇرۇپ ، بويىنىنى قىسىپ تۇرغان دېھقانغا : «پالانىغا ئون جىڭ قوناق بېرىلسۇن» ياكى «پۇستانىنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ كېلىدىن غىزا ئۆتمىگىنى ئۈچۈن ، ئۈچ جىڭ چا بۇغداي بېرىلسۇن» دەپ باغاقچە يېزىپ بېرىدۇ . دېھقان بۇ ئىنسانپەرۋەر باشلىققا تۈمەن رەھمەت ئوقۇپ دۇئا قىلىدۇ . دەسلەپتە كەينىچە ، كېيىن يېنىچە مېڭىپ ، ئېگىلگەن ھالدا كېتىپ قالىدۇ . جامال بەزىدە : «ھەي… پالانچاي ، بىز سېنىڭ ھالىڭغا يەتكەندىكىن ، سەنمۇ ئىشتا ھۆرۈن بولمىغىن . ئۆتكەندە ئېتىز ئارىلاپ كېتىۋاتسام ، بىر يەر ناھايىتى ئەرۋايىمنى ئۈچۈردى . يەرگە قويغان توپا سېنىڭ مۇشۇ تەلپىكىڭگە بىر كېلىدۇ . سۈرۈشتۈرسەم ، سېنىڭ قىلغان ئىشىڭكەن . بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق قىلمىغىن ، ماڭە ، ئىشىڭغا بارغىن ، ھەممە ئادەم باش ـ كۆزى يوق ئىشلەۋاتسا ، سەن لاغايلاپ يۈرسەڭ بولمايدۇ» دەيدۇ . دېھقان بولسا بويۇنلىرىنى قىسىپ ، خىجىللىقىدىن ھىجايغان ھالدا : «ئوبدان ، سېكرېتار ، ئوبدان ،

ئـوبدان قىلىلى ، بىز ھەرگىزمۇ سىلىنى تەشكىل ئالدىدا يەرگە قاراتمايمىز » دەپ كېتىپ قالدۇ . بابا بىز ئۇنىڭ رەسىم سىزىپ يۈرگىنىنى كۆرۈۋىدۇق ، ئەمدى ئۇنىڭ ئىسمى جىسمىغا لايىق ئەمەلدارغا خاس سالاپىتىنى كۆرۈۋاتىمىز . ئەمدى ئۇنىڭ قانداق قىلىپ ئەترەت سېكرېتارى بولۇۋالغانلىقىنى كۆرۈپ باقايلى :

... شـۇنـداق قـىلىپ ، جامال رەسىم سىزىپ يۈرۈپ داڭق چىقاردى . ئۇ بۇ ئىشى بىلەن ئۆزىنىڭ يېزىسىدىكى دېھقانلارنىڭ قـورسـىقىنى تويغۇزۇپ ، دۇئاسىنى ئالغانىنىڭ ئۈستىگە ، ئۇنىڭ يېـزىـسـى ، گـۇڭشېسى ، ناھىيىسى ۋىلايەت بويىچە ، ماۋجۇشى رەسىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشتا ئىلغار بولۇپ ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئـورۇنـلارنـىڭ تەقـدىـرلـىـشىگە ئېرىشتى . دېمەك ، ئۇ پۈتۈن ناھىيىسىنى شەرەپنىڭ چوققىسىغا ئاچىققۇچى خاسىيەتلىك ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى . ئاخبارات ئورۇنلىرى ئۇنىڭ شانلىق تۆھپىسىنى مەدھىيىلەپ جاۋىلدىشىپ كەتتى . رادىئولار ئۇنىڭ ئىسمىنى تىنماي تـەكـرارلـىـدى . گـېـزىـتـلـەر ئـۇنـىڭ ھەرخىل كۆرۈنۈشتىكى سـۈرەتـلىرىنى باستى . شۇنداق قىلىپ ، ئۇ بىر نامدار ، ئۇلۇغ شـەخسكە ئايلاندى . ناھىيە سېكرېتارى بىر قېتىملىق سۆھبەتتە ئـۇنـىـڭ رەسـىـمـدىلا قابىلىيىتى بولۇپ قالماستىن ، سىياسىي جـەھـەتـتـىـمـۇ كۆپ نەرسىلەرنى بىلىدىغانلىقىغا ھەيران بولۇپ ھـاڭـۋېـقـىـپ قـالـدى . شـۇ سورۇندا جامال ئۇنىڭ ئالتە گەز چوڭلۇقتىكى سۈرىتىنى سىزىپ ئۆزىگە تەقدىم قىلدى . سېكرېتار دەرھال ئىېسىنى يىغىپ ، جامالنى ئۆز داۋىيىنىڭ سېكرېتارلىقىغا تەيىنلىدى . ناھىيە سېكرېتارى بۇ جامالنى ئۆستۈرۈشنىڭ دەسلەپكى قەدىمى ئىكەنلىكى ، كېيىن دەرىجىمۇ دەرىجە ئۆستۈرۈپ ناھىيىگە ئـەكـېلىدىغانلىقى ھەققىدە بېشارەت بەردى . گۇڭشې باشلىقلىرى نەچچە يۈز كىشىلىك يىغىن ئېچىپ ، جامالنىڭ شورتۆپە داۋىيىنىڭ سېكرېتارى بولغانلىقىنى تەنتەنىلىك جاكارلىدى . شورتۆپە داۋىي خـەلـقى بـولـسـا تـەلپەكلىرىنى ئاسمانغا ئېتىشىپ ، ئۆزلىرىنى ئـاچـارچىلىقتىن قۇتقۇزغان بۇ خاسىيەتلىك ئادەمنىڭ ئۆزلىرىگە

باشلىق بولغىنىنى تەنتەنە قىلىشتى. بىراق، بىر ئاز ۋاقىت ئۆتە ـ ئۆتمەيلا، بۇ يېڭى باشلىقتىن دەسلەپتە تويۇشتى، كېيىن سېسىق كېكىرىشتى، ئاخىرىدا قاقشاشتى. ئۇلار بۇ باشلىقنىڭ خىزمەت كۆرسىتىپ، ناھىيە سېكرىتارىنىڭ ئورنىنى ئېلىش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى نەدىن بىلسۇن؟ ئەتىگىنى يۇلتۇز تارىماستىنلا، كىچىك ئەترەتنىڭ ئۇزۇن مىس كانىيىدىن كىچىك ئەترەت باشلىقىنىڭ جان ـ جەھلى بىلەن ئىشقا ھەيدەپ توۋلىغان بوغۇق ئاۋازى مەھەللىدىكى ئېچىرقىغان ئىتلارنىڭ ئوغىسىنى قايىنتىپ ھاۋشىتىۋېتىدۇ. ئەترەت باشلىقى ئىتلارغا پەرۋا قىلماي، ئۇزۇن تاياقنى ئېلىپ، ئۆيمۇئۆي ھايت ـ ھۇيتلاپ ئىشقا سۈيلەپ ماڭىدۇ. بۇنداق چاغدا، مەھەللە ئىتلىرى ئىگىسىنىڭ ئۆزلىرىگە ناشتىلىق بېرىشىگە پۇرسەت بەرمەيدىغان بۇ ئەشەددىي رەقىبىنىڭ ئارقىسىدىن ئۇزاققىچە قاۋايدۇ، غىڭشىيدۇ، ھۇۋلايدۇ. ئۇلار گەرچە تۇپلىشىپ ھۇجۇم قىلسىمۇ، ھېچقايسىسى بۆسۈپ بېرىپ ئەترەت باشلىقىغا چاڭ سالالمايدۇ، چۈنكى ئۇلار ئاچ قورساق، كەم ماغدۇر بولغانلىقى ئۈستىگە، ئەترەت باشلىقىنىڭ قولىدىكى يوغان غولدىن قورقىدۇ. ئەترەت باشلىقى شۇنچىۋالا ئىتلارنىڭ قورشاپ تىنماي قاۋاشلىرىغا پىسەنت قىلماستىن، خاتىرجەم كېتىۋېرىدۇ.

دېھقانلار جامال سېكرىتارىنىڭ يەرلىك سىياستىنىڭ ھەيۋىسى ۋە ئېغىر ئەمگەك دەستىدىن يۇرتىنى تاشلاپ، تەرەپ ـ تەرەپكە قاچماقتا ئىدى. كىمكى كېسەل بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ ئولتۇرغىچىلىك ماغدۇرى بولسىلا، زەمبىل بىلەن ئاچىقىپ ئېتىز بېشىدا ياتقۇزۇلاتتى. كېسەل كىشى ئېتىزدىكى قايناق ئەمگەك مەنزىرىسىنى — قولاقلىرىنى سالپايتىپ كېتىۋاتقان يېغىر ئېشەكلەرنى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مىسلداپ كېتىۋاتقان زەئىپ، ھارغىن گەۋدىلەرنى، ياغاچ ھارۋىلارنى مۇڭلۇق غىچىرلىتىپ، دەلدۈگۈنۈپ كېتىۋاتقان خوتۇن ـ قىزلارنىڭ ئېغىر قەدەملىرىنى كۆرۈپ ياتاتتى. بىرەر دېھقان زەردىسى قايناپ، ئەترەت باشلىقىغا چوڭراق تىككىلسە، شۇئان چوڭ ئەترەت ئىشخانىسىغا ئاپىرىپ

سولاپ قويۇلاتتى ـ ده ، كەچ كىرگەندە چىراغ ئۆچتى [1] قىلىپ راسا ئەدەپلىنەتتى . بۇنداق قاتتىق ئىنتىزام تۇپەيلىدىن دېھقانلار جامالغا ئۆچ بولۇپ كەتتى . ئۇلارنىڭ جامالغا بولغان ئۆچمەنلىكى قان ـ قېنىغا سىڭىپ كەتكەندى . بۇرۇن يۇزمۇيۇز ئوقۇلىدىغان مەدھىيىلەر ئەمدى يوشۇرۇن نەپرەتكە ، يۇرتقا توقچىلىق كەلتۈرگىنى ئۈچۈن جەيناماز ئۈستىدە قىلىنغان دۇئا ئەمدى «بوينۇڭ سۇنۇپ ئۆلەرسەن» دېگەن قارغىشلارغا ئۆزگەرگەندى .

## 15

چالا بوغۇزلانغان كالىدەك خارىلداپ خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقان جامال بىرسىنىڭ يەر ئاستىغا كۆمۈۋەتكەن بەختسىز ئىت كۈچۈكىدەك غىڭشىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ، كۆزىنى ئۇۋۇلاپ يانغا ئۆرۈلدى . ئۇ ئۇيقۇسىنى بۇزغۇچىغا ئاچچىقلىناي دەپ ئاغزىنى ئۆمەللىدىيۇ ، ئۇيقۇسىنىڭ ئەمدى ئاخىرلىشىپ قالغىنىنى ئويلاپ ئىنجىقلاپ ئۆرە ئولتۇردى . ئۇنىڭ ئىچىر گەۋدىسىدىن ياغاچ كارىۋات غىچىلداپ كەتتى . ئۇنىڭ ئالدىدا ، دادۇينىڭ تېلېفونچىسى قورقۇمسىراپ قاراپ تۇراتتى . جامال كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغان ھالدا :

— ھازىر قايسى ۋاقىت ؟ — دەپ سورىدى خىرىلدىغان ئاۋازدا .

— ھازىر چۈش بولاي دېدى ، — دېدى تېلېفونچى بالا .

— سەن بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسەن ؟

— تى... تېلېفونغا قارايمەن ، — قورققىنىدىن دۇدۇقلاپ ئارانلا جاۋاب بەردى بالا .

— ھە ؟... — جامال كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ ئۆيگە بىرقۇر

---

[1] «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ، جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدا ، دېھقانلارنى چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىپ ، ئۇرۇپ جازالايدىغان ئادەت بار ئىدى .

خوشياقماي قارىۋەتكەندىن كېيىن، — ھە... مەن ئىشخانىدا يېتىپ ئۇخلاپتىمەن - دە، تېخى ئۆيدە ياتتىممىكىن دەپتىمەن. بۇ يەرگە قاچان كىرىپ ئۇخلىدىم؟ — دېدى.
— تاڭغا يېقىن كىرىپ ئۇخلىدىلا.
— مېنى كىم ئەكىردى بۇ يەرگە؟
— مەن ئەكىردىم.
— كۆپ ئىچىۋېتىپتىمەن - دە، قۇسۇۋەتتىممۇ؟
— ھەئە.
— چىشلىۋالغان ئوخشايدۇ، كاساپەت، ئىچىمدىكى ھەممە نەرسە يانىمەن دەپلا تۇرىدىغۇ، باشقىلار قېنى؟
— ئەتىرەتنىڭ ھارۋىسىدا ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ قويدى.
— ھەممىسى مەست بوپتىما؟
— ھەئە.
— مېنى نېمىشقا ئۆيگە ئاپىرىۋەتمىدىڭلار؟
— ئۆزلىرى مۇشۇ يەردە ياتىمەن دەپ تۇرىۋالدىلا.
بالا داستىنا سۇ، لۆڭگە ئەكەلدى. جامال ئىنجىقلاپ تۇرۇپ يۈز - كۆزىنى يۇدى، يۈزىنى سۈرتۈپ بولۇپ، خاموش ھالدا ئۇزۇن-سىز يۆشۈلداپ ئولتۇردى.
— بىر نەرسە يەۋالامىلا؟ — دەپ سورىدى بالا. جامال پېشانىسىنى ئۇۋۇلاپ، بېشىنى چايقىدى.
— ھۆ تۇتۇپلا تۇرىدۇ. كۆڭلۈم سوغۇق بىر نەرسە تارتىدۇ. ھە راست، بىر تاۋاق قېتىق تاپامسەن. ئىچىۋەتسەم، ھاراق قويۇۋېتەمدىكىن، — دېدى جامال.
— ماقۇل، — بالا دەررۇ ئىشىك تۈۋىگە بارديۇ، يەنە ئارقىسىغا قايرىلدى، — سېكرىتار، خومارخان ئاچام كەپتىكەن، بىر سائەتتەك بولدى، سىلىنى ساقلاپ تۇرىدۇ، دەيدىغان گېپى بار ئىكەن.
جامالنىڭ قىسىلغان كۆزلىرى سەل - پەل ئېچىلدى:
— قايسى خومارخان، ھە... ھېلىقى ھېكىم چورۇقنىڭ

خوتۇنىما ؟ كىرسۇن .

بالا چىقىپ كەتتى . جامالنىڭ چىرايىدا خاموش بىر تەبەسسۇم پەيدا بولدى . خۇمارخان ئەدەپ بىلەن ، قورۇنۇپقىنا كىرىپ كەلدى . خۇمارخان يىگىرمە سەككىز ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى كېلىشكەن ، چىرايلىق جۇۋان ئىدى . قاپقارا شەھلا كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان بولۇپ ، سەل غەمكىن ، بۇغداي ئۆڭ يۇمىلاق يۈزى مىسكىن كۆرۈنەتتى . ئىككى تال ئۇزۇن ئۆرۈمە چېچى تىقىمىدىن ئاشقان ، بېشىغا كىيىۋالغان مەخمەل دوپپا بىلەن ئۇچىسىدىكى ئۆڭۈپ كەتكەن كونا ئەتلەس كۆڭلىكمۇ ئۇنىڭ بويىنى زىبالاشتۇرۇپ تۇراتتى . ئۇ مۇشۇ يېزىدىكى ئاياللارنىڭ ئەڭ چىرايلىقى ئىدى . ئاچارچىلىق يىللىرىدا ، ئۇنىڭ هازىرقى ئېرى ھېكىم چورۇق مۇشۇ يېزىدىكى بىر مىڭ تۆت يۈز قىرىق ئۈچ گاللىنىڭ ئۇزۇق ئاچقۇچىنى ئۆز قولىدا تۇتقان . دېھقانلار ئۇنىڭ ئالدىدا خالتىلىرىنى قولتۇقلاپ ، بويۇن قىسىپ ، يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ تۇرغان . ئۇ قولىدىكى قىممەتلىك ئالتۇن ئاچقۇچتىن پايدىلىنىپ ، مۇشۇ يېزىنىڭ نۇرغۇن گۈزەل قىزلىرىنىڭ نومۇسىنى بىرقانچە جىڭدىن تېرىق ياكى سېرىق قوناققا تېگىشىپ نەپسىنى قاندۇرغان . ئۇ ئاشۇ يىللاردا ئۆزىنىڭ خوتۇنىنى ئۈچ بالىسى بىلەن بىللە ھەيدىۋېتىپ ، مۇشۇ خۇمار كۆزلۈك گۈزەل قىزنى ئۆزىگە خوتۇن قىلىۋالغانىدى . يەنە تېخى جامالنىڭ پاتىمەسىمۇ ئۇنىڭ چاڭگىلىدا تىپىرلاپ ، ئەڭ قىممەتلىك نەرسىسىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى . شۇ تاپتا جامالنىڭ ھېكىم چورۇقنى چايناپ پۇركۇۋەتكۈسى ، يالاڭاچلاپ تۇۋرۇككە تېڭىپ : «يېزىمىزنىڭ قىزلىرىنى يەۋەتكەن تويماس نەپسىڭ مۇشۇمۇ ؟ » دەپ جان يېرىگە داغىمال ياققۇسى كېلىپ كەتتى . بىراق ، ھېكىم چورۇق هازىر يوق . جامال داد ۋېنىڭ سېكرېتارى بولۇپلا ، ئەتىسى ئۇنىڭ قولىدىكى ئالتۇن ئاچقۇچنى تارتىۋالغان ، نەدە يىراق هاشار ، ئېغىر ئەمگەك بولسا ، شۇ يەرگە ئەۋەتكەنىدى . شۇ ئارقىلىق ئۇ ئۈچىنى ئالماقچى ، ئۆزىنىڭ قىممەتلىك نەرسىسىنى بۇلىۋالغان بۇلاڭچىنى



www.uyghurkitap.com

جازالىماقچى ئىدى. مانا ھازىر ھېكىم چورۇق بۇ يەردىن تۆت يۈز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى سوغۇچاق سۇ ئامبىرىدا ھاشاردا ئىدى. ئۇ جامالنىڭ ئۆزىدىن ئۆچ ئالىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ نەزىرىدە، پاتىمەنى ئاياغ - ئاستى قىلغىنىنى جامال بىلمەيدۇ. ئۇ جامال بېيجىڭدا ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە بولغان ئىش تۇرسا، قانداق بىلەلىسۇن؟ ئۇ ئىشنى پەقەت بىر دۆۋە چالا ئادالانغان تېرىق دۆۋىسى، ھاڭدەك چوڭ قاراڭغۇ ئامبارنىڭ تۆت تېمىدىن باشقا ئىنس - جىن كۆرمىگەن. ئەمدىلا ئون ئالتىگە قەدەم باسقان پاتىمەنىڭ تېرىق دۆۋىسى ئۈستىدە ئۆكۈپ تىتىلىپ كەتكەن زەيتۇن رەڭلىك يىپ ياغلىقىنى چىڭ چىشلەپ، ئۈنسىز نالە قىلىپ، تېپىپچەكلەپ ئاستىدىكى تېرىقلارنى ھەر تەرەپكە چېچىۋەتكىنىنى پەقەت تېرىقلا بىلەتتى. قىز يىرتىق خالتىسىغا تېرىقنى ئېلىپ، چىرايى تاتارغان، كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆككەن ھالدا، ھېكىمگە تەلمۈرۈپ تۇرۇپ: «ئوبدان ئاكا، بۇ ئىشنى ئىنس - جىنغا تىنمىسىڭىز» دەپ، تېرىقنى يۈدىگەن پېتى دەلدۈگۈنۈپ چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۆشىنىسىدىكى تېرىق ئەمەس، ئۆزىنىڭ بەختى. پاتىمە ئۆزىنىڭ بەختىنى تېرىققا ئايلاندۇرۇپ، ئەسكى خالتىغا قاچىلاپ، ئۆشىنىسىگە ئارتىپ كەتكەنىدى. بىر قىز ئۈچۈن دۇنيادا بۇنىڭدىن ئارتۇق بەختسىزلىك بولماس؟ ئۇ ئىلاجسىز شۇنداق قىلغانىدى. ھېكىم چورۇق مۇشۇ يېزىدىكى نۇرغۇن قىزلارنىڭ، ياش ئاياللارنىڭ بەختىنى ئۆز ئالقىنىدىكى كەڭرى، قاراڭغۇ تېرىق ئامبىرىدا، تېرىق دۆۋىسى ئۈستىدە نابۇت قىلدى. بۇ بەختسىزلىكلەرنى ئىنس - جىن كۆرمىگەن، پەقەت تۆت تام، سانسىزلىغان تېرىق دانچىلىرى كۆرگەن. ئاشۇ بەختسىز قىزلار، بەختسىز ياش ئاياللار چۇۋۇلغان چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، ئىچىدە يىلىنجاۋاتقان غەزەپ - نەپرەتنى بېسىپ تۇرۇپ: «ئوبدان ھېكىم ئاكا، بۇ ئىشنى ئىنس - جىن بىلمىسۇن» دەپ يېلىنغانىدى. ھېكىم ھېچكىمگە تىنمىدى. قىز - جۇۋانلارنىڭ قەلبىدىكى چەكسىز نومۇسمۇ بۇ ئىشنى گويا ئاسمان

ملڭ كېچە ـ كۈندۈزلەپ كۆز يېشىنى تۆكسە، بىپايان تەكلىماكان ھېچقانداق شەپىسىز ئىچىگە سىڭىرىۋەتكىنىدەك، ئىچىگە سىڭىرىۋەتتى. بۇ ئاياللار تەكلىماكان تۇپرىقىنىڭ ئېمىتىندە ئېغىزلانغانلىقى، ئۇنىڭ باغرىدىكى ئۆركەشلەپ تۇرغان دەريالىرىنىڭ سۈيىنى ئىچكەنلىكى، شۇ تۇپراق بىلەن نەپەسداش بولغىنى ئۈچۈن، گويا تەكلىماكان ئۆزىنىڭ بېشىغا كەلگەن نۇرغۇن بالا ـ قازا ۋە بەختسىزلىكلەرنى كەڭ قورسىقى ئىچىگە ئۈن ـ تىنىشسىز سولىۋەتكەندەك، ئانا تۇپراقنىڭ سۈت بىلەن سىڭىرگەن خۇيى بويىچە سىڭىرىۋەتتى، سۈكۈتكە پاتتى. قىزلار قىز ئاتىقى بىلەن ئەرگە تېگىۋېرىشتى. بەزىسى شۇنىڭ بىلەن يۈرىكى زېدە ھالدا ئىلاجسىز بەختلىك بولۇشتى. بەزىسى توي بولۇپ ئۈچ كۈندىن كېيىن، بىر داستىخان نان ئۈستىدىكى سەۋزە بىلەن ئائىلىسىگە قايتىپ كېلىپ، بەختسىز تەقدىر بىلەن ياشىدى ياكى ياشىمىدى. ھېلىقى چىرايلىق جۇۋانلار سۈكۈت ئىچىدە، بۇلغانغان كۆكسىگە سوغۇق سۇ شاپىشتۇۋېتىپ، باللىرىنىڭ ئاغزىغا ئەمچەك سالدى. قورساق بىر ئاز ئارامىلاندى، ماددىي تەن بۇ ھارام نېمەتتىن ئوزۇق ئالدى. بىراق ئۇنىڭ ئىپلاس تامغىسى ۋىجدان تۆرىگە ئىز سالدى. ھېچكىم چورۇق بۇ ئۈنسىز، ئىزسىز، بۇسى يوق ئىشىدىن خۇشال بولدى. قىز ـ جۇۋانلاردىن رازى بولدى. بىراق، پاتمەنىڭ بۇ ئىشنى قان ـ يامغۇر يىغلاپ تۇرۇپ جامالغا دەيدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى. ئۇنىڭ نەزەرىدە، ھەرقانداق ئايال ئۆزىنىڭ خىيانىتىنى ھالال جۈپتىگە دېمەسلىكى تەبىئىي ئىدى. بىراق، ئۇ گۇمانلاندى، كۆڭلى تۇيۇپ تۇردى. جامال ئەلۋەتتە ئۇنىڭ بۇنداق قىلغىنىنى ئېغىزىدىن چىقىرىشى مۇمكىن ئەمەس ۋە شۇ قىلغىنى ئۈچۈن ئۇنى ساقچىغا سولىتىۋېتىشىمۇ، ئۆلتۈرۈشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. پەقەت ئېغىر ئەمگەك، ئۈستى ـ ئۈستىلەپ زۇلۇم سېلىش ئارقىلىق قىيناپ جېنىنى ئېلىشى مۇمكىن. سوغۇچاق ھاشىرىدىن ھەركۈنى كېلىۋاتقان ئاغرىق ـ سىلاقىنىڭ شۇم خەۋىرى جامالنىڭ كۆڭلىگە بىر خىيالنى كەلتۈردى. شۇ ئېغىر ھاشاردا

ئۆلگەن نۇرغۇن هايۋانلار قاتاريدا هېكىم چورۇقنىڭ — بىر ئادەم سۈپەت هايۋاننىڭ ئۆلۈشى تەبىئىي . هېكىم چورۇق ئۆلگەن ئات ، تۆگە ، كالىنىڭ ئورنىغا يېڭى ئات ، تۆگە ، كالا هەيدەپ ، سوغۇچاققا هاشارغا ماڭدۇرۇلدى . ئۆزى هەيدەپ كېتىۋاتقان هايۋانلارنىڭ تەقدىرىمۇ ئالدىنقىلاردەك بولىدىغانلىقىنى هېكىم چورۇقنىڭ كۆڭلى تۇيۇپ تۇردى . هېچبولمىسا ، يېرىمى شۇنداق بولىدۇ . جامال هېكىمنىڭمۇ ئاشۇ قاتاردا بولۇشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلىدۇ - هە ! بۇلارنى هېكىم خۇددى ئەينى چاغدا ئامباردىكى تېرىقنىڭ هېسابىنى بىلگەندەك ئېنىق بىلىدۇ . ئۇ جامال ئۈستىدىن ئەرز قىلسۇنمۇ ؟ جامال ناهىيە ، ۋىلايەت هەتتا ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار ئادەم ، ئۇنى تونۇمايدىغان باشلىق يوق . بۇ ناهىيىدە بولسا ، هەتتا ئەمدىلا ئەقلى تولغان باللارمۇ ماۋ زېدۇڭنىڭ سۈرىتى بىلەن تەڭلا جامالنىمۇ يادىغا ئالىدۇ . بېيجىڭغا ئەرز قىلسا ، ئۇ يەردىمۇ بۇ بەدرەكنىڭ تونۇشلىرى ، دوستلىرى بار ئىكەن ئەمەسمۇ ؟ بۇنداق ئىشلىگەن يالغۇز هېكىملا ئەمەس . مۇشۇ يېزىدىكى شۇمەك سالغان ئەرنىڭ هەممىسى ئىشلەۋاتامدۇ ؟ جامال هېكىمنى يېزىنىڭ خوتۇن - قىزلىرىنى بۇلغىدى دەپ ئامبارچىلىقتىن ئېلىپ تاشلىدى . بىراق ، هازىر ئۆزىچۇ ؟ جامال هېكىم چورۇقتىن نەچچە هەسسە ئاشۇرۇۋەتتى . هېكىم چورۇق پەقەت قاراڭغۇ تېرىق ئامبىرى ، تېرىق دۆۋىسى ئۈستىدىلا شۇنداق ئىشلارنى قىلغانىدى . جامال بولسا ، قوناقلىق ، كېۋەزلىك ، باغ ، ئۆستەڭ بويى ، هەتتا ئەترەت ئىشخانىسى ، خامانلاردا بىمالال ئەسكىلىك قىلالايدۇ . كىشىلەر كۆرسىمۇ كۆرمەسكە ، ئاڭلىسىمۇ ئاڭلىماسقا سالىدۇ . هېچكىم ئۇنىڭغا تېكىلىپ قارىيالمايدۇ . قارىسا ، ئۇنىڭ ئۆچ ئېلىش هىيلىسى شەيتاننىڭ نوختىسىدىن كۆپ . چىرايلىق ئاياللارنىڭ ئەرلىرى يىراق هاشاردىن كېلەلمەيدۇ ، چىرايلىق ئاياللارنىڭ ئۆيىدىن ئۇنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ . نەچچە قىزنىڭ ياتلىق بولماي بويىدا قالدى . بىراق ، جامال ئۇلارنى ياۋاش - يۇمشاق ، يېتىم - مۇساپىرلارغا «ئاتىدارچىلىق» بىلەن چېتىپ ، ئەر - خوتۇن

قىلىپ قويدى . ھېكىم چورۇق يۇقىرىقىلارنى پۈتۈپ يۇقىرىغا ئەرز يازسا نېمىشقا بولمايدىكەن؟ ئەلۋەتتە بولىدۇ . بىراق، تەكشۈرگۈچىلەر يىراقتىنلا «پاكىتىڭ قېنى؟» دەپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىشىپ كېلىدۇ . ھە، پاكىت قېنى؟ جامالنى كىم بىلىكىدىن تۇتۇۋالىدى؟ كۆرگەن ئادەم بارمۇ؟ بار . لېكىن ئۇلاردىن سورىساڭ، ئالاقزادىلىك بىلەن : «ياق، مەن كۆرمىدىم» دەيدۇ . چۈنكى «كۆردۈم» دەپ قويدىمۇ، بولدى، ئۇنىڭ تېگى يوق، پۈت - قولى يوق بالا - قازاغا ئۇچرىغىنى شۇ . كىم ئۆزىگە بالا - قازانى يۈكلىۋېلىشنى خالايدۇ؟ دېمەك، بۇ يەرلىك خاقانغا بۇ يەردە ئاللا ئۆزى تەڭ كەلمىسە، بەندە تەڭ كېلىشى قىيىن . ئاللاغا تاپشۇردۇم، ئۆتنە جاھان، ئۆتنەڭ بىر كۈن ئەمەس، بىر كۈن ئۆتۈپمۇ قالار . ھېكىم ھەممىنى ئاللاغا تاپشۇرۇپ، ئاللانىڭ، تەقدىرنىڭ تەڭشىشىگە قويدى . ئەگەر ھېكىم چورۇق جامالنى تەختتىن غۇلىتالايدىغان بولسا، ئۆزىلا ئەمەس، پۈتۈن ئەل - يۇرت، ئانىلار، ئاياللار، باللار، قىزلار، ئەرلەر خۇشال بولغان، ھېكىمنى ئاسمانغا ئېتىپ، ئۇنىڭ پېشانىسىدىن سۆيگەن بولار ئىدى . بۇ جامالغا ئاللا تەڭ كەلسۇن، جاجىسىنى ئاللا بەرسۇن!

## 16

خۇمارخاننىڭ مىسكىن قىياپىتى ئۇنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈۋەتكەندى . جامال ھېكىمگە بولغان چەكسىز ئۆچمەنلىكى تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭ ئەنجان تېمىدىن قوپۇرۇلغان يومزەك ئۆيىگە يىراقتىن نەزەر سېلىپ قويغان، بىراق ئۇنىڭ بوندىقى چىرايلىق ياش ئايالى بارلىقىنى ئېسىگە ئالمىغان، ئېتىمىز ئارىلاپ، خىزمەت تەكشۈرگەندە، بۇ ئايالنى ئەسكى سەگەز كىيىم ئىچىدە، بالىلىرىنىڭ تەرتىنى ئېرىقداپ ئولتۇرغان يېرىدە كۆرگەنىدى، كۆڭلى ئايىنىپ ئانچە بەك دىققەت قىلىشقا ئۇلگۈرەلمىگەنىدى . يېقىندا ئۇ «بەشتە كاپالەتلىك» بىر تۇل

خوتۇن ئارقىلىق خۇمارخان توغرىسىدا ئاڭلىغان. ئۇ جامالغا چىرايلىقلارنىڭ ئۇچۇرىنى مەخپىي يەتكۈزىدىغان «كۆز» ئىدى. بالىلىرى ئاغرىپ قالغان ئاياللار ئۇنىڭ ئالدىغا بالىلىرىغا «ئوت كۆچۈرتۈش» ئۈچۈن كېلەتتى ـ دە، بۇ «كۆز» نىڭ نەزەرىگە چۈشۈپ قالاتتى. بۇ «كۆز» نىڭ نەزەرىگە ئىلىنىشقان ھەرقانداق ئايال ئۇزۇنغا قالماي جامالنىڭ نەزەرىگە ئىلىنىشاتتى. بىراق ئۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى. مانا بۇ خۇمارخان تېخى يېقىندىلا «كۆز» ئارقىلىق جامالنىڭ قۇلىقىغا يەتكەن. بىراق يېقىندىن بۇيان سوغۇچاق ھاشىرىغا ئادەم چىقىشتۇرۇپ بولالماي، جامالنىڭ بۇ ئىشقا ۋاقتى يەتمىگەنىدى. مانا ئەمدى ئۇ ئۆز ئايىغى بىلەن كەپتۇ. بۇمۇ بىر ئامەت.

— ھە، خۇمارخان نېمە گەپ؟

— ئازراق قىيىنچىلىقىم بار ئىدى، شۇڭا... — قورقىنىدىن تۇگۇلگەن ھالدا ئاران سۆزلىدى خۇمارخان.

— ھە... قىيىنچىلىق دەڭ؟ ئىشىكنى ئېتىۋېتىڭا، تالادا نېمانچە غەلۋە كۆپ، — ئەمەلىيەتتە سىرت تىنچ ئىدى. خۇمارخان بېرىپ ئىشىكنى يېپىپ قويدى.

— كۆزۈمنى كۈن چېقىپ كەتتىغۇ، ئاۋۇ دېرىزە پەردىسىنى چۈشۈرۈۋېتىڭا!...

خۇمارخان جامالنىڭ دېگىنى بويىچە قىلدى.

— ھە، نېمە قىيىنچىلىق؟ — جامالنىڭ سالپاڭ گۆشلۈك چىرايىغا بىر ئاز كۈلكە يۈگۈردى.

— ئۆيدە ئورۇس گۈگۈتى بىلەن كىرسىن تۈگەپتىكەن، كىنىشكىغا[1] ئېلىپ بولغانىكەنمىز، تىلەپمۇ ئىش ئەپلەشمىدى، شۇڭا ئۆزلىرىنى بەش قاپ سەرەڭگە بىلەن ئون سەر كىرسىنغا خەت يېزىپ بېرەمدىكىن، دەپ كىرىۋىدىم.

---

① 1970 ـ يىللاردا كىرسىن، سەرەڭگە قىس بولغانلىقتىن، ھۆكۈمەت بۇ نەرسىلەرنى كىنىشكا تارقىتىپ نورمىلىق تەمىنلىگەن.

— ھە… بەش قاپ سەرەڭگە ھازىر ئۈچ ئائىلىگە بېرىلىدۇ . ماقۇل ، ئىككى قاپ سەرەڭگە بىلەن ئون سەر كىرسىن ئېلىپ تۇرۇڭ . تۇگىسە يەنە بىز بولغاندىن كېيىن ، بىر ئىش قىلارمىز ، ھە ، يەنە قانداق قىيىنچىلىق بار ؟

— بالىلارنىڭ ئاتىسى ئۆيدە يوق… — خۇمارخان سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي ئۆپكىدەپ يىغلىۋەتتى . ئۇ خۇددى تاسادىپىي مېھرىبان شەپقەتچىگە يولۇققاندەك ، ئۆزىنى بېسىۋالالماي قالغانىدى . «ئۆز ۋاقتىدا مېنىڭ پاتمەممۇ سېنىڭ ئېرىڭ ئالدىدا مۇشۇنداق بىچارىلىك بىلەن يېلىنىپ تۇرغان . ئەمدى سەن…» جامال خۇمارخاننىڭ بىلىكىدىن تارتىپ ئاستا يېنىدا ئولتۇرغۇزدى . خۇمارخان قورققىنىدىن غال - غال تىترەپ كەتتى .

— قورقماڭ ، مەن سىزنىڭ قىيىنچىلىقىڭىزنى ھەل قىلىپ بېرىمەن . ئۆز ۋاقتىدا ھېكىم چورۇقمۇ ئايالىمنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئوبدان ھەل قىلىپ قويۇپتىكەن .

جامال شۇنداق دەپ خۇمارخاننىڭ ياش توختاپ قالغان مەڭزىنى يۇمشاق ، گۆشلۈك قوللىرى بىلەن سۈرتتى .

جامال خۇمارخانغا كىرسىن ، سەرەڭگە ھەل قىلىپ بەردى ، خۇددى ، ھېكىم چورۇق پاتمەگە تېرىق ھەل قىلىپ بەرگىنىگە ئوخشاش . جامال يەنە ھەل قىلىپ بەردى ، يەنە ھەل قىلىپ بەردى .

جامال بىر كەچقۇرۇنلۇقى ئىككى مېتىر قارا چىبەرقۇت ئېلىپ خۇمارخاننىڭ ئۆيىگە كەلدى . ئۇششاق باللار ئۇخلاپ قالغانىدى . خۇمارخان دەسلەپتە جامالنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەندە ، خورلۇق ھېس قىلىپ ، ئىچ - ئىچىدىن يىغلىغۇسى كەلگەنىدى . كېيىنكى كۈنلەردە كۆنۈپمۇ كەتتى . جاپانى بۇرۇنقىدىن خېلى ئاز تارتتى ، غېمىمۇ خېلى يېنىكلىدى . جامال ئۇنىڭغا ھېكىمنى پات ئارىدا سوغۇچاقتىن قايتۇرۇپ كېلىشكە ۋەدە بەردى . جامال خۇمارخانغا خۇمار بولۇپ قالغانىدى . بۈگۈن كەچتە ئۇ پات ئارىدا باشلىنىدىغان بۇغداي ئورۇمىغا قەسەمياد يىغىنى ئاچماقچى بولۇپ ، كىچىك ئەترەت باشلىقىغا ئەر - ئايال ، قېرى - ياش ھەممىسىنى

ئەترەتنىڭ كالا ئېغىلى يېنىدىكى چوڭ گەمىگە يىغىشنى تاپىلاپ قويۇپ ، خۇمارخاننىڭ ئۆيىگە كەلگەنىدى . جامال چىبەرقۇتنى خۇمارخانغا ئۇزاتقاندا ، ئۇ خۇشاللىقتىن سەكرەپ كېلىپ ، جامالنىڭ بوينىغا ئېسىلدى . چىبەرقۇت بۇ يىللاردا ھوقۇقى ، ئابرۇيى بار كىشىلەر كىيىدىغان ئالىي دەرىجىلىك رەخت ھېسابلىناتتى . ئىككى قەدىناس ئۇزاققىچە ئىرمىشىپ ، چىرمىشىپ يېتىپ ، ئاخىر ئۇخلاپ قېلىشتى . بۇ ئۇيقۇ ئۇلارنىڭ ئاخىرقى شېرىن ئۇيقۇسى ، ئۇلارنىڭ بېشىغا كېلىدىغان بالا ـ قازانىڭ مۇقەددىمىسى ، جامال دېگەن يەرلىك خاقاننىڭ زوراۋانلىق دەۋرىنىڭ خاتىمىسى بولۇپ قالغانىدى...

كىچىك ئەترەت باشلىقىنىڭ ئىشكىنى قاتتىق تېپىپ ۋارقىراپ ـ چارقىراپ تىللىشى ئۇلارنى چۆچۈتۈپ ئويغىتىۋەتتى .

— قانداق دېگەن يۈزى قېلىن خوتۇن سەن؟ بابا يىغىنغا قىچقىرىپ قويسام ، تېخىچە بارمىدىڭ ، ھەممە ئادەم يىغىلىپ بولدى ، بۇ يىغىننى جامال سېكرېتار ئاچماقچى ، مېنى شۇ ئادەمنىڭ سېسىق گېپىگە قوياي دەمسەن؟ سەندەك گەپ ئاڭلىمايدىغان قېلىن خوتۇننى ئالدىمغا سېلىپ ھەيدەپ بارمىسام ، ئاچە ئىشىكىڭنى !

خۇمارخان لاغىلداپ تىترەپ ، چىراغ يېقىش ئۈچۈن سەرەڭگىنى قولىغا ئېلىۋىدى ، جامال ئۇنىڭ قولىغا ئۇرۇۋېتىپ ، چىراغنى ياقمايلا كىيىنىپ كىچىك ئەترەت باشلىقى بىلەن كېتىۋېرىشنى بۇيرۇدى . خۇمارخان قاراڭغۇدا ئالاق ـ جالاق بولۇپ كىيىملىرىنى كىيىپ چىقىپ كەتتى . كىچىك ئەترەت باشلىقى ئۇنى ئالدىغا سېلىپ ، تىللىغانچە ئېلىپ كەتتى . ئۇ چىراغمۇ ياقماستىن ئالدىراپ كىيىملىرىنى كىيدى . ئۆيدىن چىقىپ ھويلا تېمىدىن ئارقىغا ئارتىلىپ چۈشۈپ ، مىگىر جاپادا سىرتقا چىقىۋالدى . ئەتراپ سىياھتەك قاراڭغۇ ، ھاۋا تىنجىق ، بەش بارماقنىمۇ پەرق قىلغىلى بولمايتتى . جامال ھاسىراپ ، بىر ھازاغىچە ئىزىدا ئولتۇرۇپ قالدى ، پۈتۈن ئەزايى تەرلەپ چىلىق ـ چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەنىدى . ئۇ ئىزىدا بىر ئاش پىشىم ئولتۇرۇپ ، سەل دېمىنى

www.uyghurkitap.com

ئالغاندىن كېيىن ، ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان يىغىننى ئېچىش ئۈچۈن ،
يىراقتا پىلدىرلاپ كۆرۈنۈپ تۇرغان چىراغ يورۇقىغا قاراپ يول
ئالدى .

جامال ئادىتى بويىچە قوللىرىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ ، قورسىقىنى
ئالدىغا تومپايتىپ ، لىققىدە ئەزالار ئولتۇرغان گەمىگە كىرگىنىدە ،
ھەممە دېگۈدەك پاراسلىتىپ چاۋاك چېلىشۋەتتى . خۇمارخاننى
ئوتتۇرىدا توختىتىپ قويۇپ تازا تىللاۋاتقان كىچىك ئەترەت باشلىقى
چاۋاك ئاۋازىنى ئاڭلاپ ، ئارقىسىغا بۇرۇلدى . گەمە ئىچى ئون بەش
تال شام بىلەن يورۇتۇلغانىدى . كىچىك ئەترەت باشلىقى ئەدەپ
بىلەن قول باغلاپ ئالدىغا ماڭدىيۇ ، ئۈچ قەدەم مېڭىپ ئىزىدا
توختاپ قالدى . ئۇ سېكرېتارغا قاراپ بۈتتەك قېتىپ قالدى .
بىردىنلا گەمە ئىچىدە دولان دەرياسىنىڭ دولقۇنىدەك قاتتىق
قىقاس - چۇقان ، كۈلكە كۆتۈرۈلدى . ئۇلار شۇنداق قاتتىق كۈلۈش-
تىكى ، گويا مۇشۇ بىرقانچە يىلدىن بۇيانقى يىغىلىپ قالغان
كۈلكىسىنى كۈلۈۋاتاتتى . ئۇلار تولا كۈلۈپ مادارىدىن كېتىشتى ،
يىقىلىپ قېلىشتى ، كۈلگۈدەك كۈچىمۇ قالمىدى ، ھەممەيلەن
ئوتتۇرىدا ھەيكەلدەك قېتىپ تۇرغان جامال بىلەن خۇمارخانغا
قاراپ كۈلمەكتە ئىدى . چۈنكى ئىككىسى بىر - بىرىنىڭ
ئىشتىنىنى ئالماشتۇرۇپ كىيىۋالغانىدى . جامال خۇمارخاننىڭ
قىزىل سىيامبۇ ئىشتىنىنى ، خۇمارخان بولسا جامالنىڭ قارا
سىيامبۇ ئىشتىنىنى كىيىۋالغانىدى . جامال ھوشىنى يوقاتتى . ئۇ
ھوشىغا كېلىپ ، ئۆزىنى گەمە سىرتىغا ئالماقچى بولۇۋىدى ،
كۈلكىدىن توختىغان دېھقانلار گويا بىر توپ ئۈۋچى ياۋا تۆڭگۈزغا
ئېتىلغاندەك ، دۈررىدە ئېتىلىپ كېلىپ ، ئۇنى يەرگە باستى .
غەزەپلەنگەن ، ۋىجدان ئازابىدىن قىينالغان ئەرلەر ، خورلانغان
ئاياللار ، ياشلار ، قېرىلار ھەممىسى جامالنى پومداقلاپ
بېسىۋېلىشتى ، ئۇرۇشتى ، تېپىشتى ، ھەممەيلەن ئۆچىنى
ئېلىۋېلىشقا ، ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىشقا تىرىشىپ ، قەھر - غەزەپ
بىلەن ، كۈچىنىڭ بارىچە مۇشتلايتتى . يېقىن بارالمىغانلار

توكۇرەتتى ، تىللايتتى .

خۇمارخان بىردەم داڭ قېتىپ تۇردى ـ دە ، گەمىدىن قويۇندەك يۇگۇرۇپ چىقىپ كەتتى . ئۇنى ھېچكىم كۆرمىدى ، ھېچكىم ئۇنىڭغا دىققەت قىلمىدى ، ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن يۈگۈردى ، يۈگۈردى ، يىقىلدى ، يەنە قوپتى ، ئۆيىگە باردى . باللار ئۇخلاۋاتاتتى . ئۇ قىل ئارغامچىنى ئىشىك ئالدىدىكى قېرى ئۈجمىگە سالدى ، ئىككىلەندى ، كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈپ ، بىپايان تۈن قوينىدا ياتقان تەكلىماكانغا قارىدى ، سوغۇچاق تەرەپكە قارىدى . ئېرىنىڭ چوڭقۇر خەندەك ئىچىدە دەرمانسىز كەتمەن چېپىۋاتقان سىيماسى كۆرۈندى . يۈزىنى قولى بىلەن ئېتىپ ، كەينىگە ئۆرۈلدى ، باللىرى ئۇخلاۋاتقان ئۆي تەرەپكە قارىدى . سەبىي باللار ئۇخلىماقتا ، يېنىك پۇشۇلداپ ، ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز ھالدا تاتلىق ئۇخلىماقتا .

— باللىرىم… سىلەر شەرمەندە ئاناڭلارنى كۆرمەڭلار . ئۇ سىلەرنىڭ ئاناڭلار بولۇشقا يارىمايدۇ . ئۇ بىر شەرمەندە ، پاھىشە خوتۇن ، سىلەر مېنى ئانا دېمەڭلار ، مەندەك ئاناڭلارنىڭ بارلىقىنى ھېچكىمگە دېمەڭلار ، يۈزىگە قارىماڭلار ، سىلەرنىڭ پاك يۈزۈڭلارغا داغ چۈشمىسۇن . ھەممە ئىپلاسلىق مەن بىلەن كەتسۇن ، تۈگىسۇن . مېنى تۇپراققا كۆممەڭلار ، تەكلىماكان بولغانمىسۇن . تېنىمنى قاغا ـ قۇزغۇنلار يەپ كەتسۇن !… رازى بولۇڭلار جان جىگەرلىرىم !…

خۇمارخان سىرتماققا ئېسىلدى…

## 17

تەقدىرنىڭ چاقى يەنە چۆرگىلىمەكتە ، پىرقىرىماقتا . تەقدىرنىڭ چاقى بۇ قېتىم جامالنى ئامەت تەختى ئۈستىدىن يۇلۇۋېلىپ ، ئۇنىڭغا ئايالچە ئىشتاننى كىيدۈرۈپ ، چوڭقۇر ھاڭغا پىرقىرىتىپ تاشلىۋەتتى . بۇ ھال بۇرۇقتۇملۇق ئىچىدە تۇنجۇقۇپ ،

يۇرەك ـ باغرى خۇن بولغان دىھقانلارغا تازا كۆكۈللۈك كۆلكە بولدى . كىشىلەرنىڭ كۆلكىسى بىردىنلا غەزەپ دولقۇنىغا ئۆزگەردى . تەقدىر چاقى ئۇلارنىڭ كۆل ئۈستىدىكى قوقاستەك ۋىلىلداپ قالغان قەلبىگە ئوت تۇتاشتۇردى . ئۇلار جامالنى غەزەپ ئوتلىرىدىن پۇتكەن دوزاخقا مەھكۇم قىلىۋەتتى . جامالنىڭ خۇمارخانىنى مەخپىي كىچىك خوتۇن قىلىۋالغىنىنى سوغۇچاق ھاشىرىدا تۇرۇپ ئاڭلىغان ھېكىم چورۇقنىڭ قورساقلىرى ئېسىلىپ ، دەرد ئىچىدە بىپايان چۆللۈكتە ، يانتاق باسقان قۇملۇق ئۈستىدە ئوغا يۇتۇۋالغاندەك تولغاندى . كۆك يانتاق تىكەنلىرى بەدەنلىرىگە سانجىلدى ، كۆز ياشلىرى قۇمغا تۆكۈلدى . ئۇ ئاسمانغا ، بىپايان قۇملارغا قاراپ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى : «ئى ياراتقان ئاللا ، مەن قانداق قىلاي ؟ بۇ دەردىمنى كىمگە بېرىپ ئېيتاي ؟ !» چۆلدىن ، قۇمدىن سادا كەلدى . ئۆز ئاۋازىمىكىن ، زېمىننىڭ ئاۋازىمىكىن ياكى تەڭرىنىڭ ، ئاسماننىڭ ئاۋازىمىكىن ، ھەيۋەتلىك ئاۋاز كەلدى : «چىدا ، سەن ئەسكىلىك قىلغاندا ، باشقىلارمۇ ساڭا ئوخشاش نالە قىلغان . بۇ ئۆتنە جاھان . سەن تونۇگۇن باشقىلارنى ئۆزۈڭگە ئوخشاش قان يىغلاتقان ، قولۇڭغا قاراتقان ، مالايدەك ئىشلەتكەن ، قۇلدەك بىقاۋۇل قىلغان ، ئەمدى نۆۋەت ساڭا كەلدى .» ھېكىم بۇ ئاۋازدىن چۆچۈدى . كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ ، مەغرىپتىن مەشرىققە قارىدى . بۇ ئاۋاز نەدىن كەلدى ؟ ھېچبىر ئادەم يوق . زېمىندىن كەلدىمۇ ؟ ياق ، ئۇنىڭ تىلى يوق . بۇ زېمىننىڭ تىلىنى مۇشۇ بىپايان قۇملۇق بېسىپ كەتكەن ، ئۇنى سۆزلىيەلمەس ، تىنالماس قىلىۋەتكەن . ئۇ مەڭگۈ سۆزلىيەلمەيدۇ . ياق ، ياق ، ئەسلىي تىل سۆزلىمەيدۇ ، دىل سۆزلەيدۇ . بۇ بىپايان قۇملۇق ئەسلى يېشىل بوستانلىق ، تاملىرى ھەتتاكى ئىتلىرىنىڭ يالىقىغىچە ئالتۇندىن بولغان گۈزەل زېمىن ئىدى . كېيىن قۇم بېسىپ ۋەيران قىلدى ، تىلسىم قىلىۋەتتى ، تىلىنى سۆزلىيەلمەس قىلىۋەتتى ، كۆزىگە قۇم تىقىۋەتتى ، قۇلىقىغا قۇم تولۇپ قالدى . بىراق دىلىنى ، يۈرىكىنى ھېچ نەرسە

قىلالمىدى . يۈرىكى قۇمنى لۆمۈلدىتىپ كۆتۈرۈۋاتىدۇ ، ئېغىر قۇمنى ھالسىرىتىۋاتىدۇ ، دىلى سۆزلەۋاتىدۇ ، ھەربىر تىنىقى كۆھىقاپ ھاسىل قىلىپ ، بوران چىقىرىپ ، قۇملارنى شىددەت بىلەن ئۇچۇرۇپ ، ئۆزىنىڭ ئۈستىنى باسقان بۇ ئاپەتنى كۆچۈرۈۋاتىدۇ . بۇ ئاۋاز ئەنە شۇ قۇم ئاستىدىكى زېمىننىڭ دىلىدىن چىققان ئاۋاز ، يۈرەك ئاۋازى ! ھېكىم چورۇق بېشىنى چاڭگاللاپ دەسلەپتە ھۆركىرەپ يىغلىدى ، كېيىن قاقاقلاپ كۈلدى ، زېمىندىن ئەمدى ھېچبىر سادا كەلمىدى . «ئۇھ... قىزىق تەقدىر بولدى . مەن ساڭا قول قويدۇم ، ساڭا بويسۇندۇم ، دېگىنىڭنى قىلدىڭ ، قىلىۋاتىسەن . بىر خار بولغاننى ئەزىز قىلىمەن ، ئەزىز بولغاننى خار قىلماي قويمايمەن . سېنىڭ تۇتقان يولۇڭ شۇغۇ ، ئەمدى بىلدىم ، شۇنداق قىل ، مېنى يەنە قانچىلىك خار قىلىسەنكىن ؟ » ھېكىمنىڭ قۇملۇققا قاراپ ناخشا توۋلىغۇسى كەلدى . ئۇ سوغۇچاق ھاشارچىلىرى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ھاشارچىلار ناخشىسىنى توۋلىدى :

سوغۇچاق ئامبا ،
چۆرىسى دامبا .
كادىر بارسا نان بار ،
دېھقان بارسا چام بار .

سوغۇچاق قۇم يەر ،
چاپسا ـ چاپسا تۈگىمەس .
كەتمەن چاپقان زاغرا يەر ،
ئوڭدا يانقان سامسا يەر .

ھېكىم چورۇقنىڭ ناخشىسى ئاخىرلاشمايلا ، قۇلاق پەردىسى شۇم خەۋەرنىڭ شىددەتلىك زەربىسىدىن تېشىلدى . خۇمارخاننىڭ ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغانلىقى ۋە جامالنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقى ھەققىدە

خەۋەر يېتىپ كەلگەندى. ھېكىم بۇ خەۋەرنى ئاڭلىدىيۇ، بىپايان قۇملۇققا، چەت - چېكى كۆرۈنمەس تەكلىماكان قۇملۇقىغا قاراپ يۈگۈردى. ئېگىز قۇم چوققىسىغا زورۇقۇپ چىقتى، ھاڭدەك چوڭقۇر قۇم ئازگىلىغا موللاقلاپ چۈشتى، يەنە ئۆملەپ ئورنىدىن تۇردى، يۈگۈردى. ساراڭلارچە، ئەسەبىيلەرچە كۈلۈپ، ۋارقىراپ - جارقىراپ، چەكسىز قۇملۇق ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ جان - جەھلى بىلەن ۋارقىرىغان ئاۋازىنى بىپايان قۇملۇق سۈنى سۈمۈرگەندەك سۈمۈرۈپ كەتتى. قۇملۇقتا ئۇنىڭ گەۋدىسى دەسلەپتە تۆگە مايىقىدەك، كېيىن بىر تال چېكىتتەك كۆرۈندى. بىپايان قۇملۇق بۇ چېكىتنى ئاخىر يۇتۇپ كەتتى. ھاشارچىلار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھاڭۋېقىپ قاراپ قالدى. ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى ياقىلىرىنى تۇتۇپ، تۇۋا دېيىشىپ كېتىپ قېلىشتى، قۇلىقىم ئاڭلىمىسۇن، كۆزۈم كۆرمىسۇن دېگەندەك، ئۈنسىز كېتىپ قېلىشتى. يەنە بەزىلىرى جامالنى قارغاپ، ھېكىمگە ئىچ ئاغرىتىشتى.

ھېكىم چوڭقۇر چۆلگە چىقىپ كەتتى. ئۇ ئۆلۈكمۇ، تىرىكمۇ، بۇنى بىلىش قىيىن. بەلكىم تىرىكتۇ. بىپايان قۇملۇق ئۇنى ئۈنسىز قوينىغا ئالدى. ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان ئادەم ئۇدۇل دوزاخقا كىرىدۇ، دېيىشىدۇ. بىراق خۇمارخان رەھمەتلىك بۇ جاھاننىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆلتۈرگەنىدى. ئۇ راستىنلا دوزاخقا كىرىپ كەتكەنمىدۇ؟ دوزاختا كۆيۈۋاتقانمىدۇ؟ ئۇ يەردىن قانداق قۇتۇلار؟ ئۇ يەردىن بۇ جاھانغا يەنە قايتىپ كەلگەنلەر بولمىغىنى ئۈچۈن، بۇنىڭغا ئاللادىن باشقا ھېچكىم جاۋاب بېرەلمەيدۇ. ھېكىمنىڭ باللىرىنى ئۇنىڭ تۇغقانلىرى بۆلۈۋېلىشتى. بۇ بىچارە يېتىملار ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىش ئازابى يەتمىگەندەك، ئۆزئارامۇ ئايرىلىپ قېلىشتى. ئۇلار ئەمدى بىر يوتقاندا يېتىپ، تېپىچەكلەپ ئوينىشالمايدىغان بولدى، پەقەت كىرپىدەك تۈگۈلۈپ ياتىدۇ. تەڭتۇشلىرى بار ئاۋازى بىلەن «ئاتا، ئانا، ئاكا» دەپ چاقىرسا، بۇلار تام تۈۋىدە بارمىقىنى



www.uyghurkitap.com

چىشلەپ، بوينىنى قىسىپ، كۆزىگە ۋىللىدە ياش ئېلىپ ئۆكسۈپ يىغلايدۇ. ئانىسىنى سېغىنىدۇ، ئاتىسىنى سېغىنىدۇ، ئاكىسىنى سېغىنىدۇ، ئۇكىسىنى، سىڭلىسىنى، ئاچىسىنى سېغىنىدۇ، بۇرۇنقى غەمسىز كۈنلىرىنى سېغىنىدۇ، ئۈمىد قىلىدۇ.

## 18

تەقدىرنىڭ چاقى پىرقىراپ ئايلىنىپ، بىزنىڭ جامالنى يەنە مۇشۇ زېمىنغا، دولان بويىدىكى قومۇشلۇق مەھەللىگە ئەكېلىپ تاشلىدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا ھەيرانۇ ھەس بولۇپ قاراشتى. ئۇنىڭغا ھازىر بۇرۇنقىدەك كۆچلۈك نەپرەت بىلەن قارىمىسىمۇ، لېكىن ھېسداشلىقمۇ قىلمىدى. ئۇلار: «ئادەم پەقەت ھايات بولسىلا، ھەممە ئىش ئۆتۈپ كېتىدىكەن، ھەممە ئىش ئۆلگەنگە بولدى» دېيىشتى. جامال ئون يىللىق تۈرمە ۋە رېجىم ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، يەنە ھايات قايتىپ چىقتى. ئۇ خېلىلا ئۆزگىرىپتۇ، چاچ ـ ساقىلىغا ئاق ئارىلاپتۇ، ئەمما بۇرۇنقىدەكلا سېمىز تۇرۇپتۇ. ياش ۋاقتىدىكى ئويناپ تۇرىدىغان كۆزلىرى ئەمدى سەل خىيالچان باقىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ بۇ قىياپىتى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدا ئىشلەپ كەلگەن ئادەمگە مۇتلەق ئوخشىمايدۇ. توغرا، ئۇ «ھۈنەرلىك ئەر خار بولماس» دېگەندەك، ئاشۇ نەچچە مىڭ جىنايەتچىلەر ئارىسىدا ئېغىر ئەمگەك بىلەن ئەمەس، ئۆز كەسپى بىلەن شۇغۇللاندى. رەسىم سىزدى، سۈرەتكە تارتتى، ھازىرقى زامان ئادەملىرى رەسىمسىز ياشالامتى؟ جىنايەتچىلەرمۇ، ئۇلارنىڭ گۇندىپايلىرىمۇ ئادەم ـ دە. ئۇلارمۇ سۈرەتكە چۈشۈشنى، رەسىم سىزدۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئادەتتىكى تۈرمە مۇھاپىزەت خادىملىرى، بۆلۈم ئەمەلدارلىرى، باشلىقلىرى، ئۇلارنىڭ ئەركە ـ ناينىاق چىرايلىق خوتۇن ـ قىزلىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ھەممىسى رەسىمگە موھتاج. جامال ئۇلار ئۈچۈن رايىش رەسىمچى. جامالمۇ ئېغىر ئەمگەكتىن

قۇتۇلغىنىغا خۇش. ئۇ قانداق سىزىش، قانداق سۈرەتكە تارتىش بۇيرۇلسا شۇنداق قىلدى. مانا شۇنداق قىلىپ، ئون يىلنى ئەركىسىز، ئەمما جاپاسىز ئۆتكۈزدى. ئۇ باشلىقنىڭ ئۆيىدىن بۇ باشلىقنىڭ ئۆيىگە يۆتكىلىپ يۈرۈپ، ئۇلارنىڭ چوڭايتىلغان رەسىملىرىنى سىزدى. ئېرىنىڭ، ئايالىنىڭ، بالىسىنىڭ، ئانىسىنىڭ رەسىملىرىنى چوڭ رامكىلارغا كەلتۈرۈپ سىزدى. دەسلەپتە، سىزىدىغان، تارتىدىغان رەسىم تۈگەپ كەتسە قانداق قىلارمەن دەپ غەم ـ ئەندىشىدە بولۇۋىدى، بۇ بىكار بولۇپ چىقتى. خۇددى مۇددىتى توشقان جىنايەتچىلەر ئازاد قىلىنىپ، يەنە يېڭىلىرى كېلىپ تۇرغىنىغا ئوخشاش، بۇ ئورۇننىڭ كادىر، ساقچىلىرىمۇ كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدىكەن. كونىسى كەتسە، يېڭىسى كېلىدىكەن، رەسىم سىزىدىغان، سۈرەت تارتىدىغان ئىشلار تۈگىمەيدىكەن.

جامال تۈرمە ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئۆيىگە كەلگەندە، ۋەزىيەت ئەسلىدىكىدىن ئاسمان ـ زېمىن ئۆزگەرگەنىدى. دېھقانلارغا يەرلەر ھۆددە بېرىلىپ، ئاچارچىلىق، يوقسۇللۇق، موھتاجلىقنىڭ ئورنىنى مەمۇرچىلىق، توقچىلىق ئىگىلىگەن، ئادەملەرنىڭ چىرايىغىمۇ قان يۈگۈرۈپ، نۇرلىنىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بالىلىرى چوڭ بولۇپ قالغان، چوڭ قىزى ئايىنىگار تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا كەتكەن. ئىككىنچى بالىسى سۇلتان تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە، ئۈچىنچى بالىسى بولسا، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇماقتا ئىدى. پاتىمەنىڭ بېشىغا ئاق كىرگەن، يۈزىگە قورۇقلار چۈشكەن، ئورۇق يۈزىنى قارا داغلار باسقانىدى.

جامال ھازىر يەر تېرىش تۈگۈل كەتمەنمۇ تۇتالمايدۇ. ئۇ مەيلى سېكرېتار بولغان مەزگىلدە بولسۇن، مەيلى تۈرمىدە ياتقان مەزگىلدە بولسۇن، كەتمەن تۇتمىدى. قىسقىسى، يىگىرمە يىلدىن بېرى ئۇ ئېغىر ئەمگەك قىلىپ باقمىدى. ئۇ يەنىلا خىزمەت قىلىشنى، ھوقۇق تۇتۇشنى ئۈمىد قىلاتتى. بىراق، ھوقۇق،

ئەمەل دېگەن يەردىن سۇپۇرۇۋالىدىغان نەرسە ئەمەس ـ تە . نائىلاج ، ئۇ يەنە بىكار تۇرغاندىن كۆرە ، مىدىرلاپ تۇرماقچى بولدى . ئۇ ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىكى فوتو ئاپپاراتىنىڭ توپىسىنى سۈرتۈۋېتىپ ، يېزىلاردا ئايلىنىپ يۈرۈپ ، خەقنى سۈرەتكە تارتىپ پۇل تېپىشقا چۈشتى . يەنە تېخى مۇخبىرلىق قىلىشنىمۇ پۇل تېپىشنىڭ ئوبدان چارىسى قىلدى . سۈرەتكە تارتىپ قويۇپ دېھقاندىن پۇل ئالغاندىن تاشقىرى ، يەنە باي بولغانلارنى ئېتىزى ، ئاشلىقى ، چارۋىسى ، ئورمىنى يېنىدا تازا كۆلدۈرۈپ سۈرەتكە تارتىپ ، سۈرەتنىڭ ئاستىغا : «3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن··· » دېگەن گەپتىن باشلاپ چۈشەندۈرۈش يېزىپ ، سۈرەتلىك خەۋەر قىلىپ ، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرچە ، خەنزۇچە گېزىتلەرگە ئەۋەتىپ تۇردى . شۇنداق قىلىپ ، گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئۇنىڭ نامى چىقىشقا باشلىدى . ئىككى ـ ئۈچ پارچە سۈرەتلىك خەۋەرگە ئاتمىش ـ يەتمىش يۈەن قەلەم ھەققى كېلىدىغان بولدى . جامالغا يەنە ئامەت خەزىنىسى ئېچىلدى . بىر تەرەپتىن ، چۆنتىكى پۇلغا تولۇشقا ، يەنە بىر تەرەپتىن ، سېسىپ كەتكەن نامى يۇيۇلۇپ ، كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىدى . ئۇزاق ئۆتمەيلا ، ئۇ يېزا باشلىقلىرىنىڭ نەزەرىگە ئېلىندى . ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان ، يېزىقچىلىق ئىقتىدارى يۇقىرى ، خەنزۇچىنى سۇدەك بىلىدۇ . دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بۇنداق يېزىدا بۇنچىلىك ئادەمنىڭ چىقىشى ئاسانمۇ ! بۇنداق ئادەمنىڭ ئىقتىدارىنى ئىسراپ قىلىۋەتمەي كۈچىدىن پايدىلىنىش كېرەك . ئىختىساس ئىگىسى دېگەن شۇ ـ دە . ھازىر يېزىلىق ھۆكۈمەتكە كاتىپ يوق ، مېنىڭچە ئۇنى كاتىپ قىلىپ ياللىۋالساق ، كېيىنچە كادىر قوبۇل قىلىش شتاتى بېرىلسە ، رەسمىيلەشتۈرۈۋالساق بولىدۇ .

يېڭىدىن سايلانغان يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ياش باشلىقىنىڭ بۇ دادىل پىكرى جامالنى خۇشلۇقتىن مەست قىلىۋەتتى . ئۇنىڭ ئارزۇ قىلغىنى مۇشۇنچىلىك بىر خىزمەت ئەمەسمىدى؟ ئىشقىلىپ ، ھۆكۈمەت خىزمىتى بولسىلا بولدى .

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسىنى يېزىنىڭ يېڭى باشلىقى ئوبدان چۈشەندى. ھە، ھازىر ياللانما كاتىپ بولدى. ئەتە ـ ئۆگۈن، يۇقىرىدىن شتات كەلسە، دۆلەتنىڭ رەسمىي كادىرى، رەسمىي كاتىپ بولىدۇ. ئادەمنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئامەت شۇنچىلىك كەلسە بولمامدۇ؟ رەسمىي كادىرلىق شتاتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، چوقۇم بارلىق ئامالنى قىلىش كېرەك. نېمىلا بولمىسۇن، رەسمىي كادىر دېگەننىڭ ھامان نېنى پۈتۈن، يېگەن گۆشى سۆڭەكسىز بولىدۇ. شۇڭا ئۇ بارلىق تىرىشچانلىق بىلەن، يېزىنىڭ ئادەتتىكى كالتا ئاقساقاللىرىدىن تارتىپ سېكرېتارىغىچە ھارماي خىزمەت قىلدى. ئۇلارنىڭ رەسمىينى سىزدى، سىرچىلىقىنى قىلدى، ئۆيگە مېھمانغا چاقىردى، ماختىدى، مەدھىيىلىدى. يالغۇز ئاغزىدىلا ئەمەس، گېزىتتە، ژۇرناللاردا ماختىدى. ھارسىمۇ، يىقىلسىمۇ، ئۆيىقۇدىن مەڭدەپ قوپۇپ خىزمىتىنى قىلسىمۇ، ئۇلاردا ياخشى تەسىرات قالدۇرۇشقا تىرىشتى. مانا مۇشۇ تەمەدە پالاقشىپ ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى. ھازىر ئۇنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى تۇرمىدىن بوشىنىپ چىققان ۋاقىتىدىكى جامالغا مۇتلەق ئوخشىمايتتى. ھەرقايسى قاتلامدىكى ئەمەلدارلارغا تىنىمسىز خىزمەت قىلىش نەتىجىسىدە، ئورۇقلىغان، مۈكچەيگەن، چارچىغانىدى. خۇددى ئۇ سېكرېتار بولۇشتىن ئىلگىرىكى ۋاقىتىدىكىگە ئوخشاش قورسىقى ئىچىگە تارتىلىپ، دۈمبىسىگە چاپلىشىپ قالاي دەپ قالغان، بويۇن گۆشلىرى سىزىپ، ئىنچىكىرەپ، جىگدە يىلتىزىدەك بولۇپ قالغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قىلچە بوشاشقىنى يوق. يەنىلا تىنىمسىز ھەرىكەت قىلدى، ئىشلىدى، ئەمەلدارلارنىڭ بوسۇغىسىدىن نېرى كەتمىدى. ئۇ پەلەكنىڭ ئۆرگىلىپ ـ چۆرگىلىپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇ ئامەت ئۇنىڭغا قۇچاق ئېچىپ، دۆلەتنىڭ كادىرى بولۇۋالغاندىن كېيىنلا، ئاندىن ھاردۇقىنى چىقارماقچى، دەم ئېلىپ، ئۆزىنى كۈتۈپ، يوقاتقانلىرىنىڭ ھەممىسىنى تولدۇرۇۋالماقچى. شۇڭا، ئۇ ئاشۇ شتات ئۈچۈن، جان ـ جەھلى بىلەن ئىشلىدى. ئۇھ، مانا ئەمدى

ئەتە شۇ شتاتنى ، ئاشۇ تۆمۈر كىيىمنى كىمگە بېرش مەسلىسى بەلگىلىنىدىغان قۇتلۇق كۈن . جامالنىڭ قىلغان خىزمەتلىرى ئالدىدا ، چوقۇم ئۇلارنىڭ يۈزى قىزىرىدۇ ، يىگەن ئېغىز ئۇيۇلىدۇ ئەمەسمۇ !...

مانا ھازىر ئۇ بىر كېچە ئۇخلىماي سىزغان رەسىمنى كەچكىچە ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ ، خۇپتەن ۋاقتى بولغاندا قولتۇقىغا قىسىپ ، يېزا باشلىقىنىڭكىگە قاراپ يول ئالدى . ئۇ بوۋايدەك مۈكچىيىپ ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ، ھازىرلا يىقىلىپ كېتىدىغاندەك دەلدەڭشىپ كېتىۋاتاتتى . ئادەملەر ، سىلەر جامالنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ، ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ بېقىڭلار ! ئۇنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقىنىنى چىرايىدىن بىلىۋېلىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرۈڭلار ! ئەي زېمىن ! مەن ساڭا يەنە خىتاپ قىلاي : قارا ، ئادەملىرىڭگە !



# ئاھ ، رەھىمسىز دەريا !

## 1

مانا بۇ كۆرۈمسىز ، تاش مايماق قارا ئېشەك بىزنىڭ تۇردى رەزگىنىڭ سىردىشى ۋە ئايرىلماس دوستى . ئۇلار قاچانمۇ بىرەر - يېرىم دەم ئايرىلىپ باققان؟ تۇردى رەزگى بىر يەرگە بارىدىغان چاغدا ، ئېشىكىگە ئەسكى كىگىز مۇلەنى توقۇيدۇ - دە ، ئۇستىگە ئەپچىللىكنە مىنىۋالىدۇ . يولغا چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ، خۇددى ئېشەك بىلەن ئۆزى ئۇچۇنلا ئېيتىۋاتقاندەك ، بوغۇق ئاۋازدا غىڭشىپ «گۈلئايىم» ناخشىسىنى باشلايدۇ ، ئۇنىڭ ياغسىراپ كەتكەن ياغاچ ھارۋىنىڭ غىچىرلىشىدەك چىقىدىغان كۈلكىلىك ، ئالىتاغىل ئاۋازى ، ئېشەككە نىسبەتەن ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتسە كېرەك . شۇڭا ئۇ قۇلاقلىرىنى يوپۇرۇپ ، خارتىلداپ قويۇپ ، ئالچاڭ پۇتلىرىنى چاققان يۆتكەپ ، قىل يورغىدەك مېڭىپ كېتىدۇ . تۇردى رەزگى ئېشىكىنىڭ بۇنداق مېڭىشلىرىدىن قانداقتۇر ئۆزىمۇ تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان شېرىن ھېسسىياتلارغا تولىدۇ ، ئۆز ئىچىدە ئېشىكىدىن شۇنچىلىك سۆيۈنىدۇ . ئۇنىڭ نە ئۇرۇق - تۇغقىنى ، نە بالا - چاقىسى ، نە دوست - بۇرادىرى يوق . يېشى ئەللىكتىن ئاشقىنى بىلەن تېخى توي قىلمىغان قېرى يىگىت . ئۇنىڭ ھېسسىياتىنىڭ ئۆلگەن - ئۆلمىگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ . چۈنكى ئۇ مۇشۇ يېشىغىچە بىرەر يات جىنس بىلەن بىرەر - يېرىم دەم مۇڭدىشىپ باققىنى يوق .

ئۇنىڭ دوستىمۇ، مەھبۇبىمۇ، ھەممىسى مانا مۇشۇ ئاستىدىكى مۇلايىم ئېشىكى. ئۇ ئېشەك تۇردى رەزگىگە ئوخشاشلا كۆرۈمسىز. ئۇنى ئېشەكلەر ئىچىدىكى ئەڭ سەت ئېشەك دېسە بولىدۇ. قاپقارا، ئۆسكىلەڭ، پاخپىيىپ تۇرغان يۇڭلار ئارىسىدىكى چاپاق باسقان كۆزلىرى چىۋىن - كۇمۇتىلارنىڭ ئۇۋىسى، سالپىيىپ تۇرىدىغان ئۆزىدىن يوغان قۇلىقىچۇ تېخى! ئىگىسىنىڭ كۆزىمۇ ئۇنىڭدىن قېلىشمايدۇ. تۇردى رەزگىنىڭ ئۆسكىلەڭ چۇپۇر قاشلىرى ئاستىدا يوشۇرۇنغان خۇنۇك كۆزلىرىگە قارىغان ئادەم يىرگىنىدۇ. دېمىسىمۇ، تۆمۈرچىلىك كەسپى ئۇنىڭ يۈزىنى ئۆزى كۆچىنىپ بازغانلايدىغان تۆمۈردەك ھەم قوتۇر، ھەم قاپقارا قىلىۋەتكەن، چىگىشلىشىپ كەتكەن ساقاللىرى ئۇنىڭ يۈزىنى كىرپىنىڭ دۈمبىسىگە ئوخشىتىپ قويغان.

ئىزدەپ تېپىشقان بۇ ئىككى مەخلۇق ئۆز جەمەتلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئېتىبارسىز، كۆرۈمسىزلەردىن، شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىرى ئادەم، بىرىنىڭ ھايۋان بولۇشىدىن ئىبارەت تەبىئىي توسۇقنى قىلچىمۇ نەزەرگە ئالماستىن، بىر - بىرى بىلەن ئوبدانلا چىقىشىپ قالغان. تۇردى رەزگى: «بۇ دۇنيادا چىرايلىق ئادەملەر (ئۆزىدىن باشقا ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى چىرايلىق ھېسابلايتتى) دىن دوست چىقمايدۇ. ئادەملەر ۋاپاسىز، ئاغزىدا چىرايلىق سۆزلەپ، ئۆزلىرىنى مەدەنىيەتلىك ھېسابلايدىغان، چوڭ ئىشلار قولىدىن كېلىدىغان ئادەملەرمۇ ۋاپاسىز. گەرچە ئۇلار ئادەم بولسىمۇ، ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن ئەڭ قەبىھ ۋەھشىيلىكلەرنى قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئۇلاردا ھايۋانچىلىك سەممىيلىك، ساداقەت دەيدىغان نەرسە مەۋجۇت ئەمەس، ھەتتا مۇشۇ ئاستىمدىكى ئېشەكچىلىك ۋاپا دېگەننى بىلمەيدۇ، دوستلۇقنى قەدىرلىمەيدۇ» دەپ قارايدۇ. شۇڭا، ئۇ مۇشۇ كۆرۈمسىز ئېشىكىنى ئەڭ يېقىن دوستى دەپ بىلىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ رىشتى شۇنچىلىك چىڭ باغلانغان.

ئۇنىڭ ئۆيى دەريا بويىدىكى بازارغا ئانچە يىراق بولمىغان مەھەللىدە. ئۇ مەھەللىسىنىڭ چېتىدىكى بىر باغۇ بوستان ئىچىدە

www.uyghurkitap.com

ئىككى ئېغىزلىق ، تورۇسلىرى ئىستىن قارايغان لاي تاملىق ئۆيدە ئولتۇرىدۇ . تاشقىرىقى ئۆيى ئۇنىڭ تۆمۈرچىلىك قىلىدىغان دۇكىنى ، ئىچكەركى ئۆيگە بولسا ، كونا زەدىۋال تارتىلىپ ، ئىككى چىت يوتقان ـ كۆرپە ، قۇراقتىن تىكىلگەن سامان تەكىيە ، بىرقانچە ساپال قاچا ، بىر قۇم قازان ۋە چۆگۈن قاتارلىق نەرسىلەر قويۇلغان . مانا بۇلار ئۇنىڭ ئۆيىدىكى بار ـ يوقى بىساتى . ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئىچى بۇنداق بىچارىچىلىك ، يوقسۇزلۇق ئىچىدە قالغاندەك غېرىبىسىنىپ تۇرغىنى بىلەن ، ئۆيىنىڭ ئەتراپىغا كۆچەت سېلىۋېرىپ ، ئۇ يەرنى مانا ئەمدىلىكتە تۇمەنلىگەن قۇشلار ماكان تۇتىدىغان جەننەتكە ئايلاندۇرغان . تۇردى رەزگىنىڭ ئۆيى بولسا جەننەتتەك باغ ئىچىدە ، چوقچىيىپ تۇرغان قاقاس دۆڭگە ئوخشاش كۆرۈنىدۇ .

## 2

تۇردى رەزگى — ئاۋۋال ئۇنىڭ لەقىمىنى بىلىۋېلىڭلار ، بۇ ئىسىم ئۇنىڭغا مۇشۇ مەھەللىدىكى ئادەملەر تەرىپىدىن قويۇلغان . ئۇ چىرايى كۆرۈمسىز ، سەت بولغىنى ئۇچۇنمىكىن ، سەل رەتلىكرەك يۇرۇشنىمۇ بىلمەيدۇ ، كىيىملىرى شۇنچىلىك بېزەپ ، رەتسىز ۋە يىرتىق . ئۇنى ياماپ ياكى يۇيۇپ كىيمەيدۇ ، بىر كىيىمىنى بىرلا كىيىۋالسا ، تاكى يايمىسا بولمايدىغان يېرى ئېچىلغاندىلا يەڭگۈشلەيدۇ ياكى يېڭىسىنى ئالىدۇ ، بۇ ئۇنىڭ ئادىتى . ھۇرۇنمىكىن دېسە ئىشچان ، نامرات بىچارىمىكىن دېسە ، مۇشۇ يۇرت ، ھەتتا مۇشۇ ناھىيە بويىچە ھەرقانداق دۆلەتمەن باينىڭ ئۇنىڭ ۋەجى ئالدىدا كۆزى چەكچەيمەي قالمايدۇ . ئۇ تۆمۈرچىلىك دۇكىنىغا بىر كىرىۋالسا ، قوپال ، قاداق قوللىرى بىلەن بولقىنى ئەپچىل سوقىدۇ ، كېچە ياكى كۈندۈز دېمەستىن ئىشلەۋېرىدۇ . بۇ ناھىيىنىڭ دېھقانلىرى تۇردى رەزگىنىڭ كەتمىنىدىن باشقا

كەتمەننى چاپمايدۇ، ياغاچچىلار ئۇ ياسىغان كەكە ۋە ئىسكىنىدىن باشقا كەكە، ئىسكىنىنى ئىشلەتمەيدۇ. شۇڭا ئۇ بۇيرۇتمىدىن باش كۆتۈرەلمەيدۇ، شۇنداق بولغانىكەن، ئۇنىڭ بولقىسىنىڭ تۆمۈرگە «توك» قىلىپ بىر تېگىشى پۇل دېگەن سۆز، پۇل كىرىۋېرىدۇ، لېكىن چىقمايدۇ. تۇردى رەزگىنىڭ بىر قورسىقىدىن باشقا يەنە نېمىسى بار، ئۇ پۇللارنى نەگىمۇ سىغدۇرار ھەم نېمىمۇ قىلار؟ ئۆلسە قالىدۇ!... ۋۇي ئۆلۈمتۈك رەزگى ياكى يېيىشنى بىلمەيدۇ، ياكى كىيىشنى. «ئاشنى ئىچەلمەسكە بەر، ناننى يېيەلمەسكە بەر» دېگەندەك، ۋەجىنى خۇدايىمنىڭ مۇشۇنداق رەزگىگە بەرگىنى قىزىق!...

تۇردى رەزگى غەلىتە ئادەم، ئۇ بازارغا بارسا، پاكار ۋە كۆرۈمسىز قارا ئېشىكىگە مىنىپ غىتىلداپ بارىدۇ، باشقىلارغا ئوخشاش ئات ياكى موتسىكلىت مىنمەيدۇ، ئۇنداق قىلىپ جان قىيناپ بازارغا بارغانىنىڭ نېمە پايدىسى؟ بىلىنگە ئۆزى قوقاستا كۆمۈپ پىشۇرغان كۆمەچتىن بىرنى تۇگىدۇ ـ دە، ئاتايىن بازارغا بارغان ئادەم ئاغزىغا تېتىغۇدەك تۇزۇكرەك غىزا يېمەي، ئەللىك پۇڭلۇق ئۇچەي ـ قېرىن شورپىسى ئېلىپ، ھېچبىر تاۋاقا كۆمەچنى پومىلاپ سالغاندىن كېيىن، ئۈستىدىن ياغاچ قوشۇقتا بېسىپ تۇرۇپ، پاخماق ساقاللىرى ئارىسىدىن ئۆرۈلۈپ چىقىپ تۇرغان كالپۇكلىرى بىلەن، ئۇچەي ـ قېرىنىنىڭ سۈيىنى ھۇزۇرلىنىپ سۈمۈرىدۇ. ۋاھ، ئۇنىڭ ئۇچۇن دۇنيادا بۇنىڭدىن ئارتۇق لەززەت بولامدۇ؟ ئۇ تىلىنى تامشىپ، تەرلەپ ئولتۇرۇپ، يوغان كۆمەچنى ئۇچەي ـ قېرىنىنىڭ سۈيى بىلەن ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، بىر كېكىرىدۇ. ئۆپكە ـ قېرىن، ئۇچەيلەرنى بەلبېغىغا تۇگۈپ، ئاللاغا شۈكرى ـ سانا ئېيتىپ، بىر دۇئا قىلغاندىن كېيىن، ئورنىدىن قوزغىلىدۇ. بۇ چاغدا، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغانلار ئۇنىڭدىن بىزار بولۇشۇپ، ئىچىدە مىڭنى تىللايدۇ. ئەگەر، نازاكەتلىك قىز ـ جۇۋانلار يانداپ ئۆتۈپ قالسا، ئۇنىڭدىن بۇقسۇپ چىققان تەرنىڭ

بەتبۇيىدىن سەكسىنىپ ، كۆڭلى ئاينىپ ، خېلى يەرگە بارغۇچە «سەت تۇغرۇلۇق ، مەينەت رەزگى» دېيىشىپ كېتىدۇ . ئۇ ئادەتتە ، پۇلنى كۆپ تاپىدۇ ، خەجلىمەيدۇ . ئەنە بۇگۇنمۇ ئۇ ئۇسساپ تاماقلىرى قۇرۇپ ، كالپۇكلىرىنى گەز باغلاپ ، ئاغزى كاككۇكتەك ئېچىلىپ قالدى . مۇزدەك چۇچمەل دوغ ئۇنىڭ نەپسىنى تاقىلداتقان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ بىر قاچا مۇز سۇيىنى (ھە راست ، يەنە ئىككى قوشۇق ئىچىدىغان قېتىقىمۇ بار ) يىگىرمە پۇڭغا ئىچمەيدۇ . ئۇ ئىچىدە : «ئادەملەر ئەخمەق ـ دە ، ماۋۇ يەردە بەش پۇڭلۇق مۇز قىيامى تۇرسا ، يىگىرمە پۇڭغا دوغ ئىچىدۇ ، بۇ نېمىدېگەن ھاماقەتلىك !» دەپ ئويلايدۇ . تۇردى رەزگى بەش پۇڭلۇق مۇز سۇيىدىن بىر قاچا ئىچىپ راسا قاراپ قويۇپ ، كېتىپ قالدى . مانا شۇ ئۇنىڭ ھەپتىدە بىر بولىدىغان بازار كۇنى قىلىدىغان خىراجىتى . ھەر كۇنى ئەڭ كەم دېگەندە يىگىرمە ـ ئوتتۇز كويغا ئىشلەيدىغان ، قولىدا ئوتتۇز نەچچە مىڭ يۇەن پۇلى بار ئادەمنىڭ ئىشلىرى مانا شۇنداق . ئوتتۇز نەچچە مىڭ يۇەنمۇ ئاشۇنداق يېمەي ، كىيمەي يىغقاندا توپلانغان پۇل ـ دە ، ئەگەر ئۇدۇللۇق يەپ تۈگەتسە ، بۇ پۇل ئۆزلۈكىدىن يىغىلىپ قالاتتىمۇ ؟

تۇردى رەزگى بازاردىن يېنىپ ، ئۇدۇل دەريا تەرەپكە ماڭدى . ئېشەك ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئوبدان بىلىدۇ . شۇڭا ئۇ ئاچالغا كەلگەندە ، ئۆيى تەرەپكە بۇرۇلماستىن ، ئۇدۇل دەريا بويىغا قاراپ ماڭدى . تۇردى رەزگى ئېشىكىنىڭ ئەقلىگە سۆيۈنۈپ ، كۇلۇمسىرىدى . چىم ، يۇلغۇن ، يانتاق ، چاتقاللار ئارىسىدىكى چىغىر يول بىلەن دەريا بويىغا يېتىپ كەلدى . مانا ئۇنىڭ ئوتتۇز يىلدىن بېرى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن كونا ئادىتى . ئادەتتە ھەر كۇنى كەچتە ئېشىكىگە مىنىپ مۇشۇ دەريا بويىغا كېلىدۇ . دەريا بويىغا كەلگەندە ، ئېشىكىدىن چۇشۇپ ، چىم ئۇستىدە ئولتۇرۇپ ، پېشىن نامىزىنى ئوقۇيدۇ . ئۇ نامىزىنى شۇنچىلىك پىغانلىق ، ئاللاغا سېغىنىش ئىچىدە ھۆكرەپ يىغلاپ ئوقۇيدۇكى ، ئادەتتە

ئۇنىڭ مۇنداق يۈرەكنى ئېزىدىغان يىغىسىنى ئاڭلىغان ھەرقانداق تاش يۈرەك ئادەمنىڭمۇ چىداپ تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ يىغىدىن توختاپ، نامىزى تۈگىگەندىن كېيىنمۇ، يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان پېتى، لۆمشۈپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىگە ئۇزاقتىن - ئۇزاق مۆڭگۈلىنىپ قاراپ ئولتۇرۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ دائىم تۆمۈرگە قاراۋېرىپ، تۆمۈردەك قېتىپ كەتكەن چىرايى بۇنداق چاغدا شۇنچىلىك مۆڭگۈلۈق تۈسكە كىرىدۇكى، ئۇنىڭ بۇ قىياپىتى ئادەمگە شەكسىز يىغا ياماشتۇرىدۇ. بىراق، بۇ ئادەمنىڭ بۇنداق مۆڭگۈلۈق چىرايىنى ئېشىكىدىن باشقا ئىنس - جىن كۆرۈپ باقمىغان. ئۇ ئادەتتە ھېچكىمگە ئارىلاشماي، ئۆيىدە ئىشىنى قىلىدۇ. ئىشى تۈگىسە، دەريانىڭ مۇشۇ قويۇق چاتقاللار قاپلىغان بىرلا يېرىگە — دۆڭىنىڭ باغرىغا كېلىپ نامازغا بىر ئولتۇرسا، تاكى قاراڭغۇ چۈشۈپ كۆز باغلانغۇچە دەرياغا قاراپ ئولتۇرىدۇ. ئولتۇرغاندىمۇ، بىر تىكىلسە سۇدىن باشقا ياققا قارىمايدۇ. ئاھ… ئېقىن سۇ، سەن نېمىدېگەن ئۇلۇغ! سېنى بىرى ئالدىغا سېلىپ قوغلىمايدۇ ياكى تۆگىدەك بورنۇڭغا چۇلۇك سېلىپ يېتىلىمەيدۇ. نەگە شۇنچە ئالدىرايدىغانسەن؟ ئۇنىڭ كۆز نۇرى، يۈرەك رىشتى سۇغا باغلانغان. ئۇنىڭ كۆزى دەريا ئىچىدىن — لاي - لاتقىلارنى بولدۇقلىتىپ سۆرەپ ئېقىۋاتقان سۇ ئىچىدىن بىر گۈزەلنىڭ سىيماسىنى كۆرىدۇ. بۇ چىراي ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ مۇقەددەس تەۋەررۈك. بۇ گۈزەل سىيمانى پەقەت ئۇلا، ئۇنىڭ ئاشۇ گۈزەل پەرىگە باغلانغان ئاشىق يۈرىكى بىلەن ئۇنىڭ كۆز نۇرىلا كۆرىدۇ. قارىغانسېرى ئۇنىڭغا مۇھەببىتى ئاشىدۇ، ئەقىدىسى كۈچىيىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ گۈزەللىكە ئۈنسىز قارايدۇ. غايىۋانە چىرايمۇ ئۇنىڭغا سىنچى كۆزلىرى بىلەن تىكىلىدۇ. ئۇ شۇنچىلىك گۈزەل چىرايكى، ئۇنى يەر يۈزىدە پەقەت تۇردى رەزگىلا كۆرگەن. بىر كۆرۈشى بىلەنلا غايىۋانە سۆيگەن. شۇ سۆيگۈنىڭ ئەقىدىسى ئۇنىڭ يۈرىكىگە مەڭگۈ ئۆچمەس سۆيگۈنىڭ تامغىسىنى باسقانىدى. ئۇ ھەر

www.uyghurkitap.com

كۇنى دەريا بويىغا كەلگەن هامان ، ئاشۇ گۇزەل پەرىزاتنىڭ ئۇماق چىرايى سۇ يۈزىدە پەيدا بولاتتى ـ دە ، بۇلاقتەك كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ ، چوڭقۇر مۇهەببەت نەزەرى بىلەن ئۇنىسىز قارايتتى . ئۇ بۇ گۇزەل مەهبۇبىدىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئۇچۇن ، ئۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۇچۇن ، بۇ يەرگە هەر كۇنى كېلىشنى ئادەت قىلغان . ئۇنىڭ دەريا بويىغا تولا كېلىشتىكى سەۋەبى مانا مۇشۇنىڭدىن ئىبارەت ئىدى .

### 3

تۇردى رەزگى هاياتىدا بىرەر ئايالغا ئۆزىنىڭ ئەرلىك سېزىمىنى ئاتا قىلىپ باققان ئەمەس . ئۇ سۇ يۈزىدە جىلۋە قىلىپ ، ئۆزىگە غەمكىن كۇلكىسىنى تەقدىم قىلىپ تۇرغان گۇزەل قىزنىڭ جامالىنى كۆرۈش بىلەن ، ئۆزىنىڭ ئوتلۇق مۇهەببەت رىشتىنى ئىلاهىي ، سېهرىي كارامەت بىلەن چىڭ چىگىپ ، ئۇنىڭ هايات يولىنى بۇزۇۋەتكەن ئاشۇ ئىشنى ئۇنتۇز ئىككى يىلدىن بىرى هەر كۇنى ئەسلەپ ، ئاچچىق هەسرەت بىلەن پۇتكەن مەنىۋى لەززەتتىن ئوزۇق ئېلىپ ياشىدى . ئۆمۇر بويى ئاشۇ قىزنىڭ مۇپتىلاسى بولدى ، ئوتىدا كۆيدى . بۇ كۆيۇكتىن شۇنداق بىر ئېچىنىشلىق غايە مۇنارىسى تىكلەندىكى ، ئۇنىڭ هاياتىدا يۈز بەرگەن هەرقانداق ئەگرى ـ توقايلىق ، هەرقانداق يەر تەۋرەش ۋە هەرقانداق شىددەتلىك جۇدۇن ـ شىۋىرغانمۇ بۇ مۇقەددەس مۇنارنى ئۆرۈۋېتەلمىدى . ئەكسىچە ئۇ بارغانسېرى سەلتەنەتلىك بولۇپ قەد كۆتۇردى . ئەنە شۇ ئاشىقلىق ئۇنى مۇشۇنداق رەزگى هالغا كەلتۇرگەن ، لېكىن ئۇنىڭ سىرتىدىكى رەزگىلىك پەقەت قەلب كۆزى غۇۋا كۆرىدىغان كىشىلەرنىڭ كۆزىتىشىدىنلا ئىبارەت ، خالاس .

بەزىدە ئالەم ئاستىن ـ ئۇستۇن بولۇپ كەتسىمۇ ، يەنىلا تەقدىر ئۆزگەرمەيدىغان چاغلار بولىدۇ ، بۇ خۇددى مەهكۇم ئەلنىڭ

قـورامـتـاش ئـاسـتـىدىكى مـجىلـىپ ياتقان گىياھتەك بىچارىلىك ھالىتىنى ئەسلىتىدۇ . لېكىن بەزىدە تەقدىر قىلدىن نازۇك بولۇپ ، سەللا سالقىن شامالدا تەۋرەپ ، كارامەت يېڭى قىسمەتنى تۇغىدۇ . بۇنى تۇردى رەزگىنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەۋاتقان كىچىككىنە بىر ۋەقەدىن كۆرۈپ باقايلى .

## 4

تـۇردى رەزگـىـنـىڭ يىگىرمە ياشلىق ۋاقتى . ياش تۇردى ۋۇجۇدى ياشلىق ھېسلىرىنىڭ مەستخۇشلۇقىدا ئۆرغۈپ تۇرغان ، غۇرۇرى كۈچلۈك ، بىلەكلىرى توم ، كۈچتۈڭگۈر بولۇپ يېتىلدى . نامرات ئاتا - ئانا پەرزەنتىنىڭ ھاياتىنى ئۆزلىرىدەك موھتاجلىقتا ئۆتكۈزمەسلىكى ھەم ھالال ئادەم بولۇپ چىقىشى ئۈچۈن ، ئۇنى شۇ زاماندا راسا ئېقىۋاتقان تۆمۈرچىلىك ھۈنىرىنى ئۆگىنىشكە بەردى . تەمبەل ۋە ئەقىللىق شاگىرت قېرى تۆمۈرچىنىڭ كۆڭلىگە تازا يـاقتى . تۇردى ھەر بىر ئىشتا ئۆز ئۇستىسىنىڭ كۆڭلىدىكىنى تېپىشقا تىرىشاتتى ھەم تاپشۇرۇلغان ئىشلارنى ئەستايىدىللىق بىلەن كـۆڭـۈلـدىـكـىدەك قىلاتتى . شۇڭا ئۇ ئازلا كۈن ئىچىدە خېلى نـەرسـىـلـەرنـى ئـۆگـىـنىۋالدى ھەم ئۇستىسىنىڭ قەدىرلىشىگە ئېرىشتى . قېرى تۆمۈرچى ئولتۇرسا - قوپسا ئۆيىدىكىلەرگىمۇ ، يار - بۇرادەرلىرىگىمۇ تۇردىنى ماختاپ ، ئۆز ئۆمرىدە تەربىيىلىگەن يـەتـمـىش نـەچچە شاگىرتى ئىچىدە ، بۇنىڭدىن ياخشى شاگىرتقا ئۇچرىمىغانلىقىنى ئېيتىپ ھۇزۇرلىناتتى .

قـېـرى تۆمۈرچىنىڭ دۇنيالىقتا ئايىمىنىسا ئىسمىلىك بىرلا قىزى بار ئىدى . ئۇنىڭ سەرۋىدەك ئۆسكەن زىلۋا بويى ، ئاق سېرىق كەلگەن يۇملاق يۈزى ، كۈلۈپ تۇرىدىغان سېھىرلىك كۆزلىرى تـولىمۇ يېقىملىق ئىدى . تىلى چۇچۇك بۇ ئوماق قىز ، تۇردىغا بەكمۇ ياقاتتى . ئۇ داۋاملىق تۇردىنىڭ قاپقارا ، توم بىلەكلىرىگە ،

تەر تەپچىرەپ مىس قازاندەك پارقىراپ كەتكەن كەڭ يەلكىلىرىگە ، قىپقىزىل تۆمۈرگە بازغان ئۇرۇشلىرىغا قاراپ ، توختىماي ۋىلىقلاپ كۆلەتتى . ئايىمنىسا بىر كۆنى شۇنداق كۆلىۋەرگەندىن كېيىن ، قېرى تۆمۈرچىمۇ ئىشتىن توختاپ ، قويۇق چار ساقىلى ئارىسىدىكى پۈرۈلۈپ كەتكەن ئېغىزىنى ئېچىپ ، قىزىغا زوقى كېلىپ كۆلۈمسىرىدى . ئۇ چوڭقۇر ئاتىلىق مېھرى بىلەن :

— قىزىم ، كېلە ، كۆلىۋەرمەي ئاتاڭنىڭ تەرىنى سۈرتۈپ قويە ، ئومىقىم ، — دېدى . قىز شۇئان نېپىز لېۋىنى پۈرۈپ ئەركىلىدى :

— ھىم... كۆيىدەك ، قارىداپ كەتكەن يۈزۈڭنى يەنە سۈرتسە يەنە قارا بولىدۇ ، ئۈزۈڭنىڭ قارىلىقى يەتمىگەندەك .

— ھا ، ھا ، ھا... بالام ئەتمەيمەن ، خەپ توختاپ تۇر ، — قېرى تۆمۈرچى شۇنداق دەپ قاقاقلاپ كۆلۈپ كەتتى . ئايىمنىسا شۇئان ئاستا كېلىپ ، ئاتىسىنىڭ ئىستىن قارايغان يىرىك ساقال باسقان يۈزىنى قولياغلىقى بىلەن پاكىز سۈرتۈپ قويدى . شۇ چاغدا بازغان تۇتۇپ تۇرغان تۇردىنىڭ تېنى جۇغىدە قىلىپ ، خۇددى قىز ئۇنىڭ تەرىنى سۈرتۈۋاتقاندەك ، تەر باسقان يۈزى قىزىرىپ ، يەرگە قارىۋالدى . ئايىمنىسانىڭ قوڭغۇراقتەك زىل ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى :

— ھىم... مەيلى ، مېنى بالام ئەتمىسەڭ ، ئانام بالام ئېتىۋېرىدۇ ، يۈزۈڭنى ئەمدى ھەرگىز سۈرتمەيمەن .

— نېمىشقا ؟

— يۈزۈڭنىڭ تۈكى قولۇمغا سانجىلىپ كېتىدىكەن .

قېرى تۆمۈرچى قىزىنىڭ سۆزىدىن ئۇچىيى ئۈزۈلگۈدەك كۆلۈپ كەتتى . بۇ گەپتىن تۇردىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۆلۈپ سالدى . قىز لېۋىنى پۈرۈشتۈرۈپ دومسايدى . قېرى تۆمۈرچى كۆلكىدىن ئۆزىنى ئاران توختىتىپ :

— مېنىڭ يۈزلىرىم تۈكلۈك بولسا ، ئەمىسە تۇردى ئاكاڭنىڭ يۈزىنى سۈرتۈپ قوي ، ئۇنىڭ يۈزى سېنىڭكىدەك

تۇكسىز ، — دېدى .

قىزنىڭ ھەممە خۇشاللىقى شۇئان نەگىدۇر يوقاپ ، يۈزىگە ۋىللىدە قىزىللىق ئولاشتى ـ دە ، بۇرۇلۇپ ئۆيگە قېچىپ كىرىپ كەتتى . تۇردىنىڭ بېشىدا چاقماق چاققاندەك بولۇپ ، ۋۇجۇدىنى تىترەك باستى . ۋاھ ، بۇ قانداق گەپ ، ئاتىنىڭ كۆڭلى شۇنچىلىك تۈز بولسىمۇ ، بىراق بۇنچىۋالا ئاشۇرۇۋەتمەسلىكى كېرەك ئىدى . قىز ئۇنى ھەرقانچە ئۆز ئاكىسىدەك كۆرسىمۇ ، لېكىن بەربىر ياتباش ئادەم ـ دە . تۇردىنىڭ پۇت ـ قوللىرى بوشاپ ماغدۇرسىزلاندى . ئاھ ، بۇ نېمە قىلىق ، مەن نېمە بولۇۋاتىمەن ؟ بۇ ئوڭۇممۇ ، چۈشۈممۇ ؟ بىچارە قىز ، قانچىلىك ئىزا تارتقاندۇ ؟ تۇردى ساڭگىلاپ كەتكەن بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ ئۇستىسىغا قارىدى . قېرى تۆمۈرچى ھېچ ئىش بولمىغاندەك يەنە ئىشقا كىرىشكەنىدى . تۇردى ئېغىر بازغاننى كۆچەپ ئۇرۇشقا باشلىدى . بىراق ئۇ ئۆزىنى يوقاتقان . بىچارە قىز گەرچە ئۆزى نومۇسقا يات بىرەر قىلىقنى قىلىپ سالمىغان بولسىمۇ ، ھەتتا بىرقانچە كۈنگىچە ھېچ نەرسە يېمەي ، دۈم يېتىپ يىغلاپ ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يۈزىگە قارىيالماس . ئاشۇ ئاتىسىنىڭ — ئاغزى ئىتتىك ساددا ئاتىسىنىڭ ئاشۇ سۆزى ئۈچۈن ، قىز ئىزا تارتىپ ، نېمە بولۇپ كەتتى ـ ھە ؟

تۇردى ئەس ـ ھوشىنى يوقاتتى ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى سېزىمدىن ئايرىلدى . ئۇ قولىدىكى ئېغىر بازغاننى جايىغا قويدى ـ دە ، ئويمانچەكتىن چىقىپ ، تالاغا قاراپ ماڭدى .

— تۇردى ئوغلۇم ، ساڭا نېمە بولدى ؟

تۇردى ئۆزىنى تالاغا ئاتتى .

## 5

ئاھ ، قىيانلىق دەريا — دولان دەرياسى !... سەن خۇددى يىگىتنىڭ قەلبىدەك مەۋج ئۇرۇپ ئۆركەشلەيسەن ، تىنىمسىز

سوقۇۋاتقان يۈرىكىمدەك قىرغاقلارغا ئۇرۇلۇۋاتقان دولقۇنلار ئۆزۈكىنى ئۈرسەن ، ئۈيقۇدىن بىدار بولغان ئاشىقتەك تولغىنىسەن ، مۇڭلۇق شاۋقۇنلىرىڭ بىلەن كېچە - كۈندۈز توختىماي ئاقىسەن . ئېيتقىنا ، سەن نەگە بارىسەن ؟ كېچە - كۈندۈز تۆكۈلگەن ياشلىرىڭنى چاچرىتىپ ، ئاشىقىڭنىڭ ۋەسلىگە يېتىش ئۈچۈن كېتىۋاتامسەن ؟ سەن ئاشىق ، سېنىڭ بويىڭدا خۇدىنى يوقىتىپ ، بېشىنى ساڭگىلىتىپ ساڭا تىكىلىپ ئولتۇرغان مانا مۇشۇ يىگىتمۇ بىر ئاشىق . ئۇنىڭ كېچە - كۈندۈز سەندەك تولغىنىپ ، سېنىڭ دولقۇنلىرىڭدەك توختاۋسىز دولقۇنلىغان قەلبى مانا هازىر خۇددى سەن سۈرۈپ كېتىۋاتقان لاي - لاتقىلاردەك ئېلىشىپ كەتتى .

تۇردى تولغىنىپ ئېقىۋاتقان دەرياغا قاراپ گاڭگىراپ ئولتۇردى . ئۇنىڭ قەلبى دەريا ئىچىدىكى ئېقىپ كەلگەن ياپراقتەك دولقۇنلار ئەۋجىدە گاھ ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ كۈنىنىڭ ئۆتكۈر نۇرىدا يالتىرىسا ، گاھ مۇئەللەقتىن كەپتەرگە ئېتىلىپ چۈشكەن ياش لاچىن ساناقسىز كەپتەر توپى ئىچىگە شۇڭغۇغاندەك ، بۇژغۇنلار ئارىسىدا سىڭىپ كېتەتتى .

— تۇردىكا ، ئاغرىپ قالدىڭىزمۇ ؟

قىزنىڭ تۇيۇقسىز ئارقا تەرەپتىن ئاڭلانغان ئاۋازى تۇردىنى ئەندىكتۈرۈۋەتتى . ئۇ دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ، قىزنىڭ ئاۋازىدىن بالىلارغا خاس ئوماقلىق چىقىپ تۇراتتى . تۇردى ئۇن - تىنسىز ئايىمنىسانىڭ قوڭۇر ، قويۇق كىرپىكلىرى ئىچىدە پارقىراپ تۇرغان نۇرلۇق كۆزلىرىگە تىكىلدى . بۇ كۆز تۇردى ئۈچۈن شۇنچىلىك قەدىرلىك ، بۇ كۆزنىڭ يارقىن سىيماسى ئۇنىڭ يۈرىكىگە نەقىشلەنگەن .

— تۇردىكا ، ماڭا نېمانچە بەك تىكىلىپ قاراپ كېتىسىز ؟ — ئەمدى قىزنىڭ ئاۋازىدىن ئۇنىڭ ئەسلىدىكى شوخلۇقىغا قايتىۋاتقانلىقى بىلىندى . قىز سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — تۇردىكا ، ئاتامنىڭ يۈزىدىكى كۆمۈر يۇقى يۈزۈمگە يۇقۇپ

قاپتىمۇيا ؟

قىز سۆزلەپ بولۇپ كۈلدى . ئۇنىڭ قىياپىتى خۇددى باھار ئېيىنىڭ ئەتىگەنلىكى ياپراق ئارىسىدىن يېڭىلا پوستىنى يېرىپ چىققان گۈلنىڭ غۇنچىسىغا ئوخشايدۇ . بۇ غۇنچە شۇنچە چىرايلىق ھەم نازاكەتلىك ئىكەنكى ، ياپيېشىل يۇمران ياپراقلار ئارىسىدىن خۇددى مانا مۇشۇ قىزنىڭ كۆزىدەك نۇر جۇلاسى ئىچىدە كۆرۈنىدۇ .

— يۇزىڭىزگە ھېچ نەرسە يۇقماپتۇ .

— ھى ، ھى ، ھى... خۇددى پوكاندەك ئېسىلىپ كېتىپسىزغۇ ئەمەسمە ؟ — قىز شۇنداق دەپ قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى . ئۇنىڭ كۈلكىسى دەريا ساھىلىنى چاڭ كەلتۈرۈپ ، چۆل كارۋىنىنىڭ تۆگىسىنىڭ بوينىدىكى زىل قوڭغۇراقتەك جاراڭلاپ كەتتى ، — ھېچقانداق چاغدا ماڭا بۇنداق قاراپ كەتمەيتتىڭىز ، بۇگۈن ئەجەب كۆزىڭىزنى ئۈزەلمەي قالدىڭىز ـ ھە ، تۇردىكا ، سىزمۇ ماڭا ئانامدەك ئامراق ـ ھە ؟

ئاھ بۇ نېمىدېگەن گۈزەللىك ، ساددىلىق ، بۇ تۇردىنىڭ چۈشىدىكى كۆرۈنۈشلەرگە نېمىدېگەن ئوخشايدۇ ـ ھە ! تۇردى مەستخۇش ھالدا ، لاغىلداپ تىترەۋاتقان قوللىرى بىلەن قىزنىڭ ئوماق مەڭزىنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئالدى . ئۇنىڭ ئاستىن ئېڭىكى ئاجراپ كەتكەندەك چىشلىرىمۇ كارسىلداپ ، ئاغزى يۇمۇلماي قالدى . قىز بولسا شوخ كۈلۈمسىرەش بىلەن ، ئۇنىڭ سۆيۈشىنى كۈتەتتى . تۇردى ئاغزىنى يېقىن ئەكېلىپ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى . ئاۋۋال قىزنىڭ نەرگە سۆيسۇن ، جىنەستىدەك قىزىرىپ تۇرغان لېۋىگە سۆيسۇنمۇ ياكى توغاچتەك قىزىرىپ تۇرغان مەڭزىگە سۆيسۇنمۇ ۋە ياكى سەبىي ، ئەمما مىسلىسىز سېھرىي كۆچكە ئىگە كىرپىكلىرى سايە تاشلاپ تۇرغان شەھلا كۆزلىرىگىمۇ ؟ ياق... ھەرگىز ئۇنداق قىلماسلىق كېرەك . ئېيپەت قەسرىنىڭ ئالتۇن دەرۋازىسىغا سېلىنغان توقسان توققۇز پەردىلىك

www.uyghurkitap.com

مۇقەددەس قۇلۇپى تېخى ئېچىلمىغان بۇ پاك ساددا قەلبنى خورلاشقا بولمايدۇ. بۇنداق قىلىش جىنايەت! بىراق، ئايىمنىسانىڭ تەڭتۇشلىرى بىردىن ئەرنىڭ ئارقىسىدىن يۈرمەمدۇ؟ ياق، ئۇ قىزلار باشقا، ئايىمنىسا باشقا...

تۇردى قىزنىڭ لېۋىگە تېگىپ كېتىشكە سەللا قالغان ئاغزىنى تارتىۋېلىپ، قىزنى قويۇۋەتتى. شۇئان قىز دومسايدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى لىقىدە ياشقا تولدى.

قىزنىڭ كۆڭلى نېمىدېگەن نازۇك، ئۇنىڭ كۆڭلى نېمىلەرنى دەۋاتىدۇ؟ ئەي جاھان قىزلىرى، سىلەر مۇشۇ دوستۇڭلارنىڭ يۈرەك سۆزىنى ئاڭلاۋاتامسىلەر، ئۇنىڭ كۆڭلى سىلەرنىڭكىگە ئوخشامدىكەن؟

بىردىنلا تۇردىنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى. يۈرىكى شۇنچىلىك سىقىلدىكى، خۇددى بىر پارچە قاغدالما كېسەك ئاستىدا قالغان بىچارە قۇشنىڭ بالىسىدەك تىپىرلاپ كەتتى. ئۇ چىراي تاتارغان ھالدا، ئۆيگە — يەنى دەريا قىرغىقىدىكى تۈمۈرچىلىك دۇكىنىغا كىرىپ كەتتى. قىز شۇئان پاڭگىدە يىغلىۋەتتى.

تۇردى كىرگەندە، تاۋلىنىپ، چوغ بىلەن ئوخشاش بولۇپ كەتكەن تۆمۈرگە ئۈستىسى قىينالغان ھالدا بولقا ئۇرۇۋاتاتتى. ئۇ تۇردىنى كۆرۈپ:

— ھە، ئوبدان كەلدىڭ بالام، — دەپ قويدى. تۇردى ئۈن-تىنسىزلا ئېغىر بازغاننى قولىغا ئېلىپ، كۈچ بىلەن سوقۇشقا باشلىدى.

## 6

دەريا سۈيىنىڭ ئۇلغىيىپ بېرىشى بىلەن گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن چوڭ بىر پارچە توپا قاتلىمىنىڭ سۇغا چۈشكەن شاۋقۇنى ھەم ئۆزگە چاچرىغان سۇ تامچىسى بىلەن تۇردى رەزگى ئەندىكىپ كەتتى. بۇ

چاغدا ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ، ئاسماندا جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار زېمىنغا كىيدۈرۈلگەن ئۆتمۈتۆشۈك داش قازاننىڭ تۆشۈكچىلىرىدەك كۆرۈنەتتى. تۈردى رەزگى دەريا يۈزىگە قارىدى. ئۇ چاپاق باسقان قىيسىق كۆزلىرىنى قانچە كۈچەپ يوغان ئاچقان بولسىمۇ، قاراڭغۇلۇق قوينىدا بۇ ئۇلۇغ سۇمۇ كۆرۈنمەي قالغان. پەقەت دەريانىڭ يىراق ئېقىملىرىغا زەن سېلىپ قارىغاندا، دەريا ئۈستىدىكى ئاقۇش تۇماننى كۆرگىلى بولاتتى. قاراڭغۇلۇق ئىچىدە، دەريانىڭ شاۋقۇنى گويا زىنداندا يېتىپ جان تەسلىم قىلىۋاتقان مەھبۇسنىڭ خۇدىنى بىلمەي سېلىۋاتقان پەريادىدەك ئاڭلىناتتى. دەريانىڭ بۇ شاۋقۇنىنى تۈردى رەزگى ئۆزىنىڭ قەلبىنىڭ شاۋقۇنىغا ئوخشىتاتتى. زىنداندا جان تالىشىپ پەرياد سېلىۋاتقان مەھبۇس ئۆز خۇدىنى بىلمەيدۇ. ئۇ قانچىلىك پەرياد چەكمىسۇن، بەرىبىر ئوخشاش، ئۇنىڭ پۇتىغا سېلىنغان ئېغىر كىشەننى چېقىپ، بۇ يەردىن ئۆزىنى قۇتقۇزغۇدەك مادارى يوق، تۈردى رەزگىمۇ بۇنىڭدىن ئوتتۇز يىل ئىلگىرىكى مۇھەببىتىنى دەھشەتلىك ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇۋالغۇدەك قۇدرەتكە ئىگە بولالمىغان. لېكىن ئۇ ئوتتۇز نەچچە يىلدىن بېرى ئاشۇ مۇھەببەتنى يۈرىكىدە ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ. تۈردى بۇلار ئۈچۈن ئۆز ۋۇجۇدىدىن قانچىلىك بەدەل بەردى ـ ھە؟ ئۇ قېرىدى، جۇدىدى. شۇڭا ئۇنىڭغا كىشىلەر تەرىپىدىن رەزگى دېگەن لەقەم ئىنئام قىلىندى.

ھازىر كىشىلەرنىڭ تولىسى كۆز كېسىلىگە گىرىپتار بولۇۋاتىدۇ. كۆزلىرىگە گىرادۇسلۇق ئەينەك، ھەتتا دۇربۇن تۇتسىمۇ، ھەقىقىي گۈزەللىكنى كۆرۈش ئۇلارغا نېسىپ بولمايدۇ. تۈردىنىڭ ئەڭ گۈزەل نەقىشلەر ئويۇلغان قەلبىنى ئۇلار كۆرەلمەيدۇ. ئۇلار ئاشۇ گۈزەللىكنى جاھاننىڭ پاسكىنىچىلىقىدىن ساقلاپ، پاك پېتى تۇرغۇزۇۋاتقان ئاشۇ ۋۇجۇدىنىڭ سىرتىدىكى كۆرۈمسىزلىكلەرنى كۆرۈۋاتىدۇ. ئۇنىڭ قەلبى خۇددى نەچچە قات

چوڭقۇر دېڭىز تەكتىدىكى ئۇنچە ـ مەرۋايىتلاردەك يوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ. ئۇنى ئادەتتىكى دېڭىزدا يول يۈرگۈچى كۆرەلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنى پەقەت غەۋۋاسنىڭ ئۆتكۈر كۆزىلا كۆرەلەيدۇ.

تۇردى رەزگى كىشىلەر دائىم ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان «پۇل بولسىلا، ھەممە بولىدۇ» دەپ، ھەتتا جاھاندىكى ھەممە ئىپلاسلىق ۋە پەسكەشلىكلەرنى پەقەت پۇل ئۈچۈنلا قىلىدىغانلارنى كۆردى. ئالدىغا قارىۋىدى، پۇل ئۈچۈن بىراۋ ئاتىسىنى سىرتماققا ئېسىپ ئۆلتۈردى. ئارقىسىغا قارىۋىدى، پۇلنى دەپ بىراۋ ئاق سۈت بەرگەن مېھرىبان ئانىسىنىڭ كۆكسىگە پىچاق ئۇردى. يانغا قارىۋىدى، بىراۋ ئاشۇ پۇل ئۈچۈن ئۆز قېرىندىشىنى ئوت قويۇپ كۆيدۈردى...

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى چىرايلىق بېزەپ يۈرىدىغان «مەدەنىيەتلىك» كىشىلەرنىڭ «گۈزەل» قەلبى!

تۇردى رەزگى پۈتكۈل ھاياتىدا، ئاشۇ ئادەملەرنىڭ «پۇل بولسا، ھەممە بولىدۇ» دېگەنلىرىگە ئاساسەن، ھارماي ئىشلىدى. يېمەي ـ ئىچمەي، كىيمەي پۇل يىغدى. ساناقسىز پۇل توپلىدى. ئۆيىنىڭ ئۆزى ياتىدىغان يېرىگە كۆمۈلگەن ساپال كۈپىنىڭ ئىچىگە پۇل توپلىدى. كۈپ توشۇپ كەتتى. بىراق ھەممە نەرسە بولمىدى. يەنى ئۇ مۇشۇ پۇلنىڭ قۇدرىتى بىلەن بوپقالا دەپ تەمە قىلغان ئۇنىڭ كۈتكەن نەرسىسى بولمىدى. ئايىمنىسانىڭ ساپ قەلبى، ئۇنىڭ مۇھەببىتى بولمىدى.

تۇردى رەزگى چۈشەندىكى، پۇل پەقەت يەپ ـ ئىچىشنى دۇنيانىڭ پۈتكۈل لەززىتىنىڭ ئۈستىگە قويىدىغان ئاجىز مەخلۇقلار ئۈچۈنلا ھەممە نەرسىنى تېپىش قۇدرىتىگە ئىگە. ئۇنىڭ تاپىنى ئاستىدا تۇرغان بولاق ـ بولاق پۇل ئۇنىڭ ئۈچۈن، كۆزدە يەر يۈزىنى قاپلىغان غازاڭلاردەك قەدىرسىز، ئەمما ئۇ يەنىلا تۇردىنىڭ پۈتكۈل ھاياتىدىكى ھالال ئەمگىكىنىڭ مېۋىسى. ئوغرىلار قانچە قىلىپمۇ بۇ پۇللارنى تاپالمىدى، ئوغرىلىيالمىدى. بۇ پۇللار گويا

سېھىرلىك تىلسىمدەك ، ئۆز ھالاللىقىنى ساقلاپ ، ھارامغا ماڭمىدى . بۇ توغرىدا پەقەت ئازغىنا مىسال كەلتۈرسەك كۇپايە .

## 7

مۇشۇ كەنتتە قايسى بىر يىللىرى كەنتكە سېكرېتار بولغان بىر ئادەم بار . بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ قۇۋ ، ھىيلىگەرلىكىگە ۋە مۇناسىۋەتشۇناسلىقىغا تايىنىپ ، ئوتتۇرا قاتلام ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى نەپسىگە ئامراق ئادەملەرنىڭ ھىمايىسى بىلەن بىر مەزگىل تازا دەۋر سۈرگەن . ئۇ ئەينى چاغدا ، تۈردى رەزگىنىڭ كارامەت بايلىقىغا كۆزىنى قىزارتىپ ، بۇ ئادەمنىڭ پۇلىنى بىر ئامال قىلىپ قولغا چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنغانىدى . قانداق قىلىش كېرەك ؟ ئۇنى باشقىلارنىڭ قولى ئارقىلىق ئۇجۇقتۇرۇش كېرەكمۇ ؟ بۇ بىر خەتەرلىك ئىش . مەيلى نېمىلا بولسۇن ، بۇ قاتىللىقنى ئۆزى قاملاشتۇرالمىغاندىن كېيىن ، باشقىلارنىڭ قولى بىلەن قىلسا ، ھامان بىر كۈنى پاش بولۇپ توگىشىدىغان گەپ . ماھىر ، پىشقان ئوغرىلارنى ئىشقا سالسا ، پۇلنى تەڭ بۆلۈشسە قانداق بولار ؟ بۇ تەييار لوق گۆشكە باشقىلارنى تەڭ شېرىك قىلغانلىق بولىدۇ ـ دە .

ئىدرىس ئىسىملىك بۇ ئايدىڭباش سېكرېتارنىڭ بېشى قاتتى . لېكىن پىخسىقنىڭ پۇلىنى ئېلىش رايى بارغانچە ئۇنىڭ ئىچىنى ئۆرتەيدىغان ئوتقا ئايلاندى . كېچىلىرى ئۇيقۇسى كەلمەي ، كۆك تاماكىنى بولۇشىغا چېكىپ يۆتىلىپ كەتسە ، نەۋرە كۆرگەندىمۇ نەپسىدىن قالمىغان سېمىز ئايالى ئۇنىڭ دۈمبىسىنى شاپىلاقدايتتى . ئاندىن ئۆزىنىڭ كونا ئادىتى بويىچە بىقىنىنى چىمداپ قوياتتى . بۇگۈن ئىدرىس ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ، پۇشۇلداپ يېتىۋالدى . يۇرت ئىچىدە «بىرىنچى سېكرېتار ئىدرىس ، ئىككىنچى سېكرېتار ھاشىرخان» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ئايالنىڭ شۇ تاپتا جۇدۇنى تۇتۇپ

www.uygburkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

قالدى . چۈنكى مۇشۇ ئىككى ھەپتىدىن بۇيان، بۇ كونا قەدىناس ئۇنىڭغا نىسبەتەن سۇسلىشىپ قالغانىدى ،مانا ھازىرقىدەك قاملاشمىغان ئىش مۇشۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە قېتىم تەكرارلاندى . «قېرىغاندا ئىتنىڭ تېزىنى كۆردۈم» دەپ ، بۇ رودۇپاي نېمە ئىش قىلىپ يۈرىدۇ؟ ياكى مۇشۇ يەردە ياش بۇزۇقتىن بىرى بىلەن... ھاشىرخانىنىڭ ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ، سەپرايى تېخىمۇ ئۆرلەپ :

— ھوي يۈزى قېلىن تاپ ، مېنى بىلمەيدۇ دەمسەن ؟ قېرىغاندا سەت بولمىسۇن دەپ ، دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ يۈرسەم ، ئۆزۈڭنى بىلمەيسىنا ؟ دېگىنە زادى ، كىمنىڭ كەينىدە يۈرۈيسەن ؟ مەندىن چېنىۋاتامسەن يا ؟ ! — دەپ ۋارقىرىدى . ئىدرىس ئىشنىڭ چاتاق تەرەپكە ئېغىشىدىن ئەنسىرەپ ، دەررۇ ئارقىسىغا ئۆرۈلدى . چۈنكى ھاشىرخانىنىڭ بىر ئىشقا چىپپىلىۋالسا پات قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ھازازۇللۇقى ئۇنىڭغا چۈشىنىشلىك ئىدى . ئىدرىس قاملاشمىغان ھالدا بىرنى ھىجىيىپ ، ھاشىرخانغا تۇمشۇقىنى سوزۇۋىدى ، تەستەكتىن بىرنى يېدى :

— ئاپار نېرى ، ئاشقان ـ تاشقاننى يالايدىغان ئىتقا يالات ! مەن سېنىڭ قاسماقلىرىڭنى ئېيتىدىغان ئادەم ئەمەس .

تەستەك ئىدرىسقا خېلى تەگكەنىدى . ئۇ ئەمدى ھەرقانداق قىلىپمۇ ھاشىرخانىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا قادىر بولالمىدى . ھاشىرخان بولسا ، ئۇنىڭغا قىلچە ئارام بەرمەي ، ئاپتوماتىنىڭ ئوقىدەك ئاغزىنى قويىۋەتتى .

— ھەي... بوشراق گەپ قىل دەيمەن ، ماۋۇ يان ئۆيدە زىيىرنىسا بار ، سەت تۇرىدۇ .

— بولسا نېمە بوپتۇ ؟ ئۇ بىر نارەسىدىمىتتى ؟ بۇنداق گەپلەرگىچۇ ، سەن ـ بىزدىن پىششىق ، بىلىپ قوي ، سەن قېرىنىڭ ھازىرغىچە سېكرىتار بولۇپ تۇرۇشۇڭ قىزىڭنىڭ دۆلىتىدىن .

ئەمدى بىز ، بۇ ئىككىسىنىڭ كىشى ئاڭلاشقا بولمايدىغان

شەخسىي پارىڭىنى مۇشۇ يەردە قويۇپ تۇرۇپ، بۇلار ھازىر تىلغا ئالغان قىزى زىبىرنىسا بىلەن تونۇشايلى.

يان تەرەپتىكى ئۆيدە زىبىرنىسا يالغۇز ياتىدۇ. بۇ ئۆيدە ئۇنىڭدىن باشقا ئادەم بولمىغانلىقى، تومۇز كېچىسىنىڭ بۇرۇقتۇم كېچىسى بولغىنى ئۈچۈن، بۇ يىگىرمە تۆت ياشلىق چوكان يالىڭاچ يېتىپ تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئۇنىڭ بىلىقتەك تولغان تەن قۇرۇلۇشى، سۇرەتتەك كېلىشكەن ھۆسنى ئۇنى بەختسىز قىلغانىدى. زىبىرنىسا باشلانغۇچتىلا ئوقۇشنى بولدى قىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە، چىرايلىق بولغانغا يارىشا، ئەقلى چېچىنىڭ ئۈچتىن بىرىگە توغرا كەلمەيدىغان قىز بولۇپ قالغاچقا، ئۆزىگە كېلىۋاتقان بەختسىزلىكنى بەخت، جاھاننىڭ لەززىتى دەپ بىلەتتى.

زىبىرنىسا چىرايلىق ئىدى. ئۇنىڭغا ياخشى ئادەملەرنىڭمۇ، يامان ئادەملەرنىڭمۇ كۆزى چۈشۈشى ئەلۋەتتە تەبىئىي ئەھۋال. ئۆزىنىڭ ئەسكىلىكىنى دائىم بىر قاراشتىلا كۆرۈۋالغىلى بولىدىغان ئەسكىلەر ئاددىي ئەسكى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار گەرچە دائىم ئۇششاق ئەسكىلىكلەردىن خالىي بولمىسىمۇ، لېكىن چوڭ ئەسكىلىك ئۇلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. بىراق، ئادەتتە ياخشى ئاتىلىدىغان ئەسكىلەر كارامەت بولىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، مۇشۇ يۇرتتىكى ئۆزىمۇ ئوبدان، ئەمەلى كىچىك بولسىمۇ بايلىقى چوڭ بىر ئادەمنىڭ ئوغلىغا زىبىرنىسا ئون سەككىز يېشىدا ياتلىق قىلىنىدى. يىگىت ئوبدان يىگىت ئىدى. ئۇ زىبىرنىسانى كۆيۈپ - پىشىپ ناھايىتى تەستە نىكاھىغا ئالدى. بىراق يىگىتكە ئۇۋالچىلىق بولىدىغانلىقى كىمنىڭمۇ يادىغا كەلسۇن دەيسىز؟ ئۇ چىن قەلبىدىن سۆيۈپ، ئاران قولىغا چۈشۈرگەن بۇ ئېسىل قىزنىڭ تويى بولۇپ بىر ھەپتىدىن كېيىن، قورسىقىدا ئالتە ئايلىق بولغان ھامىلىدار ئايال ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. ۋاھ، بۇ يىگىت بولغۇچى ئۈچۈن قانچىلىك ئېغىر نومۇس - ھە؟! يىگىتنىڭ شۇ چاغدىكى كۆز قارىشى بويىچە، ئۇنى پەقەت

www.uyghurkitap.com

ئۆلتۈرۈۋەتكەندىلا ، خورلانغان ۋىجدانى ئاقىلىناتتى ، نامى ، ئىززەت - غۇرۇرى پاك بولاتتى . بىراق يىگىت ئۇنداق قىلىشقا ئۇلگۇرەلمىدى . يىگىتنىڭ ئاتا - ئانىسى چاقىقان كېلىپ ، ئوغلى ئالدىدا گويا كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزگەن گۇناھكاردەك تىزلىنىشىپ يېلىندى . كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكتى . ئوغۇل ئۈچۈن ، ئۆز ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆزى ئالدىدا تىزلىنىشى دۇنيادا نېمىدېگەن بىچارىلىك ، نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق ؟ ! يىگىت لىۋىنى قاتتىق چىشلىدى . جاۋغىيى ئارىسىدىن قانلار جىرغىپ چىقتى . قولىدىكى يالتىراپ تۇرغان خەنجەر يەرگە چۈشتى . ئۇنىڭ قولىدىكى ئولجىنى قاچۇرۇپ قويغان بۆركۈتنىڭ كۆزىدەك قەھرىگە تولغان كۆزى ئۆزىگە بويۇن قىسىپ تەلمۈرۈپ تۇرغان ئاتا - ئانىسى ئالدىدا گاڭگىرىدى . شىركەبى كۈچ بىلەن ئۇيۇشقان ۋۇجۇدى ياپراقتەك تىترىدى . بىچارە ئاتا - ئانا لىۋىنى مەھكەم چىشلەپ تۇرۇپ ، بۇ سىرنى ئىنس - جىنغا بىلدۈرمەستىن ، پەقەت خەلق ئارىسىدا ئادەت بولغان «كېلىشەلمىدى» دېگەن ئات بىلەن ، زىبىرنىسانى يولغا سېلىپ قويدى . شۇنداق قىلىپ ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جان - جىگىرىنى ، بەدىنىگە يۇققان مەرەزنى يۇيىمەن دەپ ھالاك بولۇشتىن ساقلاپ قالدى . مەھەللىدىكى سۆز - چۆچەكلەر بۇ ئىش ئۈستىدىن : «بۇ قىز تازىمۇ ئەركە - نايناق ئىدى ، بۇنداق خوتۇن بىلەن غۇرۇرلۇق ئەر ئۆمۈر بويى چىقىشالمايدۇ» دېگەن خۇلاسىنى چىقاردى . زىبىرنىسا ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ، تەجرىبىلىك ئانىسىنىڭ داۋالىشى بىلەن ، ئىنس - جىنغا تۇيدۇرمايلا ، قورسىقىدىكى بىگۇناھ مېھماننى ئۆز ماكانىغا يولغا سالدى . ئۆزى بولسا ساپساپچى خوتۇنلار تەرىپىدىن «چالا - بۇلا ئەرگە تەگكەن قىز» دېگەن ئالتۇن چەمبىرەك ئىچىدە ياشىدى . يىگىت ئىچىگە توشۇپ كەتكەن دەرد - پىغانىنى بوشىتىش ئۈچۈن ، يىراق سەپەرگە ئاتلاندى . بۇ ئىشلار مانا شۇنداق .

ئەمدى بىز ھېلىقى زىبىرنىسانىڭ قورسىقىدىكى غايىب مېھمان

توغرىسىدا ئاجايىپ ھېكايىنى ئاڭلايمىز . ئەسلىي بۇ سىر ئېچىلمىسا بولاتتى . بۇ سىر ئاشكارا بولغاندا ، يىگىتكە تېخىمۇ ئۇۋال قىلىناتتى . لېكىن ئىسكەندەرنىڭ بېشىنى چۇشۇرۇپ ھايات قالغان ھېلىقى ساتىراشنىڭ قورسىقى ئېشىلىپ كەتكەندەك[1] ، بىزنىڭ بۇ يىگىتنىڭمۇ قورسىقى ئېشىلىپ زادىلا تۇرالمىدى . ئاخىر ئىچىنى تاتىلاپ قىلچە ئارام ئالدۇرمىغان بۇ يوشۇرۇن سىرنى بىر يەردە ئولتۇرۇپ دەۋەتتى . شۇنىڭ بىلەن سۆز - چۆچەك شامىلى بۇ مەخپىي سىرنى ھەممە يەردە ئۇچۇرۇپ يۈردى . ئەمما بۇ يۇرتتا بولسا ، سېكرېتارنىڭ تۆمۈر قاپلىق يەرلىك سىياسىتىنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ ، كىشىلەر كۆڭلىدە بىلىپ ، ئېغىزدىن چىقىرالمىدى . يىگىت ئۆز خوتۇنىنىڭ قورسىقىدىكى بالىنىڭ دادىسىنى زىبىرنىسانىڭ ئادەمنى سېھىرلەندۈرىدىغان كۆزىگە خەنجەرنى يېقىن تەڭلەپ تۇرۇپ سوراپ بىلگەنىدى .

ئىش ئەسلىدە مۇنداق بولغان : زىبىرنىسا خۇددى تولۇپ ئېچىلغان بىر تال قىزىل گۈلگە ئوخشاش ئۆسۈپ ھۆسنىگە تولدى . ئەلۋەتتە بۇ قومۇش باسقان سەھرادا بۇنداق قىزىلگۈل ئاز ئۇچرايدۇ . يېقىندىن بېرى ، يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكى سالى مۇدىر بىلەن ئىدرىس سېكرېتار يېقىنلىشىپ ، دوست بولۇشۇپ قالدى . يېزا بويىچە ئېچىلغان چوڭ يىغىنلاردا ، سالى مۇدىر ئىدرىس سېكرېتارنى ماختاپ ، ئۇنىڭ خىزمەتتىكى نەتىجىسىنى باشقا سېكرېتارلار ئالدىدا ئالاھىدە مەدھىيىلىدى . ھەتتا سېكرېتارلارنى ئىدرىس سېكرېتاردىن ئۆگىنىشكە چاقىردى . باشقا سېكرېتارلار سالى مۇدىرغا قاراپ ، ھەيرانلىقىنى زادىلا يوشۇرالمىغان ھالدا ، ئاغزىنى كامارەدەك ئېچىشىپ قالدى . چۈنكى ، سالى مۇدىر ئىلگىرىكى چوڭ - كىچىك يىغىنلاردا دائىم ئۇنى تەنقىدلەيتتى ھەم ئادەتتىكى چاغلاردا دائىم «بۇ ئىدرىس دېگەن قېرى ، مىسباش تاز

---

[1] «مۈڭگۈزلۈك ئىسكەندەر» ناملىق خەلق چۆچىكىدىكى ۋەقە كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

قايسى ئاي ، قايسى كۈنلۈكتە سېكرېتار بولۇپ قايتىكى ، پەقەت
ئىش كەسمەيدۇ . ئۇنىڭ كەنتكە بارسام ، گويا گۆرىستانغا
بارغاندەك بولىمەن . ئادەملىرىنىڭ روھى ناھايىتى تۆۋەن ، نەگە
قارىسا ، ئەسكى پۈچۈق تام ، دېھقانلارنى بېيىشقا باشلىيالمايدۇ .
تۆردى رەزگى دەپ بىرلا بېيى بار . بايلارنى تونۇشتۇر دېسە ، شۇ
رەزگىنى تونۇشتۇرىدۇ . ئۇ مەلئۇن رەزگى ساراڭنى باي دەپ ، بىر
يەردىن كەلگەن ئادەمگە كۆرسەتكىلى بولامدۇ ؟ » دەپ قاينايتتى .
ئىدرىس سېكرېتار دائىم ئىچىدە : «بۇ سويمەكنىڭ ئەجەب مەن
بىلەن خۇشى چىقمىدى . ماڭا بۇ كىسپۇرۇچتىن بىرەر بالا
كەلمىگىيدى ؟ » دەپ ئەنسىرەيتتى . لېكىن يېقىنقى كۈنلەردىن
بۇيان ئىش باشقىچە بولدى . بىر كۈنى خىزمەت تەكشۈرۈپ كەلگەن
مۇدىر كەچ قېلىپ ، ئاچ قورساق ، ئىلاجسىز ئىدرىس سېكرېتارنىڭ
ئۆيىگە كىرىپ قالدى . كىرديۇ ، نېمىشقا بۇ ئۆيگە بۇرۇن كىرىپ
قالمىغىنىغا پۇشايمان قىلدى . چۈنكى چىرايلىق دېھقان جۇۋان ـ
قىزلىرىغا ئۆگىنىپ كەتكەن بۇ كونا يېزا ئەمەلدارى ئىش
كەسمەس ، خۇشى يوق سېكرېتارنىڭ بۇنچىلىك كېلىشكەن قىزىنىڭ
بارلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى . بىر تال قىزىلگۈلنى كۆرگەن بۇ
ئالىچىپار كېپىنەكنىڭ بۇ گۈلنىڭ تېخى ئەمدىلا تولۇپ ئېچىلغان
بەرگىسىنى تاللىۋېلىشقا نەپسى تاقىلداپ كەتتى . شۇنىڭدىن
ئېتىبارەن ، سالى مۇدىر ئىدرىس سېكرېتار بىلەن سىرداش
دوستلاردىن بولۇشۇپ كەتتى . سالى مۇدىر پات ـ پات ئەل ئايىغى
بېسىققاندا ، ئۆزىنىڭ سادىق ھارۋىكىشىگە ئۈچقۇر بوز ئايغىرنى
ھارۋىغا قاتتۇرۇپ ، بىر نەچچە بوتۇلكىنى ئېلىپ كېلىپ ، ئىدرىس
سېكرېتار بىلەن كېچىنى تاڭغا ئۇلاپ ئىچىشىدىغان بولدى .
كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ، بۇ ئىشلار داۋاملىشىپ ، ھاشىرخان
دېگەن بۇ سەزگۈر خوتۇن سالى مۇدىرنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالدى
ھەم ناھايىتى خۇشال بولدى . چۈنكى ئۇمۇ شۇ ۋاستىسىگە
تايىنىپلا ، ئېرىنىڭ خىزمەتتىكى ئىقتىدارسىزلىقى ، خىزمەتنىڭ

هۆددىسىدىن چىقالمىغانلىقى سەۋەبلىك ، يېقىندىن بېرى خەلق ئارىسىدا «ئىدرىس سېكرېتار يېقىندا سېكرېتارلىقتىن قالىدىكەن» دېگەن ئۆزلىرىنىڭ بەخت قۇشىنى ئۇچۇرۇۋېتىدىغان ، ئېسىل مەنسەپتىن ئايرىلىپ قالىدىغان گەپلەردىن قۇتۇلاتتى . مۇدىر ئۇلارغا يار ـ يۆلەك بولسىلا ، ئېرى هوقۇقتىن هەرگىز قالمايتتى . شۇڭا بىر كۈنى كېچىسى ، ئېرى مەستلىك ئۇيقۇسىنى باشلىغان ، سالى مۇدىر شىركەيپ بولغان پۇرسەتتە ، ئۆزى پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرگەن بىر تال قىزىلگۈلنى ئۇنىڭغا ئۈزۈپ تاشلاپ بەردى . ئېچىرقاپ كەتكەن تۈلكە ، ئوۋچى قۇرغان تۇزاق ئۈستىگە قويۇپ قويغان چۆجىنى يالماپ كەتتى . لېكىن ئوشۇقىدىنلا تۇزاق قىسىۋالدى . شىركەيپ بولغان سالى قىزنىڭ نالە ـ پەريادىدىن شۆركۈنۈپ ئېسىگە كەلگەندە ، هاشىرخان بوغۇم ـ بوغۇم تۇم بىلەكلىرىنى تاغاردەك بېلىگە تىرەپ ، ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن چەكچىيىپ تۇراتتى .

## 8

... ئىدرىس سېكرېتار يوتقاندا يېتىپ ، ئاخىر ئۆز مەقسىتىنى هاشىرخانغا بىلدۈرەلىدى . هاشىرخان ئاخىر ئېرىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلدى . ئۆتكەن چاغلاردا ، ئېرى سېكرېتار ۋاقتىدا ، هوقۇقىنىڭ قۇدرىتىدىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى هەشەمەتلىك ، كۆڭۈللۈك ئىدى . مانا ئەمدىلىكتە هېلىقى سالى دېگەن بېشىنى يەيدىغان يەر يۇتقۇر ئېغىر خىيانەتتى چىقىپ ، هوقۇقىدىن قالدىلا ئەمەس ، تۈرمىگە كىرىپ جاجىسىنى يېدى . ئۇزۇنغا قالماي ، ئىدرىس سېكرېتارلىقتىن قالدۇرۇلدى . ئېرىنىڭ قايتا مەنسەپكە ئولتۇرۇشىغا كۆزى يەتمىگەن هاشىرخان ئەمدى پۇل بولمىسا جان باقماقنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنى هەمدە خەلقئالەم ئالدىدا «هوقۇقى بار ۋاقتىدا ، ئېسىل كىيىپ ، تويۇپ ـ كېكىرىپ يۈرەتتى ،

ھوقۇقتىن ئايرىلىپلا ، كۆك پىت باستى» دېگەن سۆز - چۆچەككە قالماسلىق ئۈچۈن ، يەنىلا كۆپ پۇل بولۇش كېرەكلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى . قانداق پۇل تېپىش كېرەك ؟ ئون بەش يىلدىن بېرى خەقنى ئىشلىتىپ ئۆگەنگەن بۇ قېرى سېكرېتار ئىشلەپ پۇل تېپىشنى بىلەمدۇ ؟

باشقىلار كۈندىن - كۈنگە بېيىپ كېتىۋاتىدۇ . يەنىلا تۇردى رەزگىنىنىڭ يىمەي يىغقان پۇلىنى قولغا چۈشۈرۈش پىلانى پۇل تېپىشنىڭ ئاسان يولى . بىراق ئۇ مەلئۇن رەزگىدىن پۇلنى قانداق ئالغىلى بولار ؟ ھاشىرخان ئۇزاق ئويلاپ ، ھېچبىر چارە تاپالماي ، بىر ئۇھ تارتتى - دە ، سولىشىپ - سوۋۇپ ، ھېچبىر رايىنى تارتالمىغان ئېرىدىن ئۆزىنى نېرى قىلىپ ئۆرۈلۈپ ياتتى . لېكىن ئۇنىڭ خىيالى تۇردى رەزگىنىنىڭ بولاق - بولاق پۇلى ئۈستىدە ئەگىمەكتە . بىردىنلا ئۇنىڭ خىيالىدىن بىر ئىش ئۆتتى .

ئۇ پالاكەت ئۈستىخىنىنى تەستە مىدىرلىتىپ ئېرى تەرەپكە ئۆرۈلدى ، كارىۋات بۇ ئېغىر يۈكنىڭ مىدىرلىشى بىلەن غىچىرلاپ كەتتى . ئۇ سېكرېتارغا يېقىن سۈرۈلۈپ ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى . بىر ھازادىن كېيىن سېكرېتار خۇشاللىقىنى باسالماي ۋارقىرىۋەتتى .

— ھەببەللى ، خوتۇن…

سېكرېتار ئاغزىنى خوتۇنىنىڭ قۇلىقىغا يېقىپ پىچىرلىدى .

— بۇ مەخپىي بولۇشى كېرەك . بۇ ئىشنى خەق بىلىپ قالسا ، تۇردى رەزگىنىنىڭ پۇلىنى دەپ ئاشۇنداق قىپتۇ دەپ سۆز - چۆچەك قىلىدۇ . بۇ بىز ئۈچۈن بەك نومۇسلۇق ئىش بولىدۇ .

— خاتىرجەم بولسىلا ، مەنچۇ ، قىلغان ئىشىمنىڭ بۇسىنى چىقىرىدىغان گالۋاڭلاردىن ئەمەس !

— يارايسەن خوتۇن ، ئىشىمىز دېگىنىمىزدەك بولىدىغان بولسا ، ئۆمۈر بويى جاھاننىڭ موھتاجلىقىدا قالمايمىز . سېنىڭ مۇشۇنداق يەرلىرىڭنى كۆرسەممىزە…

سېكرېتار خۇشاللىقىنى باسالمىغان هالدا، هاشىرخانغا مېهرىبانلىق كۆرسەتتى...

## 9

زېمىن يەنىلا بۇرۇنقى ئادىتى بويىچە كۈندۈزى ئىنسانلارنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن يورۇسا، كېچىسى يەنە شۇ ئىنسانلارنىڭ ھەسرىتى ئۈچۈن ماتەم تۇتقاندەك، قارا لىباس كىيىپ، سۈكۈتكە چۆمدى. زېمىن زۇلمەت پەردىسىگە ئوراپ ئېلىپ كەلگەن غەپلەت ئۇيقۇسىنى كىشىلەرنىڭ ئاجىز كۆزلىرىگە پۈركۈۋەتتى. ھاياتلىق ئۇيقۇسىنى باشلىدى. پەقەت شاۋقۇنلۇق دولان دەرياسى ھاياتلىقنىڭ ئەڭ جاپاكەش شىپاسى بولۇپ، ھاياتلىقنىڭ تەشنالىقى ئۈچۈن ئالدىراپ ئاقىدۇ. ئۇنىڭ بويىدا، يەنىلا بىزنىڭ تۇردى رەزگى يۈكۈنۈپ ئولتۇرىدۇ. دەريا ئۆزىنىڭ بۇ كونا ئۇلپىتىگە قاراپ قاقاقلاپ كۈلىدۇ، ھۆركىرەپ يىغلايدۇ. يەنە غەزەپ بىلەن نەرە تارتىدۇ. ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىدىغانلىقى ئىنسانلارغا نامەلۇم.

تۇردى رەزگىنىڭ كىردىن سارغايغان شاپاق دوپپىسى ئاستىدىن پاخپىيىپ چىگىلىشىپ قولاق گەدىنىنى باسقان چاچلىرىغا، يۈزلىرىگە دەريا بويىدا ياشىغۇچى كۇمۇتا ـ پاشىلار قونۇپ، ئۇنىڭ قېنىنى شورىماقتا. تۇردى رەزگى ھاياتتىكى بۇنداق تەييارتاپ قان شورىغۇچىلارغا تەبىئىي كۆنۈپ قالغاندەك ئىدى. ئۇنى ئۆلتۈرۈپمۇ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، قورۇپمۇ قاچۇرغىلى بولمايدۇ. تەقدىر شۇنداق. ئادەملەر جان ـ جەھلى بىلەن، ھارماي ـ تالماي ئىشلەپ، قان يىغىدۇ. پاشىلار بولسا غىڭشىپ ئۈچۈپ كېلىپ شورايدۇ، بۇنى قانداقمۇ تۈگەتكىلى بولسۇن؟ لېكىن ئۇ پاشىغا ئىس سالسا قاچىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئەمما شۇنى قىلىشقا ھۇرۇنلۇق قىلىدۇ. تۇترۇقا سەرەڭگە يېقىپ قولىنىڭ

كۆيۈپ قېلىشىدىن قورقىدۇ. بۇمۇ تۇرۇپ تۇرسۇن، ئۇ مۇنداق ئادەتكە كۆنۈپ كەتكەن بىر لەقۋا. تۇردى رەزگى پۈتۈن ئەس-يادى بىلەن، يۇلتۇزلارنىڭ دەريا ئىچىدىكى ئەكسىگە قارايدۇ. ئۇنىڭ چاپاق باسقان كۆزلىرى دەرياغا كۆچكەن يۇلتۇزلار ئارىسىدىن ئۆزىنىڭ چولپان يۇلتۇزىنى — ئايىمنىسانى، ئۇنىڭ يۇلتۇز بولۇپ چاقنايدىغان بىر جۈپ كۆزىنى ئىزدەيدۇ. ئەنە ئۇ غۇۋا كۆرۈنۈشكە باشلىدى. گوياكى قويۇق تۇمان ئىچىدىن كۈلۈمسىرەپ چىقىشقا باشلىدى. ۋاھ··· ئۇ ئەجەب ياش تۇرۇپتۇ-ھە؟ بەلكى بارغانچە ھۆسنىگە تولۇپ، تۇردىنى بارغانچە ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدىغان دەرىجىدە گۈزەللىشىپ كېتىپتۇ. تۇردى بولسا قېرىپ كەتتى. بوۋاي بولۇپ قالدى. ئەمدى ئۇ ياش قىز بۇ بوۋايغا قانداقمۇ توغرا كېلەر؟ ياق، ياق. توغرا كېلىدۇ، مۇھەببەت ئۇلۇغ، مۇھەببەت مۇقەددەس. ئوتتۇز يىلدىن بېرى مۇھەببىتىنى شۇ مەھبۇبە ئۈچۈن بېغىشلىدى. بۇ مۇھەببەتنى پەقەت ھېچكىم تارتىۋالالمىدى ھەم تارتىۋالالمايدۇ! تۇردى رەزگى كۆزىنى يۇمدى. قىزمۇ دەريا يۈزىدە كۆزدىن غايىب بولۇپ، يۇلتۇزلارغا ئايلىنىپ كەتتى. تۇردى رەزگى ئادىتى بويىچە، يىراق ئۆتمۈشتىكى مۇھەببىتىنىڭ مەنىۋى كۆلەڭگىسىنى زىيارەت قىلغىلى كەتتى.

··· ياش تۇردى يوغان بازغاننى سەندەل ئۈستىدىكى چوغقا ئايلانغان تۆمۈر ئۈستىگە كۈچەپ ئۇراتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى ۋۇجۇدىغا ئاشۇ چوغنىڭ ھارارىتىنى بېرىپ، ئۇزلۇكسىز قىزدۇرماقتا. ئۇنىڭ يۈرىكى چوغ، بۇ چوغ بىر ئوچاقتا، بىر ئايىمنىسانىڭ قەلبىدىكى ئاتەشداندا بارغانچە ياشىرىپ، ھارارىتى بارغانچە ئاشماقتا.

ئاشۇ ئىشتىن كېيىن، ئايىمنىسا تۇردىغا ئۇدۇل قارىيالمايدىغان بولدى. تۇردى بەكمۇ ئازابلاندى. ئۇ ئايىمنىساغا بەكرەك دىققەت بىلەن نەزەر سېلىشقا تىرىشتى. ئۇنىڭ باتناپ خاپا بولۇپ يۈرگىنىنى بايقىدى. بۇنى بىلگىنىدە، تۇردىنىڭ گېلىدىن غىزا

ئۆتمىدى . چىرايى كۈندىن ـ كۈنگە سارغىيىپ ، ئىشتىن قالدى ھەم كېيىنچە ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى . ئۇ جۆيلۈيتتى ، دۈگجىنەتتى ، ھەرقانداق دورىنىڭ ئۇنىڭغا كار قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ، ئۇ دائىم بەزگەكتەك تىترەپ ، چىشلىرى كارسىلداپ كېتەتتى . تۇرۇپ ـ تۇرۇپ قاتتىق چۆچۈپ ۋارقىرىۋېتەتتى . ئۇ ئورۇقلاپ بىر تېرە ـ بىر ئۇستىخان بولۇپ قالدى . خۇددى رىۋايەتلەردىكى شىشە ئىچىگە بەند قىلىۋېتىلگەن دىۋە كۈچۈكىنىڭ ئۆزى بولۇپ قالدى . شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، قېرى تۆمۈرچى ئۆزىنىڭ بۇ ئەڭ ئامراق شاگىرتىنى يوقلاش ، ھاياتى بىلەن خوشلىشىش بوسۇغىسىغا كېلىپ قالغان شاگىرتىدىن رازىلىق ئېلىش ئۈچۈن ، ئايالى ۋە سۆيۈملۈك قىزى ئايىمىنىسانى ئېلىپ تۇردىنىڭ ئۆيىگە كەلدى . كېسەل چېقىپ ، ئەزرائىل بېشىدا يەلپۈگۈچ تۇتۇپ تۇرغان بىچارە تۇردى سۇ سېپىۋەتكەن تىندۇرما ئازگالدەك ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن جانسىز كۆزلىرىنى ئاران ئېچىپ ، ئۆزىنىڭ قەدىرلىك ئۇستازىغا تىكىلدى . ئۇ شۇنچىلىك زورۇقۇپ ، بىر نەرسە دېمەكچى بولغان بولسىمۇ ، قورۇلۇپ گەز باغلىغان لەۋلىرىنى ئاچقۇدەك ماغدۇرى قالمىغانىدى . ئۇ جانسىز كۆزلىرى بىلەن باشقا ياققا قاراشتۇرۇشقا باشلىدى . ئۇ شۇ تاپتا ، ئۆزىنىڭ كۆز نۇرىنى — ھايات چىرىغىنى ئىزدەيتتى . ئاخىر ئۇنىڭ كۆزى ئىزدىگەن نەرسىگە ئېرىشتى . ئايىغىدا كۆزلىرىدىن مۇنچاقتەك ياش تۆكۈپ تۇرغان ئايىمىنىسانى كۆردى . ئۇنىڭ يىغلاشلىرىمۇ شۇنچىلىك جىلۋىلىك ، ئوماق ئىدىكى ، يامغۇرلۇق كېچىدىكى بۇلۇت ئارىسىدىن ئاستا ـ ئاستا ئەگىپ ئۇزۇۋاتقان ھىلال ئاينىڭ سېيماسى جىلۋە قىلىپ تۇراتتى ، تۇردىنىڭ خۇنى كەتكەن كۆزلىرى خۇددى يىپقا تارتىپ قويغاندەك تىكىلدى . ئۇنىڭ قۇرۇق قاقشال يۈزىگە بىچارىلەرچە كۈلكە ياماشتى ، بۇ تەبەسسۇمغا ئايلاندى . ئاخىر ، ئون بەش كۈندىن بېرى ئېچىلمىغان ئېغىزى ئېچىلىپ ، چىشلىرى كۆرۈندى . دېمەك ئۇ كۈلدى ، ئۆيدىكى ھەممە كۈلدى ،

www.uyghurkitap.com

يـامـغۇردەك تۆكـۈلـۈپ يـغلاۋاتقان ئايمنمسامۇ كۆزلـرىدىن ياش قۇيۇلغان هالدا ، ئادىتى بويىچە هەممىدىن ئاۋۋال كـۈلدى . سىم - سـىـم يامغۇر توختاپ ، بۇلۇتلار ئارىسىدىن هىلال ئاي چىقتى . يامغۇردا يۇيۇلغان يېشىل كائىنات هىلال ئاي نۇرىدا تويى بولغان تارتىنچاق قىزدەك نازلىق ئىدى . تۇردىنىڭ سارغايغان چىرايىدا بەخت ئۇچقۇنى پەيدا بولدى . قىز قولىدىكى ئۆزىنىڭ ئۆگىدەك ئاق سۇتلۇك ئالمىنى تۇردىنىڭ بۇرنىغا پۇراتتى .

— هەي ئەخمەق قىز ، ئاغزىنى ئېچىشقا دەرمانى يەتمىگەن ئـادەم ئـالـمىنى قانداق يېيەلەيدۇ ؟ — دېدى ئاتىسى . قىز ئۆز قىلىقىدىن خىجىل بولۇپ ، دەرهال قولىنى تارتىۋالدى . ئۇنىڭ يـۈزى ئـۆزىمۇ سەزمىگەن هالدا تۇنجى قېتىم كۈز ئالمىسىدەك قىزاردى . لېكىن شۇئان تۇردىنىڭ چىرايىدىكى كۈلكە ئۆچۈپ ، قىزنىڭ قولىدىكى ئالمىغا تەلمۈردى .

— هە ، ئەكەل ، پۇرات قىزىم ، كۆڭلى ئالمىنى تارتىپ قالغان ئوخشايدۇ ، چاققان ئەكەل .

ئاتا مۇراجىئەت قىلدى . ئەمما قىز ئالمىنى تۇتقانچە ئىزىدىن مـىدىرلاپ قويمىدى . قولىنىمۇ سۇنۇپ قويمىدى . ئاتا زەردىسى قاينىغان هالدا ئالمىنى قىزىنىڭ قولىدىن ئېلىپ تۇردىغا پۇراتتى . قىز بولسا تېخىمۇ خىجىل بولۇپ ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئۈنچىقماي ئولتۇردى . تۇردىنىڭ جانسىز كۆزلىرى ئۇنىڭدىن ئوزۇق ئالماقتا ، بـارغـانـچە جانلانماقتا ئىدى . قىزنىڭ هەربىر تىنىقلىرىغىچە ئۇ ئاڭلايتتى . يۈرەك رىتىمى ئۇنىڭ تىنىقىغا تەڭكەش ئىدى .

## 10

كـۈنـلـەر ئـۆتـۈپ ، تـۇردى ئـۆلـۈم گىرداۋىدىن قۇتۇلۇپ ، ئەرۋاھلىق قىياپىتىدىن يەنە ئادەم قىياپىتىگە كىردى . ئۇ ساقىيىپ تـېـخـى تولۇق ماغدۇرىغا كەلمەي تۇرۇپ ، ئۇستىسىنىڭ يېنىغا قـايـتـىـپ كـېلىپ ، بازغانىنى قايتىدىن قولىغا ئالدى . ئىلاهي

كۈچىنىڭ قۇدرىتى ماغدۇرى تېخى تولۇق ئەسلىگە كەلمىگەن بۇ يىگىتنى قولىغا بازغان ئېلىشقا مەجبۇرلىدى . ئۇ كۆڭلىدە قولىغا ئېغىر بازغان ئەمەس ، مۇھەببەت شارابى تولدۇرۇلغان ئالتۇن جامنى ئالدى . ئالتۇن جامدىكى شارابقا قاراپلا مەستخۇش بولدى . ئۇ گۈپۈلدىتىپ بازغان سوقۇۋاتقان بىلەن ، كۆڭلى باشقا تەرەپلەردە ئىدى .

ئۇ ، ئۇستىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلگەندە ، بىرىنچى بولۇپ ئايىمنىسا :

— ۋاي ، تۇردىكام كەلدى ! — دەپ خۇشال بولۇپ توۋلىۋەتتى . لېكىن تۇردى خىجىل بولۇپ يەرگە قارىدى . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ، ئايىمنىسا تۇردىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرىدىغان بولدى . تاسادىپىي ئۇچراپ قالسىمۇ ، ھودۇقۇپ تەمترەپ ، يول ماڭسا مۆدۈرۈپ ـ چوقۇرۇپ ، ئۆزىنى دالدىغا ئالاتتى .

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ، قىز تاماقتىن قالدى . ئۇنىڭ نېمە كېسەللىكىنى تۇردى ئۆزى ، ئاندىن قالسا ئاللا بىلىدۇ . چىرايى سارغىيىپ كەتتى . دۇنيالىقتا پەقەت بىرلا قىزى بولغان بۇ بىچارىلەر قورققىنىدىن خۇدىنى يوقىتىپ ، گاڭگىرىشىپ قېلىشتى . قىز تۇردىنىڭ قارىسىنى كۆرسە ، ھودۇققىنىدىن خۇدىنى يوقىتىپ ، نەپەسلىرى سىقىلىپ ، كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ يېتىۋالىدۇ . خالسىز ئاق پېشانىسىدە دانە ـ دانە ئۈنچە ـ مەرۋايىتتەك تەر تامچىلىرى پەيدا بولىدۇ . شۇنىڭ بىلەن يەنە ئۇزۇن قايرىلما كىرپىكلىرى ئارىسىدىن ياش سىرغىپ چىقىپ ، ئېلىپتەك بۇرنىنىڭ تۈۋىدىكى زىناقلىرىنى ئېرىقچە قىلىپ ئاقىدۇ . مانا بۇ ياش قىزنىڭ يۈرىكىدە كۆز ئاچقان مۇھەببەت بۇلىقىنىڭ شېرىن سۈيى . قىزنىڭ كۆز يۇمۇشلىرى نېمىدېگەن ئوماق . مانا ئۇ قىشنىڭ كرىستالدەك سۈزۈك ئاسمىنىدا قوتانلىغان ئاينىڭ ئۆزى . ئۇنىڭ بوينىدىكى تىزىق مەرۋايىت ئاينىڭ ئوراپ تۇرغان نۇر دەستىسىنىڭ ئۆزى .

قىرى تۆمۈرچى ئايمىنىسانى ئاق دۆڭدىكى بىر مەشھۇر تىۋىپقا ئىلىپ بارماقچى بولدى . ھاۋا ئوچۇق بىر جۈمە كۈنى ئۇلار سەپەر تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ ، دەريادىن ئۆتۈشكە ھازىرلاندى . ئاتا ـ ئانا ، بىچارە قىز دەريادىن ئۆتۈپ ئاق دۆڭگە بارماقچى ، تۇردى ئۆيگە قاراپ قالماقچى .

تۇردى بىر كۈنى سۈبھى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ، دەريا ساھىلىدىكى چاتقاللار ئارىسىدىن ياۋا گۈللەرنى ئۆتكۈر تىكەنلەر ئارىسىدىن بىردىنبىر ئۈزۈپ تەردى . ھارماي تەردى ، قوللىرىنى ئۆتكۈر تىكەنلەر سىجاپ قان چىقىرىۋەتتى . چاتقاللار ئارىسىدا ئۇۋا سالغان جاڭگال قۇشلىرى ، قىرغاۋۇللار چۆچۈپ ، ئەنسىز سايرىشىپ ، ئۇۋىسىنى تاشلاپ قاچتى . تۇردى ئاخىر بىر دەستە گۈل تىزدى . ئۇنىڭ قان تەپچىرەپ ئىچىشىپ تۇرغان قوللىرى ئاغرىق ئازابىدىن ئەمەس ، بەلكى بىر دەستە گۈلنىڭ خۇشاللىقىدا ئىدى . ئۇ بۇ گۈللەرنى ئايمىنىسانىڭ قولىغا تۇتقۇزۇش ئالدىدىكى ئاجايىپ مەنزىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندە ، ئەڭ شىرىن ھىسلارغا تولدى . گۈللەر··· ياۋا گۈللەر··· ھەرخىل گۈللەر··· ئىسمى نامەلۇم بولغان رەڭگارەڭ گۈللەر ، ھەربىرى ئۆزىگە خاس پۇراققا ئىگە .

ئۇلار قۇياش شەرق ئاسمىنىنى قىزغۇچ شەپەقلەر بىلەن بېزىگەن چاغدا ، دەريا كېچىكىدە قارشى قىرغاقتىن كېلىدىغان كېمىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشاتتى . ئات ھارۋىسىغا سېلىنغان چۈشەكتە ھالسىزلانغان قىز ياتىدۇ . ئۇنىڭ قولىدا ھەرخىل گۈللەردىن تىزىلغان بىر دەستە گۈل تۇرىدۇ . قىز گۈلگە قاراپ ، پۇراپ تويمايدۇ ، ئۇ پۇرىغانسېرى گۈلدىن تارىغان ئاجايىپ پۇراقنى ، يەنى قەلبىدە سۆيگەن كىشىنىڭ پۇرىقىنى سەزمەكتە . ئۇنىڭ نۇرسىزلانغان كۆزلىرى گۈل بەرگىلىرى ئارىسىدا ئاندا ـ ساندا كۆزگە چېلىقىدىغان قان يۇقىغا چۈشكەندە ، يۈرىكى جىغىدە قىلىپ قالدى . چۈنكى ئۇ بۇ گۈللەرنىڭ قانداق يەردە ئۆسىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ . ئۇ شۇئان ئۆز كېسىلىگە خاس بولمىغان چاققانلىق

بىلەن بېشىنى يانغا بۇرىدى . ياغاچ هارۋىنىڭ ئېگىز چاقىنىڭ شادىلىرى ئارىسىدىن ئۇنىڭ كۆزى شۇئان تۇردىنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى . گويا تاش بىلەن تاش بىر ـ بىرىگە سوقۇلغاندا چاقنىغان ئوتتەك ، ئىككى جۈپ كۆزدىن ئۇچقۇن چاچرىغاندەك بولدى .

## 11

كېمىنىڭ ئۇ قىرغاقتىن بۇ قىرغاققا كېلىشى ئۇچۇن تېز بولغاندا چارەك كۈن ، بولمىسا يېرىم كۈن كېتىدۇ . شۇڭا ئايىمنىسانىڭ ئانىسى كىچىك مىس داڭقاننى چالمىدا ياسالغان ئوچاققا ئېسىپ ، ئۆيىدىن ئېلىۋالغان قەلەمچە قىلىپ تەييارلانغان سەۋزە ، گۇرۇچ ، پاقلان گۆشىدە پولۇ دەملەۋاتاتتى . تۇردى بولسا يۇلغۇننىڭ قۇرۇق چىۋىقلىرىنى تېرىپ كېلىپ ، تىزىغا قويۇپ سۇندۇرۇپ ، ئوچاققا ئوت قالاۋاتاتتى . ئۇ ئوت قالاۋاتسىمۇ ، كۆڭلى ئاشۇ هارۋىدا . ئۇ ئوچاقتىكى ئوتنىڭ ئۆچۈپ قالغىنىنى سەزمەستىن بىر تۇتام چىۋىقنى تۇتۇپ ، هارۋىغا تىكىلىپ قاراپ ، قاتۇرۇپ قويغاندەك ئولتۇرۇپ قالدى . قىز شۇ تاپتا ئۇ سوۋغا قىلغان گۈلنى پۇرىماقتا ئىدى . يىگىتنىڭ قەلبى بولسا ، گويا هازىر شىددەت بىلەن تۇرۇلۇپ دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان دولان دەرياسىنىڭ سۈيىدەك شاۋقۇنلىماقتا . غايىبانە خىتاب قىلماقتا . قىز شۇ چاغ گويا ئۇنىڭ قەلب خىتابىنى ئاڭلىغاندەك ، بۇرۇلۇپ يىگىتكە يالت قىلىپ قارىدى . تۇردى هودۇققىنىدىن دەررۇ ئوچاققا قارىۋالدى ھەم تەمتىرىگەن هالدا ئوچاققا ئوتۇن سېلىشقا كىرىشتى . قىزمۇ دەرهال بۇرۇلۇپ ، باشقا تەرەپكە قارىۋالدى . ئۇنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ ھەم قىزىرىپ كەتتى . ئۇ شۇ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە يىگىتنىڭ قولىنىڭ لاتا بىلەن ئورالغانلىقىنى كۆرۈشكە ئۈلگۈرگەنىدى . دېمەك ، گۈل بەرگىدىكى قان يىگىتنىڭ قېنىكەن ـ

ده !... پۇرا ، قىز پۇرىغىن ! بۇ گۈلگە ئۆز ئاشىقىڭنىڭ ئىسسىق قېنى رەڭ بەرگەن ، پۇراق بەرگەن ۋە يەنە ساڭا بولغان ئىشق-مۇھەببىتىنى بەرگەن . بۇ بەرگىلەردىكى قان يۇقى ئۇنىڭ قولىدىن ئەمەس ، يۈرىكىنىڭ فونتانىدەك ئوقچۇۋاتقان يېرىدىن چىققان . ئۇنىڭ رەڭگى يارقىن مۇھەببەتنىڭ ئۆچمەس سىيماسى . ئۇنىڭ پۇرىقى سۆيگۈنىڭ پۇرىقى . قىزدا بىردىنلا قىزلارنىڭ يىگىتلەر ئالدىدا ئەتەي كۆرسىتىدىغان نازلىق غۇرۇرى قوزغالدى ، ئۇ قاراپ قالغىنىغا پۇشايمان قىلدى ، ئەمما يەنىلا خۇشال بولدى . كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرى رازىلىق بىلدۈرۈپ تەبەسسۇم ئەيلىسە ، يەنە بىر يەرلىرىدە غۇۋا پۇشايمانىنىڭ نېپىز ، سۈزۈك پەردىلىرى جىلۋە بىلەن تىترىدى . قىز گۈلنى يوشۇردى . ئاۋۋال ئۇنى يوتقىنىنىڭ يان تەرىپىگە يوشۇرۇپ قويدى . قويۇپلا يۈرىكى ئېچىشقاندەك بىر خىل سېزىم ئۇنى ياپراقتەك تىترىتىۋەتتى . ئاھ... بۇ نېمىدېگەن تاش يۈرەكلىك ! ئۆز يارىنىڭ گۆھەردەك قىممەتلىك يۈرىكى ئۇ يەردە تۇرماسلىقى كېرەك . قىز گۈلنى يوتقانىنىڭ ئىچى بىلەن ئاستا قولىغا ئالدى . ئاھ... ئەمسە بۇ گۈلنى نەدە قويسۇن ؟ ئۇنىڭ قوللىرى ئىختىيارسىز يىغىلىپ كېلىپ ، گۈلنى ئالمىدەك كۆكسىنىڭ ئارىسىغا قويدى . قىزنىڭ يۈرىكى سەكرەپ كەتتى .

ئۇنىڭ نازۇك كۆكسى ئۈستىگە گۈلنىڭ يۇمران بەرگلىرى تەگكەندە ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى قىزىپ ، بەدەنلىرى ئۇيۇشۇپ ، تومۇرلىرىدا ئاجايىپ بىر خىل نازۇككىنا لەززەتلىك سېزىم پەيدا بولدى . دېمەك ، ئۇ كۆكسى ئۈستىدە ھازىر گۈل ئەمەس ، چۈشىدە كۆرگەن يېقىن كىشىسىنىڭ غايىبانە سىيماسىنىڭ يۈرەك رىتىمىنى سەزگەندى . شۇ چاغدا ، ئۇ ھاياتىدا تۇنجى قېتىم ئەڭ لەززەتلىك مەنىۋى تۇيغۇغا چۈمۈلگەن ، چۈشىدىن ئويغانغاندا بولسا ، بۇ تاتلىق ھېسسىيات بىردىنلا ئىزاغا ئايلىنىپ ، يۈزلىرى ئوتتەك قىزىپ ، نومۇستىن يۈزلىرىنى تۇتۇۋېلىپ ، يوتقانغا پۈركۈنۈۋالغان ، خېلىغىچە دۇم يېتىۋالغانىدى . ئۇ دۇم يېتىپ مەستلەرچە پىخىلداپ

كۆلگەندى. ئورنىدىن تۇرۇپ، بېشىنىڭ سەل ئاغرىپ قېيىۋاتقانلىقىغا قارىماي، دەريا ساھىلىغا يۈگۈرگەندى. شۇ چاغ، ئايىغى ئاستىدىكى چىملار، قۇملۇقلار، چاتقاللار ئۇنىڭغا مۇھەببەت بىلەن قاراپ كۈلۈمسىرىگەن، كۆزلىرىنى قىسىشقان، يۇلغۇن چېچەكلىرى گويا شوخ قىز ئۆز دوستىنىڭ سۆيگۈسىنى تىلىنى چىقىرىپ تەبرىكلەۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ يۈگۈردى. چاتقاللار پاچاقلىرىنى تىلىۋەتتى. يېڭىدىن كىيگەن ئەتلەس كۆڭلىكىنىڭ ئايىغىنى يىرتىۋەتتى. ئەگەر ئادەتتىكى ۋاقىت بولغان بولسا، پاچىقىنى تىلىۋەتسە، چاتقاللارنى ئۆچمەنلىك بىلەن تىللايتتى، هازىر بولسا، ئۇ كۆڭلىكىنىڭ يىرتىلغىنىنى پەرۋايىغىمۇ ئالمىدى، پاچىقىنىڭ ئېچىشقىنىنى پەقەت هېس قىلمىدى، ئەكسىچە، بولۇشىغا قاقاقلاپ كۈلدى. دەريا ساھىلىدىن قايتقان ئۆز ئاۋازىنىڭ ئەكس ساداسىنى تاماشا قىلدى. يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ، ئالدىغا دۈم چۈشتى. ئۇ يەنە قاقاقلاپ كۈلدى. بېشىنى كۆتۈردى، كىچىككىنە كاككۇك گۈلى ئۇنىڭ ئالدىدىلا ئېچىلىپ تۇراتتى. شۇ تاپتا ئادەتتە ئۆزى ئۆچ كۆرىدىغان بۇ گۈلمۇ شۇنچىلىك سۆيۈملۈك كۆرۈندى. ئۇ دۈم ياتقان هالدا ئالدىغا سەل سۈرۈلۈپ، گۈلگە كۆزلىرىنى مەستخۇش هالدا تىكىپ، لېۋىنى ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭغا يېقىن ئەكەلدى…

— قىزىم، بۇ پولۇ خېلى مەززىلىك بوپتۇ، ئازراق يەپ باقامسىز؟

## 12

قىز شېرىن خىيالدىن چۆچۈپ ئويغاندى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا مېھرىبان ئانا چوڭقۇر مېھرى بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى. قولىدا بولسا بىر قاچىدا پولۇ بار ئىدى. پولۇنىڭ مەززىلىك هىدى دىماغقا ئۇرۇلدى. قىزنىڭ شۇئان كۆڭلى ئاينىپ ئۆپكىسى ئۆرۈلگەندەك

بولدى ـ ده ، يېمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئاستا بېشىنى چايقىدى .

— ئوبدان قىزىم ، دەريانىڭ تومۇز ئىسسىقى يامان ، دەريادىن ئۆتۈپ بولغۇچە ، ئىسسىق ئۆتۈپ كېسىلىڭىز يامانلىشىپ قالسا قانداق قىلىمىز ؟

شۇ چاغ بۇ يەردە ئاتا پەيدا بولدى . ئۇ قىزىنىڭ چېكىسىنى چوڭ قاداق قولىرى بىلەن تۇتۇپ كۆرۈپ :

— ئوبدان قىزىم ، ئاش يېمىسىڭىز زادىلا بولمايدۇ . بىر كېسىلىڭىزنىڭ دەردىنى تارتالمىغاندا ، يەنە بىرى قوشۇلسا قانداق قىلغۇلۇق ؟ سىز ئاتىڭىزنىڭ ئوبدان قىزى بولغاندىكىن ، بۇ ئاشنى يەڭ ! — دېدى .

قىز لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ پەس ئاۋازدا :

— ئاتا ، مېنىڭ كېسىلىم يوق ، مېنى تېۋىپقا ئاپىرىمىز دەپ ئاۋارە بولمىساڭلار ، مېنىڭ ياكى بىر يېرىم ئاغرىمىسا ، مېنى پەقەت ئۆز ئارامىمدا جىم قويساڭلار ، ساقىيىپ قالاتتىم ، — دېدى .

— ياق ، ياق ، قىزىم كېسىلىڭىز يېنىك ئەمەس ، بۇنداق دېمەڭ ، هازىر كېسىلىڭىزنىڭ نېمىلىكىنى ئۆزىڭىزمۇ ، بىزمۇ بىلمەيمىز ، سەۋەب قىلساق ، خۇدا شىپاسىنى بېرەر .

كۈن قوزا چۈش مەزگىلىدە ، شىددەت بىلەن ئېقىۋاتقان دەريادا قىرغاققا قاراپ ئۈزۈپ كېلىۋاتقان كېمىنىڭ قارىسى كۆرۈندى . باشىنى قايىنتىدىغان پىژغىرىم ئىسسىقتا ، ئالتە ـ يەتتە گەز كېلىدىغان ئۇزۇن خادىنى تۇتقان تۆت ـ بەش كېمىچى شىددەتلىك ئېقىم ئىچىدە تەۋرىنىپ ئېقىن سۈرەپ كېتىۋاتقان كېمە ئۈستىدە ۋارقىراپ ـ جارقىراپ ، كېمە باشقۇرۇپ كەلمەكتە . كېمە ئۈستىدىكى ئادەم ، ئات ـ ئۇلاغ هەممىسى دېگۈدەك سۇنىڭ دەهشەتلىك ئېقىنلىرىغا قاراشقا جۈرئەت قىلالماي ، ئۈن ـ تىنىسىز قېتىپ تۇراتتى . كېمە قىرغاققا يېقىن كەلگەندە ، شىددەتلىك بىر دولقۇن تۇرۇلۇپ كېلىپ ، ئۇنىڭغا بىر ئۇرۇلۇپ ئاغدۇرۇلۇپ كېتىشكە

تاسلا قىلىپ ، لەپەڭشىپ ئاققان پېتى بىر تېيىز يەرگە بېرىپ قوم - لاتقىلارغا پېتىپ قالدى . شۇ چاغ يېشى ئەللىككە يېقىنلاپ قالغان ، چىرايى ئاپتاپتا قارىيىپ كەتكەن پاناقراق ، شاپ بۇرۇت كېمىچى ۋارقىرىدى :

— هاي ، هاي ، ئانىسى شۇمەك سالغان ئەركەكلەر ، جان لازىم بولسا ، دەرهال چۈشۈپ كېمىنى سۆرەڭلار ! هە ، چاققان ! هەي نېمانداق تاش ئېسىپ قويغاندەك ئولتۇرۇشىسەن ، چۈشمەمسەن ؟ !

شۇئان ئەركەكلەر كۆڭلەك - تامباللىرىنى سېلىشىپ ، سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ ، كېمىنىڭ يوغان هالقىسىغا چىگىلگەن ئارقاننى تۇتۇشتى . پاناق كېمىچى يەنە كېمە ئىچىگە قاراپ ۋارقىرىدى :

— هەي ، هەي ، ئاۋۇ ئايالنىڭ دالدىسىغا ئۆتۈۋالغان سېمىز ئاداش ، چۈشە ، هېلى بىكار قايىنامغا تاشلايمەن ! ياكى بولمىسا ئون سەككىز موچەنلىك رومالدىن بىرنى بېشىڭغا ئارتىپ ئولتۇر .

ئارقان تۇتقان ئادەملەردىن بىرى :

— هەي ئاكا ، ئۇ ناهىيىنىڭ هاكىمى ، ئۇ ئادەم چۈشمىگەنگە ، كېمە چىقماي قالمايدۇ ، بولدى قىلىسىڭىز ، — دېدى .

كېمىچى شۇئان ئۇ ئادەمنى ئاغزى - بۇرنىغىچە تويغۇزۇۋەتتى :

— كۆتۈرە ئۇنداق بەدىرەڭگە گېپىڭنى . بېرىپ ئېشەك بازىرىدا قىل ! بۇ سېنىڭ سالا قىلىدىغان يېرىڭ ئەمەس ، سۇ هاكىمنى تونۇمايدۇ ، بىلەمسەن ، هازىر كەلكۈن ۋاقتى ، بايىقىدەك قىيان كېلىپ ئاغدۇرۇۋەتسە ، هاكىم - پاكىمىڭ نەدە ؟ جان بىلەن ئويناشما !

هاكىم پوكاندەك ئېسىلىپ ، كىيىملىرى بىلەنلا سۇغا چۈشۈشكە مەجبۇر بولدى . كىشىلەر بىر - بىرىگە كۆسۈرلىشىپ ، كېمىچىنىڭ باتۇرلۇقىغا هەيران بولدى . شۇئان كېمىچىنىڭ سورلۇك چىرايى شىددەت بىلەن ئېقىۋاتقان سۇدا كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ كەتكەن هاكىمغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى .

— ھە، مانا ئەمدى بولدى، ھاكىم غوجام خەقنىڭ دەريادىن قانداق ئۆتىدىغانلىقىنى بىلگەندە، ئاندىن بۇ دەرياغا كۆۋرۈك سالدۇ، شۇنداقمۇ ھاكىم؟

## 13

تومۇز ئىسسىقى شۇنداق كۈچەپ كەتتىكى، جاھان گويا تونۇر ئىچىدە قالغاندەك قىزىپ، دەريا بويىدىكى ئوت - چۆپلەر سالپىيىپ، چاتقاللارنىڭ قۇلاقلىرى سولىشىپ كەتتى. كىشىلەر بۇ ئىسسىققا چىدىماي، يەرنى كولاپ سۇ سىپىپ، تون چاپان، پالاسلارنى سايىۋەن قىلىپ يەردە دۈم يېتىشتى. دەريانىڭ لاي سۈيىنى ئىچىپ، بەزىلەرنىڭ قورساقلىرى ئاغرىپ، نالە - پەرياد قىلىشماقتا ئىدى. كېمىچىلەر ھاردۇق يەتكەن، بوشاشقان ھالدا چېدىرغا كىرىپ، ئۇيقۇغا كېتىشتى. ئارىدىن كىمدۇر بىرى:

— بۇ دەريا پادىشاھى غوجىلىرىمغا ھېچكىمنىڭ چىشى پاتمايدۇ. ئەگەر ئۇلار بولمىسا بۇ دەريادا ھېچقانداق كىشى كېمە ھەيدەشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ، نەۋاققىچە ئۇخلاركىن؟ — دېدى - دە، سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالماي دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

ئىككى ئاش پىشىم ۋاقتى ئۆتتى، كېمىچىلەر چېدىردا قورسىقىنى توقلاپ، بىر ئۇخلىغانچە ئويغانمىدى. بىر ياش كېمىچى ئويغىنىپ تەرەت قىلىشقا چىقىۋىدى، كىشىلەر ئۇنى ئورىۋېلىپ، يېلىنىپ، يالۋۇردى. ياش كېمىچى ئۆزىنىڭ ئىلاجسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ:

— ماڭا قانچە يالۋۇرساڭلارمۇ بىكار، ئۇستامغا دەڭلار، مېنى دە - دە دېگىنىڭلار بىلەن، بىر ئېغىز گەپ قىلساملا، ئەدىپىمنى بېرىدۇ، — دېدى. ئارىدىن يەنە ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتتى. كىشىلەر ئىسسىقتا بوشىشىپ كېتىشتى. نەچچىسىگە ئىسسىق ئۆتۈپ كەتكەنلىكتىن، خۇدىنى بىلمىگەن ھالدا، بېشى قېيىپ قۇسۇشقا باشلىدى.

قىرى تۆمۈرچى، ئايالى، ئايىمنىسالار ھارۋىنىڭ سۆگەت بادرىسىدا ئىگىپ ياسالغان سايىۋىنىنى يەرگە ئىلىپ، شۇنىڭ ئاستىدا پاناھلانماقتا. تۇردى بولسا قىستىلىپ قالىمىز دەپ، بۇ يەرگە كىرگىلى ئۇنىماي، قاياقىقىدۇر بىر ياققا كەتكەنىدى. ئايىمنىسانىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي، بايا تاماق يېگۈزگەنىدى. ئايىمنىسانىڭ پۈتۈن ئەس - يادى ھازىر تۇردى بىلەنلا قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسسىقتا يۇرۇپ ئۆزىگە ئىسسىق ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇ تۇردى سوۋغا قىلغان گۈلنى ھازىرمۇ ئاتا - ئانىسىدىن يوشۇرۇپ، قويىندا ساقلاۋاتاتتى. ياۋا گۈللەر ئىسسىق ھارارەتتىن مەست بولغاندەك سولىشىپ كەتكەن، ئەمما سولاشقانچە ئۇنىڭ پۇرىقى ئەتراپقا شۇنچە تارىلاتتى. كىچىككىنە سايىۋەن ئىچىنى گۈلنىڭ خۇش پۇرىقى قاپلىدى.

— ئەجەبمۇ گۈلنىڭ خۇش پۇرىقى كەلدىيا؟

— شۇنى دەيمىنا، نەدىن كېلىۋاتىدىكىن؟

ئاتا - ئانا ئۆزلىرىچە ھۇزۇرلىنىپ، ھەيران بولۇشقان ھالدا قارىشىپ قويۇشتى. ئايىمنىسا پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويۇپ، ئۇن چىقارمىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئەتىگەنكى بىر ئىش پەيدا بولدى...

سەپەر تەييارلىقى پۈتۈپ، ھارۋا تەييارلاندى. ئايىمنىسا ھارۋىدىكى چۇشەككە ياتقۇزۇلدى، شۇ چاغ ئاتىسى ئۆيدە بىر نەرسىنى ئۇنتۇپ قالغىنىنى ئېيتىپ، ئاتىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇردىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئۆيگە كىرىپ كەتتى. بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن، ئانىنى چاقىردى. ئانا غودۇرىغان ھالدا ئۆيگە كىرىپ كەتتى، دېمەك ئىككىسى يالغۇز قالدى. ئايىمنىسانىڭ يۈرىكى قاتتىق سوقۇپ ئاغزىغا تىقىلىپ قالغاندەك بولدى.

— ئايىمنىساگۈل!... — تۇردىنىڭ بوش چاقىرغان ئاۋازىدىن ئايىمنىسا يۈرىكى «قارت» ئىتىپ قىلىپ يانغا قارىدى. شۇ تاپتا، تۇردىنىڭ لەۋلىرىمۇ تىترەپ، ناھايىتى قىينىلىپ گەپ قىلىۋاتاتتى. ئۇ قويىندىن بىر دەستە گۈلنى چىقىرىپ، بىر ھازا

گەپ قىلالماي ، يۈزلىرى قىزىرىپ ، ئىسلىپ تۇرۇپ قالدى . شۇ چاغدا كىم بىلسۇن ئۇنىڭ گۈل بىلەن بىرگە قىزغا دەيدىغان نۇرغۇن يۈرەك سۆزلىرى بار بولغىيتتى ، بىراق ئۇ ئاغزىنى تەستە قىمىرلاتتىيۇ ، ئاغزىدىن چىقىرالمىدى . قىزمۇ ئۇنىڭغا تىكىلىپ قېتىپ قالغاندەك قاراپ قالدى . يىگىت ھېچ نەرسە دېيەلمىدى . ئاخىر ئوڭايسىزلىنىپ كۈلۈمسىرىدى . بىراق كۆزلىرىدىن غىللىتە ياش كەتتى . قىزنىڭ كۆزىدىنمۇ جاۋابەن ياش سىرغىپ چىقتى . يىگىت تىترەپ تۇرغان قولىدىن گۈلنى يا قىزغا ئۇزىتالمايتتى ياكى قىزنىڭ گۈلنى يىگىتنىڭ قولىدىن ئېلىشقا دەرمانى يەتمەيتتى . ئۆيدىن چىققان ئاياغ تىۋىشى ھەر ئىككىسىنى جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى . يىگىت ھودۇقۇپ ، نېمە قىلارىنى بىلمەي ، بىرئاز گاڭگىرىغاندىن كېيىن ، گۈلنى دەررۇ قىزنىڭ تەكىيسى يېنىدا تۇرغان چۆمبەل رومىلىغا باستۇرۇپ قويدى...

سىرتتا كۆتۈرۈلگەن غوۋغا ئايىمنىسانى خىيالدىن ئويغىتىۋەتتى . كېمىچى قىزىرىپ كەتكەن چالا ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ، كېرىلىپ بىر ئەسنىدى ، ئۇنىڭ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى ياشاڭغىراپ تۇراتتى . جامائەت ئۇنىڭغا يېلىنماقتا :

— ئوبدان ئۇستام ، ناماز ۋاقتى بىلەن كەپتۇق ، كۈن چۈشتىن قايرىلدى ، ئاللا ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا ئەزىز قىلسۇن ، بىزنى بىر ئۆتكۈزۈپ قويسىلا ، خۇدا سىلىنى خار قىلمىغاي .

كېمىچى پەرۋاسىزلا دەريانىڭ قويۇق ئاقۇش تۇمان قاپلىغان يۈقىرى ئېقىمىغا تىكىلدى . دەريا ھۆركىرەپ دولقۇنلىنىپ ئاقماقتا . قىرغاقلارغا گۈلدۈرلەپ ئۇرۇلۇپ ، چوڭ ـ چوڭ توپا قاتلاملىرىنى سۆرەپ كىرىپ كەتمەكتە ئىدى . ئۇنىڭ ئېقىنلىرىدا ھەر ـ ھەر چوڭ دەرەخلەر ، شاخ ـ شۇمبا ، بەزىدە ھايۋانلارنىڭ ئۆلۈكلىرى ئېقىپ كېلىپ ، گاھ چوڭقۇر قايناملارغا سۈمۈرۈلۈپ كىرىپ كۆزدىن غايىب بولسا ، گاھ كۆتۈرۈلگەن شىددەتلىك قىيانلار ئۈستىدە پەيدا بولاتتى . دېمەك ، دەريا سۈيى تومۇزدىكى كەلكۈندىن دېرەك بېرىپ ئاقماقتا .

كېمىچى ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ:

— دەريا سۈيى ئۇلغىيىپ كەتتى. ئاۋۇ ئاقۇش تۇتەك — كېلىۋاتقان زور كەلكۈننىڭ شەپىسى، مانا بۇ تۇخۇم پىشۇرىدىغان ئىسسىق، كەلكۈن سۈيىنىڭ ئىسسىقى. كېمە سىلىشقا بولمايدۇ، نەدىن كەلگەن بولساڭلار شۇ يەرگە بېرىپ، سىڭگەن نېنىڭلارنى يەڭلار، — دېدى. پاناق كېمىچى شۇنداق دەپ چېدىرغا كىرىپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، بىرنەچچە بوۋاي ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ساقاللىرىنى تىترىتىپ تۇرۇپ، يېلىنىشقا باشلىدى:

— ئوبدان ئوغلۇم، خۇدا ئامان قىلسا، كەلكۈن كېلىپ بولغۇچە ئۆتۈپمۇۋالارمىز، خۇدا ئۇ دۇنيادىكى دوزاخ ئازابىدىن خالاس قىلار. بىزنى ئۆتكۈزۈپ قويغىن، بىز يىراق يەردىن كېلىۋاتىمىز.

شۇ چاغدا كىشىلەر توپى ئىچىدىن يېشى يەتمىشلەرگە يېقىنلاپ قالغان بىر موماي چىقىپ، كېمىچىنىڭ قوللىرىغا ئېسىلىپ، قار - يامغۇر يىغلاپ كەتتى:

— ئوبدان ئوغلۇم، سەنمۇ مېنىڭ ئوغلۇم قاتارىدىكەنسەن، مېنىڭ بىر ئوغلۇم ياقا يۇرتتا مۇساپىر بولۇپ يۈرەتتى، تۇيۇقسىز ئېغىر كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. «كېسەلدىن ساقىيالمايدىغان ئوخشايمەن، ئانامغا تارتىشىپ قالدىم، ئانام كەلسە دەيدىغان بىر گېپىم بار ئىدى» دەپ ئۇچۇر بېرىپتىكەن، مانا ماۋۇ بالىلىرىنى ئېلىپ ماڭدىم، بىز بېرىپ بولغۇچە قازا قىلىپ كېتىپ قالسا، كۆزى ئوچۇق كېتىدۇ. كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، بىزگە قىلساڭ، بىزدىن يانمىسا ئاللادىن يانا، سېنىڭمۇ ماڭا ئوخشاش ئاناڭ بولغىيتتى...

موماي سۆزىنىڭ ئاخىرىنى داۋام قىلالماي، ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى. كېمىچىگە كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ تۇرغان نەۋرىلىرىمۇ چوڭ ئانىسى بىلەن تەڭ يىغلىشىپ كەتتى.

ئاھ، ئانا دېگەن نېمانچە ئۇلۇغ، مۇقەددەس - ھە! ئانىنىڭ كۆز يېشى تاشنى ئېرىتىدۇ، يۈرىكى تاشتىن ياسالغان ئادەملەرنىڭ

يۇرىكىمۇ ئانىنىڭ كۆز يېشى بىلەن سىمابتەك ئېرىيدۇ. كېمىچى تۇتەك قاپلىغان دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا خىيالى ئۇزاق قاراپ تۇردى ـ دە، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ:

— تەۋەككۇل، يەيدىغان رىزقىمىز بولسا... خۇدا چوڭ ئارىسىدا پاختا ساقلىغانىكەن، ئەجىلىمىز توشقان بولسا، ئەلھەكمۇلىللا... — دېدى.

ئۈمىدسىزلىنىپ روھى چۈشۈپ كەتكەن خەلق بىردىنلا تەۋرەپ، خۇشاللىقىدا ھەممىنى ئۇنتۇپ، ئۆزلۈكىدىن پاتپاراق بولۇشقان ھالدا كېمىگە چىقىشتى. بۇ چاغدا كېمىچىنىڭ ۋەھىمىلىك گەپلىرى كىمنىڭمۇ قۇلىقىغا كىرسۇن؟ كېمىچى دەريادىن ئۆتۈۋېلىشنىڭ خۇشلۇقىدا ھەممىنى ئېسىدىن چىقارغان خەلققە بىر ھازا جىمجىت تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ قالدى. كېمىچىنىڭ شاگىرتى خەلققە قاراپ ۋارقىرىماقتا:

— كېمىگە پاسىقلار چىقماڭلار، تەرەت ئېلىپ چىقىڭلار! ئىت، مۈشۈك سالماڭلار، كېمىنىڭ پىرى ئىتتىك، ئەگەر خىلاپلىق قىلىنسا، جاندىن ئايرىلىدىغان گەپ!

بىر دەمنىڭ ئىچىدە يۈز نەچچە ئادەم، ئات ـ ئۇلاغ، ھارۋىلىرى بىلەن كېمىگە جايلىشىپ بولدى. ئۇلار كېمە ئىچىدە ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشىپ، ھەممىنى ئۇنتۇغان، ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن بەند ئىدى. قىرغاقتا تېخىچە ئۈن ـ تىنسىز قاراپ تۇرغان كېمىچىگە ھېچكىم دىققەت قىلمايتتى، كېمىچى بارغانسېرى ئۇلغىيىپ بۇزغۇنلىنىپ ئېقىۋاتقان دولقۇنلۇق دەرياغا تىكىلىپ كۆزىنى يۇمدى ـ دە، كۇسۇرلاپ بىرمۇنچە ئايەتلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن: «خۇدا، ئۆزۈڭگە ئامانەت، پىرىم نوھ ئەلەيھىسسالام مەدەت بەرگەيسەن» دەپ كېمىگە چىقتى. قىرغاقتا ئۇزاتقىلى كەلگەنلەر ۋارقىرىشىپ، كېمىدىكىلەر بىلەن خوشلىشاتتى. كېمە ئاستا ـ ئاستا قىرغاقتىن يىراقلاشتى. ئامانلىق، ئاق يول تىلەشلەر بارا ـ بارا يىغا ـ زارغا ئايلىنىپ كەتتى. قىرغاقتىكى بىر توپ ئۇزاتقۇچىلار ئىچىدە، ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ يىغلىغانلار



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كۆپ بولسىمۇ ، بىزنىڭ تۇردىنىڭكىدەك يۇرىكى ئېچىشىپ ، ھەممىدىن بەكرەك پىغان بىلەن يىغلىغانلىرى ئاز بولسا كېرەك . ئەلۋەتتە تۇردى ئۇنىسىز ياش تۆكتى ، يېشىنى ھەتتا ئۆزىگە تىكىلىپ كۆزلىرىدىن مارجاندەك ياش تۆككەن ئايىمنىساغا كۆرسەتمىگەن بولسىمۇ ، بىراق ئۇنىڭ قەلبىدە يېڭىدىن يېپىشقان ئەڭ نازۇك مۇھەببەت پەردىسى گويا دەھشەتلىك بوراندىكى يۇمران يوپۇرماقتەك تىترىدى ، سىلكىندى ، يۇلقۇندى . دۇنيادا كىشىلەر پەقەت كۆزدىن چىققان ياشنىلا يىغىنىڭ بەلگىسى قىلىشىپلىشتى . بۇ گويا ھاماقەتلەرنىڭ كىشىلەرنىڭ شەكلىگە قاراپ باھا بەرگىنىگە ئوخشاشلا ئۇچىغا چىققان ھاماقەتلىك ، كۆز يېشى يىغىنىڭ مەلۇم بەلگىسى بولسىمۇ ، لېكىن بىر پۈتۈن قەلبىنىڭ دەرد ـ ھەسرىتىنىڭ كۆرۈنۈشى ئەمەس . پەقەت ۋاقىتلىق كۈچلۈك ھاياجاننىڭ سىقىشىدىن چىققان سۇ تامچىسى خالاس . ھەرقانداق قاتتىق دەرد ـ ھەسرەت ، بىر قېتىملىق قاتتىق يىغا بىلەن تەڭ پارغا ئايلىنىپ تۈگەيدۇ ، لېكىن ياش چىقمايدىغان يۈرەكتىكى يىغا بەلكى ئىنساننىڭ پۈتۈن ئۆمرىگە ھەمراھ بولۇپ ، تاكى گۆرگە كىرىپ كېتىشى مۇمكىن . كۆز يېشىنى ھازىر ئارتىسلارمۇ قىلىۋاتىدۇ ، مانا بۇ بىزنىڭ تۇردىنىڭ يۈرەكتە يىغلىغان يىغىسىنىڭ ئۆمۈر بويى ئۇنىڭ بىلەن ياشايدىغانلىقىنى كىممۇ بىلەلىسۇن ؟

كېمە يىراقلاشماقتا ، ئۇ بارا ـ بارا بىر تەڭلىگە ئايلاندى . ئۇ شىددەتلىك دولقۇنلار ئىچىدە خۇددى بىر تال ساماندەك تەۋرىنەتتى . ئۇ گاھ كۆزگە كۆرۈنسە ، گاھ شىددەتلىك قىيان ئارىسىدا كۆرۈنمەي قالاتتى ، تۇردىنىڭ يۈرىكى ئۇنىڭ كۆكسىدە ئەمەس ، بەلكى دولقۇن ئارىسىدا ۋەھىمىلىك تەۋرەيتتى . شىددەتلىك دولقۇن بارغانچە ئاچ يولۋاستەك ھۆركىرەپ ، ئەجدىھادەك تولغانماقتا .

تۇردىنىڭ كۆزلىرى چەكچەيگەن ھالدا قېتىپ قالدى . شۇ تاپتا ئۇ ئەتراپتىكى ئەنسىز داد ـ پەريادلارنى گويا ئاڭلىمىغاندەك ئىدى ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا كېمە دولقۇن ئارىسىدا گويا سەجدىدىن كېيىن ئورنىدىن تۇرغان ئادەمدەك بىر ئۆرە بولدى ـ دە ، دولقۇنلار ئىچىدە

مەڭگۈ كۆزدىن غايىب بولدى. ئاھ، رەھىمسىز دەريا! رەھىمسىز ئەجدىھا! سېنىڭ نەپسىڭ قاچان تويار؟ ساناقسىز نادانلارنىڭ، گۆدەكلەرنىڭ يۈرىكىنى لەختە قىلىپ، ئاھ ـ پەريادىغا قاقاقلاپ كۈلۈپ، نۇرغۇن ئادەملەرنى يۇتۇۋەتتىڭ. سېنىڭ كانىيىڭ قانچىلىك يوغان. قورسىقىڭ قانچىلىك يوغاندۇ؟ شۇنچە ئادەمنى يۇتۇۋەتتىڭ، يەنە يۇتۇۋاتىسەن. يۇتماقچىسەن، قانچانغىچە يۇتىسەن؟ سېنىڭ قورسىقىڭ، سۇلايماننىڭ ئون سەككىز مىڭ ئالەمنى سولايدىغان بوتۇلكىسىدىن ياسالغانمۇ ۋە ياكى ئۇنىڭ پارچىسىمۇ؟ سەن مەھكۇملارنى يۇتۇشنىلا بىلىسەن، ئۇلارنىڭ ئاھ ـ زارى سېنىڭ كۆڭلۈڭنى خۇش ئېتىدىغان يېقىملىق مۇزىكاڭ، يۇتقانلىرىڭ نەگە سىغىۋاتىدۇ ياكى ئىچىڭدە ساناقسىز قان ئىچىپ ياشايدىغان قۇرتلىرىڭ بارمۇ؟ سەن ياكى زامانە ئاخىرىدا جەددالدىن بۇرۇن كېلىپ، ئالەمنى سۈپۈرۈپ قارنىڭغا قاچىلايدىغان يەجۇجمۇ؟...

تۇردى ھەممىدىن ئايرىلدى، ئۇنىڭ مەنىۋى ھاياتىنى مانا مۇشۇ رەھىمسىز دەريا يۇتۇۋالدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تۇردى قەلبىدىكى ئۈنسىز يىغا بىلەن مەجنۇنغا ئايلاندى. ئۇنىڭ روھى مانا شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مۇشۇ دەريا ئىچىدە ياشايدۇ، بېلىقلار بىلەن تەڭ ئۈزۈپ، ئۆز مەشۇقىنى ئىزدەيدۇ، ئۇنىڭ ئىشقىدا بىھوش بولىدۇ. مانا ئوتتۇز يىلدىن بېرى، ئايىمنىسانى يۇتۇپ كەتكەن دەريا تۇردىنى يۇتمىدى. ياق، يۇتتى، ئۇنىڭ قايناق ھېسسىياتىنى، روھىنى يۇتۇپ، مانا بۇ رەزگىنى — سېسىق تېنىنى يۇتمىدى.

دېمەك، بىر كېمىدىكى يۈز نەچچە جان دەرياغا غەرق بولدى. بۇ — دەرياغا غەرق بولغان قانچىنچى كېمە ئىكەنلىكىنى ھېچكىم ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. تۇردى ئايىمنىسادىن ئايرىلغاندىن كېيىن، بىر مەزگىل ئېلىشىپ، ساراڭ بولۇپ دەريا بويىدا يۈردى. بىرقانچە قېتىم دەرياغا سەكرەپ باققان بولسىمۇ، ئەجىلى توشماي، يەنە ھايات قالدى. بۇ جەرياندا تۇمۇرچىنىڭ يىراق بىر تۇغقىنى ئۇنىڭ ئۆي ـ ۋاقىسىغا ئىگە بولۇپ، ئۆيىنىڭ ئۈستىنى ئېچىپ، ياغاچ ـ

تېشىنى ئېلىپ كەتتى. ھازىر بۇ ئۆينىڭ ئورنىمۇ دەريا ئىچىدە قالدى.

## 14

تومۇز كۈنلىرىنىڭ ئۆمرى ئاخىرلىشىپ، كۈزنىڭ شەپىسى كېلىۋاتىدۇ، كېچە، ساناقسىز يۇلتۇزلار دەريا بويىدا كۆز قىسماقتا. ئۇنىڭ ئىچىدە ئايىمىنىسانىڭ شەھلا كۆزلىرى شوخ، ئەمما ھەسرەتلىك كۆرۈنىدۇ. تۇردى رەزگى يەنىلا دەريا لېۋىدىكى ئاشۇ چىم ئۈستىدە ئولتۇرماقتا. ئەتراپتىن ئاڭلىنىۋاتقان دەريا شاۋقۇنى پاقا ـ چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلداشلىرى قوشۇلۇپ، تۇردىنىڭ ھىجران ئازابلىرىغا تەڭكەش بىر سىمفونىيە ھاسىل قىلدى. تۇردى رەزگى دەريا ئىچىدىكى مېھرلىك چىراينى قانماي تاماشا قىلىدۇ. ئوتتۇز يىلدىن بېرى، بىرەر كۈن بۇ يەرگە كەلمەي قالغان، سېھىرلەنگەن چىراينى كۆرمەي قالغان كۈنى يوق.

بۈگۈن نېمە ئىش بولۇۋاتىدۇ، ئاللا ئايىمىنىساغا دەريا ئىچىدىن چىقىپ، تۇردى رەزگىنىڭ مەجنۇن قەلبىگە شىپا بولۇشقا ئەمىر قىلدىمۇ قانداق؟ ئەنە، ئۇنىڭ نازۇك قوللىرى تۇردىنىڭ قاتمال بەدەنلىرىنى سىلىماقتا، ئەنە، بۇ نازۇك قوللار خاتىرجەم ھالدا ئۇنىڭ كىرلىشىپ پاخپايغان چاچلىرى ئارىسىدىن ئۇنىڭ بويىنىغا چۈشتى. مانا بۇ بىزنىڭ قېرى يىگىتنىڭ بويىنىغا ئايال زاتىنىڭ تۇنجى قېتىم قولى چۈشۈشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بويىدىن جەننەتنىڭ خۇش ھىدلىرى، تىنىقىدىن ئابىھاياتنىڭ شېرىن پۇرىقى كېلىۋاتىدۇ. مانا، نازۇك لەۋلەر قويۇق، مەينەت ساقاللار ئىچىگە تەلمۈرۈپ سىڭىپ كىردى. تۇردى ئۆزىنىڭ ئوتتۇز نەچچە يىل قىلغان نالە ـ پەريادىنىڭ ئاللاغا يەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ھازىر ئۇ تۇۋلىماقچى ئىدى، پۈتۈن يۇرتقا ئاڭلىتىپ: «ئەي خالايىق، مېنىڭ ئاھۇ ـ زارىم ئاللاغا يېتىپ، دەريا ئىچىدىن ئۆز يارىم

قايتىپ چىقتى ، ئىشەنمىسەڭلار ، مانا قاراڭلار ، ئۇ مېنىڭ قۇچىقىمدا ، باغرىمدا ، گەرچە ئۇ تېخى ياش ، مەن قېرىپ كەتكەن بولساممۇ ، بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز ھېچقانداق توسالغۇغا دۇچ كەلمەيدۇ » دەپ ئۇنلۇك توۋلىماقچى ئىدى . بىراق ئۇلگۇرەلمىدى چۈنكى ، ئۇ ئۆز يارىنىڭ قۇچىقىدىن بوشىنىپ ، يەنە دەرياغا شۇڭغۇپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلدى . شۇڭا ئۇ بار كۈچىنى يىغىپ ، سۆيۈملۈك مەشۇقىنى باغرىغا چىڭ باستى . ئۇنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سۆيدى . قىز ئۇنىڭ قۇچىقىدا قانچە نازلانمىسۇن ، ئۇنىڭ كۆزى ھازىر ھېچ نەرسىنى كۆرمەيدۇ . پەقەت قەلبى كۆرىدۇ . سۆيۈملۈكى ئايىمنىسانى كۆرىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ نەرسىنى كۆرۈشى مۇمكىن ئەمەس ھەم كۆرۈشنىمۇ خالىمايدۇ ، ئۇ ھازىر پەقەت يارىنىڭ يەنە سىھىرلىنىپ دەرياغا شۇڭغۇپ كەتمەسلىكىنى ئويلايدۇ . تائەت ـ ئىبادەتنىڭ خۇداغا يەتكەنلىكىدىن چەكسىز خۇشال بولىدۇ . بۇ خۇدا يەتكۈزگەن كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان كارامەت . بۇ پۇرسەت قاچانغىچە ئۇنىڭ ئالقىنىدا تۇرىدۇ ؟ ئاھ سۆيگۈ ، ئوتتۇز يىللىق سۆيگۈ ، ئوتتۇز يىلدىن بېرى يىغلىغان سۆيگۈ !… ئۇنى تامامەن تولدۇرۇۋېلىشقا مۇمكىن بولمىسىمۇ ، بۇ سۆيگۈگە قېنىش ئۈچۈن تىرىشىش كېرەك… تۇردى رەزگىنىڭ ۋۇجۇدى قاتتىق لەرزىگە كەلگەن ئىدىكى ، بۇ يۈكسەك مۇھەببەت ئالدىدا ، سۈكۈت قىلىشقا بولمايدۇ .

قىزنىڭ بوشقىنا ئاڭلانغان ئاۋازى تۇردىنىڭ سەل بوشاشقان ۋۇجۇدىنى تېتىكلەشتۈردى .

— نىمە دەيسىز مېنىڭ ئامرىقىم ، ئايىمنىسا گۈلۈم ؟ — دەپ سورىدى تۇردى . قىز بىر ئاز جىم تۇرغاندىن كېيىن :

— مۇشۇ يىللار نىمە ئىشلارنى قىلىپ يۈردىڭىز ؟ — دېدى .

— سىزنىڭ پىراقىڭىزدا مەجنۇن بولۇپ ، خۇدۇمنى بىلمەي يۈردۈم . سىز ئۈچۈن قارىلىق تۇتتۇم ، — تۇردى كۆزىنى ئاچماستىن شۇنداق دېدى . قىز تۇردىغا تېخىمۇ يېقىن يېپىشتى .

ئۇ نازۇك قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ قاتمال بەدەنلىرىنى سىلايتتى. ئۇنىڭ تۈكلۈك مەيدىسىگە قۇلىقىنى يېقىپ، ئۇنىڭ تىنىمسىز كۈچلۈك سوقۇۋاتقان يۈرەك سوقۇشلىرىنى ئاڭلايتتى، قىز ناھايىتى پەس ئاۋازدا پىچىرلىدى:

— سىز شۇنچە پۇلنى نېمىشقا يېمەي ـ ئىچمەي يىغىسىز؟

— يىغقانلىقىمنى بىلەمسىز؟ — تۇردى ھاياجانلىنىپ كەتتى.

— مەن سىزنىڭ ھەممە ئىشلىرىڭىزنى بىلىپ تۇردۇم.

تۇردى نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى.

— پۇللىرىڭىز بەكمۇ كۆپىيىپ كەتتى. قانداقمۇ ساقلىيالىدىڭىز؟

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئەمدى ئاللانىڭ مېھىر ـ شەپقىتى بىلەن سىزگە ئېرىشتىم، ئەمدى ئۇچاقنىڭ ئاستىدىن كۆپنى ئالساقلا چىقىدۇ، تۇرمۇشىمىزغا ئىشلىتەرمىز، بالا ـ چاقىلىق بولۇپ باشقىلارغا ئوخشاش باياشات ياشايمىز. مەن سىزنىڭ ئاخىر بىر كۈن مۇشۇنداق چىقىپ قېلىشىڭىزنى كۈتەتتىم...

قىز ۋىلىقلاپ كۈلدى، ئاندىن:

— سىز بەك پۇراپ كېتىپسىز، يۇيۇنۇۋېلىڭ! — دېدى.

ئىككىسى بىر ھازا ئۈن ـ تىنسىز جىمىپ كېتىشتى. كۈچلۈك ھاياجان شۇ تاپتا ھەر ئىككىسىنى سۆزلەش ئىقتىدارىدىن ئايرىپ قويغاندەك قىلاتتى.

... تاڭ قۇياشى دەريا ساھىلىنى قىزارتىۋەتتى. كۈننىڭ قىزغۇچ نۇرى تۇردى رەزگىنىڭ يۈزىنى چاقىقاندىلا، ئۇ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ چۆچۈپ ئويغاندى. ئۇ يېنىغا قارىدى. يېنىدا ھېچكىم يوق، پەقەت سەل نېرىدىلا ئېشىكى خاتىرجەم ئوتلىماقتا.

— ئايىمنىسا!... ئايىمنىسا!...

تۇردى ئەتراپىغا قاراپ، قانچىلىك قىچقارسىمۇ، ئايىمنىسادىن سادا بولمىدى. تۇردى رەزگى قاتتىق ھەسرەتلىنىپ، بوشىشىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ بەكمۇ ھەيران قالدى. بۇ زادى ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئـوڭـمۇ ـ چۈشمۇ ؟ چۈش دەي دېسە ، ئۇنىڭ ئۆزىدە قىزدىن كېلىدىغان ئەتىرنىڭ كۈچلۈك پۇرىقى قالغان . مانا مۇشۇ يەردىلا ئۇ قىز بىلەن بىرگە بولغان ، ئوڭۇم دەي دېسە ، قىز قېنى؟... ئـۇ دەرياغا تىكىلىپ قارىدى ، دەريا ھەر كۈندىكىدەك ئاقماقتا . ئۇنـىڭـدا ھـېچقانداق يېڭىلىق يوق . تۇردى رەزگى تېگى يوق خىياللارغا پاتتى . بۇ ئىشلارنى «چۈشۈم» دەپ ئاتاشقا كۆڭلى پەقەت ئۇنىمايتتى . ئۇ ئوتتۇز يىلدىن بۇيان ھەر كۈنى ئەل ياتقۇغىچە بۇ يەردە بولسىمۇ ، لېكىن قونۇپ باقمىغانىدى . بۈگۈن بولسا قوندى . ئـايـىمنىسا چىققانلىقى ئۈچۈن قوندى . قىزنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان سـۆزلـىرى ھـازىـرمـۇ ئـۇنـىڭ قۇلاق تۈۋىدە شىۋىرلاۋاتقاندەك ئاڭلىنىدۇ . قىزنىڭ تېز ـ تېز نەپەس ئېلىشلىرى ، نازاكەتلىك سـىيماسى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئورۇن ئالغانىدى . مانا بۇ شېرىن چاغلار تېخى ھېلىلا بار ئىدى . تاڭ ئېتىپ كەتكەندىن كېيىن ، قىز كـۈپـكـۈنـدۈزدە بـۇ يـەردە يـېتىشتىن ئۇيۇلۇپ ، ئۆيگە كېتىپ قالغانمىدۇيا؟ نىمىشقا تۇردىنى ئويغاتماي كېتىدۇ؟ ھە راست ، بۇ قېرى لەقۋا قاتتىق ئۇخلاپ كەتكىنىدىن ، قىز ئويغىتالماي ئۆيگە بارغان بولۇشى مۇمكىن...

تـۇردى ئـۆزىـگـە كـايـىپ ، چاپسان ئېشىكىگە مىندى . بۇ نېمىدېگەن سەتچىلىك ! قىزنى ئاخشام ئۇ نېمىشقا ئۆيگە ئەكەتمەي مـۇشـۇ چىملىقتا... ھەي تۇردى ، تۇردى ، چاپسان بول ، بېرىپ قىزدىن ئەپۇ سورا ، ئۆزۈڭنىڭ بەغەرەزلىكىڭنى قىزنىڭ ئالدىدا ئىقرار قىل ، ناماقۇل بول ، ھەتتا ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلان . چۈنكى سـەن ئوتتۇز يىلدىن بېرى زارىقىپ كۈتكەن ئەزىز مېھمان شۇ ئەمەسمۇ ؟...

## 15

تۇردى يول بويى ئۆزىگە كايىپ ، ئېشىكنى بولۇشىغا زىخلاپ يۈگۈرتۈپ دېگۈدەك ئۆيگە قاراپ ماڭدى . تېخى ئەتىگەن بولغاچقا ،

مەھەللىنى ئەتىگەنلىك تاماقنىڭ مەززىلىك ھىدى قاپلىغان، تۈرخۈنلاردىن چىققان تۈتۈنلەر كەنجى قوناقلار ئۈستىدە بىر قەۋەت نېپىز تۇمان ھاسىل قىلغانىدى. بۇنىڭدىن كېيىن، تۇردىنىڭ ئۆيىدىمۇ باشقا ئۆيلەرگە ئوخشاش ئەتىگىنى مەززىلىك تاماق پىشۇرۇلىدۇ. باشقىلارغا ئوخشاش ئازادە پېشايۋانلىق، تاختاي بىلەن يېپىلغان ئۆيلەرنى سالىدۇ، بەلكى تېخى...

ئۇ ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ، خۇشاللىقىدىن ۋارقىرىۋەتكىلى تاس قالدى. راستىنلا ئۆينىڭ ئىشىكىدە ئۇ سېلىپ قويغان قۇلۇپ يوق ئىدى. دېمەك قىز ئۆيگە كېلىپ بولغان ئىكەن ـ دە!

ئۇ ئېشەكتىن چۈشۈپ، ھېچنېمىگە قارىماستىن ئىشىكنى ئىتتىردى. ئۇنىڭ بىلىكىگە قاچاندىن يىغىلغان كۈچ ئىدىكى، بىر ئىتتىرىش بىلەنلا، ئىشىككە تىرەلگەن دەمىنىڭ ئاچىمىقى يېرىلىپ، ئىشىك ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ ئىشىكنى ئاچقۇچە ئارىلىقتا، ئۆزىنىڭ بۇنچىلىك كۈچلۈك ئىكەنلىكىگە ھەيران قالدى. ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىرىپلا، كۆزلىرى چەكچىيىپ ئىمىزدا قېتىپ قالدى.

ئۆيدىكى ئوچاق چېقىپ تاشلانغان، ئۇنىڭ ئورنى ئىككى گەز كولىنىپ، كۈپ تارتىپ چىقىرىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى توپ ـ توپ پۇللار بىر تاغارغا قاچىلانماقتا ئىدى. ئىدرىس سېكرىتار، ھاشىرخان ۋە ئۇنىڭ قىزى زىبىرنىسالار قوللىرىدا پۇللارنى تۇتقان پېتى قېتىپ تۇرۇپ قېلىشتى. ئىدرىس سېكرىتار بىلەن ھاشىرخان تاتىرىپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ قوللىرى بەزگەكتەك تىترەپ، پۇللار يەرگە دۆۋىلەنگەن توپا ئۈستىگە چۈشتى. ئۇلار لاپ قىلىپ سوئال نەزەرى بىلەن قىزى زىبىرنىساغا تىكىلدى. زىبىرنىسا ۋىللىدە قىزىرىپ كېتىپ، ئاندىن تەمتىرىگەن ھالدا، ئىشىكتىلا چەكچىيىپ تۇرغان تۇردىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلدى. زىبىرنىسانىڭ سېھىرلىك كۆزلىرى ھەم لېۋىدە بىلىنەر ـ بىلىنمەس تەبەسسۇم پەيدا بولدى.

تۇردىنىڭ كاللىسىدا چاقماق چېقىلغاندەك بولۇپ، غەزەپتىن بوغۇلۇپ، دەھشەتلىك ۋارقىرىدى:

— ھۇ، ھىيلىگەر شەيتان! ئەسلىدە سەن ئىكەنسەن ـ دەھ، يوقال كۆزۈمدىن! سەن مېنىڭ ئوتتۇز يىلدىن بېرى پاك ساقلىغان ئەقىدەمنى بۇلغىدىڭ، يوقال، يوقىلىش ئوغرىلار، مۇتتەھەم بۇزۇقلار!...

تۇردى شۇنداق دەھشەتلىك ۋارقىرىدىكى، جىمجىت مەھەللىدە دەھشەتلىك پارتلاش ئاۋازىدەك سادا پەيدا بولدى. ئەتىگەنلىك ئۇيقۇدىن ئويغانمىغان ئىتلار ئەنسىز قاۋىشىپ كەتتى. ئەتراپتىكى ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرى غىچىرلاپ ئېچىلىپ، كىشىلەر ئەندىكىپ ئۆيلىرىدىن چىقىشىپ، تۇردى رەزگىنىڭ ئۆيىگە قاراپ مېڭىشتى.

تۇردى زىبىرنىسانىڭ كانىيىدىن بوغۇپ، ئۆلتۈرۈپ قويغىلى تاسلا قالدى. تۇردىنىڭ قان تولغان دەھشەتلىك كۆزلىرى، قورقۇنچلۇق تۈس ئالغان سۇرلۇك چىرايى، توختىماي ۋارقىرىشىدىن گاڭگىراپ قالغان ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۆز قىزىنى ئاجرىتىۋېلىشقا دەرمانى قالمىغانىدى. ئۆيگە يېتىپ كەلگەن كىشىلەر مىڭ تەسلىكتە زىبىرنىسانى تۇردىنىڭ قولىدىن ئاجرىتىۋالدى. بىردەمدىلا بىرەر يۈزدەك ئادەم توپلاندى، ئۇلار ئۆي ئىچىدىكى دۈۋىلىنىپ تۇرغان توپا ئۈستىدىكى چېچىلىپ ياتقان پۇللارغا، ئاندىن ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا مۈردىدەك تاتىرىپ تۇرغان ئىدرىس بىلەن ھاشىرخانغا قاراپ، ھەممىنى چۈشىنىشتى.

— بۇ بىچارىنىڭ يېمەي ـ ئىچمەي يىغقان پۇلىنى ئىنس ـ جىن بىلمەيتتى. بۇلار قانداق بىلىۋالدىكىنە؟

كىشىلەر ئۆزئارا غۇلغۇلا قىلىشىپ، ئىدرىس بىلەن ھاشىرخان ھەم زىبىرنىسالارغا لەنەت ـ نەپرەت ئوقۇشتى. ئۇلار رەسۋا بولۇپ، ئىزا ـ ئاھانەتتىن ئۆزىنى يوقاتقانىدى. تۇردى رەزگى يەنە ۋاقىرىدى:

— نېمىگە قارىشىپ تۇرۇشىسەن؟ كۆزۈمدىن يوقىلىش!...

تۇردى رەزگى غەزىپىگە چىدىماي، سۇنۇق دەمنى قولىغا ئېلىپ يۇگۈردى. بىرنەچچە ئادەم ئۇنى قۇچاقلاپ تۇتۇۋالدى. ئىدرىس بىلەن ھاشىرخان تۇپا ئۈستىدە ھالسىز يىغلاپ ياتقان زىبىرنىسانى تەستە يۆلەپ ئىشكتىن چىقىۋالدى ـ دە، خۇددى تۇردى رەزگى ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىپ كالتەكلەيدىغاندەك يۇگۈرۈشتى.

كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن مەسخىرىلىك كۈلۈشتى. ئۇششاق باللار ئارقىسىدىن خېلى يەرگىچە چالما ئېتىپ چۇقان سېلىشتى. كىشىلەر تېخىچە تارقالماي، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا دۆۋىلىنىپ تۇرغان، بەزىسى سارغىيىپ كەتكەن ساپلا ئون كويلۇق پۇللارغا قاراپ، ھەيرانۇ ھەس بولۇپ قېلىشتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى گەرچە تۇردى رەزگىنىڭ پۇلىنىڭ ناھايىتى كۆپلۈكىنى بىلىسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە بۇنچىۋالا پۇلنى كۆرۈپ، ھەقىقەتەنمۇ ئۆزلىرىنى جاھاندا بارمۇ ـ يوق دەپ قېلىشتى. تۇردى رەزگى كىشىلەرگە قاراپ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— كېلە ئوغرىلار، بۇلاڭچىلار!... ھەممىڭ بۇلىماقچىمۇ؟ ئاۋۋال مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئاندىن كېيىن بۇلاش، مەن تىرىك بولىدىكەنمەن، ھېچقايسىڭ بىر موچەن ئالالمايسەن!...

كىشىلەر بۇ بىچارىگە ئىچ ئاغرىتىشقان ھالدا تارقاپ كېتىشتى. تۇردى ئىشكنى ئىچىدىن تاقاپ، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا دۆۋىلەنگەن ھۆل تۇپا ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ، ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى:

— ئاھ... رەھىمسىز دەريا، جېنىم ئايىمىنىسا!... مەن ئوتتۇز يىل ساڭا ئەقىدە قىلىپ، ئۆزۈمنى پاك ساقلىغانىدىم، جەننەتتە سەن بىلەن ئوچۇق ـ يورۇق كۆرۈشۈشنى ئاللادىن تىلىگەنىدىم، ئەقىدەم بۇزۇلدى، بۇلغاندى، مەن قانداق قىلىمەن، ئايىمىنىسا، مەن قانداق قىلاي؟...

تۇردى تۇپىنى قۇچاقلاپ شۇنداق يىغلىدىكى، بۇ ئۇنىڭ ھاياتىدىكى تۇنجى قېتىملىق، شۇنداقلا ئەڭ قاتتىق يىغلىشى ئىدى.

www.uyghurkitap.com

## 16

يېزىدا يۈز بەرگەن بۇ يېڭى ۋەقە بىر دەمدە بۇ يېزىنى قۇچۇپ، پۈتۈن ناھىيىنى زىلزىلىگە سېلىۋەتتى. ھەرقايسى يېزا ـ كەنتلەردىن كىشىلەر كېلىپ، تۇردى رەزگىنىڭ بىر تاغار پۇلىنى كۆرمەكچى بولۇشتى. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇلار پەقەت ئۇنىڭ پۇچۇق تاملىق ئۆيىنىڭ سىرتىنىلا كۆرۈشتى.

بۇگۈن ئۈچ كۈن بولدى. تۇردى رەزگى ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئىچىدىن تاقاپ بىر كىرىۋالغانچە، تالاغا چىقمىدى. كىشىلەر ئاش ـ تاماق يېيىشكە زورلاپ قانچە يالۋۇرسىمۇ، ئۈچ كۈندىن بېرى ئۇ ئىشىكنى ئاچمىدى، ھېچ نەرسىمۇ يېمىدى. كىشىلەر قانچە نەسىھەت قىلسىمۇ، ئۇ ۋارقىراپ تىللاش بىلەن جاۋاب قايتۇردى. ئۈچ كۈندىن بېرى، بىر قانچە خەلق ئەسكىرى ئۇنىڭ ئۆيىنى كېچە ـ كۈندۈز مۇھاپىزەت قىلىپ، يامان نىيەتلىك ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىپ، پۇلىنى ئەكېتىشىدىن ساقلىماقتا ئىدى. كىشىلەر ھەتتا بانكا خادىمىنى بۇ يەرگە باشلاپ كېلىپ، ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ يالۋۇرۇپ ـ سايراپ كەتتى. ئەمما بۇمۇ كار قىلمىدى.

بۇ كۈنلەردە كىشىلەر تۇردى رەزگىنىڭ بۇنچىۋالا پۇلنى قانداق قىلىشى توغرىسىدا كۆپ مۇلاھىزە قىلىشتى.

ئەتىگەنلىك بامداتتىن كېيىن، يېزا چوڭلىرى، ئىمام ـ ئاخۇنۇم باشلىق جامائەت ئارىسىدا يەنە غۇلغۇلا بولدى. بەزىلەر:

— تۇردى بۇ پۇلغا ھەرقايسى مەھەللىلەرگە مەسچىت سېلىپ بەرسە چوڭ ساۋاب تاپىدۇ. بۇ دۇنيادىكى پۈتۈن گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىپ، ئۇ دۇنيالىقى ئوبدان بولىدۇ، تۇردى رەزگى قىلالمىغان ئىبادەتنى، تاپالمىغان ساۋابىنى مۇشۇنىڭدىن تاپىدۇ، — دېيىشتى. يەنە بەزىلەر:

— كۆل چاپقۇزۇش، يېتىم ـ يېسىرلارغا سەدىقە بېرىش

كېرەك ، — دېيىشتى ، بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسى ئورۇنلۇق ئىدى .
ئىمام ئاخۇنۇم مۇنۇ تەكلىپنىمۇ ئوتتۇرىغا قويدى :

— ئەھلى - جامائەت تۇرداخۇننىڭ ئۆمۈر بويى ئىككى بىلىكىگە تايىنىپ ، ھالاللاپ تاپقان دەپنە - دۇنياسى توغرىسىدا كۆپ باش قاتۇرۇشتى . مېنىڭ كۆڭلۈمدە مۇنداق بىر ئۇلۇغ ئىش سايە تاشلاپ تۇرۇپتۇ . ئۇ بولسىمۇ تۇرداخۇننىڭ ھېسابسىز مال - دۇنياسىغا مېنىڭچە ھارامدىن ھېچ نەرسە قوشۇلۇپ قالمىغان . ئۇ ئۆمرىدە جەبىر - جاپا بىلەن ئىشلەپ ، غورىگول كۆن كەچۈرۈپ ، تاپقىنىنى يىغدى . دېمەك ، بۇ دۇنيادا خوۋلۇق كۆرمىدى . ئۇنىڭ ئۆيلەنگىنىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ . پۇلنى نېمە دەپ يىغقانلىقىنىمۇ بىلگىلى بولمايدۇ ، مېنىڭچە ، ئۇ ئادەمنىڭ پېشانىسىگە ئاللا ئەنە شۇنداق بۇ دۇنيادا تارتقۇلۇقنى تارتىپ ، ئۇ دۇنيادا پاراغەت كۆرۈشنى پۈتۈپتىكەن . ئۇ مېنىڭچە تەقۋادار بولۇپ ، بۇ ھالال ۋەجى بىلەن ھەرەمگە بېرىپ ھەج - تاۋاپ قىلىپ كەلسە ، ئەڭ ئۇلۇغ ساۋاب تېپىپ كېلەلەيدۇ . مېنىڭچە ئۇنى ۋاقتىدا نەسىھەت بىلەن ئاشۇنداق قىلىشقا ئۈندەيلى . ئۇ دەرد ئىچىدە ئاچلىقتا ئۆلۈپ كەتسە بولماس .

ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ سۆزى ھەممىنىڭ گويا كۆڭلىدە بولۇپ ، تاپالمىغان سۆزدەك تۇيۇلۇپ ، بۇ چارىنى ناھايىتى ئاقىلانىلىك دەپ قاراشتى . شۇنداق قىلىپ ، ئىمام ئاخۇنۇم باشلىق مويسىپىتلار بامداتتىن كېيىن ، مەسچىتتىن قومۇرۇلۇپ چىقىپ ، تۇردى رەزگىنىڭ ئۆيىگە كەلدى .

ئۆي ئەتراپىدا يەتتە - سەككىزچە خەلق ئەسكىرى چۆرگىلە- شىپ يۈرۈشەتتى . باشقا يېزىلاردىن تۇردى رەزگىنىڭ پۇلىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئەتىگەندە بۇ يەرگە كەلگەن كىشىلەرمۇ بار ئىدى . ئۇلار ئۇ يەر - بۇ يەرگە دۈگىلەك بولۇۋېلىپ ئولتۇرۇپ ، ئۆز ئارا پاراڭلىرىنى قىلىشىۋاتاتتى .

ئىمام ئاخۇنۇملار تۇردى رەزگىنىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ توختاشتى . ئۇلگۈجەك ، يان ياغاچلىرىنى قۇرت يەپ چىرىگەن

ئەسكى ئىشىك ھەم ئېتىكلىك ئىدى. ئىشىكنىڭ شالاڭ يوچۇقلىرىدىن ئۆي ئىچىگە قارىغىلى بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئۆيىنىڭ نە دېرىزىسى، نە تۈڭلۈكى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، قاراڭغۇلۇقتا ئۆي ئىچىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئىمام ئاخۇنۇم ئەتراپتىكى جامائەتنى ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى. ئۆي ئەتراپىغا بىر دەمنىڭ ئىچىدە ئۈچ يۈزچە ئادەم توپلاندى. ئۇلار ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ ھەرىكەتلىرىگە ئۈن - تىنسىز قارىشىپ تۇراتتى.

ئىمام ئاخۇنۇم ئىشىككە قۇلىقىنى يېقىپ ئۆي ئىچىنى تىڭشىدى. ئۆي ئىچى جىمجىت. بوشقىنا تىنىق ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئىمام ئاخۇنۇم كانىيىنى قىرىپ، مۇلايىم ئاۋازدا:

— تۇرداخۇن، تۇرداخۇن! — دەپ چاقىردى.

— ...

— تۇرداخۇن، جامائەت سىلىنى يوقلاپ، مەھەللىلىرىگە كەلدۇق، يۇرتتىكى مويسىپىتلار كۆڭۈللىرىنىڭ پاراكەندە بولغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۆزلىرى بىلەن دىدارلىشىپ، سىلىگە بىر مۇھىم ئىش توغرىسىدا مەسلىھەت سالماقچى. شۇنچە مۆتىۋەر ئادەملەر ئىشىك ئالدىلىرىغا كېلىپ تۇرسا، ئىشىكلىرىنى تاقىۋالسىلا، مۇسۇلمانچىلىقتا تازا ئوبدان بولماسمىكىن؟

— سىلى كىم؟

ئۆي ئىچىدىن بوغۇق ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۈچ كۈندىن بېرى تولا تەلمۈرۈپ، تۇردى رەزگىمنىڭ ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىيالمىغان خەلق بىر - بىرىگە ئۈمىدلىك قاراشتى. ئىمام ئاخۇنۇم جانلىنىپ:

— مەن ئىمام ئاخۇنۇم. جامائەت بىلەن بىرگە سىلى بىلەن دىدار كۆرۈشەي دەپ كېلىشتىم، سىلى بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان مۇھىم بىر ئىش بار ئىدى. ئىشىكلىرىنى ئېچىپ تالاغا چىقسىلا.

ئۆيدىن سادا چىقمىدى. باشقا ھەرقانداق ۋاقىتتا، ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ سۆزىنى ھۆرمەت بىلەن ئاڭلاپ ئېتىقاد قىلىدىغان تۇرداخۇن ئۇنىڭ ئىلتىجاسىنى جاۋابسىز قالدۇردى. ھېچكىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىسا مېنىڭكىنى ئاڭلايدۇ دەپ زور ئىشەنچ قىلغان

ئىمام ئاخۇنۇم سەل بوشىشىپ ، ئۇمىدسىزلىنىپ ، ئۇيلىنىپ قالدى . بىر ئازدىن كېيىن يەنە :
— تۇرداخۇن ، ئۆزلىرى بۇرۇنمۇ ئادەملەرنى ۋاپاسىز دەپ ئۇلارغا ئارىلاشمايتتىلا ، هازىرنىڭ ئۆزىدە تېخىمۇ شۇنداق دەپ ئويلايلا . بۇ يەرگە چىقىشنى خالىمىسىلا ، بىزنىڭ سۆزىمىزنى ئاڭلىسىلا ، سىلى ئۇمۇر بويى ئاچ - يالىڭاچ يۈرۈپ ، ۋەج يىغدىلا ، كۆپ جاپا چەكتىلە ، ئاللاغا تائەت - ئىبادەت قىلدىلا . هېچقانداق چوڭ گۇناهى - كەبىر سادىر قىلمىدىلا ، ئاللانىڭ سىلىدەك مۆمىن بەندىسى بىلەن كۆڭلى يېقىن بولىدۇ . هەدىستە شەرهى قىلىنۇرلەركى ، بىر ئادەم ئۆمرىدە مۆمىنلەرنى رەنجىتمىسە ، ئوغرىلىق ، زىناخورلۇق ، گۇناهى - هاراملاردىن ساقىت بولۇپ ، ئاللا يولىدا تائەت - ئىبادەت قىلىپ ، هالال كۈچ بىلەن ئىشلەپ ، دەپىنە - دۇنيا يىغىپ ، ئەڭ كاتتا ساۋاب تاپماقچى بولسا ، ئۇنى هەرەمگە بېرىپ تاۋاپ قىلىشتەك كاتتا ساۋابقا ئېرىشتۇرگەيمەن ، دېيىلگەندۇر . سىلى ئەنە شۇنداق كاتتا ساۋابقا لايىق مۆمىنلەردىن بولىلا . شۇڭا ، بىز يۇرتتىكى ئەل - جامائەت سىلىنى هەرەمگە ئەۋەتىشكە نىيەت قىلدۇق هەم سىلىنى بۇ كاتتا ساۋاب ئېلىش شەرىپىنى خۇشال هالدا قوبۇل كۆرىدۇ دەپ ئىشەندۇق .
ئىمامنىڭ سۆزىنى هەممە بىردەك :
— شۇنداق ، شۇنداق ، — دەپ تەستىقلاشتى . بىر هازا جىمجىتلىقتىن كېيىن ، ئۆي ئىچىدىن تۇردىنىڭ بوغۇق ئاۋازى ئاڭلاندى :
— ئەگەر ناهىيىنىڭ هاكىمى كەلگەن بولسا ، مەن چىقىپ جامائەت ئالدىدا ئىككى ئېغىز گەپ قىلىۋالغان بولسام...
جامائەت شۇئان تەۋرەپ كەتتى . هەممە بىردەك تۇرداخۇننىڭ هەرەمگە بارىدىغانلىقىغا ئىشەندى . ئۇنىڭ مۇشۇ جامائەت ئالدىدا هاكىمدىن ئۆزىنى هەرەمگە ئەۋەتىشكە دەۋەت ئالماقچى ئىكەنلىكىنى بىلىشتى . ئىمام ئاخۇنۇم ئۆز سۆزىنىڭ بۇ جاهىل ئادەمگە تەسىر قىلغىنىدىن سۆيۈنۈپ ، جامائەت ئالدىدا مەغرۇرلىنىپ ، ئاۋۋال بىر

يىگىتنى «پۈتۈن يېزا خەلقى سىزنى چاقىرىدۇ، ناھايىتى مۇھىم ئىشى بار ئىكەن» دەپ خەت بىلەن موتىسىكلىتنى مىندۈرۈپ يولغا سالدى. ئاندىن كېيىن جامائەتكە ئۆز ئادىتى بويىچە قۇرئانى شېرىپتىن نۇتۇق سۆزلەشكە كىرىشىپ كەتتى. ئالاھەزەل ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندە، كىچىك ماشىنا سىگنال بېرىپ، بۇ يەرگە كېلىپ توختىدى. بۇ چاغدا، تەرەپ - تەرەپتىن توپلانغان ئادەملەر كىچىك يولغا پاتماي، ئېتىزلىقلاردا سانجاق - سانجاق تۇرۇشۇپ كەتكەن بولۇپ، بۇ يەر بەئەينى بىر ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى. ئۇششاق باللار قاغىدەك دەرەخلەرگە قونۇۋالغان بولۇپ، ئەسكى ئۆينىڭ ئىشىكىگە بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ قارىشاتتى.

ھاكىم ماشىنىدىن ھەيرانلىق ئىچىدە چۈشۈپ، كىشىلەرگە كۈلۈمسىرەپ سالام بەردى. تۇردى رەزگىنىڭ ئىشىدىن ئۇنىڭ خەۋىرى بار ئىدى. ئەمما بۇ يەرگە مۇنچىۋالا كۆپ ئادەمنىڭ توپلىنىشىنى ئويلىمىغانىدى. كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى ھاكىم بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، يول بوشىتىشتى. ھاكىم ئىشىك ئالدىغا كېلىپ، ئىمام ئاخۇنۇم باشلىق قېرىلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ، ئۇلاردىن ھال - ئەھۋال سورىدى. ئىمام ئاخۇنۇم ھاكىمنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— ھاكىم ئوغلۇم، سىلىنىڭ كەلگەنلىكلىرى ئۈچۈن بىز بەك خۇشال بولدۇق. خۇدا چىققان دۆۋىلىرىنى تېخىمۇ ئېگىز قىلسۇن، ھەرقاندا بولسا، پۇقرالارنىڭ گېپىنى ئىلىك ئېلىپ كەپلا، بىزنىڭ بۇ يەردە، — ئىمام ئاخۇنۇم ئىشىكنى ئىشارەت قىلىپ، ئاۋازىنى پەسەيتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — تۇرداخۇن دەيدىغان بىر يۇرتلۇقىمىز بار ئىدى. ئۈچ كۈن بولدى، ئۇ نىيىتى يامان بىر كاززاپنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن تۈگىشىپ كەتتى. سىلىگە ھەرەمگە بېرىش ئىلتىماسى بارىكەن.

ئىمام ھاياجىنىنى باسالماي سۆزلەپ كەتتى ۋە بىردىن ئۆزىنى تۇتۇپ، سۆزىدىن توختاپ:

— ھەي تـــۇرداخـــۇن ، ئىشىكـلىرنى ئاچـسىلا ، ھاكىم كەلدى ، — دېدى .

ئىمامنىڭ سۆزى ئاخىرلىشىپ ئىشىككە تەلمۈردى . ھەممە كـۆزلەر ئـەسكى ئىشىككە تىكىلدى . ئادەم دېڭىزى تىمتاسلىققا چۆمدى . خېلىدىن بېرىقى گۈدۈڭ ـ گۈدۈڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ گېپىنى ھېچكىم ئاڭلىغىلى بولمايدىغان غوۋغا بېسىقىپ قالدى . ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن ئاندا ـ ساندا خۇدۇكسىرەپ يۆتەلگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپ قالاتتى . بىردىن ئەسكى ئىشىك غىچىرلاپ ئېچىلدى . كىشىلەر تويى تەۋرەپ :

— ئەنە چىقتى ! — دېيىشىپ كەتتى . ئارقىدا تۇرغانلار بولسا بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ قاراشتى . قاپقاراڭغۇ ئۆي ئىچىدىن تۇردى رەزگى چىقىپ كەلدى . ئىمام ئاخۇنۇم كۆرۈشۈش ئۈچۈن قولىنى تەڭلىـمۈەـدى ، ئۇ قولىنى ئۇزاتمىدى . ئىمام ئاخۇنۇم ئۇنىڭغا تـىكىلىپ قاراپلا قالدى . ئۈچ كۈن ئىچىدە ئاجايىپ ئۆزگىرىپ كـەتـكـەنـىدى . چاپاق بېسىپ كەتكەن كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ ، نۇرسـىـز ، خـۇنـۇك ھالەتتە پىلدىرلاپ قالغان ، ئىككى قوۋزى ئـولـتـۇرۇشـۇپ ، قويۇق چىڭگىلىماچ ساقىلى ئارىسىدىن ياڭاق سـۆڭـكـى چـوقـچـيـيـىـپ چىقىپ قالغانىدى . چىرايى تولىمۇ قـورقـۇنـچلۇق ، سۇرلۇك تۇس ئالغان بولۇپ ، ئۇششاق باللار ئۇنىڭغا بىر قاراپلا ، يۈزىنى تۇتۇۋېلىپ ، قىرقىراپ يىغلىۋەتتى . يـۇرىكالدى ئايالار بولسا : «ۋاي جېنىم ، ئالۋاستىمۇ نېمە بۇ ؟ چـۈشـۈمـگـە كىرىپ قالمىسۇن» دەپ باشقا ياققا قارىۋېلىشتى . كىشىلەر تويى ئارىسىدىكى غەلۋە تۇردى رەزگىنىڭ بوغۇق ئاۋازى بىلەن تەڭلا يەنە بېسىقتى :

— ھاكىم قېنى ؟ مېنى ئالدىمىغانسىلەر ؟

ئۇ شۇنداق دەپ قولىنى تۆت تەرەپكە سوزدى . ھاكىم ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ :

— مـانـا مـەن ھـاكـىـم ، گېپىڭىزنى دەۋېرىڭ ، — دېدى مۇلايىملىق بىلەن ، تۇردى رەزگى ھاكىمنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ :

— ھەي ئىمام ئاخۇنۇم باشلىق جامائەت ، بارمۇسىلەر ؟ — دېدى .
— بىز بار ، ھازىر يانلىرىدا ئىككى ـ ئۈچ يۈز جامائەت بار، — دېدى ئىمام ئاخۇنۇم .
تۇردى رەزگى كانىيىنى قىرىپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن سۆزلىدى :
— ھازىر كۆز ئالدىم سەل سۇزۇلگەندەك قىلىۋاتىدۇ . ئەمما يەنىلا ھېچ نەرسىنى پەرق ئېتەلمەيۋاتىمەن . مۇشۇ مەن قولىنى تۇتۇپ تۇرغان ھاكىممۇ ؟
— ھاكىم شۇ ، — جامائەت بىردەك جاۋاب بەردى . تۇردى رەزگى گېپىنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەي ، بىر ھازا تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، سورىدى :
— ئۆزلىرى ناھىيىنىڭ ھاكىمىكەنلا ، ھاكىم دېگەننى خەلق سايلايدۇ ، خەلقنىڭ دەردىگە يېتىدۇ دەپ ئاڭلىدىم ، بۇ راستمۇ ؟
— راست ، — دېدى ھاكىم .
— مەن ئۆمۈر بويى ھالال ئىشلەپ پۇل يىغدىم ، بۇنى چوڭ بىر ساۋاب ئۈچۈن ، يېمەي ـ ئىچمەي يىغدىم ، بۇ پۇلۇمنى بىر چوڭ كۆپىنىڭ ئىچىدە ساقلىدىم . پۇللىرىم قانچىلىك ، سانىنى بىلمەيمەن ، ئەمما ناھايىتى كۆپ ، تاپقىنىمنى شۇنىڭغا سالدىم . سىلى جاۋاب بەرسىلە ، ئەڭ چوڭ ساۋابنى ھەرەمگە بارسا تاپقىلى بولامدۇ ؟
ھاكىم گەپ قىلىش ئۈچۈن ئاغزىنى قىمىرلىتاي دېيۋىدى ، ئىمام ئاخۇنۇم سۆز ئالدى :
— تۇرداخۇن ، سىلى بۇنداق گەپلەرنى ھاكىمدىن سورىسىلا بولمايدۇ ، ھاكىم دېگەن ساۋابنى باشقا تەرەپتىن سۆزلەيدۇ . ھۆكۈمەت «ساۋاب ، گۇناھ» دېگەن سۆزنى ئىشلەتمەيدۇ ، ھەرەمگە بارسىلا ، ئەڭ كاتتا ساۋابقا ئېرىشىلا .
— شۇنداقمۇ ھاكىم ؟ — تۇردى رەزگى ھاكىمدىن قايتىلاپ سورىدى . ھاكىم سەل ئويلانغاندىن كېيىن ، ياندۇرۇپلا :

— ئۆزلىرى قانداق ئويلايلا ؟ — دەپ سورىدى .

— ھەممە كىشى ھەرەمگە بارغاننىڭ ساۋابىنى كاتتا دېيىشىدۇ ، بىراق ، مەن ئۆمرۈمدە جۇغلىغان ۋەجىمنى باشقا بىر چوڭ ساۋابقا ئاتاپ يىغقانمەن .

ئىمامنىڭ كۆزلىرى چوڭ ئېچىلدى ، خەلق توپى ئىچىدە يەنە ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈلۈپ ، تۇردى رەزگىنىڭ ئۇلاپ ئېيتقان سۆزى بىلەن يەنە توختىدى .

— مەن ياش چېغىمدىلا نۇرغۇن ئادەملەرنى يۇتۇپ كەتكەن مۇشۇ رەھىمسىز دەرياغا كۆۋرۈك سېلىشقا بەل باغلاپ ۋەج يىغقان . پۇلۇم بۇ دەرياغا كۆۋرۈك سالغىلى يېتەمدۇ - يەتمەمدۇ ، ئۇقمايمەن . ئەمدى مەن بولالمىدىم ، شۇڭا بۇ پۇللارنى مۇشۇ جامائەت ئالدىدا ئۆزلىرىگە تاپشۇرىمەن . سىلى خەلقنىڭ ھاكىمى بولغانلىقلىرى ئۈچۈن ، سىلىگە تاپشۇرىمەن . بۇ پۇلنى خەلق ئالدىدا ، مۇشۇ دەرياغا كۆۋرۈك سېلىشقا ئىشلىتىمەن دەپ ، قەسەم بېرىپ ئالىلا ، بولامدۇ ؟

تۇردى رەزگى گېپىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالماي ، كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇپ ، ھالسىزلىنىپ ئىزىدا ئولتۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭ كۆزىگە شىددەتلىك دولقۇن ئىچىدە ئاغدۇرۇلۇپ سۇغا غەرق بولغان كېمە ، ھۆركىرەپ ئېقىۋاتقان قاينام ئىچىگە تارتىلىپ كېتىۋاتقان ئايىمنىسانىڭ سىيماسى كۆرۈندى . ئۇ يەنە زورۇقۇپ ، تىرەجەپ ئورنىدىن تۇردى . خەلق توپى ئىچىدە بىردىنلا يىغا - زارە ئارىلاش ئاپىرىن سادالىرى كۆتۈرۈلدى :

— رەھمەت ئاتاڭغا !... رەھمەت ساڭا تۇردى !... سەن ساۋابنىڭ ئەڭ كاتتىسىنى تاللاپسەن .

ھاكىمنىڭمۇ كۆزىدىن ياش ئەگىدى . ئۇ تۇردى رەزگىنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ :

— رەھمەت سىزگە تۇردىكا ، سىز يۇرت خەلقى ئۈچۈن ئەڭ ئېسىل ساۋابلىق ئىش قىلىپ بەردىڭىز . بىز چوقۇم سىزنىڭ دېگىنىڭىز بويىچە ئىش قىلىمىز . سىز ئەۋلادلار مەڭگۈ

www.uyghurkitap.com

ئۇنتۇمايدىغان ئىشنى قىلدىڭىز ھەم ھەقىقىي ساۋابنىڭ نېمىلىكىنى ساۋاب ئىزلىگۈچىلەرگە كۆرسەتتىڭىز ، — دېدى .

تۇردى ھالسىزلانغان ھالدا بېشىنى ئاستا لىڭشىتتى ، كىشىلەر توپى ئىچىدە تۇردىغا ئاپىرىن ئېيتىشلار ، خۇشاللىق مەدھىيىلەر ئۇزۇلمەي ياڭرىماقتا . تۇردىنىڭ نەپەسلىرى بارغانچە قىيىنلاشتى . پۇلنى يىغىپ ھېسابلاشقا كىرىپ كەتكەن خادىم چىقىپ ھاكىمغا :

— پۇل جەمئىي ئوتتۇز ئالتە مىڭ تۆت يۈز يۈەن ئىكەن ، بەزىسى كونا پۇللار ئىكەن ، — دەپ دوكلات قىلدى . ھاكىم بېشىنى لىڭشىتتى ۋە بۇ ئالۋاستى سىياقىدىكى قورقۇنچلۇق ئادەمگە شۇ تاپتا چەكسىز ھۆرمەت ئىچىدە تىكىلدى . تۇردى ناھايىتى قىيىنىلىپ ، پەس ئاۋازدا :

— مەن بولالمىدىم ، مەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ، مېنى دەرياغا ئېقىتىۋېتىڭلار ، مېنىڭ ئاخىرەتلىك جايىم دەريا بولسۇن ، دەريا مېنى ئۆز قوينىغا تارتىۋالىدۇ ، — دېدى .



# قۇرتلاپ كەتكەن كۆل

## 1

يېزىدا ھەركۈنى ھايات شۇنداق باشلىناتتى : ئاۋۋال مەھەللىنىڭ ھوش - كالىلىسىنى يوقاتمىغان ھاڭگىسىدىن بىرى كىچە يېرىم بولدى دېگەنىنىڭ نىشانىسىنى بېرىپ ھاڭرايدۇ . بۇ ئاۋاز تۈن جىملىقىنى بۇزۇپ ، دېھقانلارنىڭ پاكار - پاكار ئۆيلىرى ، دەرەخلەر ئارىسىدىن ، ئېتىزلىقلار ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ ، يىراقتىن - يىراققا ھەيۋەتلىك ئەكس سادا چىقىرىپ تارايدۇ . ئاندىن خۇددى شۇنى كۈتۈپ تۇرۇشقاندەك ، دورامچۇق ھاڭگىلار ئارقا - ئارقىدىن مۇسابىقىگە چۈشكەندەك ھاڭرىشىدۇ . ئىتلار ، خورازلارمۇ ئۆزىنىڭ سەگەك ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ ، بۇ نەغمىگە قېتىلىدۇ . كېچە جىمجىتلىقىغا چۆمگەن مەھەللە بىردەملىك ھاڭراش ، چىللاش ، قاۋاشلار بىلەن تولىدۇ . ئادەملەر ئويغىنىپ ، تەرەتتىن كېيىن ، ئېغىللىرىدىكى قويلىرىنى ، كالا - ئېشەكلىرىنى ، ئاتلىرىنى بىر يوقلىۋېتىپ ، ئاسمانغا قاراپ ئەسنىشىدۇ - دە ، «يېرىم كېچە بوپتۇ» دېيىشىپ ، يېڭىۋاشتىن ئۇيقۇغا كېتىشىدۇ . ئىلگىرىكى چاغلاردا ، ئەترەت باشلىقلىرى ھاڭگىدىن بۇرۇن ، مەھەللىمۇ مەھەللە قاتراپ ، ئادەملەرنى ئىشقا ھەيدەيتتى . خەقلەر ئەترەت باشلىقىنىڭ توۋلىشىنى يېرىم كېچىنىڭ بەلگىسى قىلىشقانىدى . مانا ئەمدى ئۇنىڭ زۆۋانى ئاڭلانمايدىغان بولدى . پەقەت مەزىن ئەزان ئېيتقاندا ، ئىككىنچى قېتىم ئورنىدىن

تۇرۇشىدۇ، يېڭى بىر كۈنلۈك ھايات باشلىنىدۇ.

بۇ يېزىنىڭ ئىسمى ئاياغقۇم، ئۆزىمۇ ئىسمىغا لايىق قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان. ھەممە يېرىنى نامراتچىلىق قاپلىغان بىر يېزا. بۇنداق بولۇشى ئاياغقۇمغا ئون سەككىز يېزىنى ئاتلاپ، ئېرىقتىن سەل چوڭ، ئۆستەڭدىن خېلى كىچىك بىر ئېقىن سۇ كېلىدۇ. بۇ يەرنىڭ ھەممە يېرى قۇمساڭغۇ، سۇ دەپلا ئاغزىنى ئېچىپ تۇرىدۇ. قانچە سۇ كىرسىمۇ چۆلىدا سۇ توختىمىغاندەك، تەرەپ - تەرەپكە سىڭىپ، ئۈچ يۈز تۈتۈندىن ئارتۇق ئاياغقۇملۇقلارغا توخۇغا دان چاچقانچىلىكمۇ بولمايدۇ. بۇ يېزىدا ئادەملەرنىڭ پۇتلىرى ياز بويى ئاياغ كۆرمەيدۇ. قاپقارا، چاك - چاك ئېتىلغان قېلىن تېرىلەردىن ئوغرى تىكەنمۇ تېشىپ كىرەلمەيدۇ. ئاپتاپتا كۆيگەن، بىر - بىرىدىن سۇرلۇك قارايغان يۈزلەردىن، چوڭقۇر ئورا كۆزلەردىن قىلچە ئارامسىزلىنىش كۆرۈنمەيدۇ. ئاياغقۇملۇقلارنىڭ باللىرى ياز بويى ئۇچىسىغا كىيىم كىيمەيدۇ، ئۇلارنىڭ تومۇز ئاپتىپىدا پىشقان تېرىلىرى ئاتا - ئانىلىرىنىڭ يۈز - كۆزلىرىگە ئوخشاش، مىس قازاندەك پارقىراپ تۇرىدۇ. توپ - توپ بولۇشۇپ يۈرگەن باللار يىراقتىن خۇددى قارا كۆتەكلەردەك كۆرۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ پەقەت چىشلىرىلا ئاپئاق، كۈلگەندە خۇددى كېۋەزلەردەك ئېچىلىپ، كىشىگە يېقىملىق تۇيۇلىدۇ. ئەرلەرنىڭ چىرايىدىن قورقۇمسىزلىقى، جاپاغا پىشىپ قاتقانلىقى، ئەمما بوشاڭلىقىنىڭمۇ ئالامەتلىرى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ. بۇ يېزىنىڭ ئاياللىرى ئورۇق، زىلۋا كۆرۈنگىنى بىلەن، كۆكسى خېلىلا چوڭ كېلىدۇ، زىلۋا بەدەنگە ئاياللىق سالاپەت بېغىشلايدۇ. قىزلىرى تولىمۇ ئوماق كۆرۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ قارا يۈزلىرىدىن ئادەملەرنى جەلپ قىلغۇچى بىر خىل سېھرىي كۈچ ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. تىنىق كۆزلىرىنىڭ بولسا ئېقى خەسىدەك، ئۇزۇن ھەم قارا كىرپىكلىرى بولسا شۇنچە تەبىئىي بولۇپ، ئېتىز قىرىدىكى تەكشى ئۆسكەن قىياقلاردەك سۆلكەتلىك. ئەرلەرنىڭ تولىسى پۇتۇن يازنى بىر قۇر كىيىم بىلەن چىقىرىدۇ، بۇ كىيىملەرمۇ كۆك خالتا

www.uyghurkitap.com

كۆڭلەك ، ئاق شاپاق دوپپا ، ئېغى كەك ، پۆچقىقى قىزلارنىڭ يوپكىسىدەك كېلىدىغان ئازادە تامباللار بولۇپ ، ياماقنىڭ تولىلىقىدىن رەختنىڭ ئەسلىي رەڭگىنىمۇ بىلىشكە بولمايدۇ . ياز بويى چاڭ ـ توزان ، تەرنىڭ دەستىدىن قېتىپ ، ئەيلەنمىگەن كالا تېرىسىدەك تاراقلاپ كېتىدۇ . ئاياللارنىڭ قول ئىلكىدە بارلىرىدا بولسا ، ئىككى ـ ئۈچ ئۇزۇن كۆڭلەك ، رومال ، بىر قانچە چىت تامباللار بولىدۇ .

خالتا كۆڭلەك ئۈستىدىن ھەرخىل يەكتەكلەرنى كىيىپ ، شەمبىزە بەلبېغىغا ئۇزۇن پىچىقىنى ئېسىپ ، باشلىرىغا ئاق دوپپىنى كىيىپ ، قوللىرىنى قولاشتۇرغان ھالدا ، ئالدىغا ئېگىشىپ مېڭىش بۇ يەردىكى ياش ـ قېرى ئەرلەرنىڭ مۇسۇلماندارچىلىقىنىڭ ئەنئەنىۋى نىزامى بولۇپ شەكىللەنگەن . كىمكى قەدىمىنى رۇسلاپ ، بېشىنى ئېگىز تۇتۇپ ماڭىدىكەن ، ئۇنىڭدىن ھاكاۋۇرلۇق ، مەنمەنلىك ، كۆپۈرلۈق ئۆتىدۇ ، جامائەتنىڭ نەزەرىدىن چۈشىدۇ . ئۇنىڭ بىلەن ، خۇدانىڭ نەزەرىدىن يىقىلىدۇ . ئىلگىرى باسمايدۇ ، بىر يېرى سۇنۇپ ، بوينى قاتلىشىپ ئۆلىدۇ . بۇنداقلارنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ساۋابلىق ئىش . شۇڭا ، ھەر كۈنى نامازدىن كېيىن ، سىم ساقال ئابدۇرېشىت ئىمام بىرقانچە ئۆيگە بوسۇغىدىن «بىسمىللا» دەپ ئاتلىمىغان ، ئاشنى «بىسمىللا» دەپ ئىچمىگەن ، چېچىنى ئۆستۇرۇۋالغان ، ساقال ـ بۇرۇتىنى ئېلىۋەتكەنلەر ، تولا كىيىم يەڭگۈشلەپ ، ياشانچۇقلۇق قىلغانلارغا ، بىرەر بالىسىنى موللىغا تۇتۇپ بەرمىگەنلەرگە پەند ـ نەسىھەت قىلغىلى بارىدۇ . ئاۋۋال مەسچىتتە ئىمام ئاخۇنۇم ۋەز قىلىدۇ ، ئۇنىڭدىن كېيىن ، يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان جامائەتنىڭ ئارىسىدىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ ، ئىجازەت سورايدۇ :

— ئىمام ئاخۇنۇم…

— خوش ، قېنى ، — دەيدۇ ئىمام ئاخۇنۇم .

— ماۋۇ ئوسمانكام كۆنچىنىڭ بالىسى داۋۇت ئاخۇن يېقىندىن بېرى سەل تاپتىن چىقىپ كەتكەندەك تۇرىدۇ . قارىسام ، چېچىنى

www.uyghurkitap.com

ئەمدى··· بىر نىمىگە ئوخشاتسام سەت تۇرار ، بەكلا ئۇستۇرۇۋاپتۇ . تار بىر ئىشتان كىيىۋاپتۇ··· ئاندىن··· ئاندىن شەپكە كىيىۋاپتۇ . ئۆزى مۇسۇلمان بالىسى تۇرۇپ ، شۇنداق قىلسا بولامدۇ؟··· بۇنىڭغا بىر نىمە دىمىسەك ، ياش باللار نىمىنىڭ يامان ، نىمىنىڭ ياخشىلىقىنى بىلمەيدۇ . ئاتا ـ ئانىلار ، ئەل ـ جامائەت نەسىھەت قىلايلى ! — دەيدۇ .

شۇ زامان ئىمامنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتىدۇ .

— بۇ تولىمۇ يامان بوپتۇ . بۇ سۆز بەرھەق .

ھەممە جامائەت غۇدۇرىشىدۇ ، ئەتراپىغا قارىشىدۇ . ئۇلار داۋۇتنى مەسچىتتىن ئىزدىشىدۇ . بۇ يەردە ساقال ـ بۇرۇتنى ئالدۇرماسلىقنى ھەممە ئادەم تەشەببۇس قىلىدۇ . ساقال چىققاندىن كېيىن قويۇۋېتىش ئاللانىڭ سۈننىتى ، ساقال ئالدۇرسا ، چاچ قويسا ، شەپكە كىيسە ، ئاتا ـ ئانا ، قارىي ـ مولللارمۇ ، جامائەتمۇ خاپا . شۇڭا ياشلارنىڭ چىرايلىق ساقال ـ بۇرۇتلىرى چاڭگاك يۆگىشىپ ئۆسكەن بولىدۇ . ھەممىيلەن ئۇزۇن يەكتەك كىيىپ ، بەلباغ باغلاپ ، ئېشەك بىلەن ماڭىدۇ . قېرى بىلەن ياشنى پەرق ئېتىش تەس .

## 2

تومۇز ئېيىنىڭ سەھەر ۋاقتى سالقىن بولىدۇ . تۈنۈگۈنكى كۆيدۈرگۈچ ئاپتاپتا تونۇردەك قىزىپ قايناپ كەتكەن قۇم ئارىسىدىكى قازانغا ئوخشاش يېزا ئۈستىدىن كەچكىچە سۈس ھور كۆتۈرۈلگەنىدى . پۈتۈن يېزا كېچىچە سوۋۇپ ، سەھەردە ئىنتايىن سالقىن ھاۋاغا تولدى . قۇملۇقتىن يەنىلا ئىسسىققا مايىل بىر خىل قۇرغاق شامال يولدا ئالدىراش مەسچىتكە قاراپ ماڭغان ئادەملەرنىڭ يۈزلىرىنى ، قېلىن ساقال ـ بۇرۇتلىرى ئارىسىدىكى دۇرۇت ئوقۇپ ماڭغان قۇرۇغان كالپۇكلىرىنى يۇمشاق سۆيۈپ ئۆتىدۇ . ئۇلار كېتىۋېتىپ ، قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ سالاملىرىنى ئىلىك ئېلىپ ،

قوللىرىنى ئىككى قوللاپ چىڭ سىقىپ ، يۈز ـ كۆزىگە سۈرتۈشۈپ ئۆتىدۇ . بىر ـ بىرىگە ئېگىلىشكەندە ، قېتىپ قالغان تەنلىرى تېخىمۇ ئېگىلىپ ، قاڭشارلىرى تىزلىرىغا تەگكۈدەك بولىدۇ .

ئاياغقۇمدا ئۈن قويى ، ئىككى كالىسى ، بىر ئېشەك هارۋىسى ، بىر ئات ، بىر رادىئو ، تۆت تاغار بۇغداي ، ئالتە تاغار قوناق ئۇنى بار ئادەملەر باي سانىلىپ رويخەتكە پۈتۈلىدۇ . بۇ ئەمەلىيەتتە هەربىر ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك كۈندىلىك لازىمەتلىك بولسىمۇ ، بۇلار بۇ يەردە بايلىق هېسابلىنىپ كېتىدۇ . بۇنداقلار ئاز تېپىلىدۇ . يازلىق بۇغداي خامىنى ئالغاندا ، هەر چارەككە بىرمۇنچە زاكات ئايرىپ ، ئىمام ، قارىي ، مەزىنگە بېرىلىدۇ . ئۇنىڭدىن ئاشقىنى هۆكۈمەتنىڭ غەللىسى ، تاغاردا قالغىنى ئۆزىنىڭ بولىدۇ . چۈنكى مەهەللىگە ئېقىپ كېلىدىغان سۇ تايىنلىق بولۇپ ، سۇ ئاۋۋال سېكرېتارنىڭ ، ئاندىن كەنت باشلىقى ، ئەترەت باشلىقى ، مىراب ، بوغالتىر ، ئاندىن ئىمام ، قارىي ، مەزىنلەرنىڭ يېرىگە قويۇلىدۇ .ئۇنىڭدىن كېيىن ، دېهقانلارغا نۆۋەت كېلىدۇ . بۇ چاغ سۇنىڭ نۆۋىتى قىستاپ كەتكەن بولغاچقا ، دېهقانلار ئۆستەڭ بېشىدا كېچە ـ كۈندۈزلەپ تۈنەيدۇ . ئۆستەڭ بېشى جېدەل ، قان ئېقىشلار ، يىغا ـ زارىلەر بىلەن تولىدۇ . هەربىر ئېتىزغا قۇرۇق ئۇن سەپكەندەكلا سۇ كىرىدۇ ، قاغجىرىغان زىرائەتلەر ئەنە شۇنداق سۇغىرىلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ، بۇغدايلار بىر قېتىملىق كەنجى سۈيى بىلەن ، يەردىن بىر يېرىم غېرىچ ئاران كۆتۈرۈلۈپلا سارغىيىپ ، تەستە چىمەلتەكتەك باش چىقىرىپلا پىشۋالىدۇ . بۇ دانلار خامان سورۇغاندا ، كۈچلۈك شامال بىلەنلا قوشۇلۇپ ئۇچۇپ كېتىدۇ . شۇڭا ، دېهقانلار شامال بەكرەك چىقىپ قالسا ، خامان سورۇمايدۇ .

ئاياغقۇملۇقلارنى باشقا كەنتلىكلەر نامرات دەيدۇ . ئەمما ، ئۇلارنىڭ بىر ئىشىدىن كارامەت هېس قىلىشىپ ، ئاغزىلىرى ئېچىلىپلا قالدى . ئاياغقۇملۇقلار بىر كىيىمنى بىر يىل كىيىپ ، يالاڭ ئاياغ يۈرىدۇ . لېكىن توخۇ بېقىپ ، تۇخۇم سېتىپ يىغقان پۇللىرىغا هەممىنى هەيران قالدۇرۇپ ، قۇم ئۆستىڭگە بىر مەسچىت

سالدى . مەسچىت دەرۋازىسىنى بەش گەز كەڭلىكتە ، مۇنارنى ئون ئىككى گەز ئېگىز قىلىپ ، پىششىق خىشتا چىقاردى . ھەرخىل نەقىشلەرنى ئويدۇردى . ئاياغقۇم تارىخىدا ھېچكىم بىر تال پىششىق خىش ئىشلىتىپ باقمىغانىدى . مەسچىتنىڭ بەش مولۇق دائىرىدىكى تېمىنى قەشقەردىن پىششىق خىش ئەكېلىپ قوپاردى . ئەر ـ ئايال ، باللار ھەممىسى ساق ئۈچ يىل ھارغان ـ ئاچقانغا قارىماي ياسىدى . يىللار ، ئەسىرلەر داۋامىدا قاغجىراپ ياتقان قۇم ئۈستىدە كۈمۈش ئايلىرى پارقىراپ تۇرغان ھەيۋەتلىك مەسچىت مۇنارىسى قەد كۆتۈردى . ھەممە يۇرتنىڭ جامائەتلىرى ئاياغقۇملۇقلارنىڭ كارامىتىگە باركاللا ئېيتىشتى ، مۇبارەكلەشتى ، بىر چاغلاردا داجەيدىن ئۆگەنگەندەك ، ھەممە جايلار ئاياغقۇملۇقلارنى ئۈلگە قىلىپ ، مەسچىتلىرىنى باشقىدىن ياساشقا كىرىشتى ، ئېگىزلەتتى ، خام خىشتا ياسىغان بولسا ، پىششىق خىشقا ئۆزگەرتتى ، سىدام بولسا ، سىرلاپ نەقىشلىدى . پۇقرالار يانلىرىدىن پۇل چىقىرىپ ، مۇلۇكلىرىنى پۇل قىلىپ ، مەسچىتكە تاپشۇردى . ئېتىز ئىشلىرىنى تاشلاپ ، ئاياغقۇملۇقلاردەك ، قەشقەرنىڭ زاۋۇت خىشلىرىنى ، بىناكارلىق ئۇستىلىرىنى ، نەققاشچىلارنى تەكلىپ قىلىپ ، مەسچىت ياساشقا كىرىشتى . كىشىلەر ئېڭىدا مەسچىتنىڭ كۆركەم بولۇش ـ بولماسلىقى شۇ يەرلىكلەرنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيى ، باي- لىقى ، مۇسۇلمانچىلىقىنىڭ چىڭلىقىنى ئايرىشنىڭ بەلگىسى بولدى . ئاياغقۇملۇقلار ئۆزلىرىنى پەخىرلىك ھېس قىلىشتى . ئۇلار كىمگىلا ئۇچرىسا ، پالانى يەرلىك بىزنى دوراپ ، پۇستانى يەردىن ئىلمى چوڭ داموللامنى تەكلىپ قىلىپ ، مەسچىتى ئۈچۈن مەسلىھەت سوراشتى دەپ ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئۇلۇغ ئىجادىيىتىدىن ماختىنىشتى ، ئۆزلىرىنىڭ نامرات بولسىمۇ ، مۇسۇلمانچىلىقتا ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىدىن ماختىنىشتى .

جىن چىراغنىڭ ئاجىز نۇرى مېھراب يېنىدا ئولتۇرۇپ قۇرئان ئوقۇۋاتقان يوغان سەللىلىك ئابدۇرېشىت ئىمامنىڭ قارامتۇل چىرايىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى . ئۇنىڭ قىسىلغان كۆزلىرى

قولىدىكى ئۇلۇغ مۇقەددەس قۇرئانغا تىكىلگەن . ئېڭىكىدىكى شالاڭ بىر تۇتام ساقىلى ، جاۋغىيىنىڭ ئۈستىگىلا ئۇنۇپ قالغان بۇرۇتى ئاغزىنىڭ قىمىرلىشىدىن تىترەپ تۇراتتى . كىشىلەر ئەسلىي بۇ ئادەمنى ئىماملىققا سايلىغىلى ئۇنىمىغان ، بىرىنچىدىن ، بۇ ئادەم كىتاب كۆيدۈرۈش يىللىرىدا ، ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىدا مېڭىپ ، قۇرئان ، ھەپتىيەكلەرنى كۆيدۈرگەن . «ناماز ئىشى يوقنىڭ ، روزا ئېشى يوقنىڭ» دەپ ۋارقىراپ يۈرگەنىدى . ھەتتا ئىسيانچىلار بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرگە بارغاندا ، بىر زىياپەتتە بىر كاتتىباشنىڭ قولىنى ياندۇرماي ، ھاراق ئىچىپتۇ ، دېگەن گەپلەر تارقالغان . مانا مۇشۇ ئىشلار كىشىلەرنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەيدۇ ؛ ئىككىنچىدىن ، بۇ ئادەمنىڭ ساقىلىنىڭ تايىنى يوق . ئەمما سايلىماي ئامال بولمىدى . بىرى ، ئۇ كېيىنكى چاغلاردا ، بوينىغا قارا ئارغامچا سېلىپ ، پۈتۈن يۇرت ئالدىدا ھۆڭرەپ يىغلاپ ، تۇۋا قىلىپ ، گۇناھىنى تىلەپ تۇرۇۋالدى ؛ يەنە بىرى ، ئۇ ئەپلەپ يۈرۈپ ، سىياسىي كېڭەشتىن مائاش يەيدىغان بولۇۋالدى ؛ ئۈچىنچىدىن ، ئابدۇربېشىت ئىمام ئاپاق خوجىنىڭ ئەۋلادى بولغىنى ئۈچۈن ، كىشىلەر ئاللا ئۇنىڭ ھەرقانچە ئېغىر گۇناھى بولسىمۇ ، كەچۈرۈم قىلىدۇ ، دەپ سايلىغانىدى . يېزا بويىچە بىرلا ئادەم ئۇنىڭغا باشتىن ـ ئاخىر ئۇچۇق ـ ئاشكارا قارشى تۇرۇپ كەلدى . سايلىمىغاننىڭ ئۈستىگە ، نامازنى ئايرىپ ، ئۆزى يالغۇز مەسچىتنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئوقۇيدۇ . ئوقۇپلا ، ئۇنىڭ تەپسىرلىرىگە قۇلاق سالماي چىقىپ كېتىدۇ . بۇ ئادەمنىڭ ئېتى مۇھەممەتئىمىن سەيدىن بولۇپ ، قىرىق ياشلارنىڭ چامىسىدا ، ۋىجىك ، قارا ساقال ، قارا قويۇق قاشلىق ، كۆزلىرىدىن بىر خىل تەلۋىلىك چىقىپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ . جامائەت دەسلەپ ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك قىلدى ، نەسىھەت قىلىشتى ، ئەمما ئۇمۇ بوش كەلمىدى : «ئاللا ھەممە گۇناھنى مەغپىرەت قىلىدۇ ، ئەمما مۇناپىقنى كەچۈرمەيدۇ . سىلەر مۇناپىقنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ناماز ئوقۇۋاتىسىلەر» دەيدۇ . خەق ھەر قېتىم ئۇنى كۆرگەندە ، بىر قېتىم غىق بولىدۇ . ئاخىر ئۇزاق

www.uyghurkitap.com

يىللىق ئەنئەنە بويىچە: «ھەممىنى ئاللاغا تاپشۇردۇق، ئاللادىن بۇيرۇقسىز قىل تەۋرىمەيدۇ. نىيىتىمىز پاك ئادەممىز، ئاللا قوبۇل قىلار» دەپ ساددا كۆڭۈللىرى بىلەن، ئىمامغا ئەگىشىپ ناماز ئوقۇيدۇ. ئۆزلىرى بىلىپ قىلىشقا چامى يېتمىدىغان ئىشلارنىمۇ ئاللاغا قويۇشىدۇ. مۇھەممەتئىمىن سەيدىن بۇ ئادەملەرنىڭ نادانلىقىغا ئەپسۇسلىنىدۇ. بىر تۇرۇپ كۈلۈپ كېتىدۇ، يەنە بىر تۇرۇپ غەزىپى كېلىدۇ، ھەممە ئادەم نامازدىن كېيىنلا ئاللاغا يېلىنىپ، بالا - قازانى نېرى قىلىشنى، تۆھمەتتىن ساقلاشنى، بايلىق، ئىنساپنى تىلىسە، مۇھەممەتئىمىن سەيدىن ئۇپراپ بۇغدايدەك قالغان چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ:

— ئى، ھەممىگە قادىر ئاللا، يۇرتقا پاك ئىمام، ۋىجدان، دىيانەت بەرگەيسەن! ئاشۇ تەمبەل ئەرلىرىڭنى لامزەللىكتىن، غاپىللىقتىن ساقلىغايسەن! بەدىنىدە قۇرۇپ سېسىپ كېتىۋاتقان كۈچىنى ھالال ئىشلىتىشكە جۈرئەت ئەيلىگەيسەن! — دەپ دۇئا قىلىدۇ، جامائەت ئۇنىڭ نېمىدەپ دۇئا قىلغىنىدىن گۇمانلىنىشتى، سوراشتى. ئاخىر بۇنىمۇ بىلىۋالدى، بىلىپ ھەممىسى توۋا دەپ ياقىسىنى چىشلەپ كۈلۈشتى.

— مۇھەممەتئىمىن سەيدىن كارامەت خىسلەتلىك مۇسۇلمان - دە! — دېيىشىدۇ ئۇلار. كۆڭۈللىرىدە، ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەنسىمۇ، بۇنى ئاللانىڭ راۋا كۆرۈشىگە ئىشەنمەيدۇ. چۈنكى ئىمامنىڭ ھەرقانداق تەپسىرىدە بۇنداق ئادەملەر «جوھۇت» ئاتىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن، جامائەت مۇھەممەتئىمىن سەيدىننىڭ تېگى - تەكتىدىن گۇمان قىلىشتى. ئەمما ئۇيغۇرلار ئىككى ئەجدادىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكىنىڭ كىملىكىنى بىلمەيدىغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۇنىڭ قايسى ئۇرۇقتىن ئىكەنلىكىنى ئايرىيالمىدى. راست جوھۇتمىدۇ دېسە، ناماز، روزىنى قازا قىلىپ باققىنىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، بۇ مۇسۇلمان خۇدادىن باشقا ھېچنېمىگە ئېتىقاد قىلمايدۇ. ئۆزلىرىگە ئوخشاش خوجىلارغا مۇرىت ئەمەس. ئىشان دەپ قىزلىرىنى ھەدىيە قىلمايدۇ. ھەرقايسى

مازارلارغا بېرىپ ئۆلگەنلەرنىڭ ئەرۋاھىدىن بالا تىلىمەيدۇ . ئۇلار ئاخىر مۇھەممەتئىمىن سەيدىنىنى مېڭىسىنىڭ سۈيى بار مەلئۇنغا ، خىيالى بويىچە ئىش قىلدىغانغا چىقىرىۋېتىشتى .

— ئىمام ئاخۇنۇم ، بامدات ۋاقتى بولدى ! — يېشى ئەللىككە بېرىپ قالغان سوپى مەزىن كانىيىنى قېقىپ قويۇپ ، ئىمامغا چەكسىز ھۆرمەت بىلەن دېدى . ئىمام قىسىلىپ كەتكەن كۆزلىرىنى تەستە ئاچتى ، باياتىن بېرى كىرگەن ھەربىر ئادەمگە قول بېرىپ ، سالامىنى قوبۇل قىلىپ ئولتۇرغانىدى . ئۇ جايىدىن قىمىر قىلماي قولىنى بېرىپ ئولتۇرغان بولسىمۇ ، خېلىلا ھالسىزلاندى ، بۇ كۆرۈشۈشلەردىن كۆڭلىدە بىزار بولسىمۇ ، جامائەتنىڭ ئۆزىنى تاۋاپ قىلىشىدىن ئىبارەت چەكسىز لەززەتنىڭ مېھرىدىن كېچەلمەيدۇ . شۇڭا ئۇ ئازابلارغا بەرداشلىق بېرىدۇ .

— مەزىناخۇنۇم ، قېنى ئەمىسە باشلىسىلا ، — دېدى ئىمام گېلىغا يىغىلىپ قالغان بەلغەمنى يۇتۇۋېتىپ . بۇ چاغدا ، مۇھەممەتئىمىن سەيدىن بامداتنى ئاللىقاچان ئوقۇپ بولغانىدى . مەزىن مېھراب تەكچىسىدىكى ساپال چىراغنى مەسچىتنىڭ شىمال تېمىغا ئېلىپ ماڭدى . ئۇزۇن تونىنىڭ پېشىدىن چىقىپ تۇرغان پۈتى يەرگە سېلىنغان بورىنى دىرىسلىتىپ دەسسەيتتى ، تاڭ خېلى سوزۇلۇپ قالغان بولسىمۇ ، مەسچىت ئىچى تېخى تولۇق يورۇپ بولالمىغانىدى . ئۇ شىمال تامدىكى چوڭ چاقماق سىزىقلىق ئاق قەغەزنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى . ياي بولۇپ ئېگىلگەن بېشىنى سەل تۈزلەپ ، يۇقىرى كۆتۈردى ، قويىنىدىن قارا قەلەمنى چىقاردى . بىر - ئىككى قۇرۇق يۆتەلگەندىن كېيىن ، غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازدا يوقلىما قىلىشقا باشلىدى . يېقىندىن بۇيان ، مەسچىتتە نامازغا يوقلىما قىلىش تۈزۈمى بەلگىلەندى . ئىمام كىم نامازغا كەلمىدى ، نېمە سەۋەبتىن كەلمىدى ، بۇنى سوراپ بىلىدۇ ، ئاغرىپ قالغان بولسا ، يوقلاپ بارىدۇ . مۇھەممەتئىمىن سەيدىن يوقلىمىدىن ئۆتۈپلا ، مەسچىتتىن چىقىپ كەتتى . ئىمام ئادىتى

www.uyghurkitap.com

بويىچە قىسىلغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مىڭبىر قارغىش بىلەن تىكتى. يەنە بىر ئەلەم يۇتتى.

## 3

يېزىنىڭ ھەممە تەرىپىدە ئېگىز - پەس چوقچىيىپ تۇرغان قۇملۇقلار، قۇملۇقلاردا پاكار يۇلغۇنلارنىڭ چېچىلىپ تۇرغان پۆپۈكلىرى تۇزنىڭ قۇيرۇقىدەك ساڭگىلىغان. خادا قومۇشلار سەھەرنىڭ سالقىن شامىلىدا بوش ئىرغاڭلاپ تۇرىدۇ، قۇم باغرىلىرىدا پاكار قارا قومۇش، يېشىل پىچانلار، كۆك يانتاق ئۆسكەن. قۇرۇق توپا ئېقىپ تۇرغان ھارۋا يولىدىمۇ شۇنداق، سالقىن شامال مورىلاردىن چىقىۋاتقان ئىسلارنى قۇملۇق ئۇستىدە ئۇچۇرۇپ يۈرىدۇ. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى پاكار شالاڭ بۇغدايلار سارغىيىپ كەتكەنىدى. يەر چاك - چاك يېرىلغان بولۇپ، يېرىقلىرىدا ئۆمۈچۈك، چېكەتكە، چاشقانلار ئۇۋا سالغان، قومۇش چىڭگىلىك بېسىپ كەتكەن يول بويىدىكى ئېرىقلار قىرىدىكى تېرەكلەرنىڭ تەڭگىدەك ياپراقلىرى تومۇز بولماي تۇرۇپ سارغىيىپ، غازاڭغا ئايلىنىشقا باشلىغانىدى. يەردىن ئەمدى بېشىنى كۆتۈرۈپ، يىگىلەپ قالغان زىرائەتلەر كىشىنىڭ روھىنى چۈشۈرىدۇ. قاغجىراپ كەتكەن قۇمساڭغۇ سېغىز توپىلىق يولدا قوي، كالىلارنى ئەگەشتۈرگەن ئاياللار، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ۋاڭ - چۇڭ سېلىشقان باللار، ئىتلار چاڭ - توپا توزىتىپ، يېزىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى سۆگەت بىلەن ئورالغان كۆلگە قاراپ ماڭدى. بۇ كۆل ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، كولانغىنىغا ئاتمىش يىلدىن ئاشقانىدى. ئۇنى قاسىم باپكار دېگەن ئادەم كولاتقان بولغاچقا، كىشىلەر بۇ كۆلنى «باپكارنىڭ كۆلى» دەپ ئاتىشاتتى. بۇ يېزىنى كۆكلىتىپ تۇرغان پەقەتلا مۇشۇ باپكارنىڭ كۆلى ئىدى. كۆلنىڭ تېگى چوڭقۇر بولغاچقا سۈيى قۇرۇمايدۇ. كۆلدە قويۇق خادا قومۇشلار، لەش، جامكا ئۆسكەن. يۇمران ئىنچىكە

يوپۇرماقلىق سۇ ئۆسۈملۈكى ئارىسىدا، ئۇششاق قىزىل قۇرتلار، قۇمچاقلار توپ ـ توپ بولۇشۇپ ئۈزۈشۈپ يۈرۈشىدۇ. تىكەنلىك، چاقىقان، ياپىلاق ناۋات رەڭ كېپىنەكسىمان بىرخىل قۇرت ئىنچىكە كالتە بۇرۇتىنى قىمىرلىتىپ، قانىتىنى بىر كېرىپ، بىر يىغىپ تۈگۈلۈپ ئۈزمەكتە. پوقىقى لىپىلداپ تۇرغان قېرى چار پاقىلار قول ـ پۇتلىرىنى سەت كېرىشىپ، بىردە قىرغاقتا، بىردە كۆلچەكنىڭ ئوتتۇرىسىغا قاراپ ئۈزۈشۈپ، جامكىلارنى چالغىتىپ يۈرۈشەتتى. كۆلدىن چىقىۋاتقان نەم پۇراق پۇتون يېزا بويىچە مۇشۇ كۆل بويىدىلا سالقىن هاۋا پەيدا قىلغانىدى. يېزا بويىچە، مۇشۇ كۆل بويىدىكى قېرى سۆگەتلەرنىڭ ياپراقلىرىلا قارامتۇل، يېشىل ياشىرىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن ئوتتۇز قەدەم نېرىدىكى ئۆرۈك، شاپتۇللارنىڭ يوپۇرماقلىرى ساپسېرىق بولۇپ پۇرلىشىپ قۇرۇپ كەتكەنىدى. هەر يىلقىدەك، هازىرمۇ سۇ ئازىيىپ، كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كۆلچەك پەيدا بولغان. كۆلچەكتە جامكا، قومۇش، قۇرت، قۇمچاق، پاقىلار مىغىلداپ كەتكەنىدى. ئەتىگەندە، كۆلنىڭ بويى بازار بولۇپ كەتتى. كالا، قويلار كۆل ئىچىگە چۈشۈپ، سۇنى كۆرۈپ، مەرەپ، مۆرەشكىلى تۇردى. قېرى سۆگەتكە باغلانغان ئېشەكلەر بىر ـ بىرىنى كۆرۈپ، سۇغا ئالدىراپ، خىتىلدىشىپ هاڭراشقىلى تۇردى. يالىڭاچ باللار بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ چۇرقىراشقا باشلىدى. بەزىسى قويلىرىنى قوغلاپ يۈرۈشەتتى. ئاياللار كۆل بويىدىن پۇت قويغۇدەك يەرنى ئېگىلەپ، نوگايدا سۇ ئېلىپ، چېلەك، قاپاقلىرىغا قۇيغىلى باشلىدى. باللار ئۇلاغلىرىنى سۇغىراتتى. كېيىن كەلگەنلەر نۆۋەت كەلگۈچە پاراڭ سېلىشىپ قارىشىپ تۇراتتى.

— بۇ يىلزە، سۇ بۇلتۇرقىدىنمۇ قىس بولدىمۇ دەيمەن، خۇدايىم، — دېدى هەلىمىخان قاپاقنى يەرگە قويۇۋېتىپ، ئۇ داستىخاننى قولتۇقىغا قىسقاندا، يىرتىق كۆڭلەك ئىچىدىكى كۆكسى لىغىرلاپ كەتتى. هەلىمىخان ئوتتۇزدىن ئاشقان جۇۋان ئىدى، ئۇ ئانچە چىرايلىق ئەمەس ئىدى. شۇنىڭغا باقماي، داۋاملىق قېشىغا

دەمدەك ئوسما قويۇپ ، ئەرلەرنى ئۆزىگە بەكرەك قارىتىشتىن لەززەتلىنىپ يۈرىدىغان چوكان ئىدى .

— شۇنداق بولماستىكى ئەمسە ، بۇلتۇر مۇنداق چاغدا كۆلدە لىق سۇ بار ئىدى ، مۇنداق ئۆچىرەت تۇرۇپ كەتمەيتتۇق . كۆلدە هاشاراتلارمۇ ئاز ئىدى ، بۇ يىل نېمە بولۇپ كەتتى ؟ بۇلتۇر ھەممە ئادەم بۇغداينىڭ كەنجە سۈيىنى قىر چۆكۈرۈپ قاندۇرۇپ قويۇۋالغان ، بۇغدايمۇ ئوخشىغان ، ئۆرۈك ، ئالمىمۇ خېلى سۇلۇق پىشقان . بۇ يىل خۇدا ئۇردى بىزنى ! — دېدى قىرىنقلارغا بېرىپ قالغان ئايشەمخان قۇرۇغان كالپۇكىنى يالاپ قويۇپ .

— بۇلتۇر بۇغداينى بىر قېتىم بولسىمۇ قاندۇرۇپ سۇغارغاچقا ، بۇغداينىڭ بويى تىزغا كەلگۇدەك ئۆسۈپ ، دان تۇتۇپ پىشقان . بۇ يىل يەردىن بىر غېرىچ كۆتۈرۈلۈپلا ، باش تارتىپ پىشىۋالدى . مەن بۇلتۇر غەللىگە هۆددە يەرنىڭ بۇغدىيىنى چىقىشتۇرۇپ بولالماي ، قالدۇرۇق يەرنىڭ بۇغدىيىنى قوشۇپ ئۆتكۈزدۈم . بىر قوي سېتىپ ، يېگىلى بۇغداي ئالدىم . كېۋەز ۋەزىپىسىگە بولسا موزاينى ساتتىم ، ئەمدى بۇ يىل قانداق قىلىشىپ كېتەرمىز كىن ـ تاڭ ؟ — دېدى هېزىمخان ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ . ياخشى يېرى ، ئاياغقۇملۇقلارنىڭ چارۋىسى ئاينىپ بارماقتا ئىدى . شۇڭا هەريىلى قويدىن نەچچىنى سېتىپ ئاشلىق ئېلىشىدۇ . ئەمما ئۆزلىرى يىل بويى تۆت سەر ماي ، بىرەر جىڭ گۆش يېمەي ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ .

— بۇ يىلمۇ يېزا باشلىقى ، مىرابلارغا يېگۈزگەن قوي ، بەرگەن ياغاچ ئاز ئەمەس ، — دېدى بىر موماي ئەسنەپ تۇرۇپ .

— هامان بولىدىغان ئىش بولدى . هۆكۈمەت بۇ يىل غەللىسنى كېمەيتەر ؟ ئەمما ـ زە ، دەرەخلەر قۇرۇپ كەتسە ، قانداق قىلارمىز ؟ ئەڭ يامىنى ، بىز ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلمىسەك بولاتتىغۇ ! — دېدى هەمشىرىخان . بۇ ئايال يېشى قىرىنقلارغا تاقاپ قالغان ، جاچلىرىغا ئاق ئارىلىغان زىۋال بويلۇق ئايال ئىدى . ئۇنىڭ بۇرۇن گۈزەل ئىكەنلىكىگە هېلىمۇ گۇۋاهلىق بېرىپ تۇرغان

ئىنچىكە ئەگمە قاشلىرى بىلەن قاپقارا ، چوڭقۇر كۆزلىرىدىن جاپاكەش ، باغرى يۇمشاق ، ساددا ئايال ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى . ئۇ كىيىن قالغانلار قاتارىدا ، قولىدا ياغاچ سوغىنى تۇتۇپ تۇراتتى . ئۇنىڭ كەينىدە ، ئانىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان ، ئون ئالتە ياشلىق ، قارا قۇمچاق ، ئېگىكى ئۇزۇن ، ئاغزى كىچىك ، ئاستىنقى لېۋى قىزىرىپ پىشقان مۇناقىدەك سۇزۇلۇپ چۇشكەن ئوماق قىز نۇسرەت كونا داستىخان بىلەن قاپاقنى تۇتۇپ تۇراتتى . ئۇنىڭ قايرىما كىرپىكلىرى ، قاپقارا كۆزلىرى ، كەڭ پېشانىسىدىن ئادەمنى مەھلىيا قىلغۇچى نۇر يېغىپ تۇراتتى . زىلۋا بويىغا چىپپىدە كەلگەن ناۋات رەڭ چىت كۆڭلىكى ئۇنى پەرىدەك نازاكەتلىك كۆرسىتەتتى . قاپقارا تىنىق كۆزلىرى ئاياللار بەس ـ بەستە سۇ ئۇسسۇۋاتقان كۆلچەككە تىكىلگەنىدى . نوگايلار توختىماي كۆلچەككە پاتۇرۇلىدۇ . جامكا ، لوجىلەر توختىماي چالغىپ ، سۇزۇك سۇنى داۋالغۇتۇپ تۇرىدۇ . قۇرتلار شۇنچە كۆپكى ، خۇددى كۆلچەككە رەڭلىك گازىرلارنى چېچىۋەتكەندەك قىمىرلىشىپ يۈرىشىدۇ . سۇ تېگىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان قۇمۇش كۆتىكى قاپقارا سېسىغان ، ئۇنىڭدا پاقا ياپرىقىدەك بىرخىل بۇژغۇن لەشلەر سۇ بىلەن تەڭ تەۋرەپ لىپىلداپ تۇرىدۇ . نۇسرەتنىڭ دائىم مۇشۇ كۆلچەكنى كۆرسە كۆڭلى ئېلىشىدۇ . سېسىق جامكا تېتىيدىغان لاۋزا سۇ ، كۆلدە ئۇزۇن قۇمۇش جامكىلار كۆپ . كۆلگە يىل بويى سۇ كىرمىسىمۇ سۇيى تۈگىمەيدۇ . چوڭلار ئاشۇ جامكىنىڭ بولغىنىدىن سۇ سىڭىپ كەتمەيدۇ ، دېيىشىدۇ . ئىشقىلىپ قۇم تونۇرى ئىچىدە تۇرۇۋاتقان مەھەللىنى مۇشۇ پاسكىنا كۆل تۇزىتىۋەتمەي ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ . ئۇ ئادەملەرنىڭمۇ ، ھايۋانلارنىڭمۇ ، ئوت ـ چۆپ ، دەل ـ دەرەخلەرنىڭمۇ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرىدۇ . يىل بويى بىكار يۈرىدىغان ئىتلارمۇ قۇملۇقتا كىرىپە ، قىرغاۋۇل تۇتۇپ يەپ ، ئىچى قىزىپ كەتسە ، ئۇزۇن تىللىرىنى چىقىرىپ ، كۆل سۇيىنى راھەتلىنىپ ئىچىدۇ . نۇسرەتنىڭ يادىغا مۇشۇ ئىش چۈشسىلا ، كۆڭلى ئېلىشىدۇ ، بىر قېتىم ئۇ چوڭ

دادىسىدىن سورىدى :

— ھالال ، ھارام دەپ ئايرىيدىكەنمىزيۇ ، باپكارنىڭ كۆلىدىن بىزمۇ سۇ ئىچىدىكەنمىز ، ئىت ، ئېشەكمۇ ، قۇرت ـ قۇمچاقلارمۇ سۇ ئىچىدىكەن . كۆلدىن يەنە بىرنى كولىساق ، بىرىدە ھايۋانلار ، بىرىدە ئادەملەر سۇ ئىچسە بولمامدۇ ؟

ھارۇن بوۋاي قىزىل جىيەك ، كىرپىكسىز ، چاپاق كۆزىنى ھايرانلىق بىلەن نەۋرە قىزىغا تىكتى . كىرلەشكەن ساقىلىدىكى چاپلىشىپ قالغان نان ئۇۋاقلىرىنى ئالىقىنىغا ئاستا سىيرىپ چۈشۈرۈپ كاپ ئەتكەندىن كېيىن ، خۇشياقماسلىق بىلەن جاۋاب بەردى :

— سەن گۆدەك ـ تە ، بالام . كۆلدە شەك يوق ، كۆلگە شەك كەلتۈرسەك ، كۇپۇرلۇق بولىدۇ . خۇدا مۇشۇ يۇرتقا بەرگەن رىزقى ـ نېسىۋىنى ھەممە جان ـ جانىۋارلارغا تەڭ بەرگەن ، بىرىنىڭ رىزقىنى بىرى يېيەلمەيدۇ . خەق باشقا يەرگە كۆل كولاپ باققان ، ئەمما سۇ تۇرمىدى . خۇدا ئاشۇ باپكارنىڭ كۆلىگىلا بىز ئاياغقۇملۇقلارنىڭ رىزقىنى چاچقان .

ئاياغقۇمدا تاملىرى قۇشقاچ پوقلىرى بىلەن تولغان ، ئەتراپىنى قومۇش باسقان چوڭ بىر ئۆي بار . ئۆي ئىچىگە تۆت قاتار سىڭايان سۇنۇق ئورۇندۇقلار تىزىلغان . بۇ ئۆيدە بىرىنچى سىنىپتىن بەشىنچى سىنىپقىچە بولغان ئوقۇغۇچىلار ئوقۇيدۇ . ھەر سىنىپقا بەشتىن ئالتىگىچە بالا تەۋە . بىر مۇئەللىم ئەتىگىنى ئاش ۋاقتىدا كونا ۋېلىسىپىتتە كېلىپ ، پېشىنگىچە دەرس ئۆتۈپ ، باللارنى قويۇۋېتىپ كېتىدۇ . ئاشۇ مەڭزى قىزىل ، سېرىق چاچ ، كۆكۈش كۆزلۈك مۇئەللىم سۇدانغا سۇ قاچىلاپ كېلىدۇ ، ئاياغقۇمنىڭ سۈيىنى ئىچمەيدۇ . باللار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە :

— خانىم ، ئەقىل دېگەن ئادەمنىڭ ھەممە يېرىدە يۈگۈرۈپ يۈرەمدۇ ؟ ئەقىلگە ھېچنېمە يوقامدۇ ؟ سۇ ئەكېلىپ قىينالغۇچە ، باپكارنىڭ كۆلىنىڭ سۈيىنى ئىچىۋەرسىلە ، ئاياغقۇمدا ئىشتىنىنى سەللە قىلىپ يۈگەپ مەسچىتكە كىرگەن ئادەم يوق ، —

دېيىشەتتى ، ئەمما مۇئەللىم كۇلۇپ قويۇپ گەپ قىلمايتتى . نۇسرەت شۇ خانىمنىڭ سۇدىنىدىن بىر قېتىم سۇ ئىچكەندىن باشلاپلا ، ئۆيدىكى سۇنى ئىچكىلى ، تاماقنى يېگىلى ئۇنىمايدىغان بولۇۋالدى . تاماققا قارىسا ، چۆپلەر كۆزىگە قۇرت ـ قۇمچاقلاردەك كۆرۈنىدۇ . دادىسى مۇھەممەتئىمىن سەيدىن ئۇنىڭغا بەك ئامراق ، ئۇ كەنت سېكرېتارى ، كەنت باشلىقى ، ئابدۇرېشىت ئىمامنىڭ ئۆيىگە ھارۋىدا ھەر كۈنى سۇ توشۇيدىغان ياسىن مەدەكتىن بىر نەچچە قېتىم تۇخۇمغا سۇ تېگىشتى . ئەمما تېگىشىۋەرگىلى بولمىدى . ئۆينىڭ ئەھۋالىنى نۇسرەتمۇ بىلىدۇ ، ئۆزىدىن باشقا ، يالىڭاچ ئوينايدىغان بەش ئۇكىسى بار ، توخۇنىڭ تۇخۇمى چىراغ يېغى بىلەن تۇگمەننىڭ غەللىسىگە ، مەسچىت سېلىقىغا ئاران ئۇلگۇرىدۇ . شۇڭا يەنىلا مۇشۇ سۇنى ئىچمەي ئامال يوق . ئېھ ، قۇرتلاپ كەتكەن كۆلچەك ، ئىسىت بىچارە كىشىلەر !...

نۇسرەتنىڭ بىقىننى بىرى يېنىك چىمداپ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى . ئۇ سەل ئاچچىقلاپ يانغا قاراپ قويدى . يېنىغا دوستى ھاشىرخان كەلگەنىدى . ئۇ نۇسرەتتىن بىر ياش كىچىك ، ماڭلاي چېچىنى چىرايلىق تاراپ تەكشى قىرقىپ قويۇۋالىدىغان قارىقۇمچاق ، يۇمىلاق يۇز قىز ئىدى .

— قاچان كەلدىڭ ؟ ئۇخلاپ قاپسەن ـ ھە ؟ — سورىدى نۇسرەت .

— ياق ئۇخلاپ قالمىدىم .

— يىغلاپسەنغۇ ؟ — نۇسرەت دوستىنىڭ قىزىرىپ ئىششىغان قاپاقلىرىغا قاراپ سورىدى .

ھاشىرخان بىلەن نۇسرەت ئىككىنچى سىنىپقىچە بىللە ئوقۇپ ، كېيىن مەكتەپتىن ئايرىلىپ مولىلىدا ئوقۇغان ساۋاقداشلار ئىدى .

— ئاناڭ ئۇردىمۇ ؟

ئۇلارغا ھېچكىم دىققەت قىلمايتتى ، ھەممە ئۆز ئىشى بىلەن ئىدى . ئەتراپ ۋارقىراش ، كۇلۇشمەك ، تىللاشماق ، قوي ـ

www.uyghurkitap.com

كاللارنىڭ مۆرەشلىرى بىلەن تولغانىدى .
— مىشلىدىماي گەپ قىلە ، داداڭ ئۇردىمۇ ئەمىسە ؟
هاشىرخان بارغانچە ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى .
— سەل تۇرۇپ قۇمنىڭ كەينىگە ئۆتكىن ، دەپ بېرىمەن .
— هازىر دېسەڭ بولمامدۇ ؟
— ياق ، — دېدى هاشىرخان ۋە ئېشەك بىلەن كالىنى باشقۇرالماي ئاچىسىنى تىللاپ ، يىغلاۋاتقان ئىنىسىنىڭ قېشىغا كەتتى .

**4**

تومۇزنىڭ كۆيدۈرگۈچ ئاپتىپى ئېغىر ئۇيقۇدا ياتقان قۇملۇقنىڭ سۈس كۈل رەڭ دۇمبىسىدىن قۇرغاق هور چىقارماقتا ئىدى . قۇمدا ئۆسكەن ئېگىز خادا قومۇشلارنىڭ قۇلاقلىرى يۇملاقلىشىپ پۇرلىشىپ كەتكەن . يۇلغۇننىڭ يېشىل ياپراقلىرى سالپىيىپ قالغانىدى . قومۇشلۇقتا دىكىلداپ ئوت - چۆپ يەيدىغان توشقانلارمۇ ئورەكلەرگە كىرىۋېلىپ ، قومۇشنىڭ يىلتىزىنى غاجىلاپ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇشقا مەجبۇر بولدى . يىراقتىن ئىچى قىزىپ تۇرالمىغان تۈلكىنىڭ هۇۋلاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ . ئۇچار قاناتلار سولىشىپ كەتكەن تېرەك ، ئۇجمىلىكلەرگە ، جىگدىلەرنىڭ سايىسىگە يوشۇرۇنۇۋالدى . پەقەت كېلەلا قۇملۇقنىڭ تازا قىزىغان يەرلىرىدە ئاپئاق قورساقلىرىنى كۆنگە قاقلاپ راهەتلىنىپ ئۇيقۇغا كەتكەنىدى . قىزىل بىقىن پاتمچۇقلار قۇياشقا قاراپ ئاغزىنى ئېچىپ هاسىرايدۇ .

هاشىرخان قۇملۇقنىڭ كەينىدىكى جىگدىلىكتە قومۇش باسقان چىغىر يولغا قاراپ قويۇپ يىلىم ئالماقتا ئىدى . ئۇنىڭ يۈزلىرىدىن تەر تەپچىپ تۇرسىمۇ ، ئەمما ۋۇجۇدى مۇزلاپ كېتىۋاتاتتى . قورقۇش ۋە قىزىقىش هېسسىياتى بىردە كۆتۈرۈلسە ، بىردە پەسىيەتتى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا پۇرلىشىپ ساڭگىلىغان لەش

قاپاقلار ، خۇنى كەتكەن سۇرلۇك كۆزلەر ، سالپايغان قورۇق يۈز ، مىنگەش قورۇقلار بىلەن تولغان قاغا جىگدىسىنىڭ يىلتىزىدەك بويۇن ، چاڭگىدەك ساقال ئارىسىدىكى كۆپكۆك قۇرۇق كالپۇك كىلەتتى .

ھارۋا يولىدا نۇسرەت پەيدا بولدى . ئۇنىڭ ئۇشۇقىغا چۈشكەن ناۋات رەڭ چىت كۆڭلىكى پاكار قومۇشلار ئۈستىدە ئاق قۇنىڭ قانىتىدەك يېيىلىپ كىلىۋاتاتتى . ھاشىرخان يۈگۈرۈپ بىرىپ ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋىلىپ يىغلاپ كەتتى . كۆز ياشلىرى بىر دەمدىلا ئۇنىڭ يۇمىلاق قارامتۇل مەڭزلىرىنى پارقىرىتىۋەتتى .

نۇسرەت بېشىدىكى يىپ ياغلىقىنى يېشىۋىلىپ ، ئۇنىڭ ياشلىرىنى سۈرتتى .

— چىققىلى خېلى بولدىمۇ ؟ — سورىدى نۇسرەت .

— ھەئە ، نېمانداق چىقىپ بولالمايسەن ؟

-- ئانام نەگە بارىسەن ، دەپ چىققىلى قويماي كاشال قىلدى ، مەن ھاشىرخان بىلەن يىلىم ئالىمىز دېيىشىپ قويغان دەپ ، ئاران تەستە چىقتىم . ھە ، نېمە بالا بولدى ؟

— ئۈچ كۈندىن بۇيان مېنى ئەرگە بىرىمىز ، دەپ بېشىمنى ئوچاق ئېتىۋەتتى .

— ئۇھ ، ۋايجان مۇشۇ گەپمىدى ؟ مەن تېخى داداڭ ئاناڭنى قويىۋۇېتىمەن دەپ يەنە دۇمبالاپ ھەيدىۋەتكەن ئوخشايدۇ دەپ ، قورقۇپ كېتىپتىمەن . ئەرگە بىرىمىز دىسە مۇشۇنچىۋالا بولۇپ كەتتىڭما ؟ يىغلىساڭمۇ ، كۈلسەڭمۇ ، ھامان بىزنى ئەرگە بىرىشىدۇ ، مىنىمۇ شۇنداق دەپ يۈرۈشىدۇ . كىمگە بىرەركىن ـ تاڭ ؟ سېنى كىمگە بىرىدىكەن ؟

ئىككىسى يىتىلىشىپ بىر قىرى جىگدىنىڭ تۈۋىگە كىلىپ ، قۇمساڭغۇ يۇمشاق توپىغا ئولتۇرۇشتى .

— ئەرگە بەرسىغۇ مەيلىدى ، لىكىن مېنى ئابدۇرېشىت ئىمامغا دۇئا قىلدۇرىمىز دەيدۇ ، — دىدى ھاشىرخان .

— ئەمدى ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئالمىغان سىنىڭ داداڭ بىلەن

ئاناڭ قاپتۇمۇ؟ يا ئۆلمىدى ئۇ ئوغرى، — دېدى نۇسرەت قۇمغا قولىنى پاتۇرۇپ.

— قانچە كۈنلۈك ئالىدىكەن؟

— ئۈچ كۈنلۈك دەيدۇ. مەن يىغلاپ ئۈنىمىسام، دادام «گېپىمگە كىرمىسەڭ سەندەك قىزنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن» دەيدۇ. ئانام: «ئابدۇرېشىت ئىمام خوجا ئەۋلادى، ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئالغانلار ئوبدان كۆكلەپ كېتىۋاتىدۇ، ئۇ دۇنيالىقمۇ ئوبدان بولىدۇ» دەيدۇ. ئاخۇنۇم ئۇلارغا: «ھاشىرخاننى پەقەت ئۈچ كۈنلا نىكاھىمدا تۇتسام، تالاق قىلىۋېتىمەن» دەپتۇمىش. ھۆكۈمەت بۇنداق ئىشنىڭ بەك چىڭ سورىقىنى قىلىدىغان ئوخشايدۇ، شۇڭا داۋراڭ قىلمايلى، دەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزۈڭنىغا قالماي لايىقىدا بىرىگە چوكان تويۇڭنى قىلىپ بېرىۋېتىمىز، دەيدۇ.

— سەن نېمە دېدىڭ؟

— مەن ئۈنىمىدىم. ئۈنىمىسام، ئۈچ كۈنلۈككە توشقان تېرىسىمۇ چىدايدۇ، ئۇ سېنى تىرىك يۇتۇۋېتىدىغان يالماۋۇز ئەمەس، ئۈچ كۈندىن كېيىن قويۇۋېتىدۇ، دەپ تۇرۇۋالدى. يىغلىدىم شۇ، يىغلىسامۇ قانداق قىلىمەن؟

نۇسرەت ھاشىرخاننىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدى.

— سېنىڭ داداڭدەك دادا نەدە باركىن؟ — دېدى ھاشىرخان ئۆلۈغ - كىچىك تىنىپ، — سەن داداڭغا دەپ باق، دادامغا نەسىھەت قىلىپ قويسۇن، مەن بەك قورقۇپ كېتىۋاتىمەن.

— مەن دادامغا دېيەلمەيمەن، ئانامغا دەي، ئانام دادامغا دېسۇن، كەچتە ئەكېتىدۇ دېدىڭمۇ؟

— ھەئە، كەچكىچە دەپ باقسۇن، سېنىڭ ئاچاڭ ياكى سىڭلىڭ بولۇپ قالغان بولسام، بېشىمغا بۇ كۈنمۇ كەلمەسكەن.

نۇسرەتتە ئۆز دادىسىدىن پەخىرلىنىش ھىسسىياتى تۇنجى قېتىم پەيدا بولدى. ئۆتكەن يىلى ئىمامنىڭ بىر غالچىسى مۇھەممەتئىمىن سەيدىنگە نۇسرەتنى ئابدۇرېشىت ئىمامغا دۇئا

قىلدۇرۇش توغرىسىدا يوشۇرۇنچە تەكلىپ بەرگەندە، مۇھەممەتئىمىن سەيدىن ئۇنى ئىللاپ، ئاغزى - بۇرنىغىچە تويغۇزۇپ قويدى. ئابدۇرېشىت ئىمامنىڭ مۇرىتلىرى ئۇنى يامان كۆردى، قارغاشتى. ئۇ چاغلاردا نۇسرەتكە بۇ ئىش قىزىق بىر ئويۇندەكلا كۆرۈنگەن، كۈلۈپ ئۆتكۈزۈۋەتكەنىدى، ھازىر بولسا گويا ئۆزىنى دۇئا قىلدۇرۇۋېتىدىغاندەك قورقۇنچلۇق بىر ھېسسىيات ئۇنى چۇلغىۋالدى. ئەينى چاغدا ئۆز بېشىغا كەلگەندە نېمىشقا ھازىرقىدەك قورقمىغانلىقىغا ھەيران قالدى.

پېشىندىن كېيىن، مۇھەممەتئىمىن سەيدىن ئەمەت كۆنچىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. كۆنچىنىڭ ئۆيى يېزىنىڭ قىبلە تەرىپىدىكى ئىككى قۇم دۆڭنىڭ قىسىلچىقىدىكى يەردە ئىدى. ئۆينىڭ ئەتراپىغا چۆرگىلىتىپ قاغا جىگدە قويۇلغان بولۇپ، جىگدىلەرگە چىرماشقان چىغىلىك، ياۋا قۇلماق پېلەكلىرى، ئۆينىڭ تاملىرىغا يامىشىپ كەتكەن كاۋا پېلەكلىرى ئاللىقاچان قۇرۇپ كېتىپ، ئەمدىلا قوش مۇشتەك بولغان كاۋىلار چىگىلگەن پېتى دوڭغىيىپ چىقىپ قالغانىدى. مۇھەممەتئىمىن سەيدىننىڭ بۇرنىغا يىراقتىنلا پولۇنىڭ مەززىلىك ھىدى ئۇرۇلدى.

بەش كۈچۈكنى ئەگەشتۈرگەن ئالا قانجۇق قاۋاپ - قاۋاپ ئارقىغا قاچتى. مۇبەممەتئىمىن سەيدىن ئەگۈنچەك دەرۋازىدىن كىرگەندە، ئەمەت كۆنچى تەرلەپ - پىشىپ، لەمپىنىڭ ئەگرى سوقۇمىغا ئېسىلغان ئوغلاقنىڭ ئىچ - قارنىنى ئېلىۋاتقانىدى. خوتۇنى ئوچاقتىكى داڭقاندا پولۇنى دۇملەش ئۈچۈن پايپېتەك بولۇپ يۈرگەنىدى. ئەمەت كۆنچىنىڭ مۇھەممەتئىمىن سەيدىننى كۆرۈش بىلەنلا ئەرۋاھى ئۇچتى.

— مۇھەممەت باي نېمىدەپ كەلدىڭلار؟ — دېدى ئەمەت كۆنچى قولىغا چاپلىشىپ قالغان ئوغلاقنىڭ ئىچ يېغىنى ئاغزىغا سىلىپ چاينىپ، ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنداق قوپال ھەم تەھدىتلىك ئىدى. مۇھەممەتئىمىن سەيدىن پەرۋا قىلمىغان ھالدا ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. قويۇق قاشلىرى ئارىسىدىكى بۆرتۈپ چىققان چوڭقۇر

خەنجەر ئىزىدەك قورۇق نەيزە ئۇچىدەك ئۇزاردى .

— سەن بىلىسەن كۆنچى ئەۋلادى ، مەن يۇرتتا ھازىرغىچە ھېچكىمنىڭ ھېچقانداق ئىشىغا ئارىلاشماي كېلىۋاتىمەن . تويى-تۆكۈنگە قىچقارسا بارىمەن ، ئۆلۈم - يېتىمگە بارىمەن . ئەمما كىم نېمە ئىش قىلسا لام دېمەيمەن . پەقەت خۇدادىن بەندىلەرنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ تىلەپ كەلدىم . بۈگۈن كۆڭلۈم تارتىپ ساڭا ئىككى شىڭگىل گەپ قىلاي دەپ كەلدىم ، ئەمەت باي ، سەن ئەخمەق بولما ، قوي بۇ ئىشنى . مەن نېرى - بېرىسىنى ساڭا ئېيتىپ ئىچۇرەلمەيمەن ، ئەمما كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇ . بۇنداق ئىشنى قىلما .

ئەمەت كۆنچى تاتىرىپ كەتتى . سېرىق شالاڭ چىشلىرى خىرىس قىلىۋاتقان ئىتنىڭ چىشىدەك ئۇستىگە تۇرۇلۇپ ، دىڭگايغان بۇرۇتلىرى ئارىسىدىن كۆرۈندى .

— مەن دادامنى كۆمۈپ قويدۇم دېسەم ، دادام ئۆلمەپتىكەنمۇ دەيمەن ؟ — ئۇ ئۇپراپ بىسى بىگىزدەك قالغان سۆڭەك دەستىلىك پىچاقنى مۇھەممەتئىمىن سەيدىنىگە شىلتىدى ، — سەن ماڭا ۋەزخانلىق قىلىمەن دېمەي ، كېتىپ سىڭگەن ئۇمچىڭنى ئىچ ، ھېلى ئىزا تارتىپ قالىسەن .

مۇھەممەتئىمىن سەيدىن بىر ئاز قىزاردىيۇ ، دەرھال ئۆزىنى بېسىۋالدى . ئۇنىڭ پېشانىسىدىكى قورۇقلار تېخىمۇ قويۇقلاشتى :

— ئىمانىڭدىن ئاجراپ كەتمىگىن ، پىچىقىڭنى ماڭا تەڭلىمە ، — دېدى ئۇ گەپنى چىشلىرى ئارىسىدىن چىقىرىپ .

— سېنىڭ بۇنىڭدىن باشقا دەيدىغان گېپىڭ يوقمۇ ؟ — دېدى ئۇ پىچاقنى يەرگە سانجىپ قويغاندىن كېيىن ، قىسىلغان كۆزلىرىنى مۇھەممەتئىمىن سەيدىنىنىڭ مىت قىلماي تۇرغان چوڭقۇر كۆزىگە قاداپ .

— ياق ، مۇشۇ گەپ ، بەك دۇئا ئالغۇڭ كەلسە ، مېلىڭدىن بەر ، قىزىڭنى بەرمىگىن . بۇنداق دېسەم ، باشقا غەرىزى بارمىكىن دەپ قالما . ئوغۇللىرىم تېخى كىچىك .

ئەمەت كۆنچىنىڭ يەنە زەردىسى قاينىدى :
— هەي ، مەن ساڭا دەي . ماڭا نەسىھەت قىلغۇچى بولما . مەن كىچىك بالا ئەمەس ، ھوشۇڭنى بىلىپ گەپ قىل ، مېنىڭ ئىشىمغا ئارىلاشما ، مەن بەرسەم ، ئۆزۈمنىڭ قىزىنى بېرىمەن ، سېنىڭ ھەققىڭ يوق ، سەن قىزىڭنى بەرمەي ، مەھەللە ـ كويدا يېتىمسىراپ قېلىپ ، ئەمدى مېنى ئۆزۈڭگە ھەمراھ قىلمۇالماقچىمۇ ؟ بۇ سېنىڭ ئۇخلاپ چۈشۈڭ ، مەن سا مېڭىسىنى يەپ قالمىدىم .
مۇھەممەتئىمىن سەيدىنىڭ ئىمانى ئۇچتى .
— ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە ! ھېلى سا مېڭىسى يېگۈزۈپ قويماي يەنە .
ئەمەت كۆنچى مۇھەممەتئىمىن سەيدىنىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ كەتتى . ئۇنىڭ كۆرەڭلەپ تۇرغان تەلەتى غايىب بولۇپ كۆزلىرى ئالا ـ جالاق بولدى .
— ھەي خوتۇن ، كەكەمنى ! ما تەلۋە نېمە ئىش قىلاي دەيدۇ ؟ ھەي سەيدىن بايچەكنىڭ سۈيدۈكى ، بۇ يەر مېنىڭ ئۆيۈم جۇمۇ ، يوغانلىق قىلما ، چاناپ ئىتقا تاشلاپ بېرىمەن بىكار .
مۇھەممەتئىمىن سەيدىن بېشىدىن دوپپىنى ئالدى ، يېڭى قىردۇرۇلغان بېشى كۈن نۇرىدا پارقىراپ كەتتى .
— سەن تولا پو گەپ قىلما ، مەن ئۇششۇق ئەمەس ، سەن بىلەن ئۇرۇشقىلى ، ئىتىڭغا تاپ بولغىلى كەلمىدىم ، قىزىڭنى دۇئا قىلدۇرما دېگىلى كەلدىم .
— قىزىمغا ئۆزۈم ئىگە ، ئىتقا ، ئېشەككە بېرىمەنمۇ بۇ مېنىڭ ئىلكىمدىكى ئىش ، سەن چىرايلىقچە كېتىۋال ، سەن تەلۋە بولساڭ ، مەن تەلۋىنى ئوڭلايدىغان ئادەم .
ئەمەت كۆنچى خوتۇنى بەرگەن كەكىنى پەش قىلىپ قويدى .
— بىزنىڭ ئىشىمىزغا چات كەرگۈچە ، ئۆزىنىڭ قىزىنى بىلمەي ، ئۇ•••ش ، — دېدى كۆنچىنىڭ خوتۇنى ئوچاققا قۇرۇق كالا تېزىكىنى تاشلاۋېتىپ .

www.uyghurkitap.com

مۇھەممەتئىمىن سەيدىن چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى.

— قېنى ئاخىر «ۋاي ئىسىت» دېمىگىنىڭنى كۆرەرمەن، — دېدى ئۇ دوپپىسىنى كىيىپ ۋە كەينىگە يېنىپ چىقىپ كەتتى.

ئەمەت كۆنچى ئوغلاقنىڭ ئاچچىق ئۈچىيىنى سىيرىش ئۈچۈن قولىغا ئېلىپ، نېمىدۇر ئېسىگە كەلگەندەك، ئۈچەيىنى تېرىگە تاشلىدى ـ دە، يۈگۈرگەندەك ئىشىك ئالدىغا چىقتى. خوتۇنى ئالاقزادە بولۇپ ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى. مۇھەممەتئىمىن سەيدىن ئىسسىقتا قىزىپ كەتكەن قۇمساڭغۇ هارۋا يولىدا، قولىنى بېلىگە قوشتۇرۇپ تۇتقان ھالدا، ئالدىغا ئېگىلىپ كېتىۋاتقانىدى.

— ھەي مۇھەممەت باي، سەن خىيالىڭدا سەلەي شاڭجاڭ ياكى مۇسا شاڭجاڭغا چاقىمەن، ئىمام ئاخۇنۇم بىلەن مېنىڭ ئىككى پۇتۇمنى بىر ئۆتۈككە تىقىمەن دەپ چوت سوقما، شۇنداق قىلىدىغان بولساڭ، ئاياغقۇمدا ياشايمەن دەپ خىيال ئەيلىمە، بىر كېچە ئۆيۈڭ بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرۈۋېتىمەن! — دەپ ۋارقىرىدى ئەمەت كۆنچى.

مۇھەممەتئىمىن سەيدىن ئارقىغا ئۆرۈلدى. ئاغزىغا يىغىلىپ قالغان تۈكۈرۈكنى كۈچەپ تۈكۈردى:

— تۈفى، پەس! ئىتنىڭ بۇرنىدىن چۈشكەن! مەن سەن نېمىلەرنى چاققۇچە، ئىشتان بېغىمغا ئېسىلىپ ئۆلۈۋالىمەن. پەس بولمىساڭ، مۇشۇنداق گەپنى قىلامسەن؟! ئەمدى كارىم يوق، ھەممە نېمەڭنى دۇئا قىلدۇرساڭمۇ كارىم يوق. ئۆتكەن نامازلىرىڭنىمۇ دۇئا قىلدۇر بەتبەخت!...

## 5

پېتىر غېرىم ئىسسىق ئەۋجىگە چىقتى. ئادەملەرگە يېزا كۆيۈۋاتقاندەك بىلىندى، ھەتتا كۆلچەكنىڭ سۈيىمۇ ئىسسىپ قالغانىدى. سۇ بارغانچە قۇرۇپ كەتكىلى تۇردى. ئادەملەر چوڭقۇر ئورا كولاپ، كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، شۇ ئورىغا كىرىۋېلىپ،

روزا تۇتتى . كۈندۈزى ھېچقانداق يەردە ئادەم كۆرگىلى بولمىدى . كېچىسى ھەممىسى ئورما ئورۇشاتتى . يەنە بىرنەچچە كۈن كېيىن قالسا ، مۇشۇ زەئىپ باشاقلاردىكى تۆت تال دانمۇ تۆكۈلۈپ تۈگەپ كېتىدۇ . شۇڭا ، ئىپتاردىن كېيىنلا ، يېلىنجاپ تۇرغان ئىسسىققا قارىماي ، يىگىلەپ پىشقان بۇغدايلارنى ئورۇشقا تۇتۇندى . تەكلىماكان قۇملۇقىدىن كېلىۋاتقان جانغا راھەت ، ساپ ، سالقىن شامال مادارىدىن كېتىشكەن ئورمىچىلارنىڭ قىزىغان تەنلىرىنى سۆيمەكتە ئىدى . چېكەتكىلەر يەنىلا ئەركىن چىرىلداشتىن قالمىغانىدى ، شۇ چاغدا ، مەھەللە مەسچىت مۇنارىسىدىن ناغرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى . ئورمىچىلار ئۇنچىنىڭ ئۈستىدىن چۆچۈپ ئويغىنىشىپ ، زولۇق ئۈچۈن ئالدىراشتى . ئۇزۇنغا قالماي ، سوپى مەزىننىڭ يىغلىغاندەك تونۇش ئاۋازى ئاڭلاندى . ئەزەن ئاۋازى قۇملۇقنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇۋەتتى . كىشىلەر كۈندۈزكى تەشنالىقنىڭ دەردى ئۈچۈن ، سۇنى تازا ھۇزۇرلىنىپ ئىچىشتى . بۇ سۇ شۇنچە لاۋزا ، سېسىق بولسىمۇ ، ئۇلارغا ھېچقانداق غەلىتە تېتىمايدۇ . چۈنكى ، بۇلارنىڭ پۇراق ، تەم سەزگۈلىرى بۇ سۇغا كۆنۈپ قالغان .

ئۆيگە يېقىنلا يەردىن قاتتىق ئۇرۇلۇۋاتقان ناغرا ئاۋازى ئابدۇرېشىت ئىمامنىڭ خورەك ئارىلاش ئۇيقۇسىنى بۇزالمىدى . ئۇنىڭ يېنىدا چاچلىرى چۇۋۇلغان ، خۇددى قېتىپ قالغان سۇرەتتەك ھاشىرخان ياتاتتى ، ئۇ يوتقانىنىڭ سىرتىدا ، گويا قاشقا قاڭقىپ چىقىپ بىھوش بولۇپ قالغان بېلىققا ئوخشاش مەست ئۇيقۇدا ئىدى . دوك يەڭگە خوتۇن بىردەم كۈتۈپ تۇرۇپ ، ئاخىر ئۇلار ياتقان ئۆيگە ئاستا كىردى ، كونا ئىشىكنىڭ غىچىرلىشىمۇ ئۇلارنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزالمىدى . دۇمچەك خوتۇننىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلۇققا كۆنۈپ كەتكەنىدى . سويغان پىيازدەكلا ئوڭدا ياتقان ھاشىرخاننى كۆردى . «ۋاي ئاللا ، بېلىق ئىكەن كاساپەت !» دەپ تاۋار يوتقاننى ئاستا ئۇنىڭ ئۈستىگە يېپىپ قويدى . ئاندىن ئاۋايلاپ ئىمامنىڭ يېنىغا ئۆتتى .

— غوجام ، غوجام !

ئمام چۆچۈپ ، «هم ـ هم» دەپ ئتتك بېشنى كۆتۈردى . ئۇنىڭ بېشى سۇ ئالغان قاپاقتەك ئېغىر چىڭقىلىپ ، لوقۇلداپ ، ئۇستىخانلىرى سىرقىراپ ئاغرىماقتا ئىدى . ئورنىدىن قوپۇشىغىلا ، بېشى پىررىدە قېيىپ ، كۆزىگە قىزىلىلىق تىقىلدى . تەكىيگە جەينەكلەپ يېنىچە يېتىپ قالدى .

— خوجام ، قوپسىلا ، ئاغرا چېلىنىۋاتىدۇ ، — دېدى دۇمچەك خوتۇن .

— هە... ئاڭلىدىم بۇۋىخان ، ياڭاقنى جىقراق چېقىڭ ، بوگۇن هەسەلدىن جىقراق يەي ، گۆشنى پىشۇرغانسىز ؟ — دېدى ئۇ ئىنجىقلاپ تۇرۇپ .

— هەممىنى تەخلەپ قويدۇم .

ئىمام بويىنى سۇغا سالغاندىن كېيىن ، يوغان كاساڭغا ئىللىتقان تۇخۇمنى چېقىپ قۇيدى ، ئۇنىڭ ئۇستىگە بىر چاڭگال شېكەرنى سېلىپ بىردەم ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن ، كاساڭ بىلەن كۆتۈرۈپ گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋالدى . ئاندىن ياغلىق توغاچ بىلەن ياڭاق مېغىزى ، ئۇنىڭ كەينىدىن يۇمشاق پىشقان ئوغلاق گۆشى بىلەن ناشتا قىلدى . شۇنىڭدىن كېيىنلا ، ئۇنىڭ پۇت ـ قولىغا جان كىرگەندەك بولۇپ ، كەينى ـ كەينىدىن بىرقانچىنى سوزۇپ كېكىردى . ئۇ مەسچىتكە كىرگەندە ، بىرقانچە نامازخان ئالدى سەپتىكى بورا ئۇستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشقانىدى . ئىمامنى كۆرۈپ ، هەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى . ئۇنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىپ ، يۈزلىرىگە سۈرتۈشتى .

— مۇبارەك بولسۇن غوجام ، — دېيىشتى جامائەت ، ئىمام سۇسلا جاۋاب بېرىپ ، گىدەيگەن هالدا مېهرابقا بېرىپ ئولتۇردى . كەينى ـ كەينىدىن كىرگەن جامائەت ئۇنىڭغا ئېهتىرام بىلەن سالام بېرىپ بورىغا يۈكۈندى . ئۇلار شۇنچە هارغىن ، ماغدۇرسىز بولسىمۇ ، يەنىلا قىزغىن ، روهلۇق ئىدى . ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ، سوپى مەزىن ئورنىدىن تۇردى .

— جامائەت ، تارقىلىپ كەتمەي تۇرۇڭلار ، بۈگۈن سەمىڭلارغا سالىدىغان بىرنەچچە ئىش بار . بىرى ، كۆنچى ئەمەتاخۇن قىزىنى ئابدۇرېشىتخان غوجامغا دۇئاغا تۇتتى . ئىمام ئاخۇنۇم بۇنى قوبۇل كۆردى . بۇنى ئىچىمىزدە بىلىپ قالساڭلا بولدى . ھازىر ئىمام ئاخۇنۇمدىن ئەمەتاخۇنغا قىز مىھرىگە دۇئا بېرىشنى تىلەيلى .

سوپى مەزىن گەپ قىلىۋاتقاندا ، ئەمەت كۆنچى ھەرەمدىن قايتقان ھاجىدەك ، ئۆزىنى پەخىرلىك ، مەغرۇر تۇتۇپ ، چەكسىز لەززەت ئىچىدە ، خۇشال غادىيىپ ئولتۇردى . ھەممە نامازخان ئۇنىڭغا چەكسىز ھۆرمەت بىلەن قاراشتى . ئۇنىڭ ئېتىقادقا سادىق ئىكەنلىكىنى ، ئىمانىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغانلىقىدىن سۆيۈنۈشتى . سوپى مەزىن ئابدۇرېشىت ئىمامنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپلا ، ھۇ تارتىپ يىغلاپ كەتتى .

— غوجام ، دۇئا بەرسىلە ، شۇ ئەمەتاخۇننىڭ ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا ئەزىز غوجاملارنىڭ نەزەرىگە يولۇققانلىقىنىڭ ھەق - ھۆرمە- تىگە ، يەتمىش پۇشتىنىڭ ياتقان يېرىنىڭ جەننەتتە بولۇشىغا !...

سوپى مەزىن ئابدۇرېشىت غوجىنىڭ پېشىگە پېشانىسىنى يېقىپ ، سەجدە قىلىپ يىغلاپ سۆزلىدى . غوجا كۆزىنى يېرىم يۇمۇپ ، سۇرلۇك خىزىر سۈپەت تىلسىمدەك قېتىپ ئولتۇردى . سوپى مەزىن تېخىمۇ قاتتىق ھۇ تارتىپ يىغلاپ تۇرۇپ ، ئىلتىجا قىلدى :

— دۇئا بەرسىلە غوجام ، دۇئا بەرسىلە ، جامائەت دۇئا تىلەيلى !

— دۇئا بەرسىلە غوجام ! — مەسچىت ئىچىدە ئاجايىپ ھەيۋەتلىك ئومۇمىي خوردەك يىغا ئارىلاش توۋلىغان سادا كۆتۈرۈلدى . ھەممىسى بېشىنى تۆۋەن سېلىپ مۈكچىيىپ ئولتۇرۇشتى . پەقەت بىر ئادەملا سۇرلۇك ، ئىمامغا تىك بېقىپ ئولتۇراتتى . ئۇ بايا نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپلا چىقىپ كەتمەك بولۇپ مېڭىۋىدى ، مەسچىت ئىشىكىدە كەنت سېكرېتارى ماموت نۇر ، كەنت باشلىقى سىدىق بايچەكلەر «دېيىشىدىغان گەپ بار» دەپ

چىققىلى قويمىغانىدى . ئىككى يىلدىن بۇيان كەنت كادىرلىرى يىغىنغا دېھقانلارنى يىغىپ بولالماي ، يىغىننى بامدات نامىزىدىن كېيىن مەسچىتتە ئاچىدىغان بولغانىدى . خەقمۇ بۇنىڭغا كۆنۈپ قالدى .

— ئامىن ! — ئابدۇرېشىت ئىمام دۇئاغا قول كۆتۈردى . ئۇنىڭ غاز ـ غۇز ئاۋازىدىن كېيىن «ئامىن !» دېگەن سۆز ئارقا ـ ئارقىدىن ياڭرىدى . سوپى مەزىن قاتارلىق بىرقانچە ئون كىشىنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ دۇئا قىلىۋاتقانلىقى ئاڭلىنىپ تۇردى . دۇئادىن كېيىن سوپا مەزىن يەنە سۆزلىدى :

— جامائەت ، بۈگۈن ئادەم بېشىغا ئىككى كويدىن چىقىرىپ ، ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىگە يارىشىقنى قىلىپ بارىمىز . ئاخۇنۇمغا چاي ئىچۈرىمىز ، ئەمدى گەپنى ھۆرمەتلىك سېكرېتارىمىز مامۇتخاندىن ئىشىتىڭلار .

مامۇت نۇر سېرىق شاپ بۇرۇتىنى گۆشلۈك قوللىرى بىلەن سىيپاپ قويۇپ ، سول قولىدا يوغان قورسىقىنى چەككەچ سۆزلىدى :

— جامائەت ، ئالدىمىزدىكى بىرىنچى چېسلاغىچە خامانىنى تېپىپ ، دۆلەتنىڭ ئاشلىقىنى سېتىپ بېرىپ بولالمىساق ، كېپەك شاڭجاڭ ساقال ـ بۇرۇتۇمنى يىكەندە قىرىدۇ ، مەنمۇ كىمدە ـ كىم غەللىنى ۋاقتىدا تاپشۇرماي ، بويۇنتاۋلۇق قىلسا ، شۇنىڭ ساقىلىنى ھۆپۈپ يۇڭدىغاندەك يۇڭدايمەن . شۇڭا ، ھەممەيلەن بۇ ئىشقا ئوبدان ھېزى بولساق ، ئاندىن ئېگىز ئورنىغا چىلگە قوناق تېرىيدىغان گەپ ، ھازىر ھەممەيلەن كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز ، ئاياغقۇمدا يەرئوسا قىلىش تۈگۈل ، ئىچكىلى سۇ يوق . ھېلىمۇ خۇدانىڭ ھىممىتى بىلەن ، باپكارنىڭ كۆلى بولۇپ قاپتىكەن ، بولمىسا نېمە ئىچەتتۇقكى ؟ ئۆگۈنلۈككە كېپەك شاڭجاڭنىڭ خوتۇنىنىڭ ئىنىسىگە غوراكۆلدىن خوتۇن ئاچىقىدىكەن ، بۇ بىز ئۈچۈن سۇ ھەل قىلىۋېلىشنىڭ تازا ئوبدان پۇرسىتى . ناۋادا سۇ بېرىپ قالسا بىز بۇغداي ئېگىزى ، كېۋەزلىككە ،مۇھىمى ، باپكارنىڭ كۆلىگە سۇ

قۇيۇۋالمىساق بولمايدۇ . تۇنۇگۇن بۇ ئىشنى ئابدۇرېشىتخان غوجام بىلەن مەسلىھەتلەشتۇق ، كىپەك شاڭجاڭنىڭ تويىغا ئوبدان كالىدىن بىرنى ئاپىرىپ سوۋغا قىلساق دېيىشتۇق . بۇنداق قىلمىساق ، سۇنى بېرىش ۋاقتىنى ئۇزارتقىلى بولمايدۇ ، سىلەرچە قانداق ، مۇشۇنداق قىلساق بولارمۇ ؟

— ياغدەك گەپ بوپتۇ .

— تازا بەلەن مەسلىھەت بوپتۇ .

— سۇ ئۇچۇن جېنىمىزنى بەرسەكمۇ ئاز .

جامائەت تەرەپ - تەرەپتىن خۇشال ۋارقىراپ بۇ گەپنى ماقۇللاشتى .

— شۇڭا ، — دەپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى مامۇت نۇر ۋاراڭ - چۇرۇڭنى بېسىپ ، — كىپەك شاڭجاڭ ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس ، پۇتۇن ئون ئۈستەڭ يۇرت بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ يۇرگەن تۆتىنىڭ بىرى . ئۇنىڭ مەرىكە ئىشىغا ئون سەككىز يۇرتنىڭ ئاقساقاللىرىنىڭ ھەممىسى مال - كالىنى قوتىنى بىلەن ھەيدەپ بارىدۇ . بىز ئۈزىمىزنى نامرات چاغلاپ ، سىڭا سۆڭگەچ جىنازىدىن بىرنى يېتىلەپ بارساق ، ئىككى پۇللۇقمىز قالمايدۇ . ئوبدان ، يوغان ئۇيدىن بىرنى ئاپارساق .

— مېنىڭچە تۆگە ئاپارساق دەيتتىم ، — دېدى ئابدۇرېشىتخان غوجام گەپ قىستۇرۇپ . مامۇت نۇر گېپىنى داۋام قىلدى :

— ھەر بىرىمىز كالا ئۇچۇن ئون كويدىن چىقارساق قانداق ؟ چىقىرالايمىزمۇ ؟

— چىقىرىمىز ! — جامائەت تەڭلا توۋلاشتى .

— يەنە بىر گېپىم ، جامائەتكە توغرا كەلسە ، بايا مەزىناخۇنۇم ئابدۇرېشىت غوجامنىڭ چېيىغا ئىككى كويدىن دېدى . ھازىر ئىككى كوينى پۇل دېگىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى . بۇرۇنقى ئىككى موچەن دېسەك بولىدۇ ، مېنىڭچە ، بەش كوي قىلساق دەيمەن ، قانداق ؟ توغرا كېلەرمۇ ؟ مەن شەخسەن بەش كوي چىقىرىمەن .

— شۇنداق قىلىلى ، توغرا كېلىدۇ ! — دەپ ۋاراقىراشتى

ھەممىسى . پەقەت مۇھەممەتئىمىن سەيدىنلا ئۈندىمەي ، قارا ساقاللىرىنى بارمىقىغا يۆگەپ ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ئولتۇردى .

— ئەمدى ئاخىرقى بىر گەپ ، «بىرىشنى خۇدا بەرسە، شەيتاننىڭ ئاچچىقى كەپتۇ» دەپ ، سۇنى شاڭجاڭ ئاتام بۇيرۇپ بەرسە ، ئىچىق بىشىدا يەنە ھىلىقى ھەممىمىزنى چاترىقىدىن ئۆمىلىتىدىغان سۇۋان قوشقار دىگەن مىرابىمىز بار . ھازىر قۇرۇق گەپ قۇلاققا ياقمايدىغان بولۇپ قالدى . سۇۋان قوشقارنى بىزگە سۇ باشلاپ كەلگەن چاغدىن تارتىپ كەتكۈچە گۆشتە باقمىساق ، ئۇ يوغان باشنىڭ بىر ئاچچىقى كەلسە ، سۇنى باشقا يەرگە يۆتكىۋەتسە ، ھىچنىمە قىلغىلى بولمايدۇ . ئۇ كەم دىگەندە ھەپتىگىچە ئاشۇ كۆلنىڭ بويىدا كارىۋات قۇرۇپ ياتىدۇ ، ھەپتە ياتسا ، ئۈچ قوينىڭ بىشىنى كەسمىسەك بولمايدۇ . بۇنىڭغا ھەرمو يەرگە بىر كويدىن يىغمىساق بولمايدۇ ، تىخى «سوغۇق چاي» ئىچىدىغان ئىشى بار ئۇ ھارام تاماقنىڭ .

— قانچە قوي يىسە يىسۇن ، نىمىمىز كەتسە بىرەيلى ، ئىچىدىغان ئىشنى بىزنىڭ ئاياغقۇمدا قىلمىسۇن ئۇ تۇڭگۇزنىڭ بۇرنىدىن چۇشكەن . مۇسۇلمان تۇرۇپ قىلغان قىلىقىنى ! — دىدى جامائەت ئارىسىدىن بىرى . ھەممە جامائەت دەرھال ئاۋاز قوشتى :

— توغرا ، كۆندە بىر قوي يىسىمۇ يىسۇن ، ئىشتىنىمىزنى سىتىپ بولسىمۇ باقايلى ، ئاياغقۇمنى بۇلغىمىسۇن ئۇ ئىمانسىز ! — دەپ ۋارقىراشتى .

— ئۇنى شۇ بويىچە توغرىلىساق بولىدۇ ، — دىدى مامۇت نۇر ھەممىگە ھىجايغاندەك جاۋغىيىنى قىيسايتىپ .

— ئەمىسە ، غوجامنىڭ چاي پۇلىنى سوپى مەزىن يىغىدۇ . پىشىندىن كىيىن چايغا كىرىمىز . كالا ، قوينىڭ قالغان پۇلىنى بىزنىڭ سىدىق بايچەك يىغىدۇ . ئەتە كالا ئىلىشنىڭ يولىنى قىلىپ ، ئۆگۈنلۈككە ، خۇدا تىنچلىق بولساق ، ئون ئادەمنى ۋەكىل سايلاپ ، غوجام باشچىلىقىدا كىپەك شاڭجاڭنىڭ چىيىغا بارىمىز ،

مېنىڭ گېپىم تۈگىدى، — ماموت نۇر بورىغا يۈكۈندى.

— مەن ئىككى شىڭگىل گەپ قىلاي.

مۇھەممەتئىمىن سەيدىن ئورنىدىن تۇردى. ھەممىدىن ئاۋۋال غوجامنىڭ، ئاندىن ماموت نۇر ۋە ھەممە جامائەتنىڭ قاپىقى تۈرۈلدى. ھەممىسى خۇددى ئاشقا چۈشكەندەك، كۆڭۈلسىز بولۇشتى.

— بىز گە تېگىشلىك سۇ نۆۋىتىمىزنى كېپەك شاڭجاڭغا بىر كالا ئېلىپ بېرىپ خۇشامەت قىلىپ ئەكەلسەك، ھۆكۈمەت ھەق بېرىدىغان مىرابقىمۇ دېھقاندىن پۇل يىغىپ خۇشامەت قىلساق، ئىمام ئاخۇنۇم ئۈچ كۈنلۈك دۇئاغا ئالغان خوتۇنغا چاي ئىچۈرۈش ئۈچۈن، بىز يەنە پۇل يىغساق، ئەمدى ئۆز يولى بىلەن بولىدىغان ئىشنىمۇ ئارتۇق يۈك بىلەن قىلساق، مۇشۇ ئىشلارنى خۇدا راۋا كۆرەرمۇ؟ ھېلىمۇ بىرمۇنچە ئادەم ۋەيران بولۇپ، يۇرتنى تاشلاپ چىقىپ كەتتى. ھازىر يىل بويى تۈت سەر ياغ كۆرمەي ئۆتۈۋاتقانلار بار. تېخى تېرىمىغان بۇغداينىڭ ھوسۇلىغا قەرز ئېلىپ يەپ بولغان ئادەم جىق تۇرسا، يەنە بۇنداق قىلساق بولماس. سەل ئىنساپ بىلەن ئىش قىلايلى مۇسۇلمانلار، — مۇھەممەتئىمىن سەيدىن گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي بوغۇلۇپ قالدى. جامائەت ئارىسىدىن بىرقانچە يەردىن بوغۇلۇپ «ئۇھ» تارتقان ئاۋاز ئاڭلاندى.

ھەممە جىمجىت بولۇپ كەتتى. سوپى مەزىن غەزەپتىن تىترەپ كەتتى.

ماموت نۇر تاتاردى، پۈتۈن ئەزايى لاغىلداپ تىترەپ كەتتى.

— ئولتۇرە، سا مېڭىسى يەپ قالغان ساراڭ، ھېلى كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرستىمەن، — دەپ خىرقىرىدى كەنت باشلىقى سىدىق بايچەك. ئۇ قارا كۆتەكتەك پاكار، ئاچچىقى يامان ئادەم ئىدى. تىترەپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ ئاغزىغا گەپ كەلمەي قالغان ئابدۇرېشىت ئىمامنىڭ سەل دەردى چىققاندەك بولۇپ، تىنىقى يۇرۇشتى.

— ھەي، مېڭىسىنىڭ سۈيى بار، ئىش بۇزدى ساراڭ! خەق

www.uyghurkitap.com

سۇ ئىچمىسە ، يەر تېرىمىسا بولامتى؟ يۇرتنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەنلەرنىڭ ھەممىسى ساڭا ئوخشاش ئىش بۇزدى نان قېپىلار ، غوجامىنىڭ قارغىشىغا كەتكەن ، كۆكلىمەس قاقشاللار ، قالغانلارنىڭ ھەممىسى باياشات ! — دەپ قايناپ كەتتى سىدىق بايچەك.

— جامائەت ، ئەمىسە ماۋۇ مېڭىسىنىڭ سۈيى بار لەۋانىڭ دېگىنى بويىچە ، كېپەك شاڭجاڭ قاچان سۇ نۆۋەتنى بۇيرۇسا ، شۇ چاغىچە «ئۈجمە پىش ، ئاغزىمغا چۈش» دەپ ئولتۇرىمىزمۇ؟ ئەمىسە ، شۇنداق قىلىمىز دېسەڭلارمۇ مەيلى ، — دېدى مامۇت نۇر .

— ياق ، سۇنى ۋاقتىدا ئەكېلىپ يەرگە ئۇرۇق پاتۇرمىساق بولمايدۇ . جېنىمىزنى ئالسىمۇ مەيلى ! — دەپ ۋارقىراشتى جامائەت .

— ھوي ساراڭ ، سەن ھازىر نېمىنى بىلەتتىڭ؟ جاھاننىڭ ئىشلىرىدىن خەۋىرىڭ يوق . ھازىر مۇشۇك بىكارغا ئاپتاپقا چىقمايدۇ ، ھەممە يەردە پۇل ، پۇل بولمىسا بولمايدۇ !

— ئولتۇرە ، ئىش بۇزدى ، سەن بەرمىسەڭ بىز بېرىمىز ، قېنى ، سۇ دەپ ئېچىق بېشىغا چىققىنىڭنى بىر كۆرەيلى !

ھەممىسى تەرەپ تەرەپتىن مۇھەممەتئىمىن سەيدىننى تالاپ كەتتى . مۇھەممەتئىمىن سەيدىن شۇمشىيىپ ئىزىغا ئولتۇرۇپ قالدى . ئۇنى ئىچ ـ ئىچىدىن يىغا قاپساپ كەتتى . ئەمما چىشلىرى چىڭ كىرىشىپ ، پەيلىرى تارتىشىپ قالغاندەك بولدى .

— جامائەت ! — دەپ ئورنىدىن تۇردى ئابدۇرېشىتخان غوجا ، مەسچىت ئىچى قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيغاندەك جىمىدى ، ھەممە بېشىنى تۆۋەن ئېگىپ ، تىنىقىنى پەسلىتىپ ، ئىمامغا بولغان چەكسىز ھۆرمەت ھېسسىياتى بىلەن تۇرۇشتى .

— ھازىر مەھەللىدە مانا بۇنىڭغا ئوخشاش مەيدىسى قىچىشىسا دۇمبىسىنى قاشلايدىغان بىر قىسىم نائەھلىلەر خەق ئارىسىدا ھېلى ھۆكۈمەتنىڭ ، ھېلى بىزدەك دىنىنىڭ تۈۋرۈكى ئەھلى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىدىن پىتنە ـ پاسات تېرىپ يۈرۈيدىغان بولۇپ

قالدى . بۇنداق غەيۋەت ـ شىكايەتچىلەر ئاللانىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلالمايدۇ . مانا مۇشۇنداق ئاللانىڭ ، جامائەتنىڭ نەزىرىدىن چۈشىدۇ . سىلەر ئۇلارنىڭ كەينىگە كىرمەڭلار ، ئىمانىڭلارنى بۇلغىماڭلار ، ئۇلاردەك ئىنساپسىز ، قارا يۈز بولماڭلار ، ماموت نۇر سېكرېتار ، سىدىق بايچەك دادۇيجاڭلارمۇ بىزگە پارتىيە ـ ھۆكۈمەت بولۇپ ، يۇرتقا ئاتا بولۇپ تۇرۇۋاتقانلار . بىز مانا مۇشۇنداق باياشاتلىقنىڭ ، ھۆر زاماننىڭ قەدرىگە يەتمىسەك ، ھەممىمىز تۇزكور ، دوزىخى بولىمىز . ھۆكۈمەتنىڭ ئەمرىنى تۇتماق ۋاجىپ ، غەللىنى ساق تاپشۇرساق ، ماموت نۇر ، سىدىق بايچەكلەر باشلىغان يولدا ماڭساق ، ھۆكۈمەتنىڭ ئەمرىنى تۇتقان بولىمىز . ئۇلارنىڭ مانا مۇشۇنداق مەسچىتىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلىپ ، جامائەتكە ئاتىدارچىلىق قىلىۋاتقانلىقى ھۆكۈمەتنىڭ بىز مۇسۇلمانلارغا قىلغان غەمخورلۇقى . بىز سەيدىن باينىڭ بالىسىغا كۆپ قېتىم ئىمان ـ ئىنساپ ھەققىدە سۆزلىدۇق . ئەمما ئۇنىڭ مېڭىسىنىڭ دەردى بولغاچقا ، مۇشۇنداق دىنغا يات ، ھۆكۈمەتنىڭ ئەمر ـ پەرمانىغا مۇخالىپ سۆزلەيدۇ . بۇنداقلاردىن ھەزەر ئەيلەيلى...

## 6

بۇغداي ئېگىزلىرىدا ئاق قۇشقاچلار ھەر تەرەپكە پىتىراپ ، ئۇچۇشۇپ ئوينىشىدۇ ، قۇياشنىڭ پالىلداپ ئۇرۇۋاتقان كۈچلۈك تەپتىدە ئېگىزلىقتىن قۇرۇق ھور كۆتۈرۈلگەن ، ئاپتاپقا چىدىمىغان قويلار قاغجىرىغان پاكار جىگدىلەر ئاستىغا توپلىشىۋېلىپ ، سالجىلارنىڭ دەستىدىن سەكرىشىدۇ . ئېگىزلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەقەت ئاپتاپتىن قورقمايدىغان ئېشەكلەرلا قۇلاقلىرىنى سالپايتىپ ، چار ئوت ، قىر بېشىدىكى خوجا ، ئېگىزنىڭ ئارىسىغا پېتىپ قالغان قاشقا بېدىلەرنى يەپ تويمايدۇ . يالىڭاچ ئۇششاق بالىلار سارغىيىۋاتقان جىگدىلەرنى قىزىق قۇمغا كۆمۈپ ، پىشۇرۇپ يېيىشمەكتە . ئۇلارنىڭ ئاپتاپتا كۆيگەن بەدەنلىرى قىزىرىپ پىشقان

زاغرىدەك ، قۇرغاق ھەم پارقىراق ئىدى .

نۇسرەت قوناقلىقنىڭ قىرىدىكى قويۇق جىگدىنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرغىلى ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىت بولدى . قوناقلىقنى يالىلداپ چىقىۋاتقان دەم سىقما ئىسسىقتا ئۇ چىپىلداپ تەرگە چۆمدى ، ئۇ پات - پات يىراق قۇم باغرىدىكى قومۇش باسقان ھارۋا يولىغا تەلمۈرۈپ قاراپ قويىدۇ . يولدا ئىنس - جىن كۆرۈنمەيتتى . قوناقلىق ئۈستىدە ، توپ قۇشقاچ ۋە كەپتەرلەر ئۇچۇشۇپ يۈرۈشىدۇ . پىژغىرىم ئىسسىقتىن نۇسرەتنىڭ پۈتۈن ئەزايى چىلىق - چىلىق سۇ بولۇپ كەتتى . ئۇ ئۆپچۆرىسىگە بىردەم قاراشتۇرۇپ قۇلاق سالغاندىن كېيىن ، كۆڭلىكىنى سېلىۋەتتى . ئۇنىڭ بۇغداي ئۆڭ كەلگەن بەدىنى شۇنچە سىلىق ھەم چىرايلىق ئىدى . ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان كۆكسى كىچىك بىر جۈپ ئالمىدەك پارقىراپ تۇراتتى . ئىككى كۆكسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئالمىنىڭ ئۇرۇقچىلىك چوڭلۇقتا بىر خال بار ئىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ بىرى ئۆز بەدىنىنى بۇنداق خاتىرجەم ، ئازادە كۆرۈۋېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەنىدى . ئادەتتە دائىم بويىنى سۇغا سېلىپ تۇرىدۇ ، ئەمما كېچىدە ئېغىلنىڭ ئىچىدە يۇيۇنىدۇ ، ئۇ دائىم ئەينەكتە يۈزىنى كۆرۈپ ، يۈزىنىڭ چىرايلىق ئىكەنلىكىدىن لەززەت ئالاتتى ، مانا بۈگۈن ئۆز بەدىنىنىڭ چوڭ ئانىسى سۆزلەپ بېرىدىغان چۆچەكلەردىكى مەلىكىلەرنىڭكىگە يەتمىسىمۇ ، زىلۋالىقىنىڭ ئۇلارنىڭكىدىن قېلىشمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى . ئۇنىڭ ئىچىگە ئوت كەتكەندەك قىزىپ كەتتى ، ئۇ رامزان كىرگەن ئون ئۈچ كۈندىن بۇيان ، ئۆيدىكى چوڭلار بىلەن ئوخشاش ، روزىنى قازا قىلماي ساق تۇتۇپ كېلىۋاتىدۇ . ئۇ جىگدىنىڭ تۈۋىنى تىرناقلىرىدا تاتىلاپ كولاشقا باشلىدى . خېلى كولىغاندىن كېيىن نەم توپا چىقتى ، سالقىن ، نەمخۇش بىرخىل ھاۋا ئۇنىڭ تىنىقىغا كىردى . ئۇ ئەتراپىغا يەنە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ، كۆكسىنى نەم توپىغا بېسىپ ياتتى . ئەمدى يېتىپ تۇرۇشىغا ، قۇلىقىغا تونۇش ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى .

ئاتام مېنى، ئانام مېنى،
نېمىشقا ئارزۇلاپتىكى؟
مېنىڭ بۇنداق بولارىمنى،
نېمىشقا ئويلىماپتىكى؟

نۇسرەت كۆكسىگە چاپلاشقان نەم قۇملارنى دەرھال قېقىشتۇرۇپ، كۆڭلىكىنى كىيىۋالدى. ئۇ ۋۇجۇدىغا ھۇزۇر بەرگەن نەم يەردە يەنە بىردەم يېتىۋېلىشنى بەك ئارزۇ قىلغانىدى، ئەمما ناخشا ھودۇقتۇرۇۋەتتى. ئۇ يۈرىكىنىڭ بارغانچە سېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، پۇت - قولىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. بىر خىل لەززەتلىك ئېقىم ھەممە يېرىگە تاراپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ يانچۇقىدىن كىچىك ئەينەكنى ئېلىپ يۈزىگە قارىدى. ئەتىگەن قويۇۋالغان ئوسمىسى تەر بىلەن يۇيۇلۇپ پەقەت سۇس ئىزناسى قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ قىياقتەك قارا قاشلىرى ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى، كالىنىڭ بوينىدىكى تونۇش زىل قوڭغۇراق ئاۋازى ناخشا بىلەن بىرگە يېقىنلاپ، ئۇنىڭ يۈرىكىنى بارغانچە ئويىنىتىۋەتتى. ئۇ جىگدىنىڭ تۈۋىدىكى سالقىن يەردىن كۆڭلى قىيمىغان ھالدا قوپۇپ، قوناقلىق ئىچى بىلەن ناخشا كېلىۋاتقان تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

نۇسرەت يول بويىدىكى قېرى جىگدىنىڭ تۈۋىگە كېلىشىگە، ھارۋىمۇ يېقىنلاپ كەلدى، ياسىن مەدەك ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭ ئاپتاپتا كۆيۈپ پىشقان سوزۇنچاق يۈزىدىن تەر قۇيۇلۇپ تۇراتتى. شالاڭ كالتە قاشلىرى ئاستىدىكى كىچىك قوڭۇر كۆزلىرى نۇسرەتنى كۆرۈپ چاقناپ كەتتى.

— چىققىنىڭىزغا خېلى ئۇزۇن بولدىمۇ؟ — دېدى ئۇ گەز باغلاپ قورۇلۇپ كەتكەن قېلىن كالپۇكىنى يالاپ.

— ياق، تېخى بايىلا چىققان، — دېدى نۇسرەت ئۇنىڭ تەردىن

www.uyghurkitap.com

هۆل بولۇپ كەتكەن كۆك مايكىسىغا قاراپ پىخىلداپ كۈلۈپ .

— يائاللا ، ئەجەب بولدى بۇ ئىسسىق ! — دېدى ياسىن مەدەك كۆڭلىكىنىڭ يېڭى بىلەن چېكىسىنى ، جىگدە يىلتىزىدەك بوينىدىن توختىماي ساقىپ چۈشۈۋاتقان تەرىنى سۈرتۈپ .

— مەڭ ، مانىڭدا ئېرتىڭ ، — نۇسرەت ئۇنىڭغا قولياغلىقىنى سۇندى .

ياسىن ياغلىقنى ئېلىپ يۈزىنى سۈرتتى ، ئاندىن نۇسرەتنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ تۇرۇپ يۇرىدى .

— سەتلىكىنى قىلىنىڭ ، خوتۇنى ياغلىق توقۇپ بەرمىدىمىكى ؟ — دېدى نۇسرەت بوينىنى تولغاپ تەنە بىلەن .

— ۋاي قويۇڭا شۇ خوتۇنىنىڭ گېپىنى ، بۇنداق ياغلىق توقۇپ ئېرىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويۇش ئۇن يىلدىمۇ ئەقلىگە كەلمەيدۇ ئۇ كالىنىڭ ، — دېدى ياسىن زارلىنىپ .

— ئەمىسە نېمىشقا ئالغان ؟ ئۆزىنىڭ خوتۇنىنىڭ ئەيىبىنى دېيىشتىن نومۇسمۇ قىلمايدىكەن !

— ۋاي ، مەن سىزگە نەچچە قېتىم دېدىمغۇ ؟ ئانام مۇشۇ خوتۇننى ئالمساڭ ، ئاق بولىمەن ، كۆك بولىمەن ، ئۈچ كۈنلۈك بولسىمۇ ئال دەپ تۇرۇۋالدى ، ئالغاندىن كېيىن قويۇۋېتەي دېسەم ، كۆز بولسۇن ، قىش چىقسۇن دەپ يۈرۈپ ، مانا ئەمدى بىرنى تۇغۇپ ياتتى ، ئەمدى ئۆيگە ئەكەلگىنىمنى كۆرسۇن . ئەگەر ئۆيدىكىلەر ئەكېلىمەن دېسە ، ئۆينى تاشلاپ چىقىپ كېتىمەن . شۇنداق تويدۇمكى ، ئايلاپ يېنىدا ياتسامىمۇ ، مايەردە خوتۇنۇم بار ئىدى ، دېگۈم كەلمەيدۇ .

— سەت گەپ قىلماڭا ، كېتىمەن بولمىسا .

— بولدى دېمەي ، ئەمما بۇ كۆڭلۈمدىكى گېپىم .

— پو ئاتماڭ ، ئەمدى مېنى گوللىيالمايسىز ، بۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى چىقمايمەن .

— ياق ، ياق ، سىز نېمىشقا مېنىڭ يۈرىكىمدىكىنى چۈشەنمەيدىغانسىز ؟ قەسەم ئىچىمەنكى ، ئەمدى ئۇنى قويۇۋەتكىنىم

قويۇۋەتكەن !

— خوتۇنىڭىز تۇغقىلى قانچە كۈن بولدى ؟

— بۈگۈن ئوتتۇز ئالتە كۈن بولدى .

— ئوغۇلمۇ ـ قىزمۇ ؟

— قىز تۇغۇپتۇ ، كالۋا .

— قېيىنانىڭىز بېقىۋاتامدۇ ؟

— ھەئە ، تېرىكمۇ ئۆزى ئالغان ئوخشايدۇ . ئەتە ـ ئۆگۈن خېتىنى بەرسۈن ، دەيدۇ ھەقىچان . ئۆگىنچە ، ھوشۇر توختىغا بىر جىلىك ھاراق ئېلىپ بېرىپ ، «ئاكا ، ئاجرىشىمىز دەپ كەلگەن ھامان ، گەپ قىلمايلا خەت كېسىۋەت» دەپ ئىشنى جۆندەيمەن .

— ئىشقىلىپ ، ۋاقتىدا ئۆيگە داستىخان ئەكىرىۋەتمىسەڭلار ، خەق كىشى قويغىلى تۇردى ، دادام گەپ قىلماي تۇرۇۋاتىدۇ .

— ماقۇل ، خۇدا بۇيرۇسا ، ئۇنىنچى ئايدا توي قىلىمىز .

— قېنى كۆرەرمىز ، — دېدى چەكسىز شادلىنىپ كەتكەن نۇسرەت ئۆزىنى بېسىۋېلىشقا تىرىشىپ .

ياسىن مەدەك ياغلىقتا سىنچىلاپ قاراشتۇرغىلى تۇردى ، چۆرىسىگە ئاق يىپتا رېشىلىيە ئىشلەپ ، ئوتتۇرىغا بىر جۈپ ئالمىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن يېشىل تاۋار ياغلىقتىن كۆيە دورىسىنىڭ پۇرىقى تارقىلىپ تۇراتتى ، بۇنى نۇسرەت ئانىسىنىڭ قۇراق تەكچىگە ئاتاپ قويغان پۇرۇچ بوغچىسىدىن سوغۇرۇۋالغانىدى . ياسىن ياغلىقنى بىردەم پۇرىغاندىن كېيىن ، نۇسرەتنىڭ خىيال سۈرۈپ قالغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ، بېلىدىن قۇچاقلىۋالدى .

— ۋىيەي ساراڭ بولدىڭىزمۇ ؟ قويۇۋېتىڭ ، ۋارقىرايمەن . رامزاندا مۇشۇنداق قىلامسىز ، روزا تۇتمىغان ئوخشىمامسىز ؟

— ياق ، روزا تۇتتۇم . بۇنىڭلىققا روزا بۇزۇلمايدۇ ، پەقەت بىرنى ، بىرنىلا...

— ياق ، ياق ، ئالماقچى بولغان قىزنى بۇنداق قىلمايدۇ . سىز مېنى ئەخمەق قىلماقچىمۇ ؟ راست گېپىڭىزنى قىلىڭ .

نۇسرەتنىڭ قارا كۆزلىرى ياسىنغا مىختەك قادالدى . قاشلىرى تىك بولۇپ ، قوشۇمىسى تۈرۈلدى ، يۈزلىرى قىزىرىپ كەتتى .

— ياق ، چوقۇم ئالىمەن . مەن ئۇنداق قىلسەن دېمىدىم ، پەقەتلا سۆيۈۋالاي دەۋاتىمەن ، ئۇنىڭغا نېمە بولىدۇ ؟

— ياق ، ياق ، بولمايدۇ .

— سۆيگەنگە ھېچنېمە بولمايدۇ ، پەقەت بىرنى سۆيۈۋالاي .

ئىككىسى خېلىغىچە تارتىشتى ، نۇسرەت بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ بويۇن بەرمىدى ، ياسىن بولسا پەقەت ئۇنىڭ بويىنىغىلا سۆيۈۋالدى . نۇسرەت كۆكۈيۈن چاققان بايتالدەك سەكرەپ ، ياسىننىڭ سول بىلىكىنى چىشلىۋالدى ، ياسىن دەرھال قويۇۋەتتى .

— ۋايجان ، بىلىكىمدىن قان ئېقىۋاتىدۇ ، — دەپ ئېرىغا بېرىپ يامانلاپ ئولتۇرۇۋالدى ، نۇسرەت دەرھال يۈگۈرۈپ كەلدى .

— ۋاي راستىما ، مەن ئۇنچىۋالا قاتتىق چىشلىمىگەن ، تۇتۇڭا ، — نۇسرەت ئەنسىرەشتىن ھەممىنى ئۇنتۇدى ، ياسىن مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلدى .

— قېلىن ، ئەسكى ، يالغانچى .

ياسىن ئورنىدىن تۇردى .

— مەن ماڭاي ، ھېلى ئىتقا ئوخشاش قاۋاپ كەتمىسۇن . قاپىقىڭىزنى ئەكېلىڭا ، — ياسىن قاپاقنى ئېلىپ ، ھارۋىدىكى تۆمۈرتۇڭنىڭ رېزىنكە نوسىدىن قاپاققا سۇ چۇشۇردى . كەنت سېكرېتارى ھامۇت نۇر ئۇنى يىللىق ھاشارسىنى كۆتۈرۈش ھېسابىغا ، ئاياغقۇمدىن قىرىق چاقىرىم يىراقتىكى شەھەر ئۆستىڭىدىن سۇ توشۇشقا قويغانىدى . بۇ سۇنى ھامۇت نۇر ، سىدىق بايچەك ، ئىمام قاتارلىق كاتتىلارنىڭ ئۆيىگە ئەكېلىپ بېرەتتى . نۇسرەت ھەپتىدە بىر قېتىم مۇشۇ يەردە تۇرۇپ ياسىندىن سۇ ئالاتتى .

— بۈگۈن خېلى بالدۇر كەپسىزغۇ ؟

— زولۇق يەپلا چىققان ، بۈگۈن نۆۋەت غوجامغا كەلگەن ، سەھەر ئەكېلىشنى تاپىلىغانىدى . ئاڭلىسام ، ھاشىرخان بىچارىنى



www.uyghurkitap.com

شۇ قېرى ھاڭگا جۈندەپ كېتىپتۇغۇ؟ ئىسىت، ساپ بەلەن قىز بالىنىڭ بۇرنىنى شۇ ئوغرى ياردۇ، مەنمۇ غوجا ئەۋلادى بولۇپ قالسامچۇ؟

— سەتلىكنى، توخۇ پوقى.

نۇسرەت ئاچچىقلانغان پېتى قاپاقنى يۇدۇپ كېتىپ قالدى. ياسىن مەدەك كەينىدىن گەدىنىنى تاتىلاپ ھىجايدى:

— كەچتە سىلىنىڭ مەھەللە تەرەپتە قىمار بولىدۇ، ئاي تۇغقاندا چىقىسىڭىز، يەنە بىرنى سۆيۈۋالسام، ھەممىنى ئۇتۇۋالاتتىم.

— چولام يوق، ئىشتىنىڭىزنىمۇ ئۇتتۇرۇۋېتەرسىز خۇدايىم، — نۇسرەت ئارقىسىغا قاراپ شۇنداق دەپلا، «ۋىلىق» قىدە كۈلۈپ قويۇپ كەتتى.

— خەپ، سېنىمۇ ئالارمەن جۇمۇ! — دېدى ياسىن مەدەك قولىدىكى تاياق بىلەن كالىنى بىرنى ئۇرۇپ.

## 7

باپكا كۆلىنىڭ چېتىدىكى ئايلانمىدا، قۇچاق يەتمەيدىغان ئىچى كاۋاك سۆگەتلەر سايە تاشلاپ تۇرىدۇ. يىراقلارغا سوزۇلغان شاخلاردا قۇشلار ھۇزۇرلىنىپ، تىنماي سايرايدۇ. يەردىن چىقىپ قالغان ئادەم بېلىدەك يىلتىزلاردا ئۇششاق باللار ئۇچكە چېقىپ يەيدۇ. ئاياغقۇمدا پەقەت مۇشۇ كۆل بويىلا جانغا راھەت ھاۋالىق جاي. تومۇز كىرگەندىن كېيىن، بۇ يەردە باللار، قېرىلار، بىكارچىلار توپ - توپ بولۇپ ئولتۇرۇشۇپ راھەتلىنىدۇ. باللار بىر - بىرنى قوغلايدۇ ياكى كۆلدىن قۇمچاق تۇتۇپ ئوينايدۇ، ياشلار قارت ئوينايدۇ، قېرىلار ئۇ دۇنيا توغرىسىدا، پەيغەمبەرلەر قىسسىسى، ھەزرىتى ئەلىنىڭ «كاپىرلار» نى ئىمان ئېيتقۇزۇش ئۇچۇن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرىنىڭ قىسسىلىرىنى سۆزلىشىدۇ، مەھەللىدىكى يېڭىلىقلار توغرىسىدا پاراڭ سېلىشىدۇ، بەزى خالىي

قالغان چاغلاردا، قىمارۋازلار تاۋكا قۇرۇپ، ئوشۇق ئوينىشىدۇ.

يېقىندىن بۇيان، ئاياغقۇمدا تولغاق كېسىلى تارالدى. بىر قانچە بالا ئۆلۈپ كەتتى. مەھەللىدە ۋەھىمە پەيدا بولدى. ئەمدى كۆل بويىدىكى گەپنىڭ تېمىسى «كېسەل» ھەققىدىلا بولۇپ قالدى. بۈگۈنمۇ تۆشلىرىنى ئېچىپ، بەلباغلىرىنى بوش باغلىۋالغان قېرىلار كالىنىڭ قۇيرۇقىدىن ياسىۋالغان چىۋىن قورۇغۇچىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، كۆل بويىغا كېلىشتى، ئۇلار سۆگەتنىڭ سايىسىدىكى نەم توپىغا ئۆزلىرىنى تاشلىشىپ، پاراڭلىرىنى باشلىدى.

— ھوي سىدىقاخۇن، بۈگۈن ئاۋۇدۇن باينىڭ نەۋرىسىنىڭ نەزىرىسىگە بارمىدىڭلار، نېمە ئىش بولدى؟ مەسچىتتىمۇ كۆرۈنمىدىڭلار؟ — دېدى پۇتىنىڭ باش بارمىقىغا چىگىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ ئارغامچا ئېشىۋاتقان مۆمىن ھېلىمشا. ئۇنىڭ تۈرۈپ - تۈرۈپ ئالىقىنىغا تۈكۈرگەن تۈكۈرۈكى چىشسىز ئاغزىدىن ھەر تەرەپكە چېچىلىپ، تولىسى ئاچىماق ساقىلىغا چاپلىشىپ قالاتتى. توقۇم ياماپ ئولتۇرغان سىدىق پاكار جۇۋالدۇرۇزنى كۈچەپ سانجىپ، بېشىنى كۆتۈرمەستىن جاۋاب بەردى.

— گەپ قىلماڭلار مۆمىناخۇن، ھېلىقى ئىپلاس كېسەل ماڭا چاپلىشىپ قاپتىكەن، كېچىچە تولا تالاغا چىقىپ، بولالماي قالدىم، نامازغا ئالغان تەرەتىممۇ تەرەت بولمىدى، پۇت - قولۇمدا مادار يوق، قانداق قىلارمەن؟ ئاۋۇدۇن باينىڭ نەۋرىسىمۇ تولغاق بولۇپ قاپتىكەنمۇ؟

— ھە، ئۇ بالىمۇ شۇ كېسەل... شۈكرى دەڭلا، بۇمۇ ئاللانىڭ بەرگىنى.

— تۇۋا قىلدىم، خۇدايا، بەرگەن كۈنىڭگە يۈز مىڭ شۈكرى، — دەپ ياقىسىنى چىشلىدى سىدىق پاكار ھودۇققان ھالدا.

— ھېلىقى مارىخان تولغاقنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان دورا دەپ، بىرنېمىلەرنى تارقىتىپ يۈرەتتى. شۇنىڭدىن يېمىدىڭلىمۇ

سىدىقباي ؟ — دېدى ئېشىكنىڭ جۇمبۇرنى ياماپ ئولتۇرغان توختى قوتۇر قاپقارا چوقۇر يۈزىگە چاپلاشقان ئىت چىۋىنىنى كاپپىدە تۇتۇپ يەرگە تاشلاپ دەسسىگەچ . ئۇنىڭ يىرىك تاپىنى ئاستىدىن «پاس» قىلغان ئاۋاز چىقتى .

— ئۆمرۈمگە كېلىپ ھازىرغىچە بىر كۈن ئاغرىپ قالغان بەندە ئەمەسمەن ، ئەمدى تۆت كۈنلۈكۈم قالغاندا ، ئاشۇ ھارام نېمىنى يەپ ، ئىمانىمنى بۇلغىغۇچە ، پاك پېتىم ئۇ دۇنياغا باراي ، — دېدى سىدىق پاكار . ئۇنىڭ ساقال ئارىسىدىكى سەل سارغىيىپ قالغان قارا يۈزلىرىدە بىر خىل غۇرۇر ئالامىتى ئىپادىلەندى .

— ھەببەللى ، بۇ گېپىڭ ئوبدان بولدى ، سەن ئىككى چاقماق قەنت تېپىپ ، چايغا سېلىپ ناشتا قىلىپ باقە ، ماۋۇ ئوبۇل چەمەكنىڭ بۇۋىخان شۇنداق قىلىپ ساقايدىم دەپ يۈرىمىش ، — دېدى مۆمىن ھېلىمشا .

— ئۆتكەن يىللىرى ، كېسەل تارقالسا ، دورىنى بىكارغا بېرەتتى . ھازىر ئەمدى تەكشۈرگەنگە بىر يېرىم كوي ، تۆت تال دورىغا ئۈچ كوي ئالىدىغان بولۇشۇۋاپتۇ . دورىنى يەپ ساقايسىغۇ ساقايدى ، بولمىسا تۆت يېرىم كوي پۇلنىڭ كۆزى ئوچۇقلا كېتىدۇ . شۇ پۇلغا ئەھەت قاسساپنىڭ كاساڭ گۆشىدىن بىر پارچە يېسە ، شۇ پايدا ، — دېدى ئوبۇل كوسا ئاغزىنى چاكىلدىتىپ .

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم !

ئولتۇرۇشقانلار بۇ بوغۇق ئاۋازدىن چۆچۈپ ، ھودۇققان ھالدا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ كەتتى ، ئۇلارنىڭ قېشىغا ئابدۇرېشىتخان غوجا كەلگەنىدى .

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، غوجام ! — ھەممىسى ئېگىلگەن ، دوڭغاقلىغان پېتى يۈگۈرگەندەك بېرىپ ، غوجىنىڭ قوللىرىنى چىڭ تۇتۇپ ، يۈزلىرىگە سۈرتۈپ كېتىشتى . ئابدۇرېشىتخان غوجا بېشىغا يېڭى گۈللۈك ئاق دوپپا ، ئۈچىسىغا ئاق شايى يەكتەك كىيىپ ، بېلىنى چۈچىلىق ھەرەم ياغلىقىدا باغلىۋالغانىدى . ئۇزۇن چار ساقىلى ئوچۇق قىزىل مەيدىسىدە يەلپۈنۈپ ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە

www.uyghurkitap.com

سالاپەت بىرىپ تۇراتتى، ئۇ پۇقرالىرىنى قوبۇل قىلغان پادىشاھتەك، سولاشقان قاپاقلىرىنى سۇرلۇك لىپىلدىتىپ، ئادەملەرگە قولىنى ئىرىنچەكلىك بىلەن ئۇزاتتى.

— بىر كۈندە يەتتە مەرتەم كۆرۈشكۈلۈك ئەمەسمۇ ـ ھە! — دېدى ئۇ، غاراڭ ـ غۇرۇڭ ئاۋازدا.

— ھەئە، شۇنداق غوجام، ساۋاب ئەمەسمۇ غوجام، — دېيىشىپ قول قوشتۇرۇپ تۇرۇشتى ھەممىسى ئېگىلگەن ھالدا. سىدىق پاكار ھەممىسىنىڭ كەينىدىن ئاران مېڭىپ كېلىپ كۆرۈشتى.

— ھە، سىدىقباي، نىمە بولدىڭلار، بەك دوڭغاسلاپ قاپسىلەيا؟

— تولغاق بولۇپ قاپتىكەنمەن غوجام، پۇت ـ قولۇمنىڭ ھېچ ماجالى يوق.

— ئاللاغا جىق ھەمدۇسانا ئېيتىڭلار، توۋا قىلىڭلار، ھۆكۈمەتنىڭ كەينىدىن غەيۋەت ـ شىكايەت قىلىدىغان ئىشقا ھەرگىز ئارىلاشماڭلار.

ئاڭغىچە، قولتۇقىغا گىلەم قىستۇرغان مۇرىتى يېتىپ كېلىپ، يەرگە گىلەمنى سالدى. ئىككى تالىپ ئىككى يانغا ئۆتۈپ، بىرى يەلپۈگۈچتە يەلپۈدى، بىرى قوتاز قۇيرۇقىدا ياسالغان چىۋىن قورۇغۇچتا چىۋىن قورۇدى. قېرىلار ئۇنى چۆرىدەپ، يۇمشاق، نەم تۇپىدا يۈكۈنۈپ، ئۇنىڭغا ئېغىشىپ، ئاغزىغا تەلمۈرۈپ ئولتۇرۇشتى.

— ھازىر بىز مۇسۇلمان خەقتە ئىنساپ قالمىدى ـ ھە، — دېدى ئۇ سۆزىنى ئۇلاپ، — ھۆكۈمەتنىڭ كەينىدىن، دىنىي ئۆلىمالارنىڭ كەينىدىن غەيۋەت ـ شىكايەت قىلىشىپ، ئەمىر ـ پەرمانلارغا بويۇنتاۋلىق قىلىشىدۇ، غەللە تاپشۇرۇڭ دېسە، ۋاقتىدا تولۇق تاپشۇرمايدۇ، ئىككى تال غەللىنىڭ پۇلىنى بەرسۇن، دەپ يىغلىشىدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى غەيۋەت ـ شىكايەت، ھۆكۈمەتكە پۇت ئاتقانلىق، ئاللانىڭ ئەمرىنى تۇتمىغانلىق. ھازىر ئاللا بىزگە

نېمىشقا ھېلى جىگەر كېسىلى، ھېلى تولغاق دەپ بۇ كېسەللەرنى بېرىۋېرىدۇ؟ بۇ ئاللانىڭ بىزگە قىلغان غەزىپى. ھازىر ئاياغقۇمدا ھاراق ئىچىدىغانلار، زىنا قىلىدىغان ئىشلار، ئىپلاسلىقلار پەيدا بولدى، مىسال، ئاۋۇ مەمىتەك دېگەن خالقۇش ساراڭنىڭ قىزىنى ھېلىقى ياسىن مەدەك دېگەن ھاراقكەش قىمارۋاز جىگدىلىكتە سۆرەپ يۈرەرمىش. مۇشۇنداق ھاراق، زىنا، غەيۋەت ـ شىكايەتتىن بىز بۇرۇن ئېتىنى ئاڭلاپ باقمىغان جىگەر كېسىلى، تولغاق، موخو دېگەن كېسەللەر پەيدا بولدى. بۇ نېمە؟ ئاللانىڭ غەزىپى، ئاشۇ ھارام ئىشلارنىڭ ھەققىگە ئاللانىڭ بىزگە ياغدۇرغان جاۋابى. قېنى، ئاشۇلار بىر يوقالسۇن، كېسەل ھازىر يوقىلىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ، ئاللانىڭ بەرگىنىگە شۈكرى قىلىپ، سىڭگەن ئۆمىچىمىزنى ئىچىپ، بېشىمىزنى ئىچىمىزگە تىقىپ، تىم دېھقانچىلىقىمىزنى قىلساق، خۇدا بىزگە رەھىم قىلىدۇ، ئىنساپ ياغدۇرىدۇ، ئىمان ياغدۇرىدۇ. زىرائەتلىرىمىز ئوخشايدۇ، يامغۇر بېرىدۇ، سۇ بېرىدۇ. ئاڭلىمىساق، مانا مۇشۇنداق سېسىق كۆلنىڭ پاقىسىدەك سېسىق سۇ ئىچىپ، زىرائەتلىرىمىزگە سۇ يوق، كۈندىن ـ كۈنگە قۇرۇپ تۈگىشىپ كېتىمىز. مانا بۇ يىل ئاشۇ مەمىتەك دېگەن خالقۇشنىڭ كەينىگە كىرىپ، غەيۋەت ـ شىكايەت قىلغۇچىلار كۆپىيىۋىدى، بۇغدايغىمۇ ئاران بىر سۇ قۇيالىدۇق. سۇ يوق، دەل ـ دەرەخلىرىمىز قۇرۇۋىدى، كېۋەزلىرىمىز غوزا تاشلىۋەتتى، باغلارنىڭ مېۋىسى يىگىلەپ كەتتى. قىشچە، جىگەر كېسىلىنىڭ دەردىدىن بىرمۇنچە مۇسۇلمانلىرىمىز قازا قىلدى، سەرسان بولۇپ كەتتى. ئەمدى يازچە تولغاق كېسىلى تارقىدى، بۇنىڭ ھەممىسى ئاللانىڭ غەزىپى بولماي نېمە؟ توۋا قىلايلى مۇسۇلمانلار. ئاللاغا ھەمدۇسانايىمىزنى ئېيتايلى، گۇناھىمىزنى تىلەيلى، ئۇلۇغ مازايى ـ ماشايىخلارغا سېغىنايلى. ھەزرىتى ئاپاق غوجام ئاتىمىزنىڭ ھەق ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن، نەزىر، ئۆشرە ـ زاكاتىنى ئۇنتۇمايلى، تېۋىنايلى. شۇنداق قىلساق، ئاللا گۇناھىمىزنى مەغپىرەت قىلغاي!

www.uyghurkitap.com

— بەرھەق ، بەرھەق ، ئېھ ، قۇدرەتلىك ئاللا ! بىلە ـ بىلمەس قىلغان گۇناھىمىزنى مەغپىرەت قىلغايسەن ! — سوپى مەزىن ھۆكرەپ يىغلاپ باش بولۇپ توۋلىدى . ھەممە جامائەت ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ھۆ تارتىپ يىغلاشتى . كېيىن ، «ھە... ھۇم» دېيىشىپ جەر سېلىشقا چۈشتى .

## 8

چۈشكە يېقىن ، مەھەللە ئىچى ئىسسىق دەستىدىن قايناپ كەتتى . تەكلىماكان قۇملۇقىدىن يالىلداپ ئۇرۇۋاتقان ئىسسىق كىشىنى چىدىغۇسىز كۆيدۈرەتتى . روزى تۇتقانلارنىڭ تولىسى دەرەخنىڭ تۈۋىگە چوڭقۇر ئازگال كولاپ ، شۇنىڭ ئىچىدە يالىڭاچ ياتماقتا ئىدى . چوڭلار : «قىرىق يىلدىن بۇيان بۇنداق ئىسسىق بولمىغان» دېيىشتى .

مۇھەممەتئىمىن سەيدىن ئۆيىگە كېتىۋاتاتتى . ئۇنىڭ قارامتۇل چىرايى تۇمۇردەك كۆكىرىپ كەتكەن ، قۇرۇپ گەز باغلىغان نېپىز لەۋلىرى توختىماي ئۇمچىيىپ تىترەيتتى . چوڭقۇر قارا كۆزلىرىدىن تەلۋىلەرچە ئەلەم يېغىپ تۇراتتى . قارا ساقال ـ بۇرۇتلىرى ئوغرى تىكەندەك پارقىراق ئىدى . بېشىدىن ساقىپ چۈشۈۋاتقان تەر پېشانىسىدىكى ، يۈزىدىكى قورۇقلار ئارقىلىق ئېقىپ ياڭاق سۆڭىكىدىن تامچىپ چۈشەتتى . ئۇ بەلبېغىنى يەشتى ، كېيىن كىردىن قارايغان ، ئوت ـ چۆپنىڭ چېلى قېتىپ قالغان خەسە يەكتىكىنى سېلىپ ، بەلبېغى بىلەن قوشۇپ يەلكىسىگە تاشلىدى . ئۇنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى . ئىچ ـ ئىچىدىن يىغا قايناپ چىقىۋاتقاندەك بولدى . ياش چېغىدا قۇمدا چېلىشقا چۈشكەندە ئېغىر بەل قورۇشقاندىكىدەك ھۆمۈلدەپ كەتتى ، ئۇ بېشىدىكى بىر قېتى تىتما بولۇپ كەتكەن ئاق دوپپىسىنى پېشانىسىدىن سىيرىپ چۈشۈرۈپ ، گويا پۈتۈن ئەلەمنى شۇنىڭدىن ئالىدىغاندەك ، ئاغزىغا پۈرلەپ تىقىپ ، چىڭ چىشلىۋالدى .

— ۋاي نېمە بولدۇڭلار ، ئۆڭگىلەڭ بوپكېتىپسىلىيا ؟
خوتۇنىنىڭ ئاۋازى ئۇنى ئېسىگە كەلتۈردى . ئۇ شۇ چاغدىلا ئۆيىگە كەلگەنلىكىنى بىلدى . ئېشەككە قوزۇق ياساۋاتقان قېيناتىسى ھارۇن بوۋاينى ، ئۇنىڭ يېنىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ، چوڭ دادىسى بىلەن قىزغىن گەپلىشىۋاتقان كىچىك يالىڭاچ ئوغۇللىرىنى تونۇدى . خوتۇنى يوبدان ئېتىش ئۈچۈن ، ئۆينىڭ ئارقىسىدىن چامغۇر يۇلۇپ كېلىۋاتقانىدى ، مۇھەممەتئىمىن سەيدىن دولىسىدىكى چاپاننى پىرقىرىتىپ چۆرۈۋېتىپ ، ئاغزىدىكى دوپپىنى تۇكۇرۈۋەتتى ، دوپپا قان ئارىلاش يەرگە چۈشتى . ھەمشىرىخان قورقۇپ كەتتى ، ئەمدىلا گەپ قىلىش ئۈچۈن ئاغزىنى ئۆمەللەپ تۇرۇشىغا ، مۇھەممەتئىمىن سەيدىننىڭ تەتۈر مۇشتى بويىنىغا تېگىپ ، يەرگە يىقىلدى . ھەمشىرىخان «ۋايجان !» دەپ توپىدا يۇمىلاپ كەتتى . ھارۇن بوۋاي :
— ۋاي مەمەتخان ، نېمە بولدى ؟ — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ بولغۇچە ، مۇھەممەتئىمىن سەيدىن ئۆيگە ئوقتەك ئېتىلىپ كىرىپ كەتتى ، باللار قىرقىرىشىپ يىغلاشقىلى تۇردى . مۇھەممەتئىمىن سەيدىن دالان ، تۆت ئېغىز ئۆي ، ئېغىللارغا شامالدەك كىرىپ قايتىپ چىقتى ، يەنە غالجىرلاشقان پېتى ھارۇن بوۋاي ئەمدىلا يۆلەپ تۇرغۇزغان خوتۇنىغا ئېسىلدى . بوۋاي : «ئوبدان بالام مەمەتخان ، ئاچچىقىڭىزغا ھاي بېرىڭ ، ھەمشىرىخان ھەرقانچە گۇناھ قىلغان بولسىمۇ ، مەن ناماقۇل ، مېنىڭ يۈزۈمنى قىلىڭ ، مېنىڭ تۆت كۇنلۇكۇم قالدى . مەن ھايات چاغدا بۇنداق قىلماڭ ، مېنى كۆمۈپ قويۇپ ، نېمە ئىش قىلسىڭىز مەيلى . خۇدانىڭ ، تۇتقان روزام ، ئۆتىگەن بەش ۋاخ نامىزىمنىڭ ھەق - ھۆرمىتى ئۈچۈن ، پەيلى شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمەڭ ، بالام !» دەپ ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلىۋالدى . باللىرى پۇتىغا ئېسىلىۋېلىپ : «دادا ، ئانا !» دەپ قىرقىرىشىپ يىغلاشتى . مۇھەممەتئىمىن سەيدىن مەست ئادەمدەك دەلدۈگۈنۈپ توختاپ قالدى . ھەمشىرىخان توپىدا دۈم يېتىپ ئۆكسۈپ يىغلايتتى . ھارۇن بوۋاي كۆچىسىز

قوللىرىدا مۇھەممەتئىمىن سەيدىنىنى سۆرەشتۈرۈپ، لەمپە ئاستىدىكى سۇپىغا ئاپىرىپ ئولتۇرغۇزدى. ئۇنىڭ چىرايى قورقۇنچلۇق تارتىشىپ، كۆزلىرى قان قۇيۇلغاندەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۆزى ھەدەپ ھەمشىرىخانىغا خىرىس قىلغان ھالدا تىكىلىپ ھاسىرايتتى. ھەمشىرىخان ھەممە يېرى توپىغا مىلەنگەن ھالدا ئۆكسۈپ يىغلاپ، ئاستا سۆرىلىپ، كۆمۈپ قويۇلغان قىغقا يۆلەندى. چۇۋۇلۇپ كەتكەن چاچلىرى يۈز ـ كۆزلىرىنى توسۇۋالغانىدى. باللار قىرقىراپ يىغلىشىپ، ئۇنىڭغا يېپىشىۋېلىپ، دادىسىغا قورقۇمسىرىغان، ياتسىرىغاندەك يات ـ يات يەر تېگىدىن قاراپ قويۇشاتتى. ھارۇن بوۋاي تاتارغان، ھاسىرىغان ھالدا بىردەم قىزىغا، بىردەم يېنىدا ئولتۇرغان كۈيئوغلىغا قارايتتى. ئۇنىڭ كىرپىكسىز كۆزىدىن توختىماي ئېقىۋاتقان ياش ئاق، كىر ساقىلىنىڭ ئارىسىغا سىڭمەكتە ئىدى.

— بالام، — دېدى بوۋاي بوغۇلغان يىغا ئارىلاش ئاۋازدا، — ماۋۇ باللارغا قاراڭ، ماڭا ئىچىڭلار ئاغرىمىسىمۇ، باللارغا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن. بۇنداق قىلماڭلار، مەن قورۇنۇپ كېتىدىكەنمەن. ئاچچىق دېگەن پەيلى شەيتان، ئۇنىڭ ئەسىرى بولسا، ئادەم ئەقلىنى يوقىتىدۇ. ھەرقانداق ئىش بولسىمۇ، ئاچچىق قىلغانغا، ئۇرۇشقانغا ئورنىغا كەلمەيدۇ، چىرايلىق دەيلى. بۇرۇنغۇ ياش ئىدىڭلار، بۇنداق قىلساڭلارمۇ يارىشاتتى، ئەمدى ئالتە بالىغا ئاتا ـ ئانا بولدۇڭلار، بالاڭلىنىڭ چوڭى ياتلىق قىلىنغۇدەك بولدى...

— مانا شۇنىڭ خاپىلىقى، ھە، قېيناتا، سىلى ئاڭلىسىلا، ھازىر ھەممە خەقنىڭ ئاغزىدا، مۇھەممەتئىمىن سەيدىنىنىڭ قىزى ياسىن مەدەك بىلەن ئۇ قېپتۇ، بۇ قېپتۇ... دېگەن سۆز ـ چۆچەك... بۇ سۆز ـ چۆچەكلەر دوست ـ دۈشمەنىنىڭ ئالدىدا بىر پۇللۇقۇمنى قويمىدى. مەن يۈزۈمنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرىمەن؟ نى ئات، نى نومۇس! قىز باققاننىڭ جاجىسىمۇ ئەمدى بۇ! ھازىر بولماي قالدى، خەيرىيەت، ھەي، ئۇنوڭنى ئۆچۈرۈپ ئاڭلا! — دەپ

ۋارقىرىدى مۇھەممەتئىمىن سەيدىن . ھەمشىرىخان ئۆكسۈشتىن دەرھال توختىدى ، — مەن بۇ قېتىمغا قېيناتامنىڭ يۈزىنى قىلدىم ، بوپتۇ . بۇنىڭدىن كېيىن ، قىزىلىڭ تالاغا چىقمىسۇن . كۆزۈمگە چېلىقىپ قالسا ياكى زىغىردەك گەپ قۇلىقىمغا چۈشۈپ قالسا ، ئىككىڭنى تۈۋرۈككە تېڭىپ ، پاچىقىڭنى چېقىۋېتىپ ، كۆرىدىغىنىمنى كۆرىمەن !

— مۆرىمەمسەن ؟ مەمەتخاننىڭ گېپى ئورۇنلۇق ، تايىقى ھەق بوپتۇ . ھۇ ، سەندەك ئەقىلسىزنى ! — قورقۇنچ ۋە ئاچچىقلىنىشتىن بوۋاينىڭ تىزلىرى دىر - دىر تىترەپ كەتتى .

— ئۇقتۇم ، — دېدى ھەمشىرىخان يىغا ئارىلاش ئۆكسۈگەن ئاۋازدا .

— ھەممە گۇناھ مەندە ، — بوۋاي مەيدىسىگە مۇشتلىدى ، — كۆزگە كۆرۈنگەن نەۋرەم دەپ ئەركىلىتىپ ، ھالا بۇ كۈندە ، ما ئىشنى كۆر ئەمدى ؟ دادىسى دۈشمىنى كۆپ ئادەم تۇرسا ، دادىسىنى ئايىمىغىنىنى قارا ئۇ ئەقىلسىزنىڭ ! سەن ئانىسى بولغاندىكىن ، نېمىشقا بويىغا يەتكەن قىزىڭغا ئوبدان ھېزى بولمايسەن ، تاياق قېپى ؟ خەپ نۇسرەت ، خەپ… سەن بىزنىڭ دەردى - ئېسەييمىزنى ئاز بولۇپ قالدى دەپ ، ئەمدى بىزگە مۇشۇنى كۆرسەتتىڭما ؟ !

ئۆيدىكى بۇ جېدەلنى ئۇققان نۇسرەت ئۆيگە كېلىشكە پېتىنالمىدى ، ھەپتىگىچە دادا جەمەت بوۋىسىنىڭ ئۆيىدە تۇردى .

## 9

ئەترەتنىڭ تاملىرى ئۆرۈلۈپ چۈشكىلى ئاز قالغان ، يانتاق ، قومۇشلار ئۈنۈپ كەتكەن ھويلىسى بۈگۈن ئادەم بىلەن لىق تولغان ، ئۇزۇندىن بېرى تىنچىپ قالغان بۇ كونا «ئوردا» غا جان كىرگەندى . بۇرۇنمۇ بۇ يەردىن چىقىدىغان غەلۋە - غوۋغا ھەرگىز خۇشاللىق ئەمەس ، جېدەل ، مۇشتلىشىش ، يىغلاش ، ۋارقىراش ئىدى . چىراغ ئۆچتى قىلىپ كالتەكلەيدىغان ئۆيىنىڭمۇ ھازىر

www.uygurkitap.com

ئىشىك ـ دېرىزىسى قىيسىيىپ ، تاملىرىنىڭ سۇۋىقى چۇشۇپ ، بىرقانچە يەرگە بارماق پاتقۇدەك چاك كەتكەنىدى . جاھاننىڭ خاپىلىقى گويا مۇشۇ يەردىن ماكان تۇتۇۋالغاندەك ، يەنە ھازىرمۇ ۋارقىراشماق ، يىغا ـ زار بولماقتا ئىدى . بۇ ئىشلار بۇ كەڭرى ھويلىنىڭ ئىككى يېرىدە — بىرى ، ھويلا ئوتتۇرىسىدىكى قېرى ئۇجمىنىڭ تۈۋىدە ، يەنە بىرى ، ئامباردا بولۇۋاتاتتى .

ئۇجمە تۈۋىدە ، بىر توپ قېرى ـ ياش ئاياللار ، باللار كەنت سېكرېتارى مامۇت نۇرنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالغانىدى . مامۇت نۇر پوكانىدەك ئېسىلىپ ، تەرلەپ ـ پىشىپ ، ئۇلارغا سۆزلىمەكتە ئىدى :

— ھەي مۇسۇلمانلار ، مەن سىلەرگە ئەتىگەننىڭياقى قەلەندەرنىڭ ئىتىغا ئوخشاش كاپشىپ سۆزلەۋاتىمەن ، بۇ مېنىڭ گېپىم ئەمەس ، كېپەك شاڭجاڭنىڭ بۇيرۇقى . بۇ يالغۇز بىزنىڭ ئاياغقۇمغا چىقارغان سىياسەت ئەمەس . مەنچە بولغاندىغۇ ، غەللە ئاشلىقى ساتقان پۇلنى ھازىرلا قولۇڭلارغا بەرسەم بولاتتى ، لېكىننزە ، كېپەك شاڭجاڭ : «بۇغداي ساتقان پۇلدىن بىر سىنتمۇ دېھقانلارغا بېرىلمەيدۇ ، ھەممىگە ئوغۇت ئېلىپ بېرىمىز» دەپ بۇيرۇق قىلدى . بۇنىڭمىغۇ ، تېگىدىن ئالغاندا يامىنى يوق ، ئوغۇتنى جىق سالساق ، كېلەر يىلى ھوسۇلنى جىق ئالىدىغان گەپ !

— كېلەر يىلقى ھوسۇلغىچە بىز كانايىنى قوزۇقتا ئېسىپ قويىمىزمۇ ؟ ئورمىدا بېرىشكە يېگەن گۆشنىڭ قەرزىنى ئىشتىنىمىزنى سېتىپ بېرىمىزمۇ ؟ قوناق پىشقۇچە نېمە يەيمىز ؟ ئوغۇت بەرسەڭلار ، ئوغۇتنى يەيمىزمۇ ؟ — دېدى تۆۋەن مەھەللىدىكى ئەيسا خىڭرىق .

— راست ، بىز ئوغۇت يەمدىكەنمىز ؟

— بىزمۇ ئاش بەرگەندىكىن ، بىزگە پۇل بەرسۇن ، پۇلىمىزنى بەرسۇن . «ئاۋۋال تائام ، ئاندىن كالام» قورساقنى غەملىۋېلىپ ، ئاندىن ئوغۇتنىڭ غېمىنى قىلساقمۇ كېچىكمەيمىز .

— ھەرقانچە ئوغۇت چاچقان بىلەنمۇ ، سۇ بولمىسا ، تۆشۈك

يانچۇققا پۇل سالغانداك ئىش بولىدۇ. مانا، بۇ يىلمۇ بىرمۇنچە ئوغۇت ئېلىپ چاچتۇق، يالتىراق ئېلىپ باستۇق، سۇ بولمىغاندىكىن، «ئېشىكى ئۆچ تەڭگە، توقۇمى بەش تەڭگە» بولدى. يېرىمىنىڭ ئېچىق بېشىغا سۇنى ئەكېلىپ قويۇپ، ئاندىن ئوغۇت ئال دېسە بولمامدۇ؟ ئەمدى جېنىمنى تىكىپ قويدۇم، — دېدى قادىر پىلاك.

— ماڭا كەچكىچە ئېسىلىۋالساڭلارمۇ مەندە پۇل يوق، — دېدى مامۇت نۇر توقۇمىنى قارنىغا ئېلىپ، — بۇ كېپەك شاڭجاڭنىڭ بۇيرۇقى، مەن شۇنى سىلەرگە يەتكۈزۈپ قويدۇم.

— شۇنداق، سىز يۇقىرىغا ياخشى، پەقەت يۇقىرىنى رازى قىلىسىڭىزلا بولدى. لەڭ ساتقۇزۇشتا، ھەربىر ئادەمگە بۆرىدەك تەگدىڭىز، بىز سىز دېگەن ۋاقىتتا سېتىپ بەردۇق. سىز يۇقىرىدىن مۇكاپات ئالدىڭىز، ئەمدى ھەققىمىزنى بېرىدىغان چاغدا، چاتىقىڭىز يوق. ۋاي، ئۇنداق قىلماڭ ئوبدان سېكرېتار، بىزگىمۇ ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، بىزگىمۇ ئانچە - مۇنچە ياخشى بولۇڭ، ئاخىر ئۆلسىڭىز يىغلايدىغان، جىنازىڭىزنى كۆتۈرىدىغان بىز. بىزنى ئۇنچىۋالا تاشلىۋەتمەڭ، يۇقىرىدىن چايدان مۇكاپات بەرگەن بولسا، بىز سىزگە بىر پاقلان سويۇپ چاي قۇيۇپ مۇكاپاتلايلى، — دېدى قادىر پىلاك.

— تولا كاپشىما تاز... ئىشقىلىپ، مېنىڭ كارىم يوق.

— شۇنداق، «غوجامنىڭ قورسىقى توق، قۇلى بىلەن ئىشى يوق». قېنى كۆرەرمىز، يەنە بىر - بىرىمىزگە لازىم بولۇشمىغىنىمىزنى!

— لازىم بولساڭ، ماڭا ئەمەس، ھۆكۈمەتكە بولسەن، ماڭا نېمىدى؟ مەن يەنە ھۆكۈمەتنىڭ سىياستى بويىچە ئىشلەۋېرىمەن، — دەپ ھۆركىرىدى مامۇت نۇر چىچاڭشىپ.

— ھەي، خالايىق بولدى تالاشماڭلار، بۇنىڭ بىلەن مىڭ كېچە - كۈندۈز دېيىشسەڭلارمۇ بىكار، بۇ يەنە مۇشۇنداق مۇشۇك بالىسىنى يېگەندەك، ھەممىنى يۇتۇۋېتىپ، كۆزىنى

يۇمۇۋېلىپ ، خىيالىغا كەلگەننى سۆزلەۋېرىدۇ ، بەزدەك تۇرىۋېرىدۇ ، — دېدى مۇھەممەتئىمىن سەيدىن توپ ئىچىدە ۋارقىراپ .

— ئالە ، مەمىتەك .

— ھۇششەرە مەمىتەك ، يەنىلا سەن يۈرەكلىك ، سەن ئوغۇل بالا ! — دېيىشتى خالايىق ، مامۇت نۇر تاتىرىپ كەتتى .

— مېنى ھەممىڭلار مېڭىسىنىڭ سۈيى بار خالقۇش ساراڭ دەيسىلەر… — مۇھەممەتئىمىن سەيدىن جامائەتنى ئۆزىگە قاراتتى… — ھەرھالدا ، مېنىڭ بىر ئېغىز گېپىمنى ئاڭلاڭلار . ئىككى ئىت تالاشسا ، بىرى كاسكىراپ چىشىنى چىقىرىپ كەينىنى قىلىۋالسا ، تالاۋاتقىنىمۇ تالىمايدۇ . كۇلمەڭلار ، كۇلىدىغان گەپ ئەمەس . بىزنىڭ دانا سېكرېتارىمىز بۇنىڭغا كاسكىراپ ، كېپەك شاڭجاڭغا دۆڭگەگەندىكىن ، بىز قانداق قىلىمىز ؟ ھەقچان شۇنداق دېسەم «بۇ لامزەللىلەر كېپەك شاڭجاڭنىڭ ئالدىغا بارالمايدۇ ، شۇنىڭ بىلەن ، مېنىڭ دېگىنىم دېگەن بولىدۇ !» دەيدۇ . قورساق ئاچسا ، قانداق قىلىمىز ؟ ھېلىغۇ كېپەك شاڭجاڭكەن ، ۋالىينىڭ ئالدىغىمۇ بارىمىز . چۈنكى بىزگە نان كېرەك ، نان بولمىسا ، بىز بولمايمىز ، بىز بولمىساق ، نان بولمايدۇ . كېپەك شاڭجاڭ شاڭجاڭ بولالمايدۇ ، ۋالىيمۇ ۋالىي بولالمايدۇ ، چۈنكى بىز ئۇلارغا كېرەك . بىز نان تاپمىساق ، ئاچلىقتا ئۇلار بىزدىن بەكرەك چىدىيالمايدۇ . جان بىزنىڭكىدىن ئۇلارغا بەكرەك تاتلىق .

مەيداندا يەنە كۇلكە كۆتۈرۈلدى :

— سۆزلە ساراڭ ، گېپىڭ جايىدا !

— ئەگەر پۈتۈن ئاياغقۇمدا ، مەن بىلەن كېپەك شاڭجاڭنىڭ ئالدىغا بارالىغۇدەك ئىنجاسى بار ئوغۇل بالىدىن بىرى چىقسا بىرى بىلەن ، ئۇنى چىقسا ئۇنى بىلەن بارىمەن . چىقمىسا ، ئۆزۈملا بارىمەن . كېپەك شاڭجاڭمۇ بىزگە ئوخشاشلا ئادەم ، ئىككى پۈتى بار ، ماڭىدۇ ، ئاغزى بار ، سۆزلەيدۇ ، قۇلىقى بار ، ئاڭلايدۇ ، كۆزى بار ، كۆرىدۇ ، ئادەم يېمەيدۇ . ئەھۋالىمىزنى دەيمەن ،

تـىـڭـشـىـسا — ھەل قىلسا يېنىپ كېلىمەن ، بولمىسا ، كېپەك شاڭجاڭنىڭ ئۆيىدە كۈندە شورپا ، پولۇ ، مانتا بار ، يەپ ياتىمەن . بېرىدۇ ، بەرمەي ئامالى يوق ، ئۇمۇ بىزگە ئوخشاش ئادەم ، پەقەت بىزدىن سېمىز ، چىرايلىق .

— كـېـپـەك شـاڭـجاڭ يېگەننى يېسەڭ ، سەنمۇ ئۇنىڭدىن چىرايلىق بولۇپ كېتىسەن مەمتەك ، — دېدى بىر قېرى مەزلۇم . خالايىق يەنە كۈلۈشتى .

— قانداق ، مەن بىلەن بارىدىغانلار بارمۇ ؟

شۇئان توپ ئىچى جىمىپ كەتتى . مۇھەممەتئىمىن سەيدىن توپ ئىچىگە — ھەربىر ئادەمگە قاراپ چىقتى . ھەممە كۆزلەردىن تەشۋىش ، ئۆزىنى قاچۇرۇش ، يەنە خىجىللىق ، ئىشەنمەسلىك ، ئۈمىدسىزلىك ، زەئىپلىك چىقىپ تۇراتتى . ھەممىنىڭ زۇۋانى تۇتۇلۇپ قالغاندەك ئىدى .

— بارمۇ ؟

— ...

— ھـا... ھـا... ھا... — مۇھەممەتئىمىن سەيدىن قاتتىق قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى . كۈلكىدىن توختىغاندا ، لەۋلىرى تىترەپ ، ئاغزىغا گەپ كەلمەي قالدى ، بوغۇلۇپ كەتتى .

— ئـىـسـسـت بىچارىلەر ، ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتماڭلار ! كېپەك شاڭجاڭ ئادەم يېمەيدۇ ، بىز ئۇرۇشقىلى بارمايمىز ، پەقەت ھال ـ ئەھۋالىمىزنى دەيمىز ، پارتىيىنىڭ رەھبىرى پۇقراسى ئاچ قالسا قاراپ تۇرمايدۇ . پەقەت بىزنىڭ ھالىمىز ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا يالغان مەلۇم قىلىنغان ، بىز «ھەممە يېرىدىن چىپىلداپ ياغ ئېقىپ تۇرىدۇ ، ماڭسا ، ئاشلىقنىڭ تۆپىسىگە دەسسەپ ماڭىدۇ ، بېشىنى كـۆتـۈرسە ، توقماقتەك پۇلغا ئۇسۇۋالىدۇ» دېيىلگەن . بۇ نېمە ئۈچۈن ؟ ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن . بۇنداق ئىش بۇرۇن شۇنداق ئـىـدى ، ھـازىرمۇ تازا ئۆزگەرمىدى ، ئىسىت ، سىلەرگە ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ . يىغلۇغۇم كېلىۋاتىدۇ ، بىچارىلەر...

— بولدى مەمتەك ، بىزنى ئىزاغا ئۆلتۈرەي دېدىڭ ، بولدى

قىل… ئەمما ئۆزۈڭ بىلىسەن ، بىز گېپىمىزنى سەندەك ئوڭلاپ قىلالمايمىز ، سەندەك ئوقۇماپتىكەنمىز . ھەمراھ بولساققۇ بولاتتى ، ئەمما سەن بىلىسەن ، بىزنى خىجىل قىلما ، يەنىلا سىڭلىڭ بارغىنىڭ ئوبدانكەن ، — دېدى قادىر پىلاڭ .

— شۇنداق ، مەمىتەك سەن بارغىن !

— شۇنداق قىل ، بالام !

— ياخشى سەن بوپقاپتىكەنسەن ، بولمىسا ، بىز ئۇچۇن بىر ئېغىز گەپ قىلىشقا كىم چىقاتتى ؟ «خۇدايىم كۆزىدىن ئايرىسىمۇ ، ھاسىسىدىن ئايرىمىغان» دېگەن شۇ .

جامائەت يەنە زۇۋانغا كىرىپ ، جانلىنىپ قالدى .

— بوپتۇ ، مەن يەنىلا سىلەرگە كۆسەي بولاي . كىچىك چېغىمدا ، ئانام «كۆسەي بالام» دەپ ئەركىلىتىپ قوياتتى .

— سەن بىز ئاياغقۇملۇقلارنىڭ كۆسەي بالىسى ، بالام ، — دېدى بىر قېرى مەزلۇم كۆز يېشىنى ئېتىكى بىلەن سۈرتۈپ .

مامۇت نۇر تاتىرىپ تېپىرلاپ كەتتى ، ئۇ دەرھال توپتىن ئايرىلىپ ، ئابدۇرېشىتخان غوجىنىڭ يېنىغا پايپاسلىدى .

مۇھەممەتئىمىن سەيدىن كۆك ئېشەكنى مىنىپ ، يېزىلىق ھۆكۈمەتكە كەتتى . خەقنىڭ ئەندىشىلىك ، ئۈمىدسىز كۆزلىرى ئۇنىڭ قارىسى يىتكۈچە ، كەينىدىن قاراپ قالدى .

ئەتىسى ئەتىگەندە ، مۇھەممەتئىمىن سەيدىن خۇشال قايتىپ كەلدى . كېپەك شاڭجاڭ ئۇنىڭ قولىغا : «ئاياغقۇمنىڭ ئەھۋالى باشقا يەرگە ئوخشىمايدۇ ، غەللىنىڭ پۇلى دەرھال دېھقانلارنىڭ قولىغا بېرىلسۇن ، باشقا كەنتلەرنىڭ ئەسلىدىكى بويىچە بولىدۇ» دەپ تەستىق يېزىپ بەرگەنىدى . ئاياغقۇملۇقلار شادلىنىشتى ، مامۇت نۇر ، سىدىق بايچەك ، ئابدۇرېشىتخان غوجا ، سوپى مەزىنلەر قايغۇرۇشتى ، ھازا تۇتۇشتى ، مۇھەممەتئىمىن سەيدىننى خەقلەر ماختاپ بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرگەندە ، سىكرىتار ئۆزىنىڭ ھوقۇقى ئۇنىڭغا ئۆتۈپ كەتكەندەك ، ئىمام ئىماملىقنى ، سوپى مەزىن مەزىنلىكنى ئۇنىڭغا تارتقۇزۇپ قويغاندەك ، تولغىنىپ كېتىشتى ،

جامائەت كۆلنىڭ بويىدا ، مۇھەممەتئىمىن سەيدىننى ئورنۇپلىشتى .
— ھە ، مەمىتەك ، بىر دېگىنە ، سەن كېپەك شاگجاڭ بىلەن قانداق كۆرۈشتۈڭ ؟
— راست شۇنى دە ، دېگىنە ، بىر ئاڭلايلى .
— خۇپتەن بىلەن باردىم ، بىر كىچىك بالا ئۆيىنى كۆرسىتىپ قويدى . ئىشىكىمنى دەرۋازا ئالدىدىكى بىر ئامۇتقا باغلاپ قويۇپ : «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم !» دەپ كىرسەم ، ھېچ سادا يوق ، بۇ ھويلىسىكەن ، يەنە مېڭىپ : «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم !» دەپ كىرسەم ، يەنە ئادەم يوق . كىچىك بالا گولداپ قويدىمىكىن دېسەم ، ئۆيلەرنىڭ چىرىغى يورۇق ، شۇنداق قىلىپ ئۇچىنچى قېتىم : «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم !» دەپ كىرگىنىمنى بىلمەن ، كۆزۈم ئالىچەكمەن بولۇپ كەتتى . ئوتقاشتەك گىلەم سېلىنغان ئۆيدە ، بىر ـ بىرىدىن سېمىز ئادەملەر ئولتۇرۇشىدۇ . داستىخاندىكى نېمە- لەرنىڭ تولىلىقىدىن بېشىم قېيىپ كەتتى . بىر قوينىڭ پۈتۈن گۆشى تۇرىدۇ ، بىرقانچىسى بىردىن پىچاقتا گۆشنىڭ خالىغان يېرىدىن كېسىپ يەۋاتىدۇ ، هاراق ئىچىشىۋاتىدۇ .
— ئۆلە ، بېشىڭنى يەيدىغان كاساپەتلەر .
— ئىماندىن ئاجراپتۇ ئۇلار .
— مامۇت نۇر غوجامنىڭ قولتۇقىدىن ، مەسچىتتىن چىقالمىغان بىلەن ، ناماز ئوقۇمايدۇ ئەمەسمۇ ؟
— ھە ، سۆزلە .
— ھەممىسى ھاڭۋېقىپ ، بېشىمدىن تاپىنىمغىچە قاراشتى ، بىر ـ بىرىگە قاراشتى . كېپەك شاگجاڭ مەن بىلەن كۆرۈشۈپ ، ئۆزى ئولتۇرغان يەرگە ئولتۇرغۇزدى . ئالدىمغا چاي ، گۆش قويدى . «ئالسىلا» دەپتى ، «مەن روزا تۇتقان» دېسەم ، ھەممىسى خىجىل بولۇشۇپ كەتتى . شۇنىڭدىن كېيىن ، «نېمە ئىشلىرى بار ئىدى ؟» دەپ سوراپتى ، ھەممىنى دەپ بەردىم . ئولتۇرغانلار : «ئۇنداق بولسا بولماپتۇ» دېدى . كېپەك شاگجاڭ خاتىرىسىدىن بىر ۋاراقنى يىرتىپ ، مۇشۇ خەتنى يېزىپ بەردى . ماڭىدىغان چاغدا ،

بىر پارچە گۆشنى «ئىپتارلاڭ» دەپ بەردى، يېنىپ چىقتىم شۇ.

— ۋاي، ما ئىشنى؟ شۇنچىلىك ئىكەنىيا!

— زادى ھەل بولىدىغانلىقىنى مېنىڭمۇ كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرغان.

— مىڭنى قىلسا ئادەم ـ دە، بىزنى ئاچ قويمايتتى زادى.

— ئەسلىي مەن بىللە باراي دېگەن، بارسام بوپتىكەن!

— كېپەك شاڭجاڭ قانداق ئادەمكەن؟

— سېمىز، يوغان قورساق، كۆك كۆز، سۇرلۇك ئادەمكەن.

— مېھماندىن سىقىلىپ قاپتۇ، بولمىسا بۇنداق ئاسان ھەل بولمايتتى.

## 10

خۇشاللىقتا ھامان قايغۇ ھەمراھ. ئاياغقۇملۇقلار ئازراق خۇشال بولۇۋىدى، دەرھال بىر پاجىئە ھەممە ئادەمنىڭ كۆڭلىدە ئەندىشىلىك گۇمان پەيدا قىلدى. ئۆز غېمى بىلەنلا بولۇپ، باشقىلارنىڭ نېمە بولۇپ كېتىشى بىلەن كارى يوق، بەلكى ئۇنىڭ بىرەر چاتىقى ماڭا يۇقۇپ قالارمىكىن دەپ قورقۇپ، تۇگۇلۇپ ياشاشقا كۆنۈپ كەتكەن ئاياغقۇملۇقلارغا بۇ پاجىئە توخۇسى يىتۇپ كەتكەنچىلىك تۇيۇلمىدى.

بۇ ئىش يەنە ئاشۇ كۆك ياتاق، چىڭگىلىك، پاكار قومۇشلار قاپلاپ كەتكەن ئەترەتنىڭ ئامبىرىدا بولدى. سىدىق بايچەك غەللىنى تولۇق تاپشۇرالمىغان قىرىق ـ ئەللىك ئادەمنى ئامبارغا سولىۋېلىپ، قىستىماقتا ئىدى.

— سىلەر ھۆكۈمەتنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ بېقىۋاتىسىلەر، مۇشۇنداق كۆكەمىلىك قىلىپ يېتىۋالساق، بىزدىن غەللىنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ دەپ، خىيال ئەيلىمەڭلار، ئەجەب باشقىلار ئۆزى يەيدىغان ئاشلىقىنى قوشۇپ، ئۇ چىقىشمىسا، بىرەر قويىنى، توخۇلىرىنى سېتىپ، بازاردىن ئاش ئېلىپ، ۋەزىپىسىنى تۆگەتتى.

ھەرقايسىڭلار نېمىشقا ئۇنداق قىلمايسىلەر ؟...
— سەن تېخى بىزنى ئۇنچىۋالا پەس كۆرمە سىدىقاخۇن ، بىز كۆكەمە زەمبىلكەش ئەمەس ، پەيدىغىنىمىزنىمۇ سېتىپ بەردۇق ، يەنە بولمىدى . ئىشەك ، كالىمىزنى ساتايلى دېسەك ، يەنە دېھقانچىلىق قىلمىساق بولماس . مۇسۇلمان ئادەم يالغان گەپ قىلسا يامان بولىدۇ ، ئەمدى بىزنى قىيناۋەرمە ، يەردىن چىقمىسا ، قانداق قىلىمىز ؟ سۇ بولمىغاندىكىن ھېچنېمە بولمىدى ، — دېدى ھەسەن مايماق ۋايساپ .
— جېنىمىزنى قىيناۋەرمە ، بۇغدايدىن توشمىغان غەللىمىزنى كۆزدە قوناقتا ئارتقۇزايلى ، — دېدى يەنە بىر موماي .
— يوشۇرۇن كۆچنى قازايلى ، سىلەر جاھىللىق قىلماڭلار ، مەن سىلەردىن جاھىل . ئۆيۈڭلاردا ئاش يوق ئەمەس . ئەگەر مۇشۇنداق قىلىۋەرسەڭلار ، ئاپىرىپ پەيچۇسۇغا سولىتىۋېتىمەن ، جەرىمانە قويغۇزىمەن !
— جەرىمانە قويساڭ ، جاننى ئالارسەن ، — دېدى مۇسا سوغۇق .
— ھەي ياسىن مەدەك ، سەن غەللىنى پۈتۈن بېرەلمەي نومۇس قىلمىدىڭما ؟ — دېدى سىدىق بايچەك .
— نېمىدىن نومۇس قىلىمەن ؟ — خاماندىن چىققان ساماندىن باشقىنىڭ ھەممىسىنى بەرسەم ، گەدىنىمدە يەنە يۈز ئەللىك جىڭ ئېشىپتۇ ، مانا كۆن تۇرۇپتۇ . مەن گېلىمغا بىر تال دان ئېلىپ قالماي تاپشۇردۇم ، ئۆشرە - زاكاتقا سامانىنى ئېلىپ قويدۇم ، خۇدايىم بار ، دېدىم . ئىشقىلىپ ، ئاياغقۇمدا ئاچ قالماسمەن ، سىلىدەك باي ئاتىمىزنىڭ ئۆيىگە بارارمەن ، — دېدى ياسىن كۆزىنى يۇمۇپ كۈلۈپ . سىدىق بايچەك تېرىكتى .
— ئادىشاۋا ، «ئېشەك ئۆلۈۋاتسا ، بىر يېرى غېجەك تارتىپتۇ» دېگەندەك ، سەت ھىجايمىيا ، سەن مېنىڭ خوتۇنۇمىدىڭ مەن سېنى بېقىپ ، خوتۇنۇڭنى ئەكەپ قوي ، ئوبدان بېقىپ قويماي بولمىسا...
ياسىننىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى :

— سىدىق ئاكا ، سەن ئاكامدەك ئادەم ، ئاغزىڭغا بىقىپ سۆزلە . مەن چاقچاق قىلىپ دەپ قويدۇم . مېنىڭ بار ـ يوقۇم ، تۇرغان تۇرقۇم مۇشۇ ، لېكىن خوتۇنۇمنى باققۇچىلىكىم بار. سەن مەندىن باي ، ئەمما خوتۇنۇڭنى باقالمىغان بولساڭ ، ماڭا ئەكىلىپ بەرسەڭ ، مەن سەندىن ئوبدانراق باقىمەن .

— ھېلى جۇما شۇمتەك ، سەن شۇنداق دىگۇدەك بولدۇڭما ، ھۇ خوتۇنۇڭنى !... — سىدىق بايچەك ياسىنغا ئېتىلدى . تۆت ـ بەش ئادەم ئۇنى قۇچاقلاپ تۇتۇۋېلىپ يالۋۇردى :

— ھاي سىدىقاخۇن ، ھاي دەيمەن ، سىلىمۇ كىچىك بالىمۇ ؟ خاپا بولمىسىلا .

— مەن زادى ئاشۇ ھارامدىن بولغان سولتەكتىن مۇشۇنداق گەپ ئاڭلايمەنما ؟ ھۇ ، خوتۇنۇڭنى !...

— سەن خوتۇنۇمنى تولا ئاغزىڭغا ئالما ، مېنىڭمۇ ئاغزىم بار ، سەندىن قورقۇپ قالمايمەن . ناھايىتى قولۇڭدىن كەلسە سولىتىۋېتەرسەن...

— ھۇ ، خوتۇنۇڭنى !... — سىدىق بايچەك ھەدەپ يۇلقۇنۇپ بوشىنىشقا ئۇرۇندى ، ئەمما ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋېلىشتى . ئۇ جان ئاچچىقىدا بوغۇلۇپ ، خىرقىراپ كەتتى .

— ھۇ ، خوتۇنۇڭنى ! خوتۇنۇڭدىن سورا شۇمتەك ، سىدىق بايچەك جىگدىلىكتە نىمە قىلغان دەپ سورىساڭ بىلىسەن . خوتۇنۇڭنىڭ قۇچىقىدىكى بالىغا قاراپ باق ، كىمگە ئوخشايدىكەن ـ ھە ؟ ئاڭلاپ قوي !

ياسىننىڭ چىرايى دەھشەت قورقۇنچلۇق تۇس ئالدى .

— ھەي سىدىق خۇمپەر ، خوتۇنۇمنى جىگدىلىككە ئېلىپ چىقتىڭما ؟

— ھە ، ئېلىپ چىقتىم ، ئۇنى قويىۋۇۋېتىڭلار ، قويىۋۇۋېتىڭلار ، ئى شۇمنىڭ تەك كېلەلىگىنىنى مەن بىر كۆرەي ، — سىدىق بايچەك تىپىرلاپ يۇلقۇناقتا ، خىرقىرىماقتا .

— ھەي سىدىق خۇمپەر ، يالاق يالايدىغان غالچا ، سەن مېنىڭ

خوتۇنۇمدىن بالا تاپتىڭما؟
— ھە تاپتىم ، يەنە تاپىمەن !...
-- مېنى قويۇپ بېرىڭلار مۇسۇلمانلار ، مېنى قويۇۋېتىڭلار خوتۇن تالاقلار ! — ياسىن ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ يىغلاپ كەتتى . باغلاقلىقا كۆنمىگەن تايغاندەك ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇردى . ئەمما خەق ئۇنى ئامباردىن سۆرەپ تالاغا ئېلىپ چىقتى . ئۇ ھەدەپ كەينىگە تىرەجەپ ۋارقىرايتتى :
— سەن قەلەندەر ، مېنىڭ خوتۇنۇمنى جىگدىلىككە ئېلىپ چىقتىڭما؟ خەپ توختا ! خەپ سېسىق خۇمپەر ، سەن ھوقۇقۇڭغا ئىشەنمە ، تېخى جاھاننىڭ مەنزىلى ئۇزۇن ، خەپ !...
كىشىلەر ئۇنى ئاخىر كۆتە ـ كۆتە قىلىپ ئېلىپ كەتتى . ياسىن مەدەك ھۆكىرەپ يىغلاپ كەتتى .
— بولدى ، يىغلىما بالام ! ئوغۇل بالا — يەنە كېلىپ سەن ياسىن مەدەك يىغلىساڭ ياراشمايدۇ . ئۇ ئىت خۇيلۇق توخۇ پوقى ، بىزدىن ئاش ئالالماي ، ئۇسكىلى يەر تاپالماي ، سېنى تالىدى . ئادەم جان ئاچچىقىدا ئاغزىغا كەلگەننى دەۋېرىدىغان گەپ . شۇڭا ، پەيلى شەيتان دەيمىز . ھە ، بولدى قىل ، يىغلىما . سېنىڭ خوتۇنۇڭ خەق جىگدىلىككە تارتسا ماڭىدىغان خوتۇن ئەمەس . ئۇ رودۇپاي سەندىن ئاچچىقىنى چىقىرىش ئۈچۈن شۇنداق دەپ تاشلىدى . سەنمۇ دېدىڭ ، يەنە نېمىگە يىغلايسەن؟ بولدى قىل ! سەن تاۋى نازۇك خېنىمىدىڭ؟ يىغلىما ! «يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس ، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر» . ئەگەر ئۇنىڭ قىلغانلىرى يۈرىكىڭگە تۇرۇۋېلىپ ، ئۆچ ئالماق بولساڭ ، ئاچچىقىڭنى بېسىۋېلىپ ، ئەقلىڭنى ئىشلەت .
— ئاكىلار ، كۆردۈڭلار ، ئادەمنى شۇنداق سۇندۇرغان بارمۇ؟ مېنى شۇنداق بوزەك ئېتەمدۇ؟ يىل بويى ئاشۇ تۇزكورنىڭ ئۆيىگە سۇ توشۇيمەن ، شۇنىڭمۇ يۈزى يوقمۇ؟
— ئۇنى دېسەڭ ، بىزنىمۇ ئاز بوزەك قىلدى دەمسەن؟ ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىدى ، ئاياغقۇم هارىر ئۇنىڭ ئالىقىنىدىكى گۆشى ، ئېزىقىغا ئېلىپ چايناۋاتىدۇ . هەركىم قىلسا ، ئۆزىگە قىلىدۇ ، نى - نى ئادەملەردىن قالغان جاهان بۇ ! بۇ بايچەك ئەۋلادىدىنمۇ قالىدۇ تېخى . خۇدايىم ئۆزى تەڭشەپ قويار…

جامائەتنىڭ نەسىهەتى ياسىننى ئاچچىقىدىن ياندۇردى . ئۇ يانچۇقىدىن كۆك موخۇركا ئېلىپ ، سۇس تىترەۋاتقان كىرپىنىڭ دۈمبىسىدەك يىرىك دىقماق بارماقلىرىدا قولاشمىغان هالدا يۆگەپ تۇتاشتۇردى .

— روزاڭنى بۇزدۇڭمۇ توخۇ پوقى ، — دېدى هەسەن سوغۇق نارازىلىق بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ .

ياسىن گەپ قىلمىدى . مەهەللە دوقمۇشىغا كەلگەندە ، هەممەيلەن تارقاپ كەتتى . ياسىن قىردا تېرەككە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ خېلىغىچە موخۇركىسىنى چەكتى . بىر كەمدە ، بىردىنلا چېكىۋاتقان تاماكىسىنى تاشلاپ ، ئېرىقتىن ئاتلىدى - دە ، قومۇشلۇق ئارىسى بىلەن مېڭىپ كەتتى . ماڭغاندىمۇ خۇددى بىر نەرسىگە ئۆلگۈرەلمەيدىغاندەك ئالدىراپ ماڭدى . يەردىكى قومۇش كۆتەكلىرى ، ئۆلۈك پاتاسلار بىلەن قوشۇلۇپ چويۇندەك قېتىپ كەتكەن مودۇر - چوقۇر قىرلار ئۇنىڭ چەمدەك قېتىپ كەتكەن تاپىنىغا تەسىرمۇ قىلمىدى . سالما ، پاتمىچۇقلار شىلدىرلاپ ، ئايىغى ئاستىدا هەر تەرەپكە قاچاتتى . قومۇش كۆتەكلىرىگە ئۇۋا سالغان تورغايلار چۆچۈپ ئۇچاتتى . كەچكى شەپەقتە ، ئەمدى يىپەك تارتىشقا باشلىغان قومۇشلارنىڭ ئۇچى قىزغۇچ تاۋلاناتتى ، قۇملار يۈزىمۇ كۆڭۈلسىز قىزغۇچ تۈسكە كىرگەن ، پاشا - كۇمۇتىلار غىڭشىپ ، ئادەمگە ئۆزىنى ئۇراتتى . ياسىن مەدەك قومۇشلۇق بىلەن ئۇدۇللاپ مېڭىپ بىردەمدىلا سىدىق بايچەكنىڭ ئۆيىگە كەلدى . ئۇ دەرۋازىدىن كىرگەندە ، سىدىق بايچەكنىڭ ئايالى هويلىسىدا ، ئىسلىشىپ كەتكەن چەللە ئاستىدىكى ئوچاق بېشىدا ، قولىغا ئۆزۈن رېپىدە كىيگەن هالدا ، ئوچاققا نان چاپلاۋاتقانىدى . ياسىننىڭ

بۇرنىغا مەززىلىك چۆچۈرىنىڭ ھىدى كەلدى. بايچەكنىڭ ئۇششاق يالىڭاچ باللىرى توپىدا ئولتۇرۇپ تەمەچ ئوينىماقتا. سىدىق بايچەكنىڭ باشقا خوتۇنىدىن بولغان گاچا ئوغلى كالىغا ھەلەپ ئەتمەكتە ئىدى. بايچەكنىڭ خوتۇنى قەمبەرخان ياسىننى كۆرۈپلا سەل خۇيى تۇتقاندەك بولدى، ئۇ باش ياغلىقىنى چېكىلەپ تېڭىۋالغان بولۇپ، بۇغداي ئۆڭ، يۇملاق كەلگەن يۈزلىرى ئوت تەپتىدىن قىزىرىپ كەتكەنىدى. سەمرىپ لىغىلداپ كەتكەن بەللىرى يېشىل تاۋار كۆڭلىكىگە پاتماي قالغان، ئىككى تەرىپىگە ئىككى ياستۇقنى تېڭىۋالغاندەك يوغان ساغرىسى بىلەن باراڭدىن ساڭگىلىغان بىر جۈپ خام قاپاقتەك كۆكسى كۆڭلەكنى ھېلىلا بۆسۈپ چىقىدىغاندەك ئىدى.

— يائاللا ياسىن مەدەك، سەنزە ئەجەب رىزقلىق جۇمۇ. دائىم شاپتۇل ياغىچىدا چىشىڭنى كولايدىغان ئوخشىمامسەن؟ چۆچۈرىنىڭ پىششىغا ئۈلگۈرۈپ كەلگىنىڭنى كۆر.

ياسىن مەدەكنىڭ چىرايى جىددىي، قاراشلىرى سۈرلۈك ئىدى.

— قەمبەرخان ئاچا، مېنىڭ چۆچۈرىگە تاۋىم يوق، ئىچكىرى ئۆيگە كىرىڭ، سىزگە دەيدىغان جىددىي بىر گەپ چىقىپ قېلىپ ئالدىراش كەلدىم.

— ئوھۇش، مەشەدىلا دېگىنە، ئاڭلاۋېرىمەن. ھېلى ئوچاق سوۋۇپ قالسا، ناننى ياپالماي قالىمەن، — دېدى قەمبەرخان پەرۋاسىز ھالدا.

— قويۇڭ نېنىڭىزنى، ناندىن ماۋۇ گەپ مۇھىم، مۇشۇ گەپنى سىزگە دەيمەن دەپ، ئۇدۇل قومۇشلۇق بىلەن كەلدىم. ھېلى پۇشايمان قىلىپ قالىسىز، مەن ئالدىرايمەن.

قەمبەرخان ئەنسىزلىككە چۈشۈپ، رېپىدىنى سېلىۋېتىپلا ياسىن مەدەكنىڭ ئالدىدا ئىچكىرى ئۆيگە ئۆردەكتەك ئىرغاڭلاپ ماڭدى. ئىچكىرى ئۆي زالدەك يوغان بولۇپ، ياغاچ سۇپىغا

www.uyghurkitap.com

گىلەملەر سېلىنغان، تاملىرىغا يىپەك گىلەم تارتىلغان مېھمانخانا ئىدى. قەمبەرخان ئۆيگە كىرىپ ياسىنىڭ تاترىپ كەتكەن چىرايىغا ئەنسىزلىك بىلەن تىكىلدى.

— دېگىنە، ئۆلۈم خەۋىرى ئەمەستۇ؟

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، شۇنىڭغا يىقىن.

— ھە، بىزنىڭ سىدىق باي ساقتۇ؟

— ساق...

— ھە، ئەمىسە نېمە گەپ؟

— مۇنداق گەپ: مەن بايا قېيناتامنىڭ ئۆيىگە خوتۇن - بالىلارنى يوقلاپ كېلەي دەپ بارسام، ئۆيدە قېيناتام، قېينانام يوق، سىدىق ئاكام بىلەن خوتۇنۇمنىڭ پومىداقلىشىۋاتقىنىنىڭ ئۈستىگە كىرىپتىمەن، ئۇلار مېنى تۇيماي قالدى. تازا قاپ يۈرەك قىزىل باشلار ئىكەن، ئىشكىلەر ھاڭدەك ئوچۇق، ئۇلار ھەممىنى يادىدىن چىقىرىپ، ھەدەپ ئۆز ئەھۋالى بىلەن بولۇپ كېتىپتۇ. ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپلا، ئۇدۇل مەشەگە كېلىشىم.

قەمبەرخاننىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئۆگسۈلى قالمىدى، ئۇ سىدىق بايچەكتىن ئون نەچچە ياش كىچىك، كۆڭلۈكى يامان ھەم ئۆزىنىڭمۇ سەل قىچىقى بار خوتۇن ئىدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ مېڭىسى قوچۇلۇپلا كەتتى.

— ھۇ، لامەزەللە، زاڭ ماز، سېنىمۇ ئەركەك دېگىلى، ۋىجدانى بار ئوغۇل بالا دېگىلى بولامدۇ؟ شۇ يەردىلا تۇتۇپ، ئىككى رەسۋانىڭ ئەدىپىنى بېرەلمەي، مايەرگە كەلگىنىڭنى قارا؟ ئوغۇل بالا بولساڭ، يالىڭاچلاپ تۇۋرۇككە تېڭىپ، جىگدىنىڭ شوخلۇق تايىقىدا سالساڭ بولمامدۇ؟ ماڭە، مېنى باشلاپ بار، ھازىر بولسىمۇ مەن ئۇ شاپاقچىلارنىڭ جاجىسىنى بېرىمەن. مەن بۇ لاللما ئىتلارغا ئۆزۈمنى تونۇتمايدىغان بولسام، قەمبەرخان بولمايمەن!

قەمبەرخاننىڭ تەلەتى بىردەمدىلا قورقۇنچلۇق بولۇپ كەتتى، دەسلەپ قولىغا يوغان قىڭراقنى ئالدى، سەل تۇرۇپ، ئۇنى

تاشلىۋېتىپ، كەكىنى ئالدى.

— ھەي ئابلىكىم، ھەي گاچا، ئاتنى توقۇ...

گاچا بالا ئالاقزادە بولۇپ، ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىردى. ئۇ بۇ ئۆگەي ئانىنىڭ قۇلى ئىدى.

— ھەي لەنتى گاچا، ئاتنى توقۇ دەيمەن! — قەمبەرخان ئۇنىڭ ئالدىغا دېۋەيلىدى، ئابلىكىم دەرھال قاچتى.

— مەن زاڭ، ماز بولسام، سىز ئىلگىرىكىن كالۋا، ئەخمەقكەنسىز، — دېدى ياسىن ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ، — بۇ چاغقىچە ئۇلار سىزگە قاراپ تۇرامدۇ؟ تۆپىگە ئۇلگۈرۈپ بارالىغان تەقدىردىمۇ ناھايىتى بىرەر شاپىلاق ئۇرارسىز، يۈزىگە تۈكۈرەرسىز، ئۇنىڭلىق بىلەن، ئىككىمىزگە نېمە پايدا، نېمە تاتلىقى بولىدۇ؟ يەنىلا زەردىگۈش بولىمىز، خەلقئالەم ئاڭلىسا، سىز بىلەن ماڭا تېخىمۇ نومۇس. ئېرىڭىز ھوقۇقتىن موللاق ئاتىدۇ، ئالتە بالىڭىز بىلەن خېتىڭىزنى ئالامتىڭىز؟ ئۇنىڭدىن كۆرە، بۇ ئىشنىڭ بۇسىنى چىقارماي، ئۇلارمۇ خۇش، بىزمۇ خۇش بولىدىغان ئىشنى قىلمايمىزمۇ؟ زىخمۇ، كاۋاپمۇ كۆيمىسۇن، مەن شۇڭا كەلدىم.

قەمبەرخان چەكچىيىپ، ھاڭۋېقىپ ياسىنغا قاراپ قالدى. ئۇ سەل بوشاپ قالغانىدى. ياسىن مەدەك شۇنچە خاتىرجەم، سورلۇك ئىدى. قەمبەرخانىنىڭ كۆزىگە ئۆيىگە سۇ توشۇيدىغان مالاي ئورنىدىكى ياش بىردىنلا باشقىچە، ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ كەكىنى تاشلاپ، تالاغا يۈگۈرۈپ چىقتى.

— ھەي گاچا، ماڭە، ئۇلاغنىڭ ھەممىسىنى باپكارنىڭ كۆلىگە ئاپىرىپ سۇغىرىپ كەل، ھەرقايسىڭ، قازاندا ئاش بار، ئۇسسۇپ ئىچىش، ئەمدى چوڭ بولۇشتۇڭ! — قەمبەرخان يەنە شامالدەك ئۆيگە كىردى ـ دە، ئىشىكنى دەم سېلىپ تاقىدى.

— راست، نېمىشقا ئۆزۈمنى ئۇپرىتىمەن؟ ئۆچ ئېلىش دېگەن مۇنداق بولسىمۇ بولىدىكەنغۇ! — دېدى ئۇ يېڭى ياستۇق ـ كۆرپىنى گىلەم ئۈستىگە تاشلاپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 11

تۈن يېرىمدىن ئاشقاندا، چولپانخاننىڭ ئىشىكى قاتتىق قېقىلدى. ئۇ چۆچۈپ ئويغىنىپ، تەكىيىدىن بېشىنى كۆتۈردى.

— قايسىڭلار، كېچىدە ئىشىك قاققان؟ — دېدى چولپانخان قورقۇنچلۇقتا.

— مەن، مەن، ئانا، ئىشىكنى ئاچە!

— ياسىنمۇ سەن - ھە؟

— ھەئە.

— نېمە بولدى بۇ كېچىدە ئۇخلىماي؟

— ئىتتىك بولە، ئىشىكنى ئاچە.

— يائاللا، تۆت كۈنۈم قالدى بالام، مېنى ئارامىمدا ياتقىلى قويساڭ بولمامدۇ؟ ئىگەكىم خۇدا خۇش بولسا.

— بۈنىڭدىن كېيىن سېنى پەقەت ئاۋارە قىلمايمەن ئانا، ئىشىكنى بىر ئاچە.

چولپانخان ئەندىشىدىن يۈرىكى ئاغدۇرۇلغان ھالدا، ساپال چىراغنى ياندۇردى، ئۆيدە باغلاپ قويۇلغان قويلار كۆزلىرىدىن زەڭگەر نۇر چاقنىتىپ، خاتىرجەم كۆشەپ ياتقانىدى. چولپانخان ئىشىكنىڭ دەممىنى ئالدى، كونا ئىشىك غىچىرلاپ ئېچىلدى. ياسىن چىرايى ئۆلۈكتەك تاتارغان ھالدا، ئۆيگە بوراندەك كىرىپ كەلدى، چولپانخان قورقۇپ، كەينىگە سەنتۈرۈلۈپ كەتتى. ياسىن دەرھال ئانىسىنى تۇتۇۋالدى. ئانا يۈرىكى ئاغزىغا قاپلاشقان ھالدا، ماغدۇرسىزلىنىپ سۇپىغا ئولتۇرۇپ قالدى.

— بالام، چىرايىڭ بۆلەكچىلا بولۇپ كېتىپتۇ يا، نېمە بولدۇڭ؟

— ئانا مەن بەك تاياق يەپ كەتتىم، تاياق ئىچىمگە ئۆتۈپ كەتتى.

— قىمار ئوينىغانمىدىڭ؟

ياسىن سەل دۇدۇقلاپ : «ھەئە» دەپ جاۋاب بەردى .
— ئۇنتۇرۇۋەتكەنما ؟
— ياق ئانا ، ئۇنتۇۋالدىم ، دەردىم چىققۇدەك ئۇنتۇۋالغانىدىم...
— پۇلىنى بەرمىسەڭ ئۇردىما ؟
— ھەئە .
— ئۇنىڭدا دىسە ئۇنىمايسەن ، دائىم مۇشۇنداق تاياق يەيسەن .
— ھەممىدىن بۇ قېتىم قاتتىق يېدىم ، ئانا .
بۇ تولا ئاڭلىغان گەپلەر بولغاچقا ، ئانىنىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشۈپ خاتىرجەم بولۇپ قالدى .
— ئانا ، قۇچىقىڭغا بېشىمنى قويۇپ كىچىككىنە يېتىۋالاي ، يۈز - كۆزۈمنى ، بېشىمنى بىر سىلاپ قويە ، ئاندىن كېتىمەن .
— نېمانداق گەپ قىلىسەن ؟ — ئانىنىڭ كۆڭلى سەل ئاغقاندەك بولدى .
— كۆڭلۈم تارتىپ قالدى ، كىچىك ۋاقتىم يادىمغا كېلىپ قالدى .
ئانا يەنە خاتىرجەم بولدى ، ئوغلىنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ، باش - كۆزلىرىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلىدى . ياسىن جىمىمىدە قېتىپ قالغاندەك يېتىپ قالدى . بىردەمدىن كېيىن بېشىنى كۆتۈردى .
— ئەمدى كېتەي ئانا ، كەينىمدىن ئۈچ ئادەم قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك قىلىدۇ ، ھېلى سېنى ئاۋارە قىلغىلى تۇرىدۇ .
— ئۇنداق بولسا كەتمە ، مەشەدە يات ، ئۆيۈڭدە سەن يالغۇز ، يەنە بوزەك قىلىمىسۇن ، — دېدى ئانا ئەنسىرەپ .
— ياق ، ئۆيۈمگە بېرىۋالسام ، ئۇنى بولسىمۇ تېتىيمەن ئانا ، مېنى بىلىسەن ، — دېدى ياسىن تەمكىنلىك بىلەن . ئانا خاتىرجەم بولۇپ قالدى ، چۈنكى ئوغلى ئاسانلىقچە خەقتىن تاياق يېمەيتتى . بايام ئوغلى تاياق يېدىم دېگەندىمۇ ، ئانچە ئىشىنىپ كەتمىگەنىدى . شۇڭا خاتىرجەم بولدى .

ياسىن ئىشىكتىن چىقىپلا قاراڭغۇلۇقتا كۆزدىن غايىب بولدى . ئانا : «ئاللاغا تاپشۇردۇم ، ھەزرىتى ئەلى شاھى مەردان مەدەت قىلغاي !» دەپ دۇئا قىلىپ ، ئىشىككە دەمنى سالدى . مانا شۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتتى . ياسىن مەدەكنى ھېچكىم كۆرمىدى ، ئانىمۇ ئانچە ئەنسىرەپ كەتمىدى . چۈنكى ، ياسىن بەزى چاغلاردا ، ھەپتىلەپ ، ھەتتا ئايلاپ ، ئاياغقۇمدىن يوقاپ كېتىپ ، يەنە پەيدا بولاتتى . ئۇنىڭ يۇرتمۇ يۇرت قىمار قوغلاپ يۈرۈپ ، كېيىن قايتىپ كېلىدىغان ئادىتى بار ئىدى .

ئەمما ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ، ياسىننىڭ قىمارۋاز بىر ئاغىنىسى قورقۇپ ئەقلىدىن ئېزىپ قالاي دېگۈدەك ئەسەبىيلىك بىلەن ۋارقىراپ ، يۇرتقا بىر شۇم خەۋەرنى يەتكۈزدى ، چولپانخان شۇندىلا ئۆزىنى كاچاتلاپ ، چېچىنى يۇلغان ھالدا ، ياسىننىڭ ئۆيىگە يۈگۈردى . جامائەت ياسىننىڭ ھويلىسىغا كىرىپلا ، قورقۇنچلۇق بىر ھالەتنى كۆردى .

ياسىن ھويلىنىڭ چۇۋۇق لەمپىسىگە ئارغامچىدا ئېسىلغان ھالدا تۇراتتى . ئۇنىڭ بوينى سوزۇلۇپ ، پۇتىنىڭ ئۇچى يەرگە تېگىپ قاپتۇ . پۇتۇن بەدىنى كۆكىرىپ ئېسىلىپ كەتكەن ، ئىككى كۆزى چانىقىدىن چىقىپ ، مەڭزىدە ساڭگىلاپ تۇراتتى .

ئانا بۇنى كۆرۈپلا ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى . جامائەت بۇ قورقۇنچلۇق جەسەتكە قاراشقا جۈرئەت قىلالمىدى . ئەتراپنى سىپىق پۇراق قاپلىغانىدى ، موسا سوغۇق بىلەن ھەسەن مايماق جەسەتنى يەرگە ئالماق بولۇپ تۇتۇشىغا ، تۇتقان يېرىدىن مىلىقلاپ سۇ چىقىپ ، تېرە سويۇلۇپ چۈشتى ، موسا سوغۇق بىلەن ھەسەن مايماق دەرھال ئۆزىنى چەتكە ئالدى .

موتىسىكلىتتا كەلگەن يېزا ساقچىسى تۇراق سەلەي ، ناھىيىنىڭ قانۇن دوختۇرى ۋە يەنە بىر ساقچى مىلىچلاپ كەتكەن جەسەتنى بىردەم تەكشۈرگەندىن كېيىن نېرى كېتىشتى . قانۇن دوختۇرى جەسەتنى دەرھال كۆمۈۋېتىشنى بۇيرۇدى .

سېسىقچىلىقتىن تېزرەك قۇتۇلۇش ئۈچۈن ، مېيىتنىڭ

نامىزىمۇ چۇشۇرۇلمەستىنلا كۆمۈۋېتىلدى . ئۈچ ساقچى تەكشۈرۈشنى باشلىدى . ياسىن مەدەكنىڭ ھېلىقى قىمارۋاز ئاغىنىسىنىڭ دەپ بېرىشىچە ، ئۇ ياسىن بىلەن ھەپتىدىن بۇيان كۆرۈشەلمىگەنىكەن ، مەھەللىگە ئىزدەپ كەلسە ، ھويلا ئىشىكى تېشىدىن قۇلۇپ سېلىنغان ، ئۇ كەتمەكچى بولغاندا ، ياسىننىڭ دائىم ئىشىكنىڭ تېشىدىن قۇلۇپ سېلىپ قويۇپ ئۇخلايدىغان ئادىتى يادىغا كېلىپ ، ھويلىغا چۈشۈپ قاراپ باقماقچى بوپتۇ ۋە تامدىن ئارتىلىپلا ، ھېلىقىدەك ھالەتنى كۆرۈپتۇ .

ساقچىلار ئىككى ھەپتە تەكشۈرگەندىن كېيىن ، «ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغان» دېگەن ھۆكۈمنى چىقىرىپ قايتىپ كەتتى . خەقلەر ئالدىنقى كۈنى جېدەلدە ، ياسىننىڭ چوقۇم بىر ئىش چىقىرىشىدىن ئەنسىرىگەنىدى . شۇڭا جامائەتمۇ : «ياسىن ئاچچىقىغا پايلىماي ئۆزىنى ئېسىۋاپتۇ» دېگەن خۇلاسىگە كېلىشتى .

ئانا شۇ ھوشىدىن كەتكەنچە ، ئەقلىدىن ئېزىپ قالدى . ياسىن مەدەكنىڭ ئائىلى بولسا ، تولا يىغلاپ ، كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدى .

## 12

ئاياغقۇمغا سۇ كەلدى . تۆكۈلگەن جىگدە ، قومۇش ، پاتاسلارنى لەيلىتىپ ، قارامتۇل قويۇق لاي سۇ ئاياغقۇمنىڭ كىچىككىنە ئۆستىڭىگە تولۇپ كەلدى . قۇرۇپ كەتكەن ئۆستەڭ قاشلىرىدىن پاقا كوكىرىغاندەك ئاۋاز چىقاتتى . قاغجىرىغان يەرلەر كۆپۈك چىقىرىپ سۇ ئىچىشتى ، سولاشقان دەرەخلەر ياشاردى . توپا ئۇچۇپ يۇرگەن يېزىغا ئىللىق نەم ھاۋا تارالدى . زەئىپلىشىپ كەتكەن سولغۇن چىراي ئادەملەرنىڭ كۆزلىرىدىمۇ ئېقىۋاتقان ئېرىق سۇيىدەك خۇشاللىق جىلۋىلىنەتتى . زىرائەتلەر ، جان ـ جانىۋارلار قېنىپ ـ قېنىپ سۇ ئىچىشتى . بەزى ئادەملەر ئۆستەڭگە سەك-رىدى ، ئۇزاقتىن بېرى جىقراق سۇ كۆرمىگەن بەدەنلىرى ھۇزۇرلاندى ، پاسكىنىچىلىقلار ئېقىپ تازىلاندى .

ئادەملەر ئادىتى بويىچە كۆلنىڭ بويىغا يىغىلىشقا باشلىدى . سۇۋان مىراب ئاياغقۇمغا كېلىپلا ، كۆلنىڭ بويىغا كارىۋات قويدۇرۇپ ، كېچە ـ كۈندۈز مۇشۇ يەردە ياتتى . ئۇزۇندىن بۇيان توختاپ قالغان مەشرەپ كېچىچە ئوينالماقچى ئىدى ، ئىپتاردىن كېيىن باپكارنىڭ كۆلنىڭ بويىدا مەشرەپ بولىدىغانلىقىدىن ھەممە ئادەم خەۋەر تاپتى . ئابدۇرېشىتخان غوجا ، مامۇت نۇر ، سىدىق بايچەك ، سوپى مەزىن قاتارلىق يۇرت ئاقساقاللىرى بۈگۈن سۇۋان مىراب بىلەن ئىپتارلىماق بولۇشۇپ ، كۆل بويىغا ئۈچ يەرگە قازان ئاسقۇزۇپ ، ئۈچ قوينىڭ گۆشىنى پۈتۈن پىشۇرغۇزۇشتى ، داستىخان تارتىلدى . ھەممىسى دۇئادىن كېيىن ئىپتار قىلىشتى ، ئۈچ قوينىڭ گۆشىنى پارچىلاپ ، ھەربىر كىشىگە ئىناۋىتىگە قاراپ ئايرىپ ، بىر نان بىلەن ئالدىغا قويۇشتى . يەنىلا ھەممىسى خۇشال ئىدى . ئىپتاردىن كېيىن ، كۆل بويى ئادەملەر بىلەن تولدى ، مەھەللىنىڭ بوۋايلىرىدىن تارتىپ باللارغىچە كېلىشتى . تاراۋىدىن كېيىن مەشرەپ باشلاندى . قالۇن ، دولان راۋىپى ، قىل غېجەك ، داپلار بىلەن تەڭ ، مۇقامچىلار ئۈننى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ توۋلاشقا باشلىدى . كىشىلەر ھەرقايسىسى ئۆز كۆڭلى تارتىدىغان بىلەن جۈپ بولۇپ ، مەشرەپكە چۈشتى ، ئۇزۇندىن بۇيان كۆل سۈيىدەك جىممىدە يۈرۈپ ، مەشرەپ سېغىنىپ قالغان بولغاچقا ، ياشلاردىن تاشقىرى ، بوۋاي ، مومايلارمۇ ئۇسسۇلغا چۈشتى ، پەقەت غوجا ۋە ئۇنىڭ تالىپلىرى تۆردىكى داستىخانغا سۇرلۇك قاراپ ئولتۇرۇشتى . سۇۋان مىرابمۇ سانىخان ئىسىملىك تۇل ئايال بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشتى . ئۇ يىگىتلىكى تۇتقان ھالدا ، قارا شاپ بۆرۈتنى پات ـ پات سىلاپ قوياتتى ، ئەڭ ئاخىرىدا ، ئىككىسى سورۇندا يالغۇز پىرقىرىشىپ قالدى . چەتكە چىققانلار قىقاس سېلىپ ۋارقىرىشىپ ، ئىسقىرتىپ ، قايسىسىنىڭ نوچى چىقىدىغانلىقىغا قىزىقىشتى . ئاخىر ، سۇۋان مىراب بېشى قېيىپ بولالماي ، موككىدە ئولتۇرۇپ قالدى . پاراقلىغان كۈلكە ساداسى سۇرلۇك ياتقان تەكلىماكان قۇملۇقى ئۈستىدە ياڭرىدى .



www.uyghurkitap.com

— قوپسلا غوجام ، ئەھۋاللىرى شۇنچىلىكمىدى ؟ — سانىخان كۆزلىرى ئالىچەكمەن بولۇپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ قالغان سۇۋان مىرابنىڭ بەلبېغىدىن تۇتۇپ دەسسىدە تۇرغۇزۇپ قويۇپ ، مەيداندىن چىقىپ كەتتى .

شۇئان يەنە ئۇزۇنغا سوزۇلغان كۈلكە ، قىقاس ، ئىسقىرتىشلار كۆتۈرۈلدى . مىراب ئۆپكىدەك ئىسىلىپ ، قىزارغان ھالدا ، بېشىنى تاتىلاپ ھىجايدى :

— خوتۇن خەق دېگەن ھامان ئەر خەقنى پاخشە قىلىدۇ ، ئەمەسمۇ ، — دەپ مەيداندىن چىقتى . خەق يەنە ھۇيت ـ ھۇيتلىدى ، ۋارقىراشتى . سۇۋان مىراب ئەمدىلا ئولتۇرۇپ تۇرۇشىغا ، يىگىتبېشى ھەسەن مايماق بىر پىيالە چاي بىلەن چىڭ ئىشلىگەن دەررىنى ئېلىپ كېلىپ ، سۇۋان مىرابقا چوڭقۇر بىر تەزىم قىلىپ تەڭلىدى :

— ھۆرمەتلىك سۇ ئىگىسى بولغان سۇۋان مىراب ئاتىمىز بىزنىڭ يۇرتقا سۇ باشلاپ كېلىپ ، تەشنالىقىمىزنى قاندۇردى . بۇ ئايىغى يارىشىملىق مېھمىنىمىزنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ، بۈگۈنكى مەشرىپىمىزدە ، ئاياغقۇم دولانلىرىنىڭ سۇۋان ئاخۇنغا بولغان تەشەككۇرىنى بىلدۈرۈپ ، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ پات ـ پات سۇغىرىپ تۇرۇشىنى تىلەپ ، مۇشۇ يەردە بىر پىيالە چېيىمىز بىلەن ، سانىخان ئۆز قولىدا چىڭداپ قۇيغان ئەركەك پاقلاننىڭ ياغلىق ئۈچىيى بار ئىكەن ، سۇۋان ئاخۇننىڭ مۇشۇ ياغلىق ئۈچەينى بىر باشتىن چىڭ تۇتۇپ ، يەنە بىر بېشىنى كۆڭلى تارتقان بىرىگە تۇتقۇزۇپ ، تەڭ تالىشىپ يېيىشىگە سۇندۇق .

مەشرەپچىلەر قىقاس ـ چۇقان چىقىرىپ كۈلۈشتى . ياشلار ئىسقىرتىشتى ، قىزلار قولىنىڭ كەينى بىلەن ئاغزىنى ئېتىۋېلىپ كۈلۈشتى . سۇۋان مىراب ئوتتۇرىغا چىقىپ ، يىگىتبېشىغا ئېگىلىپ قولىنى تەڭلىدى .

— ۋاي ، سىلىنى ھېسسىپتىنمۇ بەك چىڭداپ قۇيۇۋەتكەن ئوخشىمامدۇ ، ئېگىلەلمەيلىيا ؟ — يىگىتبېشى شۇنداق دەپلا ،

دىردىيىپ تۇرغان دەررە بىلەن كېلىشتۇرۇپ بىرنى سىلىپ ، چاينى بەرمەي ، ئوڭ چۆرگىلىدى ، دەررە تاغاقتا ئەپچىل تەگكەنلىكتىن ، سۇۋان مىراب تولغىنىپ كەتتى .
سورۇندا قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلدى .
— ۋاي مىــراب ، قــورســاقلىرى ئالتە ئايلىق ئىغىر ئاياغ خــوتــۇنــنىڭ قورسىقىدەك تۇرىدۇ . بۇنداق ھېسسىپتىن يەنە ئۇنى پاتىدۇ جۇمۇ ، قېنى ، باقسىلا .
كاۋىدەك چىققان كاسىغا «تارس» قىلىپ يەنە بىرى تەگدى .
سۇۋان مــىــراب «ۋايــجــان ، ۋايــجــان» دەپ ، كــاسىسىنى تۇتۇۋېلىپ ، يىگىتبېشى ئوڭ چۆرگىلىسە ، ئوڭ چۆرگىلەپ قالدى . يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى .
— ۋاي سۇۋان ئاخۇن ، سىلى مەكتەپتە تۆت ئەركەكنىڭ بىرى ھېسابلىنىلا ، ئون سەككىز مىڭ ياغاچ ئۆيلۈك دولاننىڭ ئەركەك ئەۋلادىيا ؟ ھېسسىپتىن بىر ئىلىك يىمەي ، «ۋايجان» دەپسالسىلا ، ياراشمايدۇ . «ۋايجانلاش» دېگەن ئايال خەقنىڭ گېپى جۇما ! ئۇنىڭ تاشايــنــىــدا ، تېخــى ئېزىــپ چۆرگــىلــەپ قالــلا ، ئەمــمــسە ماۋۇ جازاسى ، — دەپ يەنە بىرنى سالدى . سۇۋان مىراب بۇ دورەم توغرا چۆرگــىلــىدى . ئاندىن پۈكلىنىپ تەزىم قىلىپ ، يىگىتبېشىنىڭ قولىدىكى دەررىنى تۇتۇۋالدى . يىگىتبېشى شۇندىلا چوڭقۇر تەزىم قىلىپ دېدى :
— قانداق ، ياغلىق ئۇچەي ئوخشىماپتىما ؟
— ۋاي ئوخشىمامدىغان ، تازا ئوخشاپتۇ .
— ئىشتەيلىرى خېلى ئېچىلغاندۇ ؟
— قالتىس .
— مانا ئەمىسە ، پوكانلىرىغا تۇرۇپ قالغىنىنى ئاياغ شەھەرگە ھەيدىسۇن دەپ تۇتتۇم چىيىمنى .
يىگىتبېشى پىيالىدىكى شورپىنى سۇۋان مىرابقا بەردى .
سۇۋان مــىــراب شورپىنى ئىچىۋەتكەندىن كېيىن ، قاچىنى رەھمەت تەزىم بىلەن يىگىتبېشىغا ئاپىرىپ بەردى . ئاندىن سورۇنغا

بىر كۆز يۇگۇرتۇۋېتىپ ، سىدىق بايچەكنىڭ خوتۇنى قەمبەرخانغا تۇتتى . قەبەرخان چوڭقۇر خىيال بىلەن غەمگە پېتىپ ئولتۇرغاندى ، ئۇ زورىغا كۈلۈمسىرەپ سورۇنغا كىردى . سۇۋان مىرابنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى . تازا ئېچىلالماي ، خۇدۇكسىرىگەندەك ئولتۇرغان سىدىق بايچەكنىڭ چىرايى سەل ئۆڭدى ، چۈنكى ئۇ خوتۇننى سۇۋان مىرابتىن كۈنلەپ جېدەل چىقىرىپ تۇراتتى .

سۇۋان مىراب شوخلۇقى تۇتقان بۇقىدەك بويۇنلىرىنى كۆپتۈرۈپ ، روھلۇق ئەمما سەل ئېھتىيات بىلەن ، قەمبەرخاننىڭ پاختا تىققان خالتىدەك يۇمشاق بەدەنلىرىگە دەررىنى بوش - بوش ئۇرۇپ ، ئۇنىڭغا يەۋەتكۈدەك قاراپ ئوينىدى .

— داد ، پادىشاھى ئالەم ! — دېدى ھەسەن مايماق سورۇننى توغرا كېسىپ يۈگۈرگەن پېتى يىگىتبېشىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلىنىپ تەزىم قىلىپ .

— نېمە دەردىڭ بار كالاكومشا ، تۈلكە قۇيرۇق ، مەخمەلباش ؟— دېدى يىگىتبېشى پادىشاھلاردەك گىدىيىپ ئولتۇرۇپ .

— ئەگەر دەردىمگە يەتمەيدىغان بولسىڭىز ، توكۇر خورىزىمغا مىنىپ ، باغدادقا بارىمەن .

— دە ، مۇشتى يوغان ، دوقا ماڭلاي ، مەن دەردىڭگە يېتىمەن ، باغداد شاھى مېنىڭ مەسە - كالىچىمنى مايلاپ ، پادىشاھلىقنى مەندىن ئۆگەنگەن ، — دېدى يىگىتبېشى .

— ماۋۇ ئىككى ھاياسىزنى مەشرەپ سورۇنىغا ئاچىقىپ قويساق ، ئۇلار يۇرت - جامائەتنى كۆزگە ئىلمىدى ، سۇۋان مىراب دەررىنى ئېشەك قۇيرۇقىدەك پۇلاڭشىتىپ ، تۈزۈك ئۇرماي ، بۇ خوتۇنغا خۇشامەت قىلىۋاتىدۇ . خوتۇن خەققە ئامراق ئوخشايدۇ ، ئۇنى جازالاپ بەرمىسىلە ، دېگىنىمنى قىلىمەن .

— پاششاپ !

— لەببەي شاھىم !

— سۇۋان مىرابنى ئالدىمغا كەلتۈر !
— خوش !

ئىككى ياش يۈگۈرۈپ بېرىپ ، سورۇنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان سۇۋان مىرابنى تۇتۇپ ئەكېلىپ ، يىگىتبېشىنىڭ ئالدىدا تىزلاندۇردى .

— ھەي ھالى يوغان ، كاۋا قورساق سۇۋانباي ، قىلغان گۇناھىڭنى بوينۇڭغا ئالامسەن ؟

— ئالىمەن شاھىم ، مەن گۇناھكار .

— پاششاپ ، گۇناھكار گۇناھىنى بوينىغا ئالدى ، پەرمانىمنى ئاڭلا : بۇ كۆسەي بۇرۇن ، كۆس ماڭلاي خاتۇنغا ئامراق بولغىنى ئۈچۈن ، ئۇن سەككىز مىڭ ياغاچ ئۆيلۈك دولان ، ئۇن ئۆستەڭ مەكىت تەۋەسىدىن ، ئەرگە ئامراق ، قىچىقى بار ، ئەڭ يامان خوتۇندىن ئىككىنى تېپىپ كېلىپ ، ئۇنىڭغا نىكاھ قىلىپ قويۇڭلار . خوتۇن كىشىگە تويسۇن ، بۇنىڭ جازاسىنى خوتۇن خەق بەرسۇن ، شۇ چاغدا ، خوتۇن خەقنىڭ ئېتىمنى ئاڭلىسا ، ئۇن كۆڭلۈك يەرگە قاچىدىغان بولىدۇ . چاقماقتەك بولۇڭلار .

— بېشىمىز بىلەن ، شاھىم !

ئىككى يىگىت دەرھال توپلىشىپ تۇرغان خەق ئارىسىدىن بۇرۇنلا ئايالچە ياسىنىپ تەييار بولۇپ تۇرغان ئىككى قىزىقچىنى سۆرەپ كەلدى .

— ھەي ، ئاغزى مايماق ، قىچىقى يامان بايتاللار ، سۇۋان مىرابقا تېگەمسىلەر ؟

— ھەشقاللا شاھىم ، — دەپ ئايالچە ئاۋاز بىلەن جاۋاب بېرىپ تەزىم قىلدى «خوتۇنلار» .

— تويلۇقۇڭلارغا قىرىق تۆگە ، سەكسەن ئات ، ئىككى تۆمەن قوي بەردىم ، نىكاھىڭلارنى ئوقۇتۇپ ، ئەر ـ خوتۇن بولۇشۇۋېلىڭلار ، بۇ ئەر كەپسىز ، يامان خوتۇنلار ئېپقاچىدۇ ، چىڭ تۇتۇڭلار .

ئىككى قىزىقچى دەرھال سۇۋان مىرابنىڭ ئىككى تەرىپىدىن

قولتۇقلىۋالدى .

— ماڭا قاراڭلا ، ھەي ، ماڭا ئەر بولدۇڭلا جۇما ئەمدى ، — دېدى سول تەرەپتىكى قىزىقچى سۇۋان مىرابنىڭ ئېڭىكىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە قارىتىپ .

— ماڭا قاراڭلا ھوي ، ماڭا بەكرەك قاراڭلا جۇما ، مەن سىلىنىڭ چوڭ خوتۇنۇڭلا ، — دېدى ئوڭ تەرەپتىكى قىزىقچى سۇۋان مىرابنىڭ قۇلىقىدىن سوزۇپ ئۆزىگە قارىتىپ .

— ئوھۇش ، ۋۇي ، مېنى بوزەك كۆرۈۋاتاملا ، — دېدى سول تەرەپتىكى قىزىقچى سۇۋان مىرابنىڭ قۇلىقىدىن قاتتىق سوزۇپ ئۆزىگە قارىتىپ ، سۇۋان مىراب ئاغرىققا چىدىماي : «ۋايجان ! ۋاي قۇلىقىم !» دەپ ۋارقىراپ كەتتى .

— مەن ھازىر نېمە دېدىم ھەي جۇۋاينىمەك ؟ — دېدى ئوڭ تەرەپتىكى قىزىقچى سۇۋان مىرابنىڭ سول يۈزىگە «چاڭ !» قىلىپ تەستەك سېلىپ .

— ھەي ، سەن مېنىڭ ، ماڭا قارا ، — «چاڭ !» قىلىپ سول تەرەپتىكى قىزىقچى سۇۋان مىرابنىڭ مەڭزىگە كاچات ئۇرۇپ ، ئۇنى ئۆزىگە قاراتتى .

سۇۋان مىراب ئاخىر ئىككىسىنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىققانچە ، ۋارقىراپ ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا تىزلاندى .

— داد ، خوتۇنغا تويدۇم ، خوتۇن ئالغاننىڭ سازايىسى !

مەشرەپ ئەھلى پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى .

— ھەي ، كۈس ماڭلاي ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇچرىغانلا خوتۇنغا قوچقارلىق قىلامسەن ؟

— ياق ، پەندىيات پادىشاھىم ، بولدى تويدۇم ، ھازىرلا بۇ خوتۇنلاردىن ئاجراشتۇرۇپ قويمىسىلا ، تامبىلىمنىڭ بېغىغا ئېسىلىپ ئۆلۈۋالىمەن .

مەشرەپ ئەھلى تېلىقىپ كۈلۈشتى .

مەشرەپ خوراز تۇن تەڭگە چىللىغۇچە داۋاملىشىپ ، ئاندىن تارقىدى .

كۆل بويىدا ئابدۇرېشىتخان غوجا، مامۇت نۇر، سىدىق بايچەك، سوپى مەزىن يەنە بەش ـ ئالتە ئادەملەر سۇۋان مىرابقا ھەمراھ بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىندى، قوغۇن ـ تاۋۇز، ئوغلاقنىڭ جىگىرى بىلەن قېرىن، ياغلىق ئۇچيىدە پىشۇرۇلغان ياغ بەررە كەلتۈرۈلدى، ھەممىسىنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى.

— مەشرەپ تازا قىزىدى جۇما، ۋاي ـ ۋاي، — دېدى سۇۋان مىراب كاۋاپنى ھۇزۇرلىنىپ چايناپ.

— بىر يىلدىن بۇيان، سۇ يوق، خوشۇل بولمىغاندىكىن، خەق بەك تۈگمىشىپ كەتكەن، ھېچقاچان سۇ بۇ قېتىمقىدەك كەڭرى بولمىغان. خەقزە، شۇ خوشلۇقتا مەشرەپنى بەك قىزىتتى، پات ـ پات سۇنى مۇشۇنداق كەڭرى ئېلىپ كەلسەڭلار، مەشرەپ قىزىۋېرىدۇ، — دېدى مامۇت نۇر.

— ھەي، مەنچە بولسىغۇ ئاياغقۇمنى سۇغا چىلىۋەتكۈم بار، «غوجامنىڭ غوجىسى بار، چامغۇرنىڭ ئورىسى». مامۇتاخۇن، ئاياغقۇمدا يوقتەك گەپ قىلماڭلا.

— تۆت يىلدىن بۇيان، ئاياغقۇمغا بۇنداق سۇ كېلىپ باقمىغان جۇما، — دېدى سىدىق بايچەك.

— ھەي، بىلمەيۋاتامسىلە، ھاماقەتلەر، كىيەك شاڭجاڭنىڭ تويىغا مىڭ كويلۇق نەسىللىك بۇقىنى ئېلىپ بارغىنىڭلارنى ئۇنتۇپ قالدىڭلىما ـ ھە؟

— ھەببەللى، گەپ مانا مۇشۇ يەردە، — دېدى ئابدۇرېشىتخان غوجا گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ.

— گەپنىڭ نان تېگىدىغان يېرى شۇ، ئىككى كەنتنىڭ سۇ نۆۋىتىنى ئاشۇ بىر كالا ئاياغقۇمغا ئېقىتىۋەتتى.

— يائاللا، ھازىرزە، جاھان نىمە بولۇپ كەتتى؟ ھەممە ئادەم «يەيمەن» دەپلا تۇرىدۇ، يېگۈزمىگۈچە ئىش ئاقمايدۇ، ئاشۇ كالىغا پۇل يىغقۇچە، خەق بىلەن قان چىچىشمىدۇق، باشقىسى بولدى. مۇشۇنداق كېتىۋەرسەك، كېيىن قانداق قىلىشىپ كېتەرمىز؟ —

دېدى سىدىق بايچەك ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ.

— ھەي سىدىقاخۇن، سەن بۇ تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئىچىدىكى ئالىقاندەك يەرگە كىرىۋېلىپ، شۇنچىلىك ئىشقا قاقشايسەن. سەن چىقىپ ناھىيىنى كۆر، قەشقەرگە بار، ئۈرۈمچىگە بار، بولسا ئىچكىرىگە بېرىپ قاراپ باق، خەق نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ ئۇ سەن بىلىدىغان بۇرۇنقى جاھان قالمىدى، سېنىڭ بۇ قىلغىنىڭ خەقلەرنىڭ قىلىشىۋاتقانلىرى ئالدىدا ھېچنېمىگە دال بولمايدىغان ئىش، ھەممە ئادەم ھام يېسەم دەيدۇ، بەرسەم دەيدىغان گەپ چىقمايدۇ. جاھانىنىڭ ئىشى پۇل بىلەن ئېقىۋاتىدۇ، قۇرۇق گەپ قۇلاققا ياقمايدۇ. ھەممىسى پۇل، سېنى بىر كىم ئۆيىگە قىچقىرىپ، بىر قاچا ئاشنى ھەرگىز بىكارغا بەرمەيدۇ. بۇ ئىش تەشكىلدىمۇ بار. مانا بۇلتۇر مۆلدۈر ئاپىتى بولۇپ، ناھىيە ۋىلايەتتىن قۇتقۇزۇش ياردىمىنى جىقراق ئالىمىز دەپ، تۆت ماشىنا ئېسىل ياغاچ ئېلىپ بېرىۋىدى، ئوتتۇز توننا ئوغۇتنى ئوشۇق بېرىپتۇ. ئۈرۈمچىگە قۇتقۇزۇش تەلەپ قىلغىلى ماڭغانلارمۇ بەش مىڭ كىلولۇق سوۋغا - سالام تەييارلاپ بېرىپ، ئون بەش توننا يالتىراق ھەل قىلىپ كەپتۇ، قانداق؟ — دېدى سۇۋان مىراب. ئولتۇرغانلار ئۇنىڭ ئاغزىغا ھاڭۋېقىپ قاراپ قېلىشتى، مامۇت نۇر پېشانىسىگە بىرنى ئۇردى.

— ئاللا، ما ئىشنى كۆر، تېخى بىز ھېچ ئىش قىلماپتىمىز.

— جاھانىنىڭ ئىشلىرى مۇنداق بولۇپ كەتتى دەڭلا.

— بىز ئەمدى ھەر قېتىم سۇ، ئوغۇت دېسەك، شۇنداق قىلارمىزما؟ بۇنىڭغا جان توشارما؟

— بۇنىڭدىن كېيىنكىسىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ.

— مەنچە، ئاياغقۇم سۇ ئىچىدىغانلا ئىش بولسا، سېلىق چاچساق، خەق ئىشتىنىنى ساتسىمۇ بېرىدۇ، جۇما، — دېدى سوپى مەزىن.

— ئۇغۇ راست، ئەمما خەققە تەس، — دېدى مامۇت نۇر.

ھەممىسى بىردەم شۈك بولۇپ قېلىشتى. سۇۋان مىراب شاپاق

دوپپىسىنى قولىغا ئېلىۋېلىپ ، يېڭى قىردۇرغان سىدام بېشىنى بىردەم قاشلىغاندىن كېيىن دېدى :

— ئۆزۈڭلارنىمۇ قىينىماي ، تايىنلىق دەردىنى بىرلا تارتىڭلار . سۈيۈڭلارنىڭ مۇشۇنداق تەس بولۇشى سىلەرنىڭ ئاياغ پايناپتا بولغانلىقىڭلاردىن بولۇۋاتىدۇ . پۈتۈن يېزا بويىچە ئۈن سەككىز كەنتنىڭ ئۆستىڭىنى چىڭ باغلاپ ، ھەممە سۇنى يىغىپ چىڭقاقىقا سالمىسا ، بۇ يەرگە سۇ چىقمايدۇ ، بۇنى قىلماق تەس ، شۇڭا ، سىلەر يالجىماي كېلىۋاتىسىلەر .

— راست زادى ! — ھەممىسى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماقۇللىدى .

— ھۆكۈمەتنىڭ بىر ئىشقا ئەقلىنى ئىشلىتىشكە چولىسى تەگمەيۋاتىدۇ ، مۇشۇ ئاياغقۇمنىڭ كەينى قۇملۇقىدا ، بىر يېرىم كۈن ئېشەكلىك ماڭسا ، دەرياغا بارغىلى بولىدۇ ، دەريانىڭ ئورنى ئاياغقۇمدىن خېلى كۆپ ئېگىز ، ئەگەر ناھىيە كۈچەپ ، مۇشۇ قۇمنى كېسىپ بىر ئۆستەڭ ئالسا ، ھەممە خاپىلىق تۈگەيتتى .

— ھە راست ، — دېيىشتى ھەممىسى .

— بۇنىڭغا قانداق قىلىپ ناھىيىنى ماقۇل كەلتۈرگىلى بولىدۇ ؟ — دېدى مامۇت نۇر كۆزلىرى چاقنىغان ھالدا .

— بۇنىڭ يولى ئاسان ، — دېدى سۇۋان مىراب تەكيىگە يانپاشلاپ ، — ئاۋۋال مۇشۇ ئەھۋالنى پۈتۈپ ، بىر ئاخشامدا شۇجىنىڭ ئۆيىگە بارىمىز .

— بىر نەرسە ئاپىرىمىزما ؟ — دېدى سىدىق بايچەك .

— ئاپارماي بولامتىكى ؟ ئاپارمىساق ، «سىلەر قايتىپ تۇرۇڭلار ، بىز پارتكومدىكىلەر مۇزاكىرىلىشىپ باقايلى» دەيدۇ ، ئىش ئاقمايدۇ . ھازىر تۇرەك شۇجى تازا ئۆي سېلىۋاتىدۇ .

— ئۇنداقتا ، تېرەكتىن يىگىرمە ـ ئوتتۇز تال كېسىپ ئاپارساق بولىدىكەن ، — دېدى سىدىق بايچەك .

— گەپنىڭ بېلىگە تەپمەي تۇرە ئاداش ، ئۇ دېگەن ئاياغقۇمدەك كەنتتىن ئون سەككىزنىڭ شۇجىسى ، تېرەك دېگەن سەن ئاپىرىپ بەرمىسەڭمۇ ئالالىقاچان بېرىپ بولدى .

— ئەمــــسە يىگىرمە ـ ئوتتۇز ئادەمنى ئاپىرىپ ، ئۆيىنى ياساتسىپ بېرەيلى ، تامچى ، ياغاچچى دېگەن بىزدە تولا ، — دېدى بايچەك .
— نېمانداق غەرەز ئۇقمايسەن ؟ گەپ قىلغىلى قويساڭا ، — دېدى سۇۋان مىراب تېرىكىپ .
— ئاغزىڭنى بىردەم باسقىنا سەن ، بىر ئادەم گەپ قىلىۋاتقاندا تولا قوشۇق سالماي ، — دېدى ئابدۇرېشىتخان غوجام كايىپ .
ســـدىق بـايچەك غىققىدە بولۇپ ، ئىزا تارتىپ ئولتۇرۇپ قالدى . سۇۋان مىراب گېپىنى داۋام قىلدى :
— تۆرەك شۇجى كۇمىلاچ تام سېلىپ ئولتۇرمايدۇ ، سېمونت بىلەن پىششىق خىشتا سالىدۇ ، سىلەرنىڭ تامچى ، ياغاچچىڭلار دېگەن ئۇنداق تامنى كۆرۈپ باقمىغان . ئۇ ئادەمنىڭ هازىر پۇلدىن باشقىـغا ئېـهتـيـاجى يوق . ئىككى مىڭنى قاتار قىلىپ ، شەهـەرلىـكـلەرگە ئوخشـاش قەغەز خالتىغا سېلىپ ، ئاستا داستىخاننىڭ بۇرجىكىگە قويىمىز ، ئىش ئاقىدۇ . ئۇ ئادەم ناهىيىگە يولـلايـدۇ . دوكـلات گـۇڭـشـېـدىن ناهىيىدىكىلەرگە ئۆتكەندە ، نـاهىيىدىكىلەرگە نېمە لازىم ، ئۇنى شۇ چاغدا بىلىمىز . ناهىيە ۋىلايەتكە يوللايدۇ ، ۋىلايەتتىكىلەرگە نېمە كېرەك ، هەربىرىنى تېپىپ ، كۆڭلىدىكىنى ئېلىپ ، ئاپىرىدىغاننى ئاپىرىدىغان گەپ .
— يائاللا ، قۇمدىن ئۆستەڭ چاپماق تەسكەن .
— بۇ ئىش قۇمدىن ئۆستەڭ چېپىشتىن نەچچە هەسسە تەس . قىـلـدىـن ئىـنچىكە ، نازۇك ، سەل مايماق كەتسە ، بۇزۇلغىنى بۇزۇلغان ، مۇشۇنىڭغا ئىنچا بولسا بولىدۇ .
هـەمـمـىـسـىـنىڭ بېشى ساڭگىلاپ كەتتى . سېلىق يىغقان مەزگىلدىكى دېهقانلار بىلەن بولغان ئېچىنارلىق هالەت كۆز ئالدىغا كەلدى . قۇلاقلىرىغا يىغا ـ زار ، نالە قىلىش ، تىللاش ، قارغاشلار ئاڭلانغاندەك بولدى .
— سىلىچە قانداق قىلساق بولار غوجام ؟ — دەپ سورىدى مامۇت نۇر ئاق ئارىلىغان بېشىنى تاتىلاپ .

— مۇشۇ بەلەن گەپ، خوپ چارە بولدى. شۇنداق قىلىمىز، — دېدى ئابدۇرېشىت ئىمام كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ، يوغان قورسىقىغا قويۇۋالغان قولىدىكى تەسۋىيىنى بىر تالدىن سىيرىپ، ماموت نۇر سىدىق بايچەك بىلەن قارىشىۋالدى.

ئەتىسى ئابدۇرېشىت ئىمام مېھرابتا ئولتۇرۇپ، ئۇزاق ۋەزخانلىق قىلىپ، بۇ ئىشنى ئاياغقۇملۇقلارغا ئېلان قىلدى. ئاياللار لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ، كونا تۇگۇنچەكلىرىنى يېشىشتى، ئەرلەر تارشىدەك قاتقان قارا قوللىرىدىن تىترىگەن هالدا پۇل چىقاردى. ئۇلارغا پەقەت هازىر كۆز ئالدىدىن توختىماي ئۆتۈۋاتقان قۇملۇق ئارىسىدىكى پارقىراپ ئېقىۋاتقان بىر ئۆستەڭ سۇلا ئەڭ زور ئۈمىد هەم تەسەللى ئىدى. ئىشلار سۇۋان مىراب دېگەندەك بولدى. ئىككى مىڭ يۈەننى يېزا سېكرېتارىغا ئاپاردى، هاكىمنىڭ ئۆي سېلىشىغا ئون بەش هاشارچى بىر ئاي ئىشلىدى، مانا شۇنداق قىلىپ، ئىشلار ۋىلايەتكە يۇرۇشتى، ۋىلايەتكە ئاتاپ، يۈز تال تېرەك كېسىلدى. يۈز جىڭ زىغىر يېغى، تۆت تاغار ياڭاق، بەش تاي سۇپەتلىك پاختا تەخلەندى. بۇلار ئۈچۈن، كۆچى بارلار كۆچىنى، پۇلى بارلار پۇلىنى، نېمىسى بولسا شۇنى چىقاردى. قوي سېتىلدى، توخوم سېتىلدى. هەممە ئادەم بۇ ئىشلارغا چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ چىدىدى. مانا بۇلار سۇ ئەكېلىدىغان نەرسىلەر، پەقەت ئاشۇ ئىش بۇزدى مۇهەممەتئىمىن سەيدىن ساراڭلا تۆشىنى چىقىرىپ تۇردى. ئەمما ئۇنىڭ بۇ ئىشلار توغرىسىدا ئوڭ ـ تەتۈر سۆزلىمىگىنى، ئىشنى بۇزمىغىنى ئۈچۈن، هەممە خاتىرجەم بولۇشتى.

## 13

نۇسرەت قوناقلىق بويىدىكى جىگدىلىككە كەلدى. ياز ئاخىرلىشىپ، دەسلەپكى شەبنەم چۈرۈچ بولۇشقا باشلىغان قوناقلارنىڭ يېشىل ياپراقلىرىدا تاۋلىناتتى. جىگدىلەر قۇياشنىڭ

قىزغۇچ نۇرىدا ئاجايىپ شوخ جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. سەھەرنىڭ سالقىن، نەم ھاۋاسى قۇمنىڭ قۇرغاق يۈزىنى سىلاپ ئۆتۈپ، كېچىلىك ئۇيقۇدىن ئويغىنىۋاتقان، چۈشكۈن كېيىكلەر ئايغىقىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنى كېتىدۇ. كەندىرلەرنىڭ چوڭ - چوڭ يوپۇرماقلىرى دىماغقا ئۇرىدۇ.

قىزغۇچ ياپراقلىرى پارقىراپ، تارتىنچاق قىزنىڭ مەڭزىدەك تاۋلىنىپ تۇرغان كېپىنەكلەر ئۇچۇشمايلا، ئەمدىلا چىش يېرىپ ئېچىلىشقا باشلىغان كېپىنەكلەر قۇياش نۇرىدا كۈمۈشتەك بىغۇبار كۆرۈنىدۇ.

كېپىنەكلىك قىرلىرىدىكى ئوتقاشتەك جۇلالىنىپ تۇرغان زاراڭزا چېچەكلىرى ئۈستىدە پەرۋاز قىلىشىپ ئۇچۇشۇۋاتقان ھەسەل ھەرىلىرى كىشىگە بەختىيارلىق ئىچىدە چۇرۇقلىشىپ ئوينىشىۋاتقان شوخ قىزلارنى ئەسلىتىدۇ.

نۇسرەتنىڭ ئولتۇرۇشقان قارا كۆزلىرىدىن ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇرىدىغان قايغۇ ـ مۇڭ يېغىپ تۇراتتى، پوسمىلاق بۇغداي ئۆڭ يۈزىنىڭ نۇرلىرى ئۆچكەنىدى، ئېلىپتەك بويىنى سارغىيىپ، چىلاندەك لەۋلىرى قورۇلۇپ كەتكەنىدى. نۇسرەتنىڭ شۇ ھالىتى ئۇنى مەجنۇنتالنىڭ نازۇك شېخىدەك، نازاكەتلىك ھەم ئەۋرىشىم قىلىپ قويغانىدى.

ئاق داكا داستىخاننى مۇرىسىگە سېلىپ، قۇرۇق قاپاقنى يۈدۈۋالغان نۇسرەت بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ، جىگدە تۈۋىدىكى بىر ئورەكنىڭ ئالدىغا كەلدى. بۇ ھېلىقى چاغدا، ياسىننى ساقلاپ ئېسىدىن كېتىپ، كۆكسىنى باسقان ئورەك ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىگە قاچاندۇر سۇ كىرىپ سىڭىپ، يەنە قاغجىراپ كېتىپتۇ، ئۇ ھەيران بولۇپ تىكىلىپ قالدى.

ئورەك گىرۋەكلىرىدە ساقلىنىپ قالغان تىرناق ئىزلىرى تېخىچە قېتىپ تۇراتتى، ئۇ مۇشۇ ئورەكنى ئۆزىنىڭ تىرناقلىرى بىلەن تاتىلاپ كولىغىنىدىن ھەيران قالدى. ھازىر ئۇنى ھەرگىز كولىيالمايدۇ. كولىغۇدەك مادارىمۇ يوق. ئۇ چاغدا، تومۇرلىرىغا پاتماي يۈرىكىنى قېپىدىن يېرىپ چىقارغۇدەك ئوقچۇپ تۇرغان بىر سېھرىي كۈچ ئۇنى كولاتقانىدى. ئەنە ئاشۇ تىرناق ئىزلىرى چەكسىز لەززەتنىڭ شاھىتى. ئۇ چاغدا، ئۇنىڭ يۈرىكى ساق ئىدى،

www.uyghurkitap.com

قانلىرى شاۋقۇنلۇق ئۆركەشلەپ ئاققانىدى . يەرنى قازغاندا ، ئۇنىڭ تىرناقلىرى يېرىلىپ كەتكەن ، قاتتىق ئاغرىغان ، ئۇ ئاشۇ ئاغرىقتىنمۇ ئازابلانماي ، لەززەت ئالغانىدى . نۇسرەتنىڭ چەكسىز قايغۇلۇق كۆزلىرى كۆل ئارىسىدىن ۋاللىداپ چوغ كۆرۈنگەنىدەك سۇس چاقنىدى ، لەۋلىرىگە تەبەسسۇم ، چىرايىغا قىزىللىق يۈگۈردى . مەستخۇش چاقناپ تۇرغان بىر جۈپ قوڭۇر كۆز ئۇنىڭغا تاقەتسىزلىك بىلەن تىكىلدى . بۇ كۆزلەر نېمىدېگەن ئوتلۇق ، كۆيدۈرگۈچ كۆزلەر . بۇ كۆيدۈرگۈچ ھېسسىيات شۇنچىلىك لەززەتلىك ئىدىكى ، ئۇنىڭ تومۇرىدىن شۇنچە يېقىملىق ئېقىپ ئۆتتى . ئۇنىڭ پەيلىرى تارتىشىپ ، ئۇگىلىرى بوشىشىپ كەتتى . ئۇ خۇدىنى بىلمەي تولغاندى ، بەدەنلىرى ئوتتەك قىزىدى ، خېمىردەك يۇمشاپ كەتتى . ئۇ ئەڭ شېرىن چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ، ھالسىزلىنىپ يېتىپ قالدى . كۈچلۈك قوللار ئۆزىنى مەھكەم قىسىۋالغانلىقىنى ، ئوتتەك بەدەن ، كۆيدۈرگۈچ تىنىقلار بوينىنى يېلىنجىتىۋاتقىنىنى سەزگەندەك بولدى . بىراق يەنە ئۆزىنىڭ ئۆمرىدە يېتىپ باقمىغان يۇمشاق ئورۇندا ئەمەسلىكىنى ، قىرى جىگدىنىڭ قوپال ، قاتقان قوۋزاقلىق ، مودۇر - چوقۇرلىرىنىڭ تېنىگە تېگىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى . شېرىن چۈشلەر ئاستا - ئاستا غايىب بولۇپ ، يېقىمسىز ئازابلىق دۇنيا قايتىپ كەلدى . كۆيدۈرگۈچ ئاپتاپ ، قۇملۇقتىن كېلىۋاتقان ئىسسىق ھاۋا ، قاغجىرىغان يەر ، جىگدە پۇتاقلىرى دۇمبىسىگە قاتتىق پېتىپ ئاغرىتماقتا . ئۇ بۇنى ھېس قىلىپ ،يىغلىۋەتكىلى تاسلا قالدى . تېخى ھازىرلا ئۇنى مەست قىلغان لەززەتلەر نەلەرگە كەتتى ؟ ئۇ جىگدە پۇتاقلىرىنىڭ قاتتىق پېتىشىغا چىداپ ، لېۋىنى چىشلەپ ، كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى . كۆزىنى ئاچسىلا ، بۇ جاھاننى كۆرۈپ ، ھەممە لەززەتتىن قۇرۇق قالىدۇ . دائىملىق ئاڭلىنىدىغان ، يېقىمسىز شىلدىرلاۋاتقان قومۇشلۇقلارنى ، كۆرۈمسىز قۇملۇقلارنى ، چۆللۈكنى كۆرىدۇ . كۆزىنى يۇمسا ، شۇنچە گۈزەل ئىللىق دۇنياغا قايتىدۇ . ئۇنىڭ قېشىدا ياسىن تۇرماقتا . ياسىننىڭ

تەر پۇراقلىرىدىن جەننەتنىڭ ھىدى كېلىۋاتىدۇ . ياسىنىنىڭ كۆچلۈك بىلەكلىرىنىڭ قىسىشى ئۇنىڭ نەپسىنى سىقىپ قويدى . ئۇ ، يۆلقۇندى :

— مېنى قويۇۋېتىڭ ،مېنى قويۇۋېتىڭ ، ۋارقىرايمەن !

نۇسرەت ئۆز ئاۋازىدىن ئۆزى قاتتىق چۆچۈپ كەتتى . ئۇ مۇزدەك قاپاقنى كۆكسىگە بېسىپ ، چىڭ قۇچاقلىۋالغانىدى . قاپاق توپىلىق يەرگە چۈشۈپ يۇمىلاپ كەتتى . ئۇ ياسىننى يىتتۈرۈپ قويدى . ھېچ يەردە ، قوناقلىقتا ، كېۋەزلىكتە ، قۇملۇقتا ، جىگدىلىك ئارىسىدا يوق . يولدا تۇرامدۇ نېمە ؟ ھارۋىنىڭ يېنىدا ، بوينىنى قىسىپ كۆلۈمسىرەپ قاراپ تۇرۇۋېتىمغۇ ؟ گەپ قىلىشقا ئاغزىنى ئاچاي دەيدۇ ، ئەمما ئاچمايدۇ . يا نۇسرەتنىڭ يېنىغا كەلمەيدۇ . پەقەت بىر خىل غەمكىن قىياپەتتە ، كۆزىنى چاقنىتىپ ، قاراپ تۇرىدۇ .

— نېمانداق قاراپ تۇرىسىز ؟ نەۋاخ مەن بۇ يەردە ساقلاپ تۇرغىلى !— نۇسرەت شۇنداق دەپلا ئۇنىڭغا قاراپ ماڭدى . شۇئان ياسىن يوقالدى . ئۇ قاپاقتا پۇتلىشىپ دۈم چۈشتى ، توپا توزۇدى . ئۇ ئۆمىلەپ ، جىگدىنى چىڭ قۇچاقلاپ يىغلىدى ، ئۇ شۇنداق قاتتىق ئۆكسۈپ يىغلىدىكى ، يۇمران ، زىلۋا تەنلىرى لاغىلداپ تىترەپ كەتتى :

— ئىسىت ، رەھمەتلىك ، نېمىشقا ئۇنداق قىلدىڭ ؟ ئاچچىقىڭغا پايلىماي شۇنداق قىلامسەن تاش يۈرەك ؟ نېمىشقا مېنىمۇ بىللە ئېلىپ كەتمىدىڭ ؟ مەنمۇ كېتەتتىم ئەمەسمۇ ، ماڭا ئىشەنمىدىڭمۇ ؟ ماڭا ئەمدى تىرىكلىكنىڭ نېمە كېرىكى ، مەن ئاجىزنى نېمىشقا ئويلىمىدىڭ ؟

نۇسرەت ھالسىزلىنىپ جىگدىگە يۆلەنگىنىچە ، ئاستا سىيرىلىپ ئولتۇرۇپ قالدى . ئۇزۇن تال ـ تال كىرپىكلىرى ئارىسىدىن توختىماي ياش ئېقىپ ، يۈزىنى يۇماقتا ئىدى . توق بوغداي ئۆڭ يۈزى تاتىرىپ ، سۇس قايغۇلۇق پارقىراپ كەتتى . بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېڭىيىپ ، تىنىقى يېتىشمەي قالدى . ئۇ

ئۆتكەندىمۇ دەل مۇشۇ جىگدىگە يۆلىنىپ ، ئەڭ شېرىن لەززەتتىن ھالسىزلىنىپ ، مۇشۇنداق ئولتۇرۇپ قالغانىدى . ھازىرمۇ خۇددى شۇنداق بولدى .

## 14

كېچە ، سۇس ئاي نۇرى ئۆمۈچۈك تورى ساڭگىلاپ تۇرغان تۈڭلۈكتىن تۆكۈلۈپ ، ئۆينىڭ ئىچىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى . ئاندا - ساندا ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى ، پاقىلارنىڭ كۇرۇلداشلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ . يىراق قۇملۇق ئارىسىدىن ئېچىرقىغان تۈلكىنىڭ ھۇۋلىغان ئاۋازى كەلدى . كۆلنىڭ بويىدىن بولسا كېرەك ، بىرىنىڭ ئالتاغىل ئاۋازدا چىڭقىلىپ ئېيتىۋاتقان ناخشىسى ئاڭلاندى . مۇھەممەتئىمىن سەيدىن بېشىنى گىرەلەشتۈرۈلگەن قوللىرىغا قويۇپ ئوڭدا ياتقانىدى . ئۇنىڭ ھېچ ئۇيقۇسى كەلمىدى . ئۇنىڭغا جاھان تۇرۇپ تارلىشىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى . مانا بۈگۈن ، جامائەت ئابدۇرېشىت غوجىنىڭ باشلامچىلىقىدا ، ناھىيە ھاكىمىنىڭ تويىغا ئاتاپ بىر كالا ئېلىپ مېڭىشتى . ياغاچ - خىشلارمۇ ماڭغۇزۇلدى ، ئادەملەر ئىشلىدى . بۇلارغا زادى سۇ كېلەرمۇ ، ھۆكۈمەت قۇملۇق ئارىسىدىن سۇ باشلىغىلى ئۇنارمۇ ؟ مۇھەممەتئىمىن سەيدىنىنىڭ بۇنىڭغا ھېچ ئىشەنگۈسى كەلمىدى . ئۇلار ۋىلايەتكە يوللىۋەتسىلا ئىشى تۈگەيدۇ . ۋىلايەتتىكىلەرنىڭ بىر كەنت خەلقىنى ئويلىغىلى چولىسى تېگەرمۇ ؟ تەييارلانغان يۈز تال ياغاچ ، ياڭاق ، پاختىلار كۈچىنى كۆرسەتسە ، مۇزاكىرىدىن ئۆتەرمۇ ؟ مۇھەممەتئىمىن سەيدىن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ ئورنىدىن تۇردى . سۆرىلىپ چىقىپ ، غاڭزىسىنى سىلاشتۇرۇپ تېپىپ موخۇركا سالدى . ئاچچىق ئىس ئۆيدىن چىقىۋاتقان زەي پۇرىقى بىلەن ئارىلىشىپ كەتتى .

— نېمانداق ئۇخلىمايسىنوي ؟ — دېدى ئۇ تۈگۈلۈپ يېتىپ توختىماي ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋاتقان ئايالىنىڭ ۋىجىك يەلكىسىنى

ئالقانلىرى بىلەن ئاستا سىلاپ . ھەمشىرىخانىنىڭ قۇرۇق ئۇستىخانلىق ئەتلىرى ئالىقىنىغا تېگىشى بىلەن ، ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى . بىر چاغلاردىكى گىردە خېمىردەك چىلىڭ بەدەنلەر نەگە كەتتى ؟ ئۇ ئىچى سىيرىلگەن ھالدا ، كۈندىن - كۈنگە كىچىكلەپ كېتىۋاتقان ، كىچىك بالىدەك پىشىلداپ تىنىپ ياتقان ئايالىنى ئۆزىگە تارتتى . ئۇنىڭ بوغۇزى ئېچىشتى . مانا ئۇ ئايالىنى مۇشۇنداق مېھرى بىلەن باغرىغا ئالمىغىلى ، ھەتتا ئۇنى سۆيۈنۈش ئىچىدە تۇتۇپ ، شەپقەتلىك كۆزلىرى بىلەن سىنچىلاپ قاراپ باقمىغىلى ئۇزۇن زامانلار بولۇپ كېتىپتۇ . ئۇنىڭ كۈنلىرى ئېتىز ئىشلىرى ، باپكارنىڭ كۆلىنىڭ بويىدا چىلىم تارتىشىپ ئولتۇرۇش ، بەش ۋاخ مەسچىتكە بېرىش بىلەن ئۆتۈپ كېتىپتۇ . تالادا بىر كىملەر بىلەن غىژىلدىشىپ قالسا ، ئۆيىگە كېلىپ ، مانا مۇشۇ كۆتۈرۈشلۈك ئاجىز ئايالىدىن دەردىنى ئاپتۇ ، غالجىرلىقى تۇتسا ، ئاچچىقى بېسىلغۇچە دۇمبالاپ ، توپىغا يۇمىلىتىپتۇ ، گويا خاپىلىق ، گۇناھ مۇشۇ ئايالىدىن كېلىۋاتقاندەك . ئۇ ئۆزىنى چەكسىز خىجىلچىلىق ئىچىدە سەزدى . ھازىر قاراڭغۇدا ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس ، ئۇ ھەمشىرىخانىنى توي كېچىسىدىكىدەك چەكسىز ئىنتىزارلىق بىلەن ئاۋايلاپ باغرىغا باستى . يىرىك ساقاللار چىرمىغان ، گۇپۇلدەپ چىلىم پۇرىقى كېلىدىغان تۇمشۇقىنى ھەمشىرىخانىنىڭ مۇزدەك سوغۇق ، قوشۇقتەك كىچىك مەڭزىگە باستى .

چوغدەك كۆيدۈرىدىغان پوسمىلاق يۇمشاق يۈزلەر قېنى ؟ ئۇ خۇشلۇقى تۇتۇپ قالغاندا ، پات - پات قارام ، كەپسىز سەككىز ياشلىق ئوغلى ئېلىنى ئويناۋاتقان يېرىدىن تۇتۇۋېلىپ ، چىڭ قۇچاقلاپ ، ئاپتاپتا كۆيگەن يالىڭاچ قورساقلىرىغا سۆيۈپ قويىدۇ . «نوچى بالا ، پەقەت سەنلا داداڭغا تارتتىڭ» دەپ ئەركىلىتىدۇ . مانا ھازىر ئۇ خۇددى شۇ ئوغلىنى قۇچاقلىغاندەك ھېس قىلىپ قالدى . ۋاي ئىسىت ، بۇ بىچارە نېمانچە كىچىكلەپ كەتكەن ؟ ئاياغقۇمنىڭ قىز - چوكانلىرى كۆكسى بىلەن داڭلىق . كۆكسى ئۆزىدىن بۇرۇن

چوڭقيىپ بولىدۇ ، ھەمشىرىخاننىڭ ئەلۋەتتە شۇنداق ئىدى ، ئەمما ھازىر ئۇنىڭ ئورنىدا ناسۇۋال قاپىقىدەكلا سولاشقان تېرە قاپتۇ .

— جېنىم خوتۇن ، نېمانچە يىگىلەپ كەتكەنسەن ؟ — دېدى مۇھەممەتئىمىن سەيدىن ھەمشىرىخاننىڭ بوينىغا تۇمشۇقىنى سۈركەپ . ھەمشىرىخان گەپ قىلماستىن ئۆكسۈپ يىغلىغىلى تۇردى .

— ئۇنداق قىلساڭ ، تېخىمۇ ئىچىمنى ئاغرىتىۋېتىسەن . دائىم قارىسام گەپ قىلمايسەن ، ئىچىڭگە تىنىپ يۈرۈۋېرىپ ، تۈگىشىپ كېتىسەن . قېرىغان چاغدا سەندىن ئايرىلىپ قالماي .

مۇھەممەتئىمىن سەيدىنىڭ ئاۋازىغا ئاخىرى يىغا ياماشتى . ئۇ گەپ قىلالماي قالدى . ھەمشىرىخان تېخىمۇ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ بېرى دەردى ئىچىگە توشۇپ كېتىپ ، ئەمدى سىرىدىشىغا يولۇققاندەك ، ئېرىنىڭ بوينىغا چىڭ چاپلاشتى .

— ھەممە ئىشلار ئۆتتى ، كەتتى . بىر ئىشنى ئۇنداق ئويلاپمۇ - بۇنداق ئويلاپمۇ ھېچقانداق قىلالمىدىم . سىلىگە دەي دېسەم ، ئەمدى بۇ قېتىم ئۇرسىلا ، تىرىك قېلىشىمغا كۆزۈم يەتمەيدۇ . باشقا تارتىشىدىغان ھېچنېمەم يوق ، مۇشۇ بالىلىرىم بىلەن قېرىغان دادامنىڭ ھەققىدە كۆزۈم ئوچۇق كېتىدۇ . ئەمدى مېنى ئۇرمىسىلا ، ھەرقانچە گۇناھ ئۆتكەن بولسىمۇ ، ئۇرمىسىلا . مەن شۇ دەردىمنى دەي ، سىلىگە دېمەي كىمگە دەيمەن ؟ دېمەي دېسەم ، چارەم بولمىدى ، كونىلىق قىلىپ ، قان تېپەر بەردىم ، ئوقۇتتۇم ، بولمىدى . يېقىندىن بۇيان نۇسرەتنى كۆرگەنلا ، ئۇ مەندىنمۇ بەك تۈگىشىپ كەتتى . سىلىدىن ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا رازى بولاي ، كۆزۈم ئوچۇق كەتمىسۇن . مەندە گۇناھ يوق ، باللىنى يېتىم قىلمىسىلا .

— ئىچىمنى ئاغرىتما خوتۇن ، بۇنىڭدىن كېيىن ، ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشكۈدەك ئىش بولسىمۇ ، سېنى ئۇرمايمەن خوتۇن ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزۈمنى ئۇراي ، ئېشەكنى ئۇراي ، ئۇنداق دەۋەرمە ، كۆڭلۈم بەك بۇزۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ .

مۇھەممەتئىمىن سەيدىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ تاشلىدى . باياتىن بېرى ، ياق ، ئۇ ئۆمرىدە تا ھازىرغىچە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ، پەقەت كۆزىدىن ياش چىقارماسلىققا تىرىشىپ كەلگەنىدى . ئاخىر بەرداشلىق بېرەلمىدى .

ئايال تېخىمۇ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى :

— نۇسرەت ، ئىسىت بىچارە قىزىم... بىر تالللا قىزىم دېسەم ، كۆزىگە قارىسام... مانا ئەمدى... ئۇنىڭ بويىدا قاپتۇ .

— نېمە ؟ — مۇھەممەتئىمىن سەيدىن چۆچۈپ ياندۇرۇپ سورىدى .

— قورسىقى يوغىناپ قاپتۇ .

— سەن ئىپلاس ! — مۇھەممەتئىمىن سەيدىن خوتۇنىنىڭ چېچىدىن قامااللاپ تۇتقانچە ، ئورنىدىن چاچراپ تۇردى . خوتۇنى ئاغرىققا چىدىماي ، ۋارقىراپ كەتتى . مۇھەممەتئىمىن سەيدىن مۇشتۇمىنى كۆتۈرۈپ بولۇپ ، توختاپ قالدى . تېخى ھازىرلا دېگەن گېپى يادىدىن چىقمىغانىدى . ئۇ دەرھال خوتۇنىنى ئىتتىرىۋېتىپ ، تاشقىرى ئۆيگە ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتى .

— قېنى سەن نۇسرەت ، قېنى سەن پېشانەمگە ئۇنگەن شۇمبۇيا ؟ مەن سېنى ئۆلتۈرۈپ ئىتقا تاشلاپ بەرمەيدىغان بولسام !

ئۇ چوڭ دادىسىنىڭ يېنىدا تۇگۇلۇپ ئۇخلاۋاتقان باللىرى ئارىسىدىن نۇسرەتنى چېچىدىن سۆرەپ چىقتى . باللار قىيا - چىيا قىلىشىپ يىغلاشتى . ھارۇن بوۋايمۇ ئويغاندى ، بوۋاي ، ئايالى ، باللىرى يىغلاپ يالۋۇرۇپ ئۇنىڭ پۇتىغا ئېسىلدى . ئەمما ئۇنىڭ قۇلىقىغا ھېچنېمە كىرمىدى . ئۇ نۇسرەتنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇرىۋەردى . نۇسرەت دەسلەپ چىرقىراپ يىغلىدى ، بارا - بارا ئۇنىڭ ئۈنى ئۆچۈپ كەتتى . سىرتتا ، يىراق - يېقىندىن چۆچۈشۈپ ئويغانغان ئىتلارنىڭ قاۋىغان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى .

مۇھەممەتئىمىن سەيدىن چاچلىرى چۇۋۇلۇپ ، ھوشىنى بىلمەي قالغان قىزىنى ئۆينىڭ تۇۋرۇكىگە باغلىدى . قولىغا ئېشەك ھەيدەيدىغان قامچىسىنى ئېلىۋېلىپ ، ئۇنىڭ يالىڭاچ پاچىقىغا

www.uyghurkitap.com

ئۇرۇشقا باشلىدى .

— مەن سىنى ياسىن مەدەكنىڭ گۆرىگە كۆمۈۋېتىمەن ، ماڭا ئەمدى بۇ يۇرتنىڭ نىنى هارام .

— ئوبدان دادا ، تاتلىق دادا ، مەن ئۇنداق قىلمىدىم . ئەسكى ئىش قىلمىدىم ، مەن قەسەم قىلىپ بېرەي ، مەن ئەسكى ئىش قىلمىدىم . مەن سىزنىڭ يۈزىڭىزنى تۆكىدىغان ئەسكى ئىشنى قىلغان بولسام ، قاقشالدەك قۇرۇپ ئۆلەي ! گېپىمگە ئىشىنىڭ دادا !

— قورسىقىڭدىكى نىمە ؟··· ۋاي ئىست ، دادا ـ بالىغۇ بىز··· مەن نىمە بولغان ئادەم ؟ ئۇلۇغ خۇدا ، ماڭا يەنە قانداق شەپقەتلىرىڭ بار ؟ كۆرستە خۇدا ! — مۇهەممەتئىمىن سەيدىن بېشىنى چاڭگاللاپ يىغلاپ كەتتى . ئاندىن ئۆزىنى كاچاتلاپ ، ساقاللىرىنى يۇلغىلى تۇردى .

— ئوبدان دادا ، مەن خۇش بولاي ، ئۇنداق قىلماڭ ، مەن گۇناھ قىلمىدىم ، هېچ ئەسكى ئىش قىلمىدىم ، بىلمەيمەن ، ئۆزىچە مۇشۇنداق بولۇپ قالدى .

— داد ، قىز باققانغا داد ! — مۇهەممەتئىمىن سەيدىن بىردىنلا ئەسەبىيلىك بىلەن ۋارقىراپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى .

بوۋاي تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن نۇسرەتنى تۇۋۇرۇكتىن يەشتى . بوۋاي ۋە ئانا ـ بالا قۇچاقلىشىپ يىغلىشىپ كەتتى .

— ئوبدان قىزىم ، راستىڭنى دە دېسە ئۇنىمايسەن ، بۇ زادى نىمە سېهري ئەسنا ؟ ئەسكى ئىش قىلمىدىم دەيسەن ، بۇ زادى نىمە ئىش ؟

— ئوبدان ئانا ، جېنىم ئانا ، مەن هەرگىز ئەسكى ئىش قىلمىدىم . نەچچە قېتىم قەسەم قىلدىم ، قەسىمىمگە ئىشىنىڭ ، مەن هېچ بىلمىدىم .

— بالام ، ئۆلسەڭمۇ راست گەپ قىلە . جېنىم بالام .

— ئوبدان ئانا ، قەسىمىمگە ئىشىنىڭ ، مەن راست گەپ قىلدىم···

بىرقانچە كۈن جىممىدە ئۆتۈپ كەتتى. ھەمشىرىخان كۆڭلىرىنى توختىماي يىغلاش بىلەن ئۆتكۈزدى.
ھارۇن بوۋاي كىچىك نەۋرىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئېشەك بىلەن قوينى ئېلىپ، ئەتىگەندە چىقىپ كېتىدۇ. مۇھەممەتئىمىن سەيدىن ئىشىك ئالدىدىكى دۆڭگە چىقىۋېلىپ، چىلىم تارتىدۇ. ھېچكىم ھېچكىمگە گەپ قىلمايدۇ. نۇسرەت ئۆيدىن تالاغا چىقمىدى. ئۈچ كۈندىن كېيىنكى جۈمە كۈنى ئەتىگەندە، بوۋاي ئاللا - توۋا سېلىپ يىغلاپ، ھەممىنى ئويغاتتى. جىن چىراغ يېقىلدى. نۇسرەت ياتقان يېرىدە سۈرەتتەك قېتىپ قالغان، چىرايلىق لېۋىدىن كۆپۈك ئۆرلەپ قالغان، ئۇنىڭدىن ئاللىقانداق بىر دورىنىڭ سېسىق پۇرىقى كەلدى.
ئانا قىزىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئاتتى، ئۇنىڭ چىرايلىق قارا كۆزلىرى يېرىم ئوچۇق ئىدى. بوۋاي ھەم كۆز يېشى قىلىپ، ھەم دۇرۇت ئوقۇپ، ئۇنىڭ كۆزىنى ئۇۋۇلاپ يۇرۇپ تەستە يۇمدۇردى. مۇھەممەتئىمىن سەيدىن قىزىغا قاراپ ھەيكەلدەك قېتىپ قالدى. ئۇنىڭ لېۋىنىڭ تىترىشىدىنلا تىرىك ئادەم ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتىش مۇمكىن ئىدى.

## 15

نۇسرەتنىڭ جەسىتىنى يۇيۇپ - تاراپ بولغۇچە، ئابدۇرېشىتخان غوجىنىڭ: «ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلمەي، زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالغان ئادەم ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا ئوبدان بولمايدۇ! ئۇنىڭ تاشايىنىدا، ھارام بالا بىلەن ئۆلدى، ئاخىرەتلىكى ئوبدان ئەمەس. ئۇلۇغ جۈمە كۈنىدە نامىزىنى چۈشۈرمەيمەن» دېگەن گېپى مۇھەممەتئىمىن سەيدىننىڭ ئائىلىسىگە يېتىپ كەلدى. مۇھەممەتئىمىن سەيدىن غوجىنىڭ ئالدىغا بارىمەن دەپ، ئەلپازىنى بۇزۇپ قوپۇۋىدى، ئۇرۇق - تۇغقانلار توسۇۋالدى. ھارۇن بوۋاي ھەمشىرىخاننىڭ ئانىسىدىن قالغان تۆت مىسقاللىق تەۋەررۇك

زىرىسىنى قوينىغا سالدى ـ دە ، ئېشىكنى مىنىپ چىقىپ كەتتى ، ئۇزۇنغا قالماي ئۇ قايتىپ كەلدى . نۇسرەتنىڭ نامىزى جۇمە نامىزىدىن كېيىن چۇشۇرۇلۇپ ، يەرلىكىگە قويۇلدى .
مەھەللىدە سۆز ـ چۆچەكلەر كەڭرى تارقالدى . باپكارنىڭ كۆلىنىڭ بويى يەنە جانلىنىپ كەتتى .
— شۇنداق چىرايلىق بالىنىمۇ ئاشۇنداق ساراڭغا بېرىدىكەن خۇدايىم ، ناۋادا ئابدۇرېشىتخان غوجامغا بەرگەن بولسا ، مۇشۇ بالا ـ قازامۇ يوق .
— راست ، زادى غوجامدىن تەقسىرات كەتتى . بۇ بەدنىيەت بىكار تۇرماي غوجام بىلەن ئېيتىشىدۇ ، غوجامنىڭ كەينىدىن پىتنە ـ پاسات تېرىيدۇ ، پەسەندە .
— بالدۇرراق ئەرگە بېرىۋەتكەن بولسا ، ئەلۋەتتە كۆنىنىڭ سېرىقىنى كۆرەتتى . «بويىغا يەتكەن قىز بالىنى ئۆيدە ساقلىما ، بىر تاۋاق سىركىنى بېشىڭغا قۇيۇۋالىسەن» دەيدىغان گەپ بار .
نۇسرەتنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ، ھەمشىرىخاننىڭ ئەس ـ ھوشى جايىدا بولماي قالدى . بىر قېتىم كۆلدىن سۇ ئەكېلىۋېتىپ ، ئۆيىگە كەلدىم دەپ مازارلىققا كىرىپ قالدى . كۆزلىرىدىن تەلۋە ئۇچقۇن چاچراپ تۇرىدۇ . ئوڭ گەپ قىلىۋېتىپ ، گېپى قېيىپ كېتىدۇ ، باللار ئانىسىدىن ياتسىراپ ، قورقۇپ قاچىدىغان بولۇپ قالدى .
ھارۇن بوۋاينىڭ چىرايى تاتىرىپ ، كۈندىن ـ كۈنگە قۇرۇپ كەتتى . قورسىقى يوغىناپ ، يەپ تويمايدىغان بولۇپ كەتتى . قورسىقى كۆپۈپ تۇرىدۇ ، ئەمما يەل يۆرۈشمەيدۇ ، تولغاپ ئاغرىيدۇ .
بۈگۈن بوۋاينىڭ قورسىقى قاتتىق ئاغرىدى . ئۇ ئېسىلىپ كەتكەن قورسىقىنى مۇجۇقلاپ : «ۋايجان ، ۋاي ئاللا ، بۇنداق قىينىغۇچە ، جېنىمنى ئالساڭ بولمامدۇ ؟ » دەپ داد ـ پەرياد ئۇرۇپ يىغلاپ كەتتى . ئۇ سۇپىدا خېلى ئۇزاق يۇمىلاپ تېپىرلىغاندىن كېيىن ، ھالسىزلىنىپ قالدى . چىرايى تاتىرىپ ، پۇت ـ قوللىرىغىچە قانسىزلىنىپ ، ئاجىزلاپ كەتتى . مۇھەممەتئىمىن



www.uyghurkitap.com

سەيدىن ئىشەكنى هارۋىغا قوشۇپ ، هارۇن بوۋاينى يېزا دوختۇرخانىسىغا ئاپاردى . يېزا دوختۇرلىرى ناهىيىگە بۇيرۇدى . ناهىيە دوختۇرخانىسى بوۋاينى خېلى ئۇزاق تەكشۈرگەندىن كېيىن ، ئوپېراتسىيە قىلماقچى بولدى . نىمجان بوۋاي : «مېنى ئۇ ئالەمگە يەتتە ئەزايىم ساق كەتكىلى قويۇڭلار » دەپ تۇردى . مۇھەممەتئىمىن سەيدىن بىردەم ئىككىلەنگەندىن كېيىن ، ئوپېراتسىيە قىلىشقا قوشۇلدى . ئوپېراتسىيە پىچىقى بوۋاينىڭ قورسىقىدىن بىر مۆجىزىنى سۈرەپ چىقتى . پىستانداك يۇمىلاق بىر چەمبىرەك قىزىل سىزىق ، ئاندىن چېقىر دۈگىلەكچە نېپىز بىر قەۋەت قىزىل پەردە ئاستىدىن كۆزلىرى چەكچىيىپ تۇرغان ، ھەممە يېرى قىپقىزىل گۆشلۈك بىر تىرىك پاقا خالتىلىشىپ قالغان قىزىل پەردىلىك بوغۇزىنى لىپىلدىتىپ ، كۆچلۈك يورۇقلۇققا قورقۇنچلۇق قارىماقتا ئىدى . ياشانغان دوختۇرنىڭ كۆزلىرى پاقىنىڭكىدىنمۇ بەك چەكچىيىپ ، قوللىرى دىر ـ دىر تىترەپ كەتتى . مۆجىزە ، ئاجايىپ مۆجىزە ، قورقۇنچلۇق بىر مۆجىزە.... پاقا ئاغزىنى ماكىلدىتىپ ئېچىپ ، تاپ يېگەن ئىتتەك ھاسىرىدى . ئاغزىدىن قىزىل سۇيۇقلۇق قۇيۇلۇپ تۇردى . ئەسۋاب تۇتۇپ تۇرغان سېستىرا قىز قورقۇپ چىرقىرىۋەتتى .

بۇ ئىش ناهىيە ئىچىدە ئەڭ قىزىق ، ھەيران قالارلىق خەۋەرگە ئايلاندى . دوختۇرخانا ئىچى پاقىنى كۆرگۈچىلەر بىلەن قالايمىقانلىشىپ كەتتى . شۇنىڭ بىلەن دوختۇرخانىدىكىلەر بۇ پاقىنى يوغان ئەينەك قاچىغا سېلىپ ، ھەممە خەق كۆرەلەيدىغان يەرگە قويۇپ قويدى . خەقلەر بۇ مۆجىزىنى كۆرۈپ ، ياقىسىنى چىشلىشەتتى . قاچىنىڭ يېنىغا كىچىككىنە تاختىچاق قويۇلۇپ ، ئۇنىڭغا مۇنداق ئىزاھات بېرىلگەنىدى : «ھارۇن ئارىپ ، ئەر ، ئاتمىش ئۈچ ياش ، ئاياغقۇم يېزا ئاياغقۇم كەنتىدىن ، ئۇنىڭ قورسىقىدىن چىققان بۇ پاقىنىڭ ئېغىرلىقى سەككىز يۈز يىگىرمە بىر گرام ، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دەسلەپكى قىياس قىلىشىچە ، بۇ

پاقا بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرى قۇمچاق ۋاقتىدا، بوۋاينىڭ گېلىدىن خام سۆ بىلەن كىرىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن...»

## 16

كەچ كۈز كىرىپ كەلدى. ھاۋا خېلىلا سوۋۇپ كەتتى. ئاياغقۇمنىڭ دەل - دەرەخلىرى ئالتاچان يالىڭاچلانغانىدى. ئېتىزلاردىكى شۇمشىيىپ قالغان سېرىق قوناقلار، پاختىسى ساڭگىلاپ كەتكەن كېۋەز تالالىرى بوز قىرووۋدا نەمدىلىپ كەتتى. تەكلىماكاندىن كېلىۋاتقان كۈز شامىلى چىڭگىلىك پىلەكلىرىنى لەيلىتىپ، يەردىكى غازاڭلارنى ئۇچۇرىدۇ، تېخى قېزىۋېلىنمىغان چامغۇر، كۆك تۇرۇپلارنىڭ يېشىل يوپۇرماقلىرى بوز قىرووۋ ئۇششۇكىدىن يەرگە كۆكسىنى يېقىپ چىڭ چاپلاشقانىدى.

ئۇپۇق قىزىرىش بىلەن تەڭ، دائىملىق ئادەت بويىچە، يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ماڭغۇدەك مادارى بار ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئالدىغا دۇمچەيگەن، بېشىنى تۆۋەن ئەگكەن، قوللىرىنى قوۋۇشتۇرغان ھالدا، قىرووۋدىن نەمدەلگەن توپىلىق چىغىر يوللاردىن كۆلەڭگۈدەك تىمسقىلاپ مېڭىپ، مەسچىتكە ئېقىشقا باشلىدى.

ئاياللار، قىزلار ئۆيلىرىدە تەرەت ئېلىپ ناماز ئوقۇغاندىن كېيىن، دەرھال قاپاقلىرىنى يۇدۇپ، سوغىلىرىنى بالداققا ئېلىپ، ئېشەك، قوي، كالا يېتىلەپ، ئىتلىرىنى ئەگەشتۇرگەن ھالدا، باپكارنىڭ كۆلىگە ئالدىراپ مېڭىشتى. مەھەللە كوچىلىرىدا، سارغايغان قومۇشلۇق ئارىسىدىكى چىغىر يوللاردا، خوتۇنلارنىڭ كېچىكى چۇشلىرى توغرىسىدا ۋاتىلداشقان، چوكانلارنىڭ ئەرلىرىدىن زارلىنىپ، قاقاقلاپ كۈلۈشكەن، كالىنىڭ مۆرىگەن، ئىتلارنىڭ قاۋىغان ئاۋازلىرى يېزىنى جانلاندۇرۇۋېتىدۇ. ھارۇن بوۋاينىڭ قورسىقىدىن چىققان پاقا ھەققىدىكى پاراڭ ئالتاچان كونىراپ كەتتى. ئاياغقۇملۇقلار ئۇنى خۇدانىڭ كارامىتىگە



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

چىقىرىۋەتتى . ئەمما باپكارنىڭ كۆلىدىن سۇ ئالغاندا ، نوگاي بىلەن ئالىدىغان ، سۇ ئىچكەندە ، بۇرۇنقىدەك ئىبغىزلىرىنى كەشتەك ئىچىپ ئىچمەي ، چىشىنىڭ ئارىسىدىن سۈزۈپ ئىچىدىغان بولۇشتى . بۇۋاي ساقايدى ، ئەمما مۇھەممەتئىمىن سەيدىن تۇگىشىپ كەتتى . ئۇ هازىر مەسچىتتىن قالدى . ئادەملەردىن تىخمۇ قاچىدىغان بولدى . پات - پات ، قومۇشلۇق ئارىسىدا ئۇنىڭ ۋارقىرىغان ، تىللىغان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ . مانا ، ئاغىچىخان كالىنى تەستە سۆرىگەن پېتى ، چىغىر يولنىڭ دوقمۇشىدىن قوشۇلغان پەيزىخان بىلەن سالاملىشىپ ، دىگىلى ئالدىراپ ئاران ئۇلگۇرگەن گېپىنى باشلىدى :

— ۋاي پەيزىخان ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى خەق ساراڭ دەۋېرىپ ، ماۋۇ مەمتەك ئەمدى رەسمىي ساراڭ بولغان ئوخشايدۇ ، ئاڭلىدىڭىزما ؟

— ياق ، هە ، قانداق دەيسىز ؟

— كېچىدىن بىر يەرنىڭ تېگىدىن ، بىر ئاسماننىڭ قەھرىدىن كەلگەندەك ، بىر كىمنى توۋلاۋاتقان ئاۋاز كەلدى . بىزنىڭ ئادەم تالاغا چىقىپ كېتىپ ، بىر هازادىن كېيىن : «مەمتەك قۇمنىڭ چوققىسىغا چىقىۋېلىپ ، ‹ۋاي قىزىم نۇسرەت ، نەدىسەن ؟ › دەپ توۋلاپ يۈگۈرۈپ يۈرىدۇ» دەپ كىرىپتۇ . بىر ئۈزۈنىچە ئۈيقۇم كەلمىدى . بۇ يىل كەلگۈلۈك كەلدى ئۇ بىچارىگە . مەنمۇ بەزىدە شۇ نۇسرەتنىڭ هارامدىن بويىدا قالغانلىقىغا گۇمان قىلىمەن . ئۇ ئۇنداق قىلىدىغان قىز ئەمەس ئىدى دېگۈم كېلىدۇ . ئۇنىڭمۇ گېلىدىن قۇمچاق ئۆتۈپ كەتكەن بولسا ، چوڭ دادىسىدەك بولغانمىكىن دەيمەن .

— ئالەم ئەمدى . ئەمما لېكىنزە ، زادى غوجا ئەۋلادى بىلەن ئىبيىتىشمىغان ئۇبدانكەن دەپ قالدىم . مەمتەك بىكار تۇرماي ئابدۇرېشىتخان غوجام بىلەن تىركىشىپ ، سورۇقچىلىق تارتىپ كەتتى . هەمشىرىخان ئاز - ماز سۆزلەيدىغان بولۇپ قالغان ، ئەمدى مەمتەك ئۇنىڭدىن بەتتەر بولدى…

باپكارنىڭ كۆلىنىڭ بويىغا ئاياللار، ئۇلاغلار، ئىتلار يىغىلدى. قېرى سۆگەتنىڭ قۇرۇغان غازاڭلىرى قاغجىرىغان كۆلنىڭ، كۆل ئىچىدىكى كۆلچەكنىڭ ئىچىدە پاتقاق چاپلاشقان ئۇلاغنىڭ، ئىتنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەردىكى تېزەك، سۇيدۇكلىرىگە مىلەنگەن هالدا تۇرىدۇ. كۆلنىڭ ئىچى كالا، ئېشەكلىرىنى تۇتۇپ، ۋاتىلدىشىۋاتقان ئاياللارغا تولدى. قاشتا بولسا، كۆلنىڭ ئىچىگە چۈشۈش نۆۋىتىنى كۈتۈۋاتقانلارنىڭ جاۋىلدىشى ئاڭلىناتتى. جامكا، غازاڭلارنىڭ تېگىدە قالغان مۇزدەك سۇ توختىماي داۋالغۇپ تۇرىدۇ. كۆلنىڭ قاش تەرىپىدە، قىيا - چىيا كۆتۈرۈلدى. ئاياللار، قىزلار يۈزىنى تۇتۇپ، كالا - ئېشەكلىرىنى، سوغا - قاپاقلىرىنى تاشلاپ، تەرەپ - تەرەپكە قاچتى. كۆلنىڭ ئىچىدىكىلەر نېمە بالا بولغاندۇ دەپ بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ، كۆلچەك بويىچە سۇ ئېلىشىۋاتقانلار چۆچۈشۈپ قاراپ بولغۇچە، كۆلنىڭ قىرىدا، قىپيالىڭاچ مۇھەممەتئىمىن سەيدىن پەيدا بولدى. كۆزلىرى تەلۋىلەرچە چەكچەيگەن، قارا ساقاللىرى ئارىسىدىكى كۆكىرىپ كەتكەن كالپۇكلىرى سىڭايان تارتىشىپ، ئاغزىنى مايماق قىلىپ قويغانىدى. كۆل ئىچىدىكىلەرمۇ: «ۋاي ئۆلەي، هايۋان!...» دېيىشىپ، بىر - بىرىگە پۈتلىشىپ، تەرەپ - تەرەپكە قاچتى. قىزلار تېخىمۇ ئالاقزادە بولۇشۇپ كەتتى. بىر قىز قاچىمەن دەپ، تېيىلىپ كۆلچەككە يوتىسىغىچە كىرىپ كەتتى، ئەمما چىرقىرىغىنىچە، ئۆمىلەپ چىقىپ قېچىپ كەتتى. بىردەمدىلا، كۆلنىڭ بويى كالا، ئېشەك، قوي، ئىت بىلەنلا قالدى. هايۋانلار مۇھەممەتئىمىن سەيدىنگە هەيران بولغاندەك قاراشتى. بىر تەخەي ئاستا كېلىپ، مۇھەممەتئىمىن سەيدىنىنىڭ تۈكلۈك بەدىنىنى پۇرىدى. مۇھەممەتئىمىن سەيدىن چەكچەيگىنىچە، كۆلگە قاراپ تۇردى، چاتراقلىرىنى كەرگەن پېتى تۇرىۋەردى. بىر كالا ئاستا كۆلچەككە يېقىنلاپ كېلىپ، پۇشۇلداپ، جامكا ئارىسىدىن سۇنى سۈمۈرۈپ ئىچكىلى تۇردى. بىر سېرىق موزاي ئەگىشىپ كېلىپ، كۆلچەك بويىدا قۇيرۇقىنى سەل كۆتۈرۈپ شىرىلدىتىپ سىيىشكە

باشلىدى . مۇھەممەتئىمىن سەيدىنىڭ قان قۇيغاندەك كۆزلىرى تېخىمۇ چەكچەيدى . «كۆل··· نۇسرەت··· قىزىم···» ئۇ شۇنداق پىچىرلىغانچە ، ئاستا كۆلگە چۈشتى . مۇزدەك سۇ ئۇنىڭ مېڭىسىگە تەپتى . كۆكەرگەن كالپۇكى تىترەپ كەتتى . يۇمشاق لۆجىلەر ئۇنىڭ پاچاقلىرىغا يۆگەشتى . كۆلچەكنىڭ سۈيى ئۇنىڭ تىزىدىن سەل ئاشتى . بىر قانچە چوڭ ياشلىق ئايال كۆل بويىدا پەيدا بولدى . مۇھەممەتئىمىن سەيدىن سۇغا كىرىشىگىلا ، ئۇلار چۇرقىرىشىپ كەتتى :

— ۋاي جېنىم ، ۋاي ماۋۇ ساراڭ بۇلغىدى سۇنى ، بۇلغىدى !

— قانداق قىلارمىز ئەمدى ، نېمىنى ئىچىمىز ؟

— چىقە مەينەت ، سۇدىن !

كۆل بويىغا بىرقانچە ئاياللار ئولاشتى . ئۇلارنىڭ ھەممىسى چۇرقىراشقىنىچە ، سەت گەپلەر بىلەن تىللاشقىلى تۇردى . ئۇلار ئەمدى ھەممىنى ئۇنتۇغانىدى .

— ھۇ ، سا مېڭىسىنى يېگەن ساراڭ ، چىقە كۆلدىن !

— ۋاي ئۇلۇم تەگكور توخرۇلۇق ، سۇنى بۇلغىدىڭ ، ئەمدى نېمە ئىچىمىز ، ھايۋان ؟

مۇھەممەتئىمىن سەيدىن ئاياللارغا بىردەم ھاڭقايغان پېتى قاراپ تۇردى . ئاندىن كۆلگە قاراپ شارقىرىتىپ قويىۋەتتى . جىرغىپ چىققان سۈيدۈك سۇدا كوركىراپ ، كەڭرى بىر دائىرىدە گۆللۈك بۇجغۇن پەيدا قىلدى ، ئاياللار تېخىمۇ قىيا - چىيا قىلىشىپ چۇرقىراشتى :

— ۋاي توخۇ پوقى مەرەز ، ۋاي ئىپلاس !

مۇھەممەتئىمىن تېپىرلاپ چۇرقىرىشۋاتقان ئاياللارغا بىردەم چەكچىيىپ قارىغاندىن كېيىن ، ئەسەبىيلەرچە قاقاقلاپ كۈلدى :

— ھا··· ھا··· ھا··· ئىچىڭلار··· ئىچىڭلار···

— ھا··· ھا··· ھا··· ھەممىڭلار ئىچىڭلار···

ئاياللار تېخىمۇ غەزەپلىنىپ ۋارقىراشتى :

— ۋايجان ، قاراڭلار ماۋۇ ھايۋان··· ئادەم ئەمەس

هايۋانني !...

ئاياللار غەزەپ بىلەن مۇھەممەتئىمىن سەيدىنىگە چالما ئاتقىلى تۇردى . چالمىلار مۇھەممەتئىمىن سەيدىنىنىڭ باش- كۆزىگە ياغقىلى تۇردى . ھەربىر چالما ئۇنىڭ بەدىنىگە تەگسە ، دەرھال ئۇۋۇلۇپ توزۇپ كەتتى . ئۇ تېخىچە قاقاقلاپ كۈلمەكتە ئىدى . كۆل بويىدا ، كالتەك كۆتۈرگەن بىر قانچە ئەركەك پەيدا بولدى . ئۇلار مۇھەممەتئىمىن سەيدىنىنى ئۇرغان پېتى كۆلدىن سۆرەپ چىقتى . خەق كۆلدىن يەتتە چېلەك سۇنى ئېلىپ تۆكۈۋەتكەندىن كېيىن : «كۆلدە شەك يوق» دېيىشىپ ، سۇنى يەنىلا بۇرۇنقىدەك ھالاللاپ ئىچىشنى داۋام ئەتكۈزدى .



# قىيامەتتە قالغان سەھرا

كىملەرنىڭ ئەزىزلىرى
كىملەرگە خار بولماپتۇ!...
— خەلق

## بىرىنچى باب

### 1

كىشىلەر، بىر كۈن باشلىنىپ ئاخىرلاشسا، قۇياش مەشرىقتىن كۆتۈرۈلۈپ، كۆككە يەتكەندە تولىدۇ، ئاخىرى پەسلەپ مەغرىبكە ئولتۇرۇش ئالدىدا، ئەتىگەن كۆتۈرۈلگەن چېغىدىكىدەك يەنە شەپەق نۇرىنى زېمىنگە، شەھەرگە، سەھراغا، دەشتلەرگە، باغۇ بوستانلارغا تارىتىدۇ ـ دە، ئاندىن تۈن باشلىنىدۇ دەپ ھېسابلىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئىنساننىڭ ئۆمرىمۇ ئاشۇ قىسقا بىر كۈنگە ئوخشىشىدۇ. ھاياتمۇ ئاشۇ قۇياشتەك، ئۆز تېگىدا خۇشال پەيدا بولۇپ، زېمىنگە، زېمىننىڭ سەھراسىغا، شەھىرىگە نۇر چاچىدۇ. ئاخىرى، يەنىلا ھاياتقا تويماي، كەچكى قۇياشتەك ئالەم بىلەن قايغۇ ئىچىدە خوشلىشىپ، قاراڭغۇ گۆرگە كىرىپ كېتىدۇ. بۇنى بەزىلەر بەلكى ئويلايدىغاندۇ، ئەمما كۆپ كىشىلەر ئويلىمىسا كېرەك. ھايات بەزىدە، ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن قۇياشنىڭ قارا بۇلۇت

ئارىسىدا قېلىپ ، ئۆزى ئارزۇلاپ چىققان زېمىننى كۆرەلمىگىنىگە ، زېمىنىگە جامالىنى كۆرسىتىش ئىستىكىگە يېتەلمىگەنلىكىگە ئۇخشىشىپمۇ قالىدۇ . بۇ هايات ئاشۇ قارا بۇلۇتلار ئىچىدە — زۇلمەت ئىچىدە ئۆتىدۇ ، هاياتنىڭ يورۇقلۇق چاغلىرىدىن ئۇمىدى ئۈزۈلىدۇ ، ئەمما كۈن سەل كۆككە ئۆرلىگەندىن كېيىن بولسا ، قارا بۇلۇتلار يىمىرىلىپ ، ئۇ ئۆزى زېمىنگە كۈن بولۇپ كۆرۈنۈپ ، شۇ بىر كۈننىڭ قالغان قىسمىنى يورۇقلۇق ئىچىدە ئاخىرلاشتۇرىدۇ .

هايات قۇياشى زەڭگەر ، ئاقۇچ مەشرىق ئۇپۇقىدىن زېمىننىڭ زوقى كەلگۈدەك قىزىل قان رەڭدە ، ئالتۇندەك گۈزەل ئوماقنىڭ تولغان يۈزىدەك كۆتۈرۈلۈپ ، پۈتكۈل هاياتنىڭ زۇمرەت ئاسمىنىدا ، هەممىنىڭ كۆزىنى چاقنىتىپ ، بېشىنى قايدۇرۇپ ، پېشانىسىنى كۆيدۈرۈپ ، يۈرىكىنى قىزىتىپ ئۆتۈپ ، مەغرىبكە يەنە ئاشۇنداق ساياهەتلىك باش قويىدۇ . مانا بۇ جاهاندىكى ئەڭ بەختلىك ئىنسانلارنىڭ هاياتىغا ئوخشىشىدۇ ، تەقدىرىمىزنىڭ خوجايىنلىرىنىڭ خوشال - خۇرام هاياتىغا ئوخشىشىدۇ . ئۇلار نېمىگە خوشال ؟ نېمىگە بەختىيار ؟ ئۇلار ئەركىن... هاياتنىڭ قۇلى ئەمەس ، بەلكى خوجايىنلىرى بولۇپ ئۆتتى . قىلىمەن دېگەننى قىلالىدى ، ئارمىنى نېمە بولسا ، شۇنىڭغا يەتتى ، بۇ قۇياشقا قارا بۇلۇتلار ، قارا بورانلار توسالغۇ كۆرسىتەلمىدى ، هاياتنىڭ لەززىتىنى ئېلىپ تۇغۇلۇپ ، هاياتنىڭ لەززىتى بىلەن كەتتى . ئۇلار زېمىنگە سەلتەنەت بىلەن كەلدى ، سەلتەنەت بىلەن ياشىدى ، يەنە سەلتەنەت بىلەن كەتتى . هايات قۇياشى بەزى كۈنلىرى بەختسىز قارا قۇللارنىڭ تەقدىرىدەكمۇ ئۆتىدۇ ، قۇياش مەشرىقتىن قارا بۇلۇتلار ۋە قارا تۇمان ئىچىدە تۇغۇلۇپ ، پۈتۈن بىر كۈن زېمىنگە ئۆزىنى كۆرسىتەلمەي ، زېمىنمۇ ئۇنى كۆرەلمەي كەچ بولىدۇ . مۇنداق كۈنلىرى ، كىشىلەر كۈن چىقمىدىمىكىن دېسە ، زېمىندە غىل - پال يورۇق بولىدۇ ، كۈندۈزىدەك كۆرۈنىدۇ ، چىقتىمىكىن دېسە ، كۆككە قانچە زەن سېلىپ قارىسىمۇ ، كۈننى كۆرەلمەيدۇ .

بـەزىدە ، ھە ، كۈن بار ئىـكەن دېـسۈن دېگەنـدەك ، كۈن قارا بۇلۇتـنىـڭ نېپىز يېرىـدىن غىل - پال كۆرۈنۈپ قويۇپ يوقىلىدۇ . بـۇ كـۈن مـانا مۇشۇنداق ئاخىرلىشىدۇ . كۈن بۇنداق چىققۇچە چىقمىسا ، مۇنداق تاڭلار ئاتقۇچە ئاتمىسا ، بۇنداق كۈندۈز بولغۇچە بولمىسا بولمامدۇ ؟ ياق ، بۇ بىچارە كۈن يەنىلا زېمىندە ياشاشنى خالايدۇ . ئۇ ئۈمىد بىلەن ، مەشرىقتە دۇنياغا كۆز ئاچىدۇ ، كۆز ئېـچـىـشـىـغـىلا قويۇق قارا بۇلۇتلار ئارىسىغا كىرىپ قالىدۇ . دەسلەپتە ، قايغۇرىدۇ . ئىڭەلەپ يىغلايدۇ ، تېپىچەكلەيدۇ ، ئەمما ئۇ شۇئان زاكىلىنىدۇ . ئاغزىغا بەزىدە ئانىسىنىڭ ئەمچىكى سېلىنسا ، بەزىدە قۇرۇق ئېمىزگە سېلىپ پەپىلىنىدۇ . ئانىنىڭ ئەمچىكىدىن كۆرە ، قۇرۇق ئېمىزگە شۈمۈپ ياتىدىغان ۋاقىتلىرى كۆپ بولىدۇ . قۇياش قويۇق بۇلۇت ھېلى تارار ، زەڭگەر ئۇپۇقنىڭ جامالىنى ھېلى كـۆرەرمـەن ، سـەل تـۇرۇپ كـۆرەرمـەن ، ھـەرقـانـچە بولسىمۇ كۆرەرمەن ، دېگەن ئۈمىدتە ياشايدۇ ، كۈتىدۇ . ئۇ شۇنداق كۈتۈپ ، بـىـر كۈننىڭ — يەنى ، ئۆز ھاياتىنىڭ ئاخىرلىشىپ قالغىنىنى بىلمەي ، مەغرىبنىڭ قارا كۆلەڭگىسى ، ياق ، قارا گۆرنىڭ ئاغزى كۆرۈنگەندىلا ، ئاندىن پۈتمەس - تۈگىمەس دەرد - ھەسرەت ، ئارمان ئـىـچـىـدە ، شـۇ كـۆرۈنگەن گۆرگە كىرىپ كېتىدۇ . ئىنسانلار مۇشۇنداق ، دۇنياغا بىرلا كۆز ئاچقان ئاشۇ كۈنگە ئوخشاش ، ئاشۇ بىر كۈنلۈك ھاياتقا تويماي ، ئارماندا كېتىدۇ . جەبىر - زۇلۇم ، قارا كۈن ئىچىدە ياشىغانلارغۇ ئەلۋەتتە شۇنداق ، ھاياتىدىن مەمنۇن ئۆتكەنلەرمۇ يەنىلا ھاياتقا تويماي ، ئارماندا كېتىدۇ . ئادەملەر بۇ ئالەمنى «جەننەت بىلەن دوزاخ ئارىسىدىكى تۆت كۈنلۈك ئالەم» دېيىشىدۇ . بۇ قانداقچە تۆت كۈنلۈك ئالەم بولسۇن ! ئەي ، ھاماقەت ئىـنسانلار ! ساڭا ھېچكىم تۆت كۈنلۈك ئالەمدە ياشا ، دېمىدى ، پەقەت بىر كۈنلۈك ئالەمدە ياشاشقىلا ئىمتىياز بەردى ، ھاياتىڭ بىر كـۈنگە ئوخشىشىدۇ ، بىلگىن . بۇ كۈنۈڭ نەدىمۇ جەننەت بىلەن دوزاخ ئارىلىقىدا بولسۇن ؟ ئەجەبا ، سەن جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ ئـاشـۇ بـىـر كـۈنـنـىـڭ ئىچىدە ئىكەنلىكىنى بىلمىسەڭ - ھە !

www.uyghurkitap.com

بىلمىدىڭمۇ؟ كۆرمىدىڭمۇ؟ كۆرمىگەن بولساڭ كۆرۈۋال، بىلمىگەن بولساڭ بىلىۋال! سەن ياشاۋاتقان ھاياتنىڭ ئۆزى – جەننەت بىلەن دوزاخ. قارا! ئۇ — كۈن بويى راھەت – پاراغەت، ئەيش – ئىشرەت ئىچىدە ياشايدىغانلار، قولىنى قەيەرگە سوزسا شۇ يەرگە يېتىدىغان، ئوبدان تاماق يەيدىغان، ياخشى كىيىم كىيىدىغان، سۇدا ئۈزگىلى پاراخوتلىرى، ئاسماندا ئۇچقىلى ئايروپىلانلىرى، باشقىلارنى بوزەك قىلغىلى ھىيلە – نەيرەڭگە باي پولات مۇشتلىرى، ئۇچىسىنى تۇتقىلى خوتۇن – قىزلىرى بولغان، ئالەمنى كەزسە، ئالەم كېمىلىرى بولغان، نېمىنى خالىسا شۇنى قىلىپ ياشاۋاتقانلار — جەننەتتىكىلەر ئەمەسمۇ؟ سەن دەۋاتقان جەننەتتىكى راھەت – پاراغەت شۇ ئەمەسمۇ؟ ئەمدى دوزاختىكىلەرچۇ؟ ئاشۇ جەننەتتىكىلەرنىڭ ئايىغى ئاستىدا مىجىقى چىقىپ، پاسكىنا سۇدىكى قۇرتتەك ئۆمىلەپ يۈرگەنلەر، جەننەتتىكىلەرنىڭ مېشىمدە كۆمۈر بولۇپ كۆيۈۋاتقانلار، ئۆز ئانىسىغا، ئۆز بالىسىغا، مەسۇم قىزلىرىغا، سىڭلىسىغا، ئوماق خوتۇنلىرىغا، ھەتتا ئۆز تېنىگە ئىگە بولالماي، بارى – يوقىنىڭ ھەممىسىنى جەننەتتە ياشاۋاتقانلارغا قۇربان قىلىپ بېرىۋاتقان بەختى قارا مەھكۇملار ئەمەسمۇ! ۋاي ھاماقەتلەر، سەن تارتىدىغان دوزاخ ئازابى بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بولارمۇ؟ يەنە نېمە دېيىشىۋاتىسەن؟ بولدى ئەمدى بىلجىرلاشما! «تەڭرى ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيالىقىنى بەرگەن، بىزنىڭ ئۇ دۇنيالىقىمىزنى بەرگەن. ئۇلارغا چىراي نۇرىنى، بىزگە بولسا ئىمانىنى» دېيىشىسەن… ئەي، يېلىكى يىگىلەپ قالغان خام قاپاقلار! دۇنيادا سىلەردىنمۇ ئارتۇق ھاماقەتلەرمۇ بارمىدۇ؟ ئەي ئىنسان، سەن جەننەتنى قاراڭغۇ گۆرنىڭ ئىچىدىن تاپامسەن؟ قارىغاندا، مەن قاپاقباش ئوخشايمەن. توغرا، سىلەرنىڭ جەننىتىڭلار ئاشۇ گۆردە ئەمەسمۇ! گۆردە گەدىنىڭلارغا دەسسەپ تۇرغان تۆمۈر تاپاندىن، گەجگەڭلاردىن نىختاپ تۇرغان تۆمۈر مۇشتتىن قۇتۇلۇپ، پۇت – قولۇڭلارنى ئۇزۇن سۇنۇپ، بەخىرامان ياتىسىلەر ئەمەسمۇ؟ جىنىڭلار تېنىڭلاردىن ئاجرىغاندىن كېيىن،

ئەلۋەتتە گۆرگە كىرىسىلەر، ئۇ گۆر سىلەرنىڭ. ئۇنى بىر كىم تارتىۋالالمايدۇ، ئۇ گۆر بىر پۈتۈن ئۆزۈڭلارغا تەۋە. ئۇ يەردە تېنىڭلار ئارام تاپىدۇ، جېنىڭلار بار ۋاقىتىدا، پۇت - قولۇڭلارنى ئۇنچىلىك سوزۇپ ياتالمايسىلەر - دە! بۇ كىچىككىنە گۆر، ئۆرە تۇرساڭلار بېشىڭلار تاقىشىدىغان، يانغا ئۆرۈلسەڭلار سۆڭگۈچۈڭلار ئۇرۇلىدىغان يەر بولسىمۇ، ئەمما ئۆزۈڭلارنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ… كەچۈرۈڭلار، مەن سىلەرنىڭ جەننىتىڭلارغا ھاقارەت كەلتۈرۈپ قويدۇم، سىلەرگە يۈز كېلەلمەيمەن ھەم سىلەر ياشاۋاتقان، ياشىماقچى بولغان جەننەتتە ياشاشنى خالىمىغان بولغىنىم ئۈچۈن، جېنىم تېنىمدىكى چاغدا، مەن مۇشۇ جەننەتنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرمەكچى بولغىنىم ئۈچۈن، ئىرقىمىز، قېنىمىز، دىنىمىز بىر بولسىمۇ، تۇتقان يولىمىز، كىرمەكچى بولغان جەننىتىمىز باشقا - باشقا بولۇپ چىقىۋاتىدۇ. خەير، خۇداغا ئامانەت. قىيامەت كۈنى مەھشەرگاھتا، خۇدا قازى، جانابىي رۇسۇلۇللانىڭ ئالدىدا، پانىي دۇنيانىڭ دوزاخ ھەم جەننەتلىرى توغرىسىدا، پۈتكۈل جاھاندىكى جانلىق ھەم جانسىز مەۋجۇداتلار توغرىسىدا سۆزلەيمەن، ھەقنى — ئۆزۈم كۆرگەن، بېشىمدىن ئۆتكەنلىرىنى قويماي سۆزلەيمەن…

## 2

مەن چۈشۈمدىن ئويغىنىپ كەتتىم، قارىسام، تاڭ ئېتىپ قاپتۇ. بەرھەق، ئادەم نېمىنى ئويلىسا، شۇنى چۈشەيدىغان گەپ. مەن دائىم جەننەت، دوزاخ، قىيامەت قايىم بولغان چاغ، ھەقىقەت بىلەن ئادالەتسىزلىكنىڭ سوراق - سوئالى بولىدىغان مەھشەرگاھنى ئويلىغىنىم ئۈچۈن، دائىم قىيامەت قايىم بولۇپ، ئاسمان - زېمىننىڭ نالە - پەرياد قىلغانلىقىنى، يۇلتۇزلار ۋە كۈن، ئاينىڭ پارە - پارە بولغان ۋاقتىنى چۈشەيمەن. ئۆزۈم سەھرادا تۇغۇلۇپ ئۆسكىنىم ئۈچۈن، قىيامەت كۈنى، ئاشۇ سەھرادا يۈرۈپ، مەھشەرگاھ، قىيامەت ئاشۇ سەھرادا بولۇۋېتىپ چۈشەيمەن. مەن

كىچىكىمدە دوزاخ ئازابىدىن ئۆلگۈدەك قورقاتتىم ، گۇناھكار دوزاخقا كىرىدىغان بولغىنى ئۈچۈن ، ماڭا يەرگە قاتتىقراق دەسسەپ سالسىمۇ گۇناھ بولىدۇ ، دېيىشكەنىدى ، شۇڭا ، يەرگە قاتتىقراق دەسسەشتىنمۇ ئېھتىيات قىلىپ ، يولدا ماڭسام ، خۇددى پىلىسىراتتا ماڭغاندەك ، شۇنچە ئاۋايلاپ ، شۇنچە پەملەپ ، ئاستا دەسسىدىم. بۇنداق ماڭسام ، قازان بېشىدىن سۇپا ئالدىغا چۈشكۈچە ، ئاران باردىكەنمەن ، ئۇھ ، بۇ ئىشتىن خويمۇ زېرىكتىم ، بىراق ، دوزاختىن قورققاندىن كېيىن نېمە ئامال؟ بىر كۈنى كېتىپ بارسام ، بىرقانچە ئادەم ئۆي سالىمىز دەپ ، ئۆينىڭ ئۇلىغا يەرنى تىترىتىپ گۈپۈلدىتىپ قاڭ ئۇرغىلى تۇرۇپتۇ . مەن : «دوزاختىن قورقمامسىلەر؟» دېسەم ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قاقاقلىشىپ كۈلۈشۈپ كېتىشتى : تەرلەپ قارا تەرگە چۆمگەن بىرى تەرلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ : «ئەي بالا ، بالا ــ دە ، سەن ، كۆرمەيۋاتامسەن ، ھەم گۇناھ قىلىۋاتىمىز ، ھەم دوزاخ ئازابى تارتىۋاتىمىز ، دوزاخ ھەرقانچە بولسا مۇشۇنداق بولار!» دېدى . ئاغزىمنى ئېچىۋالدىم . ھەم ، ماۋۇ ئاغزى بالانى كۆرۈڭ! شۇنچىۋالا گەپنى ئاغزىدىن چىقىرىۋاتقىنىنى... دوزاخ دېگەن خۇدانىڭ دەرگاھىدا تۇرسا! ۋۇي راست ، خۇدانىڭ دەرگاھى قەيەردىدۇ؟ ئاسماندىمۇ ياكى زېمىندىمۇ؟ بۇ سوئالنى ئويلاپ ، ھېچ يەردىن تاپالمىدىم . ماقۇل ، ئاسماندىمۇ دەيلى ، ئەمىسە ، ئادەملەر ئۆلسە ئاسمانغا ئاچىقىپ دەپنە قىلماي ، يەرگە دەپنە قىلىدىغۇ؟ جەننەت بىلەن دوزاخ چوقۇم زېمىندە بولىدىغان ئوخشايدۇ . بۇ سوئالىمغا چوڭ ئاناممۇ جاۋاب بېرەلمىدى ، بېرەلمىدىلا ئەمەس ، قورقۇپ چەكچەيگىنىچە ياقىسىنى تۇتۇپ قالدى . ئۇنىڭ جېنى چىقىپ كەتمىگىدى دەپ قورقۇپ ، مېنىڭ جېنىم چىقىپ كەتكىلى تاسلا قالدى . شۇنىڭدىن كېيىن ، بۇ سوئالنى ھېچكىمدىن سورىمىدىم ، سورىسامىمۇ جاۋاب بېرەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ قالدىم . بارا ــ بارا... جەننەت بىلەن دوزاخنى بىز ياشاۋاتقان ھايات شۇ ئىكەن ، دېگەن تونۇشقا كەلدىم . مانا ئەمدى قېرىپ ئۆلەر ۋاقتىم يەتتى . بۈگۈن ئۆلەمەنمۇ ، ئەتىمۇ؟

ھازىر ئۆلمەنمۇ، ھېلىمۇ؟ مەن بىلمەيمەن، پەقەت خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. ئۆلىدىغان ۋاقتىم يېقىنلاشقانسېرى، جەننەت بىلەن دوزاخ توغرىسىدا كۆپ ئويلايدىغان، ئويلىغانسېرى كۆپ چۈشەيدىغان بولۇپ قالدىم. ئەمدى ئۆلىدىغان ۋاقتىمدا، ئىككىلىنىپ قېلىۋاتىمەن. مەن ئۆلگەندىن كېيىن، يەنە كۆرىدىغان جەننەت بىلەن دوزاخمۇ بارمىدۇ؟ مەن ئاخىرى مۇنداق جىددىي قارارغا كەلدىم. مەن پۈتۈن ئۆمرۈم بويى كۆرگەن جەننەت بىلەن دوزاخنى ھازىر ئەسلەپ ئولتۇرۇپ خاتىرىلىۋالاي. ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنلىرى چۈشۈمگە كىرىۋاتقاندىكىن، مۇتلەق تولۇق دېگىلى بولمىسىمۇ، خېلى تولۇق خاتىرىلىۋالغىلى بولىدىكەن. ئۇ دۇنياغا بارغاندا، راستتىنلا جەننەت بىلەن دوزاخ بولۇپ قالسا، ئىككى ئالەمدىكى جەننەت، دوزاخلارنى سېلىشتۇرۇپ، پەرقىنى تاپاي… تولۇق سېلىشتۇرالمايدىغانلىقىم ئۈچۈن ئەپسۇسلىنىمەن. چۈنكى، مەن جەننەتنىڭ راھىتىدىن كۆرە، دوزاخنىڭ ئازابىنى كۆپ تارتتىم. ئۇ دۇنيادا چوقۇم ياكى جەننەتكە، ياكى دوزاخقا كىرىپ قېلىشىم مۇمكىن، ئەگەر ھەر ئىككىسىگە كىرىپ قالسام مەيلى، ئۇ چاغدا ھەممىنى بىلىۋالىمەن، پەرقىنى تېپىۋالىمەن. ھازىر دۇنيادا، ئىلىم ـ پەن ساھەسىدىكى ئادەم بىلىپ بولمايدىغان تەتقىقات تۈرلىرى كۆپىيىپ كەتتى، ئەمما ھېچقانداق ئالىم، كەشپىياتچى جەننەت بىلەن دوزاخنى تەتقىق قىلمىدى ياكى قىلسىمۇ بىر باشقا ئېلىپ چىقالمىدى. بۇ ئىش ماڭا نېسىپ بولۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس… ئۆمۈر بويى ئېلىشىپ، ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان بولماي، بىر باشقا ئېلىپ چىقالمىغان ئىلىم ـ پەننىڭ چوققىسىغا چىقىش ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئېشىپ، دۇنيادىكى ئەڭ كاتتا ئالىملارنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالسام، ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىدىن دۇنيانىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىغا ئېرىشكەن بىرمۇ ئالىم يوق، شۇڭا، بۇ مىللەت ئىنسانلار ئۇنتۇپ كېتەي دەپ قالغان قەدىمىي مىللەت بولۇپ قالدى، دېگەن قالپاقنى ئىرغىتىپ تاشلىيالىسام ئەجەپ ئەمەس… ئەمدى خاتىرىلەشنى باشلىسام

www.uyghurkitap.com

بولغۇدەك . بەزىدە بۇ خاتىرىلىرىمنى ئەسلىمىلەردىن يۇلۇپ چىقسام ، بەزىدە چۇشۇمدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ ، چاچراپ قوپۇپ خاتىرىلىۋالاي ، بولمىسا ، ئۆلىدىغان ۋاقتىمچە تېز تۈتۈش قىلمىسام ، بۇ جەننەت بىلەن دوزاخ دېگەن نەرسىلەرنىڭ سىرى مەڭگۈ ئېچىلماس تىلسىم بولۇپ ، ئىنسانلارغا تەھدىت بولۇپ تۇرىۋەرمسۇن يەنە !...

## 3

... خىيال .

يىراق سەھرانىڭ قارا قىشتىكى گۇگۇم ۋاقتى . يالىڭاچلانغان دەرەخلەر زېمىنغا ئېتىلىپ كېلىۋاتقان قاراڭغۇلۇقتا ، مازارلىقنىڭ تۇغ - شادىلىرىدەك سۇرلۇك كۆرۈنۈپ ، گۆرىستان جىمجىتلىقىغا چۆمگەن ، دوختۇرخانىنى بولسا ھەقىقىي گۆرىستانلىققا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى . چۈنكى ، يېقىندىن بۇيان پارتلىغان تەرەپبازلىق ھەرىكىتى ئاخىرى خەلق بىلەن بىر - بىرىنى يىقىتىدىغان توپىلاڭغا ئايلانغان بولۇپ ، يىراقتىن قارىسا ، ئىككى دەريانىڭ قايچىسىدا ، خۇددى دېڭىز - ئوكيانلاردىكى قەدىمىي دېڭىزچىلارنىڭ دېڭىز بورىنىغا دۈچ كەلگەندە پاناھلىنىدىغان كىچىك ئارىلىدەك كۆرۈنىدىغان كىچىككىنە ناھىيە ياغاچ تىقىپ كوچىلىۋەتكەن ھەرە ئۇۋىسىغا ئوخشىشىپ قالغانىدى . ئادەملەر بىر - بىرىنى كۆرسىلا ، زەھەرلىك نەشتىرىنى سانجىيدىغان بولۇپ قالغانىدى . مانا شۇ سەۋەبتىن ، سەل كەچ بولۇپ بولغۇچە ، تەرەپ - تەرەپتىن «پاڭ - پۇڭ» قىلىپ مىلتىق ئاۋازى ئاڭلىنىپ ، ھېچكىم سىرتقا چىقىشقا پېتىنالماي ، ئىشىكلىرىنى چىڭ تاقىشىپ ئولتۇرۇشىدۇ . مانا بۇ بىز كېپىنى قىلىۋاتقان دوختۇرخانىمۇ شۇنداق . شۇ تاپتا ، ئۇنىڭدا داۋالىنىدىغان كېسەلمۇ يوق ، دوختۇرلىرىنىڭ بەزىلىرى تەنقىد - كۆرەش سەھنىسىدە تازا كۆرەش قىلىنىپ ، ئەبجىقى چىقىرىلغان ، بېشىدىكى ئۆزۈن قالپاقنىمۇ ئالماستىن ، تۇرمىگە ،

بەزىلىرى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا سەپەر قىلغان ، بەزىلىرى بۇ ئالەمدىن تويۇپ ، ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلغان ، بەزىلىرى يىراق يۇرتلارغا ، بەزىلىرى تەكلىماكان توغراقلىقىغا قېچىپ بېرىپ ، جېنىنى قوغدىغان ، بەزىلىرى ئاچچىقىغا پايلىيالماي ، توپىلاڭچى تەرەپنىڭ قايسىسى قىستاپ ئۆز تەرىپىگە بولۇشۇشقا زورلىسا ، شۇ تەرەپكە ئۆتۈپ ، قولىغا قورال ئېلىپ ، جەڭچىگە ئايلىنىپ كەتكەنىدى . دوختۇرخانىدا بولسا ، كېسەلمەن ، قېرى ئايال دوختۇرلاردىن پەقەت بىرنەچچىسىلا قالغان بولۇپ ، ئۇلار كۈن بويى دەككە ـ دۈككە ئىچىدە ، ئۆيدىن چىقماي ، قوماچ قورۇغاندەك ئېتىلىۋاتقان ئوقلارنىڭ ھېلى قايسىبىرى كېلىپ جېنىمىزنى ئالاركىن دەپ ، سۇبھاناللانى مىڭ قېتىملاپ ئوقۇپ ، ئۆي ئىچىدە كولىۋالغان مۇداپىئە لەخمىلىرىدە ئولتۇرۇشاتتى . سىرتتا بولسا ، دوختۇرخانا پاراس ـ پۇرۇس قىلىپ ئېتىلغان ئوقلار ۋە ئاللا ـ توۋا ساداسى ئىچىدە ، ھېلى بىر تەرەپنىڭ قولىغا ئۆتسە ، ھېلى يەنە بىر تەرەپنىڭ قولىغا ئۆتەتتى . مانا بۈگۈن چۈشتىكى يېرىم سائەتلىك جەڭدە ، ئىككى تەرەپنىڭ بىرقانچە پىداكارى «سەنشىڭ» ئۈچۈن ، «سەنسۇ» ئۈچۈن دەپ شوئار توۋلاپ جان بەردى... بۈگۈنكى جەڭدە ، دوختۇرخانىنى سەنسۇچىلار سەنشىڭچىلارنىڭ قولىدىن تارتىۋالدى . غەلىبە قىلغان تەرەپنىڭ ئادەملىرى بىر ـ بىرىنى قۇچاقلاپ تەبرىكلەشسە ، مەغلۇپ بولغان تەرەپنىڭ ئادەملىرى بارمىقىنى چىشلەپ ، چېكىنىپ چىقىپ كەتتى... ئارىدىن يەنە ھەپتە ئۆتتى...

ئاسماننى قاپقارا بۇلۇت قاپلاپ ، زېمىننى زۇلمەت ئۆز قوينىغا ئالدى . دوختۇرخانىنىڭ يوغان ياغاچ دەرۋازىسىنىڭ بالا ئىشكىنى بىرى ئاستا ئېچىۋەتتى . بىرقانچە ئادەم تىمىسقىلاپ دەرۋازا ئىچىگە غىپپىلا قىلىپ كىرىپ كەتتى . ئۇلار تۈيدۇرماي بېرىپ ، بىرقانچە ھاڭۋاقتى قاراۋۇلنىڭ بېشىغا تاغار كىيدۈرۈپ ، موكىلا باسقاندىن كېيىن ، ھەمساتتا شىرىن ئۇيقۇدا ياتقان ئۈچ ياتاقتىكى پىداكارلارنى قىپيالىڭاچ ھالدا يوتقاندا ياتقان پېتى ئەسىر ئالدى . ئوتتۇرا بوي ،

دىقماق كەلگەن بىرى ئىككى ئادەمنى باشلاپ، باشقا ئۆيلەردىن خېلى ئالاھىدە پەرقلىنىدىغان بىر ئۆيگە مايمۇنىنىڭ چاققانلىقىدا باردى - دە ، گۈپپۈلدىتىپ ئىشىكنى ئۇردى . ئىشىك ئىچىدىن ھىم ئېتىلگەنىدى ، بىرى دېرىزىگە باردى ، دېرىزىمۇ پولات چىۋىق بىلەن توراقلىق چىقتى ، مىلتىق پاينىكى بىلەن ئىككىنى ئۇرۇش بىلەن ، ئىشىك پاچاقلىنىپ ، ئوتتۇرىدىكى ئىككى تال شال سۇنۇپ ، ئادەم پاتقۇدەك كامار ئېچىلدى . بىر ياش يىگىت كىرمەكچى بولۇۋىدى ، ھېلىقى ئوتتۇرا بوي كىشى ئۇنى مەيدىسىدىن بىر ئىتتىرىپلا يانغا ئۆتكۈزۈۋەتتى . شۇئان ، «پاڭ ـ پۇڭ» قىلىپ ئىككى پاي تاپانچا ئوقى ئىشىكنىڭ تۆشۈكىدىن ئېتىلدى — ھېلىقى كىشى ئۆي ئىچىگە قارىتىپ تاپانچىدىن ئىككى پاي ئوق ئۈزدى . شۇئان ئۆي ئىچىدىن كىچىك بالىنىڭ قىرىلداپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى ، ئاندىن بىر ئايالنىڭ نالە - پەريادى كۆتۈرۈلدى . ئۆي ئىچىدىن بىر ئەرنىڭ :

— ئۆيدە كىچىك بالا بىلەن ئايال كىشى بار… بۇلار گۇناھسىز ، ئاتقان ئوقۇڭلار ئايالغا تەگدى… — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى .

— نۇردۇن ، ياخشىلىقچە قورال تاپشۇر ، بولمىسا ئۆيۈڭ بىلەن قوشۇپ پارتلىتىۋېتىمەن . بۈگۈن مەن سېنىڭ تۇخۇمىڭغىچە قۇرۇتۇۋەتكىلى كەلدىم ، مېنى كىمكى دەپ قالما ، مەن يۇسۇپ ! يۇسۇپنى تونۇدۇڭمۇ ؟

ئۆي ئىچىدە بالىنىڭ يىغىسىدىن باشقا ئاۋاز يوقالدى . پەقەت بالا خىرىلداپ يىغلىماقتا . يۇسۇپ يەنە ۋارقىرىدى :

— ئەي نۇردۇن ، جاۋاب بېرەمسەن - يوق ، ئەگەر يەنە جىم تۇرىۋېرىدىكەنسەن ، پارتلىتىمەن ، مانا قولۇمدا بومبا ! پىلىكىنى تارتىۋەتسەملا ، ئىش تۈگەيدۇ…

— ئەگەر يۈرىكىڭ تاش بولۇپ قېتىپ كەتكەن بولسا ، پارتلىتىۋەت ! ئاتقان ئوقۇڭ ئايالىڭ سارەمگە تەگدى ، قىزىڭ نەفىسە يىغلاپ تۇرۇپتۇ . ئاڭلاۋاتامسەن ، يىغلاۋاتقان سېنىڭ

قىزىڭ — نەفسە ! پۈشتۈڭدىن تامغان يۈرەك ـ باغرىڭ ! ھازىر مېنىڭ قۇچىقىمدا . مەيلى ئوق ئات ياكى پارتلات ، بەرىبىر ، ھەممىمىز تۈگىشىمىز .

يۈسۈپنىڭ بېشىدا چاقماق چېقىلغاندەك بولۇپ ، يۈرىكى «قارت» قىلىپ ئاغدى . يۈرىكنى ئۆرتەپ كېتىۋاتقان تۈگىمەس دەرد ـ ھەسرەت چوغىدا يالقۇنجىغان غەزەپ يالقۇنى ، ئۇنىڭ تۈرتكىسىدە ، پۈتۈن جىسمى تومۇرىدا قاتقان قان ، ئۇيۇشۇپ كەتكەن ھەربىر ھۈجەيرىسىدىكى ۋولقاندەك پارتلاشقا ئاز قالغان كۈچ بىردىنلا غايىب بولۇپ ، پۇت ـ قوللىرى خېمىردەك بوشىشىپ كەتتى . ئۇ دەرمانىدىن كەتتى ، پۇت ـ قوللىرى لاغىلداپ تىترەپ ، پۈتۈن ئەزايىنى بۇزژىدە سوغۇق تەر باستى . ئاڭلىغانلىرىم راست ئىكەن ـ دە ، ئۇ راستىنلا ئۇنىڭ خوتۇنى بولۇپ قالغانمىدۇ ؟ ئۇ شىردەك ھۆركىرىگىنىچە ، ئاشۇ ئالدىدا گۆردەك سۈرلۈك تۇرغان ئىشىكنىڭ چېقىلغان كامېرىدىن ئېتىلىپ كىرىپ ، قانخور رەقىبى ، ئەشەددىي ياۋۇز ، قارا نىيەت — نۇردۇننىڭ كانىيىدىن سىققانچە ، ياق ، ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارنى قايناۋاتقان ياغقا تاشلاپ ئۆلتۈرگىنىدەك ، ئۇنى جاھاندىكى ئەڭ قەبىھ ئۇسۇل بىلەن ئۆلتۈرمەكچى بولدى . ئۇنىڭ مېڭىسى چاراسلاپ كەتتى ، مۇمكىن ئەمەس ، ئۇنىڭ خوتۇنىنى يۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس ، بىراق ، ساددا ئايال ئۇچۇن ئېيتقاندا ، مۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىنغۇ ؟ ھاياتتا بۇنداق ئىشلار ئازمۇ ؟ ئۇ تاۋاقتىكى ئاشتەكلا بىر ئايال ئىدى ، ئېرى ئۆلۈپ ، ئۆزۈن ئۆتمەيلا يېڭى ئەر چىقسا ، ئالدى ـ كەينىگە قارىماي تېگىۋېرىدۇ ، ئۇيغۇر ئاياللىرى ئۇچۇن ئەرسىز ياشاش ئاندىن يېتىم قالغان تەنھا قوزىدەكلا بىر ئىش . قوزا ئانا مېھرىگە ، ئانىنىڭ ئۆز ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىغا موھتاج بولغىنىدەك بىر ئىش… بىراق مەن ئۆلمىگەن تۇرسام…

تۇيۇقسىز ئۆي ئىچىدىن قىزچاقنىڭ «ئانا… ئانا !…» دەپ قاتتىق چىرقىرىغىنى ، يۈرەكنى ئېزىدىغان يىغىسى ئاڭلاندى . يۈسۈپنىڭ قېنى قاينىدى ، ئۇنىڭدىكى ئاتىلىق غۇرۇرى ، ۋىجدان

قەرزى قىستاپ ، ئۇنىڭ قاراملىقىنى چېكىگە يەتكۈزدى . ئۇ غالجىر بۇقىدەك ھۆركىرىگىنىچە ، ئىشىككە ئۆزىنى ئۇردى ، كۆزىنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ، ئىشىك قاراسلاپ سۇنۇپ ، ئۇ ئۆيگە يىنىچە يىقىلدى . ئۆي ئىچى گۆردەك قاراڭغۇ بولۇپ ، ھېچ نەرسىنى ئىلغا قىلغىلى بولماي قالدى . نەفىسە ! نەفىسە بىر تەرەپتە قىرىلداپ يىغلاۋاتىدۇ . راست ، ئۇنىڭ قىزى نەفىسە... گەرچە ئۇنى كۆرمىگىلى ئىككى يىل بولغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئۇنىڭ يۈرىكى تونۇدى ، ئۇنىڭ تىنىقىنى ئاتىلىق مېھرى سەزدى . ئۇ چاچراپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە ، ئۆزىنى قىزى يىغلاۋاتقان تەرەپكە ئاتتى . ئەمما شۇئان ئۇنىڭ يوتىسى قاتتىق بىر نەرسىگە ئۇرۇلۇپ ، ئاغرىقى مېڭىسىگە چىقتى . ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۆيگە باستۇرۇپ كىردى . بىرنەچچە قول چىرىغى ئۆي ئىچىنى تەڭلا يورۇتتى . شالدىن تۇزۇلگەن ئېگىز كارىۋاتنا ، كارىۋاتنىڭ تامغا تاقالغان يېرىدە قانغا بويالغان بىر ئايال نەپسى سىقىلغان ھالدا ئىڭراپ ياتىدۇ . ئۇنىڭ بەدىنىدىن ئاققان قان ئاستىدىكى ئىران نۇسخىلىق گىلەمگە يېيىلغانىدى... يىغلاۋاتقان قىزچاق بولسا ، ئانىسىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ قىرقىرىماقتا . چىراغ يورۇقىدا ، يۇسۇپ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئاقساقلىغان ھالدا ، ئۆي ئىچىنى چاقماق تېزلىكىدە ئاختۇردى ، لېكىن ئۆيدىن نۇردۇننىڭ سايىسىنىمۇ تاپالمىدى . غەزەپتىن ، يۇسۇپنىڭ چىشلىرى كارسىلداپ ، پۇت ـ قوللىرى تىترەپ كەتتى . ئۇ بىر قاراشتىلا ، قىزى ۋە ئۆز ئايالى سارەمنى تونۇغانىدى . سېغىنىش ، چەكسىز خورلۇق ، ھەسرەت ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئۆتمىتۆشۈك قىلىۋەتتى... ئۇنىڭدا چەكسىز ئۆچمەنلىك غالىب كېلىپ ، ھاياتىدىكى ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى نۇردۇندىن ئىنتىقام ئېلىش — ئۇنىڭ مۇقەددەس غايىسى بولۇپ قالغانىدى . مانا ئەمدى ئۇ ھەتتا ئۆيدىكى قازاننىڭ تۈۋىقىنى ئېلىپ قاراپمۇ ، ئۇنىڭ سايىسىنىمۇ تاپالمىدى . شۇ تاپتا ، بەختسىز قىزىغا بولغان چەكسىز سېغىنىشى ھەممىنى ، ئۆچمەنلىكىنى ، يوتىسىنىڭ لوقۇلداپ ئاغرىۋاتقانلىقىنى ، ھەممە ،

ھەممە ئازابنى بېسىپ چۈشتى . ئۇ قىزنى ئانىسىنىڭ ئۈستىدىن كۆتۈرۈپ ئېلىپ ، باغرىغا مەھكەم باستى . قىز ئۆزىگە ناتونۇش بولىغان ، ئەپىتىدىن قورقۇنچلۇق ، ۋەھشىيلىك چىقىپ تۇرغان بىر كىشىنىڭ قۇچىقىدا تېپىرلاپ ، ھەدەپ ئانىسىغا تەلپۈنۈپ : «ئانا... ئانا... ھە... ھە... ئانا !... » دەپ تېخىمۇ قاتتىق يىغلىدى .

يۇسۇپنىڭ يۈرىكى ھەرە چاققاندەك ۋىژژىدە قىلىپ كەتتى ، كۆزىدىن ياش تامچىلاپ تۆكۈلدى ، ئۇ زەئىپ ھالدا ئىڭراپ ياتقان سارەمگە قارىدى . ئوق ئۇنىڭ قولتۇق ئاستىغا تەگكەن بولۇپ ، قان كۆپ ئېقىپ كەتكەچكە ، چىرايى ئۆلۈكنىڭكىدىن ئايرىغۇسىز دەرىجىدە تاتىرىپ كەتكەنىدى . ئۇ نۇرسىز كۆزلىرىنى يۇسۇپكە تىكىپ ، قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى تەستە مىدىرلىتىپ ، بىر نەرسىلەرنى دەۋاتىدۇ... يۇسۇپنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى ، سارەمنىڭ ئاي - كۈنى يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭ سارەمگە قارىغۇدەك تاقىتى قالمىغانىدى .

— مانا بۇ يەردىن قېچىپتۇ ، — دەپ بوش ۋارقىرىغان ئاۋاز يۇسۇپنى چۆچۈتۈپ ھوشىغا كەلتۈردى . ئۇ ئالدىراپ قالغان بولسىمۇ ، تېپىرلاپ ئۆزىنى ئېپقېچىپ تۇرغان قىزنىڭ ئانىسىنىڭ قېنى بىلەن بويالغان يۈزىگە يۈزىنى يېقىپ ، ئۇنى كارىۋات ئۈستىگە قويدى - دە ، ئىچكىرى ئۆيگە يۈگۈردى . بۇ ئۆيدە سۇپا ، سۇپا ئۈستىدە ئورۇن - تۆشەكلەر تۇرىدۇ... ئىشىكنىڭ كەينىدە ، ئەۋرەز[1] ئۈستىدىكى تاختاي ئۆرۈپ ئېلىۋېتىلگەن بولۇپ ، ئاستى قاراڭغۇ لەخمە ئىدى .

— مانا مۇشۇ يەردىن قېچىپتۇ .

«خەپ نۇردۇن ، سەن تۈلكىنى تۇزاققا چۈشۈرەلمەيدىغان بولسام ، يۇسۇپ دېگەن ئىسمىمنى يۆتكىۋېتىمەن !... »

يۇسۇپنىڭ گېپىنىڭ ئايىغى چۈشە - چۈشمەي ، سىرتتا

---

[1] ئەۋرەز جەنۇبىي شىنجاڭ دېھقانلىرى مۇنچا ئورنىدا يۇيۇنۇش ئۈچۈن ياسىغان تاختايلىق ئورەك — ئاپتور .

www.uyghurkitap.com

پاراسلاپ مىلتىق ئېتىلدى ، بىرمۇنچە ئادەم بىر ـ بىرىنى تىللاپ ، ۋارقىـــرىشىپ ـ جارقىرىشىپ بارغانچە ، يۇسۇپلەر تۇرغان ئۆيگە يېقىنلىشىپ كەلدى . سىرتتىن يۇسۇپنىڭ بىر ھەمراھى ھاسىراپ ئالاقزاه بولۇپ يۈگۈرۈپ كىرىپ كەلدى .

— ئىش بولمىدى ، چاققان بولۇڭلار ! قورشاۋدا قالدۇق ھەممەيلەن جىددىيلىشىپ يۇسۇپكە قارىدى .

— ھەرھالدا لەخمىگە چۈشۈڭلار ! — دېدى يۇسۇپ .

— بۇ خەتەرلىك ، يۇسۇپكا ! — دېدى ئېگىز بوي بىرى .

— مـەن چـۈش دېـگـەندىكىن چۈش ! — بوغۇلۇپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى يۇسۇپ ، — ئۇلار بىزنى بۇ لەخمىنى تاپالمىدى دەپ ئـويـلايدۇ . تېز بولۇش ! نېمە قاراپ تۇرىسىلەر ؟ تېز بولۇش . ئـېـگـىچە ـ سىڭلىڭنىڭ ھەققى بولسىمۇ چۈشە ! مېنىڭ گېپىم ھېساب ، ئۆلمەي دېسەڭ ، چۈش .

شـۇ چـاغـدا ، سىرتتىن ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە ۋارقىراشقان ئـاۋازلار ئـاڭلىنىشقا باشلىدى : «ئەي ، سەنشىڭچى سولتەكلەر ، تەسلىم بولۇش ! بىزنىڭ قورشاۋىمىزدا قېلىشتىڭ··· ياخشىلىقـچە قورال تاپـشۇرۇپ تەسلىم بولـساڭ ، بىزنىڭ توپقا قوشۇلىسەن ، بىز — ئىنقىلابچىلار ، سىلەر — ئەكسىلئىنقىلابچىلار ! ۋاقتىدا ھوشۇڭنى تېپىش !··· » دېگەن چۇقان ـ سادا كۆتۈرۈلۈشكە ، قول چىرىغىنىڭ يورۇقى دېرىزىدىن ئۆي ئىچىگە چۈشۈشكە باشلىدى . يۇسـۇپنىڭ دەھشەتلىك ئەلپازىنى كۆرۈشكەن يىگىتلەر لەخمىگە چۈشتى . يۇسۇپ دىڭگوسلاپ سىرتقى ئۆيگە چىقتى ـ دە ، ئانىسىنىڭ ئـۈسـتـىدە تېخىچە قىرقىراپ ئاۋازى پۈتۈپ يىغلاۋاتقان نارەسىدە مەسۇمەنى ئېلىپ باغرىغا بېسىپ بىرنەچچىنى سۆيۈۋېتىپ ، يېنىدىن بـىـر كالالەك پۇلنى چىقىرىپ تېخىچە جان تالىشىپ ئىڭراۋاتقان سارەمگە قاراپ :

— رازى بول سارەم ، ھەممىسى ئاشۇ نۇردۇننىڭ كاساپىتى ، مەن ئۇ نومۇسسىز ھەزىلەكتىن ئىنتىقام ئالماي ، بۇ دۇنيادا ھايات ياشـىـيـالـمـايـمـەن ، خـەيـر ، خـۇدا ئـامان قىلسا ، ئۆلمىسەك

كۆرۈشەرمىز ، مەن سىنىڭ بۇ ئىجىسىنىڭ ئۆيىدە ئىكەنلىكىڭگە هازىرغىچە دەرگۇماندا بولغانىدىم ، مانا ئەمدى ئىشەندىم ، ئاتقان ئوقۇم ساڭا تېگەر دەپ خىيالىمغىمۇ كەلمەپتۇ ، — دېدى . كۆزىدىن تاراملاپ قۇيۇلۇۋاتقان ياش ئۇنىڭ يۈزىنى يۇتۇنلەي هۆللىۋەتكەنىدى ، سارەم تەستە زورۇقۇپ سادا چىقاردى :

— مەن··· رازى··· سىز··· هەقلىق···

شۇئان ، بىرنەچچە قارا سايە ئىشىككە يېقىنلاپ كەلدى . سەزگۈر يۇسۇپ بويىنىدىكى ئاپتوماتنىكى بىر دېسكا ئوقنى تاتاتىلىتىپ هاڭغىرقاي ئوچۇق تۇرغان ئىشىكتىن چىقىرىپ ئېتىۋەتتى . شۇ زامان «ۋايجان !» دەپ بىر نەچچە ئادەمنىڭ نالە ـ پەريادى كۆتۈرۈلدى . نەفىسە قورقۇپ ، تېخىمۇ چىرقىراشقا باشلىدى . سىرتتىن : «ئوق چىقارماڭلار ! ئۆيدە كىچىك بالا بار ، بۇ سولتەكلەر هېچ يەرگە قېچىپ كېتەلمەيدۇ» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى . يۇسۇپ : «خەير ، خۇداغا ئامانەت !» دېدى ـ دە ، ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ ، ئەۋرەز لەخمىسىگە ئۆزىنى ئالدى .

## 4

خىيال بىلەن چۈش ئارىلىقىدا .

كىچىككىنە باش پانقۇدەك تۇڭلۇكتىن غۇۋا يورۇق چۈشۈپ تۇرىدىغان تارغىنا بىر زەي پۇراپ تۇرىدىغان ئۆيدىكى كارىۋاتتا سارەم هوشسىز ياتىدۇ . ئۇنىڭ يېنىدا قىزى نەفىسە قېتىپ ئۇخلىماقتا . سارەمنىڭ چىرايى ناهايىتى تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ ، ئاسما ئوكۇل سېلىپ قويۇلغانىدى . ئۇنىڭ بېشىدا ، يېشى ئەللىككە يېقىنلاپ قالغان ، سېمىز ، چېچىنىڭ تەگدىن تولىسى ئاقىرىپ كەتكەن سېلىمخان كۆزى ياش يۇقى ، قايغۇ ئىششىغان هالدا : «تووۋا ـ تووۋا ، هەممە بەختسىزلىك مۇشۇ سارەمگە كېلەمدۇ ؟» دەپ هەسرەتلىنىپ ئولتۇرىدۇ . سېلىمخاننىڭ يولدىشى تاهىر ئەپەندى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان پېشقەدەم دوختۇرلاردىن بولۇپ ،

www.uyghurkitap.com

هازىر تاھىر ئەپەندى «شيۇجېڭجۇيىچى ئۇنسۇر» بولۇپ تۇرمىگە ئېلىنغان، سىلىمخان خىزمىتىدىن، ھەتتا ئۆيىدىن ھەيدەپ چىقىرىلىپ، ماۋۇ دوختۇرخانىنىڭ چايخانىسى قىلىنغان زەي ئۆيگە كۆچۈرۈلگەن... ئېرىنىڭ ئۆلۈك - تىرىكلىكىدىن خەۋىرى يوق ئىككى بالىسى قىزىل قوغدىغۇچى بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن چەك - چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىغانىدى. سىلىمخان دوختۇرخانىدا سارەمنىڭ بىردىنبىر مۇڭداشچىسى، سىرداش دەردمىنى ئىدى. ئۇلار بىر قاچا تاماقنى ئادەتتە قىسىنىدىغان قوشنىلار ئىدى، بولۇپمۇ ئۇ ھەممە نېمىسىدىن ئايرىلغاندىن بۇيان، سارەمنىڭ يار - يۆلەكتە بولۇشى بىلەن كۈن كەچۈرۈۋاتاتتى. سارەم نۇردۇن بىلەن بىر ئۆيگە كىرگەندىن بۇيان، ئۇ ئىسيانچىلارنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلغان، سارەم ئۇنىڭغا سايە بولغانىدى. گەرچە ئۇ ئەسكى زەي ئۆيدە ئولتۇرسىمۇ، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان نۇردۇننىڭ ئايالىنىڭ ھىمايىسىدە، مۇنچىلىك ئولتۇرۇپتۇ. بولمىسا بۇ چاغقا قايسىبىر ئۆزگەرتىش مەيدانىغا سۈرگۈن قىلىنغان بولاتتى. توپىلاڭ پارتلىغاندىن بۇيان، نۇردۇن ئۆيدە تۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى. كۆپ چاغلاردا، سارەم سىلىمخانىنىڭكىگە ھەيدەپ چىقىرىلىپ، ئۆيگە ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئەترىتىنىڭ ئىنقىلابىي ئارتىسلىرىنىڭ كۇتۇۋېلىشىدا، قوراللىق مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ ھىمايىسىدە، كاتتا مېھمانلار مېھمان بولۇپ كېتىدۇ. سارەم بولسا پەقەت نۇردۇننىڭ ئۆي ساقلىغۇچىسى، خالاس. ئۇ سىلىمخانغا دەريا - دەريا ياشلار تۆكۈپ دادلايدۇ. ئۆز ئۆيىدىن كېچىچە قىزلار-نىڭ چاڭىلدىغان خۇشال كۈلكە ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ، ئۇ كىرپىك قاقماي چىقىدۇ، ئىككى دەردمەن تۈننى تاڭغا ئۇلايدۇ. نۇردۇنمۇ سىلىمخانىنىڭ سارەمدىن ئىبارەت بۇ پۇتلىكاشاڭدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۆز ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا ياردەم بەرگىنىدىن رازى. ئۇ دائىم بىرمۇنچە قوراللىق كىشىلەر بىلەن ياش قىزلارنى ئۆيگە باشلاپ كەلگەندە، «سارە، سەن ئاۋۇ قېرىنىڭ

ئۆيىگە چىقىپ يات !» دەيدۇ . سارەم دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ، ئۇنىسىز ھالدا نەفسەنى ئاچىقىپ كېتىدۇ . بەزىدە سېلىمخاندىن خىجىل بولۇپ ، «سىلەرگە كاشىلا بولماي ، ئىچكىرىكى ئۆيدە ئولتۇراي» دەيدۇ . شۇئان نۇردۇن قاپىقىنى تۈرۈپ : «بىزنىڭ ئىشلىرىمىز قەتئىي مەخپىي ، چىق دېگەندىن كېيىن چىق !» دەيدۇ . سارەم قايتا سۆز قىلىشقا پېتىنالماي ، ئۆزىگە قاراپ ، ئېغىزلىرىنى قولى بىلەن ئېتىۋېلىپ كۈلۈشۈۋاتقان ئەركە ـ نايناق قىزلارغا يەر ئاستىدىن قاراپ قويۇپ چىقىپ كېتىدۇ . ئۇ بوسۇغىدىن يۆت ئېلىشىغىلا ، ئۆيدىن ئېرىنىڭ قىزلار بىلەن قوشۇلۇپ قاقاقلاپ كۈلگەن ئاۋازىنى ، قىزلارنىڭ : «تازىمۇ ھىيلىگەر جۇمۇ نۇردۇنكا سىز !» دېگەن ئاۋازىنى ، نۇردۇننىڭ : «بۇ كالۋا خوتۇن مۇشۇنىڭغا شۈكرى قىلسا بولىدۇ» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ . بۇ چاغدا ، ئۇ نۇردۇندىن ئىچ ـ ئىچىدىن يىرگىنىدۇ . يۇسۇپنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان سەممىي قارا كۆزلىرىنى ئېسىگە ئالىدۇ ، رەھمەتلىكنىڭ ياتقان يېرىنىڭ جەننەت بولۇشىنى تىلەيدۇ ، بىراق ، ئاخشام يۇسۇپ كېلىپ قالدىمۇ ؟ راست ، يۇسۇپمىدۇ ياكى ئۇنىڭ روھىمىدۇ ، ياكى ئۇ گۆردىن تىرىلىپ چىققانمىدۇ ؟

ئىشىك غىچىرلاپ ئېچىلدى . سېلىمخاننىڭ خىيالى بۆلۈندى ، نۇردۇن كىردى . ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىككى قوراللىق كىشى يۈز ـ كۆزى تاياق زەربىسىدىن يېرىلغان ، كىيىملىرى يىرتىلغان ، ئوتتۇرا ياش بىر كىشىنى ھەيدەپ كىردى . نۇردۇن ئىككى بىقىنىغا ئىككى تاپانچا ئاسقان ، رەسمىي ھەربىي ئادەمدەك سالاپەتلىك ئىدى . ئۇ سېلىمخانغا سۇرلۇك قاراپ :

— تېخى ئۆلمىگەندۇ ؟ — دېدى .

سېلىمخان بېشىنى چايقىدى .

— قورسىقىدىكى پۇشتۇمنىڭ ھۆرمىتىنى دەيمەن ـ دە ، بولمىسا بۇ تاپنىڭ ماڭا كېرىكى يوق ، ماۋۇ گېزەندىنىڭ قېنى

ئوخشاش ئىكەن ، ئىلىپ سىلىپ بىقمىڭ ، ئەجەلى توشمىغان بولسا ، هايات قالار ، بولمىسا مەيلى .

نۇردۇن سۆزىنى تۈگىتىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى . ئىككى كىشى ھېلىقى گېزەندىنىڭ قوللىرىنى قايرىپ ئەكەلدى . سىلىمخان :

— ئۇنداق قىلساڭلار ، قانداق قان ئالغىلى بولىدۇ ؟ — دېدى .

ئۇ ئىككىسى سىلىمخانغا بىرنى ھومىيىشتى ـ دە ، گېزەندىنى قويۇۋەتتى .

## 5

خىيال…

زامانغا لايىق ئازادە ، يورۇق ئۆيدىكى بىر يالغۇز كىشىلىك كارىۋاتتا ، يۇسۇپ چوڭقۇر قايغۇ ـ ھەسرەتكە چۆمگەن ھالدا ، بىلىگىچە يوتقاندىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ ، كارىۋات جازىسىغىچە يۆلەنگەن ھالدا ئولتۇرىدۇ . بۇ ئادەم قارىماققا قاپقارا ساقاللىرى ئۆسۈپ ، يېرىم غېرىچقا يەتكەنلىكى ئۈچۈن ، قىرىق ياشلاردىن ھالقىغان ئادەمدەك كۆرۈنىدۇ . ئەمەلىيەتتە بولسا ، ئۇ ئەمدىلا ئوتتۇز ئىككىگە ئۇلاشقان قىران كىشى ئىدى ، بىرخىل قەيسەرلىك يېغىپ تۇرغان چېھرىدە ، چىرايلىق يارالغان ئەرلەردە بولىدىغان گۈزەللىك ، كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان سۈمبات بار ئىدى . شۇ تاپتا ، ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ ، قاپاقلىرى ئىششىغانىدى ، بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى «يەرلىك مىللەتچى» ، «قاتىل» دېيىلىپ تۈرمىگە تاشلانغانىدى ، ئاتىسى ئۇنى ۋە ئانىسىنى تاشلاپ ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق تۈركىيىگە چىقىپ كەتكەنىدى ، ئۇ شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقاندا ، ئانىسى «ۋەتەن خائىنىنىڭ ئايالى» بولۇپ ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانىدى ، ئۇنىڭ كۆزىدىن ياش چىقمىغان ، قەلبىدە ، يۈرىكىدە دەريا ـ دەريا يىغلىغان

بولسىمۇ، كىرىپىكىدىن ياش تېمىتمىغانىدى. ئىنستىتۇتتا بىرگە ئوقۇپ يۈرگەن لايىقى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، «ۋەتەن خائىنىنىڭ ئوغلى» دىن يىرگىنىپ، ئۇنى تاشلاپ، مەكتەپتە بىر كالتە باشلىقنىڭ شوپۇر ئوغلىغا تېگىۋالغانىدىمۇ، ئۇ پەقەت ئازابلىق كۈلۈپ قويۇپ، قاۋاقخانىغا كىرىپ بىرنەچچە سەر ھاراق ئىچىۋېلىپ، قار لەپىلدەپ يېغىپ تىزدىن ئاشقان ئۈرۈمچى كوچىسىدا، كېچىچە ئايلىنىپ تاڭ ئاتقۇزغانىدى. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۆز يۇرتى، تۇغۇلغان ئانا تۇپرىقى — گۈزەل قەشقەردە قالماي، ئەڭ يىراق، تەكلىماكان قۇملۇقى ئارىسىدىكى ئىككى دەريا ياقىسىغا جايلاشقان، بۈككىدە قەدىمىي توغراقلىق، ئىپتىدائىي ئورمان - چاتقاللار ئارىسىدىكى بۇ قاتنىشى ئەڭ قۇلايسىز بولغان دولان دىيارىغا، ئۆزگىچە مەدەنىيەتكە ئىگە بولغان بۇ قەدىمىي ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ناھىيىسىگە كەلگەنىدى. ئاق كۆڭۈل، ساددا، مېھماندوست دولانلىقلار ئارىسىدا، ئۇ كېچىلەپ ھارغىنىنى بىلمەي، يۇرت بويىچە سورۇن تارتىپ، دولان مەشرىپى ئويناپ، خۇشال قاقاقلاپ كۈلۈپ يۈرۈپ، ھەممە ئازابنى، ھەممە ھىجراننى ئۇنتۇپ، ئۆز بەختىنى تاپقانىدى. ئەنە شۇ بەخت ئىچىدە، يەنە بەختسىزلىكمۇ بولدى... سىرتتا ئاتنىڭ دۈپۈرلىگەن تۇياق ئاۋازى ئۇنىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ قويدى. ئۇ دەررۇ قولىدىكى سارەم بىلەن، نەفسەنى قۇچىقىدا تۇتۇپ چۈشكەن سۈرەت ئۈستىدىكى ياشنى سۈرتۈپ، ئۇنى پورتمالغا سېلىپ قويۇپ يانچۇقىغا سالدى. ماۋزېر ئاسقان بىر يىگىت جىددىيلەشكەن ھالدا ئىشىكتىن كىرىپ:

— يۈسۈپ دوختۇر، سىلىڭيۈەنلەر سىزنى يوقلاپ كەلدى، — دېدى. يۈسۈپ ئۇنىڭغا قاپىقىنى تۈرۈپ، چىقىپ كېتىشكە ئىشارەت قىلدى. يىگىت دەرھال كەينىگە يېنىپ چىقىپ كەتتى. شۇئان، تولۇق قوراللانغان، سالاپەتلىك ئىككى كىشى، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن، ھەممىسىلا ئۇزۇن قونچىلۇق كاۋكاز ئۆتۈكى

www.uyghurkitap.com

كېيىپ، ئۆتۈك قونچىغا ماۋزىر، خەنجەر قىستۇرۇۋالغان، بەللىرىگە تىزىق ئوقلارنى تاسما ئورنىدا باغلاپ، يالىڭاچلانغان ماۋزىرلارنى قىستۇرۇۋالغان، سېرىق تۈچ غىلاپلىق قىلىچ ئاسقان، بىر - بىرىدىن قاۋۇل، بەستلىك كەلگەن، چىرايى سۈرلۈك سەككىز نەپەر ئەزىمەت ئۆينىڭ تۆت تەرىپىگە يېيىلىپ، پۇتلىرىنى كەرگىنىچە، قوللىرىنى بېلىدىكى يالىڭاچ ماۋزىرغا قويۇپ، سۈرلۈك قارىشىپ تۇردى. ئالدىدا كىرگەن ئىككى كىشىنىڭ ئالدىدىكىسى — ئوتتۇز تۆت - ئوتتۇز بەش ياشلاردىكى، ئوتتۇرا بوي، سېمىز، قاراقاش، ساقاللىق، سەل قىزارغان قوڭۇر كۆزلىرىدىن بىرخىل پاراسەت چاقناپ تۇرىدىغان، كاستۇمىنىڭ ئىچىدىكى ياقىسىغا كانۋا يىپتا گۈل ئىشلەنگەن كۆڭلەكنى ئۈستىدىن ئوق تىزىمىسىنى تاسما قىلىپ باغلاپ، كىچىك كۆن قاپلىق تاپانچا ئېسىۋالغان، ئۆسكىلەڭ قارا چېچى ئۈستىدىن بادام دوپپىنى باستۇرۇپ كىيىۋالغان كىشى — رازاق ھېكىم ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدىكى كىشى ئېگىز، زىلۋا بوي، ئۇزۇن پاقالچاق كەلگەن بولۇپ، قارا سارجىدىن كەپكە، كۆك سوكنىدىن قىلىنغان ئۆرە ياقىلىق چاپان كىيگەن، ئىككى مۈرىسىدىن ئىككى يېنىغا ئېلىنغان ماۋزىرىنىڭ تاسمىسى پارقىراپ تۇرىدۇ. بېلىگە بولسا، پارقىراپ تۇرغان ئوق تىزىقىنى تاسما قىلىپ باغلىغان، قولىدا ئالتە قىرلىق قىلىپ توقۇلغان جەرەن مۈڭگۈزى دەستىلىك كالتە قامچا، پۇتىدا ئۇزۇن قونچلۇق كاۋكاز ئۆتۈكى ۋال - ۋۇل پارقىراپ، ماڭغاندا غىرىسلاپ ئاۋاز چىقىرىپ تۇرىدۇ. مانا بۇ نەرسىلەر ئۇنىڭ ئەمدىلا يىگىرمە ئۈچتىن ئاشقان يېشىغا، خەت تارتقان يۇمران مايسىدەك قارا بۇرۇتلۇق، بۇغداي ئۆڭلۈك چىرايىغا بىرخىل سۈرلۈك سالاپەت بېغىشلىغانىدى. بۇ يۇملاق كەلگەن، قارا كۆزلىرىدىن چېچەنلىك ھەم قارامىلىقى چىقىپ تۇرىدىغان يىگىت زىيا ئىمىن ئىدى. ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن مەغرۇرلۇقى، يەنە ئادەتتىكى سۆز بىلەن ئېيتقاندا، مەمەدانلىقى، پوچىلىقى، ئۆز ئەتراپىدىكى كۆپ

نەرسىلەرنى كۆزگە ئىلماسلىقى چىقىپ تۇردۇ. يۇسۇپ ئۇلارنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن قوزغالماقچى بولدى، يوتىسىدىن كىرگەن ئاغرىق زىڭىلداپ مېڭىسىگە چىقىپ، تولغىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايى پۇرۇلۇپ، كۆز ۋە بۇرۇن ئەتراپى تاتىرىپ، تەر تەپچىرىدى. ئۇ بۇ ئىككىيلەنگە چىرايىنى ئېچىشقا قانچە تىرىشسىمۇ، لېكىن چېھرىگە يالغان تەبەسسۇم بېرەلمىدى. رازاق ھېكىم دەرھاللا:

— بولدى قوزغالمىسىلا، غەزەپلىرىگە پايلىماي، ئالدىراپ قول سېلىپ قالدىلا ـ دە، بۇ ئىشقا سىلى قول سالمىسىلىمۇ، بىزنىڭ بۇرادەرلەر دېگەنلىرىدەك قىساس ئېلىپ بېرەتتى… ھەرھالدا، بىئەجەل چىۋىن قىرىق يىللىق قىرغىندىمۇ ساق قاپتۇ دېگەندەك، ساق چىقىپلا.

— ھىممىتىڭلارغا ئاپىرىن، ھا… ھا… ھا…

رازاق ھېكىم قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. زىيا ئىمىنمۇ دىمىقىدا كۈلۈپ قويدى. يۇسۇپ مېھمانلىرىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن كۈلدى، كۆڭلىدە بولسا، ئۇلارغا گۇمان ھەم نارازىلىق پەيدا بولدى. ئۇ ئۇلارنىڭ كەلگىنىدىن بىزار بولغاندەك ئىدى، ئۆينىڭ تۆت تەرىپىدىكى رىۋايەتلەردىكى مۈنكىر ـ نەكىرلەردەك سۇرلۇك قارىشىپ تۇرغان كىشىلەرگە تولىمۇ نارازى بولغان ھالدا قاراپ قويدى. كۆڭلىدە بولسا، شۇنچىلىك ئېشىپ كەتكەن بارمۇ؟ دەپ ئويلىدى. بىر ـ بىرىدىن سەزگۈر بۇ ئىككى مېھمان دەررۇ يۇسۇپنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ، بىر ـ بىرىگە قاراشتى، زىيا ئىمىن قامچىسى بىلەن مۇھاپىزەتچىلەرگە چىقىپ كېتىشكە ئىشارەت قىلدى، ئۇلار دەرھال ئۆيدىن چىقىپ، ئىشىك تۈۋىدىلا ئۆي ئىچىگە قارىشىپ تۇردى. رازاق ھېكىم بىلەن زىيا ئىمىن يۇسۇپنىڭ قارشىسىدىكى ئورۇندۇققا ئولتۇرۇشتى. رازاق ھېكىم:

— پۇتلىرى سۇنمىغاندۇ؟ — دەپ سورىدى، ئەمەلىيەتتە، ئۇ يۇسۇپنىڭ پۇتىنىڭ سۇنغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى، پەقەت يۇسۇپنىڭ چىرايىدىكى مىڭ پاتمان خاپىلىق سەۋەبىدىن ئارىدا شەكىللەنگەن سوغۇق كەيپىياتنى تۈگىتىش ئۈچۈن، سۆزنى مۇشۇ گەپتىن

باشلىغانىدى .

— ياق ، — دېدى يۈسۈپ قولى بىلەن يۈتىسىنى سىلاپ تۇرۇپ ، — سۆڭەككە بىر ئاز دەز كېتىپتۇ ، چوڭ چاتاق يوق .

رازاق ھېكىم خاتىرجەم بولغاندەك بېشىنى لىڭشىتتى ، زىيا ئىمىن ئورنىدىن تۇرۇپ ، قولىدىكى قامچىنى ھاۋادا پىرقىراتقاچ ، تامنىڭ تۇرۇسىغا قاراپ سۆزلىدى ، قامچىنىڭ پىرقىرىشىدىن بىرخىل ئۇشقىرتقان ئاۋاز چىقىپ ، ئۆي ئىچىدە كۆكۈيۈننىڭ غوڭۇلدىشىدەك بىرخىل ئاۋاز پەيدا بولدى .

— يۈسۈپكا ، بىز سىزدىن بىز بىلەن بىرگە ئۇرۇش قىلىشىڭىزنى تەلەپ قىلمايمىز . پەقەت بىزنىڭ ئاغرىق - سىلاق ، يارىدار بۇرادەرلىرىمىزنى ساقايتىپ ، ئۇرۇش قىلالايدىغان قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز ، سىزنىڭ تۈنۈگۈن كېچىدىكىدەك ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئۇرۇش قىلىشىڭىز مېنىڭ سەپرايىمنى ئۆرلەتكەنىدى ، بىراق ھەرىكىتىڭىز چاققان ھەم باتۇرانە بوپتۇ ، مەن ئادەملىرىمنىڭ سىزدەك يۈرەكلىك بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن . بىراق ، ئۇنداقلار بارماق بىلەن ساناقلىق . مەن بىر قوماندان بولۇش سۈپىتىم بىلەن ، سىزگە شۇنى ئېنىق بىلدۈرۈپ قويايكى ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىڭىز — بىزنىڭ ئاشۇ بارماق بىلەن ساناقلىقلا بۇرادەرلىرىمىزنىڭ ھالى خەتەرگە يولۇققاندا ، ئۇلارنى ھەرقانداق ئامال بىلەن ساقايتىش . باشقا ئادەتتىكىلەرنى داۋالايدىغانغا دوختۇر كۆپ ، سىزنى بۇ يەرگە بىز تۇرمىدىن ئاشۇ مەقسەتتە قۇتۇلدۇرۇپ چىققان . سىزنىڭ قانۇن بويىچە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچى ئىكەنلىكىڭىزنى بۆشۈكتىن تۆشۈككىچە ھەممە بىلىدۇ . تەشۋىقاتىمىز سىزنىڭ غەلىبىلىك ھالدا تۇرمىدىن قېچىپ چىقىپ ، بىزنىڭ توپىمىزدىكى بىر پىداكار قەھرىمانغا ئايلانغانلىقىڭىزنى ، ھەتتا تۈنۈگۈن كېچە تۆت ئادەم بىلەن دوختۇرخانىغا — ئۈچ يۈز نەپەر داڭدار لوبونىڭ ئۇۋۇسىغا باستۇرۇپ كىرىپ ، ئون نەچچە لوبونى ئۆلتۈرۈپ ، لوبولارنىڭ ئۇۋۇسىنى ۋەيران قىلىپ ، غەلىبىلىك قايتىپ چىققانلىقىڭىزنى

كارناي ئارقىلىق قايتا ـ قايتا جاكارلىدى . لوبولارنىڭ مۇھىم بىر كاتتىۋىشى نۇردۇن سىزنىڭ ھەيۋىڭىزدىن قورقۇپ ، كاماردىن چىقالمايۋاتىدۇ . دېمەك ، سىز ھازىر ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان مەھبۇس ، تۈرمىدىن قاچقان جىنايەتچى ، شۇنداقلا بىزنىڭ ئىنقىلابىي توپىمىزدىكى غوللۇق سەركەردە ! بىزدىن ئۆزىڭىزنى تارتىشقا يەنە ئورۇن قالمىدى . بىز چوقۇم غەلىبە قىلىمىز ، بىزدىن گۇمانلانمىسىڭىز بولىدۇ . بۇرۇن ئادەملىرىمىز ئاز ، پەقەت بىرنەچچە تال قارا كۆسىيىمىز بار ئىدى ، ئاجىز ئىدۇق ، ھازىر بۇرادەرلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن توپلاندى ، ئادەم كۈچىمىز كۆپەيدى ، ھەممە يەردە بىزنىڭ بۇرادەرلەر بار . قولىمىزدا خىل قوراللار بار . ھازىر مەيلى ئادەم ، مەيلى قورال جەھەتلەردىن بولسۇن ، بىز لوبولاردىن قېلىشمايمىز ، بەلكى ئۈستۈن تۇرىمىز . ھازىر نۇرغۇن يۇرتلارغا بىزنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتقانلىقىمىز — بۇنىڭ ئىسپاتى . توپىلاڭ ھامان بېسىقىدۇ ، ئەمما بىزنىڭ ھەرىكىتىمىز ئىنقىلابىي ھەرىكەت . ھۆكۈمەت چوقۇم بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزنى قوللايدۇ ، بىز پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى .

زىيا ئىمىننىڭ سۆزى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ، سىرتتا «پاڭ ـ پۇڭ » قىلىپ ئارقا ـ ئارقىدىن ئېتىلغان مىلتىق ئاۋازى ئاڭلىنىپ ، ئۇنىڭ سۆزىنى ئۈزۈپ قويدى . ئۇ ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان ئىككى يىگىتكە جىددىي قاراپ :

— سىلەر ئىككىڭلار يۈسۈپ دوختۇرنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىڭلار ! ئۇنىڭ بىخەتەرلىكىنى ياخشى قوغدىيالمايدىكەنسىلەر ، تاناۋىڭلارنى تارتىمەن ، — دېدى .

— چوقۇم دېگىنىڭىزدەك قىلىمىز ، — دەپ تىك تۇرۇپ جاۋاب بەردى ئىككى يىگىت . زىيا ئىمىن ئارقىغا بۇرۇلۇپ يۈسۈپكە قاراپ :

— ئەسلى بۇ گەپنى قىلماسلىقىم كېرەك ئىدى ، بىراق سىزنىڭ پوزىتسىيىڭىز مېنى سۆزلىتىپ قويدى . مەن زىيا ئىمىن ھاياتلا بولىدىكەنمەن ، كۆپ ئۆتمەي ، نۇردۇن دېگەن نامەرد

خۇمسىنى تۇتۇپ ، ئالدىڭىزغا ئەكېلىپ بېرىمەن . شۇ چاغدا ، ئۇ خەلقى ئالەم ئالدىدا ، سىزنىڭ قارىلانغانلىقىڭىزنى ، بىگۇناھ ئىكەنلىكىڭىزنى ئۆز ئاغزى بىلەن سۆزلەيدۇ . ئۇ ئۆز ئاغزى بىلەن سىزنى قارىلىغاندىكىن ، ئۆز ئاغزى بىلەن ئاقلايدۇ . شۇ چاغدا سىز ئۇنى نېمە قىلسىڭىز ، ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى ، مەن سىزنى تۈرمىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقمىغان بولسام ، ئۇ ئاللىقاچان سىزنى ئۆلتۈرۈپ بولغان بولاتتى . ھۆكۈمەت قالايمىقانچىلىقنى بېسىقتۇرغاندىن كېيىن ، چوقۇم سىزنىڭ گۇناھسىزلىقىڭىزنى ئېتىراپ قىلىدۇ . ئۇ چاغدا چوقۇم سىز مەندىن خۇش بولىسىز .
ماقۇل ، خوش ئەمىسە ، مەن كەتتىم ، — زىيا ئىمىن سۆزىنى تۈگەتتى - دە ، جىممىدە يەرگە قاراپ ئۆلتۈرغان يۇسۇپكە لاپپىدە بىر قارىدى . ئاندىن رازاق ھېكىمگە قاراپ قويۇپ ، ئالدىراپ چىقىپ كەتتى . يۇسۇپ بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي ، زىيا ئىمىنگە خوشمۇ دەپ قويماي ، يەرگە قارىغىنىچە ، ئۇندىمەي ئۆلتۈرۈۋەردى . رازاق ھېكىم چوڭقۇر بىر تىنىدى - دە ، گېزىت قەغىزىگە ئورالغان ، چېكىپ يىرىملاشقان كۆك تاماكىسىنى قاتتىق بىرنى شوراپ ، يەرگە تاشلاپ ، دەسسەپ ئۆچۈردى ، ئاندىن ، يۇسۇپنىڭ يېنىپ ئۆلتۈرۈپ كەتكەن قىياپىتىگە قاراپ :
— ھە ، سىلى - بىز كۆپنى كۆرگەن ، زىيا ئىمىنگە قارىغاندا بىرنەچچە ئىشتاننى كۆپ يىرتقان ئادەممىز . ئۇ تېخى بىزگە قارىغاندا سويمەك بالا ، ئەمما ئۇنىڭدا يېتىپ ئاشقۇدەك ئەقىل - پاراسەت بار ھەم قارامىلىقمۇ بار ، ئاق كۆڭۈل ، ساددا ، كۆڭلىگە كەلگەننى ئايىماي دەۋرىدۇ ، ناھەق ئىشنى كۆرسە ، چىداپ تۇرالمايدۇ ، شۇ زامان كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ ، مەيلى ئۇ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، قىلچە ئاياپ ئولتۇرمايدۇ ، باشقىلار يامان كۆنگە ، ئېغىر كۈنگە قالغاندا ، ئىچ ئاغرىتىدۇ . مىجەزى ئىتتىك بولغاچقا ، مەكتەپتە تولا جېدەل چىقىرىپ ، مەكتەپتىن ھەيدەلگەن . مانا ھازىر ئۇ يەنە ئۇستى - ئۇستىگە بولۇۋاتقان ئېغىر ناھەقچىلىككە چىدىماي ، قورال كۆتۈرۈپ مەيدانغا

چىقىپ، ناھەقچىلىكنى تۈگەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىشىمىز كېرەك. بىرلا يېرى — ئاغزى ئىتتىك، كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا. مېنىڭچە، زىيا ئىمىندىكى بۇ مىجەزنى قورقۇمسىز ئادەملەردىكى ئارتۇقچىلىق دېيىشكە بولار. قانداقلا بولمىسۇن، ئۇ بىر باتۇر ئەزىمەت. بۇ مېنىڭ ئېتىقادىم. ياۋۇزلۇقتا چېكىدىن ئاشقان ئىسيانچىلار مېنى ئادەم چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئازابلىدى، ئۇردى، بارمىقىمغا يىڭنە سانجىپ، ئاغزىمغا يۈگەن سالدى، بەدىنىمگە قىزىتىلغان تۆمۈرنى ياقتى، مەن بۇ جازالارنى پەقەت ئۆزۈم قويغان كىنولاردىلا كۆرۈپ كەلگەنىدىم، بەزىدە قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتىم، نەپرەتلىنەتتىم، غەزىپىم قايناپ تاشاتتى، ئاخىر ئۆز بېشىمغا كەلدى... چىداپ تۇرالماي، قولۇمغا قورال ئېلىپ، ئۆزۈمنى قوغداشقا مەجبۇر بولدۇم. ئادەملىرىمىزنىڭ ئادەمدەك ياشىشى ئۈچۈن، ۋەھشىيلىك، ياۋۇزلۇقلارنى بۇ زېمىندىن تۈگىتىش ئۈچۈن، مەيدانغا چۈشتۈم. زىيا ئىمىن ھەم مەندە بۇنىڭدىن باشقا غەرەز يوق، ئادەملەر بىزنى قانداقتۇر بىر قارا نىيىتى بار، ھۆكۈمەتكە، پارتىيىگە قارشى دەپ چۇقان سېلىۋاتىدۇ، ھەتتا پارتىيىمۇ بىزنى ئاشۇنداق چۈشىنىپ، ئاشۇ قارا نىيەتلەرنىڭ سۆزى بويىچە، ۋاقتى كەلگەندە، بىزنى ئەكسىلئىنقىلابچى دەپ باستۇرۇشى مۇمكىن. بىراق بىز، جۈملىدىن، مەن — بىر نامرات ئېزىلگەن دېھقان بالىسىنى پارتىيە تەربىيىلىدى، پارتىيە تەربىيىسى ئاستىدا ئۆسۈپ چوڭ بولدۇم، پارتىيە مېنى ئوقۇتتى، مۇھىم خىزمەتكە قويدى، مېنى بەختلىك كۈنگە ئېرىشتۈردى. ئاشۇنداق تۇرۇقلۇق، مەن ئاش بەرگەن قازاننى چېقىپ، قانداقمۇ پارتىيە - ھۆكۈمەتكە قارشى تۇراي؟ مەن ھەرگىزمۇ ئۇنداق قىلمايمەن، پارتىيە - ھۆكۈمەت، خەلقنىڭ ئاخىر مېنى چۈشىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن...

رازاق ھېكىم سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، كۆزىدىن تاراملاپ ياشلار قۇيۇلدى. ئۇ سۆزىنى توختىتىۋالدى ھەم يانچۇقىدىن قولياغلىقىنى چىقىرىپ، كۆزىنى سۈرتتى. چىقىپ

كېتىش ئۈچۈن ، ئىشىككە ماڭدى ، بوسۇغىغا بارغاندا ، يەنە ئارقىسىغا قاراپ :

— مەن قولۇمغا قورال ئېلىپ ، ئۆزۈمنى قوغدىمىغان بولسام ، نۇرغۇن ئادەملەردەك ناھەق ئۆلگەن بولاتتىم . بىراق ، بىرنەچچە كۈن بولسىمۇ ، خاتىرجەم ھايات ياشاشنى ئويلايمەن ، سىلىمۇ شۇنداق . ھازىر سىلى بىلەن مەن قورالنى تاشلاپ ئوتتۇرىغا شۇنداق چىقساق ، بىزنى خۇددى چىۋىننى ئۆلتۈرگەندەك بىردەمدە ئۆلتۈرىدۇ ! ئويلاپ باقارلا...

رازاق ھېكىم شۇلارنى دەپ سۆزىنى تۈگەتتى - دە ، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى .

## ئىككىنچى باب

### 1

خىياللار .

كېچە يەنە ئادىتى بويىچە كۆڭۈلسىز باشلاندى ، تەكلىماكان گىرۋىكىگە جايلاشقان بۇ سەھرادىنمۇ زېمىندىكى بارلىق سەھرالارنىڭ كېچىسىگە ئوخشاش ، تەرەپ - تەرەپتىن ، لالما ئىتلارنىڭ قالايمىقان كاۋشىشلىرى ، ئېشەكلەرنىڭ ھاڭراشلىرى ، كاللارنىڭ مۆرەشلىرى ، ئادەملەرنىڭ سوزۇپ ئېيتىدىغان ناخشىلىرى ، بىر - بىرىنى قوپال تىللاشلىرى ، چاقچاق قىلغانلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى . قاياقتىندۇر يۇرتقا شۇملۇق تىلەيدىغان خورازلارنىڭ ئەلياتقۇ بولا - بولمايلا چىللاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ . بۇ سەھرانىڭ ھازىر باشقا سەھرالارغا ئوخشىمايدىغان بىرلا يېرى بار . ئۇ بولسىمۇ ، كېچە بولا - بولمايلا ، تەرەپ - تەرەپتىن ۋاڭشىپ ئېتىلىۋاتقان ئوق ئاۋازلىرى ، كىشىلەرنىڭ جېنىنىڭ بارىچە بىر - بىرىنى «قىزىل» ، «قارا» سۆزلەر بىلەن بولۇشىغا تىللاشلىرى . بىردە ، قايسىبىر ئۆيدىن ھارامزادە ،



www.uyghurkitap.com

زوراۋان تەرەپبازلارنىڭ شەھۋانىي كۈلكىلىرى ، ئاياللارنىڭ يالۋۇرغان نالە ـ پەريادى ، قىزلارنىڭ جېنىنىڭ بارىچە چىرقىرىغان ئاۋازى ، ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا يەنە پاراسلاپ ئېتىلغان ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ . بىردەمدىن كېيىن ، كىشىنى ئىنتايىن قورقۇنچقا سالىدىغان ئېغىر جىمجىتلىق باشلىنىدۇ ، ھەتتا سەھرا مەركىزىدىكى بۇ بازار تىنىقى توختاپ قالغان ئادەمدەك ، تىمتاسلىققا چۆمىدۇ . كىشىلەر مانا مۇشۇنداق ئېغىر سۈكۈت ، كىشىنىڭ ئىچىنى ئېلىشتۇرىدىغان مازار جىمجىتلىقىدىن قورقۇپ ، ئۆلۈم ۋەھىمىسى ئىچىدە ، مىڭ ئۆلۈپ ، مىڭ تىرىلىشىدۇ . شۇنداقلا قارىسا ، بۇ بازار ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى چىشلەپ غەمسىز ئۇخلاپ قالغان بوۋاقتەك ، كۆزى سۈزۈلمىگەن بوۋاق كۆزىنى ئېچىپمۇ ، يۇمۇپمۇ ئۇخلاۋەرگەندەك كۆرۈنىدۇ . ئەمەلىيەتتە بولسا ، ئۇ خاراموش بولغان ، بىر ـ بىرىگە كۆزىنى چەكچەيتىپ ، ئۈنسىز خىرىس قىلىشىۋاتقان بىر جۈپ ئىتنىڭ ئوتتۇرىسىدا تالاشتا قالغان ، لايىغا مىلەنگەن تاپقا ئوخشىشىدۇ . مۇشۇنداق ئېغىر جىمجىتلىقتىن كېيىن ، ئايىغى چىقمايدىغان قاتتىق كوچا سوقۇشى بولىدىغانلىقىنى ھەممە بىلىدۇ . بۇنداق ئۇرۇش بىر بولىدۇمۇ ، بولدى ، كىشىلەر كېچىچە ئۆي ئىچىگە كىرىۋېلىپ ، ئۇشۇقچە زەي ئۆرلەپ چىققان ئورىغا كىرىۋېلىپ ، تىقىلىشىپ ، كىرپىك قاقماي ئولتۇرۇشىدۇ . بۇ كۆرۈنۈشلەر قۇم ئاستىدا قېلىپ تىلسىم بولۇپ كەتكەن تەكلىماكان شەھىرىنىڭ ئۈستىدە ئاپىرىدە بولغان بۇ يېزىنىڭ قىياپىتىنى ئوتتۇرا شەرقتىكى ئۇرۇش ئوچىقى — بېيرۇتقا ئوخشىتىپ قويغان ، بۇ جاي ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كىچىك بېيرۇت بولۇپ قالغانىدى . كىشىلەرنىڭ ئۇرۇشتىن يوشۇرۇنۇشى ئادەمنىڭ كۈلكىسىنى قىستايتتى . كوچىدا ، ئۆگزىدە سوقۇش بولۇۋاتسا ، ئادەملەر ئۆيدىكى چامغۇر ئورىسىغا كىرىۋالاتتى ، بۇ خۇددى ئۇششاق باللار تولا قوغلاپ ھالىدىن كەتكۈزۈۋەتكەن قېرى مېكىيانىنىڭ ئىلاجسىز پاخالغا بېشىنى تىقىۋېلىپ تۈگۈلۈۋالغىنىغا ئوخشايتتى . بۈگۈن كېچىمۇ يەنە كېچىچە ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان سوقۇش

باشلاندى . نۇرغۇن بازار ئاھالىسىگە ئوخشاش، قاتمۇقات مۇداپىئە ئىچىدە تۇرۇۋاتقان دوختۇرخانا ئىچىدىكى كىچىككىنە زەي ئۆيدە ياكى ئۆلمەي ياكى تىرىلمەي ، نىمجان ھالەتتە بىر ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى يېرىم ئېچىپ ، بىر ھوشىدىن كېتىپ ياتقان سارەمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتقان سىلىمىخان كەچلىك ئۇرۇش باشلىنىپ، ئىشىك تۈۋىدىلا «تاتاتلاپ» ئوق ئېتىلىشىغا ، ئوقتىن قورقۇپ ، سارەم ياتقان كارىۋاتنىڭ ئاستىغا كىرىپ ، ئەسكى ـ تۈسكى سېلىپ قويىدىغان چوراڭ يۇلغۇن سېۋىتى ئىچىدە تۈگۈلۈپ يېتىۋالدى . سارەم يېرىم كېچە بىلەن يەنە ھوشىغا كەلدى . ئۇنىڭ ئۆڭى تاتىرىپ كەتكەن . نېپىز لەۋلىرى قۇرۇپ پوستەك بولۇپ كەتكەنىدى . كۆزلىرى بولسا ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن . ئۇ مانا ئەمدى ئاغرىق سەزمەكتە ، پۈتۈن بەدىنى لوقۇلداپ ، تېنى كۆيۈپ ئاغرىماقتا ، تولغاق قورسىقىنى مۇجۇۋاتىدۇ . ئۇ سەل ئېسىگە كېلىپلا ، قىزى نەفىسەنى ئېسىگە ئالدى ، مىدىرلاي دېۋىدى ، مىدىرلىيالمىدى ، گەپ قىلاي دېسىمۇ ماغدۇرى يەتمىدى . ئۇ ئامالسىز يېتىپ ، قۇلىقىنىڭ يېنىدىلا يېتىك پۇشۇلداۋاتقان ئاۋازنى ، قىزىنىڭ تىنىقىنى بىلدى . نەفىسە ئىككى كۈندىن بېرى تولا يىغلاپ چارچاپ ، ھازىر ئانىسىنىڭ يېنىدا لايدەك يېتىپ ئۇخلىماقتا ئىدى . ئىشىك تۈۋىدە قۇلاقنى يارغۇدەك ئاۋازدا ئېتىلىۋاتقان ھەرخىل ئوق ئاۋازى ئۇنىڭ ئۇيقۇسىغا قىلچە تەسىر كۆرسىتەلمىگەنىدى ، ئۇ خۇددى باغدا يۇلەنچۈكتە يېتىپ ، ئانىسى ئېيتقان ئەللەي ناخشىسىنى ئاڭلاپ يېتىپ ئۇخلاپ قالغان بوۋاقتا ئوخشىشاتتى . سارەم نەفىسەدىن خاتىرجەم بولدى ، بىراق ، گۈڭگا تۇمان ئىچىدە ، قويۇق قوڭۇر رەڭ چاچ ـ ساقىلى ئۆسۈپ كەتكەن ، كۆزىدىن ئوت يېنىپ تۇرىدىغان يۈسۈپنىڭ چېھرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئىنتايىن روشەن بۈيۈك سۈرەتتەك پەيدا بولدى . ئۇ ياكى كۆلمەيدۇ ، ياكى سارەمگە ئۆز ئادىتى بويىچە مۇلايىم تەبەسسۇم بىلەن قارىمايدۇ ، ياكى ئاچچىق غەزەپ ـ نەپرەت بىلەن قارىمايدۇ ، پەقەت ئىپادىسىزلا قارايدۇ . ئۇنىڭ يېنىدا ، بىردىنلا ئوماق نەفىسەنىڭ ئاق پوستلاق چېھرىسى

پەيدا بولدى . يۇسۇپ قىزنى كۆرۈپ ، قويۇق ساقاللىرى ئارىسىدىن ئـاپئاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلدى . يۈز ـ كۆزىنى بېسىپ پـاخپـيىپ كەتكەن چاچلىرىنى قولى بىلەن ئارقىسىغا تاراپ ، قىزنى مەھكەم قۇچاقلىدى ، ساقاللىق يۈزىنى قىزنىڭ يۈزىگە ياقتى ، قىزنى ھارماي سۆيدى ، قىزچاق ھارماي ۋىلىقلاپ كۈلدى ، كىچىككىنە قوللىرى بىلەن ئاتىسىنىڭ ئۆسۈپ كەتكەن ساقىلىنى تارتتى . ئاتا قىزىنىڭ بۇ قىلىقىدىن قاقاقلاپ كۈلدى . بۇ كۈلكە سارەم كۆرگەن ئىككىنچى كۈلكە بولدى . تۇنجى قېتىم ئۇ سارەم بىلەن تۈگىمەس مۇھەببەت پاراڭلىرىنى سېلىپ كېتىپ بېرىپ ، قەستەنگە سارەمنى ئۆستەڭگە ئىتتىرىۋېتىپ ، ئۆزىمۇ كىيىم ـ كېچەكلىرى بىلەنلا ئۆستەڭگە سەكرەپ ، سارەمنى بالىچىلاپ قۇچىقىغا ئېلىپ قاشقا ئاچىققۇچە ، سارەم ھەم ئۇنىڭ مەيدىسىگە مۇشتلاپ تېپىچەكلەپ ھەم ئادەتتە ئۆزىنىڭ كەمدىن كەم ، پەقەت يۇسۇپ ئۈچۈنلا ئىشلىتىدىغان ، ئەڭ قاتتىق سۆزى بولغان «قېلىن» دېگەن سۆزنى قايتا ـ قايتا دېگەندە ، يۇسۇپ ئەنە شۇنداق قاتتىق ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ قاقاقلاپ كۈلگەنىدى . يۇسۇپ ئادەتتە پەقەت كۈلمەيدۇ ، كۈلسىمۇ ناھايىتى ئاددىيلا تەبەسسۇم قىلىدۇ . ئۇ كۈلكىنى قاتتىق ئۆچ كۆرىدۇ ، كۈلگەنلەرنى كۆرسە ، ھەممىسى «ھاماقەتلەر ، كۈلۈپلا ئۆتۈشنى بىلىدۇ» دەيدۇ . بىر كۈنى سارەم :

— سىز نېمىشقا شۇنچە كۈلگۈدەك ئىشقىمۇ كۈلمەي ، بۇتتەك قاراپ تۇرىسىز ؟ — دېۋىدى ، ئۇ :

— ئۆزۈممۇ ئانچە ئۇقمايمەن ، ئەمما كۈلكىنى ئۆچ كۆرىمەن ، بۇ مېنىڭ ئەرلەر تولا كۈلسە ئۆزى كۈلكىگە قالىدۇ ، دېگەن قاراشتا بولغانلىقىمدىن ئەمەس ، ئەمما كۈلكىنى ھېچ خالىمايمەن ، — دېگەنىدى . سارەم :

— پەقەت كۈلمەمسىز ؟ — دەپ قايتىلاپ سورىدى .

— بەلكى شۇنداق بولۇشى مۇمكىن ، ئەمما ھازىر بۇنىڭغا بىر نەرسە دېيەلمەيمەن .

— ئوھۇش ، ئەمما ، مۇمكىن دېگەن نېمىدېگەن گەپ ئۇ ؟ مەن

بۇنداق گەپلەرنى چۈشەنمەيمەن ، زادى قاچان كۈلىسىز ؟ شۇنى سورىۋالاي !

— جەننەتكە كىرگەندە ! تولۇق قاقاقلاپ ، بار ئاۋازىم بىلەن كۈلىمەن .

— سىزچە ، جەننەت زادى قەيەردە ؟

— ھە ، ئۇ باشقا بىر دۇنيادا !

— باشقا بىر دۇنيادا ؟ — سارەم تېڭىرقاپ قالدى ، — باشقا بىر دۇنيا دېگەن قانداق دۇنيا ئۇ ؟ ياكى تاغاملار ئۇ دۇنيا دېگەن دۇنيا شۇمۇيا ؟

— ياق ، ئۇ دۇنيادا ئەمەس ، مۇشۇ دۇنيادا ، ئۇ ئادەملەر ئۆزى يارىتىدىغان دۇنيا ، غەيرەت قىلسا ، بۇ دۇنيانىڭ ئىچىدە جەننەتنى چوقۇم ياراتقىلى بولىدۇ .

— ھىم ، — سارەم تۇمشۇقىنى ئۇچلىدى ، — قانداق دېگەن گەپ بۇ ؟ ئۆزىمۇ ، مەنمۇ ئۇيغۇر تۇرۇپ ، گېپىنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ يا بۇ كىشىنىڭ ! ئادەملەر جەننەت ياسىيالامدۇ ؟ جەننەت خۇدانىڭ ئىلكىدە . ئادەم ئۆلگەندە ياكى جەننەتكە ، ياكى دوزاخقا كىرىدىغان گەپ . نەدىمۇ ئادەم جەننەت ، دوزاخ ياسىيالايدىغان ئىش بولسۇن ؟ مېنى ئوقۇمىغان ، ساۋاتسىز ، سەھرالىق قىز دەپ مازاق قىلىۋاتامسىز ؟ بۇنچىلىك ئىشنىمۇ بىلمەمدۇ ئادەم ؟

سارەم دومسايدى ، ماي تارتىپ كەينىگە ئۆرۈلۈۋالدى . يۇسۇپ شۇئان سارەمنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە قاراتتى :

— سارەم ، مەن ياشلىق ھاياتىمدا كۆپ مازاق قىلىشقا ئۇچرىغان ئادەم ! مەن كىشىلەرنى مازاق قىلماسلىققا قەسەم قىلغان . بۇ مېنىڭ راست گېپىم ، مەن سىزگە راست گېپىمنى ئېيتسام ، جەننەت بىلەن دوزاخنى ئادەملەرنىڭ ياسىغىنىنى ئاڭلىغانلا ئەمەس ، بەلكى كۆرگەن ، كۆرۈۋاتىمەن ، سىزمۇ كۆرۈۋاتىسىز ، مانا بىز تۇرۇۋاتقان يەر ھازىر قىيامەت قايىم بولۇۋاتقان يەر…

— جەننەت ، دوزاخنى ئۆزى ياسايدۇ ؟… قىيامەت قايىم بولۇۋاتقان يەر ؟…
سارەم يۈسۈپنىڭ چاقچاق قىلمايۋاتقان ، سەممىي سۆزلەۋاتقانلىقىغا ئىشەنسىمۇ ، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمىدى ھەم چۈشەنمىدى .
— ئۇنداقتا ، جەننەتنى سىز بىلەن مەن ياسىيالايمىزمۇ ؟
— ياق ، سىز بىلەن مەندەك نۇرغۇن ئادەم بىر نىيەتكە كەلگەندە ، ياسىغىلى بولىدۇ .
— ئەمىسە ، مۇشۇنداق ئاچارچىلىقتىن ئۆلۈپ كېتىۋاتقان ئادەملەر بىرلىشىپ جەننەت ياساپ ، باياشات ياشىسا بولامدۇ ؟
— …
— ئادەملەر دوزاخنى نېمىشقا ياسايدۇ ؟
— ئۆزلىرىنى قىيناش ئۈچۈن .
— ساراڭ بولمىسا ، نېمىشقا ئۆزىنى قىينايدۇ ؟
— …
— دوزاخ ياسايدىغان ئادەملەر كۆپمۇ ؟
— ھەم ئاز ، ھەم كۆپ .
سارەمنىڭ سەپرايى ئۆرلىدى :
— بۇ نېمىدېگەن گەپ ؟ ھەم ئاز ، ھەم كۆپ… مۇشۇمۇ گەپ بولدىمۇ ؟
يۈسۈپ بۇلۇتلۇق ئاسمانغا قاراپ تۇرۇپ چۈشەندۈردى :
— ئۇلار ئۆزى ئاز بولسىمۇ ، دوزاخنى ئۆزى ئازابلىماقچى بولغان كۆپ ئادەملەرنىڭ قولى بىلەن ياسايدۇ .
— خەقنى نېمىشقا ئازابلايدۇ ؟
يۈسۈپ دەرھال سارەمگە ئىشارەت قىلدى :
— سارەم بولدى ، ئەمدى بۇ گەپلەرنى سورىماڭ ھەم بۇ گەپلەرنى قەتئىي ئاغزىڭىزغا ئالغۇچى بولماڭ ! بۇ مېنىڭ سىزگە تۇنجى قېتىم دېگەن مەخپىي گېپىم بولۇپ قالسۇن . بۇ گەپلەر ئاغزىڭىزدىن چىقىپ كەتسە بولمايدۇ . بۇ مېنىڭ سىزگە ئامانىتىم .

قاراڭ ، تاماق ۋاقتى بوپتۇ ، ھەممە ئادەم داس ـ تەلەڭگىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ، كومىۇنا ئاشخانىسىغا ئۇماچقا كېتىپ بارىدۇ ، يۇرۇڭ ، بىزمۇ بېرىپ ئېلىۋالايلى ، سەل كېچىكسەك ، كېچىچە ۋاسا ساناپ چىقىمىز .

سارەم خۇشال بولۇپ قەدەم باستىيۇ :

— ئالدىدا بېرىۋالسام ، مېنى پومىشچىك دەپ تىللايدۇ ، — دېدى كۆزىگە ياش ئېلىپ .

— مەن كاپالەتلىك قىلىمەن ، يۇرۇڭ ! مەن بار يەردە ھېچكىم سىزگە بىر نېمە دېيەلمەيدۇ ، — دېدى يۇسۇپ .

— سىز بىلەن ماڭسام ، ئىزا تارتىمامدىمەن ؟

— ئۇنداق بولسا ، مەن ئالدىڭىزدا كېتىۋېرەي ، سىز ماۋۇ قوناقلىقنىڭ ئاۋۇ چېتى بىلەن مېنى ئىزدېگەن بولۇپ ياتىقىمغا كىرىڭ . ياتىقىمدا ھېلىقى نۇردۇن دېگەن سەپدىشىممۇ بار .

— ئۇ تازىمۇ قاملاشمىغان يىتىمدەك تۇرىدۇ .

— ئىچى تارراق ھېس قىلدىم ، لېكىن ئۇنىڭ ئىچى تار بولسا ، بىز بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى ؟ ئۆزىنىڭ ئىچى ئۆرتىلىپ تۇرىۋېرىدۇ ، خالاس .

## 2

غۇۋا چۈش .

قاتتىق تۇتقان تولغاق سارەمنى ھوشىدىن كەتكۈزۈۋەتتى . قارىغاندا ، ئوقىنىڭ زەربىسىدىن ، بالا مۇددەتتىن بۇرۇن تۇغۇلىدىغاندەك تۇرىدۇ . بىر مامات ئۈستىدە تۇرغاندا ، يەنە بىر ھايات ـ مامات جېڭىگە بۇ بىچارە بەرداشلىق بېرەلەرمۇ ؟…

بىر دەھشەتلىك پاجىئەنىڭ ۋەھىمىلىك كۆلەڭگىسى يۇسۇپنىڭ ھارغىنلىق ، غەزەپ ، خورلۇق ئارىلىشىپ كەتكەن ئاجايىپ سۈرلۈك قىياپىتىدىن مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدۇ . ئۇ ئۆيگە كىرىپ كەلدى . ئۇ ئۆيگە كىرگەندە ، سارەم كىچىككىنە نەفسەنىڭ



www.uyghurkitap.com

سىڭىلىسىنى ئايرىپ، كىچىككىنە قىلىپ، ئۇنىڭ خۇددى يېڭى پىلەك تارتقان ھەشقىپىچەكنىڭ يۇمران غولىدەك ئىككى تال چېچىنى چىرايلىق ئۆرۈپ قويۇۋاتاتتى. يۇسۇپ ئىشىكنى ياپتى - دە، ئىشىككە يۆلىنىپ، كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەپ تۇراتتى، بېشىدىكى ئاق بۆك، ئۇچىسىدىكى ئاق خالات، بوينىدىكى پلانداسكوپ (يۈرەك ھەرىكىتىنى تىڭشىغۇچ) لار شۇ پېتى ئىدى. سارەم دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ھال سورىدى. نەفىسە «دادا» دېگىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا باردى. پۇتلىرىدىن قۇچاقلاپ، چوڭ قارا كۆزلىرى بىلەن ئاتىسىغا تىكىلدى. ئەمما يۇسۇپنىڭ ئادەتتە ئىشتىن قايتىپ كىرگەندە، ھېچنېمىگە قارىماي، ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلگەن ئوماق قىزى نەفىسەنى بىر ھازا قۇچىقىغا ئېلىۋېلىپ، باغاشلاپ ئەركىلىتىپ سۆيۈپ، ئوينىتىپ كېتىدىغان ئادىتى بۈگۈن كۆرۈنمىدى. قىزچاق ئاتىسىنىڭ ئۆزىگە تۇنجى قېتىم پەرۋاسىز قارىغانلىقىنى كۆرۈپ، بارمىقىنى چىشلىدى، ئاتىسىغا قاراپ كۆزىگە ياش ئېلىپ دومسايدى، سارەم نەفىسەنى قۇچىقىغا ئېلىپ، يۇسۇپنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— بىر يېرىڭىز ئاغرىمىدا؟

يۇسۇپ بېشىنى چايقىدى.

— ئەمىسە، بىرەر كۆڭۈلسىزلىك بولدىما؟

يۇسۇپ ئۇندىمەستىن جىممىدە تۇردى، سارەمنىڭ ئۆڭسۈلى ئۆچۈپ، كۆزلىرى سەل يوغىناپ كەتتى.

— ئادەمنى دەككە - دۈككە قىلماي دېمەمسىز؟ زادى نېمە ئىش بولدى؟...

يۇسۇپ قوللىرى بىلەن، چاچلىرى چۇشۇپ، پېشانىسى بارغانچە بېشى ئۈستىگە قاراپ كېڭەيگەن، ئاق ئارىلىغان چاچلىرىنى چىڭ سىقىمدىدى، ئاندىن ئىككى چېكىسىنى قاتتىق ئۇۋۇلىدى، بىراق يەنىلا كۆزىنىمۇ ئاچماستىن جاۋابسىز تۇردى. سارەم ئۇنىسىز تۇرغان ئېرىدىكى تاسادىپىي يۈز بەرگەن بۇنداق ئۆزگىرىشتىن

تەگسىز بالا ـ قازانىڭ شەپىسىنى سەزگەندەك ئەندىكىپ كەتتى ھەم ھۆ تارتىپ يىغلىغىنىچە بېرىپ، كارىۋاتتا تەتۈر قاراپ ئولتۇردى ـ دە، سۆزلەشكە باشلىدى:

— چۈشۈمدە نەچچە قېتىم بۇزۇلغان، غېرىب ـ غۇرۋالارغا سەدىقە بەردىم، قاپىقىم توختىماي تارتىقلىق تۇرغىلى ئىككى ئايدىن ئاشقانىدى، زادى كۆڭلۈم تويۇپلا تۇراتتى، ماڭا كېلىدىغان كەلگۈلۈك ئەمدى بار ئوخشايدۇ…

يۈسۈپ ئۈستىدىكى خالات، پلانداسكوپلارنى ئېلىپ، ئۆينىڭ بىر تەرىپىدىكى كونا شىرەنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى ھەم ئىنتايىن روھسىزلانغان ھالدا، ئاستا مېڭىپ، ئانىسى بىلەن تەڭ قىرىلداپ يىغلاۋاتقان نەفىسەنى قۇچىقىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ياش بىلەن يۇيۇلۇپ توقاچتەك قىزىرىپ كەتكەن ئوماق مەڭزىگە يۈزىنى ياقتى، ئالدىرىماستىن ئۆزۈن ـ ئۆزۈن بىرنەچچىنى سۆيدى، ئاندىن قولياغلىقىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭ يۈزىنى سۈرتتى.

— سارەم، يىغلاۋەرمەي ماڭا قارا! تۈت ماۋۇ ياغلىقنى، كۆزلىرىڭنى سۈرتۈۋالغىن! — يۈسۈپ ئىنتايىن بوش، زەئىپ ئاۋازدا سۆزلىدى، — بىلىسەن، تولا يىغلىغان ئادەمنى كۆرسەم، سەپرايىم ئۆرلەيدۇ. يىغلىمىغىن، يىغلىساڭمۇ، بەربىر بولىدىغان ئىش بولدى… ئۇنى يىغا بىلەن توسقىلى بولارمىدى! شۇڭا، ھازىرنىڭ ئۆزىدە، مەن سېنىڭ ۋە قىزىمىنىڭ بەختسىز بولۇپ قېلىۋاتقىنىڭلاردىن قايغۇرۇۋاتىمەن.

سارەم بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئېرىگە گاڭگىرىغان ھالدا قارىدى. يۈسۈپ باشقا تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ:

— ھەرقاچان، بىرەر سائەتتىن كېيىن قولغا ئېلىنىشىم مۇمكىن… — دېدى.

— ھە؟! — سارەم قاتتىق چۆچۈپ ۋارقىرىغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — سىزنى نېمىشقا قولغا ئالىدۇ؟ ياكى سىز ئوغرىلىق قىلمىسىڭىز، ياكى قاتىللىق قىلمىسىڭىز؟

— ھېسابتا، مەن قاتىللىق قىلغان بولدۇم، مەن ئوپېراتسىيە

قىلغان بىر خەنزۇ ئالىم تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كەتتى . ئۇ تەكلىماكاننى
گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشكە ماڭغان ھېلىقى تۆگىلىك
خەنزۇلارنىڭ باشلامچىسى ئىكەن ، تونۇگۇن ناھىيە ئۇلارنى
داغدۇغىلىق يىغىن ئېچىپ ئۇزىتىپ قويغانىدى ، يولغا چىقىش
ئالدىدا ، تۇيۇقسىز ئاغرىپ يىقىلىپتۇ . تەكشۈرسەم ، جىددىي
خاراكتېرلىك سوقۇر ئۇچەي بوپتۇ . ئوپېراتسىيە قىلىپ ، سوقۇر
ئۇچەينى ئېلىۋەتسىلا ، ئوڭشىلىپ كېتەتتى . مەن بۇ قارىشىمنى
ئوتتۇرىغا قويدۇم ، شۇ چاغدا بۆلۈمىمىزنىڭ ھېلىقى ناشېكەر
مۇئاۋىن مۇدىرى نۇردۇن ئۇنى ئون ئىككى بارماق ئۇچەي يارىسى
چىقىرىپ ، ئوپېراتسىيە قىلمىسىمۇ ، دورا ، ئوكۇل بىلەن داۋالاپ
ساقايتقىلى بولىدۇ ، دەپ داۋراڭ سالدى . مەن جىددىي ئوپېراتسىيە
قىلمىسا ، كېسەلنىڭ ھاياتىدىن ئايرىلىدىغانلىقىنى ئېيتتىم ، شۇ
چاغدا ، يۇقىرىدىن قانداقلىكى چارە ـ ئامال بولسا ئىشقا سېلىپ ،
كېسەلنى چوقۇم قۇتۇلدۇرۇۋېلىش لازىملىقى ، ئۇ كىشىنىڭ
ئىنتايىن مۇھىم پەن ـ تېخنىكا خادىمى ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە
ئەسكەرتىپ ، بۇيرۇق كەپتۇ . ناھىيە باشلىقلىرىنىڭ ھەممىسى
تېپىرلىشىپ كەتتى ، ھېچقانداق ۋاقىتتا نۇردۇننىڭ سىزىقىدىن
چىقماي ، ئۇنى قولتۇقلىۋالىدىغان دوختۇرخانا باشلىقى تاسادىپىي
مېنىڭ قارىشىمغا قوشۇلدى . شۇنىڭ بىلەن ، كېسەل ئوپېراتسىيە
قىلىندى . ئوپېراتسىيىنى مەن قىلدىم . ھەقىقەتەنمۇ سوقۇر ئۇچەي
بولۇپ چىقتى ، ئوپېراتسىيە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى . كېسەلنىڭ
ئەھۋالىمۇ خېلى ياخشى ئىدى ، بىراق ئارىدىن يېرىم كۈن ئۆتكەندە ،
تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كەتتى . نۇردۇن قاتارلىقلار ناھايىتى قۇتراپ
كېتىۋاتىدۇ ، قانداقتۇر مەندە «قارا نىيەت» بار ئىمىش...
باشلىقلارمۇ مېنىڭ سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشۈمنىڭ ئىنتايىن
خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ ، ناھايىتى چۆچۈشۈپ كېتىپتۇ .
يۇقىرىدىن بۇ مەسىلىنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش
توغرىسىدا بۇيرۇق كەپتۇ . مەن بۇنىڭدا چوقۇم بىر ئويۇن بارلىقىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

سەزدىم ، بۇ چوقۇم نۇردۇننىڭ…
سارەم يەنە ھوشىدىن كەتتى .

## 3

غۇۋا يورۇتۇپ تۇرغان شام يورۇقىدا ، يۇسۇپ قېتىپ ئولتۇرىدۇ ، ئۇنىڭ پورتمالىنىڭ ئارىسىدا سارەمنىڭ قۇچىقىدا كىچىككىنە نەفىسە ، ئۇنىڭ يېنىدا يۇسۇپ مۇلايىم كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرۇپ چۈشكەن سۈرەت تۇرىدۇ . ئۇنىڭ سۈرەتنى تۇتقان قولى بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىترەپ تۇراتتى . بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى ، ئىككى مۇھاپىزەتچىنىڭ ھەمراھلىقىدا ، تولۇق قوراللانغان ، چىرايى ئادەتتىن تاشقىرى جىددىي ھەم سۈرلۈك تۇس ئالغان رازاق ھېكىم كىرىپ ، ئاۋۋال ئۇنىڭ پۈتىنىڭ ياخشى بولغان ـ بولمىغانلىقىنى سورىدى . يۇسۇپ پۇتىدا سەل تالغاندىن باشقا ھېچقانداق ئالامەتلەر يوقلۇقىنى ئېيتتى . رازاق ھېكىمنىڭ چىرايىغا سەل تەبەسسۇم يۈگۈرگەندەك بولدى :

— رەھمەت سىزگە يۇسۇپكا ، رەھمىتىمىزنى ئامان بولساق كېيىن باشقىدىن دېيىشەرمىز . ئەتە ـ ئۆگۈننىڭ ئىچىدە ، زولىقۇمدا[1] قاتتىق تۇتۇشىدىغاندەك تۇرىمىز ، بۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا خوجايىنلىرى قاتارىدا رەقىبىڭىز نۇردۇنمۇ قاتنىشىدىكەن ، بەلكى ئامىتىمىز كېلىپ قالسا ، ئۇ ئىپلاسنىڭ ئەجىلى ئاشۇ نەس باسقان قۇملۇقتا بولۇپ قالار ، ئۆلۈكى قاغا ـ قۇزغۇنلارغا يەم بولۇپ كېتەر . بىزمۇ بۇ تەقدىردىن قۇتۇلالماسلىقىمىز مۇمكىن . مېنىڭ سىزنىڭ يېنىڭىزغا كىرىشىمدىكى ئاساسىي مۇددىئايىم ، سىز بىز بىلەن ، شەخسەن مەن بىلەن ھەربىر قەدەمدە بىرگە تۇرۇپ ئۇرۇشقا قاتنىشىسىز ، مەن شۇنى ئۈمىد قىلىمەن ، بۇ مېنىڭ سىزگە ھەم

---

[1] زولىقۇم -- مەكىت ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىغا تەخمىنەن ئاتمىش ـ يەتمىش كىلومېتىر كېلىدىغان تەكلىماكان قۇملۇقىغا جايلاشقان يۇرت . 1969 ـ يىلى بۇ يەردە توپىلاڭچى ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا زور كۆلەملىك قانلىق جەڭ بولغان .

ئىلتىماسىم ، ھەم بۇيرۇقۇم !...

رازاق ھېكىم شۇلارنى دېدى ـ دە ، چىقىپ كەتتى . يۇسۇپنىڭ ۋۇجۇدىدا شىددەتلىك بىر قاينام ئېقىم پەيدا بولدى . ئۇنىڭ مۇشتۇملىرى چىڭ تۈگۈلدى ، كۆزلىرى بىر كىچىكلەپ ، بىر چەكچەيدى . ئۇ قويۇق قوڭۇر بۇرۇتى ئاستىدىن قىزىرىپ سەل تۈۋەنگە سوزۇلغان كالپۇكىنى چىشلىدى ، چىڭ تۈگۈلگەن مۇشتۇمى ئۈستىدىن كۆپۈپ چىققان تومۇرلىرى بارغانچە كۆكىرىپ ، ئوسما رەڭگىدە ، خازان تاشلىغان دەرەخ شاخلىرىدەك كۆرۈندى . مانا بۇ ئۇنىڭ قەتئىي قارارغا كەلگەنلىكىنىڭ ئالدىنقى شەپىسى ئىدى . ئۇنىڭ قۇلىقىغا سىرتتىن بىر ئىتنىڭ غەزەپ بىلەن بوغۇلۇپ قاۋىغانلىقى ، ئۇنىڭغا ئارىلىشىپ ، بىر ئايالنىڭ ئىتقا كايىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . بۇ ئاۋاز — ئادەملەر نۇرغۇن قېتىم ئاڭلىغان ، ئەمما ھېچ ئېتىبارسىزلا بىر سۇ ئىچىم ۋاقىت ئىچىدە ئۇنتۇلۇپ كېتىدىغان ئاۋاز ئىدى . بىراق ، ھەر قېتىم ئىت قاۋىغان ئاۋاز بىلەن ئايال كىشىنىڭ ئاۋازى ئارىلاش ھالدا ئاڭلانسا ، يۇسۇپ ھاياجانلىناتتى ، قانلىرى ئۇرغۇيتتى ، ۋۇجۇدى ئەڭ ئاچچىق ، ئەڭ نازۇك سېزىملار ئىلكىدە لەرزىگە كېلەتتى . ئىت قاۋىسا ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئورۇقلاپ ، سۆڭگەچلىرى ئۇششاق باللار چامغۇر سانجىپ يەيدىغان يۇلغۇن چوكىسىدەك بولۇپ قالغان ، تولا زەنجىر تارتقانلىقتىن ، بويۇنلىرىنىڭ تۈكى چۈشۈپ قىپقىزىل توقاچ يارا بولۇپ كەتكەن ، كۆزلىرى چوغدەك قىپقىزىل ھەم كىچىك كۆزى ئۈستىدە كۆزىگە رەڭداش بىر چىمدىم قېشى بولغان ، پېشانىسىدە بارماقتەك ئېقى بار ، قورساقلىرى غالتەكتەك چىڭ يۆگەلگەن ، قۇيرۇقىنىڭ ئۇچى ئاق قوڭۇر ، يىراقتىن قارىسا ، خۇددى تۆت كۆزى بار ئاجايىپ قورقۇنچلۇق بىر مەخلۇقتەك كۆرۈنىدىغان بىر ئىتنىڭ ئۇنىڭ ئالدىغا شىددەت بىلەن ئېتىلىپ كېلىۋاتقانلىقى كېلەتتى . بۇ كۆرۈنۈش ئۇنى شۈركەندۈرۈپ چۆچۈتۈۋېتىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ، بۇ كۆرۈنۈش ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىپلىۋالىدۇ . ئۇنى ئويلىماي دېسىمۇ يەنىلا ئويلايدۇ ، ئۇ تۇرمىدە ياتقان ئاشۇ

كۆنلەردىمۇ ، قارلىغاچ قانىتى قىلىپ باغلىنىپ ، ئۆلۈم ھۆكۈمى ئېلان قىلىنىۋاتقان سوت سەھنىسىدىمۇ بۇ ھەم ئاچچىق ، ھەم شېرىن ئەسلىمىلەرنى ئويلىماي تۇرالمىغان ، ئىت ئاۋازى ، ئايال ئاۋازى قەيەردە ئاڭلانسا ، شۇئان ئۇنىڭ خىيالىدا شۇ كۆرۈنۈش پەيدا بولىدۇ...

يۇسۇپ تۈگىمەس - پۈتمەس دەرد - ئازابلارنى كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا يۇرتى قەشقەرنىڭ ئۆمۈچۈك تورىدەك ئوڭغۇل - دوڭغۇل قىستاڭ كوچىلىرىغا تاشلىۋېتىپ ، قۇلىقىم ئاڭلىمىسۇن دەپ ، ئەڭ يىراق تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئارىسىدىكى بۇ بوستانلىق سەھراغا كېلىپ ، ئۆزىنىڭ خىزمەت ۋە جەمئىيەت ھاياتىنى باشلاپ ، بىر ئاي بولغاندا ، بىر ئەتىگىنى دوختۇرخانا باشلىقى ئۇنى ئىشخانىسىغا چاقىرتتى . ئوقۇش پۈتتۈرۈش ، خىزمەت تەقسىماتى جەريانىدا ، بۇ «ۋەتەن خائىنى» نىڭ بالىسىنىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەن مۇناسىۋىتىنىڭ زادى بار - يوقلۇقى ، ئۇلارنى سېغىنىدىغان - سېغىنمايدىغانلىقى ، خەت يازغان - يازمىغانلىقى قاتارلىق ئادەمنىڭ ئىچىنى ئېلىشتۇرۇۋېتىدىغان سوئاللار ئۇنىڭدىن بەكمۇ كۆپ سورالغانىدى . ئۇ باشلىقنىڭ يېنىدىن بۇ باشلىقنىڭ يېنىغا ، ئۇ ئىشخانىدىن بۇ ئىشخانىغا تولا چاقىرتىلىپ ، تولا مەسىلە تاپشۇرۇپ ، ئاتا - ئانىسى بىلەن بىرگە بولغان كۈنلىرىنى مەجبۇر- لاشلار ئىچىدە تولا ئەسلەپ ، بەزىدە ئەسلىگەندە سېغىنغان بولۇپ چىقىپ قېلىپ ، بىرىنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ، يەنە بىرىنىڭ قوپال مۇئامىلىسىگە تولا ئۇچراپ ، باشلىق ئىشخانىغا چاقىرتسىلا ، ئۆزىگە بولىدىغان ئايىغى چىقمايدىغان تۈگىمەس سوئال - سوراقنىڭ شەپىسىنى بىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى . يۇسۇپ بۇ سوئال - سوراقلارنىڭ ئايىغى چوقۇم مۇشۇ يىراق سەھراغىمۇ يېتىپتۇ ، دېگەن قاراشقا كېلىپ ، قەلبىدە مىڭ پاتمان ئازاب چېكىپ ، يەنە جاۋاب بېرىشتىكى كەيپىياتىنى تىزگىنلەش ، تەمكىن ، جاسارەتلىك بولۇش قاتارلىق ئىشلارغا ئىدىيە جەھەتتە تولۇق تەييارلىنىپ ، باشلىق ئىشخانىسىغا كىردى . ئاھ... مانا باشلىقنىڭ ، مانا بۇ ئاق

كۆڭۈل باشلىقنىڭ چىرايى قايغۇلۇق، سۈرلۈك تۈس ئالغان. ئۇنىڭغا چوقۇم «ئاتا ـ ئاناڭ بىلەن مۇناسىۋەتنى چوقۇم ئۈزدۈڭمۇ؟ سېغىنامسەن؟» دېگەن سوئاللارنى سوراش تەس كېلىۋاتسا كېرەك. ئىنسان ئۈچۈن، دۇنيادا ئەڭ قەبىھ پاجىئەلەر ئىچىدە، «ئاتا ـ ئانامدىن تاندىم، ئۇنى مەڭگۈ، ئۆمۈر بويى سېغىنمايمەن» دېيىشتىن، بۇ سۆزنى ئانىنىڭ كۆكسىدىن ئاق سۈتنى شورىغان ئېغىزدىن چىقىرىشتىن ئارتۇق پاجىئەمۇ بولامدۇ؟ كىممۇ ئاتا ـ ئانىسىدىن تانىدۇ؟ كىم ئاتا ـ ئانىسىنى سېغىنمايدىكەن؟ ئەي، يالغان گەپكە، پەردازلانغان «ھەقىقەت» كە ئامراق ئادەملەر! سىلەر ئۆزۈڭلار ئاتا ـ ئاناڭلاردىن تانغانمۇ؟ ئاشۇنداق قارا يۈزلۈكلەرنى قىلغانمۇ؟ سىلەر سىياسىي بېسىم بىلەن، ئۇنىڭ ئاغزىنى تاندۇرالىغان بىلەن، يۈرىكىنى تاندۇرالايتتىڭلارمۇ؟ مەيلى چەت ئەلدە بولسۇن، مەيلى گۈلەختە ياتىدىغان قەلەندەر بولسۇن، ئاتا ـ ئانا دېگەن بەربىر ئاتا ـ ئانا ـ دە! بۇنى سېغىنماي مۇمكىن-مۇ؟ بالىدىكى يۈرەك ئاشۇ يۈرەكلەرنىڭ جەۋھەرلىرىدىن پۈتكەن ئەمەسمۇ! ئەي، سىلەر يالغانغا زورلاپ، يالغانغا ئىشىنىدىغان بەندىلەر! يۈسۈپ يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇرالىدى. باشلىقنىڭ ئاغزىدىن «ئاتا» سۆزى چىققان ھامان، ئۇ ئاۋازىنى گۈلدۈرمامىدەك قويۇپ بېرىپ، بار ئاۋازى بىلەن يىغلىۋېتىدۇ. مانا بۇ يۈرەكتىن چىققان ھەقىقەت، بەلكى بۇ ھەقىقەتنىڭ ئىسيانى بولىدۇ. بۇ يىغىنىڭ ئاخىرى نېمە بولۇپ چىقىدۇ؟ زىندان! بۇ ئاقىۋەت ئۇنىڭغا شۇ ۋاقىتتا كىشىلەر ئىچىشكە مەجبۇر بولۇۋاتقان كوممۇنا ئاشخانىسىنىڭ سۈپۈرگە توغراپ ئەتكەن كېپەك ئۈمىچىدەك تەييارلا! مەيلى، زىندان ئۇنىڭغا ئاتا ـ ئانىسىدىن تانمىغانلىق جىنايىتىنىڭ جازا مەيدانى بولسا، مەيلى... ئەمەلىيەتتە ئۇ يەردە كىشىنىڭ نەپسىنى سىقىدىغان مۇنداق ئېغىر سىياسىي ھاۋا يوق... ئۇ يەردە كۆك پىتلار ئۆمىلەپ يۈرگەن تام ـ تورۇسلارغا قاراپ، خالىغانچە خىيال سۈرگىلى بولىدۇ. يۈسۈپ كىرىپ كېلىشىگىلا، ئارقا چوققىسىنىڭ چېچىلا قالغان دوختۇرخانا باشلىقى

قولىدىكى ھۆججەت بىلەن بۇرنىنىڭ ئۇچىغىلا سىيرىلىپ چۈشۈپ قالغان كۆزەينىكىنى شىرە ئۈستىگە قويۇپ، يۈسۈپنى ئۈستەلگە ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى. شۇ چاغدىلا، يۈسۈپ ھەربىي فورمىدىكى، تەتۈر ئۈستىخان، ئۆزىدىن بىرنەچچە ياش چوڭ بىر قارىمۇتۇق يىگىتنى كۆردى. بىر قاراشتىلا ئۇنىڭ ھاكاۋۇر بىرنەرسە ئىكەنلىكىنى بىلدى، ئەمما يەنىلا سالاملىشىپ قويماقچى بولۇپ، سەل ئېگىلەي دېۋىدى، ئۇ ئەتەي كۆرمىگەن بولۇۋالدى. يۈسۈپنىڭ غۇززىدە ئاچچىقى كەلدىيۇ، ئىچىدە كۈلدى. «دۇنيادا مۇنداقمۇ ئاجىز، بىچارە مەخلۇقلار بولىدۇ، ئىسىت، سىلەرنىڭ ھالىڭلارغا!» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى ئۇ. شۇ چاغدا دوختۇرخانا باشلىقى ئايال كىشىنىڭ ئاۋازىدەك ئىنچىكە ھەم مۇلايىم ئاۋاز بىلەن، يۈسۈپنىڭ تۇرمۇش، خىزمەت ئەھۋالىنى سورىدى. بىلمەيدىغان ئادەم، بۇ ئىشخانىنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتۈپ قالغۇدەك بولسا، بۇ ئىشخانىدا بىر ئايال كىشى سۆزلەۋېتىپتۇ، دەپ ئويلاپ قالغۇدەك، دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى يۈسۈپ ۋە جاۋاب بەردى:

— كۆزلىرى كۆرۈۋاتىدۇ، كېلىۋاتقان كېسەللەر ناھايىتى كۆپ، ياتاق يېتىشمەي، كارىدورلاردا، ھەتتا سىرتتا يېتىۋاتىدۇ. بىز زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ داۋالاۋاتىمىز، بىراق، كېسەللەرنىڭ ساقىيىش نىسبىتى ئاز، ئۆلۈش نىسبىتى يۇقىرى بولۇۋاتىدۇ. كېلىۋاتقان كېسەلنىڭ ئاتمىش پىرسەنتى ئاشقازان كېسىلى، يىگىرمە پىرسەنتى قارا شامال كېسىلى، بۇ كېسەلنىڭ ھەممىسى سۇپۇرگە بىلەن چامغۇر توغراپ ئېتىلگەن تاماق، قورۇلغان كېپەكتە ئەتكەن ئۇماچ ۋە پىياز بىلەن ئەبجەش قىلىپ ئېچىتىلغان قوناق ئۇنىدا قىلىنغان مومىنى يېگەنلىكتىن كېلىپ چىققان.

— بولدى، بولدى، — دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاشقا تاقىتى قالماي، كۆزىنى يۇمغان ھالدا، گۆشلۈك ئالقانلىرى بىلەن كوسا ئېڭەكلىرىنى سىلاپ سۆزلىدى، — بۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا چۈشىنىشلىك، جۇڭگو تەۋەسىدە ياشاۋاتقان

ھەممە ئادەم بۇ ئىشلارنى چۈشىنىدۇلا ئەمەس ، بىۋاستە ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈۋاتىدۇ ، بولۇپمۇ بىزنىڭ بۇ چەت - يىراق سەھرادا تېخىمۇ شۇنداق . گېپىمنىڭ بېلىگە قېقىۋەتتى دەپ ، رەنجىپ قالماڭ ، مەن ھېچكىمنى رەنجىتىپ قويۇشنى ياقتۇرمايمەن ، ئەمما بۇ گەپنىڭ بېلىگە قېقىۋېتىش سىزگە كۆپ پايدىلىق بولىدۇ . ياش ئادەم بەك ھېسسىياتلىق كېلىدۇ ، ئەمما ھېسسىياتىڭىزنىڭ ھازىرقى زىل سىياسىي ۋەزىيەتكە ماسلاشقىنى ياخشى . بۇنىڭدىن كېيىن بۇ كېسەللەر نېمە سەۋەبتىن ئۆلۈۋاتىدۇ ، دەپ سورىسا ، سىياسەتكە قېيىپ كەتمەي ، ئۆز كەسپىي تىلىمىز بويىچە : «ئوزۇقلۇق نورمال ئەمەس ، قۇۋۋەت كەمچىل» دېسىڭىزلا بولىدى ، قالغان سۆزنىڭ ھەممىسى ئارتۇقچە . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ھازىر دورىمۇ ، دوختۇرمۇ كەمچىل ، ئاساسىي تەۋەررۇكلىرىمىزنىڭ بىرى سىز بولۇپ قالدىڭىز . ئاغزىڭىزنىڭ بېغى مەھكەمرەك بولمىسا ، ۋاقتى كەلگەندە ، بۇ بىزنىڭ تەۋەررۇكىمىز ئىدى دەپ ، بېشىمىزنى تاشقا ئۇرۇۋالساقمۇ بىكار . ھە راست ، سىزنىڭ كاللىڭىز قالغىنىنى بىلمەيدۇ . چاقىرىشىمدىكى سەۋەب ، سىزنى ئىنتايىن مۇھىم پەۋقۇلئاددە ۋەزىپە بىلەن ، ئۇخلاپ چۈشىڭىزدىمۇ كۆرمىگەن جايغا — تەكلىماكاننىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدىكى تۇمەنتال دېگەن يېزىنىڭ بىر ئېغىز دېگەن كەنتىگە ئەۋەتمەكچى بولۇۋاتىمىز . ئۇ يەردە ئومۇميۈزلۈك قارا كېزىك كېسىلى تارقىلىپ ، ئادەملەر ئاساسەن يىقىلىپتۇ . بۇ بىر چوڭ بالا - قازانىڭ باشلىنىشى ، خۇدادىن باشقىنىڭ كۈچى يەتمەيدىغان بىر ئاپەت… ئۇ يەردىكى پۈتۈن تەييارلىق ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى بىلەن يېزا دوختۇرخانىسى مۇۋاپىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ئىشلەۋاتىدۇ . ئۇ يەرگە كىرىپ - چىقىشلاردىن تارتىپ ، سۇ - يېمەكلىكلەرگىچە چەكلەندى . ھەممە ئىشلار ئاساسەن مۇۋاپىق كېتىۋاتىدۇ ، سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز پەقەت داۋالاش ھەمدە ئۇ يەردىكى تېببىي خادىملارغا يېتەكچىلىك قىلىش . بۇ ئادەتتىكى ئىش ئەمەس ، سىزلا ھۆددىسىدىن چىقالايسىز . ماۋۇ

يىگىت بىلەن تونۇشۇپ قويۇڭ ! ئىسمى — نۇردۇن ، ھەربىي سەپتىن يېڭى ئالمىشىپ كەلگەن ، ھۆكۈمەت بىزگە دوختۇر بولسۇن دەپ بېرىپتۇ ، لېكىن دوختۇرلۇق ساۋاتى يوق ، ئۆگىتىسىز ، ئاندىن سىزگە ياردەملىشىدۇ ، ھېچ بولمىسا ، دورا ساندۇقىنى كۆتۈرۈش ، شپرىس قاينىتىش دېگەندەك ئىشلارغا سالسىڭىزمۇ سىزگە ئارامچىلىق بولىدۇ . يەنە ، مەسىلەن ، خەتەرلىك ئۆلۈكلەرنى ھاكلاپ دېزىنفېكسىيە قىلىپ چوڭقۇر كۆمۈش ئىشلىرىدىمۇ بۇ كىشىگە تايانسىڭىز بولىدۇ . كۆردىڭىزمۇ ، تازا تەتۈر ئۇستىخان كۈچتۈڭگۈر ئادەم ، ھەربىي سەپتە چوڭقۇر ئورا كولاشنى ئۆگەنگەن ، ئاشۇ خەتەرلىك ئۆلۈكلەرنى چوڭقۇر كولاپ كۆمۈشتە ، نۇردۇننى گۆركار قىلىۋالسىز .

باشلىق شۇنداق دەپ خىرىلداپ كۈلدى . «ئۆزى ئاغزىڭىزنىڭ بوغقۇچى چىڭ بولسۇن دەيدۇ ، خەقنىڭ كۆڭلىنى ئاياشنى بىلمەي ، كۆڭلىگە نېمە كەلسە شۇنى دەۋېرىدىغان ئادەم ئىكەن بۇ !» دەپ ئويلىدى يۈسۈپ ھەم نۇردۇنغا قارىدى ، نۇردۇن ئۆپكىدەك ئېسىلىپ قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ ، چىرايىدىن غەزەپ يېغىپ كېتىۋاتاتتى . يۈسۈپ ئوڭايسىزلاندى ، باشلىق يەنە سۆزلىدى :

— ھە ، غەزىپىڭىز كېلىۋاتامدۇ يىگىت ؟ رەنجىمەڭ ! بىز ئەسلىي سىزنى قوبۇل قىلالمايتتۇق ، چۈنكى ، بۇ ھەربىي لاگېر ئەمەس ، ئادەم داۋالايدىغان ئورۇن ئىدى ، سىزنىڭ بۇ ئىشتىن قىلچە خەۋىرىڭىز يوق . سىزنى يۇقىرىدىن بىزگە تاڭدى ، ئامال يوق . دەرۋازا ساقلاشقا قويايلى دېسەك ، دەرىجىڭىز چوڭ ئىكەن . شۇڭا ، سىزنى بىر مەزگىل ئۆگىتىپ ، دوختۇر قىلىۋالايلى ، دېدۇق . شۈكرى قىلسىڭىز بولىدۇ ، بۇ ھۈنەر ئانچە ئاسان ئەمەس . يەنە دەپ قوياي ، مەن بايا گېپىنى قىلغان يۈسۈپ مۇشۇ ! بۇنىڭ ھەرقانداق گېپىدىن چىقمايسىز ، نېمىگە بۇيرۇسا ، شۇنى قىلىسىز ، بىلدىڭىزمۇ ؟ بولدى ، سىز چىقىپ ، ئەتە يۈسۈپ بىلەن يولغا چىقىشقا تەييارلىق كۆرۈڭ !

نۇردۇننىڭ چېكىلىرىدىن تەر بۇزۇلداپ چىقىپ كەتكەن

بولۇپ ، پۈشۈلداپ تىنغىنىچە باشلىقا تىكىلىپ قالغانىدى . باشلىق ھېچ پەرۋاسىز ئۇنى يەنە بىر قېتىم چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇغاندىن كېيىن ، ئۇ ئاندىن چىقىپ كەتتى . بۇ ھالدىن يۈسۈپ ئىنتايىن خىجىل بولدى ھەم ئىزا تارتىپ گەدەنلىرىگىچە قىزىرىپ كەتتى .

تازىمۇ قوپال ، كوسا بولغان بىلەن يۈزسىز ئادەمكىنە بۇ ؟ قىزىل يۈزلۈك ئادەم يۈزمۇ يۈز قاراپ تۇرۇپ ، قانداقمۇ بۇنداق گەپلەرنى قىلالايدۇ ! تازىمۇ بىر ئادەمكەن ، دەپ ئويلىدى يۈسۈپ . نۇردۇن چىقىپ كېتىشىگىلا ، باشلىقنىڭ چىرايىدىكى سوغۇقلۇق پۈتۈنلەي يوقىلىپ ئۇنىڭ ئورنىنى بىر خىل مۇلايىم تەبەسسۇم ئىگىلىدى . ئۇ قوللىرىدىن قاس چىقىرىپ تۇرۇپ :

— قاراڭ ئۇكام ، بۇ ئەسكەر بولغان سولتەكلەر قانچىلىك بىر نېمىلەر ئىدى ؟ بىرەر يەردە ئادەم كۆرگەزمىسى بولسا ، قويغۇدەك قۇرۇق سۆلىتىلا بار ئىكەن ، خالاس . ئۇنىڭدىكى ھاكاۋۇرلۇقچۇ تېخى ! ئالمايمىز دەپ شۇنچە چىڭ تۇرسام ، ۋاي ، ئۇ بولسام ، بۇ بولسام ، ئاززۇيۇم دوختۇر بولۇش ئىدى ، بەك قىزىقاتتىم ، دېدى . بوپتۇ ، ياش بىر نەرسە ئىكەن ، بىزنىڭمۇ بالا ـ چاقىمىز بار ئەمەسمۇ ، دەپ ماقۇل بوپتىمەن . بۇ گۇينىڭ كاززاپ چولە ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلەي ! دوختۇرخانىغا كۆتىنى پاتۇرۇۋېلىپلا ، خوتۇنىنى ئۇرۇپ ، ئىككى بالىسى بىلەن مەجبۇرىي قويۇۋېتىپتۇ . ئائىلى بىر يېتىم ، ئاتا ـ ئانىسى يوق چوكان ئىكەن ، ئالدىمغا كېلىپ يىغلاپ ، كۆپ ھال ئېيتتى ، بۇ ئەسكەرگە شۇنچە نەسىھەت قىلدىم ، زادى گەپ يېمىدى ، بىرئاز ئۇچۇقداپ قويدۇم ، ئەمما شەخسىي تۇرمۇشقا بۇنىڭدىن ئارتۇق ئارىلاشقىلى بولامدۇ دەيسىز ؟ ھېلىقى بىچارە ئايالنى ئىدارىنىڭ چايخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ ، بىر ئېغىز ئۆينى ئۆلتۈرۈشقا بەردىم . ئۇ ئۆز يۇرتىدا ، ماكانسىز سەرگەردان بولۇپ قالسا بولمايدۇ ـ دە ! ھا... ھا... ھا... دېگەن بىلەن ، مېنىڭ ئاغزىمنىڭ بوغقۇچى سېنىڭكىدىن بوش ـ دە ! ياكى قېرىپ قالدىممۇ ، ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ ، سەپرالىشىپ ، ئاغزىم ئېچىلسىلا ، سۆزلەپ قالىدىغان

بولۇپ قالدىم ، بىرئاز چارچاپمۇ قالدىم ، گەپ شۇ ! ئەتە يولغا چىققىن ، نۇردۇننى چىڭ تۇت ! ئاندىن بۇ يەردە سىياسەت توغرىسىدا ئېغىز ئاچمىغىن ، ھەر راست ، سەنلىسەم خاپا بولامسەن ؟ مەن يېقىن ئادىمىمنى ، مەسلەن ، ئاتا ـ ئانام ، بالام ، ئاكا ـ ئىنىم... دوستلىرىمنى سەنلەيمەن ، رەنجىمىگىن . ئۇ تۇتامى يوق ، بىر ئەسكى نەرسە ئىكەن ، سۆزۈڭگە دىققەت قىل ، بۇنىڭ قولىدىن ھەرقانداق ئەسكىلىك كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ . كىچىكىمدە ، ئاتام : «پورداق يۈز ئادەمدىن ۋاپا كەلمەيدۇ» دەيدىغان . ئۇنىڭ يۈزىنى كۆردۈڭمۇ ؟ ھە ، بايا دېگەنلىرىڭگە ئەمدى قوشۇمچە قىلاي ، ئادەملەردىكى بارلىق كېسەل ئاشۇ كوممۇنا ئاشخانىسىنىڭ ئۇماچ قازىنىدىن كېلىۋاتىدۇ ، بۇنىسى راست . بۇ سىياسەت... جاھان ھامان ئۆڭشىلىدۇ... ماقۇل ، خۇداغا ئامانەت !...

ئىشىك قاتتىق تاراقلاپ ئېچىلىپ ، يۇسۇپنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى ، تۆت چاپارمەن بىر ئېغىر يارىدارنى ئەكىرگەنىدى . يۇسۇپ بىر قاراپلا ، ئۇ كىشىنى تونۇدى ، بۇ روزى مەمتىمىنلەرنىڭ ئەتراپقا داڭقى كەتكەن مەرگىنى — ئاۋۇت پوۋان ئىدى ، ئوق ئۇنىڭ ئۇچەي ـ باغرىنى تېشىپ چىقىرىۋەتكەنىدى ، چىرايى قارىداپ ، غەزەپتىن كۆزىگە قان تولغان مۇھەممەت ئىمىن ئالدىراپ كىرىپ كەلدى :

— يۇسۇپكا ، ھەممە ھۈنىرىڭىزنى ئىشقا سېلىپ ، ئاۋۇت پوۋاننى چوقۇم قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭ !

## 4

مانا بۈگۈن ئىككى كېچە ، بىر كۈندۈز بولدى ، سارەم يەنە ھوشىغا كېلىپ ، يەنە ھوشىدىن كېتىپ ، سەكراتتا تۇرۇۋاتىدۇ . سىرتتىكى قالايمىقان ئېتىشۋازلىق بارغانچە ئەۋج ئالغىلى تۇردى . سارەم بۈگۈن تاڭ سەھەرگە يېقىن يەنە ھوشىغا كەلدى . بۇ چاغدا ، نەفىسە شۇ مېھرىبان ئانىنىڭ يېنىدا يېنىك پۈشۈلداپ ئۇخلىماقتا

ئىدى . ئۇ بوشقىنا جۆيلۈپ ، چۈشىنىكسىز بىرنەرسىلەرنى دەپ ئۇخلايدۇ ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىدۇ ، بىردە ، كۆلۈمسىرەپ ، چىرايى ئاپرېل تېڭىدا تولۇپ ئېچىلغان بىر تال گۈلگە ئوخشاش ئېچىلىدۇ ، بىردە ، جۇدۇن سوققان يۇمران ياپراقتەك قورۇلۇپ كېتىدۇ . بىراق ئانا ئۇنىڭ ئوماق چىرايىنى كۆرۈشكە شۇ تاپتا ھەرگىزمۇ قادىر ئەمەس . ئۇنىڭدا پەقەت كۆز ئالمىسى ئۇستىدىكى ئېغىرلاشقان قاپاقنى ئاران كۆتۈرەلىگۈدەكلا مادار بار ، ئاززاق ئويلىيالايدۇ... خىيالىمۇ قالايمىقان... ھېلى ئۇ رەڭدىكى ئېچىنىش- لىق سەرگۈزەشت ئېسىگە كەلسە ، ھېلى بۇ رەڭدىكى ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشت... ھەممىسى ئوخشاش ئاچچىق سەرگۈزەشتلەر... ئېسىگە كېلىپ تۇرىدۇ . «ئەجەبا ، يۇسۇپ ئۆلۈپ بولۇپ يەنە تىرىلدىمۇ ؟ ئاللا ئۆلگەن ئادەمنى يەنە قايتا تىرىلدۈرەرمۇ... ياكى ئۇ ئۆلمىگەن بولغىيدىمۇ ؟ ئۇنىڭ ئۆلگىنىنى كىم كۆردى ؟ نۇردۇن ، ئاشۇ لەنتى نۇردۇن ، ۋۇجۇدى پەسلىكتىن... ئىپلاس ھىيلىگەرلىكتىن پۈتكەن نۇردۇن... كۆرگەن ، شۇ دېگەن . يەنە ... يەنە ھىيلىقى نۇردۇننىڭ دوستى — سىمىز تۇرمە باشلىقىمۇ بار .»

يۇسۇپ قولغا ئېلىنىپ كەتكەندىن كېيىن ، سارەم ئۇچۇن ئادەم چىدىغۇسىز جاپالىق كۈنلەر باشلاندى . ئۇ ئائىلە ئايالى بولغاچقا ، تۇرمۇشتا يار - يۆلەكسىز قالدى . ئۇنىڭ يۇسۇپتىن باشقا بىردىنبىر پاناھى بولغان تاغىسى پومېشچىك بولغاچقا ، تاغىسىنىڭ تارتنۋاتقان كۈنلىرى ئەسىرلەرنىڭ كۈنىدىنمۇ بەتتەر ئىدى . ئۇنىڭ سارەمگە پاناھ بولغۇچىلىكى يوق ، ئىككى چۆمۈچتىن بېرىلىدىغان قوناق كېپىكى ئۇمىچىنى ئىچىپ ، تەكلىماكان چۆللۈكى ئىچىدە ، كېچە - كۈندۈزلەپ يېرىم چارەك ئېغىرلىقتىكى كەتمەننى چېپىپ ، بوز يەر ئاچىدۇ . تاغىسىنىڭ چۆچۈرىدەك ئۇچ بالىسى بىلەن تولا يىغلاپ كۆزى تۇتۇلۇپ قالغان ئايالى ئاساسەن تىلەمچىلىك بىلەن كۈن كەچۈرۈۋاتقىلى خېلى كۈنلەر بولۇپ قالغان . ئەينى چاغدا ، پومېشچىك بولغىنى ئۇچۇن ، يۇسۇپلەر ئۇلارغا ئانچە - مۇنچە پاناھ

بولماقچىمۇ بولغان ، ئەمما چەكلىمىگە ئۇچرىغانىدى . ئەگەر يۇسۇپ سەل كۆچسە ، ئۆزىگىمۇ ۋەتەن خائىنىنىڭ ئوغلى بولغانلىقى ئۈچۈن ، يېتىپ ئاشقۇدەك دەرد تېپىۋالغان بولاتتى . شۇ سەۋەبتىن ، سارەم دائىم ھەسرەت بىلەن ، ئەينى چاغدا دەرۋازىسى ئالدىدىن جەرەن مۈڭگۈزىدە ياسالغان ساپايىسىنى سوقۇپ ئۆتىدىغان دەرۋىشنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىنى ئەسلەيدۇ : «زامان ئاخىر بولغاندا ، ئات تۇيىقىچىلىك يەر بىكار قالمىغاي ، تورغاي قوي ئۇستىدە ئۇۋۋا سالغاي ، ئىنساپ ـ ديانەت قالمىغاي ، ئەركەك زاتى تېرەككە چىقىۋالسا ، قىرىق خوتۇن بىر ئەرگە تەلمۈرۈپ ، تېرەك يىلتىزىنى يىگنە بىلەن كولىغاي ، قىرىق ئادەم بىر توپ بۇيا ئاستىدا سايىدىغاي ، ھېچكىم ـ ھېچكىمنىڭ ھالىغا يېتەلمىگەي ، زېمىننى پىتنە ـ پاسات ، ھىيلىگەرلىك ، ئالدامچىلىق ، پەسكەشلىك ، ۋەھشىيلىك بېسىپ ، ئادەملەر بىر ـ بىرىنى يېيىشىپ كەتكەي… ئەنە شۇ چاغدا ، قىيامەت قايىم بولغاي… » مانا ھازىرقى ئىشلار شۇ زامانى ئاخىرىنىڭ — قىيامەت قايىمنىڭ ئالامەتلىرىمىدۇ ؟ سارەمگە ھازىر ھېچقانداق ھايات يولى قالمىغانىدى ، ئۇ تۇغۇلغاندىمۇ ، مىڭ پاتمانلاپ پاجىئە ئۇستىگە تۇغۇلغان ، پاجىئە ئىچىدە چوڭ بولغان ، پاجىئە ئىچىدە بىر باللىق بولغانىدى ، يەنە پاجىئە ئىچىدە ھاياتى ئاخىرلىشىش گىردابىغا كېلىپ قالدى .

تۇمەنتال يېزىسىنىڭ بىر ئېغىز دېگەن جايىدا ، توختاش باي دەيدىغان ناھايىتى چوڭ بىر باي بولۇپ ، ئۇ ئاتمىش ياشقا كىرگەندە ، ئاقدۆڭلۈك بىر بەگنىڭ قىزىغا مەشرەپتە كۆزى چۈشۈپ قېلىپ ، ئۇنى ناھايىتى نۇرغۇن مال ـ دۇنيا بىلەن ، ھەشەمەتلىك توي قىلىپ ، ئون بەش كېچە دولان مەشرىپى قىلىپ بېرىپ ، ئەمرىگە ئالغانىدى . بىر يىلدىن كېيىن ، بۇ قېرى ئەر بىلەن ياش ئايالدىن ئايدەك بىر قىز تۇغۇلغان ، مانا بۇ سارەم ئىدى . بىراق سارەم تۇغۇلۇپ ، بىر قاپاق پىششىقى ئۆتمەي ، يېڭى ھۆكۈمەت كېلىۋېتىپتۇ ، زامان ئالمىشىدىكەن ، دېگەن گەپنى ئاڭلاپلا ، ئۇنىڭ ئاتىسى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇنىڭ ئانىسى

باشپاناهسىز ، خارلىق ئىچىدە قالغانىدى . ئۇ پىيەن - كۈرەش سەھنىسىدىن چۈشەلمىدى . سارەم بىر يېرىم ياشقا كىرگەن يىلى ، ئانىسى بىر شوپۇر بىلەن قېچىپ كەتتى . سارەم ئەنە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ، يومبىشچىك تاغىسىنىڭ پاناھىدا قالدى . مانا ئەمدىچۇ ؟ تۇرمۇشى غورىگۇل بولسىمۇ ، ئاچ ئەمەس ، كىيىمى كونا بولسىمۇ ، يالىڭاچ ئەمەس بولۇپ قالغانىدى ، ئىناق ئەر - خوتۇنلارنىڭ بەختلىك ئائىلىسى بۇ ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى بولغان يۇسۇپتىن ئايرىلىپ ، پۈتۈنلەي ۋەيران بولدى ، سارەم ئۆلسۇنمۇ ؟ سارەم ئۆلۈش بىلەن ، مانا بۇ بەختلىك ئائىلىنىڭ بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇقلىرىنىڭ غۇنچىسى بولغان نەفىسە كىمگە قالىدۇ ؟ ئۇ كىمنىڭ پاناھىدا ئۆسىدۇ ؟ يۇسۇپنى ساقچىلار باغلاپ ئېلىپ ماڭغاندا ، ئۇ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ : «سارەم ، نەفىسە سىزگە قالدى ، ئۇنى ئوبدان تەربىيىلەپ قاتارغا قوشۇڭ ، بۇ زېمىندىن ئىزىمىز ئۆچۈپ كەتمىسۇن » دېگەنىدى . ياشاش كېرەك ، ھايات قانچە جاپالىق بولسىمۇ ، ئۆلمىسىلا ، ئىشلار يەنە ئۆز يولىنى تاپار... ھاياتتا ياخشى ئادەملەر گويا ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك ھەم ساناقسىز ، ھەم ئاز تېپىلىدۇ . بىراق ئۇلارنىڭ تولىسى ئاقار يۇلتۇزلارغا ئوخشاش ھاياتنىڭ مەلۇم باسقۇچلىرىدا ئېقىپ چۈشۈپ كېتىدۇ .

دوختۇرخانىدا سارەمگە ھېسداشلىق قىلىدىغان ياخشى دوختۇرلار ، دوختۇرخانا باشلىقى ، ئاندىن سېلىمخان ئەر - خوتۇنلار بار ئىدى . ئۇلار سارەمگە قولىدىن كېلىشىچە ياردەم بەردى ، تەسەللى بەردى ، دوختۇرخانا باشلىقى ئۇنى ئىدارە ئىشخانىسىغا ئورۇنلاشتۇردى ، ھايات تۈگىمەس دەرد - ئەلەملەر ئىچىدە ئۆتسىمۇ ، يەنە بىرئاز ياشاشنىڭ يولى ئېچىلدى . بۇ مەزگىلدىكى سارەمنىڭ مۇڭدىشى ، دىلكىشى سېلىمخان بولدى . ئەتىگەن - كەچنىڭ ھەممىسىدە ، سارەم ئۇنىڭ ئۆيىدە ، قاچانلا بولمىسۇن ، نەفىسە سېلىمخاننىڭ قولىدا ئەركىلىتىلەتتى ، دوختۇرخانىدىكى ياش سېستىرا قىزلارمۇ نەفىسەنى ئېيىقچىپ كۆتۈرۈۋېلىپ بېقىشىدۇ . كۆرگەنلا كىشىنىڭ بۇ ئوماق قىزغا زوقى كېلىدۇ ، ئۇنى بىردەم قۇچىقىغا ئېلىپ

www.uyghurkitap.com

ئەركىلەتكۈسى كېلىدۇ. چىرايلىق بالىنى كۆرگەن يېتىلگەن قىزلار يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى نازۇك ھېسلىرى ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسىدە نامەلۇم ياخشى يىگىت بىلەن بەختلىك ئائىلە قۇرۇپ، مانا شۇنداق ئوماق بالىغا ئانا بولۇشنى، بالىغا ئۆزىنىڭ، دادىسىنىڭ قانچىلىك ئامراق بولىدىغانلىقىنى، ئىسمى، كۆيدۈرىدىغان قىلىقلىرى، كىيىم - كېچەكلىرى، ئويۇنچۇقىنى، ياتقۇزىدىغان بۆشۈكى... ھەممىسىنى شېرىن ئارزۇ قىلىدۇ. مانا بۇنداق رومانتىك، مۇقەددەس خىيال ئادەمنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرگۈدەك چىرايلىق، ئوماق بالىلارنى كۆرگەندىلا قوزغىلىدۇ. نەپسە مانا شۇنداق قىز. شۇڭا ھەممە ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ، كۆتۈرىدۇ. سارەمنىڭ ئېچىنىشلىق، ھەسرەتلىك خىياللىرىنى مانا شۇ نەپسەنىڭ تاتلىق كۈلكىسى، چۈچۈك سۆزلىرى قوغلايدۇ، دەسلەپ ئۇنى غەمكىن تەبەسسۇم قىلدۇرىدۇ، كېيىن رەسمىي كۈلدۈرىدۇ، ئاندىن يەنە بۇقۇلدىتىپ يىغلىتىدۇ.

كېيىن، مانا بۇنداق كۈنلەر... شىددەتلىك شۋىرغاندىن كېيىن كۆتۈرۈلگەن قارا بوراننىڭ ئىلكىدە قالغان كۈنلەر باشلاندى. ئۇلۇغ ئىنقىلاب پارتلاپ، ئىسيانچىلار ھەممىنى ۋەيران قىلدى. سېلىمىخانىمۇ، دوختۇرخانا باشلىقى ئەر - خوتۇن قاتارلىق ھەممە پېشقەدەم دوختۇرلارمۇ سۈر - توقاي قىلىندى، تەلەيلىكلىرى تۈرمىگە، قالغانلىرى تەكلىماكان چۆللۈكىگە يول ياساش، ياغاچ كېسىشكە ئەۋەتىلدى، ئەۋەتىلگەندىمۇ تازا پىپەن - كۈرەش قىلىنىپ ئەبجىقى چىقىرىلغاندىن كېيىن ئەۋەتىلدى. بۇ بوراننىڭ بۇ يەردىكى چاقپىلىكى نۇردۇن بولدى، ئۇ بىرلا دومىلاپ، دوختۇرخانا باشلىقى، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىسيانچىلارنىڭ ئاساسلىق يېتەكچىسى بولدى. ئۇ ئەڭ ئاكتىپ پىپەن قىلدى، ئەڭ ئاكتىپ ھالدا چاقتى، ئۇردى، ئۇ ئەڭ باتۇرانىلىك بىلەن، كونا گېزەندىلەرنىڭ ئاغزى - بۇرنىدىن قان چىقاردى، سارەممۇ قايتىدىن ۋەتەن خائىنى، يەرلىك مىللەتچى، پومېشچىكنىڭ پۇشتى دېگەن بەتناملار بىلەن جاۋابكارلىققا

تارتىلىپ، ئاشخانىنىڭ يۇندىپۇرۇشلۇقىدىن بىكارلاندى، غۇربەتچىلىك ئىچىدىكى پاجىئە يەنە باشلاندى. بىراق، بىردىنلا پاجىئە ئۈستىدىن، شىددەتلىك چاقماق بىلەن قوشۇلۇپ، باشنى ئايلاندۇرۇۋەتكۈچى مۆلدۈر ياغدى. ھېچقاچان كۆز - قىرىنى سالمايدىغان نۇردۇن سارەمنىڭ غېرىبلىق باسقان، شامال ئۇچۇپ تۇرغان بىر ئېغىزلىق ئەسكى ئۆيىگە ھىجىيىپ دېگۈدەك كىرىپ كەلدى. سارەمنىڭ تەنلىرى زەھەرلىك چۈمۈلە كۆكسىگە چاپلىشىۋالغاندەك، تارتىشىپ چىمىمىدە قىلىپ كەتتى. ئۇ ئەينى چاغلاردىمۇ، ئۇنىڭ يالغۇز ئۆيىگە ھىجىيىپ كىرىپ، شېرىن - شەربەت گەپلەرنى قىلىپ، مەقسىتىنى ئاقتۇرالماي بۇرنىغا يىگەنىدى. بۇ توغرۇلۇق سارەمگە ئويلاشقا ھازىر ۋاقىت يوق ئىدى. چۈنكى، ئالدىدا مەغرۇر ھىجىيىپ تۇرغان بۇ مەخلۇقنىڭ ئاشۇ پىت كۆزىدىن سارەمگە بىر شۇملۇق بارلىقى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئايان بولدى. سارەم ئۇنىڭغا سالاممۇ قىلمىدى، ئورنىدىنمۇ تۇرمىدى، ئورۇنمۇ كۆرسەتمىدى. نۇردۇن قوللىرىنى كەينىگە تۇتۇپ، ئۆينىڭ تام - تورۇسلىرىغىچە ئېچىنغان ھالدا قاراپ چىقتى. ئۇنىڭ چىرايىدىن چەكسىز مېھرىبانلىق يېغىپ تۇراتتى. ئۇ بىردەم سارەمنىڭ تەكلىپىنى كۈتۈپ، ئۇنىڭدىن سادا چىقمىغاندىن كېيىن، چىرايى ئۆڭۈپ، يانچۇقىدىن كۆك تاماكا بىلەن گېزىت چىقىرىپ تاماكا ئورىدى. ئاستا بېرىپ، ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا توپا بېسىپ تۇرغان كىچىك يىغما ئورۇندۇقنى ئەكىلىپ، ئۈستىدىكى قېلىن بىر قەۋەت چاڭ - توزاننى سۈرتۈۋېتىپ، سارەمنىڭ ئۇدۇلىغا يېقىن قويۇپ ئولتۇردى. سارەم يالت قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىچىدە تولۇپ كەتكەن نەپرەت نەشتىرىنى... سانجىدى. ئۇنىڭ سايە تاشلاپ تۇرغان قايرىما كىرپىكلىرى ئاستىدىكى قاپقارا چوڭ كۆزلىرىدىن قۇياش نۇرىدا يالت قىلىپ چاقنىغان قىلىچ ئۇچىدىكى ئەكس نۇردەك نۇر چاقناپ كەتتى. نۇردۇن تاماكىنى قاتتىق - قاتتىق شوراپ، ئىنتايىن قايغۇلۇق ھالدا، چۆكۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى، ئانىسىنىڭ پوكىنىغا بېشىنى قويۇۋالغان نەفسە ھەيرانلىق، قورقۇنچ ئىچىدە

پات ـ پات قاپقارا كۆزلىرىنى توسۇۋالغان چاچلىرى ئارىسىدىن نۇردۇننىڭغا يېتىرقاپ قارايتتى ، نۇردۇن گەپ قىلىش ئۈچۈن بىرنەچچە قېتىم ئاغزىنى ئۆمەللەتتىيۇ ، يەنە ئاغزىدىن گەپ چىقىرالماي ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى . بىرىنچى تاماكىنى چېكىپ بولۇپ ، يەنە ئىككىنچىسىنى ئورىدى ـ دە ، يەنە چەكتى ، يەنە تۈگىدى ، يەنە چەكتى . ئۆينىڭ ئىچىنى ئاچچىق بىر قەۋەت كۆكۈچ ئىس قاپلىدى . نەفىسە بىرقانچە قېتىم قاتتىق يۆتىلىپ ، كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى ، ئەمما يىغلىمىدى . گويا ئانىسىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەندەك ، ئانىسىنىڭ بارغانچە ھەم تېز ، ھەم قاتتىق سوقۇۋاتقان يۈرىكىگە مەڭزىنى چىڭ چاپلاپ ، ئىسسىق تىنىقلىرى بىلەن ئانىسىنىڭ كۆكسىنى پۇراپ تۇردى . نۇردۇن بولسا ، بېشىنى چاترىقىغىچە ساڭگىلىتىپ ئۈندىمەي ئولتۇردى . سارەمنىڭ ئۈگىلىرى قېتىپ ، بىر ياقىغا قاراپ ئولتۇرغاچقا ، بوينى قاتتىق تالدى ، ئىچى سىقىلىپ ھېچ بولالمىدى ، ئاخىر :

— نېمە ئىش بىلەن كىردىڭ ؟ نېمانداق ئولتۇرىۋېرىسەن ؟ — دېدى . نۇردۇن بېشىنى كۆتۈردى . ئىككىسىنىڭ كۆزلىرى ئۇچراشتى . سارەمنىڭ كۆزىدىن چەكسىز نەپرەت يېغىپ تۇراتتى ، چىرايى بولسا خوراز تاجىسىدەك قىزىرىپ كەتكەنىدى . نۇردۇننىڭ كۆزىدە دەسلەپتە غەلىتە بىر نۇر چاقناپ ، بىردىنلا قايغۇلۇق تۈسكە كىردى ، ئۇنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى . سارەم يۈزىنى دەرھال يەنە باشقا ياققا بۇرىۋالدى ، نۇردۇن يەنە بوغاز ئىنەكتەك بىر پۇشۇلداپ ، چوڭقۇر تىنىۋەتكەندىن كېيىن :

— مېنىڭ سىزگە قاتتىق ئىچىم ئاغرىيدۇ ، نېمىلا بولمىسۇن ، يۈسۈپ مېنىڭ دوختۇرلۇقتىكى ئۇستازىم ، شۇنداقلا ھاياتىمدىكى ئەڭ يېقىن ئاغىنەم ئىدى ، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن بەختسىزلىككە مېنىڭ قاتتىق ئىچىم پۇشتى ، ئەسلى بۇرۇنلا ، مېنىڭ سىزگە ھالىڭىز نېمە بولۇۋاتىدۇ ، دېيىشىم كېرەك ئىدى ، بىراق ، يۈسۈپمۇ ، سىزمۇ چۈشەنمىدىڭىز . شۇڭا…

— ئەجەب چىغ تۈۋىدىن ھوشۇر تاز قوپتى دېگەندەك ، بۇگۈن

ئىچ-ئاغرىتىپ قاپسەنغۇ؟ بىزگە ئىچ ئاغرىتقۇچى بولما! ئۆمۈر بويى موھتاجلىقتا ئۆتسەممۇ، ساڭا ھەرگىز ھال ئېيتمايمەن! — دېدى سارەم كۆچىنىپ تۇرۇپ بوغۇق ئاۋاز بىلەن.

ئۇ بولسا، ئۇندىمەي، تەلەتىنى ئۆزگەرتمەستىن، ئېغىر-بېسىق ھالەتتە يەنە سۆزلىدى:

— ياشلىقتا پايلىماي قىلىپ سالغان كىچىككىنە خاتالىقىم يۈرىكىمگە مەڭگۈ چىقمايدىغان ئوخشايدۇ. مەن ئۇ ئىشلارنى ئاشۇ يەتتە يىل ئىلگىرىلا كۆڭلۈمدىن چىقىرىۋەتكەن، يەتتە يىل ئىلگىرىلا...

سارەمنىڭ كۆز ئالدى شەرمەندە كۆرۈنۈشلەر بىلەن توسۇلدى.

يۈسۈپ بىلەن نۇردۇننىڭ بىر ئېغىز كەنتكە كەلگىنىگە بىر ئايدىن ئاشتى. سارەم ھەر دائىم كەچ ئەل ئايىغى بېسىققاندا، يۈرىكىدە يالقۇنجاۋاتقان قۇدرەتلىك بىر ئوتلۇق سېزىمنىڭ تەپتىدە، ئىختىيارسىز يۈسۈپ بىلەن نۇردۇننىڭ ياتاق ئۆيىگە — ئەترەت ئىشخانىسىغا كېلەتتى، يۈسۈپنىڭ ئوكۇل يىڭنىلىرىنى قاينىتىپ، دورىلارنى قەغەزگە ئورىشىغا، كىيىملىرىنى يۇيۇش ئىشلىرىغا قارىشاتتى. يۈسۈپ سەھەردە، توخۇ چىللاش بىلەن تەڭ، تەكلىماكاننىڭ قويۇق توغراق، يۇلغۇن، كۆك يانتاق، سۆكسۆك، قومۇش باسقان ئېگىز-پەس دۆڭلىرىگە، چېتى كۆرۈنمەس قۇملۇق، چاتقاللار، سېسىق سۇنىڭ قاڭسىق پۇرىقى كېلىدىغان يەكەنلىك كۆللەرگە تارقاق جايلاشقان دېھقانلار، چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرىگە دورا سومكىسىنى بىر مورىسىگە، ئوق مىلتىقىنى بىر مورىسىگە ئارتىپ چىقىپ كېتەتتى. بىر ئۆيدىن يەنە بىر ئۆيگە بېرىش ئۈچۈن، ئاز دېگەندە، ئىككى سائەت ئات بىلەن نۇرغۇن ئېگىز-پەس دۆڭلەردىن، قۇملاردىن، چاتقاللاردىن، سۇلاردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى، يولدا دائىم قاۋان، بۆرە، ئىتلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىقلار، خېيىمخەتەرگە ئۇچراشتىن خالىي بولالمايتتى. شۇڭا، بەزىدە ھەتتا يېرىم كېچىدە، ھېرىپ ھېچ ھالى قالمىغان ھالەتتە كېلەتتى-دە،

كىيىملىرى بىلەنلا خام خىشتا ياسىلىپ، پاخال سىلىپ، ئۈستىگە كىگىز تاشلانغان سۇپىغا ئۆزىنى تاشلاپ، ئىنتايىن ھارغىن ھالدا ئۇيقۇغا كېتەتتى. بىردەمدىن كېيىنلا يەنە ئويغىنىپ، ئەتە باردىغان يەرنىڭ پىلانى، دورا تەييارلاش، ئوكۇل يىغىنىسىنى قاينىتىشلار دېگەندەك ئىشلارغا تۇتۇناتتى. نۇردۇن بۇ يەرگە كېلىپ ھېچ كارغا كەلمىدى، ئۆزى قىتمال، غىلتاڭ بىر نەرسە بولغاچقا، نۇردۇن ئاپارغانلا يەردە، ئاچلىق، نامراتلىق، قارا كېزىكتىن بىر تېرە، بىر ئۈستىخان بولۇپ قالغان بىچارە دېھقانلارغا بىرمۇنچە لاپ ئېتىپ، ئۆزىنى كۆرسىتىپ سۆزلەپ، تۇخۇمنى، توخۇسىنى پىشۇرغۇزۇپ يەۋالاتتى، قېتىقنى ئىچىۋالاتتى، بەزىدە تېخى كۆزىنى غەلىتە قىلىپ، ساددا خوتۇن ـ قىزلارغا چېقىلىپمۇ قوياتتى، ئىشنى قىلىپ بولۇپلا، كۆزىنى قىزارتىپ: «مەن بولسام گاڭ قىزىل پرولېتارىيات ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان، تەركىب ئايرىشتا، بىزنىڭ ئۆيدىن زادى ئىككى پارچە كونا كىگىز، بىر جوغىسى ئۇچۇپ كەتكەن چۆگۈن، ئۇچ يوتقان ـ كۆرپە چىققان. مېنى باشلىققا چېقىشتۇرساڭ، نېمە قىلالايتتىڭ؟ يەنىلا ساڭا پايدىسى يوق» دەپ، يۈسۈپكە ھۆرپىيەتتى، يۈسۈپ بۇلارنى جىممىدە تۇرۇپ ئاڭلىدى، نۇردۇنغا تىكىلىپ قاراپ قويدى ـ دە، ئۈنسىز ھالدا، ئەتىگىنى ئۇنى ئويغاتماستىن كېتىپ قالىدىغان بولدى. نۇردۇن بارىمەن دېسىمۇ ئاپارمىدى، نۇردۇن بىرنەچچە كۈن لاغايلاپ، قىلغىلى ئىش تاپالماي يۈردى، بىر كۈنى يۈسۈپكە: «مەن نېمە ئىش قىلىمەن، مېنىڭ غوجام؟» دېۋىدى، يۈسۈپ: «مۇشۇ ياتاقنى باق!» دېدى. ئىش تۈگىدى. نۇردۇن لاغايلاپ، ئەزالار قارا تەرگە چۆمۈپ بوز يەر ئاچقان يەرلەرگە باردى، مەھەللە ئايلاندى، لېكىن ئۆزىگە ھەمراھ بولغۇدەك بىكار ئادەم تاپالمىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ كۆڭۈللۈك تاماشا مەيدانى — ئەترەت ماخوسى ئىچىدىكى كوممۇنا ئاشخانىسى بولدى.

ھېرىپ ـ ئاچقىنىغا قارىماي، ياغاچ ئاياغلىرىنى كۆتۈرۈپ دۈرۈلدەپ يۈگۈرۈشۈپ، توپىلىق يولدا يىقىلىپ ـ قوپۇپ كەلگەن،

قارا تەرگە چۆمگەن دېھقانلارنىڭ ئۇماچ قازىنىغا ئۇزۇم ساپىقىغا ئولاشقان چىۋىندەك ئولىشىپ، بىر - بىرىنى تىللاشلىرى، مۇشتلاشلىرى... ئۇماچ تالىشىپ، باش - كۆزىنى قان قىلىشلار... بىراۋ يېرىم تاۋاق ئۇماچنى تاۋاق بىلەن بىراۋنىڭ بېشىغا ئۇرۇۋاتقان، ئۇماچ ئۇنىڭ باش - كۆزىنى زەھەردەك كۆيدۈرۈپ ساقىپ، ئۇنى ئوق يېگەن توڭگۇزدەك چىرقىرىتىپ، يەرگە يۇمىلاتقان، سۇغا سەكرەتكەن... «ئەي، سەن پومېشچىك، بىز كەمبەغەلدىن ئاشقاندا ئىچ. ئۆت بۇياققا ! ھەي، باي دېھقان، سېنىڭ ئاش ئىچىدىغان تاۋىقىڭ ئەجەب يوغانكىنا؟ سېنىڭ يەيدىغان ۋاقتىڭ ئۆتۈپ كەتتى، چىق، سورۇننى پاخال قىلماي !» دېگەندەك سۆزلەر ئۇماچ قازىنىدىكى قايناۋاتقان تۇزسىز ئۇماچتىنمۇ بەكرەك قايناپتتى. مانا بۇلار نۇردۇن ئۇچۇن ئەڭ كۆڭۈللۈك تاماشا ئىدى... كېيىن، ئۇ يېزىنىڭ گالغا ئامراق، ئويۇنقېپى، يوغان قورساق، ئۆزگە ئوخشاش ئالىجوقا بىر مۇئاۋىن يېزا باشلىقى بىلەن چىقىشىپ قالدى. مۇئاۋىن يېزا باشلىقى كېيىك گۆشىگە بەك ئامراق، نۇردۇن بولسا ئۇستا مەرگەن... ئىككىسى ئىككى ئاتقا مىنىۋېلىپ، كەڭرى چاتقاللارغا بىر كىرىپ كەتسە، ئوۋ ئوۋلاپ، ئۇچرىغان ئۆيلەرگە كىرىپ، ئوۋ گۆشلىرىنى يەپ تويۇپ كېكىرىپ، خۇشى تۇتسا، كېچىچە بەزمە - باراۋەت قىلىپ، مەشرەپ ئويناپتتى، خۇشى تۇتسا، خوتۇن - قىزلارغا چاقچاق قىلاتتى. يېزىنى قارا كېزىك بېسىپ، كىشىلەر ئۆلمەن دەۋاتسا، مانا بۇلار ئويناشتى، بەزىدە بارغان يەرلىرىدە قونۇپ قېلىشتى، بەزىدە كېلىشتى. نۇردۇن بۇنداق ئەپلىك ئىشقا بۇرۇنراق تۇتۇشمىغىنىغا پۇشايمان قىلدى.

## 5

بىر كۈنى ئۇ تويۇپ كېكىرىپ، ياتىقىغا كەچ قايتىپ كېلىپ، كۆزلىرىنى بىرقانچە قېتىم ئېچىپ - يۇمۇپ، ئۆي ئوتتۇرىسىدا،

تاقىچىنىڭ قوزۇقىدەك تۇرۇپ قالدى. ئۆيدە، ئۇچىسىغا يەرلىك كۆك سەگەزدىن كۆڭلەك كىيگەن، پەرىزاتقا ئوخشىشىدىغان زىلۋا بىر قىز ئۇنىڭ كۆزىدىن ئوت چاقنىتىۋەتتى. ئۇنىڭ چېچەن، ئويناق قارا كۆزى، تال - تال تۆكۈلۈپ تۇرغان قارا كىرپىكى، قىيما قېشى، سەل قورۇلغان، ئەمما لالىدەك قىزىرىپ تۇرغان نېپىز لېۋى... تارتىنچاق يېزا قىزى... سەھرادە قومۇشلۇق مەھەللىدە تۇغۇلغان، سالمىلىق قۇمدا چوڭ بولغان، كۆك قومۇشلار ئارىسىدا تولۇپ ئېچىلغان بىر تال قىزىلگۈل... بۇ چۆلنىڭ نەرىدە ئېچىلغاندۇ ياكى مۇشۇ يېزىنىڭ ئاستىدا قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن تىلسىم شەھەر — قۇياش شەھىرىدىن چىققان پەرىزاتمىدۇ؟ ماۋۇ يەتمىش يېرىگە ياماق چۈشكەن سەگەز كۆڭلەك ئەجەب يارىشىپتىغۇ بۇ بايقۇشقا! نۇردۇن شۇنچە ئالا قويماي كەزگەن بۇ سەھرادا بۇ قىز قايسى بۇلۇڭدا قېلىپ، ماۋۇ يۇسۇپ دېگەن بوقتۇرمىغا قەيەردە ئېرىپ يولۇققاندۇ؟ نۇردۇن كىرگەندە، قىز يۇسۇپنىڭ چاتقال ئىلىنىۋالغان چاپىنىنى ياماپ ئولتۇراتتى. يۇسۇپ بولسا، سۇپىدا پۇتىنى ئۇزۇن سوزۇپ، بېشىنى ئالىقىنى ئارىسىغا ئېلىپ، ئوڭدا يېتىپ، تۇرۇقسا قارىغانچە خىيال سۈرۈپ ياتاتتى. ئۇلارنىڭ ئۆيدە بۇ ھالدا ئولتۇرۇشى كونا ئەر - خوتۇنلارنىڭ قىياپىتىگە نېمىدېگەن ئوخشىغان - ھە! يۇسۇپ بىر قاراپلا، ھەممىنى چۈشەندى. يۇسۇپ بۇ چىرايلىق پوستلاقنى ئۆزىگە بۇ دەرىجىدە ئۆگىتىۋاپتۇ - دە! نۇردۇننىڭ ئىچىنىڭ بىر يەرلىرى پىژژىدە قىلىپ قالدى...

قىز نۇردۇننى كۆرۈش بىلەن، ئورنىدىن دىككىدە تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈزى خۇددى تىرنىقىدىكى خېنىدەك قىزىرىپ كەتتى. ھودۇقىنىدىن قولىدىكى چاپان يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ تېقىمىغا چۈشۈپ تۇرىدىغان توم قارا ئىككى ئۆرۈمە چېچى، زىلۋا بېلى، توملاقىنا ساغرىسى ئۈستىدە، ماڭسا ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندەك ئەۋرىشىم بولۇپ كۆرۈنەتتى، نۇردۇننىڭ ئېچىرقىغان ھېجايغان كۆلكىسىنىڭ يېرىمى تۈگەپ بولغۇچە، قىز

ئۆيدىن چىقىپ بولغانىدى . يۈسۈپ ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ ، نۇردۇننى كۆردى ، ئۇنىڭ يۈزىگىمۇ سەللا قىزىللىق ئولاشتى . ئۇ كالچىيىپ تۇرغان نۇردۇنغا كەلدىڭمۇ ، دېگەندەك بىلىنەر - بىلىنمەس باش لىڭشىتىپ قويۇپ ، سىرتقا چىقىپ كەتتى . سىرتتىن يۈسۈپنىڭ : «سارەم··· سارەم !··· » دەپ تۈۋلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى ، ئەمما قىزدىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى . نۇردۇن ئېڭىكىنى سىقىمدىغان ھالدا ، ئاچچىق بىر نەرسە چاينىۋالغاندەك : «مەن ئوۋ ئوۋلىدىم ، كېيىك ئوۋلىدىم دەپ يۈرۈپتىكەنمەن ، ئەسلى ئوۋچى — كېيىك ئوۋلىغۇچى يۈسۈپ ئىكەن ئەمەسمۇ ؟ ئەجەب يامان ، پۇختا بىر بوقتۇرمىكىنا بۇ ؟ قىزلار دېگەن مەندەك شوخ يىگىتكە ئامراق بولىدىغان ، ماۋۇ لامزەللە بۇ تۇمۇچۇقنى قانداق ئىندەككە كەلتۈرۈۋالغاندۇر » دەپ ئويلاپ قالدى . يۈسۈپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى :

— نېمانداق بۇتتەك تۇرۇپ كەتتىڭ ؟ چىراغنى يېقىۋەتسەڭ بولمامدۇ ؟ — دېدى يۈسۈپ ھەم ساپال چىراغنى ياندۇردى .

نۇردۇن ئورنىغا كېلىپ ، سۆزىدىن بۇرۇن ھېجىيىپ ، گەپ باشلىدى . ئۇنىڭ كۈلكىسى يۈسۈپكە تولىمۇ ياسالما تۇيۇلدى . ئۇ كۈلۈپ تۇرسىمۇ ، چىرايىنىڭ بوزىرىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ، «يائاللا ، ئىچىڭ زەھەر خالتىسى - دە ، سېنىڭ ! خۇدا سېنىڭدەك ئادەملەرنى ئازراق ياراتقان بولسىمۇ ، جاھان مۇشۇنداق بولۇپ كەتمەس ئىدى » دەپ ئويلىدى .

— ھە ئاغىنە ، بۇ سەھرايى قىيامەتنىڭ قايسى بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىن تېپىپ ئۆگىتىۋالدىڭ بۇ گۈزەلنى ؟ بوش ئەمەس جۇمۇ سەن !

— مېنى بوش دەپ كىمدىن ئاڭلىغانىدىڭ ؟ ياكى بىرەر ئىشتا بوشلۇق قىلغىنىمنى كۆرگەنمىدىڭ ؟ جاھاندا ئىككى خىل ئادەم بىلەن خۇشۇم يوق : بىرى ، تولا ھېجىيىدىغان ئەر كىشى بىلەن ؛ يەنە بىرى ، بوش ئادەملەر بىلەن ! ئەپسۇس ، ئاللا جاھاندىكى ئادەمنىڭ مۇتلەق كۆپلىرىنى ھېجايغاق ، بوش ياراتقىنىكەن ،

ئامالسىز ئۇلار بىلەن بىللە ياشماق كېرەك بولىدىكەن. مېنىڭچە، ھەممە ئەسكىلىك مۇشۇ ئىككى خىل ئادەمدىن چىقىدۇ، دەپ قارايمەن، — دېدى يۇسۇپ. نۇردۇن تاتىرىپ كەتتى، ياكى كۈلۈشنى، ياكى قاپىقىنى تۈرۈشنى، ياكى بولمىسا يۇسۇپنىڭ مۇشۇ گېپىگە دال بولالىغۇدەك گەپ ئىزدەشنى بىلەلمەي، غىدىق ـ پىدىق قىلىپ، يەنە كالچىيىپ بىرنى ھىجايدى:

— ھى... ھى... ھى... يۇسۇپ كارامەت نېمە ـ دە، سەن! گەپ قىلمايسەن، گەپ قىلساڭ، ئۆتنى يارغۇدەك سېسىق گەپ قىلىسەن.

يۇسۇپ بىردىنلا قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى:

— نۇردۇن، بۈگۈن تۈنجى قېتىم گەپىڭنىڭ سېسىقى دېگەن سۆزنى ئاڭلاۋاتىمەن. لېكىن قارا، بۇ سۆزۈم ساڭا ھېچقانداق سېسىق تۇيۇلمايدۇ، ماقۇل سېنىڭ دېگىنىڭچە بولسۇن، ئەمما بۇ سۆزۈم نېمىشقا ساڭا سېسىق پۇرايدۇ ياكى سەن...

— بولدى، بولدى، سەن بەك چوڭقۇرلاپ كېتىۋاتىسەن دېگىنە، سەن ئۇ قىزغا كۆيۈپ قالغان ئوخشىمامسەن؟

— ھەئە، كۆيۈپ قالدىم، — چىرايىنى قىلچە ئۆزگەرتمەستىن جاۋاب بەردى يۇسۇپ. نۇردۇننىڭ يۈركى چوغ ياققاندەك بولۇپ كەتتى، ئۇ زورىغا كۈلدى.

— قېلىن بىر ئادەم ئىكەنسەن، قىلچە ھېيىقماي، كۆيۈپ قالدىم دەيدىكەنسەن، پەردىشەپلىكرەك گەپ قىلمامسەن؟ — دېدى نۇردۇن.

— سەن يۈزۈڭنى داپتەك قىلىپ شۇنداق دەپ سورىساڭ، مەنمۇ شۇنداق جاۋاب بەرمەمدىمەن؟ سېنىڭ نەزىرىڭدە، سەن ئۇنداق گەپلەرنى دېسەڭ، سەن ھېچنېمە بولمايسەن، مەن قېلىن بولىمەنما؟ — دېدى يۇسۇپ، نۇردۇن گەپتە كەتكۈزۈپ قويغىنىنى سېزىپ ھىجايدى:

— كىمنىڭ قىزى ئىكەن؟

— توختاش بەگنىڭ.

— نېمە ، ئاشۇ پومېشچىكنىڭ قىزىغا كۆيۈپ قالدىڭمۇ ؟
— ھەئە .
— قورقمامسەن ؟
— پومېشچىكتىن قورقامدىم ؟ ھازىر پومېشچىكتىن قورقمايمىز ، ئۇنىڭ ئۈستىگە توختاش بەگ ئاللىقاچان ئۆلۈپ بولدى ، بۇ قىز بولسا تاغىسىنىڭ ئالدىدا چوڭ بولغان تۇرسا...
«پومېشچىك» دېگەن سۆزنى ئاڭلاش بىلەنلا ، يۈسۈپنىڭ يۈرىكىنى بىر نەرسە تاتىلىغاندەك بولۇپ كەتتى ، نۇردۇن بولسا : «ماۋۇ كالۋاغا قاراڭ ، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان دەيدۇ ، تېخى مۇشۇنچىلىك ئىشنى بىلمەيدۇ ، مۇشۇ باھانە بىلەن ، ئۇنىڭ تازا بىر رايىنى ياندۇرۇپ ، ئۇ گۈزەلنى ئۆزۈم قولۇمغا كىرگۈزەي» دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى .
— قارا يۈسۈپ ، ئۆزۈڭنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى باشقا دەردىڭمۇ يېتىپ ئاشىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، پومېشچىكنىڭ قىزى بىلەن يۈرسەڭ ، ساڭا يەنە قانداق گەپلەر كەلمەيدۇ دەيسەن ؟ ئەگەر سەن ئۇ پومېشچىكنىڭ قىزى بىلەن ، مەسىلەن ، ھازىر يۈرۈۋاتسەن ، كېيىن توي قىلساڭ ، سىياسىي جەھەتتە ئۆمۈر بويى باش كۆتۈرەلمەيسەن . شۇڭا ، كۆڭلۈڭنىڭ كەينىگە كىرمەي ، بۇ قىزنى دەرھاللا تاشلا . خەق ئۇقسا ، سۆز - چۆچەك بولۇپ ، يەنە بىرمۇنچە چەتكە قېقىشلارغا ، پىپەن - تەنقىدكە قالىسەن ، — دېدى نۇردۇن ئىنتايىن كۆيۈنگەن قىياپەتتە . يۈسۈپ نۇردۇن بىلەن بۇ يەرگە كەلگەندىن بۇيان ، تۇنجى قېتىم ، ئۇزۇن ھەمدە ھالقىلىق نازۇك مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ ، ھېسسىياتىنى باسالماستىن ، ئېھتىياتنى ئۇنتۇپ قېلىپ ، سۆزلىۋەتتى :
— پومېشچىكنىڭ قىزى ؟ ئۇ تۇغۇلۇپلا ، بىر ياشقا كىرە - كىرمەيلا ، پومېشچىك ئاتا - ئانىسى پۈتۈنلەي ۋەيران بولدى . ئۇ چىدىغۇسىز كۈلپەت ، ئاچلىق ، يالىڭاچلىق ، موھتاجلىق ئۈستىگە تۇغۇلدى . ئۇ راھەت - پاراغەتنىڭ نېمىلىكىنى ، ھەتتا ئاتا - ئانا

مېھرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ . پۇتۇنلەي خارۇ زارلىق ئىچىدە ، قېقىندى ـ سوقۇندى بولۇپ چوڭ بولغان بىر قىزنى يەنە پومپىشچىكنىڭ پۇشتى بولغىنى ئۈچۈن پومپىشچىك دېسە ، بۇ قانداقمۇ ئادالەتلىك بولىدۇ ؟ مېنىڭچە ، ئۇ مۇشۇ يېزا بويىچە ئەڭ كەمبەغەل ، ھەتتا ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن تارتىپ ھەممە نېمىسى يوق ، ئۇ ئاتا ـ ئانا ، ھەممە نېمىدە گاداي ! ئۇ سىياسىي بېسىمغا ئۇچرىدى . ئەكسىچە ، ھۆكۈمەت ئۇنىڭغا يېتىملار قاتارىدا مۇئامىلە قىلىشى كېرەك ئىدى . ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ، ھېچقانداق ئېكىسپىلزادىلەرگە خاس نازۇكلۇق ، مىشچانلىق يوق ، پۈتۈنلەي مىسكىنلىك ، بىچارىلىك ، دىلى سۇنۇقلۇق ، غېرىبلىق ، دەرد ـ ھەسرەت تولۇپ ياتىدۇ . ئۇنى قانداقمۇ پومپىشچىك دېگىلى بولسۇن ؟ ھازىر ھەممە كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ پومپىشچىكلارغا غەزەپ ـ نەپرىتى بار ، ئۇلارنى دائىم پىپەن قىلىشىۋاتىدۇ ، ئاشۇ قىزنى مانا بۇ پومپىشچىك ، بۇنى پىپەن قىلىڭلار ، دېسە ، كىم ئۇنى چىش يېرىپ بىرنېمە دېيەلەيدۇ ؟ ئۇنى ئۇلار پىپەن قىلمايدۇ ، ئەكسىچە بۇ باشپاناھسىز يېتىمگە ئۇلار ئىچ ئاغرىتىدۇ . تاغىسى ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالمايدۇ ، كۆرەش سەھنىسىدىن ، ئېغىر ئەمگەكتىن باش كۆتۈرەلمەيدۇ . تاغىسىنىڭ ئايالى بولسا ، ئۇنى ئىنتايىن يامان كۆرىدۇ ، سەۋەب ، تاماق يەيدىغان يەنە بىر ئېغىز ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئېغىر كېلىدۇ . تار ئۆيگە بىر جان ئارتۇق كېلىدۇ . ھازىر بىر جان ئادەمنىڭ كۆپ بولۇشى ، جاپا چېكىۋاتقان ، ئاچ ـ يالىڭاچلىق ئىچىدە ئۆتۈۋاتقان مۇنداق پومپىشچىك ئائىلىسى ئۈچۈن ئەمەس ، باشقا دېھقانلار ئۈچۈنمۇ ئېغىر كېلىدۇ . راستىنى ئېيتسام ، مەن ئۇنى چىن يۈرىكىمدىن ياخشى كۆرۈپ قالدىم . بۇ بەلكى ئۇنىڭ گۈزەللىكتە ئۇيغۇر ئاياللىرىغا ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلالىغۇدەك بولغانلىقىدىندۇر ۋە ياكى ئۇنىڭ ئاشۇ ئېچىنىشلىق تەقدىر ئىچىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ھاياتىدۇر . ئۇ باللىق دەۋرىدە ، بۇ ھاياتتىن ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان نۇرغۇن نېسىۋىسىنى ئالالمىغان . مانا ئەمدىلىكتە ، ھەتتا مۇھەببەت

ھوقۇقىغىمۇ ئېرىشەلمىسە، ئۇنىڭ تەقدىرى بىز دائىم تەشۋىقات قىلىدىغان نېگىر قۇللاردىنمۇ بەتتەر بولۇپ قالامدۇ؟ ئۆزۈم تارتىشقا تېگىشلىك بولىدىغان دەرد ـ ھەسرەتكە كەلسەم، ئۇنىڭ مۇھەببىتى ئالدىدا، بۇ دەردلەر مۇشۇ يېزىنىڭ پاشىلىرىنىڭ چېقىپ ئۆتكىنىچىلىكلا بىر ئىش بولار. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا يالغۇز ماددىي گۈزەللىكلا ئەمەس، ئەقىل ـ پاراسەت، ساپ ۋىجدان، ئەخلاق، ئىشقىلىپ، ھەممە خىسلەت تېپىلىدۇ. ھېلىمۇ ۋەتەن خائىنىنىڭ ئوغلى بولغىنىم ئۈچۈن، سىياسىي جەھەتتە ئۆمۈر بويى باش كۆتۈرەلمەي ئۆتۈشۈم، ئازاب چېكىشىم تۇرغان گەپ. پارتىيىگە كىرىش، ھوقۇق تۇتۇش دېگەن نەرسە مېنىڭ قارىشىمچە، بىر كەسىپ ئەھلى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئارتۇق ھەۋەس. بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە، سەن بىرەر كەسىپتىن سەللا نەتىجە قازانساڭ، بۇ ئىشنى ئاخىرىغىچە باشقا ئېلىپ چىقىشقا بەل باغلىغان بولساڭمۇ، ئاشۇ كىچىككىنە نەتىجەڭ ئۈچۈنلا، سېنى بىرەر ئەمەل بىلەن تارتۇقلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئايىغى چىقماس يىغىنلار قايىنىمىغا كىرىپ قالىسەن. قىزىققان كەسپىڭ ئانىسىدىن ئايرىلغان يېتىم قوزىدەك بولۇپ قالىدۇ. مەندەك بىر دوختۇر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەڭ ئاساسىي قىزىقىش دوختۇرلۇق كەسپى بولۇشى كېرەك. خەلقىمىز ئارىسىدا، ساقايتىش تامامەن مۇمكىن بولىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر كەڭ تارقىلىپ تۇرىۋاتىدۇ، پەقەت دوختۇر بىلەن دورىنىڭ كەمچىللىكى تۈپەيلىدىن، نۇرغۇن كىشىلەر ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ. بۇنداق شارائىتتا، قايسى ھوقۇقنى تۇتىسەن، نېمە ئۈچۈن تۇتىسەن؟ بۇ ھوقۇقنى كىملەر ئۈچۈن تۇتىسەن؟ ھازىر، تۆت يانچۇقلۇق چاپان كىيىپ، ياقىسىغىچە تۈگمىلىۋالغان، شەپكىسىنى قىڭغىر كىيگەنلەرنى خەلق «باشلىق» دەپلا چۈشىنىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر ھوقۇق تەمەسىدە ئەنە شۇنداق ياسىنىشنى قانداقتۇر ھوقۇق تۇتۇشنىڭ بەلگىسى قىلىۋېلىشتى. ھەممە ئادەم پەقەت ھوقۇقىلا قىزىقسا، ھوقۇق تۇتۇش ئۈچۈن ئۆگەنسە، ھوقۇق تۇتۇش ئۈچۈن ئىشلىسە، ئۇ چاغدا، خەلقنىڭ

تەقدىرى، مىللەتنىڭ مەنپەئىتى ئاشۇ ئازغىنا ھوقۇقنىڭ تۈگىمەس تالاشلىرى ئىچىدە كۆمۈلۈپ قالامدۇ؟ دېمەك، مەن كەسىپ ئەھلى بولۇشنى، مۇھەببىتىمنىڭ، ئائىلە تۇرمۇشۇمنىڭ ئىگىسى بولۇشنى خالايمەن. بىزنىڭ جەمئىيىتىمىز گەرچە ھەتتا ھەربىر تال گىياھقىمۇ سىياسىي مۇئامىلە قىلىدىغان بولسىمۇ، مەن مۇھەببىتىمدە دۈچ كېلىدىغان سىياسىي توسۇققا ئانچە ئېتىبار بېرىپ كەتمەيمەن، — يۈسۈپ بىردىنلا سۆزىدىن توختاپ قالدى، ئۇ ئەمدى كاللىسىنىڭ قىزىپ، ئارتۇق سۆزلەپ كەتكىنىنى سەزگەندى. دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ: «نۇردۇننىڭ ئالدىدا ئاغزىڭنىڭ بوغقۇچى چىڭ بولسۇن، ئۇ تۇتامى يوق قارا يۈز بىرنېمىدەك قىلىدۇ» دېگەن سۆزى ئېسىگە كېلىپ، ئۇنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى. ئۇ نۇردۇننىڭ چىرايىدىكى ئالامەتلەرگە دىققەت قىلدى. نۇردۇن ئاغزىنى كامارىدەك ئېچىپ تۇرۇپ قالغانىدى، ئۇ يۈسۈپنىڭ سۆزىدىن توختاپ قالغىنىنى كۆرۈپ، دىمىقىدا بىرنى كۈلدى ـ دە، دېدى:

— ئىككىمىزنىڭ جەمئىيەتكە نىسبەتەن تۇتقان ۋە تۇتماقچى بولغان يولىمىز، ھەتتا ھەۋەسىمىزنى نېمىگە ئوخشىتىش مۇمكىن؟ مەسىلەن، مەسىلەن، ھە...

— ئوت بىلەن سۇغا، — دېدى يۈسۈپ.

— ھەببەللى، مەنمۇ شۇنداق دېمەكچىدىم.

— شۇنداق، سېنىڭ دېگەنلىرىڭنى ھېچبىر چۈشەنمىدىم. ئەگەر چۈشەندىم دېسەم، بۇلارنى ھازىرقى نازۇك سىياسەتكە پۈتۈنلەي زىت ئىدىيىلەر... دەپ قارايمەن.

يۈسۈپنىڭ كۆزىدە ئوت چاقنىدى.

— ھە، يۈسۈپ، مەن بۇنى باشقا يەردە سۆزلەپ ئولتۇرمايمەن، چۈنكى بۇنى سۆزلەشنىڭ ماڭا پايدىسىدىن زىيىنى تولا بولىدۇ. يامانغا يولۇقساڭ يالىسى يۇقار، دېگەن شۇ. مەن ئۈنچىۋالا بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان تەنتەكلەردىن ئەمەس. شۇنداق قىلىپ، سۆزۈڭنىڭ مەقسىتى، سارەم دېگەن ئۇ سەھرالىق

گۈزەللىنى ئەمرىڭگە ئېلىش ئىكەن. مەن يەنە دەپ قويۇشنى خالايمەن، مەيلى ئۇ سارەم ئادىشىپ دوزاخقا كىرىپ قالغان جەننەت پەرىسى بولسۇن، قەتئىينەزەر، بەربىر «پومېشچىك» دېگەن تەبىقىگە مەنسۇپ قىز. سېنىڭ بۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىڭنى سورايمەن. ئىلاجى بولسا، سەن ئۆز كىندىك قېنىڭ تۆكۈلگەن قەشقەرنىڭ گۈزەللىرىدىن بىرىنى تاپقان بولساڭ، ياخشى بولاتتى...

## ئۈچىنچى باب

### 1

— ئەي، قولىدىن كەتكەن جەننىتىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئىچىدە ئوغا قاينايدىغان پومېشچىكنىڭ تۇخۇمى! سەن مۇشۇ جىن ـ شەيتانلارغا ئوخشاش چىرايىڭ بىلەن، بىزنىڭ ئۇستا دوختۇرىمىز يۈسۈپنى ئازدۇردۇڭما؟ ئەگەر غىرەت قىلىپ يۈرمەيدىغان بولساڭ، جاجاڭنى يەيسەن، — دېدى كىچىككىنە خام كېسەكتىن قوپۇرۇلغان، پاخالدا يېپىلغان ئۆيگە بوراندەك كىرىپ كەلگەن قارا كۆسەي كەنت باشلىقى يەرگە قاراپ ئولتۇرغان سارەمگە قوللىرىنى شىلتىپ. سارەم يەردىن بېشىنى ئۇستۇن كۆتۈرمەي: «خوش» دېدى. كەنت باشلىقىنىڭ يېنىدا، نۇردۇن مەغرۇر ھەجىيىپ تۇراتتى. ئۇ بۈگۈن ئۆزىنى ئالاھىدە پەردازلىۋالغانىدى، ئۇ ھېيت ـ ئايەملەردە مېھماندارچىلىققا بارغاندا كىيىدىغان، ئەينى زاماننىڭ ئەڭ ئەتىۋار رەختى بولغان سىيامبۇدىن تىكىلگەن سېرىق ئەسكەر فورمىسىنى كىيىۋالغان بولۇپ، بۇ كىيىم ئۇنىڭ تەتۈر ئۇستىخىنىغا خېلىلا سالاپەت كىرگۈزگەنىدى. كەنت باشلىقى كۆلۈڭ ئالدىدا ئولتۇرغان سارەمنىڭ تاغىسىنىڭ ئايالىغا قاراپ:

— ئەي، پاخما باش، قارىغۇ، پومېشچىك قېرى. ماۋۇ ئېلىنمىغان پاسكىناڭنى تۈزۈك باشقۇرالىساڭ باشقۇر، بولمىسا

www.uyghurkitap.com

خەلقنىڭ غەزەپ يالقۇنى ئىچىدە كۆيۈپ كۈل بولىسەن ! — دەپ ۋارقىرىدى . ئايال :

— خوش ، ئوبدان ، غوجام ، رەھىم قىلىسلا ، بىر چوقۇم ياخشى ئۆزگىرىمىز ، — دېدى . ئايال شۇنداق دەپ ، ئورنىدىن تۇرۇپ ، تەمتىلىگىلى تۇردى . سارەم دەرھال ئايالنى يۆلەشتۇردى . ئايال :

— ھۇ ، يەر يۇتقۇر ، ئىت سوك . ئەمدى بىزگە بۇ دەردى ئەسرانى تېرىدىڭمۇ ؟ — دېگىنىچە ، ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ بىر سىلكىشلىۋىدى ، جېنى ئاران قالغان سەگەز كۆڭلەك يىرتىلىپ ، سارەمنىڭ ئالىمدەك كۆكسى شۇنداقلا ئېچىلىپ قالدى . سارەم ۋايجان دېگىنىچە ، كۆكسىنى قوللىرى ۋە سەگەز كۆڭلىكىنىڭ يىرتىقلىرى بىلەن توسۇپ ، ئەرلەرگە كەينىنى قىلىنۋالدى . ئايالنىڭ قولىغا ئۇنىڭ ئۇزۇن چاچلىرى ئىلىنىشىپ قالدى ، ئۇ سارەمنىڭ چېچىدىن تولغاپ تۇتۇپ بىر تارتىۋىدى ، سارەم قاتتىق چىرقىراپ ئوڭدىسىغا يىقىلدى . ئۇ ئاغرىققا چىدىماي ، بىر قولىدا يەڭگىسىنىڭ قولىغا ئېسىلىۋىدى ، كۆكسىنىڭ بىر تەرىپى يەنە ئېچىلىپ قالدى ، شۇئان ئۇنىڭ كۆزى كۆكسىگە ئېچىرقاپ قاراۋاتقان بىر كۆز بىلەن ئۇچراشتى ـ دە ، قولىنى دەرھال تارتىۋېلىپ ، كۆكسىنى توستى ، ئايال ئۇنىڭ چېچىدىن سۆرەپ ، ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن ياغاچ كەش بىلەن قالايمىقان دەسسەپ تەپتى . قىز بولسا ۋارقىرايتتى ، چىرقىرايتتى ، تولغىناتتى ، ئەمما ئازابلاۋاتقان چېچىغا ئېسىلمايتتى ، قورساقلىرىنى مۇجۇقلىمايتتى ، پەقەت كۆكسىنى چىڭ ياپقان ھالدا تولغىنىپ ياتاتتى . نۇردۇن دەرھال بېرىپ ، سارەمنىڭ چېچىنى قارىغۇ ئايالنىڭ ئامبۇردەك قىسىۋالغان قوللىرىدىن ئاجراتتى ـ دە ، سارەمنى يۆلەپ تۇرغۇزماقچى بولدى ، ئەمما سارەم خۇددى قارچىغىدىن ئۈركۈگەن توشقاندەك ، دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئۆينىڭ بۇلۇڭىدىكى ئەسكى ـ تۈسكىلەر ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ ، دۈم يېتىۋالدى . قارا كۆسەي كەنت باشلىقى ئايالنىڭ يۈزىگە ئىككى

كاچات سالدى :

— ھو ، ئۆلگۈچە ئۆزگەرمەيدىغان قىرى ، ئاغزىڭدا ئۆزگىرىمەن دەپ مىڭ قېتىم قەسەم قىلسەن ، يەنە قاراپ تۇرساق ، ئادەم ئۇرسەن ! بىزگە قېيىدىغىنىڭمۇ بۇ ؟ ئاڭلاپ قوي ، سېنىڭ ئادەم ئۇرىدىغان ۋاقتىڭ كەلمەسكە كەتتى ، نۆۋەت ئەمدى بىزگە كەلدى ! — قارا كۆسەي كەنت باشلىقى ئايالنى ئۇرماق بولۇپ ، يەنە كېلىۋىدى ، نۇردۇن ئۇنى توسۇپ :

— ھە ، كەنت باشلىقى ، بۇ خوتۇن بۇنىڭدىن كېيىن ئۇرمىسۇن ، دىققەت قىلسۇن ، بولدى قىلىڭ ! — دېدى .

كەنت باشلىقى نۇردۇنغا خۇشامەت كۈلكىسىدىن بىرنى كۈلۈۋەتكەندىن كېيىن ، ئايالغا قاراپ قاپىقىنى تۈرۈپ :

— شۇنداق ، ھەي ، پومپىشچىك قىرى ، ئەگەر يەنە ئادەم ئۇرۇپ ئۆگىنىپ قالغان قولۇڭ قىچىشىپ كېتىپ ، بۇ قانجۇقۇڭنى يەنە ئۇرىدىغان بولساڭ ، سېنىم پومپىشچىكتەك قەلەندەر زەيىنىڭ پاشىسىغا يەم قىلىمەن ، ئاڭلىدىڭمۇ ؟

— خوش غوجام ، دېگەنلىرىدەك بولغاي ، — دېدى ئايال قول باغلاپ . كەنت باشلىقى بىلەن نۇردۇن كۆز ئۇرۇشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، كەنت باشلىقى ئۆيدىن چىقىپ كەتتى . نۇردۇن ئىنتايىن مۇلايىملىق ۋە مېھرىبانلىق بىلەن ، ئايالنى يۆلەشتۈرۈپ ، كۈلۈڭنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ ئولتۇرغۇزدى . ئايال ئولتۇرغاندىن كېيىن ، نۇردۇنمۇ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ :

— مەن يۈسۈپ دېگەن بىلەن بىرگە كەلگەن دوختۇر بولىمەن . يۈسۈپ دېگەننى مەن ناھايىتى ئوبدان بىلىمەن . ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشىمۇ ئىنتايىن يامان نەرسە . ئۇنىڭ دادىسى ۋەتەن خائىنى ، ئۆزىمۇ ھۆكۈمەتكە قارشى ئەكسىيەتچى نەرسە . ئۇ قىزىڭنى يامان ئازدۇرۇۋاپتۇ ... — نۇردۇننىڭ ئاۋازى بىردىنلا پەسلەپ ، گېپى كۈس - كۈس پاراڭغا ئايلاندى . ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقان سارەم كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئۇلار تەرەپكە قارىدى ، نۇردۇن ئۇنىڭ تاغىسىنىڭ ئايالىنىڭ قۇلىقىغا ھەدەپ بىر نەرسىلەرنى دەپ كۇسۇلداۋاتىدۇ ،

www.uyghurkitap.com

ئايال بولسا، چىرايلىرىغا تەبەسسۇم ئولاشقان هالدا، هە دەپ بېشىنى لىڭشىتىپ، ئۇنىڭ سۆزىنى ماقۇللىماقتا ئىدى. سارەم ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىيالمىغان بولسىمۇ، كۆڭلى ئېغىپ كەتتى. تاغىسىنىڭ ئايالى بىلەن نۇردۇن ساق ئىككى ئاش پىشىم كۇسۇرلاشتى، ئاخىر، ئايال ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇۋىدى، نۇردۇن ئۇنى يۆلەشتۇردى... هەم ئىشىكتىن چىقىرىپ قويدى. ئۇلار سىرتقا چىققاندىن كېيىن، نۇردۇن يانچۇقىدىن بىر سىقىم پۇلنى چىقىرىپ، ئايالنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى:

— خاتىرجەم بول ئاچا، گېپىم گەپ. مەن ئۇنىڭغا هەقىقەتەن كۆيۈپ قالدىم... سەنمۇ ۋەدەڭدە تۇرىدىغانلا بولساڭ، هەممە ئىشلىرىڭنى ئۆزۈم ئوڭشايمەن.

ئايال خوشال كۈلۈپ، پۇلنى جىلىتكىسىنىڭ قويۇن يانچۇقىغا تىقىپ، تامنى تۇتۇپ، ئىشىكتىن يىراقلاپ كەتتى.

يۇسۇپ بۈگۈن خېلى بالدۇر قايتتى، ياتاقتا خېلى بىر چاغلارغىچە شېرىن خىيال سۈردى. ئۇ كۆزىنى يۇمسىمۇ، ئوكۇل بوتۇلكىسىغا قارىسىمۇ، سارەم شۇ يەردىن چىقىپ، ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قارايتتى. سارەم ئۇنىڭغا چوڭقۇر تىكىلىپ قارايدۇ-دە، ۋىللىدە قىزىرىپ، يەنە باشقا ياققا قارايدۇ... يۇسۇپنىڭ ئىچى تىتىلداپ، ئورنىدىن تۇردى. سىرتقا چىقتى. سارەم ۋەدىسى بويىچە، كېلىدىغان قارارىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ كېلىپ، كۈندىكى ئادىتى بويىچە، ئۇنىڭغا ئوكۇل يىڭنىسىنى قايناتتىپ بېرەتتى. بۈگۈن... يۇسۇپ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ سارەمنىڭ مەهەللىسىگە، ئاندىن ئىشىكىگە كېلىپ قالدى. ئۆيدە دۇرۇكلىگەن ئاۋازدىن باشقا ئاۋاز چىقمايدۇ. قورتلاپ كەتكەن ئەسكى ئىشىك ئىچىدىن چىڭ تاقالغان، ئۆي ئىچىدىن هەدەپ هاسىرىغان، دۇرۇكلەپ ئۇرۇلغان ئاۋازلا ئاڭلىنىدۇ. ئۆي ئىچىنى نامازشام قاراڭغۇلۇقى باسقان. يۇسۇپنىڭ كۆڭلىگە سەل ئەندىشە چۈشۈپ، ئىشىكنى خېلى قاتتىق قاقتى. دۈكۈلدىگەن ئاۋاز يوقىلىپ، ئۆي ئىچىنى گۆرىستان جىملىقى باستى، يۇسۇپنىڭ كۆڭلىگە گۇمان

چۈشتى . ئىشىكنى ئېخىمۇ قاتتىقراق ئۇردى . ئۆيدىن :
— ۋاي ، ئۆلمىگۈر قارىغۇ پومبىشچىك قېرى ، بىردەم تەخىر قىل ، بۇ جاھىل قانجۇقۇڭ ھېچ بوي بەرمەيۋاتىدۇ . مەن ئۇنى چوقۇم...

يۈسۈپ نۇردۇننىڭ بوغۇق ئاۋازىنى شۇئان تونۇدى ، ئۇ غەزەپ بىلەن ئىشىكنى شۇنداق قاتتىق تەپتىكى ، ئاران تۇرغان قوناق شېخىدەك ئىشىك قاراسلاپ ئۆلگۈجىكىدىن سۇنۇپ ، گۆردەك قاراڭغۇ ئۆي ئىچىگە قاڭقىپ چۈشتى . يۈسۈپ توشقانغا ئېتىلغان قارچىغىدەك ئۆيگە بۆسۈپ كىردى ـ دە ، ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرغان نۇردۇننى بىر كاللا قويۇش بىلەن ، ئۇڭدىسىغا ئۇچۇرۇۋەتتى . نۇردۇن پۇرلىشىپ بىرىپ تۆشۈككە — كرېست شەكلىدىكى ياغاچ تۈۋرۈككە ئېسىقلىق تۇرغان چويۇن داڭقاننىڭ بېشىغا يىقىلىپ چۈشتى . يۈسۈپ ئۇنىڭ ئەرلىك يېرىگە تازا كەلتۈرۈپ ئىككىنى دەسسىگەندىن كېيىن ، ياقىسىدىن تۇتۇپ ، بېشىنى داڭقانغا ئۇستۇرگىلى تۇردى .

«ۋاي...ۋايجان ، ئادەم ئۆلدى...قۇتۇلدۇرۇڭلار !...» دېگەن ئاۋاز مەھەللىنى بىر ئالدى .

## 2

— ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلار... مەن ئۇنى ئاللىقاچان ئېسىمدىن چىقىرىۋېتىپ ، يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا يۈسۈپكە دوستلۇق ئورناتقان . بىراق ئەر ـ خوتۇن ئىككىمىزلار ماڭا ھازىرغىچە نەپرەت ، ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ كەلدىڭلار . بىراق مەنچۇ ، مەن يۈسۈپنىڭ چوڭقۇر بىلىمىك ، يۈكسەك پەزىلەتلىك ، ۋىجدانلىق ئادەم ئىكەنلىكىگە چىن كۆڭلۈمدىن قايىل . قەلبىمدە ئۇنىڭغا زور ھۆرمەت ساقلانغان . بىراق ، ئادەم ھەرقانچە ئەقىللىق بولسىمۇ ، ھەممىگە توغرا ھۆكۈم قىلالمايدۇ . بىر ئادەمنىڭ تارىخىدىكى

بىلىپ ـ بىلمەي قىلىپ سالغان بىرەر ئىشلىرىغا قاراپ ، ئۇ ئادەمگە ياكى ئۇنداق ، ياكى مۇنداق دەپ باھا بېرىۋېتىش كۆپ ھاللاردا خاتا بولۇپ چىقىدۇ . بىر ئادەمنى چۈشىنىشتە ، ئۇنى ئۇزۇن يىللىق ئەمەلىيەت داۋامىدا سىناپ ، ئاندىن باھا بەرسە ئادىل بولىدۇ . مانا مەن يۈسۈپنىڭ ھېلىقى ئوپېراتسىيىدە بەختسىزلىككە ئۇچرىغىنىدىن كېيىن ، يۇقىرى ـ تۆۋەن قاتراپ ، بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ ، ئۇنى قۇتۇلدۇرۇشقا ئۇرۇندۇم . ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى بىكارغا كەتتى ، — نۇردۇن سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ، ئاياللارنىڭ تۇغما تەبىئىتى بويىچە ، سارەمۇ ھېچ بەرداشلىق بېرەلمەستىن ، باياتىن بېرىقى پەرۋاسىز ، مەغرۇر ، غەزەپ ـ نەپرەت بىلەن تەتۈر قاراپ ئولتۇرغۇدەك ماجالىنى يوقىتىپ ، نەفسەنى چىڭ قۇچاقلىغىنىچە ، ھۆ تارتىپ يىغلاپ كەتتى . ئۇ شۇنچىلىك قاتتىق يىغلىدىكى ، ئۇنىڭ بارغانچە تولۇپ يېتىلگەن زىلۋا بەدەنلىرى توختاۋسىز لاغىلداپ تىترەيتتى . نۇردۇننىڭ كۆزلىرىدىنمۇ ياش سىرغىپ چىقىپ ، خونچا ئاياغدەك سالپاڭ گۆشلۈك يۈزىنىڭ يېرىمىغا كېلىپ توختاپ قالدى . ئۇ بوغۇق ئاۋازدا :

— مەن سىزگە بىر شۇم خەۋەرنى يەتكۈزمەي تۇرالمايمەن ، يۈسۈپ تۈرمىدە تۇيۇقسىز مېڭىسىگە قان چۈشۈپ قازا قىپتۇ ، — دېدى .

سارەم ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ، بىرنى چىرقىراپلا ، ھوشىدىن كەتتى .

*        *

— نېمە؟ تېخىچە ئۆلمىدىما؟ — غەزەپتىن بىر كۆكىرىپ ، بىر تاتىرىپ كەتكەن نۇردۇن قولىدىكى رومكىنى جاققىدە شىرەگە قويۇپ ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى .

— مەن ساڭا شۇنى تەكرار دەپ قوياي، مەن سارەگە ئەينى چاغدا شۇنداق قاتتىق كۆيۈپ قالغاندىمكى، يۇسۇپ مېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرگىلى تاس قالغاندىمۇ، خەلقئالەم ئالدىدا شەرمەندە قىلغاندىمۇ، مەن ھەممە ئازابنى سارەمنىڭ ئىشقى ئالدىدا ھېچ نەرسىگە تەڭ قىلمىغان. ئۇلار ئىككىسىنىڭ ماڭا سالغان ھېسابسىز دەرد ـ ھەسرىتى مېنىڭ يۈرىكىمنى ھەرە كۆنىكىدەك قىلىۋەتتى. تارتقان ئازابىمنىڭ يېرىمىنى سەن تارتقان بولساڭ، بۇ چاغقىچە سۆڭەكلىرىڭ تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكەن بولاتتى. مەن ئۆلمەي ياشاۋاتىمەن، چۈنكى، مەن ئىنتىقام ئالماقچى، مەن قۇرئان تۇتۇپمۇ، تۇزغا سىيىپمۇ قەسەم قىلغان! يۇسۇپنى ئۆلتۈرۈپ، سارەمنى بىر قېتىم ئەمرىمگە ئېلىپ خوتۇن قىلمىغۇچە، مېنىڭ دەردىم چىقمايدۇ، ئەمدى چۈشەندىڭمۇ؟

نۇردۇن قولىلىرىنى شىلتىپ، ئالدىدا ئولتۇرغان قىرىق ياشلاردىن ئاشقان تاقىرباش تۇرمە باشلىقىغا ۋارقىرىدى. تۈرمە باشلىقىنى تەر باسقاندى، ئۇ يەملىشىپ قالغان ئاغزىنى تەستە ئېچىپ:

— نۇر چاڭۋېي، سەۋر قىلايلى! ئۇنى ئادەم چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئۇردۇق، قىينىدۇق، كېچە ـ كۈندۈز يېتىۋاتقان يېرى قارا نومۇرلۇق كامېر، ھەتتا بۇگۈن ئۈچ كۈن بولدى، تاماق بەرمىدۇق، ھوشسىز ياتىدۇ، لېكىن ئۆلمەيۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ تاتارغان ھالدا.

— ئۇنى چوقۇم ئۆلتۈرۈشىمىز كېرەك. ئۆزىمۇ ئۆلۈشكە تېگىشلىك نەرسە. ئۆلدى دېگەن سۆز خەلق ئارىسىدا تارقىلىشى، بۇنىڭغا سارەم ھەم ئۇنىڭ يېقىن دەرددىشى سىلىمخان قېرى ئىشىنىشى كېرەك. شۇنىڭدىن كېيىن، ئاندىن ئاخىرقى قەدەمنى بېسىشقا ئىمكان تۇغۇلىدۇ.

— يۇسۇپنىغۇ ئۆلتۈرمىسەكمۇ يېقىندا ئۆزى ئۆلىدۇ، ئەمما ھازىر سارەم ئەينى چاغدا سىز كۆيگەن سارەم ئەمەس، گەرچە ئۇ

هازىرمۇ يەنىلا شۇنداق چىرايلىق بولغىنىنى بىلەن، بىر بالىسى بار ئايال ـ دە! — دېدى تۇرمە باشلىقى.

نۇردۇننىڭ سەپرايى ئۆرلىدى:

— خاپا بولماڭ، بەك كالۋا ئادەم ئىكەنسىز، سىزگە قىلغان گەپنى مۇشۇ تاممۇ چۈشىنەر ئىدى، لېكىن سىز چۈشەنمىدىڭىز. مەن ئۇنى خوتۇن قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، ئازابلاپ ئىچىنى خۇن قىلىش ئۈچۈن، مېنى شۇنچە سەۋداغا سالغان ئاشۇ شەيتان چىرايىنى خازان قىلىش ئۈچۈن ئالىمەن. ئۇ مېنىڭ ئالدىمدا، يۈسۈپ بىلەن قانداق ئوينىغان بولسا، مەنمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا، چىرايلىق قىزلارنى ئەكېلىپ ئويناپ، ئىچىنى زەردابقا تولدۇرۇپ، ئۇنى سەۋدايى قىلىۋېتىمەن.

— ئەمدى چۈشەندىم، ئۇنداق بولسا، سىز هازىردىن باشلاپ، يۈسۈپنى ئۆلدى دېگەن خەۋەرنى سىرتقا تارقىتىۋېرىڭ، خاتىرجەم ئىشىڭىزنى باشلاۋېرىڭ، قالغان ئىشلار ئۆز يولى بىلەن بولىدۇ، — دېدى تۇرمە باشلىقى.

نۇردۇننىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى.

— ئەمىسە گۇۋاھلىق بېرەلەمسىز؟

— بولىدۇ.

— قاچان؟

— ئەتە.

نۇردۇن تۇرمە باشلىقىنى چىڭ قۇچاقلاپ دېدى:

— دوستلۇققا يارايسىز جۇمۇ، قىلغان ياخشىلىقىڭىزنى يەردە قويمايمەن. پات ئارىدا ج خ ئىدارىسىگە باشلىق بولىدىغانلىقىڭىزنى ئويلاۋېرىڭ! ها... ها... ها...

تۇرمە باشلىقى نۇردۇن بىلەن خوشلىشىپ چىققاندا، ئۈستىدىن تاغ غۇلىغاندەك بولدى. «يائاللا، شۇنداقمۇ بەتنىيەت ئادەم يارالغان بارمۇ، خۇدا بۇنداق ئىچى قارا ئادەم بولۇشتىن ساقلىغايسەن. هېسابى بار جاهان بۇ! قىلغان قىلغىنىنىڭ بولۇپ

كەتمەيدۇ . ھېچبىر ئۆچ - ئاداۋىتىم يوق بىر بىچارىنى يامانغا يانتاياق بولۇپ ئۆلتۈرەمدىم ؟ ياخشى كۈننىڭ يامىنىدا ، نۇردۇندەك كۆڭلى قارا ئادەمدىن ۋاپا كېلەمدۇ ؟ بۇ مەسئۇلىيەتنى ماڭا ئىتتىرىپ قويۇشتىن يانمايدۇ . يۇسۇپ ئۆلمىسۇن ! قارىغاندا ، ئۇ گۇناھسىز... نۇردۇننىڭ سۇيىقەستىگە ئۇچرىغانلىقى مانا مەن دەپ تۇرمامدۇ !» تۇرمە باشلىقى گويا يامان چۈشتىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك بولۇپ ، تېز - تېز مېڭىپ كەتتى .

## 3

قاتتىق بۇقۇلداپ يىغلاۋاتقان ئاۋازدىن سەل ئېسىگە كەلگەن سارەم ، ئۆزىنىڭ بېشىدا سېلىمىخاننىڭ ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، سېلىمىخاننىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى :

— ۋاي ئاچا ، ۋاي جېنىم ئاچام ! مېنىڭ مۇڭداشچىم ئاچام ! ۋاي مېنىڭ غەمخانەم ئاچام ! مەن نېمە بولدۇم ؟ مەن خۇدانىڭ ئالدىدا قانداق گۇناھ قىلغاندىمەن ئاچا ؟...

— سەۋر قىل سىڭلىم ، سەۋر قىل ، خۇداغا شۈكرى قىل . ئالدىڭدا مانا گۈلدەك قىزىڭ تۇرۇپتۇ . قىزىڭغا قارا ، ياش جېنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىسۇن ! ئىنسان بىر كاماردىن چىقىپ يەنە بىر كامارغا كىرگۈچە ، تېخى نى - نى كۈنلەرنى كۆرىدۇ . شۈكرى قىل . سەۋر قىلساڭ ، ھەممە ئىش ئوڭشىلىپ كېتىدۇ .

سارەم سېلىمىخاننىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ ، بىر ھازا ھۆمۈدەپ يىغلىغاندىن كېيىن ، ئاۋازى پۈتۈپ ، ھالسىزلىنىپ يەنە ئىزىغا يىقىلدى . ئۇ يېشى قۇرۇپ ئىششىغان كۆزلىرىنى سېلىمىخانغا گۇمان نەزەرى بىلەن تىكىپ ، ناھايىتى زورۇققان ھالدا دېدى :

— ئاچا ، سىز مېنىڭ يۈرىكىمنىڭ ھەممە يېرىنى بىلىسىز . مېنىڭ سىزدىن يوشۇرىدىغان ھېچقانداق گېپىم يوق .

— شۇنداق سىڭلىم ، بىزنىڭ بىر - بىرىمىزدىن يوشۇرىدىغان

ھېچقانداق سىرلىرىمىز يوق، — دېدى سېلىمىخان.

— مەن يۈسۈپنىڭ ئۆلگەنلىكىگە ئىشەنمەيمەن. بۇ سۆزنى نۇردۇننىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغانلىقىم ئۈچۈن ئىشەنمەيمەن، يۈرىكىم سېزىۋاتىدۇ.

سېلىمىخاننىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش كەتتى:

— ھامان دېمىسەم بولمايدۇ سىڭلىم، بۇ سۆزگە ئىشەنگىن. بۈگۈن چۈشتىن ئىلگىرى، تۇرمە باشلىقى بىلەن ئىككى گۈندىپاي يۈسۈپنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ئەكەلدى. ئۇنىڭ ئارىسىدا يۈسۈپنىڭ قولياغلىقىغا قان بىلەن يازغان خېتىمۇ بار ئىكەن، — دېدى سېلىمىخان.

سارەم ئورنىدىن يېرىم تۇرۇپ، ھالسىزلىنىپ، يەنە ئىمزىغا يىقىلدى.

— قېنى ئۇنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى؟ قېنى، ئۇنىڭ خېتى؟ قېنى ماڭا كۆرسىتىڭ ئاچا! مەن ئۇنى پۇرىۋالاي، ئۇنىڭ پۇرىقىنى پۇرىۋالاي!...

سېلىمىخان قان، قەقەچ، لايلار قېتىپ كەتكەن، سېسىق پۇراقتىن ئادەمنىڭ قۇسقۇسى كەلگۈدەك دەرىجىدىكى، يىرتىق، يىت، سىركىلەر مىغىلداپ تۇرغان كۆڭلەك، چاپان، دوپپا، ئۆتۈكلەرنى بىر بوغچىنىڭ ئىچىدىن چىقاردى. كىيىملەردىن ئارىلىشىپ كەتكەن سېسىق پۇراق بىقسىپ تۇراتتى. سارەم بىر قاراشتىلا تونۇدى. مانا ئاۋۇ سارەم ئۆز قولى بىلەن تىككەن بادام دوپپا، ياقىسىغا، يەڭ ئۇچلىرىغا ئۆزى گۈل ئىشلەپ تىككەن ياڭچۇ كۆڭلەك، چاپىنى، ئۆتۈكى ھەممىسى، ھەممىسى دەل شۇ... تونۇشلۇق نەرسىلەر...

«ئاھ... يۈسۈپۈم... مېنىڭ ھاياتىم... نىجاتچىم، يۈرىكىم... مەن ساڭا...» سارەمنىڭ ئاۋازى ئۆزى ئاڭلىغۇدەك چىقمىدى، بار ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ توۋلىدى، ئاۋازى چىقمىدى. يىغلىدى، كۆزىدىن ياش چىقمىدى، ياش قۇرۇغاندى... يۈرىكى يىغلىدى،

گويا جىنى چىقىپ كەتكەندەك، ھەممە، ھەممە قېتىپ قالغاندەك، توختاپ قالغاندەك بولدى. ئۇنىڭ ھازىر ھېچ نەرسىگە دەرمانى يەتمەيتتى. ئەمما ئۇنىڭ چوكىدەك قالغان ئىنچىكە بارماقلىرى يۇسۇپنىڭ ھەممە كىيىملىرىنى ۋە ئۆتۈكىنى ئاغزىغا، بۇرنىغا يېقىپ تۇتۇۋالغانىدى. ئۇ پۇرىماقتا، ئۆيىنىڭ ئىچىنى بىقىسىتىۋەتكەن، ئادەم تىنىشى مۇمكىن بولمىغان پۇراقنى پۇرىماقتا، ئۇنى بارغانچە قېنىپ سۇمۇرمەكتە، نىمجان يۇرىكىنى جاھاننىڭ كۆزلىرىدىن توسۇپ تۇرغۇچى كۆكسى ئۈستىگە بار كۈچىنىڭ ھەممىنى يىغىپ باسماقتا. سېلىمىخان دېمى سىقىلىپ، يۆتىلىپ، ئىچىدىكى ھەممە نەرسە قومۇرۇلۇپ ئاغزىغا كەپلىشىپ قالغاندەك، بىرنەچچە قېتىم قۇرۇق ھۆ قىلىپ، ماغدۇرسىزلانغان ھالدا، ئۆيىنىڭ ئىشىك ـ دېرىزىسىنى ئېچىۋەتتى. ئۆيگە شۇئان غۇر ـ غۇر شامال كىرىپ، ئۆيىنىڭ ئىچىدىكى بۇرۇقتۇم قىلغۇچى پۇراق ئاستا ـ ئاستا يېنىكلىدى. سارەم بىقسىپ كەتكەن كىيىملەر ئىچىگە بېشىنى پۈتۈنلەي تىقىۋالغانىدى. سېلىمىخان ئۇنىڭ تۇنجۇقۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، كىيىملەرنى ئېلىۋەتمەكچى بولۇپ، خېلى ھەپىلىشىۋىدى، سارەمنىڭ چىڭ قامالىۋالغان قوللىرىدىن ئاجرىتالمىدى، ئۇنىڭ ئاغزى ـ بۇرنىدىن سەل نېرىراق قىلىپ قويماقچى بولۇۋىدى، بۇ مۇمكىن بولماي قالدى. مانا شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، سارەم شۇنچىلىك جىمغۇرلىشىپ كەتتىكى، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن دىلكەشى سېلىمىخانمۇ ئۇن ئېغىز گەپ سورىسا، يېرىم ـ يارتا، زەئىپ ئاۋازدا، بىر ئېغىز جاۋاب بېرىدىغان ھالغا كەلدى. ئۇ ئادەم خالىمايدۇ، يالغۇز ئولتۇرۇشنى، يالغۇز قېلىپ خىيال سۈرۈشنى، خىيال ئىچىدىن يىغا تېپىپ قېنىپ يىغلىۋېلىشنى، يەنە شۇ خىيال ئىچىدىن كۈلكە تېپىپ، ئۆزىلا كۈلۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ مەنىۋى دۇنياسىلا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ گۈزەل، ساپ ھاۋالىق، بۈككىدە گۈللەر، شېرىن مېۋىلىك دەرەخلەر قاپلىغان، سۈزۈك سۇلىرى شىلدىرلاپ ئېقىپ

تۇرغان، تۈمەن خىل قۇشلار سايرىشىپ تۇرغان خىلۋەت، گۈزەل ماكان. بۇ يەردە ئۇ يالغۇز، ياق، جانكۆيەرى يۇسۇپ بىلەن قول تۇتۇشۇپ، بىرگە سەيلە قىلىدۇ، قاقاقلاپ كۈلىدۇ، چاقچاقلىشىدۇ، بىر - بىرى بىلەن مۆكۈ - مۆكۈلەك ئويناپ، بىر - بىرىنى قوغلايدۇ، بۇلاق سۇلىرىنى بىر - بىرىگە چېچىشىپ، ئۈستىنى ھۆل قىلىشىدۇ. ئاخىر، يۇسۇپ ئۇنى تۇتۇۋالىدۇ. قويۇق ئۆسكەن كاككۇككۈللەر ئۈستىدە يۇمىلىتىدۇ. ئۇنىڭ تاپىنىغا يېتەي دېگەن بوستان چاچلىرىنى بويىنىغا يۆگىۋېلىپ، بىرگە يۇمىلايدۇ. ئۇنىڭ قويۇق مايسىدەك ئۆسكەن بۇرۇتلىرى سارەمنىڭ كۆزلىرىگە، مەڭزىگە، لېۋىگە، بويىنىغا، ئاخىر كۆكسى ئارىسىغا چۆكۈپ كېتىدۇ. سارەم قاتتىق چۆچۈپ، بىر يۇلقۇنۇپلا يۇسۇپتىن ئاجراپ قاچىدۇ، قاچىدۇ… قېچىپ كېتىۋېتىپ پۇتلىشىپ، قويۇق ئۆسكەن قىياقلار ئارىسىدا سوزۇلۇپ ياتقان يۇسۇپنىڭ ئۈستىگە يىقىلىدۇ. مانا ئەمدى ئۇنىڭدا يەنە قاچقۇدەك مادار قالمىدى. ھۆل بولۇپ كەتكەن كىيىملىرى ئۇنىڭ بەدەنلىرىگە چاپلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ باياتىن بېرى بەدىنىنىڭ توڭلىغانلىقىنى، سەل ئېچىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغانىدى. مانا ئەمدى، قىياقلار ئارىسىدا، ھەممە يېرى خۇددى قۇمغا كۆمۈلگەندەك قىزىرىپ كەتتى. ئىسسىق بىر ئېقىم ئۇنى دەرمانىدىن كەتكۈزدى، بەدەنلىرىنى بۇژژىدە تەر باستى. ئاخىر، دەرمانىدىن كەتتى. ئۇ مۇشۇ كۈنگىچە، قىياقلار ئارىسىغا يىقىلغان، يۇمىلىغان، بۇنداق لەززىتى مەست قىلارلىق ئىسسىقلىقنى ھېس قىلمىغان، بۇنچىلىك تەرلىمىگەنىدى. ئۇ بىلدى، بۈگۈن قىياقلىق ئارىسىدا، ئۇنىڭ تىنىقىدا، يۇسۇپنىڭ كۈچلۈك تىنىقلىرى بار… مانا بۇ قىياقلىق سارەمنىڭ ئېسىدە مەڭگۈلۈك خاتىرە بولۇپ قالدى… جاھان قىزلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەنە شۇنداق ئۇنتۇلماس بىردىن خاتىرىلىرى چوقۇم بولىدۇ. ئۇ خاتىرە يۈرىكىدە مەڭگۈلۈك ئىز قالدۇرىدۇ. ئۇ خۇشال

چاغلىرىدا، پىغانلىق كۆنلىرىدە، ئاشۇ خاتىرىنى ۋاراقلىغاندا، ئۇنىڭدىن يەنە كۈچلۈك ھارارەتلىك لەززەت ئۇرغۇپ چىقىدۇ. سارەممۇ ئاشۇ قىياقلىق لەززىتىنى ھازىرمۇ خىياللىرى ئارىسىدىن سۈمۈرىدۇ. ئۇنىڭ كۆڭلى گەپ قىلمايدۇ. گەپ ئۇنى تاتلىق ئەسلىمىلەر خاتىرىسىدىن سۆرەپ ئاچىقىپ، ھازىرقى دەھشەتلىك رېئاللىق پاتقىقىغا تاشلايدۇ. ئۇ رېئاللىقتا، راستىنلا يامان كۈنگە قالدى. ئۇ ئادەملەرنى خالىمىغاچقا، سىلىمىخانمۇ ئۇنىڭ كۆزىگە كىرىۋالماسلىق، ئۇنى ئۆز ھالىغا قويۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ يېنىغا ئانچە كىرمەيدىغان بولدى. ئۇنىڭ ھالىمۇ بارغانچە بەتتەرلىشىپ، باشقا كىشىلەر بىلەن سۆزلىشىش، ئالاقىلىشىش ئەركىنلىكى ئېلىپ تاشلاندى. شۇ چاغدا، كۈزدە باش ئۈستىدە ئۈچۈپ يۈرىدىغان قومۇش تورغاقلىرىدەك، «بۇزۇق ئۇنسۇر» لۇق قالپىقىدىن بىرى ئۇچۇپ كېلىپ، بۇ بىچارە ئايالنىڭ بېشىغا كىيدۈرۈلۈپ قالغانىدى. سارەم ئىنتايىن يامان كۈنگە قالدى. ئاچلىق ئۇنىڭ ئۈستىدە ۋەھشىي چىلبۆرىدەك ھۇۋلىماقتا. يىللاردىن بېرى ئەسكى قەغەز كورۇپكا ئىچىگە تۆكۈپ قويغان سېرىق قوناق كېپىكى بىلەن بۇغداي كېپىكى، ئۇنىڭ ئارىسىدا ئارىلىشىپ كەتكەن نان كۆيۈكلىرىمۇ دەرەخنىڭ يېڭى يوپۇرمىقى، سۈپۈرگە، كاۋا، چامغۇر، بۇغداي ئارىسىدىن يۇلۇۋېلىنغان قارىمۇق يوپۇرماقلىرى بىلەن، تېجەپ، ئارىلاش قاينىتىلىپ، يېيىلىپ تۈگىدى. كوممۇنا ئاشخانىسى مەزگىلىدىكى ئاچارچىلىق مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا سارەمگىلا كەلگەن ئەمەس ئىدى. ئۇ يەنىلا ئومۇمىيۈزلۈك باشلاندى. خەلق يۇرتىنى تاشلاپ، ھەر تەرەپكە قاڭقىپ ماڭغىلى تۇردى. كىشىلەر ئارىسىدا، ئوغرىلىق ۋە ۋەھشىيلىكلەر ئەۋج ئالدى. بىراۋ ئاشلىققا چىدىماي، بىراۋنىڭ توخۇسىنى ئوغرىلاپ قويۇپ، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلدى. بىراۋ ئامبىردىن سېپىق قوناقتىن بىر تەلپەك ئوغرىلاپ قويۇپ، تۈرمىگە ماڭدۇرۇلدى. ئەترەتنىڭ چارۋا قوتانلىرىدا، ئامبارلىرىدا، كالا قوتانلىرىدا ئوغرىلىق تازا ئەۋج

ئالدى... خېلى ئوبدان ئادەملەرمۇ بۇنىڭدىن خالىي بولالمىدى.

سارەم بىر ھەپتىنى چامغۇر، سۇپۇرگە، كاۋا غاجاپ يەپ ئۆتكۈزدى. ئەمما ئۇنىڭ بەدەنلىرىنى چاقا بېسىپ كەتتى، كىچىككىنە نەفسەنىڭ بەدەنلىرىدىن ھۆررەك يارا ئۆرلەپ، ھۆررەكتىن دەسلەپ سېرىق زەرداپ سۇ ئاقتى، ئارقىدىن، يارا يىرىڭلاپ، ئەتراپى ئاق پوستەك ـ قىزىل پوستەك بولۇپ كەتتى سارەم كېچىسى ئۇخلىماي ئاللاغا نالە قىلدى:

«ئى ئاللا، بىزمۇ سېنىڭ بىرلىكىڭگە ئىشىنىدىغان، ساڭا سەجدە قىلىدىغان مۇسۇلمان بەندەڭ ئىدۇققۇ؟ ئاجىز بەندەڭنى مۇشۇنچىۋالا خارۇ زار قىلغان بارمۇ؟ ئالدىڭدا قانداق بىر ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولغىيدۇق؟ گۇناھكار بەندەڭنى ئەپۇ قىلغايسەن، ئاسانچىلىق بەرگەيسەن! ئاجىز بەندەڭنى خاررزار قىلىۋەرمىگىن، ھەرقانچە غەزىپىڭ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمدى ئەپۇ قىلغىن، گۇناھىمنى كەچۈرگىن...» سارەم گېپىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالماستىن، جەيناماز ئۈستىگە يىقىلدى. نەفسەنىڭ ئاجىزلاپ كەتكەن ۋۇجۇدىدىن چىققان يىغا ئاۋازى ئۇنىڭغا ئادەملەر تەرىپىدىن يەرگە تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن بىچارە كۆچۈكنىڭ يەر ئاستىدا جېنى چىقماي ئازابلانغاندا چىققان غىڭشىش ئاۋازىدەك بولۇپ ئاڭلاندى.

## 4

ھايات يەنىلا تەكرار ئادىتى بويىچە ھەممە يەردىن ئاڭلىنىۋاتقان نالە ـ پەرياد ئىچىدە داۋام قىلماقتا. كىشىلەر قورساق غېمىدە ئالدىراشماقتا، بىر ۋاق توق كېكىرىش ئۈچۈن، تىرناقلىرىدىن قان چىرتىلداپ چىقىشىغا قارىماي، تىرماقداپ يۈرۈشىدۇ. بۇ سەھرانىڭ ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرى، قۇملۇقلىرى، سازلىقلىرى، قومۇشلۇقلىرى، باغلىرى، دەرەخلىرى، ھەتتا ئۈچار



www.uyghurkitap.com

قانات، ھايۋانلىرى… ئۆيلىرىدىن كۈندۈزى گۈلدۈرمامىدەك
جەڭگىۋار ھايات شاۋقۇنى، داغدۇغىلىق ئىنقىلابىنىڭ جەڭگىۋار
ساداسى، كېچىسى بولسا، مۇڭلۇق ئەسنەش، ئاللانى سېغىنىش،
ياغۇنچاقنىڭ كۆڭۈلسىز ئاۋازى كېلىدۇ. كاللار مۆرەپ باقىدۇ،
قويلار قوتاندا ئۇياق ـ بۇياققا ئۇرۇلۇپ مەرەيدۇ. جان ـ جانىۋارلار
دان تالىشىپ جاۋۇلدىشىدۇ، ئادەملەر ئېغىر ئەسنىشىپ،
ئېڭىكىدىن قاس چىققان ھالدا، «ئەستاغپۇرۇللا شەيتان» دېگەن
زەئىپ ئاۋاز بىلەن خىتاب قىلىدۇ. ئاخىر قورساقنىڭ خورەكتەك
ئاڭلىنىدىغان كوركىراشلىرى ئىچىدە ئۇيقۇغا كېتىدۇ.

سارەم بىردىنلا مانا مۇشۇنداق يامان كۈن ئىچىدە، ياخشى
كۈنگە ئېرىشىپ قالدى. نۇردۇن ئۇنىڭ ھالىدىن پۈتۈن ھوقۇق
كۈچى بىلەن خەۋەر ئېلىشقا باشلىدى. بىر چاڭگال پۇل كۆتۈرۈپ
چىقىپ بىر تەلپەك سېرىق قوناق تاپماق بەسى مۇشكۇل بولۇۋاتقان
بۇ كۈنلەردە، ئادەملەر: «نۇر چاڭۋېي ئەۋەتتى» دەپ، خالتىلاردا
ئاق ئۇن، تۈنىكە تۇڭلاردا مېغىز يېغى، قويلارنىڭ پۈتۈن گۆشىنى
كۆتۈرۈپ كېلىپ، سارەمنىڭ تىللىشىغا، سۈپۈرگە بىلەن
ئۇرۇشىغا قارىماي، ئۇنىڭ ئۆيىگە تاشلاپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى.
سارەم ئۇلارنى ئەسكى پايتىمىنى چۆرۈگەندەك، ئىشىك تۈۋىگە
ئاچىقىپ چۆرۈۋېتىدۇ. كىشىلەر كېپەك تاپالماي، كۆزلىرى
پىلدىرلاپ قېلىۋاتقاندا، سارەمنىڭ بۇ قىلىقى ھەممە كىشىنىڭ
ئەيىبلىشىگە ئۇچرىدى. بولۇپمۇ ھەممىدىن بەك ئەيىبلىگىنى
ئۆزىنىڭ يېقىنى سېلىمىخان بولدى. «بۇ ئاش، گۆش، ياغدا نېمە
گۇناھ، ئۇ مىڭ ئەسكى بولسىمۇ، يەنىلا سىزگە نىسبەتەن ياخشى
مۇئامىلىدە بولدى. قاراڭ، ماۋۇ بىچارە نەفسەنى! ئۇ شۇنداق
پوسمىلاق قىز ئىدى. ئاچلىق ئۇنى ئاۋاق قىلىپ قويدى. قارا
شامال، قوتۇر كېسەللىرى چېقىپ، بارغانچە يەرگە كىرىپ
كېتىۋاتىدۇ. كۆزلىرى گەجگىسىدە قايناپ، پىلدىرلاپلا قالدى.
ئاداۋىتىم بار دەپ، ئاچلىقتىن ھەممىڭلار ئۆلمەكچىمۇ؟ بۇنى خۇدا

www.uyghurkitap.com

راۋا كۆرمەيدۇ . بۇنى نۇردۇن دېگەن نائىنساپ كاززاپنىڭ دىلىغا خۇدا سالدىمۇ ، ئۆزىچە سىزگە غەمخورلۇق قىلىۋاتىدۇ . ئۇنداق قىلمايلى ، ھەر ئىشنىڭ يولى بار . سىز يېمىسىڭىز ، نەفسە بىلەن مەن يەيمەن . » سارەم سېلىمخاننىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ ، قاتتىق ھۇ تارتىپ يىغلاپ كەتتى . دېمەك ، ئاچلىق ئۇنى نامەرد نېنىنى يېيىشكە مەجبۇرلىدى . ئۇنىڭدا ، ئاچلىقتىن ئۆلۈش نىيىتى يوق ، ھايات قانچە رەھىمسىز بولسا ، ئۇنىڭ ھاياتقا بولغان مۇھەببىتى ، ياشاش ئىستىكى شۇنچە ئاشىدۇ . ئۇنىڭ ئىزى ئۆچمەسلىكى ، يۇسۇپنىڭ قۇرىغان تېنىدىن كۆكلەپ چىققان يۇمران نوتا نابۇت بولماسلىقى ئۈچۈن ، نېمىلا بىلەن بولمىسۇن ، جاننى قوغداپ ، ھايات ياشاش كېرەك ! «ئېغىز يېسە ، يۈز ئۇيىلىدۇ . » نۇردۇن ئاستا ـ ئاستا پەردە ئارقىسىدىن چىقتى ، سېلىمخاننىڭ ھايھايلىشى بىلەن ، ئۇ سارەم بىلەن نەفسەنىڭ ھايات سەھنىسىگە كىرىپ كەلدى . ئۇ ئادىتى بويىچە ھجىيىپ كىرىپ كېلىدۇ . سېلىمخان تاماق ئەتكەچ ، سارەمنى ھەيۋىلەيدۇ ، تاماق پىشقاندا ، ئۇلار يېيىشىدۇ . نۇردۇن ئۇزۇندىن ئۇزاق ، ئۆزىنىڭ ئىشىدىن چۈشۈپ ، جەمئىيەت ، ھايات ھەققىدە سۆزلەيدۇ . ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى ئورۇنلۇق بولىدۇ . بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئادەمنىڭ ھاياتى پەقەت بىرلا كېلىدىغانلىقى ، بۇ ھاياتنىڭ تولىمۇ قىسقا ئىكەنلىكى ، شۇ قىسقا ھايات ئىچىدە ياشلىقنىڭ گويا يىلدىت قىلىپ كۆزىنى چاقناتقان بىر نۇردەكلا ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقى ، شۇڭا ھاياتتا پەقەت خۇشال ـ خۇرام ياشاشقىلا بولىدىغانلىقى ، ئۆزىنى بىھۇدە ئازابلاپ ئۆتۈشنىڭ تولىمۇ ئەخمەقلىق بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى سۆزلىرى سېلىمخاننى تولىمۇ قايىل قىلىدۇ . سارەمنىڭ ئىچىدە بىر يەرلىرى نۇردۇننىڭ سۆزىنى ئورۇنلۇق دېگۈسى كېلىدۇ ، ئەمما ئىچ ـ ئىچىدىن چىقىۋاتقان يىرگىنچلەر ئۇنىڭ بۇ خىياللىرىنى پۇشايمان بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ . نۇردۇن دائىم كىچىككىنە نەفسەنى قۇچىقىغا ئېلىۋېلىپ ، چوڭقۇر مېھرى

بىلەن سۆيىدۇ، ئەركىلىتىدۇ. ئاچىقىپ كېتىپ ئوينىتىدۇ، نەفىسەنىڭ قولى قاياقنى كۆرسەتسە، شۇ ياققا ئاپىرىدۇ. نېمىنى كۆرسەتسە، شۇنى ئېلىپ بېرىدۇ. سارەم بۇنى توسۇشقا ئامالسىز قالدى. تىللاپمۇ، قېيىداپمۇ، كىنايە قىلىپمۇ، مانا بۇ «مېھىر ـ شەپقەت»تىن قۇتۇلالمىدى. خۇشامەت بىلەن ھىجىيىشلار، يېقىنچىلىقلار، ياخشى يېمەكلىكلەردىن ئۇ بىزار، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ سۆيۈرگە قايىنىتىپ يېگەن كۈنلىرىگە قايتا ئېرىشىشنى ئويلايدۇ. ئەمما ئۇ بۇ مەقسىتىگە يېتەلمىدى، قاچسۇنمۇ؟ قەيەرگە قاچىدۇ؟ يىراقلارغا قاچسىچۇ؟ ئۇ نەفىسە بىلەن قەيەرگىمۇ قاچالار؟ نەفىسە ھازىر نۇردۇننى بىردەم كۆرمىسە «دادام، دادام قېنى؟» دەپ غەلۋە قىلىدۇ. نۇردۇن نەفىسەنى ئەركىلىتىپ «قىزىم» دېگەن، نەفىسە «دادا» دەپ چاقىرغاندا، سارەمنىڭ بەدەنلىرى تىكەنلىشىدۇ، شۈركۈنىدۇ، يىرگىنىدۇ، يۈرىكى جىغىلدايدۇ، نەپسى سىقىلىدۇ، ھالسىزلىنىپ ھاسىراپ ئىزىغا ئولتۇرىدۇ، تەرگە چۆمىدۇ. بىراق، قىز ئۇيقۇسىدىن ئويغانسىمۇ، «دادا»، «دادام قېنى...» دەپ يىغلايدۇ. كۆز ياشلىرى تولۇپ بارغان ئالمىدەك يۈزلىرىنى يۇيىدۇ. ئانا چەكسىز ئازاب ئىچىدە تولغىنىدۇ. ئانىنىڭ كۆز يېشى يوق، يۈرىكى پۇچۇلىنىدۇ. ئەي، سەبىيلىك، گۆدەكلىك! يەنە ئاتا مېھرىدىن مەھرۇم بولغان، ئاتا مېھرىگە تويمىغان، قانمىغان سەبىي قەلب! ياتنىڭ مېھرىبانلىقى سېنىڭ يۇمران، ساددا يۈرىكىڭگە سىڭىپ كىردى، سېنى مەست قىلدى. ئازدىڭ، مانا ئەمدى ئۆز ئاتاڭنى ئۇنتۇپ، يات بىرىنى ئۆزۈڭگە ئاتا قىلدىڭ! ئۇنىڭ سېنىڭ تېرەڭ بىلەن گۆشۈڭ، تومۇرۇڭ، قېنىڭغا ئارىلىشىپ، يۈرىكىڭنى مۇجۇيدىغانلىقىنى، سېنى نابۇت قىلىدىغانلىقىنى، ئەسلى ـ ۋەسلىڭنى قۇرۇتىدىغانلىقىنى بىلمىدىڭ. بەلكى سەن، ئېسىڭنى تاپقاندا، كېچىككەن بولارسەن! ئۇ چاغ سېنىڭ دەرد ـ ھەسرەت، ئوغا قازىنىدا قاينايدىغان ۋاقتىڭغا توغرا كېلەر... سەبىي يۈرەكنىڭ ئېرىشى ئانىنىڭ يۈرىكىدە چاياننىڭ ئۇۋا سالغىنىغا ئوخشاش بىر

ئىش بولدى . نۇردۇن ئاخشىمى تاكى نەفەسە ئۆز قۇچىقىدا ئۆزىگە چىڭ گىرە سېلىپ ئۇخلىغانغا قەدەر ، سارەمنىڭ ئۆيىدە ئولتۇردى . ئانا ئۇنى ئۆز باغرىدا ئۇخلىتىشقا قانچە ئۇرۇنسىمۇ ، بالا ھەرگىز ئۇنىمايدۇ . ئانا ئىچىدە قان يىغلايدۇ . ئەمدى ئۇخلىدىمىكىن دەپ ، نۇردۇننىڭ قۇچىقىدىن ئېلىشىغا ، نەفەسە قىرقىراپ ئويغىنىدۇ ـ دە ، «دادا··· دادا» دەپ ئۇنىڭغا چىڭ يېپىشىدۇ . بىر ھازا يىغلاپ ، يەنە ئۇيقۇغا كېتىدۇ . ئانىنىڭ يۈرىكى ھەرىلەنمەكتە . «ئى ئاللا ، ئۆز دادىسىنىڭ رەقىبىگە سەبىي قەلبىنىڭ مېھرىنى شۇنچىلىك باغلامسەن ؟ شۇنچە دەردۇ ئەلەم يەتمىگەنمىدى ؟ ئەمدى بۇنى كۆرسىتەمسەن ؟» ئانا بالىدىن كەچمەكچى ، بىراق ، «سارەم ، نەفەسە ساڭا قالدى ، ئۇنى ياخشى تەربىيىلىگىن ، مەندىن رازى بول ، ئىزىمىز ئۆچۈپ كەتمىسۇن !» دېگەن سۆزلەر··· بۇ سۆزلەرنىڭ يۇسۇپنىڭ كېيىملىرى ئارىسىدىن چىققان قولياغلىقتا قايتا يېزىلىشى ، بۇ سۆزلەرنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ياڭراپ تۇرۇشى ھەم ھىدى پۇراپ تۇرىدىغان قولياغلىقتا يالتىرىشى··· قانلىق خەتلەر ئۇنىڭ ئالىقىنىدا تۇرۇپتۇ . ئۇ ئەقىدە ، ۋىجدان ، بۇرچ يىپلىرىدا چىڭ باغلانغان ! بۇنى ئادا قىلماي ، ئۇ قەيەرگىمۇ بارالايدۇ ؟ كۈن ، تۈن ، ئاي ، پەسىللەر ئۇنى جۇۋازغا كۆنگەن ئۆكۈزدەك ، قەپەسكە قونغان قۇشتەك ، قۇللۇققا كۆنگەن مەھكۇملاردەك قىلىپ بېزەپ قويدى ، مانا بۇ بېزەكلەر ئۇنى بىر يېرىم يىل ئىچىدىلا ئاشۇنداق ياساندۇرۇپ قويدى . ئۇ ھازىر ئاسمان كۆمتۈرۈلسىمۇ ، زېمىننى سەل باسسىمۇ ، مىت قىلماس يېڭى مىجەزگە ، سۆزلىمەس ئېغىزغا ، ئىشتىن بوشىماس قولغا ئىگە بولدى . كىشىلەرگە ئارىلاشمايدۇ ، ئۇنى تولا ئۆرتىگەن دەردلەر مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئۈچۈن غىزالانغانغا ئوخشاشلا ھەم تەبىئىي ، ھەم نورمال ئەھۋال بولۇپ قالدى . تېخى ئۇ ھازىر سەمرىپ ، باشقىچە يېڭىدىن ھۆسنىگە تولۇپ قالدى . ئەمما ئۇ بۇرۇنقىدەك ئۆزىنى تۈزىمەيدۇ ، ھەممىسىنى بولۇشىچە



www.uyghurkitap.com

ئارتىۋالىدۇ ، لېكىن ئاي قارا بۇلۇت ئارىسىدا بولسىمۇ بەربىر ئاي ــ دە ! ئۇنىڭ ئايدەك جامالى مۇشۇ قاملاشماسلىق ئىچىدە ، يەنە باشقىچە لاتاپەت بىلەن كۆزگە كۆرۈنىدۇ . مانا ھازىر نەفىسەمۇ خېلى چوڭ بولۇپ قالدى . ئۇ نۇردۇندىن قىلچە ياتلىق ھېس قىلمايدۇ . نۇردۇنمۇ بۇ ئۆيگە بىمالال ، ئۆز ئۆيىدەك كىرىپ ـ چىقىۋېرىدۇ . ھازىر سارەم تۇرۇۋاتقان ئۆي توپا ئاستىدا قالغان زەي بىر ئېغىز ئۆي ئەمەس ، بەلكى ئازادە ئۈچ ئېغىز يورۇق ئۆي ! ئۆي ئىچى رەتلىك ، زامانغا لايىق بېزەكلەر بىلەن تولغان . بۇلارنىڭ ھەممىسىنى نۇردۇن كەلتۈرگەن . ھازىر ئۇ بۇ ئۆيىنىڭ ئەزاسىلا ئەمەس ، بەلكى خوجايىنى ، بىمالال كىرىپ ـ چىقالايدۇلا ئەمەس ، بەلكى ئايىغى ئۈزۈلمەس ئەر ـ ئايال مېھمانلارنى باشلاپ كېلىدۇ . سارەم قول كۆيدۈرۈپ تاماق ئېتىدۇ ، يۇندىپۇرۇشلۇق قىلىدۇ ، ئۇنىڭ مېھمانلىرىنى كېچە ـ كۈندۈز ئۇخلىماي كۈتىدۇ . بەزىدە مېھمانلار مەست بولۇشۇپ ، ئۆيدە پېتىشماي يېتىپ كېتىدۇ . ياش ناخشىچى قىزلار ، ئەمەلدارلار ، ئۇسسۇلچى داڭدار ئاياللار ھەممىسى بار… بۇنداق چاغلاردا ، سارەم نەفىسەنى ئېلىپ ، سىلىمخاننىڭ ئۆيىگە چىقىپ قونىدۇ . تېخى بەزىدە ، نۇردۇن پىكاپىدىن ياش ، چىرايلىق قىزنى قولتۇقلاپ چۈشۈرۈپ ، ئۆيگە ئېلىپمۇ كىرىدۇ . سارەمگە تاماق بۇيرۇيدۇ ، سارەم تاماق قىلىپ بەرگەندىن كېيىن ، نەفىسەنى ئېلىپ ، سىلىمخاننىڭ ئۆيىگە يېنىپ چىقىدۇ . بۇ ئىشلار مانا شۇ بىر يېرىم يىل ئىچىدە بولۇپ ئۆتتى . بىر كۈنى سىلىمخان :

— ئەمدى دېمىسەم بولمىدى سىڭلىم ، جەمئىيەتتە سۆز ـ چۆچەك يامراپ كەتتى . بۇنى سەنمۇ ئوبدان بىلىسەن . سەن ياش ، ھامان تۆشۈك مارجان يېپقا ئۆتكۈزۈلمەي قالمايدۇ . ئۇنىڭ بىلەن توي قىلمىساڭ بولمىدى ، ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلگىلى بولمايدۇ ، ئەسكى دېسەڭ ، بۇ زاماندا ئوبدىنى نەدە ؟ بىلگىلى بولمايدۇ ، ياساپ سوقتۇرارنىڭ ئورنى يوق… — دېدى .

سارەم ھېچقانداق ئىپادىسىز كۆزلىرىنى سېلىمىخانغا بىر ھازا تىكتى، ئەمما گەپ قىلمىدى، گويا ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى چۈشەنمىگەندەك قاراپ قويدى.

## 5

توي بولدى، توي ناھايىتى داغدۇغىلىق بولدى. پۈتۈن دولان تويغا كەلدى. يانتاقىنىڭ يىگىتبېشى مامۇت شەيخ، قالۇنچى ئىسمايىل قالۇن، راۋابچى مەمەت تۇردىلاردىن تارتىپ، تۇمەنتال، قۇمقىسار، غاز كۆلىنىڭ نەغمىچىلىرى، ئوغلاقچىلىرى، ماڭسۇر شەيخنىڭ ناغرا - سۇنايلىرى... نەچچە مىڭ كىشىلىك مەشرەپ تارتىشتى. نەچچە يۈز چەۋەندازلار ئوغلاق تارتتى... تۇردۇن دۇخاۋا بەلباغلار① ئارىسىدا كۆمۈلۈپ قالدى. سارەم ئۈچۈن، بۇ توينى ھېچنېمە دېگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ھېچ نەرسە بىلەن كارى بولمىدى، توينى مۇبارەكلەپ كۈلكە - چاقچاق قىلغانلارغا ھاڭۋېقىپ قاراپلا قويدى، تەنلىرى چاڭگال ئارىسىدا قىسىلغان مۇزدەك سىرقىراپ كەتتى. ئۇ ھېچ ساداسىز، خاتىرجەم ئىدى. توي بولۇپ بىر ھەپتىدىن كېيىن، ئالۋاستىدەك چېچى چۇۋۇلغان بىر سېستىرا قىز كۆزگە قان تولغان ھالدا كىرىپ، تۇردۇننىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ، قورسىقىنى كۆرسىتىپ، سارەمنىڭ ئالدىغا تىزلىنىپ، ئۆزىنى شاپىلاقلىغان ھالدا:

— مەن بۇ كازازاپ شەيتان ئوغرىنىڭ دامىغا چۈشۈپ، نومۇسۇمنى بۇلغاپ سېلىپ، ئۇنىڭ قولى بولۇپ قالدىم! يۈسۈپكام ھەم سىزگە ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا يۈز كېلەلمەيمەن. يۈسۈپكام بۇ مۇناپىقنىڭ قارىسىغا كەتتى. ئۇ ئوپېراتسىيە قىلغان كېسەلگە، مانا بۇ دۆيۈز بىر زەھەرلىك ئوكۇلنى ماڭا سالدۇرغان!... شۇنىڭ

① دولانلىقلار توي قىلغاندا، قاتناشقۇچىلار يىگىتنى قۇتلۇقلاپ بەلباغ باغلىشىدۇ.

بىلەن ، ئۇ كىشى ئۆلۈپ كەتتى . مەن ئوكۇلنى سالمايمەن دېسەم ، ئۇ مېنى ئالمايمەن دەپ قورقۇتتى . مەن ئۇنى شۇ چاغدا ، ئۆلگۇدەك ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم . ئۇ مېنى مۇشۇ كەمگىچە خوتۇن قىلىپ كەلدى . مانا ئەمدى مەن ئۆلىمەن . مەن بۇ ھىيلىگەر شەيتاننىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشتۇم··· يۇسۇپكامغا ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا يۈز كېلەلمەيمەن . ئۆلۈشتىن ئاۋۋال ، مەن سىزگە شۇنى دەپ قوياي ، بۇ ياۋۇز ، بەدنىيەت شەيتاندىن قۇتۇلۇڭ ! بولمىسا ، ئۇ سىزنى خاراب قىلىۋېتىدۇ··· — دېدى . نۇردۇن ئۇ قىزنىڭ چېچىدىن تۇتۇپ ، ئاغزىنى قولى بىلەن توسۇپ :

— ھۇ ، نېرۋىسىدىن ئازغان جالاپ ، ئۆزۈڭنى چاپلىمىغان مەن قالدىمۇ ؟ — دېگىنىچە ، ئۇنى تالاغا سۆرەپ ئاچىقىپ كەتتى . مۇردىدەك قېتىپ قالغان سارەم : «خاراب··· خاراب··· » دەپ پىچىرلاپ ، مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى .

ئۆينىڭ ئۇستىگىلا چۈشكەن بىر بومبىنىڭ پارتلىشى بىلەن ئۆينىڭ لىم تۈۋرۈك ياغاچلىرى قاراسلاپ سۇنۇپ ، ئۆي بېسىلىپ چۈشتى . جان ھەلقۇمىدا قالغان سارەم يۇقىرىقى خىياللار ئارىلاش چۈشى بىلەن مەڭگۈ ۋىدالاشتى . سىرتتىكى ئېتىشۋازلىقتىن قورقۇپ ، نەفىسەنى سۆرەپ كارىۋات تېگىگە كىرىۋالغان سېلىمىخان تىرىك گۆرگە كىرىۋالغاندەك ، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالدى . نەفىسە قاتتىق چىرقىراپ كەتتى .

## تۆتىنچى باب

### 1

— نېمانچە ھاياجانلىنىپ قاراپ كېتىسىز بۇ قاقاسلىققا ؟ كۆز ئالدىڭىزدىكى نامراتلارغا ، نامراتچىلىقتا ، ئاچارچىلىقتا قالغانلارغا ئېچىنىۋاتامسىز ؟ ھەرھالدا ، ئەڭ دەھشەتلىك كۈنلەر — كوممۇنا

www.uyghurkitap.com

ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى . مەن ئوغلۇم ئەسكەر تۇغۇلغاندا ، كۆك پىت باسقان بىر قوتۇر پاقلاننى تۆت يۈز كويغا ئالغان، كېيىن يەنە بىر خورازنى سەكسەن كويغا ، بىر زاسۇينى يەتمىش بەش كويغا ئالغانىدىم . ھەرھالدا ، ھازىر بىر پاقلان قىرىق ـ ئەللىك كويغا ، بىر خوراز ئۈچ كويغا ، بىر زاسۇي ئون بەش كويغا كېلىدۇ . ئۇ كۈنلەرنى ئادەم ئويلىسىمۇ قورقىدۇ… راست ، بىر قېتىم ، سىرىقبۇيىدىن بىر بۇرادەر ماخور ئەكەپتىكەن ، بىر ۋاخلىق ئۇماچنى ، ئۇندىن قىلىنغان بولسا كاشكى ، سۇپۇرگە توغراپ قايناتقان كېپەك دەڭا ، ئۇنى ئېشەككە بېرىپتىمىز ، ئىككى يىل شۇنىڭ دەردىنى تارتتىم ، — دەپ چوڭقۇر بىر ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ سۆزدىن توختىدى رازاق ھېكىم . ئۇنىڭ چىرايىدىن ھېچقانداق بىر جىددىيلىك ياكى بىسەرەمجانلىق كۆرۈنمەيتتى . ئەكسىچە ، شۇنچە خاتىرجەم ھەم مەغرۇر ئىدى . ئۇنىڭ بەستىدە پارقىراپ تۇرغان ، ئۇست ـ ئۇستىلەپ باغلاپ ئېسىلغان ئوق تىزىقلىرى ، قىستۇرۇلغان قاپلىق ھەم قاپسىز تاپانچىلار ، كىچىك قول بومبىسى بار ئىدى . بۇ نەرسىلەر ئۇنىڭ قاۋۇل بەستىنى تېخىمۇ سۈرلۈك كۆرسىتەتتى . ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بىرخىل قەتئىيلىك چىقىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ ئاستىدىكى ئۇزۇن يايلىسى تىزىغىچە چۈشكەن ئاق ئات شۇنچە چىچەن ، شۇنچە شاش يورغىلايتتى ، پات ـ پاتلا كۈچلۈك كىشنەيتتى . رازاق ھېكىم بىلەن ياندىشى ئالا پاچاق ئات بىلەن كېتىپ بارغان يۈسۈپنىڭ قۇلىقىغا رازاق ھېكىمنىڭ بىر ئېغىزمۇ سۆزى كىرمىدى . ئۇ خام كېسەكتىن ھەم لاي تامدىن قوپۇرۇلغان ، تاملىرى ساپلا قۇشقاچ كامىرى بىلەن تولغان پاكار ـ پاكار ئۆيلەرگە ، ئۆيلەرنىڭ ئالدىدىكى ، قاپقارا قوللىرىنى ئاغزىغا تىقىپ ، ئۆزلىرىگە قورقۇمسىراپ قارىشىپ تۇرغان قىپيالىڭاچ بالىلارغا قارىماقتا ئىدى . بالىلار شۇنچىلىك ئورۇق ھەم جانسىز كۆرۈنەتتىكى ، بەللىرى خۇددى قومۇشتەك ئىنچىكە ، پاقالچاقلىرى چوكىدەك ھەم

قارا ، بوينى تارتىشقان ، باشلىرى يوغان ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشاڭغۇ ، چاپاق باسقان ، باشلىرىدا چاقا ، تاز ، يىرىڭلىرى ئاق پاخشەك ئۆرلەپ كەتكەنىدى . يۈسۈپ كۆزىنى يۇمدى ، نەفسە خىيالىغا كەلدى ، كۆزلىرىدىن ياش ساقىپ چۈشتى ، ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلغانىدى .

«ئاھ... مىللىتىم ، بىچارە مىللىتىم ، نادان مىللىتىم !... چوڭلىرىمىز قالايمىقان ئۇرۇشۇپ ، بۇ سىياسىي قاراڭغۇلۇقنىڭ قىرغىنچىلىقىدا ئۆلۈپ تۈگىسەك ، مانا بۇ بالىلارنى كىممۇ تەربىيىلەيدۇ ؟ ئۇلار نېمە بولۇپ كېتەر ؟ ئاھ ، يۇرتۇم ! ئاھ ، سۆيۈملۈك تەكلىماكانىم ، تامىلىرى ، ئىشىكلىرى ، ھەتتا ئىتىنىڭ ياللىرىغىچە ئالتۇن بولغان دىيارىم ![1] . . . سېنىڭ ئىزىڭ راستىنلا بۇ قارا بورانلاردا ، قۇم ئاستىغا بارغانچە چۆكۈپ ، ئىنسانىيەت دۇنياسىدىن بارغانچە يىراقلاپ كېتەرمۇ ؟... بىز نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتىمىز ؟ دۇنيا ئەللىرى نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ ؟ بىز قانداق ئۇرۇش قىلىۋاتىمىز ، دۇنيا ئەللىرى قانداق ؟... » يۈسۈپ قوللىرى بىلەن يۈزىنى توسۇۋېلىپ ، خۇددى كىچىك بالىدەك ھۆمۈ-دەپ يىغلىۋەتتى . رازاق ھېكىم ئاۋۇ دېھقان بالىلىرىغا ئېچىنغان ھالدا بىر قاراپ قويغاندىن كېيىن ، يېنىدىكى ياردەمچىسى — ئابدۇرېشىتقا :

— ئاۋۇ بالىلارغا بىردىن گىردە تارقىتىپ بەرگىن ! — دەپ بۇيرۇق قىلدى . ئابدۇرېشىت :

— خوپ ، — دەپلا ئىتىنىڭ بېشىنى ئارقىغا بۇراپ ماڭدى . رازاق ھېكىم يۈسۈپكە قاراپ بىر نەرسە دېمەكچى بولۇپ ، يەنە دەرھال ئارقىغا قاراپ :

— ھوي ، ئابدۇرېشىت ، ئاۋۇ پىششىق قوي گۆشىدىنمۇ بىر پارچىدىن قوشۇپ بەر ، — دەپ تاپىلىدى ، ئاندىن يۈسۈپكە :

---

[1] تەكلىماكان ئاستىدىكى شەھەرنىڭ تاملىرى ، ھەتتا ئىت ياللىقىغىچە ئالتۇندىن ياسالغان دېگەن رىۋايەت خەلق ئارىسىدا كەڭرى تارقالغان .

www.uyghurkitap.com

— بۇ نامرات ، بىچارە دېھقان باللىرىغا قاراپ ، قىزىڭىز يادىڭىزغا كېلىۋاتىدىغۇ دەيمەن؟ بىراق بىز ھەپتىدە قازىنى بىر قېتىم ماي كۆرمەيدىغان ، ئۇماچ - يارما بىلەن سېرىقتال جان ساقلاۋاتقان دېھقانلىرىمىزنى قانداقمۇ ئىچ ئاغرىتىپ ، كۆز يېشى قىلىپ ، ئۇماچ - يارمىدىن قۇتۇلدۇرۇپ بولالايمىز؟ بۇ ئاللانىڭ پېشانىمىزگە پۈتۈۋەتكەن تەقدىرى ئوخشايدۇ ، ئۇنى ئۆزگەرتىش بەندىنىڭ قولىدىن كېلىدۇ دەمسىز؟ مەسلەن ، ھازىر بىزنىڭ يىل بويى تۆت سەر گۆش يېمەي ئۆتىدىغان دېھقانلىرىمىز كۇرمىڭ! ئۇلارنى قانداق قىلىمىز؟ ھازىر بىزنىڭ قولىمىزدىكى يېزىلاردا ، بازاردا سودا - سېتىق قىلىشقا رۇخسەت قىلىنىۋىدۇق ، ھەرقايسىسى ئۆز ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ ، بازاردا تىجارەت قىلىنىۋىدى ، خەقنىڭ قولى ئاز بولسىمۇ پۇل كۆردى ، قورسىقى ئاز بولسىمۇ تويدى ، ئاغزى گۆشكە تەگدى . ھازىرقى سىياسەت بويىچە ، ئەگەر بىز ئۇنى بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىشى ، قاراڭغۇ بازار دەپ قاراپ ، ھەممىنى بوغۇپ قويساق ، كىشىلەر ئاچلىقتىن ئۆلمەمدۇ؟ بۇ قانداقمۇ ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغىدۇ؟

— بىز ھازىر زولىقۇمىدىكى ئۇرۇشقا جانىنى ئالىقانغا ئېلىپ قويۇپ كېتىۋاتىمىز . كىم بىلىدۇ ، ھازىر ھايات سۆزلىشىۋاتىمىز ، يەنە بىر ئاش پىشىم ، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ۋاقىتتا قالماي ، قۇملۇقتا قان ئىچىدە بۇ دۇنيا بىلەن مەڭگۇ خوشلىشىمىزمۇ تېخى! لېكىن سىز گويا ئاشنىسى بىلەن ئۇچراشقىلى كېتىۋاتقان بوز يىگىتتەك خۇشالسىز ، — دەپ گەپنى بۇرنۇۋەتتى يۇسۇپ . رازاق ھېكىم بۇ كەم سۆز ئادەمنىڭ گەپلىرىدىن قاقاقلاپ كۇلۇۋەتتى .

— نېمىشقا خۇشال بولماي؟ ئادەمدەك ياشاش ئۈچۈن ، ياشاشقا يول قويمىغانلار بىلەن ئېلىشقىلى كېتىۋاتىمەن! شۇڭا ، خۇشالمەن... دەسلەپتە غەزىپىم كۈچلۈك بولسىمۇ ، ئوق ئاۋازىدىن ئۆلگۈدەك قورققانىدىم ، ھازىر بىر يېرىمگە ئوق

تەگسە ، قىزىق چاي ئىچكەندەك بولۇپ قالىمەن ، ھا… ھا… ھا…

ماشىنا ، ئاتلىق بولۇپ ئۈچ يۈزدەك ئادەمدىن تەركىب تاپقان بۇ قوشۇن توپىلىق يولدا ، قويۇق چاڭ ـ توزان ئىچىدە ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى . كۈن چۈشتىن قايرىلغاندا ، ئۇلار بۆرىئېغىز يېزىسىغا يېتىپ كەلدى . يۈسۈپنىڭ توپا باسقان چىرايىنى ئىنتايىن كۆچلۈك ھاياجان چىرمىدى ، ئۇ چېقىق پاكار ئۆيلەرگە ، ۋەيرانە تاملارغا ، غۇربەتچىلىك ، خارابىلىك ، غېرىبلىق باسقان مەھەللىلەرگە ، ھەتتا ھەربىر دەرەخ ، ھەربىر قومۇشقا ، ھەربىر قامقاق ، يانتاق ، ئوتلارغا قىزىقىپ ، يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك تىكىلەتتى… قويۇق چاڭ ـ توزاندىن چىرايىنى ئېنىق كۆرگىلى بولمىسىمۇ ، ئۇنىڭ بىر قىزىرىپ ، بىر تاتىرىپ كېتىۋاتـ قانلىقى ئېنىق ئىدى . ئۇ پۈچۈق تامغا ، ئۇنىڭ جەنۇب تەرىپىدە سوزۇلۇپ تۇرغان باغقا قارىدى . بۇ يېزا چېتىدە چوقچىيىپ تۇرغان يولدىن ، ھەممىدىن يىراق ئۆيگە قاراش بىلەن تەڭ ، ئۇنىڭ يۈرىكى تېپىچەكلەپ كەتتى… قومۇشلار ئارىسىدا بىر چىراي… ئۇ شۇنداق نۇرلۇق ، شۇنداق گۈزەل چىراي ئىدىكى… خۇددى قومۇشلار ئارىسىدا ئۈنۈپ قالغان كاككۇكگۈلىدەك… سارەمنىڭ چىرايى كۆرۈندى ، ئۇ قومۇشلار ئارىسىدا بىر كۆرۈنۈپ ، بىر كۆرۈنمەي ، بىردە مەرۋايىتلىق مەخمەل دوپپىسىنى ، بىردە قىرىق ئۆرۈملۈك ئۇزۇن بوستان چېچىنى ، بىردە ئەتلەس كۆڭلىكىنى نامايان قىلدى . بۇ دەل يۈسۈپ ئېلىپ بەرگەن ئەتلەس كۆڭلىكى… ئەنە قارا بويناق ئۇنىڭ ئالدىدا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ ، قاۋاپ كەلدى ، ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتىدۇ ، ئۇ كۆرۈنمىگەن بىلەن ، قويۇق قومۇش شىلدىرلاۋاتىدۇ . گويا قومۇش ئۇنىڭ ئالدىدا سىلكىنىپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ . يۈسۈپ كۆزىنى چىڭ يۇمدى ، لەززەتلىك ئەسلىمە ئۇنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا ، قەلب بوشلۇقىغا شۇڭغۇپ كىردى . ئۇنىڭ سىيماسى شۇنچىلىك يارقىن ، كۆركەم

ئىدىكى، گويا مۇشۇ قومۇشلۇق چۆلدىكى بولۇق ئۆسكەن كاككۇكگۈللىرىگە، مۇشۇ تەكلىماكان قۇملۇقىدا مەغرۇر ئۆسكەن چۆل كېۋىزىنىڭ تولۇق ئېچىلغان گۈلىگە ئوخشىشاتتى...

## 2

يۇسۇپ تومۇز ئاپتىپىدا، قويۇق قومۇشلۇق ئارىسىدا، ئاتنى ئاستا ماڭدۇرۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ مۇرىسىدىكى ئوق مىلتىقىنىڭ ئۇچى كۈن نۇرىدا قارامتۇل پارقىرايدۇ. قويۇق قومۇشلار ئىنتايىن سۇرلۇك، ئادەمنى بىر خىل ئەنسىزلىككە سالىدۇ. ئۇنىڭ ئارىسىدا، بىردە، ۋىشىلداپ، خۇددى رېلىستا كېتىپ بارغان تېز سۈرئەتلىك پويىزدەك كېتىۋاتقان يىلانغا يولۇقسا، بىردە، چىرىلدىغان چۆل تورغىيىنىڭ باش ئۈستىدە ئايلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئۇۋىسىدىن قىزغىنىپ ئېتىلىشلىرىغا دۇچ كېلىدۇ. بىردە، قۇرۇپ قالغان قومۇش دۆۋىسى ئىچىدىن سۇرۇپ چىقىرىلغان قىرغاۋۇل پالاقلاپ چىقىپ، ئاتنى ئۈركۈتىۋېتىپ ئۇچۇپ كېتىدۇ ــ دە، ئون ــ يىگىرمە گەز يەرگە ئۇچۇپ بېرىپ قونۇپ، قويۇق قومۇشلار ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولىدۇ. ئەيتاۋۇر، ھېلى قارا داڭگال كاۋىدەك تۈگۈلۈپ، ئۇچلۇق تىكەنلىرىنى بۆرتۈپ قوپۇرۇۋالغان كىرپە، سۇرلۇك خىرىس قىلىۋاتقان نوغۇچ قۇيرۇق تۈلكە، ھاسىراپ، جاۋىقىدىن پىل چىشىدەك ئۇزۇن ئۆتكۈر ئەگمە چىشلىرىنى چىقىرىپ، شالىنى ئېقىتىپ ياتقان قاۋان، توشقان، كېلە دېگەندەك نەرسىلەر ئۇچرايدۇ. مانا بۇلار بىپايان تەكلىماكان قومۇشلۇقىنى ئارامگاھ قىلىۋالغان بولۇپ، ئادەمگە ماڭدامدا ئۇچراپ تۇرىدۇ. ھەممىسى ئۆز يولى بىلەن ئادەمگە خىرىس قىلىدۇ، ئېتىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، ھەممىدىن غالجىر بولغىنى، خەتەرلىكى قاۋان، ئۇ ھە دېگەندىلا قانغا تولغان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، سەت ھۆۋلاپ، چىرقىرىغانچە ئېتىلىپ كېلىپ،

ئـۆتكۆر ، ئۇزۇن چىشلىرى بىلەن ، ئادەمنىڭ ، ئاتنىڭ قارنىنى چـۇۋۇپ ، قورساقلىرىنى يىرتىۋېتىدۇ . بۇ سىرلىق قومۇشلۇقتا يۇسۇپنىڭ تەنلىرى ئەيمىنىپ ، ئۇنى تەر بېسىپ كەتتى . ئۇ ئات ئۈستىدە مىلتىقىنى بەتلەپ ، ئۇياق ـ بۇياققا قارايتتى ، يېنىدا ياكى ئـارقىدا ، تورغاي ياكى توشقان «شالدۇر ـ شۇلدۇر» قىلسىلا ، مىلتىقىنى شۇ يەرگە قارىتىپ ، چەكچىيىپ قاراپ كېتەتتى ، بەزىدە ۋارقىراپمۇ ، بەزىدە ئوق چىقىرىپمۇ سالدى ، كېيىن يەنە ئۆزىدىن نومۇس قىلدى . ئۇ يولغا چىقىش ئالدىدا ، مۇدىر : «يوللىرىمىز پۈتۈنلەي ياۋا توشـقان ، ياۋا توڭـگۇز ، تۈلـكىلەر سالـغان چىغىر يـول... بــىز بۇ يولغا كۆنۈك ، لېكىن سىرتتىن يېڭى كەلگەن هــەرقـانــداق ئادەمنىڭ ماڭسا قورققۇسى كېلىدۇ ھەم خەتەرلىك... شۇڭا ، مىلتىقىڭىزدا ئوق بەتلەكلىك بولسۇن ! ئۆزىڭىزگە ئوبدان هــېــزى بـولـۇڭ ! پـومېشچىك ، باي دېھقان ، بۇزۇق ئۇنسۇرلار قولىدىن كەتكەن جەننەتنى ئۇچۇن ، كېچە ـ كۈندۈز چىشلىرىنى بىلەپ تۇرىدۇ ، ئۇلارنىڭ نىيىتى يامان ، بىز كەمبەغەل دېھقان ، تۆۋەن ـ ئوتتۇرا دېھقانلارنى چايناپ پۈركۈۋەتسە ، دەردى چىقمايدۇ . شـۇڭـا ، بـۇ جـەهـەتتىمۇ سەگەك بولۇشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ» دېگەنىدى .

يۇسۇپ ئىچىدە ، نۇردۇن دېگەن تىرىكتاپ لەقۋانى ئۇنىمىسا سۆرەپ تۇرغۇزۇپمۇ بولسا ئېلىۋالمىغىنىغا پۇشايمان قىلدى . ئۇ بـۇ جـاڭـگـالـغا كېلىپ ، بەدىنىنى چېقىپ ھۇررەك قىلىۋەتكەن پاشىدىن بىزار بولۇپ ، بۇ يەرگە كەلگەنلىكىدىن پۇشايمان يەپ ، يــاتاقتىن چىققىلى ئۇنىماي يېتىۋالغانىدى . دوختۇرخانا باشلىقى ئــۇنى باشقۇرۇش هوقۇقىنى يۇسۇپكە بەرگەنىدى ، ئۇنى مەيلىگە قويۇۋەتكەندىن كېيىن ، ھەممە ئەيىب ئۆزىدە ! يۇسۇپ ئۆزىنى ئەنە شـۇنداق ئەيىبلەپ يۈرۈپ ، ئېگىز بىر قۇمساڭغۇ دۆڭگە چىقىپ قالغىنىنى بىلمەي قالدى . بۇ دۆڭنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىدە ، ئېگىز ئۆسكەن قومۇشلار بار ئىدى . ئۇ باشقا يەرلىرىنى پۈتۈنلەي ئاق

يانتاق ، چىقىر تىكەن ، سالغىر بۇيا ، قامقاق بىسىپ كەتكەن بىر دۆڭ ئىدى . شىمال تەرىپى سازلىق بولۇپ ، سازلىقنىڭ نەسكەي يەرلىرىدە ، قويۇق يۇلغۇنلار ئۆسكەن ، ئۇنىڭ ئاياغ تەرىپى چەت — ئۇچى يوق قويۇق توغراقلىققا تۇتىشاتتى . توغراقلىقتىن ھەرخىل قۇشلارنىڭ سايراشلىرى ، جەرەنلەرنىڭ بوم ئاۋازدا مەرەشلىرى ئاڭلىنىدۇ . بۇ ياقتىكى يۇلغۇنلۇقتا ، بوز گۆللۈك ئاق ياۋا توشقان ، بىغىرتاق ، قىرغاۋۇل ، ئانداق - مۇنداق چۇغۇندەك ، ياۋا كەپتەرلەر يايلاشماقتا ئىدى . يۇسۇپ گويا بىر تەبىئىي ھايۋانات باغچىسىغا كىلىپ قالغاندەك ، بۇ مەنزىرىلەرگە تويماي ھاڭۋېقىپ قاراپ ، پۈتۈن ئەس - يادى بىلەن مەھلىيا بولۇپ قالدى . بىردىن ئاستىدىكى قارا جەدە ئات قاتتىق بىر كىشنەپ چىچاڭلاپلا ، ھەممىنى ئۇنتۇپ بىخەستە ئولتۇرغان يۇسۇپنى قويۇق يانتاق ئۈستىگە تاشلىدى - دە ، شەرق تەرەپتىكى قۇملۇققا قاراپ خارقىرىغىنىچە چىپىپ چىقىپ كەتتى ، يۇسۇپ يەرگە ئانچە قاتتىق چۈشمىگەنىدى ، ئەمما ئوق تىكەننىڭ زەھەرلىك تىللىرى ئۇنىڭ دۇمبە ، بويۇن ، تاغاقلىرىغا بىراقلا سانجىلىپ ، دۇمبىسىدىن قاتتىق ئاغرىق كىرىپ كەتتى . يۇسۇپ ئاغرىققا چىدىماي ، ۋايساپ ۋارقىراپ كەتتى . چۆچۈش ئاغرىقتىن غالىب كەلدى ، ئۇ چىشىنى چىشىغا بىسىپ ، بىر يۇلقۇندى - دە ، ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى . ئۇنىڭ دۇمبىسىگە چىڭ يىپىشقان تىكەنلەر شاخلىرى بىلەنلا سۇنۇپ ، ئۇنىڭ دۇمبىسىدە قالدى . ئارقىدىن قارىغاندا ، ئۇ خۇددى مۇشۇ زىمىندىكى ئاق يانتاق ئۈنۈپ كەتكەن كونا ئۆينىڭ تىمىغا ئوخشىشىپ قالغانىدى . ئۇ ئورنىدىن تۇرا - تۇرمايلا ، پاڭ - پۇڭ قىلىپ ئىككى پاي ئوق چىقىرىۋەتتى . ئۇنىڭ دۇمبىسىگە گويا نۇرغۇن ھەرە قونۇۋېلىپ ، نەشتىرىنى تارتىنماستىن سانجىۋاتقاندەك ئاغرىۋاتاتتى ، ئۇ تولغىنىپ كەتتى . ئات بولسا ، قويۇق قومۇشلارنى بۆسۈپ ، قۇملۇققا قاراپ بەدەر چىپىپ يىراقلاپ كىتىۋاتاتتى . يۇسۇپ ئەتراپىغا قارىدى ، ھىچ نەرسە كۆرۈنمىدى . ئايىغى ئاستىدا

قومۇش شىلدىرلىدى ، ئۇ شۇنداق بىر قارىدى ـ دە ، ئاغرىقنىمۇ ئۇنتۇپ ، «ۋاي» دەپ بىر ۋارقىراپلا ، دۆڭدىن قويۇق قومۇشلۇق ئارىسىغا ئۆزىنى ئاتتى . ئۇنىڭ ئايىغىدا ، بىلەكتەك تومۇلۇقتىكى بىر ئاق يەر يىلىنى ئاغزىدىن قاپقارا نەشتىرىنى چىقىرىپ ، ئۇنىڭغا ئېتىلىپ كەلگەنىدى… يۈسۈپ بارلىق ئاغرىقنى ئۇنتۇدى ، دۈمبىسىگە چاپلىشىپ قالغان يانتاق تىكەنلىرىنى ئېلىۋېتىشنىمۇ ، دۆڭدىن پەسكە سەكرىگەندە بىقىنىغا قاتتىق تەگكەن داڭگالنىڭ ئاغرىقىنىمۇ ، قېچىپ كەتكەن ئاتنىمۇ ئۇنتۇدى . بىرلا نەرسە — زەھەرلىك يىلان پەيدا قىلغان قورقۇنچ ئۇنىڭ كاللىسىنى ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى ، ئۇ ئۆزىدىن ئىككى ـ ئۈچ گەز ئېگىز قومۇشلۇقتا شۇنچىلىك تېز يۈگۈردىكى ، قومۇشنىڭ ئۆتكۈر تىغدەك يوپۇرماقلىرى ئۇنىڭ يۈز ـ قوللىرىنى ئۈست ـ ئۈستىلەپ تىلىپ ، پۈتۈنلەي قانغا بويىۋەتتى ، پاتاسلار ئۇنىڭ بېشىنىڭ جۇلۇقىنى چىقىرىۋەتتى . ئۇ بىردىنلا ئۇ يەر ـ بۇ يەردە چاكاندا بىلەن سۆكسۆك ئۈنۈپ قالغان ئاق پوستەك ئۆرلەپ كەتكەن شورلۇققا چىقىپ قالدى . ئۇ شورلۇق خېلى كەڭرى دائىرىدە بولۇپ ، بىر ئۇچى قۇملۇققا ، بىر تەرىپى بىر خام كېسەكلىك پاكارغىنا ئۆينى ئوراپ تۇرغان كىچىككىنە باغقا تۇتىشاتتى .

يۈسۈپ ئەنسىزلىك بىلەن ئارقىغا قارىدى ، قومۇش لەرزان شامالدا ، يەنىلا يىلان ماڭغاندەك شىلدىرلىماقتا ئىدى . ئۇ چىلىق ـ چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەنىدى . ئۇ ئۆينى كۆرۈپ : «ئىلاھا شۈكرى ، ھەرقانداق بولسا ئۆيگە ئۇچرىدىم ، بولمىسا بۇ جاڭگالدىن قانداق قۇتۇلۇپ چىقار ئىدىم ؟ » دەپ ئويلاپ ، ئىنتايىن چارچىغان ھالدا ، ئاران ـ ئاران مېڭىپ ، ئۆيگە يېقىنلاشتى . ئۇنىڭ يۈزلىرى قىپقىزىل قانغا بويىلىپ كەتكەن بولۇپ ، تىلىنغان يەرلىرىگە شور توپىلار قونۇپ ، جان چىققۇدەك ۋىژىلداپ ، ئېچىشىۋاتاتتى . ئۇ باغنىڭ يېنىغا يېقىنلاپ بارمايلا ، باغنىڭ قاغا جىگدە ، ئازغانلىرىغا يامىشىپ ئۆسكەن چىڭگىلەك چىتلىقى ئارىسىدىن بىرقارا بويناق تايغان

ئېتىلىپ چىقتى ـ دە ، يۈسۈپ ئۆزىنى ئوڭشاپ ، ئۆشنىسىدىكى مىلتىقنى ئېلىشقا ئۈلگۈرەـ ئۈلگۈرمەيلا ، ئۇنىڭ كۆتۈرگەن ئوڭ قولىدىن كاپلا قىلىپ ئالدى... ئىت شۇنچىۋالا ۋەھشىي ۋە غالجىر ئىدىكى ، ئۇنىڭ قولىنى بىر چىشلەش بىلەنلا ، بىلەكنىڭ تېرىسىنى ھۆل بادىرىنىڭ پوستىنى سويغاندەك ، جەينەككىچە سويۇپ ساڭگىلىتىپ قويدى ، ئاندىن ئېتىلىپ كېلىپ ، مۈرىسى ، قورساقلىرى ، پاقالچاقلىرىنى قىيما قىلىۋەتتى . ئۇ بىرنەچچە قېتىم قاتتىق ۋارقىرىدى ـ دە ، جىمىپ قالدى . باغدىن ئۇن ئالتە ـ ئون يەتتە ياشلاردىكى بىر قىز خۇددى كېپىنەكتەك يۈگۈرۈپ چىقىپ ، ئىتنى ھەم توۋلاپ ، ھەم تىللاپ يېتىپ كەلگەندە ، يۈسۈپ ھوشسىز ياتاتتى .

# 3

يۈسۈپ ھوشىغا كەلگەندە ، ئۆزىنى تورۇسلىرى ئىستىن قارايغان ، يىكەن بىلەن توغراقنىڭ بىلەكتەك ئەگرى بادىرىلىرى بىلەن يېپىلغان ، ئۆگزىسىدە باش پاتقۇدەك كىچىككىنە بىر تۈڭلۈكى بار ، تار ھەم قاراڭغۇ بىر ئۆيدە كۆردى . ئۆينىڭ بۇلۇڭ تورۇسلىرىدا ئۆمۈچۈك تورلىرى ساڭگىلىشىپ تۇرىدۇ . تەر ھەم تەرنىڭ پۇرىقى ئارىلىشىپ ئاجايىپ بىر خىل سېسىق پۇراق دىماغقا ئۇرۇلىدۇ . ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا ، قىشتا ئوت قالىنىپ ، ياز كىرگەندىن بۇيان چېقىۋېتىلگەن تام مەش تۇراتتى . يۈسۈپنىڭ بەدەنلىرى ئۆزىنىڭ ئەمەستەك سىرقىراپ ھەم لوقۇلداپ ئاغرىماقتا ئىدى . سېسىق پۇراقتىن يۈسۈپنىڭ كۆڭلى ئاينىپ ھېچ بولالمىدى .

— ئۆيدە ئادەم بارمۇ ؟ — دېدى ئۇ بوغۇق ئاۋازدا . ئۇنى شۇئان يۆتەل تۇتۇپ ، قاتتىق يۆتىلىپ كەتتى ، يۆتىلىش بىلەنلا ، بەدەنلىرىدىكى يارىلارنىڭ ھەممىسى بىراقلا ئاغرىپ ، ئاغرىقتىن



www.uyghurkitap.com

ۋارقىراپ كەتتى . شۇئان ئۆيگە ئۇزۇن سەگەز كۆڭلەك ، كونىراپ كەتكەن مەرۋايىتلىق قىزىل دوخاۋا دوپپا ، كەڭ پۇچقاقلىق يېشىل بويالغان ماتا تامبال كىيگەن بىر قىز كىرىپ كەلدى ، يىغلىغان بولسا كېرەك ، بۇلاقتەك قارا شەھلا كۆزلىرى سەل قىزارغان ، ئەمما ئۇنىڭدىن ئاجايىپ بىر خىل نۇر چىقىپ تۇرىدۇ . يۇزىنىڭ تېرىسى بۇغداي ئۆڭ ، ئەمما خالسىز ، شۇنچىلىك سىلىق ، لالىدەك قىزىل لەۋلىك ئاغزى ، كىچىككىنە زىننقى··· ئىشقىلىپ ، ئۇنىڭدىن ئاجايىپ بىرخىل گۈزەللىك چاقناپ تۇراتتى . شۇ تاپتا ، ئۇنىڭ قايغۇلۇق چىرايىدىن چەكسىز قورقۇش چىقىپ تۇراتتى . يۇسۇپ ئىــخــتــيارسىز ھالدا يۇزىنى سىلىدى ، ئۇنىڭ ئاغزى ئەتراپىغا پــۇتۇنلەي قورققاق يارىسى چىقىپ كەتكەنىدى . ئۇ قىزغا قاراپ ھەيران قالدى . «توۋا ، ئاجايىپ گۈزەل قىزكىنا··· مەن ئۆمرۈمـ- ـدە ، مەسىلەن ، ئالىي مەكتەپتە··· ئۈرۈمچىدە··· قەشقەردە··· بۇنداق قىزغا ئۇچرىمىغان ، بۇ يەردە تەكلىماكاندا··· قۇملۇق جاڭگالدا ـ ھــە ؟··· » يۇسۇپ ئاغرىقىنى سەل ئۇنتۇغاندەك بولدى . قىزنىڭ ئەپتىدىن ئىنتايىن قورقۇپ كەتكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى ، ئۇنىڭ ســەل ئــېــگــىــلگەن بۇرنى ئۇچىدىن تەر تەپچىرەپ ، چېكىسىدىن مۇنچاقتەك تەر تامچىلىرى چىقىپ تۇرىدۇ . قىزنىڭ بۇ قىياپىتىگە ئــاجــايــىــپ بــىــر نــازۇك ھــېــسسىيات يوشۇرۇنغان ، تىل بىلەن ئىپادىلىگۈسىز گۈزەللىككە ئىگە ئىدى . يۇسۇپ قىزغا شۇنچىلىك بېرىلىپ قاراپ قالغانىدىكى ، ئۇنىڭ ئازابلىرى گويا ئۇنتۇلغانىدى . كۇندە ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغىنى كۆپ مەھەللىلەردىكى كىرىپ ـ چىقىش مەنئى قىلىنىپ ، قويۇق قاغا جىگدە تىكەنلىرىدە تــوسۇۋېتىلگەن قارا كېزىك بار ئۆيلەردىكى ئادەملىك رەڭگىدىن پــۇتــۇنــلــەي ئــۆزگــىــرىــپ ، كەچ كۇز ئۇششۇكىدىن قارىيىپ ، كۆكىرىپ ، سارغىيىپ كەتكەن چىرايلار ياكى جان چىقماي ياكى تىرىلمەي ، كۆزلىرى پىلدىرلاپ ، ئېغىزلىرى قورۇلۇپ يەملىشىپ قــالــــغــان كــىــشــلــەر ، توختىماي جۆيلۈيدىغان ، قوۋۇرغىلىرى

سانجىپ ، چىۋىن ئاستىدا قالغان باللار، تازدىن قورۇلۇپ ، هالسىز مونەكتەك بولۇپ قالغان قىزلار... ئىدى . ئۇ مانا بۇ مەنزىرىلەرگە ، بۇلارنىڭ هەممىسىگە قاراپ ، ناهايىتى ئازابلىناتتى . چالا ئۆلۈك هالىتىگە كېلىپ ، چىۋىنغا يەم بولۇۋاتقان بۇ ئادەملەرمۇ دۇنيادىكى نۇرغۇن بەختلىك ئادەملەرگە ئوخشاش ، ياشاش ، ئادەمدەك ياشاش هوقۇقىغا ئىگە ئىدى ، ئۇلار دۇنياغا شۇنىڭ ئۈچۈن كەلگەنىدى . بىراق ، بۇ كىشىلەر مانا مۇشۇنداق ، ئۆلۈم بىلەن هاياتنىڭ ئارىلىقىدا ، گال قىڭراقتا غىرىدالغان كالىلاردەك ياشايتتى . دېمەك ، قارا كېزىك — ۋابا باسقان بۇ سەهرادا ، مانا مۇنداق بىر تال قىممەتلىك گۈلمۇ ئۆسكەنىكەن ـ دە ! ئاشۇ كىشىلەرنى كۆرۈپ ، هاياتقا ، مۇشۇ زېمىنغا ئۈمىدسىز ، چەكسىز ئازاب بىلەن قارايدىغان بولۇپ قالغان يۈسۈپ بۇ زېمىندا مۇنداقمۇ جانىنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ ، هەيران قالدى . ئۇ دائىم : «ۋاي پېشانىسى شورلۇق ، هەممە يېرىنى كۆڭۈلسىزلىك ، بەختسىزلىك باسقان زېمىنىم ، ئەمدى ساڭا كەلمىگەن مۇشۇ قارا كېزىك قالغانمىدى ؟» دەپ ئويلايتتى . مانا ئەمدى ، ئاشۇنچىۋالا بەخسىزلىك ئىچىدە بەخت ، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۈمىد بار ئىكەن ـ دە ! يۈسۈپنىڭ قەلبى خۇشاللىق بىلەن لىق تولدى .

— قىزچاق ، ئىسمىڭىز نېمە ؟

— سارەم ! — دەپ جاۋاب بەردى قىز سەل قىزىرىپ ، ئەمما ئۇ ئۆزىگە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغاندىن بېرى تۇنجى قېتىم مۇنداق ئىللىق مۇئامىلە قىلغۇچىغا هەيرانلىق بىلەن قىزىقىپ تىكىلدى .

— ئىسمىڭىزمۇ ئۆزىڭىزگە ئوخشاش چىرايلىق ئىكەن ! — دېدى يۈسۈپ سارەمگە كۆزىنى مىت قىلماستىن قاراپ . سارەم يەرگە قارىۋالدى . ئۇنىڭغىچە ، ئۆيگە چوڭى سەككىز ـ توققۇزلاردا ، كىچىكى ئۈچ ـ تۆت ياشلاردا بىر قىز ، ئىككى ئوغۇل كىرىپ كەلدى . باللارنىڭ هەممىسى يالىڭاچ بولۇپ ، بەدەنلىرى ئاپتاپتا كۆيۈپ ، يۈز تېرىلىرى سويۇلۇپ پوستەك بولۇپ قالغانىدى . باللار

شوْنچىلىك ئورۇق ھەم ئاجىز ئىدىكى ، بىر نەرسىگە سەل پۈتلاشسىلا ، يىقىلىپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى . سارەم باللارنى قوغلىماقچى بولۇۋىدى ، يۈسۈپ توسۇپ قويدى .

— ئاتا - ئانىڭىزنىڭ ئىسمى نېمە ؟ — شۇئان قىزنىڭ چىرايىدىكى خىجىللىق قايغۇلۇق تۈسكە ئالماشتى .

— مېنىڭ ئاتا - ئانام يوق ، تاغامنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتىمەن .

— تاغىڭىزنىڭ ئىسمىچۇ ؟

— بارات خالقۇش ، — قىز تاغىسىنىڭ ئىسمىنى ناھايىتى تەسلىكتە ئاغزىدىن چىقاردى ، ئۇنىڭغا تاغىسىنىڭ ئىسمىنى ئاغزىدىن چىقىرىش ناھايىتى تەس كەلدى . ئۇنىڭ چىرايى بىر تاتىرىپ ، بىر قىزىرىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ كەينىدىنلا ، كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ تۇرغان باللار قاسماق باسقان قاپقارا قوللىرىنى ئاغزىغا سېلىپ ، ھەرخىل شەكىلدە تۇرۇشاتتى . ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن شالىي قۇيۇلۇپ تۇرىدۇ . يۈسۈپ قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ، تاغىسىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىشتا ، ئىزا - نومۇس ئىچىدە ناھايىتى ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى دەرھال سەزدى . چۈنكى ، ئۇ زامانلاردا ، پومېشچىك ، باي دېھقان دېگەن بۇ ئىسىملار شۇنچىلىك قورقۇنچلۇق ئىدىكى ، بۇ ئىسىمنى شۇ نامغا مەنسۇپ كىشىلەر ئۆچۈن ھەر قېتىم ئاڭلاش يۈرىكىنى بىر قېتىم چايان چاققانغا باراۋەر بولاتتى . «ھەي پومېشچىك !» دېگەن بىر چاقىرىش ئاڭلانسا ، بۇ يەردىكى ھەربىر دەرەخ ، قومۇش ، قۇملۇق ، سازلىق ، زەيلىك كۆللەر ، ھەتتا ھەربىر جانىۋارغىچە ئۇنىڭغا چەكسىز نەپرەت بىلەن قاراۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى . «كىمنىڭ بالىسى ؟ پالانى پومېشچىكنىڭ ! ھەي ئىتنىڭ كۈچۈكى !...» دېگەن سۆزلەر ، چەكسىز نەپرەت بىلەن قاراشلار ، مانا بۇلار سىياسىي - ئىقتىسادتىن قىلچە خەۋەرسىز سەبىي باللار ئۈچۈن نەچچە ھەسسىلەپ ئازاب ئىدى . «ئاتا... ئانا... سەن نېمىشقا پومېشچىك ؟ مېنى ھەممە باللار ئۇردى ، تىللىدى . مېنى ئارىسىغا قوشمىدى . مەكتەپتە مېنى ھەممىسى تىللايدۇ ، ئورۇندۇقتا

ھېچقايسىسى مەن بىلەن ئولتۇرغىلى ئۇنىمايدۇ. مېنى خام كېسەكتە ئولتۇرغۇزدى. مېنى كىچىك پومېشچىك دەپ پىپەن قىلدى، «شەرق قىزاردى» ناخشىسىنى ئوقۇغاندا، مېنى ئارىسىدىن چىقىرىۋەتتى. ھەممە باللارنىڭ ئاتىسى كەمبەغەل دېھقانكەن، سەن نېمىشقا پومېشچىك بولۇپ قالغان؟ پومېشچىك دېگەن ئادەمنىڭ قېنىنى شورايدىغان پارازىت، دەيدۇ. سەن ھەممە ئادەمنىڭ قېنىنى ئىچىپتىكەنسەن. قانىنمۇ ئىچكىلى بولامدۇ؟ باللار مېنى كىچىك پومېشچىكنى يوقىتايلى! دەپ، قورۇپ قالغان كالا تېزىكى بىلەن چالما ـ تېزەك قىلغانىدى، قانغا بويىلىپ كەتتىم. قان تاتلىقمىدۇ؟ ئاتام ئىچىپتىكەن، مەنمۇ ئىچىپ باقاي دەپ ئىچسەم، ناھايىتى تۇزلۇق، قاڭسىق ئىكەن… مېنى توپ ئويناشقا، پىئونېرلىققا قوشمايدۇ، سەن پومېشچىك بولماي، كەمبەغەل بولغىنا ئاتا! بولمىسا مەكتەپكە بارمايمەن…» مانا بۇ نارەسىدە پومېشچىكلارنىڭ مۇشۇ ئىسمىدىن تارتىۋاتقان ئازابلىرى! يۇسۇپ يېزىغا كېلىشىگە، يېزا باشلىقى ئەڭ ئاۋۋال پومېشچىكلارنى چاقىرتىپ كېلىپ، باشلىرىدىكى بۆكلەرنى ئېلىۋېتىپ، قىزىق قۇم ئۈستىگە يۈكۈندۈرۈپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۇلارنى يۇسۇپكە بىر ـ بىرلەپ تونۇشتۇرغانىدى. «مانا بۇلار بىزنىڭ يېزىدىكى كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ـ ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ پولات مۇشتى ئاستىدا ئىشلەيدىغان پومېشچىك ئۇنسۇرلار… بۇلار ئىنتايىن ياۋۇز، قەبىھ، ھىيلىگەرلەر… بۇلارنى ھازىر ئوبدان تونۇۋېلىڭ ۋە بۇلارغا قەتئىي يېقىنلاشماڭ! ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كەتسىڭىز بولمايدۇ، قاتتىق ھەزەر ئەيلەڭ. خۇدايا تۇۋا، ئىتتىرىۋەتكەننى ئىت يەمەپتۇ، دېگەندەك، بىزنىڭ شۇنچىۋالا كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ـ ئوتتۇرا دېھقانلىرىمىزغا چاپلىشىپ، ئۇلارنى ئۈجمە تۆككەندەك قېقىۋەتكەن بۇ قارا كېزىك، بۇ ئاپەتنىڭ بۇ ئۇنسۇرلارنىڭ ھېچقايسىسىغا تەگمىگىنىنى كۆرمەمسىز؟ بۇنىڭغا مەن ھەيران! بۇ كېسەل ياكى ماۋۇ نېمىلەرگە

ياكى ئۇلارنىڭ كۆچۈكلىرىگە تەگمىدى ، ساق يۈرىدۇ . بۇ ئەبلەخلەر ھازىر ئەترەتلىرىمىزنىڭ ئاساسلىق ئەمگەك كۈچلىرى بولۇپ قالدى . سىنىپىي كۈرەش ئىنتايىن كەسكىن ـ ھە ؟ بۇلارمۇ مۇبادا قارا كېزىك بىلەن يىقىلىپ قالسا ، داۋالىماڭ ، ئۇلارنى داۋالاشقا بولمايدۇ . » گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە ، يۈسۈپ بۇ ئاغزى بىر ئېچىلسا توختىمايدىغان يېزا باشلىقىنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى : «بولدى ، ھەممىنى تونۇۋالدىم ، لېكىن ، دوختۇرنىڭ ۋەزىپىسى كېسەلنى داۋالاپ ، ئادەمنى قۇتۇلدۇرۇش . ماڭا سىنىپىي كۈرەش دەرسىنى ئۆتۈۋەرمىسىڭىزمۇ بىلىمەن . مېنىڭ ۋەزىپەم — مەيلى ئۇ قانداق تەركىبتىكى ئادەم بولسۇن ، كېسەللا بولىدىكەن ، داۋالاش . بۇ پارتىيىمىزنىڭ سىياسىتى . سىز ئاساسلىق ئەمگەك كۈچىمىز مۇشۇلار ، دەيسىز . بۇلار ئۆلسە ، ئەمگەكنى كىم قىلىدۇ ؟ ناننى كىم تاپىدۇ ؟ ئىلاجى بار بۇلار ئۆلمىسۇن ، ئىشلىسۇن» دېدى يۈسۈپ . يېزا باشلىقى ئاغزىنى كامارىدەك ئاچقانچە ، ھاڭۋېقىپ قاراپلا قالدى : «سىنىپىي كۈرەش ئېڭى ناچار بىر دوختۇركىنا ماۋۇ ؟ » دېدى ئىچىدە . شۇ چاغدا ، قىزىق قۇم تىزلىرىنى كۆيدۈرۈپ ، ھالىنى قويماي ، كالپۇكلىرىنى چىڭ چىشلەپ ئولتۇرغان ، باشلىرى مىس قازاننىڭ تۈۋىدەك قارا پارقىرايدىغان ئەرلەر ، چاچلىرى پاخپىيىپ سېرىق قۇيرۇقنىڭ چاڭگىسىدەك بولۇپ كەتكەن ئاياللار يەردىن باشلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ، ھارغىن چىرايىدا نۇرسىزلانغان چوڭقۇر كۆزلىرى بىلەن ، ئۇنىڭغا شەپقەت تىلىگەندەك تىكىلىپ قاراشتى . شۇئان ، يېزا باشلىقى : «كۆردىڭىزمۇ بۇلارنى ! سەللا پۇرسەت بولسا ، ئېشىكى تۆت چىشلىق بولۇشىدۇ ، باش كۆتۈرىدۇ ، ئۇلۇغ پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى ئاغدۇرغىلى ئۇرۇنىدۇ» دەپ ، يەنە ئەزۋەيلەپلا كەتتى . ئەنە شۇلار ئىچىدىكى ۋىجىككىنە كەلگەن ، قويۇق قارا ساقاللىق بىر كىشىنى يېزا باشلىقى : «ماۋۇ بارات خالقۇش ، بۇنىڭ ئاكىسى جىنايىتىدىن قورقۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان ، ئۆلمىگەن

بولسا ، ياقۇپ جىڭجاڭ ، خاتىپ مىرابلار قاتارىدا ئېتىلاتتى» دېدى .

— سىزمۇ كەمبەغەل دېھقانما ؟ — دەپ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاقتۇرغان ھالدا سورىدى سارەم . يۇسۇپ جاۋاب بەرمەستىن ، ئۇنىڭغا ئۈنسىز قاراپ تۇرۇپ قالدى . شۇ چاغدا ، ئاۋۇ قارىشىپ تۇرغان باللار «قورسىقىم ئاچتى» دەپ كەينى ـ كەينىدىن غەلۋە قىلغىلى تۇردى .

— ماڭ يۈگۈر ، غورا پۇتاپ يە ، — دېدى سارەم .

— قورساقنى ئاغرىتىدىكەن… نان… نان…

سارەم قىزىرىپ يۇسۇپكە قاراپ كۈلۈمسىرىدى ، ئەمما باللارغا غەزەپ بىلەن ھومايدى .

— مېنىڭ دورا سومكام قېنى ؟ — دەپ سورىدى يۇسۇپ .

سارەم ئۇنىڭ دورا سومكىسىنى ئەكېلىپ بەردى ، يۇسۇپ ئۇنىڭ ئاغزىنى ئاچتى ، بىرنەچچە دورا بوتۇلكىلىرى چىقىلىپ ، دورىلار چېچىلىپ كېتىپتۇ . ئىسپىرت شىشىسىگە دەز كېتىپ ، ئازراق تۆكۈلۈپتۇ . ئۇ سومكىنىڭ يان تەرىپىدىكى بىر يانچۇقىدىن گېزىتكە ئورالغان سېرىق قوناقنىڭ زاغرىسىدىن بىرنى چىقاردى . بۇ يۇسۇپنىڭ چۈشلۈك نورمىسى ئىدى . باللارنىڭ كۆزلىرى خۇشاللىقتىن پارقىراپ كەتتى .

— ياق ، ئۇنى بەرمەڭ !… — دېدى سارەم دەرھال .

— بىلىمەن ، ئۈچ كۈندىن بۇيان ، ئەترەتنىڭ ئۇزۇقلۇقى ئۈزۈلۈپ قېلىپ ، كوممۇنا ئاشخانىسىدىن كەمبەغەل دېھقانلارغا ئىككى ۋاخلىق تاماق بېرىۋاتىدۇ ، پومىشچىكلارغا بولسا بىر ۋاخلىقلا… — دېدى يۇسۇپ .

— بۈگۈن بەرمىدى… بۈگۈن يەتمىدى دەپ بەرمىدى ، — دېدى چوڭ ئوغۇل قولىدىكى زاغرا پارچىسىنىڭ بىر تال ئۇۋىقىنىمۇ يەرگە چۈشۈرمەسلىك ئۈچۈن نانىنى چاڭگاللاپ يەپ تۇرۇپ . شۇ چاغدا ، سىرتتىن قارا بويناق قاتتىق قاۋاپ ، بىرمۇنچە ئادەملەرنىڭ : «ئۇنداقچى پومېشچىك ، بۇنداقچى پومېشچىك» دەپ

تىلىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى . «پاك !» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ، قاتتىق قاۋاۋاتقان ئىت نالە ـ پەرياد قىلىپ ، ھۇۋلاپ غىڭشىپ كەتتى . يەنە بىر پاي ئوق ئېتىلدى . ئىت جىمىقتى . سارەمنىڭ چىرايى تاتىرىپ ، شۇنداق دەھشەتلىك تۇسكە كىردىكى ، ئۇنىڭغا قارىغان ئادەم يىغلاپ تاشلىشى مۇمكىن ئىدى . ئۇ بىردىنلا يۇسۇپنىڭ ئالدىغا تىزلاندى :

— ئوبدان ئاكا ، سىز مېنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭ ! ئۇلار تاغام بىلەن يەڭگەمنى بىر ھەپتىدىن بۇيان كېچە ـ كۈندۈز ئېتىز بېشىدىن ئۆيگە كەلتۈرمەيۋاتىدۇ ، مېنى بەك ئۇرۇشىدۇ… بەك ئۇرۇشىدۇ… مەن… مۇشۇ قېتىم تاياق يېسەم ، ئورنۇمدىن تۇرالماي ئۆلۈپ كېتىشىم مۇمكىن… ئىتنى چىڭ باغلىمىدىڭ دەپ ، چوقۇم مېنى بەك ئۇرىدۇ .

— سارەم ، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ…

...

— نېمە دەۋاتىسىز دوختۇر ، — رازاق ھېكىمنىڭ سوئالى يۇسۇپنى ئېسىگە كەلتۈردى . ئۆزىنىڭ بۇ ھالىدىن خىجىل بولغان يۇسۇپ غەمكىن كۈلۈمسىرەپ :

— ھېچ نەرسە دېمىگەندەك قىلىمەن ، — دېدى .

— سارەم ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ… دەپ ناھايىتى ئەندىكىپ كەتتىڭىز . ئۇ مۇشۇ بىپايان قومۇشلۇق ئارىسىدا كۆزىڭىزگە كۆرۈنۈۋاتامدۇ ؟

— ئاۋۇ كۆرۈنگەن ئەسكى تام ئۇنىڭ بۇرۇنقى جايى ئىدى ،— دېدى يۇسۇپ .

— ھە… شۇڭا بەك قاراپ كەتكەنسىز ـ دە ! بارغۇڭىز كېلىۋاتامدۇيا ؟

— ھەئە .

— ھازىر يۈرۈشىمىز جىددىي ، ئەگەر ئۇرۇشتا شېھىت بولماي ، غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلسەك ، ئۆتەر يولىمىزدا كىرىپ

www.uyghurkitap.com

ئۆتەرمىز ، — دېدى رازاق ھېكىم . بىراق ، رازاق ھېكىمنىڭ دېگىنى پەقەت ئاشۇ بىر ئېغىزنىڭ شور تويىلىق يول ، ئاشۇ يول بويىدىكى چەكسىز كەتكەن سازلىق ، قومۇشلۇق دۆڭلەر ئارىسىدىكى پەقەت بىر قېتىملىق تىلەك ساداسى بولدى ، خالاس . يۈسۈپ ئاشۇ زۇلىقۇمغا بىر كەتكىنىچە ،ئىككىنچىلەپ قايتىپ كەلمىدى . ئۇشۇ قېتىملىق توپىلاڭ تارىخىدىكى مەشھۇر ئۇرۇشنىڭ ئەڭ بەختسىز قۇربانى بولۇپ ، ئاستىدىكى قارا جەدە ئېتى بىلەن ، ئاشۇ چەكسىز قومىلۇقتا مەڭگۈلۈك ماكان تۇتۇپ ، قەبرىسىز قالدى… ئۇنىڭ پۈتۈن ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ، دەرد ـ ھەسرەتلىرىنى ئاشۇ بىپايان قومۇلۇق ئۆزىنىڭ شۇنچىۋالا كەڭ قۇچىقىغا سىغدۇرۇپ كەتتى… دەھشەتلىك بورانلار ئۇنى يېپىنچىسىز قالمىسۇن دەپ ، قۇملارنى كۆچۈرۈپ كېلىپ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېگىز قىلىپ تىكلىدى . ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى كىشىلەر ئانچە بىلىپ كەتمىدى . كىشىلەر ئۇنى پەقەت : «تۇرمىدىن چىقىپ ، ئۆز ئۇنىغا قالماي يوقىلىپ كەتتى» دېيىشىدۇ . كېيىنچە بولسا ، ئۇنىمۇ دېيىشمەيدىغان بولۇشتى . دېمەك ، ئۇ ئۇنتۇلۇپ كەتتى . ئۇنىڭ سەپداشلىرىنىڭ تەقدىرى ئۇنىڭدىن پەرقسىز بولدى . قولغا ئېلىندى ، ئېتىلدى ، تۆكۈلدى… بۇ كۆنلەردە ئامەتلىك بولغان نۇردۇنلار تەرەپ قولىدىكى قوراللىرىنى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپلا قۇتۇلدى . ئۇلار ھېچقانداق دەخلىسىزلا ئۆز ئۇرنىغا قايتىپ ، غەلىبە شادلىقى ئىچىدە خىزمەت قىلدى . نۇردۇنمۇ ئەلۋەتتە خوجايىنلىق ئورنىغا كەلدى ، ئۇنىڭدا ھېچقانداق بەختسىزلىكنىڭ دېغى قالمىدى ، پەقەت زۇلىقۇم ئۇرۇشىدا ئوڭ قولىقىدىن ئايرىلىپ قېلىپ ، كىشىلەر ئارىسىدا «نۇردۇن چوناق» دېگەن نامى قالدى . ئۇ ئۇرۇشتىن بىكار بولۇپ ، قولىنى يۆيۈپ ، مەنسەپ ئۈستىلىگە كەلگەندە ، سارەم ئاللىقاچان قارا تۇپراققا كىرگەنىدى . نۇردۇن چوناق بۇ يەردە مەنسەپ ئۈستىلىگە ئولتۇرا ـ ئولتۇرمايلا ، ۋىلايەتتە قايسىبىر باشقارمىغا مۇئاۋىن باشلىق بولۇپ تەيىنلىنىپ كەتتى . خەق ياقىسىنى تۇتقانچە قالدى… شۇنداق قىلىپ ، ئۇنىڭ بۇ قەدىمىي دىياردىن ئىزى ئۆچتى .

# بەشىنچى باب

## 1

تورغاي چۇچۇلاپ ، چالا ئۇيقۇلۇق بولغان مەزگىل . ئۇپۇقتا ئاقۇچ تۇمانلار پەيدا بولۇپ ، يۇلتۇزلار ناھايىتى نۇرلانغانىدى . باش كۆزدە شەبنەم چۈشۈپ ، شور توپىلىق يولنىڭ ئۈستىنى چاڭ كۆتۈرۈلمىگۈدەك ھالدا نەمدىگەنىدى . يولدا ، پاكارغىنا بىر ئايغى يېنىك ئېشەك مىنىۋالغان سىلىمخان قۇچىقىدا نەفسەنى تۇتقان ھالدا ، پات - پات تىللاپ ماڭاتتى . ئۇ باش - كۆزىنى ئۆگۈپ كەتكەن چاقماق يوللۇق كونا يىپ ياغلىق بىلەن چىڭ ئورىۋالغان ، ئاغزىنىمۇ ياغلىقنىڭ بىر ئۇچى بىلەن چىگىۋالغانىدى . قۇچىقىدا بولسا ، ئون بىر ياشلىق نەفسە پۈشۈلداپ ئۇخلىماقتا . ئېشەكنىڭ پاقالچاقلىرى شەبنەمدىن ھۆل بولۇپ ، پۇتۇنلەي لاي بولۇپ كەتكەن ، ئەتراپتىن كۆز شامىلىدا شىلدىرلىغان قومۇشنىڭ ئاۋازى ، ئاندىن ئۈششاق باللار ئۇچۇرغان قەغەز قارلىغاچتەك ، بىر كۆتۈرۈلۈپ ، بىر لەيلەپ ، سايرىشىپ يۈرگەن تورغايلارنىڭ ئاۋازى ، يىراقلاردىن ئىتنىڭ ئۇيقۇلۇق قاۋىشى ئاڭلىنىدۇ . قومۇشلۇق دۆڭ ئارىسىدىن ئېچىرقىغان تۈلكىنىڭ ھۇۋلىغان ئاۋازى كېلىدۇ . سىلىمخان تۈنۈگۈن كەچ نامازشام مەزگىلى بىلەن ، بىر يېقىن دېھقان تۇغقىنىنىڭ مۈشۈ ئېشىكىنى سوراپ ئېلىپ ناھىيىدىن يولغا چىققانىدى . ئۇ چوڭ يول بىلەن ماڭماي ، يانتاقتىنلا ئۇدۇل چاپاقكۆل ئارقىلىق جىرىڭلىمىنىڭ چىغىرىيولى بىلەن چىققانىدى . بىرخىل كۈچ كېچىچە ئۇنىڭ كۆزىگە ھېچ نەرسىنى كۆرۈندۈرمىگەن ، ھېچ نەرسىدىن قورقمىغان ،ئالدىغا ئېلىۋالغان نەفسەنى باغرىغا چىڭ بېسىپ ، شۇنچە قورقۇنچلۇق

قومۇشلۇقلار ، دۆڭلەرنى كېزىپ مېڭىۋەرگەن، قولىدىكى يۇلغۇن زىخى بىلەن ئېشەكنى تولا زىخلاپ ، ئۇچىنى يېغىر قىلىۋەتكەنىدى . مانا تاڭغا يېقىن ، ئۇ بىر ئېغىزغا يېتىپ كەلدى . ئۇ قومۇشلۇق دۆڭلەر ئارىسىغا تارقاق جايلاشقان پومزەك - پومزەك ئۆيلەرنىڭ قايىسىغا بېرىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى . ئۇپۇق خىلىلا سۈزۈلگەن بولسىمۇ ، ئۆيلەر يەنىلا قارىيىپ كۆرۈنەتتى . يىراقتىن ئاقۇچ كۆرۈنىدىغان ، شەرقىي جەنۇبتىن سوزۇلغان ، تۆگە لوكىسىدەك قۇملار كۆل رەڭ تۇستە كۆرۈنەتتى . سېلىمخاننى بىردىنلا سۈر باستى . قومۇشلار شامالدا شىلدىرلىغاندىن باشقا يەنە ، قانداقتۇر بىر ئاڭلىنىشقا مۇشۇ تەرەپتىن ، يەنە بىر ئاڭلىنىشقا ئالدى تەرەپتىن ، يەنە بىر تىڭشىسا ، ئارقا تەرەپتىن ئاياغ تىۋىشى كېلىۋاتقاندەك ، شىلدىرلىغان ئاۋاز كېلەتتى . خۇددى قومۇشلۇق ئارىسىدىن تۇرغۇنلىغان ئاياغ تاۋۇشى كېلىۋاتقاندەك بىلىنىدۇ . سېلىمخاننى قاتتىق سۈر بېسىپ ، پۈتۈن ئەزايىدىن تەر چىقىپ ، گەدىنىدىن سۈس ھور كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى . ھېلىلا قومۇشلۇقتىن بىرى ئېتىلىپ چىقىپ ، ئۇنى بوغۇزلىۋېتىدىغاندەك ، يۈرىكى ئاغزىغا قاپلىشىپ ، زۇۋان سۈرەلمەي قېتىپ قالدى . ئۇزۇن يول بېسىپ ھارغان ، تەر باسقان ئېشەكمۇ جىممىدە تۇراتتى ، ئۇنىڭ پات - پات ئۇياق - بۇياق لىككىلدىتىپ قويىدىغان سالپىيىپ كەتكەن لابدۇر قۇلىقىنىڭ كەينىدىن ھور كۆتۈرۈلەتتى . سېلىمخان قورقۇنچتىن نەپىسىنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى . كۆڭلىدە بولسا ، مۇشۇ قومۇشلۇقتىن سەكرەپ چىقىپ ئۆزىنى بۇلايدىغان بۇلاڭچىغا يالۋۇرىدىغان گەپلەرنى تەييارلىدى : «ئوبدان ئۇكام ، مەن ياشىنىپ قالغان ئايالمەن ، مەندە ھېچ نەرسە يوق . مانا مۇشۇ قوتۇر ئېشەك ، ماۋۇ نارەسىدە قىز ، باشقا ھېچ نەرسە يوق ، ماڭا رەھىم قىل ! بۇ يېتىم قىزنىڭ ئاتىسى توپىلاڭدا ئۆلۈپ كەتكەن ، ئانىسىمۇ شۇنداق . بۇنى مۇشۇ يەردىكى چوڭ ئاتىسى — بارات خالقۇشقا تاپشۇرۇپ بەرگىلى ئەكەلگەنىدىم ، ماڭا رەھىم قىل .

ئۇچامدىكى كىيىممۇ كونا، جۇلۇقى چىقىپ كەتكەن، ئىشلەتمەيسەن. مەن ساڭا ئاتا - ئانىڭنىڭ ھەققى ھۆرمىتى ئۈچۈن دۇئا قىلاي... » ئۇپۇق سۆزلىدى، قۇملارنىڭ چوققىلىرى ئاقاردى، ئەتراپقا ئاقچىلىق يېيىلدى، خورازلار بەس - بەستە چىللاشقا باشلىدى. بامداتقا قوپقان كىشىلەرنىڭ ئىشىكلىرىنىڭ غىچىرلاپ يېپىلغان ئاۋازى، كىشىلەرنىڭ يۆتەل ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. قارىسىپ كۆرۈنىدىغان خام كېسەك پاكار ئۆيلەرنىڭ ئەتراپىدىكى تېرەك، جىگدە، سۆگەتلەرنىڭ غوللىرى ئېنىق كۆرۈنۈشكە، ئۇ يەر - بۇ يەردىن پىلدىرلىغان چىراغ يورۇقى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. سېلىمخان قاتتىق توڭلاپ، بارغانچە جالاقلاپ تىترەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئۇستىبېشى پۈتۈنلەي شەبنەمدىن ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. يول بويىغا دۈۋىلەنگەن قىغدىن ھور بىلەن بىرگە قىغ پۇرىقى كېلىدۇ. ئاۋۇ قۇملۇقنىڭ سازلىقىغا تۇتىشىدىغان تەرىپىدىكى بىر پارچە قوناقلىقتا، ئاق قۇشقاچلار جاۋىلداشقا باشلىدى. ئۇپۇق ئەمدى ئوتقاشتەك قىزاردى، ئۇپۇققا باغلانغان بىرقانچە قارا بۇلۇتمۇ قىزارغانىدى. قومۇش پۆپۈكلىرىدىكى، دەرەخ، تېرەك، جىگدە يوپۇرماقلىرىدىكى شەبنەم تامچىلىرى پارقىراشقا باشلىدى.

قۇملۇق ئارىسىدىكى بۇرۇلىدىغان، كەينى - كەينىدىن خېنىيادىن[1] چىققان ئوتۇنچىلارنىڭ ھارۋىسى چىقىپ كەلدى. ئالدىدىكى ھارۋىدا، كالا بىلەن ئېشەك يانداپ قوشۇلغان بولۇپ، ھارۋىكەش ئاق تۇمىقىنى سىڭايان قىستۇرۇۋالغان، ھارغان بولسىمۇ، «باياۋان»غا توۋلاپ كەلمەكتە ئىدى. سېلىمخان يولنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا تۇرۇپ قالغىنىدىن خىجىل بولۇپ، ئۆيلىنىپ تۇرماستىنلا، شەرقتىكى چوڭ چىغىر يولغا ئېشىكىنى ھەيدىدى. ئۇ ئېشەكنى بىرقانچىنى ئۇرغان بولسىمۇ، ماڭمىدى. يېغىرىغا بىر زىخلىۋىدى، ھارغىن ئېشەك سالپاڭ قۇلىقىنى بىر سىلكىپ

---

[1] خېنىيا — تەكلىماكاننىڭ ئەڭ چوڭ توغراقلىقىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ مارالبېشى بىلەن مەكىتنىڭ ئاساسلىق ئوتۇن بازىسى — ئاپتور.

پۇرقىرىتىپ ، هالسىز بىر هاللىز ئېتىپ[1] ، ئىتتىك ماڭدى . قومۇشلۇق ، سازلىق بوزدۆڭ ، قۇملۇق يوللار ئەنە شۇنداق ئۆزگىرىپ ماڭدۇ . بۇ چىغىر يول خېلى ئۇزۇنغا سوزۇلدى ، سىلىمخان ئالاھەزەل بىر ئاش پىشىم ماڭغاندىن كېيىن ، يەنە بىر پارچە قومۇشلۇققا چىقتى . يەنە بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن ، بىر دۆڭدىن ئۆتۈشىگىلا ، ئەتراپىنى پۈتۈنلەي توغراق ئورمانلىقى قاپلىغان بىر مەھەللىگە كەلدى . ئۆي ئەتراپىدا ، خەندەكلەپ بېسۋەتكەن پىچان دۆۋىسى ، ھەربىر پىچان دۆۋىسى يېنىدا بىردىن ئىت باغلاقلىق تۇراتتى . ئىتلار سىلىمخاننى كۆرۈش بىلەنلا ، يەۋېتىدىغاندەك ، بەس - بەستە زەنجىرلىرىنى تارتىپ قاۋاشقا باشلىدى . بۇ ئىتلارنىڭ ئەپتىدىن شۇنچىلىك ياۋايىلىق ھەم غالجىرلىق چىقىپ تۇراتتى . سىلىمخان قورقۇپ كېتىپ ، ئېشەكتىن يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدى . نەپسە ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ ، قورقۇش ، ھەيرانلىق بىلەن ئەتراپىغا قارىدى . ئۇلار تۇرغان يولنىڭ بويىدىلا بىر كىچىك كۆل بولۇپ ، كۆلدە قاراقومۇش ھەم جامكا ئۆسكەن ، كۆلدىن بىرخىل سېسىق پۇراق كېلەتتى ، كۆل سۈيى سۈزۈك ئىدى . ئەمما ، يىگنە ئۇچىدەك ئۇششاق ھاشاراتلار ئۈزۈپ يۈرەتتى . ئالتە - يەتتە ياشلاردىكى ، قىپيالىڭاچ ، بەدەنلىرى قېرى جىگدىنىڭ غولىدەك قارا بىر ئوغۇل بالا يۈگۈرۈپ چىقتى - دە ، ئۇلارغا كۆزىنىڭ چاپىقىنى ئادالىغاچ ، قاراپ تۇردى ، بالىنىڭ چىرايىدىن بىرخىل ياۋايىلىق چىقىپ تۇراتتى . سىلىمخان بېشىدىكى ياغلىقىنى ئېلىپ ، يۈز - كۆزلىرىنى ئېچىپ ، ياغلىقىنى قايتىلاپ ئېڭىكىدىن چىگكەندىن كېيىن ، بالىغا دوختۇرغا خاس يۇمشاق كۈلكىسى بىلەن قاراپ :

— ئوغلۇم ، ئۆيدە ئاتا - ئانىڭىز بارمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

بالا كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ ، بىر ئالىيىپ قويدى - دە ، قومۇشلىرى ئورۇۋېتىلگەن دۆڭدە ، داڭقاندەك چۈشكەن يوغان

[1] هاللىز ئېتىپ — مەكىت شېۋىسىدە چىچاڭشىش ، سەكرەش مەنىسىدە — ئاپتور .

ئاق شەبنەم كاۋىسى يېنىغىلا ئولتۇرۇپ ، سىلىمخانغا ئالدىنى قىلغان ھالدا ، تەرەت قىلغىلى تۇردى .

— بالام ، ئۆيدە ئاتا ـ ئانىڭىز بارمۇ ؟

بالا يەنە جاۋاب بەرمىدى . ئۇ ھەدەپ كۆزىنى ئۇۋۇلىغاچ ، ئىنجىقلايتتى . ئىتلار توختىماستىن زەنجىر تارتىپ قاۋىشىۋەردى . ئۇلار ئىغىزلىرىدىن كۆپۈك چاچرىتىپ قاۋايتتى . مەھەللىنىڭ ئالدى قىبلە تەرەپتە بولغاچقا ، ھېچبىر ئۆينىڭ ئىشىكىنى كۆرگىلى بولمايتتى . سىلىمخان ياندىكى بىر يالغۇز ئاياغ چىغىر يول بىلەن ئايلىنىپ ، مەھەللىنىڭ ئالدىغا بارماقچى بولۇپ تۇرۇۋىدى ، يان تەرەپتىكى توغراقلىقتىن ئايالنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى :

— ھۇ ، ئۆلگۈر قوتۇرلار ! زۇۋانىغا بالا تەگدى ، بىر كېچىدىلا زۇۋانىڭ تۇتۇلۇشۇپ ، ھەممىڭ ئۆلسەڭغۇ قۇتۇلاتتىم ، قولاق ـ مېڭەمنى ئايلاندۇرۇپ ، بېشىمدا توگمەن چۆرگىلىتىدۇيا ! خۇددى...

ئۇزۇن چېكىت گۈللۈك ئاق چىت كۆڭلەك ، قىزىل شەنبىزە تامبال كىيگەن بىر چوكان ئۇچىسىغا داستىخان سېلىپ ، بىر قاپاقنى كۆتۈرگەن ھالدا چىقىپ كەلدى . ئۇ سىلىمخاننى كۆرۈش بىلەنلا ، كۆڭلىكىنىڭ ئىزمىسى ئېتىلمىگەن ياقىسىدىن كۆرۈنۈپلا قالغان كۆكسىنى يوشۇردى ، ئاندىن ئاستا سىلىمخاننىڭ ئالدىغا كېلىپ سالاملاشتى ھەم قاپاقنى ئۆشنىسىدىن ئېلىپ يەرگە قويدى :

— ھە ، بۇ كاساپەتلەرزە ، بايانىڭ بۇيىزى سىلىگە قاۋاپتىكەن ـ دە ! بىر كىمنى ئىزدەپ كەلگەنما ؟

— ھەئە ، سىڭلىم ، بىلمىگەن يەرنىڭ ئوي ـ چوڭقۇرى تولا دەپ ، بارات خالقۇشنى ئىزدەپ كەپتىم ، — دېدى سىلىمخان .

— سىلى ئۇنىڭ نېمىسى بولىلا ؟ — سورىدى چوكان . ئۇ گەپ قىلسا ، ئاغزى بىر تەرەپكە مايماق كېتەتتى .

— يىراق بىر تۇغقىنى ئىدىم .

— ھە ، شۇڭا بىلمەپتىكەنلا ـ ھە ! ئۇ ئادەم بۇلتۇر ئورمىدا ئۆلۈپ كەتكەن .

www.uyghurkitap.com

— نېمە بولۇپ؟ — ئالدىراپ سورىدى سىلىمىخان، ئۇنىڭ يۈرىكى جىغىغىدە قىلىپ كەتتى.

— ھە، سۆزلەپ كەلسەم گەپ تولا! ئۇ ئادەم پومىشچىك ئەمەسمىدى، شۇ بۇلتۇر ئورمىدا، ئورما راسا قىزىۋاتقان كۈنى، شۇ كۈنى ئورمىچىلارغا چىلگە تارقاتقان، دەل شۇ كۈنى··· قائىدە بويىچە، پومېشچىك، بۇزۇق ئۇنسۇر، باي دېھقانلارغا يېرىم كىشىلىك تاماق نورمىسى بېرىلىدۇ ئەمەسمۇ! شۇ كۈنى ئىسسىق كارامەت بەك بولۇپ، ھەممىمىز يەرنى كولاپ سۇ قۇيۇپ، شۇ يەرگە كىرىۋالدۇق، ئەمما بارات خالقۇش قاتارلىق ئۈچ خىل ئۇنسۇرلارنى ئەترەت باشلىقى دەم ئالدۇرماي ئورمىغا سالدى. چىلگە تارقاتقاندا، ھەممىمىز: «ئۇلارمۇ ئادەم بولغاندىكىن، بىردىن بەرمىسەكمۇ، ئاشۇ توققۇز ئۇنسۇرغا چىلگىدىن بىرنى بېرەيلى، ئاغزى نەم بولسۇن، زەي سۇنى ئىچىۋېرىپ، باغرى قۇرتلاپ ئۆلىدۇ» دېسەك، «ئۆلسە ياخشى، كارىڭلار بولمىسۇن، سىنىپىي كۈرەشنى ئۇنتۇماڭلار» دەپ ئۇناشمىدى. ئۇ بىچارىلەر قىزىق يوبداننى[1] ئىچىپ، ئورمىنى ئورىۋەردى. چۈشتىن كېيىن، ھەي، ھەممە بالا شۇ چۈشتىن كېيىن يۈز بەردى··· ئەترەت باشلىقى ئۇنچىۋالا ئاشۇرۇۋەتمەسلىكى كېرەك ئىدى. ئۇلار ئىشلىيەلمەي، ھالىدىن كېتىپ يىقىلىپ قېلىپ، «كىچىككىنە دەم ئېلىۋالايلى» دېيۇدى، ئەترەت باشلىقى ئۇلارنى ئۇرۇپ-تېپىپ تىللىدى. ئەمما ئۇلار ئورنىدىن تۇرالمىدى، ماغدۇر يوق-دە! شۇنىڭدىن كېيىن، مانا ئەمىسە دەم ئېلىش دەپ، ئەترەت باشلىقى ئۇلارنى بىر-بىرىگە چېتىپ، پۇت-قولىنى چۈشەپ، ئىسسىققا يانتۇزۇپ قويدى. پېشىن بولغاندا قارىساق، تۆتىگە ئىسسىق ئۆتۈپ، ئاغزى-بۇرنىدىن قان كەتتى، قۇستى. كۆزىنىڭ قارىسى كېتىپ قاپتۇ. بىزنىڭ يالاڭ ئاياغ دوختۇر ئۇلارنى داۋالىدى. ھېلىقى بارات

---

[1] يوبدان — يەرلىك دېھقانلارنىڭ قوناق ئۇنىدا قىلىپ ئىچىدىغان ئۇگرە ئورنىدىكى تامىقى — ئاپتور.

خالقۇشقا ئىسسىق ئۆتمىگەن بىلەن ، ئۇرما ئۇرغۇدەك هالى يوق ئىدى . سىلى بىلەملا ـ بىلمەملا ، ئۇرمىغا دېگەن ئادەمنىڭ ئادىمى كېرەك ، كۈچ كېرەك . ئەمما ، بارات خالقۇش چىشىنى چىشلەپ ئــورمــا ئــوردى . كەچتە ، ئەترەتنىڭ قېرى بىر قوتۇر بايتىلىغا ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىپ ، ئۆلتۇرگەندى ، ئەترەتتىكى ئەزالارنىڭ هەربىرىگە ئالتە سەردىن گۆش كېلىدىكەن ، ئۆچرەتتە تۇردۇق ، بارات خالقۇش قائىدىنى ئۇنتۇپ قالدىمۇ ، بەش خىل ئۇنسۇرلارغا يـېـرىـم نـورمـىـدىن باشقىنى بەرمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ، كەمبەغەل دېھقانلار ئارىسىدا قاتار بولۇۋاپتۇ . بىر كەمدە ، رەتنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ قاپتۇ . ئۇنى كۆرۈپ ، ئەترەت باشلىقىنىڭ ئەرۋاهى قىرىق گەز ئۇچتى ـ دە ، ياقىسىدىن سۆرەپ تارتىپ ، بىرنەچچىنى ئۇردى . ئۇنىڭ ئاغزى ـ بۇرنىدىن ئوقتەك قان كەتتى ، خۇددى گوداڭ يالىغان ئىتقا ئوخشىشىپ قالدى . ۋاي بىچارە خالقۇشەي ، ئۇنداق قىلمىسىمۇ بولاتتى ، ئۆزىمۇ داۋىخور نەرسە زادى . يەنە : «ئۇ بولسام ، بۇ بولسام ، بالىلىرىمنىڭ ئاغزى گۆشكە تەگمىگىلى ئالتە يىل بولدى ، بىرەر ـ ئىككى سەر ئېلىپ‌پات قىلسىلا !…» دەپ تۇرۇۋالدى . ئەترەت باشلىقى ئۇنى يەنە ئۇردى ، تەپتى ، تىللىدى . بـارات خـالـقـۇش يەردە دومىلاپ تۇرۇپمۇ ، يىغلاپ يالۋۇردى… ئاخىر ، ئەترەت باشلىقى قانداق قىلدى ، دېمەملا ؟ ئاتىنىڭ كۆتىنى كـېـسـىـپ كېلىپ : «مانا ، يە ! سېنىڭ يەيدىغان يېرىڭ مۇشۇ ! ئۆزۈڭمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان نەرسە !» دېدى . ۋاي خالقۇشەي ، ئــۇنداق بولغىنى بىلەن ، ۋىجدانى بار خالقۇش ئىكەن ، بۇ ئىش ئۇنىڭغا ناهايىتى هار كەلدى بولغاي ، ئورنىدىن تۇرغانچە : «سېنىڭ ئالدىڭدا ، هايۋانچىلىك قەدرىم يوقمۇ مېنىڭ !» دەۋەتتى . بۇ گەپ ئەترەت باشلىقىنىڭ تىتاڭ تومۇرىغا تېگىپ كەتتى بولغاي : «ۋاي ماۋۇ ئەبگا پومېشچىكقا تىل چىقتى ، سەندىن هايۋان ياخشى ، ئىت ياخشى» دەپ ، ئۇنى ئۇرغىلى يۇگۈرۈۋىدى ، باشقا ئەزالار ، ئەمدى بـولـدى قىلسىلا ، ئۇنىڭ تاياق كۆتۈرگۈچىلىكى قالمىدى ، دەپ تـوسۇپ قويىدى . ئەترەت باشلىقى : «يوقال ، بۇ يەردىن يوقال ،

كۆزۈمدىن يوقال ، ھېلى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن پومپىشچىك» دېدى . شۇنىڭ بىلەن ، بارات خالقۇش ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئورغىقىنى ئېلىپ ، ئاغزى ـ بۇرنىدىن قان ئېقىتقان ھالدا ، كىچىك بالىدەك ھۆركىرەپ يىغلاپ ، كەتكىلى ماڭدى . ئەسلىي بارات خالقۇش كەتمىسە بولاتتى . ئەترەت باشلىقى غەزىپىنى باسالماي ئۇنداق دېگىنى بىلەن ، كەتمىسە ، بەلكى غەزىپى بېسىلىپ قالاتتى . ئادەتتە ، ئۇ دائىم ھەممىنى ، يالغۇز بەش خىل ئۇنسۇرنىلا ئەمەس ، كىم ئاچچىقىنى كەلتۈرسە ، شۇنى ئۇراتتى . ئۇرغاندىمۇ ئاچچىقى چىققۇچە ئۇراتتى . گەپ قىلماي ، سۆز ياندۇرماي ، قول باغلاپ تۇرۇپ بەرسە ، ئۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ، ئاچچىقى ياناتتى . ئۇ ئايالالار ئاچچىقىنى كەلتۈرسە ، ئېتىزلىق ، دۆڭلۈك ، ئۆي… ھەممە يەردە ئۇلارنى بېسىۋېلىپ ، ئاياغ ئاستى قىلىپ ، ئاچچىقىنى چىقىرىدۇ . قارشىلىق قىلسا ، ئېغىر ئىشلارغا سالىدۇ . شۇڭا ، ھېچكىم ئۇنىڭغا چېقىلالمايدۇ . ھەتتا تىكىلىپمۇ قارىيالمايدۇ . بۇ ئەترەتتە ، ئۇنىڭ ئاستىغا چۈشمىگەن ياش ئاياللار يوق . ئەرلەر بىلىدۇ ، ئەمما بىلىكىدىن تۇتالمىغاندىكىن ، ھېساب ئەمەس ـ دە ! كىممۇ تۇتالايدۇ ئۇنى ؟ ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتماقتىن باشقا ئامال يوق . ھە ، ماڭا بەك قارايسىزغۇ ؟ مەنمۇ ئۈچ قېتىم ئۇنىڭ ئاستىدا قالدىم . باشقا ئادەمگە دەۋېرىمەن ، ئېرىم بىلىدۇ ، ئەمما كۆڭلىدە شۇ… ۋاي… ۋاي ، مەن سۆزلەپ نەلەرگە كەتتىم ؟ ھە ، شۇنداق قىلىپ ، رەھمەتلىك خالقۇش كەتمىسە بولاتتى ، مۆمىن ئادەم ئىدى . شۇنداق قىلىپ ئۇ كەتتى ، ئۇ ئادەتتە يەرگە قاراپ ، ناھايىتى ئاستا ، ئالدىرىماي ماڭاتتى . ئۇ چاغدا بولسا ، شۇنچىلىك ئىتتىك ماڭدىكى ، ھەممىمىز ھەيران قالدۇق . ئادەتتە ئۇ ماڭسا ، يەرگە قاراپ ، بېشىنى كۆتۈرمەي ماڭاتتى ، ئۇ چاغدا ، ئۇ بېشىنى شۇنداق تىك تۇتۇپ ، ئىتتىك ماڭدىكى ، ۋاي ـ ۋاي ، نېمىگە ئوخشىتاي ؟ ئاپلا ، ھە ، تېرەكتەك دەي ، چۈشىنىۋالسىلا ـ ھە ، شۇنداق ماڭدى ! ئادەتتە خەق گەپ قىلسا ، جاۋاب بەرمەيتتى ، خەققىمۇ ئايدا ـ يىلدا

بىر ئېغىز گەپ قىلمايتتى . ئۇ شۇ كۈنى ئەڭ كۆپ گەپ قىلدى ، كېتىپ بېرىپ ناھايىتى كۆپ گەپ قىلدى . لېكىن ھېچقايسىمىز ئۇنىڭ بىر ئېغىز گېپىنى چۈشىنەلمىدۇق . ئەترەت باشلىقى ئۇنى قەيەرگە بارىسەن ؟ ئارقاڭغا يان ! دەپ بىرقانچە قېتىم قاتتىق ۋارقىرىدى . بىراق ئۇ جاۋابمۇ بەرمىدى ، توختاپ قاراپمۇ قويمىدى ، ئارقىغىمۇ يانمىدى . بارغانچە قىلىيورغىدەك ماڭدى . ئۇ كوپېراتسىيە — كوممۇنا قۇرۇلۇپ تۇنجى قېتىم ئەترەت باشلىقىنىڭ گېپىنى يىرىۋەتتى ، ئادەتتە ھېچكىمنىڭ ، ھەتتا كىچىك بالىنىڭمۇ گېپىنى يىرمايتتى . ئەترەت باشلىقىنىڭ بەك ئاچچىقى كەلدى . ئۇ ئادەتتە بەك ئاچچىقى كەلسە ، ئىشتىنىغا سىيىۋېتىدىغان ئادەم ئىدى ، شۇ چاغدىمۇ ئىشتىنىغا سىيىۋەتتى . ئۇ بارات خالقۇشنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى ، ھەتتا بەش قەدەم قالغۇچىمۇ توختا ! دەپ ۋارقىرىسىمۇ ، ئۇ خالقۇش توختىمىدى ، ئارقىسىغىمۇ قارىمىدى . ئەترەت باشلىقى يېتىشىپ بېرىپ ، ئۇنىڭ كۆتىگە شۇنداق تېپىۋىدى ، ئۇ ئاران جېنى قالغان بىچارە خالقۇش بىر باغ بۇغداي ئۇنچىسىدەك ئالدىغا ئۈچۈپ چۈشتى . ئۇ دۈم يىقىلغانىدى . ئەترەت باشلىقى ئۇنى خۇددى ، ھە... خۇددى بېشىڭنى يەيدىغان بالا تەگكۈر خۇددى نېمىدەك ، ھە راست ، سار چۈجىنى قامالىغاندەك قامالاپ ، گەدىنىدىن ئېلىپ دەس تۇرغۇزۇپ ، قورسىقىغا بىر قويۇۋىدى ، ئۇ يەنە بىر باغ بۇغداي ئۇنچىسىدەك ئارقىغا ئۈچۈپ كەتتى . خۇدايىم تۇۋا ، ئەي ، بالا تەگكۈرەي ! بىز يۈگۈرۈشۈپ ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلگەندۇق ، ھەممىمىز : ئەي ، مۇسۇلمانلار ، ئاجرىتىۋېتىڭلار ، بەربىر ھەممىمىز مۇسۇلمان ئەمەسمۇ ؟ مۇسۇلمان بىر ـ بىرىنى ئۇرسا ، ئېغىر گۇناھ بولىدۇ . بۇنداق گۇناھتىن ئاللا ئۆتمەيدۇ . ئاۋۇ بىچارە ئۆلۈپ قالاي دېدى ، ئىتتىك ئاجرىتىۋېتىڭلار ، دەپ ۋارقىراشتۇق . ئەمما بىرىمۇ ئاجرىتىشقا جۈرئەت قىلالمىدى . ئەركەك دېسە ، ھەر دىۋىدەك ئەرلەر بار ، بىراق نېمە ، ياغاچ قازان... ياق ، ياق ، ئېشەك تۆشۈك كۆۋرۈكتىن

بىر ئۆتىدۇ. ھەممىمىز ئەترەت باشلىقىنىڭ خۇيىنى ئوبدان بىلىمىز، ئاچچىقى يانمىغۇچە، بىر كىمدىن ئاجرىتىۋەتسە، ئارىچىغا ئالتە تاياق دەپ، ئاجراتقۇچىنى ئانىسىدىن تۇغۇلغىنىغا پۇشايمان قىلدۇرۇۋېتىدۇ. شۇڭا، ھېچكىم ئاجراتمىدى. ھە... شۇنداق قىلىپ... ئەجەب خالقۇش جۇمۇڭ! ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى چىرايىنى ھېچكىم ئېنىق كۆرەلمىدى، يۈز ـ كۆزلىرى پۈتۈنلەي قان ئارىلاش لاي بولۇپ كەتكەنىدى. بەلكى ئۇنىڭ چىرايى بەك سارغىيىپ كەتكەن، خۇددى ئۆلۈكنىڭكىدەك بولۇپ قالغان بولغىيدى، ئۇ تاياقتىن تۈگۈلۈپلا قالغانىدى. ئەجەب خالقۇش جۇمۇ، ئەترەت باشلىقى ئۇنى يەنە يۆلەپ تۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق قولىنى كۆتۈرۈشىگە، ئۇ خالقۇش... ئۆلۈمجان بولۇپ قالغان خالقۇشقا بۇ كۈچ قەيەردىن كەلدى ياكى خۇدا مەدەت بەردىمۇ؟ قولىدىكى ئورغاق بىلەن شۇنداق بىر سالماسمۇ؟ ۋاي ـ ۋاي بىر دېمىسىلە، نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق!... ئەجەب قارام خالقۇش ئىكەن بۇ؟ تېخى ياۋاشتەك قىلىۋىدى، شۇنچە تاياق يەپمۇ قولىدىكى ئورغاقنى تاشلىماپتىكەن... ئەترەت باشلىقىمۇ ئۇنى كۆرمەپتىكەنمىكى، كۆزىگە بىرنېمە كىرىپ قاپتىمىكى، ئاچچىقى كەلسە، كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى ئۇنىڭ! ياكى خالقۇشنى ئۇنداق قىلار دەپ ئويلىماپتىمىكى؟... خالقۇشنىڭ ئورغىقى ئۇنىڭ قارنىنى بۆسۈۋەتتى... ۋاي ئانامەي، نېمىدېگەن دەھشەت، ئادەمنىڭ قاراشقىمۇ قورققۇسى كېلىدۇ. مەن شۇنىڭدىن كېيىن، بىر يىلغىچە، ئېرىمنىڭ قۇچىقىدا ياتساممۇ قورقۇپ يۈردۈم، قەيەرگە قارىسام، چىپىلداپ قان ئېقىۋاتقان چىراي، يەردە يېيىلىپ ياتقان، ئۈچەي ـ باغرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن جەسەت... چەكچىيىپ قالغان كۆز، ۋاي ـ ۋاي، ھازىرمۇ قورقۇۋاتىمەن... بەك قورقۇنچلۇق! تولا ئويلاپ، تولا قارا بېسىپ، ئۆلەيلا دېدىمغۇ شۇنىڭدىن كېيىن... نېمە كارىم مېنىڭ! مەن نېمە بالاغا قالدىم؟ لېكىن، شۇنداق دېسەممۇ، ئويلىماي تۇرالمايمەن. شۇنداق قىلىپ، خالقۇش باتۇر،

www.uyghurkitap.com

ياق ، ياق ، ساراڭ تەلۋە ئەترەت باشلىقىنىڭ قارنىنى بۆسۈۋېتىپ ، ئۇنى ئۆلتۈردى . قانداق يىقىلدى دېمەملا ، تېخى ئەترەت باشلىقى : «ۋاي… ۋايجان ، مەن ئۆلدۈم ، رازى بولۇڭلار !» دەپ ۋارقىرىۋىدى ، خالقۇش ئۇنىڭ كانىيىنى سىققانچە ، ئۈستىگە بېسىپ چۈشتى . ھەممىمىز قېتىپلا قالدۇق . خالقۇش ھېلى قوپار ، سەل تۇرۇپ ئورنىدىن تۇرار ، ۋاي بىچارە خالقۇشەي ، ئەمدى ھالىڭ نېمە بولار ؟ ھۆكۈمەت سېنى قانداق ئۆلتۈرەر ، جېنىڭ قايسى ھالدا چىقار ؟ دېدۇق . ئەمما ، خالقۇشنىڭ شۇنچىۋالا ئاچچىقى بارلىقىنى ھېچقايسىمىز ئويلىماپتىكەنمىز . شۇنداق قىلىپ ، خالقۇش ئەترەت باشلىقىنىڭ ئۈستىدىن قوپمىدى ، كانىيىنى بىر سىققانچە ، مىدىرلاپمۇ قويمىدى . ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتتى ، ھېچكىم ئاجرىتىشقا جۈرئەت قىلالمىدى ، ئەركەكلەرمۇ بارالمىدى ، خالقۇشمۇ جىممىدە ياتتى . ئاخىر مانا مەن ئايال بولسامىمۇ باردىم ، يېنىغا باردىمۇ ، چىرقىرىۋەتتىم… خالقۇشمۇ ، ئەترەت باشلىقىمۇ كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە قېتىپ قاپتۇ . ئورمىلىقتا قىيامەت قايىم بولدى . ئەر - ئايال ، قېرى - ياش ھەممىمىز يىغلىدۇق ، شۇنداق قاتتىق يىغلىدۇقكى ، بوغدايلىق ، قومۇشلۇق ، قۇملۇقمۇ يىغلاۋاتقاندەك تۇيۇلدى . مەن شۇ چاغدا ، يۈرىكىمگە قولۇمنى سېلىپ باقسام ، خالقۇش ئۈچۈن يىغلاپتىمەن ، ئەترەت باشلىقى ئۈچۈن كۈلۈپتىمەن . كېيىن بىلسەم ، ئەترەت بويىچە ھەممىمىز يىغلىماپتىمىز ، بەك خۇش بوپتىمىز ، ئەترەت باشلىقىنىڭ ئۆلۈمىگە خۇشلۇقىمىزدىن يىغلاپتىمىز . شۇنداق قىلىپ ، رەھمەتلىك خالقۇشنى يۇيۇپ تاراپ نامىزىنىمۇ چۈشۈرمەستىن ، ئۆلۈكى پۇراپ كەتكۈچە پىيپەن قىلىپ ، چوڭقۇر مازارلىقتا ئەمەس ، تىكەنلىككە كۆمۈۋەتتۇق . ۋاي خالقۇش ، رەھمەتلىك خالقۇش ! ھازىرمۇ ئۇنى پىيپەن قىلىمىز ، زەھەرلىك تىكەن ، دەپ ئاغزىمىزدىن ئاقمىغىنى قالماي تىللايمىز ، ئىچىمىزدىكىنى ئۆزىمىز بىلىمىز . سىلى تۇغقىنى بولغىنى ئۈچۈن ، يۈرىكىمدىكىنى دەۋاتىمەن . بۇ مېنىڭ

يۈرىكىمدىكى گەپ ئەمەس ، ھەممىمىزنىڭ ، ئەترەتتىكى ھەممىمىزنىڭ يۈرىكىدىكى گەپ . ئۇ بىزنىڭ قەھرىمانىمىز ، ياغ يۇراتساقمۇ ، نامىزىمىزدىمۇ ئۇنىڭ روھىغا مەدەت ، ماكانىغا جەننەت دەيمىز ، مەجلىستە بولسا قارغايمىز . ئۇ دېگەن كارامەت ئادەم ئىكەن ، ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ، ئەترەت باشلىقىنىڭ كانىيىدىن ئۇنىڭ قولىنى ھېچقانداق قىلىپ ئاجرىتالماي ، ئاخىر قولىنى كېسىپ ئاجراتتۇق . شۇنداق ! خۇدايىم بۇيرۇغان بولسا ، مانا ھازىر كۆن چىقىپتۇ ، تەرىتىم بىلەن دەۋاتىمەن . شۇنداق بولدى… ئەترەت باشلىقىنى بولسا ، ناھىيە بويىچە چوڭ يىغىن ئېچىپ ، ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ ، ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەزىيە بىلدۈرۈپ ، ھەممە كادىرلارنى ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشكە چاقىرىپ ، ئاندىن كۆمدۇق . نەزىرىسىنى بەش كالا بىلەن ، قىرقىنى يىگىرمە ئۆچكە ، تۆت كالا ، بەش يۈز مېتىر رەخت ، ئون تاغار گۈرۈچ بىلەن قىلىشتى . قەبرىسىنى سېمونت دەمدۇ بىر نېمە بىلەن قاتۇردى . تېخى ئۆگىنەرمىش !… بۇ ناھىيىدىكى ھەممە كادىر ئۇنىڭدىن ئۆگەنسە ، دېھقانلارنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرسە ، خوتۇنلىرىنى… ۋاي ئەجەب كاپىشىپتىمەن ، ئىش ۋاقتى بولدى . ھېلى غالچا كېلىدۇ ! بۈگۈن مەن ئاشۇ خالقۇشنىڭ ئۆيى تەرەپكە قوناق ئورغىلى بارىمەن ، ئۆيى ئارقىلىرىدا قالدى . تەتۈرگە مېڭىپلا ، بايا ئۆيىنى سورىغانتىلە ، شۇنداقمۇ ؟ مانا مەن مۇشۇ بىر قاپاق سۇنى ئەكىرىمەن – دە ، قازانغا قويۇپ بېرىپ ، باللارغا يارما قايناتقاچ تۇرۇڭلار ، دەپ چىقىمەن . خالقۇشنىڭ خوتۇنى ھازىر قارىغۇ بولۇپ قالدى ، شۇ تولا يىغلاپ دېسىلە . ھازىر ئىككى چوڭ بالىسى ئۇنى تاشلاپ ، بىر ياققا قاچتى ، كىچىك ئوغلى يېتىلەيدۇ ، تىلەمچىلىك قىلىدۇ… مانا ھازىرلا چىقىمەن ! — چوكان سۆزلىگەنچە ، قاپاقنى يۇدۇپ ، توغراقلار ئارىسىغا كىرىپ كەتتى . سېلىمخاننىڭ كۆز ياشلىرى يۈزلىرىنى يۇغانىدى . نەپسە بولسا ، تېخىچە قاۋاۋاتقان ئىتلاردىن قورقۇپ ، بېشىنى سېلىمخاننىڭ قولتۇقىغا تىقىۋالغانىدى .

## 2

— نېمە، سارە ئۆلۈپ كەتتىما؟ — سارەمنىڭ تاغىسىنىڭ مەينىساخان ئىسىملىك ئايالى كىردىن قاپقارا پارقىراپ كەتكەن قۇراق تەكىيىدىن بېشىنى سەل كۆتۈرۈپ، زەئىپ ئاۋازدا سۆزلىدى. ئۇنىڭ سۆزىنى يېقىن ئولتۇرغان سېلىمىخان يېرىم - يارتا ئاڭلاپ، چۈشىنەلمەي، پەرەز قىلىۋالدى. نەپەسە قورقۇنچتا، بۇ ئايالغا قاراشقا پېتىنالماي، سېلىمىخاننىڭ پوكىنىغا چاپلىشىۋالغانىدى. ئايال تىتىلىپ مازلىرى چىقىپ قالغان سەگەز يوتقاندا، يەنە بىر ئالتە - يەتتە ياشلاردىكى يۈزلىرى قاپقارا بالا بىلەن ياتاتتى. ئۆينىڭ ئىچىدىن سېسىق تەر ھەم تەرەت پۇرىقى كېلەتتى، ئوچاق بېشىدىكى ياغاچ ئاياق ۋە بىر بېشى يېرىلىپ كەتكەن كاساڭدا، چىۋىنلەر غۇژۇلداپ ئۇچۇشۇپ يۈرۈشىدۇ. ئۆي ئىچى شۇنچىلىك قاراڭغۇ ھەم زەي، تورۇسنى كۆرگىلى بولمايدۇ. شالاقلاپ كەتكەن ئىشىك شاللىرى ھەم ئەسكى ماز بىلەن يېپىپ قويۇلغان تۈڭلۈكتىن ئازغىنا شولا چۈشىدۇ. ئايالنىڭ چاچلىرى چىگىشلىشىپ، خۇددى ئوچاق ئالدىغا دۈۋىلەنگەن پاخالدەك سالۋاراپ تۇرىدۇ. كۆزلىرى نۇرسىز، قېتىپ قالغان ھالەتتە، ياشاڭغىراپ تۇرىدۇ. جانسىز كىرپىكلىرى پۈتۈنلەي چاپاق ئارىسىدا قالغان، مەڭىز سۆڭەكلىرى ئورۇق ئىنەكنىڭ سۆڭگىچىدەك چوقچايغان، قوۋۇزى ئىچىگە تارتىلغان، قىسقىسى، تىرىك مۇردىغا ئايلانغانىدى. ئۇ ئاغزىنى تەستە مىدىرلاتتى:

— ھەممىسى ئۆلۈپ تۈگىدى··· مەن بىلەن ماۋۇ ئىتنىڭ كۈچۈكى ئىككىمىز سۆرىلىپ يۈرىمىز··· بىزمۇ پات - يېقىندا ئۆلۈپ تۈگەيمىز··· مېنىڭ كۆزۈم يوق، مەن قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە ياشايمەن، ماۋۇ يېتىم ئوغلۇم بولمىغان بولسا، بىز ئاللىقاچان ئۆلۈپ تۈگەيتتۇق، ئاچلىقتىن ئۆلۈپ تۈگەيتتۇق··· مېنىڭ مۇشۇ شۇمتىكىمدىن باشقا ھېچ نەرسەم يوق. سارە مېنى

ئۇنتۇپ كەتكەن… مەن ئۇنىڭدىن خاپا بولمايمەن . چۈنكى ، مەن ئۇنى دائىم ئۆلگۈدەك دۇمبالايتتىم . ئۇ مەندىن بالدۇر كېتىپتۇ… ياخشى قىز ئىدى . بۇ دۇنيادا ، ياخشىلار ئۆلۈپ تۈگەپ ، ئەسكىلەر مۇشۇنداق ئىتنىڭ تاپىدەك سوزۇلۇپ قالىدىغان گەپ ئىكەن !… ماڭا بېرىدىغان ئىنسان يوق ، تېپىپ يەي دېسەممۇ قۇربىم يەتمەيدۇ . ماڭا ئىچ ئاغرىتىدىغان ئادەم بۇ زېمىندە يوق… خەقتىن خاپا بولغىلى بولمايدۇ . ئۆزىنىڭ قورسىقىنى تويدۇرالماي ، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ ، هالال بولامدۇ ، هارام بولامدۇ ، گالدىن ئۆتكەنىنىڭ هەممىسىنى يەۋېرىدۇ . ئەسلى ئۆلەرمۇ يېمەيدۇ ، قورساق يامان ئوغرى ئىكەن ، ماڭسا ئالدىدا ، ياتسا ئۇستىدە… جان ساقلاش ئۈچۈن يېيىشكە مەجبۇر… بۇنداق تۇرۇپ ، كارناي ياغلىغىلى ياغ يوق ، سۇناي ياغلىغىلى ياغ نەدە تۇرۇپتۇ ؟ دېگەندەك بىر گەپ… مۇشۇ بالام مېنى يېتىلەپ ئالدىمدا ماڭىدۇ ، مەن تىلەيمەن ، ئادەت بويىچە چاشگاھقىچە تىلىسەك ،بىر قېتىم قورساق تويغۇدەك نەرسىنى ئاران تاپىمىز . چاشگاھتىن كېيىن ، خەقنىڭ ئىشىكىگە بارسا ، نان بېرىش تۈگۈل ، تىللاپ هەيدەيدۇ . بۈگۈن ئۈچ كۈن بولدى ، مىجەزىم قوداڭشىپ ، تۇرغۇدەك مادارىم يوق ، تىلەمچىلىككە چىقالماي ، ئاچ ياتىمىز ، ئەمدى ئۆلىدىغان بولدۇم دەپ خۇش بولسام ، جان چىقمايۋاتىدۇ… جانمۇ چىڭ نېمە ئىكەن ، ئىنساننىڭ جېنى ئىتنىڭ جېنىدىنمۇ چىڭ ئىكەن ! ئاڭلاۋاتامسىز ، ئۈچ كۈندىن بۇيان ، ئاغزىمىزغا گىياھ سالمىدۇق . ئاۋۋال يەيدىغان نەرسىڭىز بولسا بېرىڭ ! سارە يېنىمدا بولغان بولسا ، ئوغرىلىق قىلىپ ، ياق ، ئۇ چىرايلىقنى ئوغرىلىقمۇ سالمايتتىم ، مەن ئۆمرۈمدە ئۇنداق چىرايلىق قىز كۆرمىدىم… يىگىتلەرنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىپ ، نان تېپىپ بەرگەن بولاتتى ، ئاچ قالمايتتىم . نەدىن كەلدى بىر تاپىنى تۆشۈك قەشقەرلىك !… ئۇنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇپ ئېلىۋالدى . مەن ئۇنى ياتلىق قىلمايتتىم ، نان تاپقىلى سالاتتىم… هە ، ئۇنىڭ قىزىمۇ چىرايلىقمۇ ؟… ۋاي ، مېنىڭ ماغدۇرۇم قالمىدى ، نان بارمۇ ؟…



www.uyghurkitap.com

ۋايىەي··· ۋاي ، ئىتىنىڭ جىنىنى ، نىمىگە تارتىشىدىغانسەن ؟ مۇشۇ كۇننى كۆرگىلىمۇ ؟··· چىرايلىق ئاياللار بۇزۇلۇپ كەتتى··· ھەممىسى قورساق ئۇچۇن··· بىر توغرام نان ئۇچۇن ! تېنى بارلار··· كادىرلارغا بىر نان ئۇچۇن ، قىر بېشىدا··· قوناقلىقتا··· كېۋەزلىكتە··· كۆك ياتاق تۈۋىدە··· موككىدە ياتىدۇ··· بىچارىلەر··· نېمە ئىلاج ؟··· ئەرلىرى ھاشاردا··· بالىلىرىنى باقمىسا بولامدۇ ؟ ئاچلىقتىن ئۆلىدۇ··· ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئوغرى بولۇپ كەتتى··· ۋايىەي··· نان···

سىلىمخان خورجۇندىن سېرىق قوناقنىڭ نېنىدىن بىرنى چىقىرىپ :

— مانا نان ، نان يەڭ ئاچا ! — دەپ تەڭلىدى .

— قېنى··· قېنى··· نان قېنى··· سىزنى خىزىر ئەۋەتتىمۇ ؟··· خۇدايىمغا ئازارىم يەتتىمۇ ؟

ئۇ قوللىرىنى ھەر تەرەپكە سوزۇپ ، ناننى ئېلىپ بولغۇچە ، ئۇنىڭ يېنىدا ياتقان ئوغۇل كاپ قىلىپ ئېلىپ ، ئېچىرقىغان ھالدا يالماپ يۇتۇشقا باشلىدى . سىلىمخان يەنە بىر زاغرىنى ئېلىپ ، مەينىساخاننىڭ قولىغا تۇتقۇزدى ، ئانا ـ بالا ئىككىيلەن ناننىڭ بىر تال ئۇۋىقىنىمۇ چۇشۇرۇۋەتمەسلىك ئۇچۇن ، دوم ياتقان ھالدا ، چاڭگىلىدا چىڭ سىقىمداپ ، يالماپ يۇتۇشقا باشلىدى··· سىلىمخاننىڭ كۆزلىرى ياشقا تولۇپ ، بۇرنى ئېچىشىپ كەتتى . كۆزىنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ، ئانا ـ بالا ناننى يەپ تۈگىتىپ ، تاماقلىرىغا چاپلىشىپ قالغانلىرىنى شورىشىقا باشلىدى . بالا ئورنىدىن چىقتى . ئۇ قىپيالىڭاچ ئىدى : ئۇ ئاستىغا ، كۆرپىگە چۇشۇپ كەتكەن نان ئۇۋاقلىرىنى بىردىن ئېلىپ ئاغزىغا سېلىشقا باشلىدى ، مەينىساخان سەل جانلىنىپ ، يەنە سۆزلەشكە باشلىدى :

— خېنىم ، خۇدا ئۆمۇرلىرىنى ئۇزۇن قىلسۇن ! چىققان دۆڭلىرىنى ئېگىز ، دۆلەتلىرىنى زىيادە قىلسۇن··· كۇل ئالسىلا ، توپا ئالسىلا ئالتۇن بولغاي . دۇنيا شۇنچىۋالا بىۋاپا بولسىمۇ ، ئادەم يەنە مۇشۇ دۇنياغا تويمايدىكەن··· خۇدا مەندەك ئاجىزنى

يوقلىغانلىرى ئۈچۈن ، دوزاخ ئازابىغا — مەندەك كۈنگە قالمىغايلا !
خېنىم ، سىلى بايا نەفسەنى مۇشۇ يەردە ، مېنىڭ يېنىمدا قويۇپ كەتكىلى كەلدىم دەيلا ، شۇنداقمۇ ؟

— شۇنداق ئاچا ، سىلىگە تاپشۇراي دەپ ئەكەلدىم .

مەينىساخان بىر ئاز جىمىمدە ئولتۇرۇپ قالغاندىن كېيىن ، بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ :

— مېنىڭ هالى - كۈنۈم مۇشۇ . بۈگۈن سىلى نان بېرىپ سەل تىرىلىپ قالغىنىم بىلەن ، ئەتە - ئۆگۈن ماڭا كىم نان بېرىدۇ ؟ كىم مېنى يوقلايدۇ ؟ مەن ئۆلىمەن ، نېمىدەپ بۇ قىزىمنى ماڭا بېرىلا ؟ ئەلۋەتتە سارەم بىلەن تۈز - تائام يېيىشكەن ، بىر - بىرىڭلارنىڭ هال - مۇڭىغا يېتىشكەندىكىن ، قازانلىرىنىڭ چۆرىسىدە ، ئاشقان - تاشقانىنى يەپ ، چوڭ بولۇپ قالسا ، بۇنىڭدىن يانمىسا ، خۇدادىن يانار . هېچ بولمىسا ، قېرىپ - چىرىگەندە ، ئۆلگەندە بولسىمۇ ، ئانام ئىدى دەپ يىغلاپ قويسا ، روهلىرىغا ئاتاپ دۇئا قىلىپ قويسىمۇ هېساب ئەمەسمۇ ؟ بۇ بالا مەن بىلەن تۇرسا چوقۇم ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىدۇ ، قىساسى بولۇپ قالىدۇ ،— دېدى .

سېلىمىخان گېپىنى قەيەردىن باشلىشىنى بىلمەي ، بىر هازا يەرگە قاراپ ئولتۇرغاندىن كېيىن :

— سىلى دېمىسىلىمۇ بۇنداق ئالتۇندەك قىزنى باقماي قالمايتتىم . بۇرۇنلا مېنىڭ مۇشۇنداق قىزىم ياكى هېچ بولمىسا نەۋرەم بولسا دەپ ئارزۇسىنى يەيتتىم . هوناق - هوناقتا كەلمىدى . يولدىشىم ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا ئەكېتىلگىلى ئۈچ يىل بولدى . ئۆلۈك - تىرىكلىكىدىن خەۋەرسىزمەن . مەن بولسام ، نازارەت ئاستىدا ، دوختۇرخانىدا تازىلىق قىلىۋاتاتتىم . ئالدىنقى كۈنى كېچە تۇيۇقسىز دوختۇرخانىنىڭ دورا ئامبىرىغا ئوت كېتىپ ، هەممىسى پارتلاپ كۆيۈپ تۈگىدى . يەتتە ئادەم ئۆلۈپتۇ . شۇ يەردىلا ، ئۈچ ئادەمنى قولغا ئالدى ، تەكشۈرۈۋاتىدۇ . ئۆزۈممۇ ئۇقمىدىم ، ئاڭلىسام ، بۇنىڭ جاۋابكارلىقى ماڭىمۇ كېلىدىكەن .

مۇشۇ بىر ـ ئىككى كۈن ئىچىدە ، مەنمۇ بۇ يورۇق دۇنيادىن قاراڭغۇ كامىرغا كىرىپ كېتىدىغاندەك تۇرىمەن . شۇڭا ، مۇشۇنچىلىك ۋاقىتىمدا ، بۇ قىزىمنى سىلىگە تاپشۇراي دەپ كېلىشىم… ھەرقاچان ، بۇ چاغقا مېنى ئىزدەپ بارمىغان يېرى قالمىغاندۇ ؟ نېمە بولۇشۇمنى خۇدا بىلىدۇ… ئاللا سالامەت قىلىپ ، نېسىپ بولسا ، ئۆلمىسەك ، يەنە كۆرۈشەرمىز . ياراتقان خۇدا بىزنى بىر يولغا سالار… ئەگەر خۇدايىم ئۆلارنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بېرىپ ، مۇشۇ كۈنۈمنى يەنە بەرسە ، بۇ قىزىمنى نان تىلەپ بېرىپ بولسىمۇ ، ئۆزۈم باقىمەن ، ئىلاجىم يوق…

سېلىمخان سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ، ئۆزىنى توختىتالماي ، ھۆمۈدەپ يىغلاپ كەتتى . نەفىسەمۇ سېلىمخانغا چىڭ چاپلىشىپ ، يىغلاپ كەتتى . مەينىساخان ئاغزىنى كاماردەك ئېچىپ قاراپلا قالدى ، ئۇنىڭ كۆزلىرى مىدىرلىمايتتى . ھېچقانداق ھېسسىيات ئىپادىسى كۆرۈنمەيتتى . ئۇنىڭ ئاغزى مىدىرلىغاندەك قىلدىيۇ ، ھېچقانداق گەپ چىقمىدى . چىقتى دېگەندىمۇ ، ھېچ نەرسىنى چۈشەنگىلى بولمىدى . ئاخىر ، ئۇ ئاۋازىنى چىقىرىپ سۆزلىدى . ئۇنىڭ ئاۋازى بوغۇق چىقتى :

— ۋاي ئاللا ، بۇ خاپىلىق بىزنىڭ مۇشۇ سەھرايى قىيامەتتە بار دېسەم ، ئاشۇ ئوقۇغان ئادەملەر ئارىسىدىمۇ باركىنا ؟… ۋاي ئۆلگۈرلەر… بەتنىيەت نجىسلار… ئۇنداق بولسا بوپتۇ… بۇ قىزغا خۇدايىمنىڭ ئاتىغان بىر كۈنى باردۇ . بۇ ئىككىسى بىلەن ، ئاچ قالساقمۇ ئۆلمەسمىز ، ئۆلسەك ، خۇدانىڭ جېنى ، ئۆزى بەرگەن ، ئۆزى ئالىدۇ… بۇمۇ ئاللانىڭ بەندىلىرىگە كۆرسىتىدىغان ئالامىتى ئوخشايدۇ . بۇنىڭغىمۇ شۈكرى ! كىمنىڭ ئەزىزلىرى كىمنىڭ ئالدىدا خار بولماپتۇ ، دېگەن شۇ… ۋاي ئاللا ، كۆزۈم ئوچۇق بولغان بولسا ، سىلىنى بىر كۆرۈۋالغان بولسام… ئەڭ ئاۋۋال كۆزۈمدىن خەۋەر بەردى… مېنىڭمۇ ۋاقتىم ئاز… قانداق قىلىمىز ؟ بىزدىن كېيىن قالسا ، بېشى باش ، پاقالچىقى تاش بولار…

كەچ پېشىنگىچە ، سېلىمخان كۆرۈنۈشىدىن يېشى ئاتمىشتىن

www.uyghurkitap.com

ئاشقاندەك كۆرۈنىدىغان ، ئەمەلىيەتتە بولسا ئەمدى قىرىقتىن ھالقىغان مەينىساخاننىڭ باش - كۆزىنى يۇيۇپ - تاراپ، ئۆزى خۇرجۇندا ئەكەلگەن سېرىق قوناقنىڭ يېرىم چارەك ئۇنىدا ئاۋۇال مونەك ئېتىپ بەردى ، كېيىن نان يېقىپ بەردى . نەفىسە ناھايىتى كەم سۆز ، چىرايى مىسكىن ، ناھايىتى قورقۇنچاق ئىدى . ئۇ سېلىمخان ئوچاق بېشىغا بارسا ، ئوچاق بېشىغا ، تۆشۈككە بارسا ، تۆشۈككە بېرىپ ، ئۇنىڭ پېشىدىن زادىلا ئاجرىمىدى . ئۇ بۇ يەردىكى ھەممە نەرسىگە شۇنچىلىك ياتسىراپ قارايتتىكى ، سېلىمخاندىن بىرقەدەم ئايرىلسا ، ھېلى ماۋۇ تورۇسنىڭ ياغاچلىرى قىسماقتەك ئېگىلىپ ، يىكەن قومۇشلار ساڭگىلاپ شىلدىرلاپ توپا چۇشۇپ تۇرىدىغان ئىستىن قارايغان تورۇسى بېسىپ چۇشىدىغاندەك ، ھېلى ئاۋۇ قاراڭغۇ بۇلۇڭدىن قانداقتۇر بىر بەتبەشىرە مەخلۇق سەكرەپ چىقىپ ، يالماپ يۇتىدىغاندەك ، ھېلى ئاۋۇ ھەرخىل قورقۇنچلۇق ئاۋازلار ئۇزۇلمەي ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان سورلۇك قومۇشلۇقتىن ئانىسى ئېيتىپ بەرگەن چۆچەكتىكى كۆزلىرى پىيالىدەك ، ئاغزى داڭقاندەك ، ئارقا تەرىپى كوڭتەي ئالۋاستى چىقىپ ، ئۇنىڭ گېلىدىن بوغۇپلا ، ئۆزىنىڭ خالتىسىغا سېلىۋېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى . ئۇ مەينىساخانغا قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي قالدى . ئۇ بىر قېتىم : «قېنى ، سەن مېنىڭ كىچىك سارەم ؟» دەپ قۇچىقىنى ئېچىپ ، ھەر تەرەپكە تەلپۈنۈۋىدى ، شۇئان چىرقىراپ يىغلاپ كەتتى . سېلىمخان ئۇنى شۇنچە پەپلەپ ئالداپمۇ ، مەينىساخاننىڭ قۇچىقىغا بېرىش تۇگۇل ، ئۇنىڭغا قاراشقىمۇ كۆندۇرەلمەي ، ئىچى سىيرىلدى... قەلبىنى ئاچچىق بىر سىزىم چۇلغىدى ، جىلە بولدى ، يەنە جىمىپ چوڭقۇر خىيالغا چۆمدى . نەفىسە ھەدەپ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلايتتى . ھەر قېتىم كۆچەپ يىغلىغاندا ، يۈرەكنى ئېچىشتۇرۇپ : «ۋاي ئانا ، قېنى سەن ئانا ، قېنى سەن ، قەيەردە ؟» دەپ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ يىغلايتتى . سېلىمخان ئۇنى باغرىغا بېسىپ ، يىغلاپ كەتتى : «ۋاي بالام ، ئوماق قوزام ، مانا مەن ئاناڭ... ئاناڭ سېنى تاشلىمايدۇ... سېنى

ھەرگىز يالغۇز قويمايدۇ… قورقمىغىن ، مەن سېنىڭ يېنىڭدا…
مەن سېنى ھەرگىز يالغۇز تاشلىمايمەن… بىراق… ۋاي ، ئاللا…
ھېچقانچە بولسىمۇ رەھىمىڭ كەلمەسمۇ ؟ مۇشۇ نارەسىدىگە رەھىمىڭ كەلمەسمۇ ؟… ئەي ، يالماۋۇز دۇنيا… ھەرقانچە باغرىڭ تاش بولسىمۇ ، ماۋۇ نارەسىدىنىڭ نىداسىنى ئاڭلىمامدىغانسەن ؟ ئۇ ئاللا ئاتا قىلغان بار ئاۋازى بىلەن ، ئانىسىنى چاقىرىۋاتىدۇ… ئۇنىڭ گۆدەك قەلبى ئۈچۈن ، ئۇنىڭغا ئانا كېرەك ! شۇ بىچارە بالىنىڭ نالىسى ئۈچۈن بولسىمۇ ، مېنى پالاكەت ئازگىلىدىن چىقارغىن ، تۆھمەتخورلارنىڭ سېھرىي جادۇسىنى پارە - پارە قىلغىن ، چاۋىسىنى چىتقا يېيىپ ، شەرمەندە قىلغىن !… » سېلىمىخاننىڭ قۇچىقىدا قاتتىق يىغلاپ تېلىقىپ ھارغان نەفىسە يىغلاپ - يىغلاپ ئۇخلاپ قالدى . ئۇ شۇنچىلىك ئورۇق ھەم يۇمران ئىدىكى ، ئاق بەدەنلىرىنىڭ ھەممە يېرىدىن سۆڭەك كۆرۈنەتتى . نەفىسە تولۇق ئۇخلىغاندىن كېيىن ، سېلىمىخان ئۇنى ئەسكى - تۇسكىلەر ئارىسىدىن ئەپچىل ئورۇن راسلاپ ياتقۇزۇپ قويۇپ ، ئۇنىڭ بېشىدا بىر ھازا چوڭقۇر خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى ، ئارىدا ، بىرقانچە قېتىم ئۈنسىز يىغلىۋالدى . مەينىساخان خېلىلا روھلىنىپ قالغاندى ، نەفىسەنىڭ يىغىسىدىن كېيىن ، ئۇ جىممىدە يېتىپ قالدى . ئۇ خۇددى ئۆلۈكتەك قېتىپ ياتاتتى… سېلىمىخان مەينىساخاننى پاكىز يۇيۇپ ، ياساپ تاراندۇردى ، ئۇ خېلى ئادەم ئىسكەتىگە كىردى ، ئۇنىڭ ئوغلىنىمۇ يۇيۇندۇردى ، مەينىساخانغا نەفىسەنى قانداق قىلىپ بولمىسۇن ئۆزىگە كۆندۈرۈپ ئەمەك قىلىشنى قايتا - قايتا تاپىلاپ ، يېنىدىكى ئون سوم پۇلنى ئۇنىڭغا قالدۇرۇپ ، نەفىسەنىڭ ئۇخلىغان پۇرسىتىدە خوشلاشتى . ئۇ ئىشىكتىن چىقىش ئالدىدا ، ئۆزىنى زادىلا توختىتىۋالالمىدى ، ئاۋازىنى چىقىرىپ سالماسلىق ئۈچۈن ، ياغلىقىنىڭ ئۇچىنى قاتتىق چىشلىۋالدى . ئىشىككە باردى ، بىر پۇتىنى بوسۇغىدىن ئالدىيۇ ، يەنە ئارقىغا قايتتى . خاتىرجەم ئۇخلاۋاتقان نەفىسەنى سۆيمەك بولۇپ ، ئاغزىنى نەچچە قېتىم ئاپاردى ، ئەمما سۆيمىدى ، يەنە

كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ، ئىشىككە ماڭدى، يەنە قايتتى. يەنە باردى، يەنە قايتتى... ئاخىر ئېشىككە مىنىپ، قومۇشلۇق ئارىسىدىكى چىغىر يولغا چۈشكەندە، كۈن قۇملۇق ئۈستىگە ئولتۇرماقتا ئىدى. كەچكى كۈننىڭ نۇرى ئالدىدىكى يوپۇرماقلارنى قىزارتىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئارقىسىغا تارتىشماقتا، قاتتىق سوقماقتا... قومۇش «شىرىق» قىلسا ياكى ئېشەك پۇشقۇرسا، يۈرىكى ئېغىپ ئارقىغا قارايدۇ. ھېلى نەفەسىنىڭ يىغلىغان ئاۋازى كېلىدىغاندەك، ھېلى، «ئانا... ئانا... مېنى تاشلاپ كەتمە، مېنى ئالغاچ كەت...» دەپ، قومۇشلار ئارىسىدا يىغلاپ، يىقىلىپ ـ قوپۇپ يۈگۈرۈپ كېلىدىغاندەك تۇيۇلاتتى... ئاخىر ئۇ ئۆي بىپايان قومۇشلار ئارىسىدا كۆرۈنمەي قالدى.

## ئالتىنچى باب

### 1

— ۋاي يېتىم ئوغلاق جىن، مەن ساڭا نەچچە قېتىم دېدىم، ماۋۇ بالا گىلەم ئۈستىنى نېمە قىلىۋېتىپتۇ ـ ھە؟ مەن سېنىڭ قۇلىقىڭنى ئوبدان سوزۇپ ياكى گەپ ئاڭلايدىغان قىلىمەن، ياكى يۇلۇۋالىمەن. يېڭى كەلگەن ۋاقتىڭدا، پىت بېسىپ ئۆلەي دەپ قاپتىكەنسەن، مانا ئەمدى توڭرىلىرىڭ ئېرىپ، پىتتىن قۇتۇلۇپ، ئادەم سىياقىغا كىرىپ قالدىڭ، گەپ ئاڭلىماس بولدۇڭ ـ ھە؟ خەپ توختاپ تۇر، مەن سېنى...

بالىنىڭ لاتىلىرىنى يۇيۇۋاتقان نەفىسە ئىچكىرىكى ئۆيدىن ئېتىلىپ چىققان قارىيىخاننىڭ غەزەپلىك ئەپتىدىن قورقۇپ، دىر ـ دىر تىترەپ كەتتى. ئۇ ئورنىدىن دەس تۇردىيۇ، لاغىلداپ تىترەپ، بىر ياققا، مەسىلەن، تالاغا قېچىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. قاچسىلا، بۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنى ھېساب بولۇپ قېلىپ، كوچىدا قېلىشتىن قورقاتتى. مانا ئۇ ھازىر ئون بىر ياشقا كىرگەن

بولۇپ، بويلىرى خېلىلا ئۆسۈپ، يۇمىلاق ئاق يۈزلىرى سەل سوزۇلغان، سولغۇن سېرىق يۈزلىرىگە ئەت قونۇپ، مەڭزلىرى خېلى قىزارغان… مانا ماۋۇ قارىيخان دېگەن ئايال ئېيتقاندەك، ئادەم سىياقىغا ئەمەس، خېلى گۈزەل سىياقىقا كىرگەندى. قارىيخان يۈزىنىڭ ئۆڭى تېگى - تەكتىدىن كۆك، پېشانە، يۈزلىرىدە يىلان قاسرىقىدەك ئالا - پاساق بولۇپ قارا داغ توختاپ قالغان، يۈزىنى، تۇمشۇقلىرى ئۈستىنى پۈتۈنلەي قارا سەپكۈن باسقان، سائەتكە نەچچە قېتىم سۈرتىدىغان نەرسىلىرىنى سۈرتۈپ، يۈزىنى ئاقلاپ تۇرىدىغان، پاكار، ساغرىسى لاپچىيىپ، ئېغىناقلاپ ماڭىدىغان ئايال. كۆزلىرى ھەرھالدا قارا بولسىمۇ، خۇددى پاقا تېپشۇەتكەن قارا كۆكچى قوغۇنىنىڭ بۇرنىدەك كۆرۈنىدۇ. قاشلىرى سۇيۇق بولغانىنىڭ ئۈستىگە، ئاياللارغا خاس ئەمەس. تازا قۇيۇپ قويغان ئەرنىڭكىدەك كەڭرى، سۇيۇق. شۇڭا، دائىم دېگۈدەك، يۇقىرى - تۆۋەن قاشلىرىنى يۇلۇپ، ئىنچىكە قىلماقچى بولىدۇ، يەنى كۆڭلىدىكىدەك قاش چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ ئېرى مۇشۇ گۇڭشې سودا كوپىراتىپىنىڭ بوغالتىرى بولۇپ، تازا قورساق سالغان، قارا چوقۇر بىرنېمە. ئۇ يۇقىرىغا خۇشامەت، تۆۋەنگە ھەيۋە قىلىش مۇناسىۋىتىگە تازا پىشقان كونا تاز بولۇپ، تازلىرى ساقايغان بولسىمۇ، ئىزى قالغان، يەنى، تۈكسىز مىس بېشى دائىم ماي تەپچىرەپ پارقىراپ تۇرىدۇ. گەدىنى قېرى بۇقىنىڭ بويىنىدەك تۈرۈلۈپ، سالۋاراپ تۇرىدۇ. ماڭسا، ئېغى بىر گەز تامبىلىنى ئۈستۈن قىلىش بىلەن، گەپ قىلسا، دائىم شىلدىكلەپ تۇرىدىغان بۇرنىنى تارتىش بىلەن ئاۋارە… ئۇنىڭ يەنە بىر باشقا ئادەملەردىن پەرقى شۇكى، گەپ قىلسا، ساقىلىغا تۈكۈرۈپ، «ئاندىنزە، ئاندىنزىگە» دېگەن سۆزىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ. مانا بۇ كىشىنىڭ ئىسمى پازىل، مۇشۇ زامانىنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇ كىشلەر ئارىسىدا، ئالدىدا ھېجىيىش، تەزىم بىلەن، كەينىدە ھومىيىپ، ئىچىدە تىللاش بىلەن ئىناۋەت تاپقان. ئۇنىڭ قولىدىن مۇشۇ گۇڭشېنى تەمىنلەيدىغان، مۇشۇ

گۈڭشىنىڭ ئادەملىرىنى تەمىنلەيدىغان ھەممە نەرسە چىقىدۇ. ھەممە نەرسە ئۇنىڭ قولىدىكى ئەلگەكتىن ئۆتىدىغان بولغاچقا، بۇ كىچىككىنە يۇرتنىڭ بايلىرىمۇ، گادايلىرىمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ - كېتىپ تۇرىدۇ... مانا بۇ كېلىپ - كېتىشلەر پۇتۇنلەي قاقتى — سوقتى يولى بىلەن بولىدۇ. بۇنىڭغا پازىل پىشىپ كەتكەن. كىشىلەر ئۇنى كۆرسە، پۇكلىنىپ تەزىم بىلەن، ئانىسىنى ئېمىپ پاقلان بولغان بوۋاقنىڭ قولىدەك بوغۇم - بوغۇم گۆشلۈك قولىنى تاۋاپ قىلىپ كۆرۈشىدۇ: «ۋاي پازىل چوڭ، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، قېنى كەلسىلە!» دەيدۇ. ئۇ بۇنداق سۆزلەرنى تاڭ سەھەردىن تارتىپ ئېغىر ئەل ياتقۇغىچە نەچچە قېتىم ئاڭلاپ، قۇلاقلىرى ئېتىلىپ كەتكۈدەك چۇڭقۇلداپ كېتىدۇ. شۇڭا، خۇددى بالىسى نېمىنى كۆرسە، شۇنىڭ غەلۋىسىنى قىلسا، قۇلاق سالمىغان كىشىدەك، پەرۋاسىز كېتىۋېرىدۇ. سالام قىلغانلار بولسا، ئۇ ئالدىدىن ئۇدۇل ئۆتۈپ بولغۇچە پۇكلىنىپ، ھەرخىل شەكىلدە ھىجىيىپ تۇرۇشىدۇ. ئالدىدىن ئۆتۈپ بەش قەدەم ماڭغاندىن كېيىن، كۈلكىسى ئۆچۈپ: «ھۇ چويۇن باش تاز، سەن پازىل جىڭرىق، پازىل توكۇرۇك، بۇنىڭ ھالىنى تېخى!» دەپ ئىچىدە مىڭنى تىللايدۇ. «پازىل چوڭ»، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئالدىدا ئاتايدىغان تىلى بويىچە ئاتايلى، ئەسلىي ئاتا - ئانىسىدىن يېتىم قېلىپ، ئىتنىڭ كۈنىنى كۆرۈپ، ئەترەتنىڭ ماخوسىدا، قىشتا ساماندا، تېزەكتە ئوت قالاپ ئىسسىنىپ، يازدا يامغۇردا تونۇردا پاناھلىنىپ چوڭ بولغان، تاز يىرىڭلىرى ئېقىپ تۇرىدىغان، يۇقۇپ قالىدۇ دەپ، ھېچكىم ئىشىكىگە يېقىن يولاتمايدىغان ھالدا چوڭ بولغانىدى. كېيىن، كەچ كۇرستا ئوقۇپ ساۋاتلىق بولدى، خېتى چىرايلىق بولغىنى ئۈچۈن، ئەزالار ئۇنى ناھىيىدىكى يېرىم يىللىق بوغالتىر تەربىيىلەش كۇرسىغا قول كۆتۈرۈپ سايلاپ، ئەۋەتىپ بەردى. ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەترەتنىڭ نومۇر قويىدىغان بوغالتىرى بولدى، ئۇنىڭ نومۇر قويۇشى ئەزالارنىڭ، كادىرلارنىڭ

كۆڭلىگە يېقىپ قېلىپ ، دادۇي بوغالتىرى بولدى . بۇ چاغدا ، ئۇ يىگىرمە بەش ياشتا ئىدى . ھالا بۇگۈنگە كەلگەندە ، ئۆزىدىن بەش ياش چوڭ قارىيخانغا ئاشىق بىقارار بولۇپ ، ئۇنى گاچا ئېرىدىن ئازدۇرۇپ ، كىشىلەرنىڭ توقا ـ لەنەتلىرىگە قارىماي ، نىكاھىغا ئالدى . بۇ قىچىقى يامان خوتۇنىنىڭ ئايىغى ياراشمىدى ، ئۇزۇنغا قالماي ، ئۇنىڭ ھېساباتى كەم چىقىپ ، خىيانەتچى بولۇپ ، يېرىم چارەكلىك كەتمەن بىلەن كۈنلەمچى خوتۇنىنىڭ ئازابىغا قالدى . كۈندۈزى ئېتىزغا چىقسا ، ئېغىر ئەمگەكتىن مۈكچىيىپ ئاران ئۆيگە كىرسە ، ئاخشىمى خوتۇنىنىڭ : «ئۇنىڭغا قارىدىڭيا ، بۇنىڭغا سالام قىلدىڭيا ، پالانى ساڭا گەپ قىلىۋاتىدۇ ، پالانى خوتۇن ساڭا گەپ قىلدىيا ؟» دەپ ، كېچىچە سوراق ـ سوئال قىلىشىغا ئۇچراپ ، جەڭگە ــ جېدەل بىلەن ئۇيقۇسىز قېلىپ ، ئەسكى خوتۇنىنىڭ ئازابىدىن ھەۋلى مونەكتەك قورۇلۇپ قالدى . ئۇ پات ـ پات ئۇلۇغ ــ كىچىك تىنىپ : «تۇف… تۇف… باشتىن كەلمىگەن تەلەي… ئاندىنىزىگە تۇف !» دەپ ، ئۆزىگە ئۆزى دەرد تۆكىدۇ ، تەسەللى بېرىدۇ . بۇ ئازابلار ئاز دېگەندەك ، شۇنداق ئېتىزغا چىقسا ، ئۇنى قەستەن مازاق قىلىپ ، ئايالى بىلەن جېدەلگە سېلىپ تاماشا كۆرىدىغان ساپساپچى ئاياللار ئۇنىڭغا تازا مەيدىسىنى قوپۇرۇپ تۇرۇپ ، ئەركىلەپ چاقچاق قىلىشىدۇ . ئېغىزلىرىنى تۇتۇپ ، تېلىقىپ كۈلۈشىدۇ . ئايالى بولسا شۇئان ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئالىدۇ . يۈزلىرىنى تاتىلاپ ، قىيما ـ چىيما قىلىدۇ ، باشلىرىنى چىشلەپ يېغىر قىلىۋېتىدۇ . ئاندىن ئاۋۇ ئېلىنمىغان ئاياللارنى بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ ، تازا قاپساپ ، چىرقىراپ تۇرۇپ تىللايدۇ ، ئاپىرىپ ئاق يانتاققا سۇۋاشقا ، ئاۋۇ زەيكەش بويىدىكى كېسەكچىگە يېلىنىشقا بۇيرۇيدۇ . ئاياللار بۇ سېسىقچىلىققا تېرىكمەيدۇ ، ئەكسىچە ، تېخىمۇ قاقاقلىشىپ كۈلۈ.

شىدۇ… مانا بۇ ، بۇ ئىككى ئەر ـ خوتۇننىڭ بىر كۈنى ، ھاياتى… پارىل ئۆلۈۋالماقچى بولدى ، ھەممىدىن كېچىپ ، دورا ئىچىش

ئۇچۇن بوتۇلكىنى قولىغا ئالغاندا ، بوينىغا سىرتماق سېلىش ئۇچۇن ئــارغامچىنى ئالغاندا ، سۇغا سەكرەش ئۇچۇن ياردائىنىڭ بېشىغا بارغاندا ، جان ئۇنىڭ ئۇچۇن ھەممىدىن تاتلىق بولۇپ كېتىپ ، بۇنىمۇ قىلالمىدى . ئاخىر ، بىرىپ ئەترەت چوڭلىرىنىڭ ئالدىدا ھۆڭرەپ يىغلاپ تۇرۇپ ، داد ئېيتتى . باشلىقلار ئۇنىڭ ھالىنى ئاڭلاپ ، تازا كۆزلىرىدىن ياش چىققۇدەك قاقاقلىشىپ كۈلۈشۈپ كەتتى ـ دە : «ھە··· پازىل چوڭ ، ھەۋلى مونەك ئاداش ، خېلى تۈزۈك نىمە ئىدىڭلار··· ھاي دىسە ئۇنىماي ، ئالتە ئەرگە تەگكەن خوتۇننى ئېلىپ ، ھېساباتىڭلار كەم چىقىپ ، بىر توقۇناققا مىنىپ ، تاز كاللاڭلارنى قاشلاپ ، ئېتىزلىققا چىقتىڭلار··· مانا ئەمدى ئاھ ـ ۋاھ دەپ ، غىرىب ـ سەنەمدەك دوست تارتىشىپ ئالغان خوتۇنۇڭ-لارنى باشقۇرالماي ، بىزگە ھال ئېيتتىڭلار ، بىز بېرىپ ئۇرۇپ بېرەيلىمۇ ئۇنى ! كۆز ئالدىڭلاردا نى ـ نى ئوبدان قىزلار سايىدەك ئەگىشىپ يۈرسە ، كۆزۈڭلىگە كۆرۈنمىدى ، ئەمدى بۇ نېمىدېگەن گەپ ؟ » دېيىشتى . «ئۇنداق چىرايلىق قىزلار مېنى يارىتامدۇ ؟ » دەپ يــىغــلامسىراپ گۆلەيدى پازىل . كادىرلار تېخىمۇ قاقاقلاپ كــۈلــۈشــۈپ كەتتى : «ۋاي پازىل چوڭ ، راست دەيسەن ، خەلق ئارىسىدا ‹قوناق تاپساڭ غازغا بەر ، قىزىڭ بولسا تازغا › دەيدىغان گــەپ بــار ئــەمەسمۇ ! ھەممە خەقنىڭ گېلى سېنىڭ ئالىقىنىڭدا تــۇرسا ، ساڭا كىممۇ قىزىنى بەرمىسۇن ؟ شۇ چاغدا ، بىرمۇنچە كىشى بىزگە سېنى كۈيئوغۇل قىلىۋالساق دەپ نىيەت بىلدۈرۈپ ، بىزنى مېھمان قىلىپ ، بىرمۇنچە چىقىمدار بولغان ، قىز ـ جۇۋان-لارنىڭ مېغىز ـ تۇخۇملىرىنى سەن تاز كۆرمەي ، بىز يېدۇق··· ھــا··· ھــا··· » . «ئــۇنــداق قــېرىنى قويۇۋېتمەن !··· » قوقاسقا كۆمگەن تۇخۇمدەك پاقىدە ئېتىلىپ ئورنىدىن تۇردى پازىل قەتئىي نىيەتكە كېلىپ . «ھاي··· ھاي ، پازىل چوڭ ، ئاخۇنۇم كۈلمەيدۇ ، كــۈلــسە تېــلــىقىپ قالىدۇ ، ھەسنىكام تۆت سەردە قىزىپتۇ ، دېگەندەك ، ئەمدى سەكرەپ قەيەرگە باراتتىڭ ؟ خوتۇنۇڭ ياراشقان

ئــىنەكتەك تۇغۇۋەتتى ، قۇچىقىدا ئالتە ئايلىق بولۇپ بولغۇچە ، قورسىقىدا ئۈچ ئايلىق بولۇپ ، بىر يىلدا ئىككى ، ئىككى يىلدا چــۆچۈرــدەك ئــۈچ بــالا بولدى ! يەنە باردۇ ھەرقاچان . ئەمدى قويۇۋەتسەك ، چۈجىلىرىڭنى كىم باقىدۇ ؟ قېنى ، ئۇ قولۇڭدىكى ئالتۇن ئاچقۇچ ؟ ئەمدى ساڭا قارىيخاندەك خوتۇن ئەسلا تەگمەيدۇ ، ئاغزىدا چىشى يوق قېرىلارمۇ سېنى ياراتمايدۇ ـ دە ! ھا... ھا... ھا... بولدى قىل ! تاپقان بالاغا... بىزگە دەۋا قىلساڭ ، بىز نېمە قــىلالايــتــتۇق ؟... سەنمۇ ئېتىزغا چىقساڭ ، خەقنىڭ خوتۇن ـ قــىزلىرىغا كۆزۈڭنى قىزارتما ! ئاياللار ساپلا سېنىڭ گېپىڭنى قىلىدۇ . ھەمــمىنىڭ بېشىنى ئايلانــدۇرۇۋالدىڭمۇ ـ ھە ؟... ھا ... ھا ... ھا...» دېدى كادىر . «نەدە ؟ مەن ئاياللارغا گەپ قىلىش تــۇگــۇل ، قــاراشــقىمۇ قورقىمەن» ، «ئۇنداق بولسا ، قارىيخان نېمشقا كۇندە ياقاڭدا ئىلەڭگۈچ ئۇچىدۇ ؟ ئانىسى ئۇنى ئىلەڭگۈچتە تۇغۇپتىكەنمۇ يا !» سوئال قويدى كادىر . «تاڭ ، شۇ ئاندىنىزىگە... تۇف !» كادىرلار چاقچىقىنى توختاتتى : «ئەي... تاز ! بىز ئوبدان بىلىمىز ، قارىيخان ئۇچىغا چىققان داۋىخور ، ئانچە ـ مۇنچە بىقىند- لىرىغا تەگكۈزۈپ قويىمساڭ ، سېنى بوزەك قىلغىنى قىلغان... بۇرۇنقى ئالتە ئېرىنىڭ ، ھەتتا سەن تارتىۋالغان گاچا ئېرىنىڭمۇ ھېچقايسىسى ئۇنى سەندەك بوش قويمىغان . ئۆزۈڭمۇ ناھايىتى بوش بىرنېمە ، ساڭا ئوخشاش موللا پوك ـ پوكنى تاپالماي يۇرگەن خوتۇن ئۇ . ئانچە ـ مۇنچە بىقىنلىرىغا تەگكۈزۈپ قويىمساڭ ، سېنى بوزەك قىلغىنى قىلغان . سەندىن ئاجرىشالمايدۇ ، ئۈچ بالا بىلەن ئۇنى كىم ئالاتــتــى ؟ ئــاجــرىــشــالمايدۇ...» . «ئاجراشسا ، تېخى ياخشى... ئــانــدىــنــزىگە... تۇف...» دەپ خۇشاللىقتىن گەدىنىنى قاشلىدى پازىل . «ھوي تاز ! ئۇردۇم دەپ ئۆلتۈرۈپ قويما يەنە ! ئۆلتۈرۈپ قويساڭ ، بىزنى شېرىك قىلساڭ ، ئۇ چاغدا ، كۆتۈڭگە بورا يۆگەپ ئــوت قــويــىمىز . ئۆلۈپ قالارمىكىن دەپ قورقساڭ ، ئۇ سېنى تــامــبــىلــىــنــىــڭ بــېغىغا ئېسىۋالدىغان ئاچقۇچلا قىلىۋالىدۇ .

ئۆلمەيدىغان يېرىگە سېلىپ ئادەم قىل ئۇنى! سېنىڭ تايىقىڭ قارىيخان ئۈچۈن پاشا چاققانچىلىك بولالمايدۇ. ئاڭلىدىڭمۇ؟»

پازىل گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ، يۈگۈرگىنىچە ئۆيىگە كەلدى. پازىل كۈلۈپ كىرگىنى ئۈچۈن، قارىيخاندىن ئاغزى ـ قۇلىقىغىچە دەشنام يېدى. تازا سالماقچى بولۇپ دېۋەيلەپ كېلىۋېدى، قارىيخان ئۇنىڭ قورسىقىغا بىر ئۇسۇپلا، ئوڭدىسىغا ئۈچۈرۈۋەتتى. پازىلنىڭ بېشى كۈلۈڭدىكى قوقاسقا تېقىلىپ قېلىپ، پۈچىلىنىپ، جىن بوغۇۋەتكەندەك تېپىچەكلەپ، چىرقىراپ كەتتى. قارىيخان ئۇنى يەنە بىر قولىدا بىر تارتىش بىلەن، ئەسكى تەكىينى تاشلىغاندەك، سۇپا ئۈستىگە تاشلىدى. پازىل كونا تامنىڭ چالمىسىدەك گۈپپىدە يەرگە چۈشۈپ، ئىچى قاداق بولۇپ كەتتى. كادىرلارنىڭ پازىل توغرىسىدا يەنە بېشى ساقايماي، تازا جەھلى قاتتى. دەل شۇ چاغدا، ھەرقايسى ئورگانلارغا كەمبەغەل دېھقان ۋەكىلى چىقىرىش بۇيرۇقى كەلدى. بىردەممۇ بولسا كۆزىمىزدىن نېرى تۇرۇپ، قۇلىقىمىز تىنچىسۇن دەپ، ئۇنى تەمىنلەش ـ سودا كوپىراتىپىغا كەمبەغەل دېھقان ۋەكىلى قىلىپ چىقىرىپ بەردى. پازىل گۇڭشې تەمىنلەش كوپىراتىپىغا بېرىۋېلىپلا، «قارىينى قويۇۋېتىمەن» دەپ تېپىچەكلەپ يۈردى. بۇ چاغدا بالا تۆت بولغانىدى. ئۇ نەدىمۇ قارىيخاندىن ئاجرىيالىسۇن! قارىيخان دادۇي كادىرلىرىنىڭ پازىلنى بوزغانلىقىنى، قۇلىقىنى تولغاپ، ئۆزىنى قويدۇرۇۋەتمەكچى بولغانلىقىنى گۇڭشې، ھەتتا ناھىيىگىچە ئەرز قىلىمەن دەپ، دادۇي كادىرلىرىنىڭ بۇرنىدىن بۇلاق چىقاردى. قارىيخان كوچە ـ كۆرپىسىنى كۆتۈرۈپ، تەمىنلەش ـ سودا كوپىراتىپىغا — پازىلنىڭ يېنىغا كۆچۈپ باردى. تازا غول ئادەم بار يەردە، پازىلنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ، يۈزلىرىگە تۈكۈرۈپ، مەيدىسىگە قىزىل بەلگە ئاسقان بۇ ھۆرمەتلىك كەمبەغەل دېھقان ۋەكىلىنى تازا شەرم ـ ساز قىلدى. مانا شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، پازىل يېڭىدىن ئادەم بولدى،

يۇقىرى - تۆۋەن قاتراپ يۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشقا، مۇناسىۋەت - مۇئامىلىگە پىشىپ كەتتى. ئىككى سوم تاپسا، بىر سوم قەرز ئېلىپ، بىر قېتىم ئېغىز مايلاشقا ئامراق بولدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ تەمىنلەش كوپېراتىپىنىڭ ئادىمى بولۇپ قالدى.

## 2

سېلىمخان نەفسەنى مەينىساخاننىڭ يېنىدا قويۇپ بىر كەتكىنىچە، ئىز - دېرەكسىز يىتۈپ كەتتى. كۆز كېتىپ، قىش كەلدى، قىش ئۆتۈپ، ئەتىياز كەلدى. سېلىمخاننى كۈتۈپ، مەينىساخاننىڭ تاقىتى تۈگىدى. نەفسە بولسا، ئېگىز دۆڭگە چىقىپ، بار ئاۋازى بىلەن: «ئانا... ئانا!...» دەپ توۋلىدى، سادا بولمىدى، يىغلىدى، قاقشىدى. مەينىساخان پەپىلەپ ئالداپمۇ، ئۇنى پەس قىلالماي، ئاچچىقى كېلىپ، تازا بىر سىلكىشلىۋىدى، قورقۇشتىن نەفسەنىڭ ئۈنى ئۆچتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، بۇ ياۋاش قوزا مەينىساخاننىڭ يېنىدا كىرپىدەك قورۇلۇپ، ساماندەك سارغىيىپ، غېرىبلىق، ئاچ - توق ھاياتنى باشلىدى. مەينىساخان تىللىسا، بوينىنى قىسىپ، بارمىقىنى چىشلەپ، يوغان كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ قاراپ تۇردى، ماڭسا، ھاسا بولۇپ يول باشلىدى. ئەتىيازغا — سېرىقتال كۈنگە كەلگەندە، مەينىساخان ئاجىزلاپ، بارغانچە تۈگىشىپ كەتتى. ئۇلار ھازىر سەرگەردان، ئۆي - ماكانسىز ئىدى، ئۆيلىرى سالا ئېتىزلاشتۇرۇشتا، چېقىپ تۈزلىۋېتىلدى. پومېشچىك، تىرىكتاپ پومېشچىكقا ھېچكىم ماكان بەرمىدى. قىشچە، قەيەردە كەچ بولسا، شۇيەردە يېتىپ - قوپۇپ تىلەپ، ئۆز يۇرتىدىن يىراق بىر گۇڭشېغا، گۇڭشې كوپېراتىپىنىڭ ئاشخانىسىغا كىرىپ، قورساقلىرى تازا يوغان، ئۆزى پاكار، قارا چوقۇر پازىلغا يولۇقتى. نەفسە چوڭ بولۇپ، ئۇنىڭدەك سېمىز ئادەمنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. شۇڭا ئۇ ھەيران بولغىنىدىن، پازىلغا

تىكىلىپ قاراپلا قالدى . پازىلمۇ قولىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ ، ئاشخانىدىكى ئاشپەزلەرنى ئاغزىغا كەلگىنىچە تىللاپ يۈرەتتى . ئاشخانىغا دېۋانە تولۇپ كەتكەنلىكىدىن ، ئاشپەز ھاماقەتلەرنىڭ دېۋانىلەرنى قوغلىمىغانلىقىدىن قاقشاپ يۈرەتتى . ئۇنىڭ كەينىدىن پاقالچاقلىرى بىر - بىرىدىن قاسماق ، بىر - بىرىدىن ئاۋاق ، بىر - بىرىدىن مەينەت ، ئالدى بەش ياش ، كەينى ئۈچ ياش ئۈچ بالا ئەگىشىپ ، پاقالچاقلىرىغا يامىشىپ : «داد... داد !...» دەپ يۈرەتتى . پازىل دېۋانىلەرنى ئۆزى ھەيدەشكە باشلىدى . ئۇ دۆشكەللەيتتى ، تىللايتتى . نەفسە قورققىنىدىن ، مەينىساخانغا چىڭ چاپلىشىۋالدى . قولىدىكى پۈچۈق تاۋاق يەرگە چۈشۈپ چېقىلىپ كەتتى . شۇ چاغدا ، پازىل بىلەن ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالدى . پازىل ھەيران بولۇپ ، نەفسەگە تىكىلىپ قارىغانچە يېقىنلاپ كەلدى ، نەفسە قورققىنىدىن تۈگۈلۈپلا قالدى .

پازىل مەينىساخانغا ، ئوغلىغا ، نەفسەگە قاراپ قالدى... ئۇلارنى باشقا دېۋانىلەرنى قوغلىغاندەك قوغلىمىدى ، ئەكسىچە ، بىر تاۋاقتىن ئۈستىگە يېرىم سېرىق قوناق زاغرا پارچىسى بېسىلغان لەڭمەن ئاچىقىپ مېھمان قىلدى . مەينىساخان بىلەن بىر نەرسىلەرنى دېيىشتى ، مەينىساخان خۇشاللىقتىن نەفسەنى سىلاشتۇرۇپ تېپىپ : «تەلەيلىك قىزىم» دەپ سۆيدى ، پازىل چوڭ ئاشخانىدىن يېرىم خالتا ئاق ئۇن ئاچىققۇزۇپ ، مەينىساخانغا تۇتقۇزدى ، مەينىساخان : «تەلەيلىك قىزىم ، بەختلىك قىزىم ، خۇدايىمغا ئازايىڭ يېتىپتۇ ، ئاناڭنىڭ — سارەمنىڭ روھى ، ئاتاڭنىڭ روھى قوللاپتۇ» دەپ ، بىرمۇنچە دۇئا قىلىپ ، نەفسەنىڭ باش - كۆزىنى سىلاپ ، ئۇنى يۇدۇپ كېتىپ قالدى . نەفسە يىغلىماقچى ، ئەگەشمەكچى بولدى ، ئەمما مەينىساخانىنىڭ : «كونىدە مۇشۇنداق قورسىقىڭغا تويغۇدەك لەڭمەن بېرىپ باقىدۇ ، ئىسسىق ئۆيدە ، يۇمشاق ئورۇندا ياتىسەن» دېگىنىنى ئويلاپ ، پازىل چوڭغا قورقۇمسىراپ بىر قاراپ قويدى ، گەپ قىلمىدى . مانا شۇنىڭدىن

ئېتىبارەن ، نەفىسە پازىل چوڭىنىڭ بالا باققۇچىسى ، سەككىز بالىنىڭ ئورۇن- كۆرپىسىنى يىغىشتۇرۇپ ، يۇندىسىنى تۆككۈچى ، پازىل چوڭىنىڭ دېدىكى بولۇپ قالدى .

## 3

تاشلاپ كەتكەن ئەسلى گېپىمىزنى تاپايلى !...

قارىيخان بوراندەك ئېتىلىپ ، ئىچكىرى ئۆيدىن چىقىپ ، كاپ قىلىپلا نەفىسەنىڭ قۇلىقىدىن تۇتتى . ئۇنىڭ قۇلىقىنى شۇنچىلىك سوزدىكى ، نەفىسە ئاغرىققا چىداپ قانچە ئاۋاز چىقارماي دېسىمۇ ، يەنىلا : «ۋايجان... ۋاي قۇلىقىم !» دەپ چىرقىرىۋەتتى . «ئاغزىڭنى يۇم يۇزى قېلىن پاسكىنا !» ئۇ «چاڭ !» قىلىپ ، تەستەك بىلەن نەفىسەنىڭ ئاغزىغا بىر كاچات سالدى . نەفىسەنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۇشتى ، ئەمما قەپەسكە سولانغان كەپتەردەك بۇقۇلداپ يىغلىدى ، ئاغزىدىن قان چىقتى ،شالى بىلەن قوشۇلۇپ كىيىمىگە تامدى . قارىيخان ئۇنىڭ قۇلىقىنى شۇنچىلىك قاتتىق سوزدىكى ، غىرىچقا يەتكىلى تاسلا قالدى . ئۇنىڭ قۇلىقى «چۇڭ» قىلىپ ، ئىت ئىسقىرتقاندەك بىر ئاۋاز بىلەن تەڭ ، غۇڭۇلداپ كەتتى . شۇئان ، ئۇنىڭ قۇلىقىدىن قان ساقىدى ، قارىيخانىنىڭ هوقۇشىنىڭكىدەك چىرقىراق ئاۋازى پەسلەپ كەتكەندەك بولدى . قۇلىقىغا بىگىز تىققاندەك بىر ئاغرىق كىرىپ كەتتى . نەفىسە ئاغرىققا چىدىماي ، يەنە قاتتىق يىغلاپ ، تىلىقىپ ، كۆكىرىپ كەتتى . ئۇنىڭ ئاغزىدىن كۆپۈك كېلىپ ، كۆزىنىڭ قارىسى كەينىگە كەتتى . شۇئان جىمىمىدە بولۇپ كەتتى . چىرايى تازا بىر قارىداپ ، كېيىن بۇرنىنىڭ ئۇچىدىن تەر تەپچىرەپ ، سارغىيىشقا باشلىدى . قارىيخان قورقۇنچتىن چەكچىيىپ قاراپ ، قېتىپلا قالدى . نەفىسە يەردە سوزۇلۇپ ياتاتتى ، ئۇنىڭ ئاغزىدا بارغانچە كۆپۈك ئەدەپ ، بۇژغۇن پەيدا بولدى ، چىشلىرى كىرىشىپ قالدى . قارىيخان بىردىنلا بېشىغا

www.uyghurkitap.com

مۇشتـلاپ : «ۋاي مەريەمخان… ۋاي مەريەمخان… ماۋۇ يەرگە كىرسىلە ، ماۋۇ بىر نېمە ئۆلگىلى ياتتىمۇ نېمە؟ بۇ ئۆلسە، مەن قەيەرگە بارىمەن ، بالىلىرىم قەيەردە قالىدۇ ؟ ۋاي مەريەمخان ، ماۋۇ جىن نېمە بولدى ؟… ۋاي خۇدايىمەي ! » دەپ ۋارقىراشقا ، تونۇگۇن ئۇرۇشۇپ چاچلىشىپ كەتكەن قوشنىسى مەريەمخاننى بار ئاۋازى بىلەن توۋلاشقا باشلىدى . مەريەمخان ئىچ كۆڭلەك بىلەن ، يالاڭ ئـايـاغ هالدا ، هودۇقۇپ يۈگۈرۈپ كىرىپ كەلدى . ئۇ ئوتتۇرا يـاشلىق ، ئېگىز بوي ، سوزۇق يۈزلۈك ئايال ئىدى . ئۇ يەردە كۆكىرىپ جىممىدە ياتقان نەفسەنى كۆرۈپلا ، پېشانىسىگە پاققىدە بىرنى ئۇردى ـ دە : «ۋاي ئىسىت بىچارە قىز ! » دەۋەتتى . ئۇ دەرهـال يـېـنـىـدىـن يـاغـلـىـق ئېزدەپ تاپالمىغاندىن كېيىن ، كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىغا كەپلىشىپ قالغان قان ئـارىـلاش كۆپۈكنى سۈرتتى . ئاندىن ئوڭدا قىلىپ ، چېكىسىنى ئۇۋۇلاشقا باشلىدى . بىر هازادىن كېيىن ، نەفسەنىڭ كىرىشكەن چـىـشلـىـرى ئاستا ئاجرىدى . كۆزىنىڭ قارىسى ئىزىغا كەلدى . مەريەمخان تەرلەپ ، ئۆپكىسى ئاغزىغا كەپلىشىپ قالغاندى . ئۇ ئـۇھ دەپ چوڭ بىر تىندى ـ دە ، قارىيخاننىڭ يۈزىگە قارىماي تـۇرۇپ ، «سـۇ » دېدى . هېچ نەرسىنى سەزمەي قېتىپلا قالغان قـارىـيـخان مەريەمخاننىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىدىمۇ ياكى ئاڭلىسىمۇ ئۇقمىدىمۇ ، چەكچەيگەن پېتى ئىزىدا تۇرىۋەردى . مەريەمخان شەپە بـولـمـىـغـانـدىـن كـېـيـىن ، جىلە بولۇپ ، غەزەپ بىلەن : «سۇ دەۋاتـىـمەن ! » دەپ قاتتىق ئېيتتى . شۇنىڭدىلا ، قارىيخان قارا بـېـسـىـپ چـۆچـۈپ ئويـغانغاندەك مەڭدەپ قېلىپ ، ئۆينى بىر پىرقىراپ ، ئۇنى ـ بۇنى تۇتۇپ بېقىپ ، ئىزىدا توختاپ قالدى . مـەريـەمـخـان ئۈچىنچى قېتىم تېخىمۇ چىڭ قىلىپ : «مەن سۇ دەۋاتـىـمـەن ، سۇ ! » دېدى . قارىيخان مەريەمخانغا يوغان بىرنى ئالايدى ـ دە ، بېرىپ نوگايدا سۇ ئەكەلدى . مەريەمخان نەفسەنى قۇچىقىغا ئېلىپ ، ئاغزى ـ بۇرنىدىكى كۆپۈك ، قان يۇقۇندىلىرىنى

پاكىزلاپ يۇدى ، ئاندىن يەنە «چاي !» دېدى . قارىيخان ئېغىناقلاپ بېرىپ ، چاي ئەكەلدى . مەريەمخان قىزىق چاينى پۈۋلەپ تۇرۇپ ئاغزىغا ئالدى . ئاندىن نەفىسەنىڭ ئاغزىغا ئاستا قۇيدى . بىرنەچچە قېتىم شۇنداق قىلغاندىن كېيىن ، نەفىسە تولۇق ھوشىغا كەلدى . كۆزىنى ئېچىپ ، ئۆزىنىڭ مەريەمخاننىڭ قۇچىقىدا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ، شۇنچىلىك يۇرەكنى ئەزگۈدەك قاتتىق يىغلىۋەتتىكى ، ئۇ ئانىدىن ، سىڭلىسىدىن ، مەينىساخاندىن ئايرىلغاندىن كېيىن ، تۇنجى قېتىم ئۆزى ئارزۇ قىلغان ، تەشنا بولۇپ يۈرگەن ئانا قۇچىقىدا ياتقاندەك ، ئۆز ئانىسىنىڭ باغرىغا قايتىپ كەلگەندەك بولدى . مەريەمخاننىڭ كۆزلىرىدىن مۇنچاقتەك ياشلار قۇيۇلدى . قارىيخان :

— ئۇھ… ۋىيەي ، ئىلاھا شۈكرى ! ئۆلۈپ كەتسە ، قانداق كۈنلەرگە قالارمەن دەپ ، قورقۇنچتا جېنىم چىقىپ قالغىلى تاسلا قالدى . ۋاي جىن تەگكەن سارىڭەي ! — دېدى .

— قارىيخان ، بۇ بالا مۇشۇنچىۋالا قىلىۋەتكۈدەك ، نېمە قىلغان سىلىگە؟ مۇشتۇمدەك بالىنىمۇ شۇنداق ئۇرغان بارمۇ ؟ ھېلىمۇ مەن بار ئىكەنمەن ئۆيدە ، بولمىسا بىچارە…

— ۋاي قارىسىلا ، بالىنى گىلەم ئۈستىگە قويۇپ بېرىپ ، بىرمۇنچە يەرنى بۇلغىدى . مەن دائىم ، ئۇنداق قىلما نىسا ! دېسەم گېپىمنى ئاڭلىمايدۇ . يېقىندىن بېرى شۇنداق بولۇۋالدى . يېقىن كېلىپ بولغۇچە ، ۋارقىراپ ـ جارقىراپ ، ئالەمنى مالەم قىلىپ ، قارىيخان ئاچام ئۇنداق ئۇردى ، مۇنداق تىللىدى دەپ ، مۇشۇ ئەتراپتا ، ھەممە ئادەمگە مېنى يامان ئاتلىق قىلىۋەتتى . بۇ يېتىمنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ ! بېقىپ قويسام ، ئادەم بولۇۋېلىپ ، تۇزۇمنى يەپ تۇرۇپ ، مېنى يامان دەيدۇ . ئاز قالدى بۇ يېتىمنى ھەيدەپ چىقىرىدىغان ۋاقتىمغا ! كوچىدا قالغاندا ، ئەجەب قىپتىكەنمەن قارىيخان ئاچامغا دەپ ، پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تاپالمايدۇ بۇ يېتىم ! — دېدى قارىيخان ئاغزىدىكى

كۆپۈكلىرىنى چاچرىتىپ .

— يېتىمنى باققانلىرى ، چوڭ قىلغانلىرى ھەممىگە ئايان . ئەمما... — دەپ ، سۆزىنىڭ ئاخىرىنى بوغۇزىغا يۇتۇۋېتىپ ئورنىدىن تۇردى مەريەمخان . ئۇ چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ، ئىشىككە قاراپ ماڭدى ، قارىيخاننىڭ رەھمەت - ھەشقاللىسىز ھومىيىپ تۇرۇشلىرى ، ھەتتا بىردەم ئولتۇرۇپ چىقىشقىمۇ تەكەللۇپ قىلماسلىقى مەريەمخانغا ھار كەلدى . ئۇ ئىككىيلەن مۇشۇ نەفسە توغرىسىدا پات - پات ئۇرۇشۇپ قالاتتى ، تونۇگۈنكى جېدەلمۇ نەفسە توغرىسىدا قارىيخانغا نەسىھەت قىلىشتىن چىققانىدى . قارىيخاننىڭ رەھمەت - ھەشقاللىسى ، تەكەللۇپلىرى مەريەمخانغا بەرىبىر ئىدى ، ئەمما يەنىلا كۆڭلىگە تەگدى . شۇڭا ، ئۇ بوسۇغىدىن ئاتلاپ چىقىپ بولۇپ :

— سىلىنىڭ ئۇششاق باللىرى بار . يېتىمنىڭ ئىگىسى خۇدايىم ، ئۇنى ئىگە - چاقىسىز دەپ ، بوزەك قىلىپ ، ئۇرۇپ - تىللاۋەرسىلە ، مۇشۇنداق ئازابلاۋەرسىلە ، سىلىگە يېنىپ قالمىسۇن . ھەركىم قىلسا ئۆزىگە قىلار دەيدىغان گەپ بار ، — دەپلا كېتىپ قالدى . قارىيخان مەريەمخاننىڭ كەينىدىن بىرمۇچە غوتۇلداپ قالدى . مەريەمخان چىقىپ كېتىشىگىلا ، قارىيخان ئۆپكىدەپ يىغلاۋاتقان نەفسەگە شۇنداق بىر قاراپ قويۇۋىدى ، ئۇ دەررۇ يىغىنى يىغىشتۇردى ، ئەمما ئۆزىنى توختىتىۋالالماي ، كىچىككىنە لەۋلىرىنى چىڭ چىشلەپ ، ئۈنسىز يىغلايتتى .

— مانا بولدىمۇ ، ھوي جوۋاش سارالڭ ! ئۆلۈم تەگكۈر ، سېنىڭ كاساپىتىڭ . ئەمدى مۇرادىڭغا يەتتىڭمۇ ؟ ئۇ سەت ئازازۇلنىڭ قوچىقىدا ، خۇددى بوۋىمەريەمگە بولۇۋقاندەك ، ئۆپكەڭنى باسالماي يىغلاپ بېرىپ ، دەردىڭنى تۆكتۈڭ ، ئۇ ئازازۇل بۇ گەپنى بىرنى ئون ، ئوننى يۈز قىلىپ ، بىردەمدە يېيىپ ، سۆز - چۆچەك قىلىدۇ . مېنى ھەرقانچە يامان ئاتلىق قىلساڭمۇ ، بىر تال مويۇم تەۋرەپ قالمايدۇ . سۆز - چۆچەك قىلسا ،

قىلىۋەرسۇن . ئىت قاۋايدۇ ، هايات قەلەندەرنىڭ . ئۇ بىكارچى ، ساپساپچى خوتۇنلارچۇ ، بىكارچىلىقتىن بىر يەرگە كېلىۋېلىپ ، ئۇن سەككىزمىڭ ئالەمنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدۇ . ئۇلارچۇ ، مېنى ، بىزنىڭ ئۆينى كۆرەلمەيدۇ . مەن بىكار بولمىغاندىكىن ، ئاۋۇ ھەر يىلى نەچچە مىڭ مو يەردىكى قوغۇننى ئۆزۈم باشقۇرۇپ ساتقاندىكىن ، كۆرەلمەيدۇ . سەن بىزنىڭ ئۆينىڭ جاسۇسى بولدۇڭ . ئۆيدە كۈتىدە گەپ بولسا ، ئەتىسى قارىسام ، ئاشۇ غەيۋەتچىلەرنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلايمەن . ئالدىرىماي تۇر ، خەپ سوك ، ساڭا گەپ ئۆگىتىپ ، ساڭا يەل بەرگەنلەرچۇ ، ساڭا بىر توغرام نان بەرمەيدۇ . ناننى يەنىلا مېنىڭ قولۇمدىن يەيسەن ! مېنىڭ قولۇمدىن تۇز يەپ تۇرۇپ ، مېنىڭ دۈشمەنلىرىمگە يانتاياق بولساڭ ، خۇدايىمنىڭ كۆزى كۆرەر… زۇۋانىڭ تۇتۇلۇپ ، كۆزۈڭ كور بولار ئىلاھىم . مەن ئىشقا چىقىپ كەتتىم ، ئاۋۇ گىلەمنى ئادالاپ ، بالىلار مەكتەپتىن ، ئۈيىنغان يېرىدىن كەلگۈچە ، چۈشلۈك غىزا تەييارلا ! لەڭمەن ئەت ، ئاڭلىدىڭمۇ ؟

— ئاڭلىدىم ، ئاق ئاچا .

قارىيخان ھويلىنىڭ ئىشىكىگە تېشىدىن قۇلۇپ سېلىپ چىقىپ كەتتى ، قىز بۇرۇن قارىيخان شۇنچە قاتتىق گەپلەرنى قىلسا ، بۇرۇن - قۇلاقلىرى چۈگۈلداپ ، كاللىسى ئېلىشىپ كېتەتتى ، ھازىر بولسا ناھايىتى بوش ئاڭلىدى . ئەمما قۇلىقى بىگىز تىققاندەك قاتتىق ئاغرىيتتى ، ئۇنىڭ بىر قۇلىقى كاردىن چىققاندى…

## 4

قارىيخان كوپىراتىپنىڭ ھەرقايسى دادۈيلەردىن سېتىۋېلىپ ئەكېلىپ ، قىشمۇ ياز پىچىپ ساتىدىغان قوغۇنلىرىغا بىلەت ساتاتتى . بۇ سەپرا مىجەز ئايال ئېرى بىلەن دائىم قاپىرىشاتتى ، ئاچچىقىنى بولسا بىچارە نەفىسەدىن ئالاتتى . ئۇنى ئۇراتتى ،

تىللايتتى ، تېپەتتى ، قارغايتتى . سىرتتىمۇ دائىم دېگۇدەك باشقىلار بىلەن قىزىرىشىپ سوقۇشۇپ تۇراتتى . ئۇ ئۇرۇشىدىغان كىشىلەر ئاساسەن ئايالLار ئىدى . ھەرسائىتىگە ، ئىشقىلىپ بوش ۋاقىت تاپسىلا ، ئېرىنىڭ ئىشخانىسىنى يوقلاپ ، ئېرى كىم بىلەن نېمە گەپ قىلىشىۋاتىدۇ ، پايلاپ يۈرەتتى . ئېرى بىلەن بىرەر ئايال ئىدارىسىدىكى ئايال خىزمەت توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتقان بولسىمۇ ، كىرگەنچە كىرىپ چېچىدىن ئالاتتى ـ دە ، بالا تېرىيتتى . ئېرىنىڭ ئىشخانىسى ئالدىدا بىرەر ئايالنى كۆرۈپ قالسىمۇ تىللاپ ، شەرمىسار قىلاتتى . شۇڭا ، ھەپتىدە ، بەزى كۈنلىرى ھەر كۈنى ، بەزىدە بىرەر ـ ئىككى قېتىم ، بۇ يەردە باشقىلار ئۇچۇن كۈلكىلىك جېدەللەر دائىم دېگۇدەك بولۇپ تۇراتتى . بۇ ئىدارىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ، ھەتتا سىرتتىكى بىكار تەلەپ كىشىلەر دائىم : «قارىيخاننىڭ بېلەتسىز كومېدىيىسىنى كۆرىمىز» دېيىشىپ ، لەتىپە قىلاتتى . بەزى شاڭخوچىلار سىرتتىن بىر كىمنى ئىزدەپ كەلگەن ئايالنى پازىل چوڭنىڭ ئىشخانىسىغا قەستەن باشلاپ قوياتتى ـ دە ، دەرھال قارىيخاننىڭ قوغۇنغا بېلەت سېتىۋاتقان يېرىگە خەۋەر قىلاتتى . شۇنىڭ بىلەن ، يېرىم كۈنلۈك ، ھەتتا ئەتىگەندە باشلانسا ، كەچكىچە سوزۇلىدىغان جېدەل يۈز بېرەتتى . بۇ جېدەلنى پەقەت تاماشا قىلىپ كۆرۈشكە بولاتتى ، ئارىلاشقىلى بولمايتتى . ئارىلاشسا ، ئارىلاشقان كىشى ئاغزى ـ بۇرنىغىچە تويااتتى .

مانا بۇنداق ۋاقىتنىڭ ھەممىسىدە دېگۇدەك ، قارىيخان ئېشىپ قالغان ئاچچىقىنى كىرىپ نەفسەنى دۇمبالاش ، ھارغۇچە تىللاش ئارقىلىق چىقىراتتى . ئۇنىڭ بۇ ئۆيدە كۈچى يېتىدىغىنى پەقەت نەفسە . پازىل چوڭنى بۇرۇنقىدەك بوزەك قىلىش تۇگۇل ، ئالىيىپ قارىيالمايدۇ . بەش ياشلىق بالىلىرىمۇ ئۇنى كۆزگە ئىلمايدۇ ، بالىلىرى دائىم ئۇنى تىللاپ قاچىدۇ . بالىلىرىدىن دەشنام ئاڭلىسا ، دەردىنى يەنىلا نەفسەدىن ئالىدۇ ! ھەممىنىڭ بوزىكى… ئۆيدىكى سەككىز بالا ، ھەتتا ئىككى ياشلىق بالىغىچە نەفسەنى بوزەك

قىلىدۇ. ئۆينىڭ ئىچىدە، چوڭلىرى تاماق ئوخشىماپتۇ دەپ، نەفسەنى ئۇرىدۇ، تىللايدۇ؛ كىچىكلىرى ئاخشىمى ياتىدىغاندا سېلىپ قويغان كىيىملىرىنى تاپالمىسىمۇ، ئوينايدىغان ئويۇنچۇقلىرىنى تاپالمىسىمۇ، نەفسەنى ئۇرىدۇ، تىللايدۇ. ئۇنى ھەممىسى ئۇرۇپ-تىللايدۇ. ھەممىنىڭ نەفسەگە كۈچى يېتىدۇ. نەفسە ھەممىنىڭ تىل-ئاھانەتلىرىگە، ئۇرۇشلىرىغا قول باغلاپ تۇرۇشقا، گۇناھكارلارچە قول باغلاپ تۇرۇشقا ئادەتلەنگەن. شۇنچە قاتتىق تىل-ئاھانەتلەر، ئۇرۇپ-تىللاشلار ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇددى تاماق يېگەنگە ئوخشاش ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن... نە يىغلىمايدۇ، نە قاپىقىنى تۈرمەيدۇ. پەقەت بۇ ئۆيدە، ئۇنىڭ بىردىنبىر راھىتى — قورسىقى ئاچ قالمايدۇ. ھەر كۈنى ھەر ۋاخ دېگۈدەك، سەككىز بالىنىڭ يېرىمى تامىقىنىڭ يېرىمىنى ئاشۇرۇپ قويىدۇ، بۇ تاماقلارنىڭ يىغىشتۇرغۇچىسى نەفسە؛ ئۈچىسى يالىڭاچ قالمايدۇ، بۇ ئۆيدىكى قىزلار بىر كىيىمنى ئېشىپ كەتسە ئىككى ئاي كىيىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن نەفسەگە تاشلايدۇ. ئۇلار يەنە يېڭىنى كىيىشىدۇ. نەفسە ئۇلاردىن قالغاننى كىيىسىمۇ، شۇنچىلىك گۈلدەك يارىشىملىق يۈرىدۇ. ئۇنىڭ تاياق يېمىگەن، تىل ئاڭلىمىغان بىرمۇ كۈنى بولمايدۇ. ئەنئەنە بويىچە، كۆڭۈلگە ئازار بېرىشمەيدىغان ھېيت-ئايەملەردىمۇ، تېخى ئۇنىڭ يەيدىغان تايىقى، ئاڭلايدىغان تىل-ئاھانىتى ھەممىدىن كۆپ بولىدۇ. ئۇنىڭ نازۇك بەدەنلىرى دائىم كۆك، تارتۇق، ئىششىقلار بىلەن بېزەلگەن بولىدۇ. ئۇرۇپمۇ دەردىنى چىقىرىپ بولالماي، ئۇنى ھەيدەپ چىقارماقچى بولۇشىدۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ، بۇ ئۆيدە ھېچقايسىسى ئۆزىنى باقالمايدۇ.

بۇلارنىڭ ھەممىسىگە نەفسە شۈكرى قىلىدۇ، خۇددى ھازىرقى زاماندىكى ئادەملىرىمىزدەك، بېشىغا كەلگەن بارلىق ئېغىرچىلىقلارغا شۈكرى قىلىپ، ھەممىنى ئاللانىڭ تەقدىرىگە باغلايدۇ. بېشىغا چۈشكەن ئېغىر كۈلپەتلەرنىڭ ھەممىسىگە شۈكرى قىلىدۇ. شۈكرى قىلىش ئۇنىڭ قېنى ئارقىلىق روھىغا، پۈتۈن

www.uyghurkitap.com

جىسمىغا سىڭىپ كەتكەن… نەفىسە ئۆچۈن قۇللۇق بۇ ئۆيدە شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، ھەتتا ئۇ ئۆزىنىڭ ئەزان چىللاپ قويغان ئىسمىغىمۇ، ئاتىسى - ئانىسى يۇرتىدە، ئۇ تۇغۇلماستا ئۇزاق تالاش - تارتىش تېپىشماقلاردىن كېيىن، تاللاپ قويغان ئىسمىغىمۇ ئىگە بولالمىدى. قارىيخان بىر قېتىملىق تۇغۇتىدا، ئۇنىڭ ئىسمىنى يېڭى تۇغۇلغان قارا مەدەك، دوقا باش قىزىغا قويۇۋېلىپ، نەفىسەگە نىسا دەپ ئىسىم قويۇپ قويدى، نەفىسە دەپ چاقىرىشلارغا ھە! دەپ سېلىپ، يېگەن تاياق، ئاڭلىغان تىل - ئاھانەتلەرمۇ نەفىسەنىڭ ئۆمرىدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتتى. نەفىسەنىڭ تارتىۋاتقان دەرد - ئەلەملىرىگە، ئاۋۋال ئۇلارنىڭ قوشنىلىرى، كېيىن پۈتۈن ئىدارىدىكىلەر چىداپ تۇرالماي، ھەربىر ئائىلىدىكى چوڭ - كىچىكلەردىن تارتىپ تاكى ياشلىرىغىچە ئارىلىشىپ، قارىيخاندىن ئۇست - ئۇستىلەپ تىل - دەشنام يەپ، ئاغزى - بۇرنىغىچە تويۇشتى. بېشەم خوتۇندىن ھەممىسى قورقاتتى، ھەممىسى دېگۈدەك نەفىسە (بۇنىڭدىن كېيىن نىسا دەپ ئاتايمىز) گە ئىچ ئاغرىتاتتى، ھېسداشلىق قىلىشاتتى. قانداق كۈنلەردە، قايسى ئىت كۈندە، نىسانىڭ تەقدىرى بۇ دوزاخقا باغلىنىپ قالغان بولغىيدى؟ دەپ قاقشايتتى، يەنە نىسانى ئۈمىدلەندۈرەتتى. ئاز كۈندە، يەنى، ئۆسۈپ يېتىلسە، ئۇنىڭ قانچىلىك گۈزەل، چىرايلىق بولۇپ، ھەرقانداق يىگىتنىڭ باغرىنى ئۆرتىگۈدەك قىز بولىدىغانلىقى، شۇ چاغدا دوزاخ ئۆيدىن قۇتۇلىدىغانلىقى توغرىسىدا شېرىن سۆزلەرنى قىلىشىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسايتتى، ھەتتا نەچچىسى ئۆزىگە كېلىن قىلىۋالماقچى بولۇشاتتى…

## 5

— ھەممىسى، چوڭ بولغاندا، ئۆسۈپ يېتىلىپ تولغاندا، تازا گۈزەل بىر ساھىبجامال قىز بولىسىز، شۇ چاغدا، ئازابتىن

قۇتۇلىسىز، دوزاختىن قۇتۇلىسىز، دېگەن. مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان، بىراق ھازىر… — نىسا سۆزىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالماي ئېسەدەپ، يۈزىنى چوكىدەك نازۇك بارماقلىرى بىلەن توسۇپ، رېشىتقا كەينىنى قىلىپ يىغلىۋەتتى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۆسۈپ يېتىلگەنىدى. شىددەتلىك بوران - چاپقۇن، كۆلپەتلەر ئىچىدە سەرۋىدەك نازۇك، يۇلغۇندەك چىداملىق بولۇپ، ئۆسۈپ يېتىلگەن… مانا ھازىر ئون يەتتە ياشلىق، تازا تولۇپ ۋايىغا يەتكەن قىز بولۇپ يېتىلگەنىدى. ئۇنىڭ يىغلاۋاتقاندا تىترەۋاتقان ۋۇجۇدىدىنمۇ ئاجايىپ نەپىس گۈزەللىك يېغىپ تۇرىدۇ. ئايدەك سۈزۈك يۈزى، كۆلۈپ تۇرغان كىرپىكلىرى ئارىسىدىكى غەمكىن تىنىق كۆزلىرى، قىيما ئىنچىكە قوشما قېشى گويا ئۇستا رەسسام سىزىپ چىققان خىيالىي گۈزەل قىزلارنىڭ رەسىمىگە ئوخشىشىدۇ. مانا بۇ گۈزەللىكنى قوغدىغۇدەك، ئۇنىڭ ئېسىل، نازۇك نەقىشلىرىنى ئاسرىغۇدەك كۈچ بولمىسا!… گۈزەللىك ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ چوڭ بەختسىزلىك ئەكېلىدىغان سېھىرلىك ھاڭ ئىكەن! بۇنى نىسا چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئۇ چىرايلىق يارالغانلىقىدىن بىزار ئىدى، كىچىكىدە، چەكسىز ئازاب - ئوقۇبەتلىك كۈنلەردە، چوڭ بولغاندا چوقۇم بىر بەختلىك كۈنگە ئېرىشىدىغانلىقى توغرىسىدىكى شېرىن ئارزۇلىرى كۈندىن - كۈنگە يامان، تەگسىز قاراڭغۇلۇققا، قورقۇنچلۇق چۈشلەرگە ئۆزگىرىپ كېتىۋاتاتتى. يەنىلا، ئۇنىڭ قولىدا، مۈشۈكىنىڭكىدەك دوقا ماڭلاي بالا بار. ئۆلگەنلىرى بىلەن قوشۇپ ھېسابلىغاندا، بۇ پازىل چوڭنىڭ ئون بىرىنچى بالىسى.

— رېشىت، جېنىم رېشىت، سىزدىن خۇش بولاي، مېنى بۇ دوزاختىن قۇتۇلدۇرۇڭ، مېنىڭ ئەمدى سەۋر قىلغۇچىلىكىم قالمىدى، قىزلىرى تېخى مېنىڭ چىرايىمغا ھەسەت قىلىپ، مېنى ئۆچ كۆرۈپ، دائىم بوزەك قىلىشىدۇ. ھەممىسى مېنى بوزەك قىلىشىدۇ، دائىم بوزەك قىلىشىدۇ. سىزگە مۇشۇنىڭ بىلەن ساناپ

www.uyghurkitap.com

تۇرۇپ يەتتىنچى قېتىم دادلىنىشىم… مەن باشقىلارغا دادلىنىشتىن بەك ھەزەر ئەيلەيتتىم ، باشقىلارغا دادلانسام ، ئاق ئاچام ئىنتايىن يامان كۆرىدۇ ، پەقەت سىزگىلا داد ئېيتاي ، ئەمدى دېمىسەم ، سىزمۇ چۈشىنىپ بولالمىدىڭىز . دەۋتەي ، قىزلىرى ئۆچ ئالسىمۇ ، چېقىۋالسىمۇ مەيلىدى… بىراق ، بىراق… ئوغۇللىرى… دادىسى… دائىم بوزەك قىلماقچى بولۇشىدۇ…

— نېمە دېدىڭىز ؟… ئۇلار سىزنى راستتىنلا بوزەك قىلالىدىما ؟ — رېشىتنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى .

— ياق… ياق… مەن بوزەك بولمىدىم ، قېچىپ تالاغا چىقىۋالدىم . بوي بەرمىدىم…

رېشىتنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى . تاتارغان چىرايى ئەسلىگە كەلدى .

— ئامرىقىم ، مەن سىزنىڭ سۆزىڭىزنىڭ يېرىمىغا ئىشەندىم ، يەنى ، ئوغۇللىرى بوزەك قىلسا قىلغاندۇ ، لېكىن ، پازىل جىگلى ئۇن بىر بالىنىڭ دادىسى ، يېشى ئەللىكتىن ئاشقان ئادەم ، ئاڭلىسام ، بۇرۇن بەك پاھىشىۋاز ئىكەنمىش ، لېكىن ھازىر قوزىدەك ياۋاش ، كىم نېمە دېسە ، ھەتتا يېتىلىسە ماڭىدۇ . ئۇ ئادەمنىڭ ئەپتىدىن سىز دېگەندەك ئەھۋاللارنى ھېس قىلمىدىم . ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ، پات ئارىدا شتات كېلىدىكەن ، شتات كەلسە ، ئۇنى كەلسىمۇ بىرى سىنىڭ ، بىرى كەلسىمۇ ، شۇ بىرى سىنىڭ ، سىنى رەسمىيلەشتۈرۈپ ، ئاندىن نىسا بىلەن تويۇڭلارنى قىلىپ قويىمەن ، دەيدۇ ، — دېدى رېشىت ئاغزىنى چاكىلدىتىپ .

— رېشىت ، سىز ئۇنىڭ گېپىگە ھەرگىز ئىشەنمەڭ ، ئۇ ئۆچىغا چىققان ھىيلىگەر تۈلكە ! ئۇنىڭ گېپىگە ئالدىناماڭ ، بىز باشقا يەرگە قېچىپ كېتەيلى !… ئۇنىڭ گېپىگە كىرسىڭىز ، بىز چوقۇم بەختسىزلىككە ئۇچرايمىز… مۇرادىمىزغا يېتەلمەيمىز ، مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاڭ . رېشىت ، جېنىم رېشىت… — قىز

يامغۇردەك تۈكۈلۈپ ، شۇنداق قاتتىق ئۈكسۈپ يىغلىدىكى ، ھەربىي سەپتىن قايتىپ ، مانا بۇ ئىدارىنىڭ ۋاقىتلىق ئامانلىق ساقلىغۇچىسى بولۇپ ئورۇنلاشقان رىشىتنىڭ يۈرىكى شۇررىدە ئېرىپ كەتكەندەك بولدى ، ئۇ ئۆزىنى باسالماستىن بېرىپ ، قىزنى چىڭ قۇچاقلاپ ، باغرىغا باستى .

— ئامىرىقىم ، سىز خاتىرجەم بولۇڭ ، ئۇلار سىزنى… رىشىت ھودۇققىنىدىن قىزنى دەرھال قويۇۋېتىپ ، ياغاچ كارىۋاتقا لەسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى ، ياغاچ كارىۋات قاتتىق غىرىسلاپ كەتتى ، ئۇنىڭ چىرايى تامدەك تاتارغان بولۇپ ، ئۆزى بەزگەكتەك لاغىلداپ تىترەيتتى ، كۆزلىرى بولسا ئالاق ـ جالاق بولۇپ ، خۇددى بىر توپ غالجىر ئىتنىڭ ئارىسىدا قالغان لالما ئىتتەك تۈگۈلۈپ قالغانىدى… نىسا دەرھال ئارقىسىغا بۇرۇلدى ، ئىشىكتە قورسىقىنى تومپايتىپ ، قوللىرىنى ئارقىسىغا تۇتقان ھالدا ، پازىل چوڭ سۇرلۇك قاراپ تۇراتتى… نىسا ۋىللىدە قىزاردى ـ دە ، ياغلىقىنى تۈزەشتۈرۈپ ، بالىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى . پازىل چوڭ ئۇنىڭغا ئىشىكنى بوشىتىپ بەردى . نىسا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، پازىل چوڭ ئاستا مېڭىپ رىشىتنىڭ يېنىغا كەلدى . رىشىت ياغاچتەكلا قېتىپ قالغان بولۇپ ، مۇردىغا ئوخشىشىپ قالغانىدى…

— نېمانچە تاتىرىپ كېتىسەن رىشىت ؟ قورقمىغىن ، ياشلىق ئەمەسمۇ ؟ بوپتۇ ، ئىككىڭلار بىر ـ بىرىڭلارغا بەك كۆيۈشۈپ قاپسىلەر ، مەن بۇرۇنلا سەزگەن ، تويۇڭلارنى قىلىپ قويىمەن ، قانداق ؟

پازىل چوڭ كۈلۈمسىرىدى ، ئۇنىڭ سالپاڭ گۆشلۈك يۈزىدە كۆزلىرى بىر سىزىقلا ئوخشىشىپ قالدى . رىشىتنىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى .

— پا جىڭلى ، مەن سىلىنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇمايمەن ، ماڭا ئاتىدارچىلىق قىلىپ ، بۇ يەرگە

ئورۇنلاشتۇردىلا ، رەسمىيلەشتۇرۇۋالمەن دەۋاتىلا ، يەنە تېخى ئۆيلەپ قويىمەن دەۋاتىدىلا . دادام بولسىمۇ ، ھەرقانچە قىلسا ، سىلىدەك قىلالاتتى... مەن سىلىنىڭ بۇ ياخشىلىقلىرىنى ئۆلسەممۇ ئۇنتۇمايمەن ! خۇدايىم بۇيرۇغان بولسا ، ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن ، سىلى ئوتقا كىر دېسىلە ئوتقا ، سۇغا كىر دېسىلە سۇغا كىرىمەن ! سىزغان سىزىقلىرىدىن ھەرگىز چىقمايمەن . سىلىدەك قورسىقى كەڭ ، ئاق كۆڭۈل ئادەمنى ئىككىنچى قېتىم كۆرىدىغانلىقىمغا ئىشەنمەيمەن ، — دەپ پازىل چوڭنىڭ ئالدىغا تىزلىنىپ ، پاقالچىقىغا ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى ئۇ .

— ئورنۇڭدىن تۇر رېشىت ، ھەممە ئادەم مېنى سەندەك چۈشەنمەيدۇ . كۆپ ئادەملەرگە ياخشىلىق قىلدىم ، ئۇلارمۇ دەسلەپ ساڭا ئوخشاش ۋەدە قىلىپ ، قەسەم ئىچكەنىدى ، كېيىن تۇزكورلۇق قىلىشتى . ئادەمگە ياخشىلىق قىلماسمەن دەپتىمە ، ئادەم دېگەن خام سۈت ئەمگەن نەرسە ئىكەن ، قاراپ تۇرالمىدىم . قىلىپ ئۆگىنىپ قالغاندىكىن ، بۇرنىغا سۇ كىرمەيدىكەن . مېنىڭ ئويۇم ، سېنى ئاۋۋال رەسمىيلەشتۇرۇپ ، ئاندىن تويۇڭنى قىلىپ قويۇش . ئەگەر مەيلى دەپ قالساڭ ، تويۇڭنى بالدۇر قىلىۋەتسەكمۇ ، رەسمىيلىشىش ئىشىڭغا ئانچە دەخلىسى بولمايدۇ . ئەڭ مۇھىمى ، خىزمىتىڭنى ئەستايىدىل ئىشلە ! ھازىر ئوغرى - يالغان كۆپ ، ئىدارىدىكى بەش يۈزمىڭ يۈەنلىك مال سېنىڭ قوغدىشىڭغا قاراشلىق... كەمرەك ئۇخلاپ ، سەگەك يات ! — دېدى پازىل چوڭ .

— مەن ، مانا ئالدىمدا تۇز تۇرۇپتۇ ، قەسەم قىلىمەنكى ، ھەرگىز سىلىگە ۋاپاسىزلىق قىلمايمەن ، سىزىقلىرىدىن چىقمايمەن . توي مەسىلىسىدە ، سىلى نېمە دېسىلە شۇ ، — رېشىت ھەم خۇشال سۆزلەيتتى ، ھەم يەتمىش پۇشتىنى ھارماي شىپى كەلتۇرۇپ ، قەسەم بېرەتتى . پازىل چوڭ ئۇنىڭ مۈرىسىگە شاپىلاقلاپ قويۇپ چىقىپ كەتكەندە ، ئۇ تاتلىق كەمپۈت شۈمىگەندەك ئاغزىنى چاكىلدىتىپ ، ئىزىدا تۇرالماي ، ئۆينىڭ ئىچىدە پىرقىراشقا باشلىدى...

# 6

ئەنە شۇ ئىشتىن كېيىن، نىسا كۆرۈنمەيلا قويدى. ئۆيدىن تالاغا چىقمايدۇ، رېشىتنىمۇ ئىزدىمەيدۇ. رېشىت پازىل چوڭنىڭ ئالدىغا بېرىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. بىرقانچە قېتىم قەتئىي قارارغا كەلدى. ياتىقىنىڭ ئالدىغا چىقىپ، يۈرىكى سېلىپ پۇت ـ قوللىرى لاغىلداپ تىترەپ بوشىشىپ، يەنە قايتىپ كىردى. ئۇ ئاشۇ ئۆي تەرەپكە قارىسىمۇ، يۈرىكى جىغىلدايدۇ. ئاشۇ ئۆي تەرەپكە باشقا ئىشلار بىلەن بارسىمۇ، پۇت ـ قوللىرى كالامپايلىشىپ، ھېچبىر ئىشنى قولاشمايدۇ، تامىنىڭ، دەرەخنىڭ، ھەممە نەرسىنىڭ كۆزى باردەك... ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ قېلىپ، كۆرۈپ قېلىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. ئاشۇ چاغدا، بىر كىم گەپ سورىسىمۇ، كالامپاي سۆزلەيدۇ. ۋاقىت ئەنە شۇنداق ئۆتۈۋەردى. نىسانىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى. پازىل چوڭنىڭ ئايالى جىگەر كېسىلى بىلەن دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى. رېشىت دەككە ـ دۈككىگە چۈشتى. نىسا ئۇنىڭدىن قاتتىق رەنجىگەنمىدۇ ياكى پا جىگلى ئۇنى نەزەربەند قىلغانمىدۇ، ياكى نىسا دېگەندەك، ياق... ياق، ئۇنداقمۇ بولۇپ كەتمىگەندۇ؟...

رېشىت ئىدارىنىڭ ئەخلەت ئازگىلىغا ھارۋىدا ئەخلەت ئاپىرىپ، نىسا بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالدى. نىسانىڭ قولىدىمۇ بىر ئەخلەت چېلىكى تۇرىدۇ. رېشىت نىسانى كۆرۈش بىلەن، داڭ قېتىپ قالدى. ئۇنىڭ چىرايلىرى سارغىيىپ، كۆزلىرىنىڭ خۇنى كەتكەن، ئورۇقلاپ، بىر تېرە ـ بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان، بۇرۇنقى ياۋاش، ھەممە ياققا قورقۇش ھەم ئېھتىيات بىلەن قارايدىغان كىشىدەك، نازۇك تۇيغۇ، ھېسداشلىق قوزغايدىغان تۇيغۇنىڭ ئورنىنى بىر خىل پەرۋاسىز، تەلۋىلىك ئىگىلىگەندى. ئۇ رېشىتنى كۆرۈپ، دەسلەپ سەل ھودۇقۇپ

قــــزارغــاندەك بولدى ، كېيىن تامدەك تاتىرىپ ، يانداپ ئۆتۆپ كــەتــمــەكــچــى بــولۇۋېدى ، رېشىت ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ توغرا تۇرۇۋالدى .

— نىساگۇل ، تىنچ تۇرۇۋاتامسىز ؟

نەفىسەنىڭ ئىسمى نىساغا ئۆزگەرگەن شۇنچە يىللاردىن بېرى ، تۇنجى قېتىم نىسانىڭ ئارقىسىغا گۇل سۇپىتى قوشۇلۇپ رېشىتنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتاتتى . نىسا ئۇنىڭغا لەپپىدە قاراپ :

— ھەئە ، — دەپ سوۇقىنا جاۋاب بەردى .

— كۆرۈنــمــەيلا كــەتــتــىــڭــىزغۇ ؟ تونۇغۇسىز ئۆزگىرىپ كېتىپسىز . مەندىن خاپا بولدىڭىزمۇ ؟

— ياق .

— ئەمىسە ، نېمىشقا چىقمايسىز ؟

— ...

— مېنىڭ سىزگە دەيدىغان بىر خۇش خەۋىرىم بار ئىدى .

... نىسا جاۋاب بەرمەستىن ، رېشىتقا يات ئادەمگە قارىغاندەك قاراپ ، بىر ھازا تۇرغاندىن كېيىن ، ئۆتۆپ كەتمەكچى بولۇۋېدى ، رېشىت توسۇپ تۇرۇۋالدى :

— يا جىگلى ئىككىمىزنىڭ توينى قىلىپ قويىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى . ئەمدى مۇرادىمىزغا يېتىدىغان بولدۇق . قاچىساقمۇ بولىدۇ ، نېمە ، بارغانچە تاتىرىپ كېتىسىز ؟ خۇش بولمامسىز ؟

— خۇش بولۇش ؟ مەن تۇغۇلغاندىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە خــۇش بولۇپ باقمىدىم... بۇ دۇنيادا خۇش بولۇش ماڭا نېسىپ بولماپتىكەن ؟ !...

— بىز توي قىلىمىز ، مۇرادىمىزغا يېتىمىز ، سىز بۇرۇن مۇشۇ ئىشلارنى ئويلاپ ، چەكسىز خۇش بولاتتىڭىزغۇ ؟

— چۈش كۆرۈپتىكەنمەن ، پەقەت چۈش...

— ئەمدى خۇش بولمامسىز ؟

— خۇش بولغۇچىلىكى قالمىدى...

نىسا شۇ سۆزلەرنى قىلدى ـ دە ، رىشىتنىڭ توسۇۋالغىنىغا ئۇنىماي كىتىپ قالدى . رىشىت تىرەكنىڭ ئۈچىدىن ، كاككۇكنىڭ ئۇستىدىن چۈشۈپ ، پاقىدە يىلى چىقىپ ئۆلگەن پاقىدەك ، كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە قاراپ قالدى ، ئۇ لاغىلداپ تىترەپ كەتتى... ماڭغۇدەك ماجالى قالماي ، چىرىندى ، چىۋىنلار غۇژژۇلداپ ئۈچۈشۈپ يۈرگەن ئەخلەت ، پاسكىنا سۇيۇقلۇق ئۈستىگە ئولتۇرۇپ قالدى...

— رىشىت ، مۇرادىڭغا يىتىدىغان بولدۇڭ ! يىتىم بولغىنى بىلەن ، كىسىپ ئىيتالايمەنكى ، ئۇنىڭدەك چىرايلىق قىزدىن بۇ ئەتراپتا يەنە بىرى تىپىلمايدۇ... — ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى رىشىت بىلمەيدۇ ، بىر كۈنى پازىل چوڭ قورساقلىرىنى تومپايتىپ كۈلۈمسىرىگەن هالدا ، قولىنى كەينىگە تۇتۇپ كىرىپ شۇنداق دىدى . رىشىت ئورنىدىنمۇ قوپمىدى ، تەكەللۇپمۇ قىلمىدى ، چىرايى هىچقانداق ئىپادىسىزلا پازىل چوڭغا تىكىلىپ قاراپ قالدى...

— تويغا تەييارلىق قىل رىشىت ! ئالدىمىزدىكى جۈمە تويۇڭلارنى قىلىمىز ، ئىككى ئىغىز ئۆي ئاجرىتىپ قويدۇم ، راسلىتىپ بىرىمەن . چىرايلىق قىز ئالدىڭ ، ماڭا كۈيئوغۇل بولدۇڭ !...

رىشىت گەپ قىلمىدى ، تاتارغان هالدا ، زۇۋان سۈرمەي قاراپ تۇرۇپ قالدى .

— بىلمىدىم ، ئۇ كالۋا قىز سىنى رەنجىتىپ قويۇپتۇ . كۆڭلۈڭگە كىرىپ چىقسام ، ئۇنىڭدىن رايىڭ يىنىپ كەتكەن ئوخشايدۇ ، لىكىن توي قىلمىساڭ بولمايدۇ . مىنىڭ سىزىقىمدىن چىقماسلىققا قەسەم قىلغان ئەمەسمىدىڭ ؟ تويغا خۇشال بولمىغىنىڭ بىلەن ، تويدىن كىيىنلا مەندىن خۇش بولىسەن ، قولىمىزغا رەسمى شتات چۈشتى . بۇ توينى قىلساڭ ، سۆز يوق بىرى سىنىڭ ! باش يىرىلسا بۆك ئىچىدە ، قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە دەپ ، مەن بۇ يەردە

www.uyghurkitap.com

تۆتنىڭ بىرى . سەن ئەتىسى ـ ئاخشىمى ، ئۇ بۇلۇڭ ـ بۇ بۇلۇڭدا ، ئۇنى سۆرەپ يۈرۈپ ، قىلغۇلۇقنى قىلىپ بولۇپ ، ئەمدى مۇشۇكتەك كۆزۈڭنى يۇمۇپ تۇرۇۋالساڭ ، ئۆزۈڭگە ياخشى بولمايدۇ... سىرتقا يېيىلىپ كەتسە ، «نېمە ئىش بوپتۇ دېسە ، پازىل چوڭنىڭ بالا باققۇچى قىزى پالانى بىلەن يۈرۈپ ، هارامدىن بالا تېپىپ قويۇپتۇ » دېسە ، سەنلەرغۇ مەيلى ، مەن ماۋۇ يۈرتنى تاشلاپ كەتسەم بولىدۇ ! شۇڭا ، بۇ سۆزنى چىقارماي ، دوختۇرنى ئۆيگە ئەكېلىپلا ، ئۇنىڭ قورسىقىدىكىنى جىمىقتۇرۇۋەتتىم... قىلغۇلۇقنى ئۆزۈڭ قىلىشىپ ، ئىزىنى مەن يوقاتتىم . مەن يەنىلا كەڭ قورساقلىق بىلەن ، بوپتۇ ، ياشلىق... دەۋەتتىم . مەندىن باشقا ئادەم بولسا ، ئاران بېقىپ چوڭ قىلغان قىزىنى بىكاردىن ـ بىكار ئالداپ خوتۇن قىلىپ ، بالا تېپىپ قويسا ، ساڭا بۇنداق ياخشى گەپ قىلىپ ئولتۇرامدۇ ؟ پۇت ـ قولۇڭنى چېقىپ ، سولاقخانىغا ئاپىرىپ بېرىدۇ . ئەگەر غىدىڭ ـ پىدىڭ قىلساڭ ، مېنىمۇ ئۇنداق قىلمايدۇ دەپ قالما ! ئۇ قىزنىڭ ئاتىسى — ئىگىسى مەن ! ئالدىمغا سەككىز يېشىدا چۈشكەن ! ئۇقتۇڭمۇ ؟ ئەڭ ياخشىسى ، قەسىمىڭ بويىچە ، مېنىڭ سىزىقىمدىن چىقما ، زىيان تارتمايسەن .

پازىل چوڭ تازا سۇرلۇك قاراپ ئولتۇرۇپ ، شۇلارنى دېدى ـ دە ، تازا كېرىلىپ بىرنى ئەسنىۋالغاندىن كېيىن ، ئورنىدىن تۇرۇپ ، يەرگە پېتىپ ، تەرلەپ ئولتۇرۇپ كەتكەن رېشىتقا : «شۇنداق بولسۇن !» دەپ قويۇپ ، چىقىپ كەتتى .

## 7

توي قىلغىلى خېلى كۈنلەر بولدى . رېشىت بىلەن نىسا تويى بولغان يېڭى ئەر ـ خوتۇنلارغا ئوخشاشمايدۇ . پەقەت گەپ قىلمىسا بولمايدىغان يېرىگە كەلگەندە ، بىر ـ ئىككى ئېغىز سۆزلىشىپ قويىدۇ . بولمىسا رېشىت يېقىندا ئۈچ يىللىق سىناق شەرتى بىلەن ،

رەسمىي شتاتلىق ئىشچى بولغاندىن كېيىن ، ئىدارە ئامانلىق ساقلاش ئىشىدىن ئاجرىتىلىپ ، يازچە كوپېراتىپنىڭ ئۆرۈك سېتىۋېلىپ گۆلە قۇرۇتۇش ، يېمىش قۇرۇتۇش ، يېزا ئارىلاپ باغ - ۋاران ، قوغۇن - تاۋۇز سېتىۋېلىش ئىشلىرى بىلەن سىرتتا ئالدىراش ، كۈزدە ، چارۋا سېتىۋېلىشتەك ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ ئالدىراش... ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس - يادى سىناقتىن ياخشى ئۆتۈۋېلىش ئىدى .

— هە ، بالىلىرىم ، قانداق ئولتۇرۇۋاتىسىلەر ؟ — پازىل چوڭ كەچتە ، رېشىت ئۆيدە بار چاغدا ، شۇنداق كىرىپ كېلىدۇ - دە ، بەزىدە ئۇزۇندىن - ئۇزۇن پاراڭ سېلىپ ئولتۇرۇپ ، «ئارام ئېلىڭلار !» دەپ قويۇپ ، چىقىپ كېتىدۇ . رېشىت يوق چاغدا ، گەپ قىلماي كىرىپ تاماق يەيدۇ ، نىساغا قاراپ ھىجىيىدۇ . «كەل !» دەيدۇ ، نىسا ئۇنىڭ گەپلىرىگە ، ھەممە قىلىقلىرىغا پەرۋا قىلمايدۇ . ئۇنىسىز ، قارشىلىقسىز ، سوغۇق ھالدا ، سۈكۈت قىلىدۇ . ئۇنىڭدىن يىرگىنىدۇ ، نەپرەتلىنىدۇ ، قارشىلىق قىلمايدۇ . قان - قېنىغا ، روھىغا ، يۈرىكىگە ، جىسمىغا ، ھەربىر ھۈجەيرىسىگە سىڭىپ كەتكەن قۇللۇق ئۇنى مانا مۇشۇنداق تۇرغۇن سۇدەك ئۆلۈك ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان... تۇرغۇن سۇدىن ھېچ نەرسە قورقمايدۇ . قانىتى ھۆل بولۇپ ئۇچالمىسىمۇ ، ھېچقانداق خەۋپ ھېس قىلمايدىغان ئۇچار قاناتلارمۇ بۇ سۇغا بەھۇزۇر چۈشۈپ ھۇزۇرلىنالايدۇ . زەھەرلىك يىلانلار ، يەنە ھەرقانداق ياۋايى مەخلۇقلار ئۇنىڭدا خاتىرجەم ھايات پەيزىنى سۈرەلەيدۇ... پازىل چوڭمۇ ئەنە شۇنداق... ئۇ نىسانىڭ ياش تېنىدىن پەقەت ئۆزىنىڭ تويماس ھارام نەپسى ئۈچۈن لەززەت تاپىدۇ . ھازىر قارىيخان جىگەر راكى بولۇپ ، بىر پۈتى دوختۇرخانىدا ، بىر پۈتى گۆر ئاغزىدا... ئۇنى توسىدىغان بۇرۇنقى ھالى ھازىر قالمىغان ، مانا بۇ تازا بىر پۇرسەت ، ئوبدان غەنىيمەت پۇرسەت...

بىر كۈنى كەچ پازىل چوڭ ئۆيدە رېشىت يوق دەپ كىرگەن

بولسا كېرەك ، ئىشكتىن كىرمەي تۇرۇپ : «هاي نىسا… نىسا… بارمۇ سەن ؟ ئورۇن… » دەپ ، گېپى بۇ يەرگە كەلگەندە ، ئۇنىڭ ئۆزى ئۆيگە كىرىپ بولغانىدى ، ئۇنىڭ سالپاڭ گۆشلۈك يۈزى بىرا قىزىرىپ ، كېيىن تاتاردى ، ئاندىن بوزاردى ، كۈلكە ئۇنىڭ ھەممە ھودۇقۇشىنى سۈمۈرۈپ كەتتى :

— ۋاي رىشىت ، سەنمۇ بارىكەنسەنيا ؟… ھە ، يوقلاپ كىرەي دەپ كىرگەنىدىم . بىرنەچچە كۈن بولدى ، نىسانى كۆرمىدىم ، ئاغرىق - سىلاق بولۇپ قالدىمۇ دەپ يوقلاپ كىرىشىم… — دېدى ئۇ ۋە رىشىت بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى .

— ھە ، چارۋا سېتىۋېلىش ئىشلىرى قانداق كېتىپ بارىدۇ ؟ ئالدىڭلارمۇ ؟ ھېچ كەلگەندەك قىلمىۋىدىڭلارغۇ ؟ سەن چارۋا يۆتكەشكە مەسئۇل ، شۇنداقمۇ ؟ — دەپ سوراپلا كەتتى پازىل چوڭ .

— يېرىم يولغا كەلگەندە ، يولنى سۇ بېسىپ كېتىپتىكەن ، ئۈچ تراكتورنىڭ ھەممىسى ئارقا - ئارقىدىن پېتىپ قېلىپ ، شۇ يەردە قالدى ، — رىشىت ھارغىن ، ئەمما خىجالەت ئارىلاش جاۋاب بەردى .

— دېمەك ، چارۋا بىلەن ! — پازىلنىڭ چىرايى ئۆڭدى ، رىشىت قورقۇپ تاتىرىپ كەتتى .

— سەن بۇ يەرگە يېنىپ كەلدىڭ ، چارۋا بولسا تراكتوردا قالدى ، پەقەت بىرقانچە قارا نوپۇس يانداقچى تراكتورچى… بىزنىڭ زەنجىر تاپاننى ئېلىپ بېرىپ سۆرىتىپ كەلمىدىڭمۇ ؟

— تراكتورچىغا دېسەم ، ئەتىگەنلىككە ، دەيدۇ ، — دېدى رىشىت پازىل چوڭنىڭ ئەلپازىدىن چۆچۈپ .

— تراكتورچى دېگەن ماي چاپان كاززاپلار بىلەن قارا نوپۇس يانداقچىلار ، سېنىڭچە ، چارۋىنى تاشلاپ بېرىپ كېلىدىغان ئادەملەرمۇ ؟ ئۇلار ئاچ قالدۇق ، نان تۈگىدى ، سويۇپ يېدۇق ، كاۋاپ قىلدۇق دەپ ، مالنى يېسە ، قارا نوپۇسلار بىلەن

بىرلىشىشۋېلىپ مالنى ئېپقېچىپ ، كېيىن ، قارا نوپۇسلارغا كۆچىمىز يەتمىدى ، ئۇلار ئېپقاچتى دەپ مالنى تىقىۋالسا ، سەن ئۇ دارىدىن قاچقان قارا نوپۇسلارنى قەيەردىن تاپىسەن ؟ تراكتورچىلارنى قانداق قىلالايسەن ؟ دۆلەتكە زىيان بولسا ، ماقۇل ، تۆلەرسەن ، سىناقتىكى ئادەمسەن ، خىزمەتتە ئەستايىدىل ئەمەس ، مەسئۇلىيەتسىز دەپ ئاتىلىپ قالساڭ ، ئۇ چاغدا ، ئىشلىرىڭ قەيەرگە بارىدۇ ؟ يۇگۇر ، دەررۇ ئاۋۇ بىزنىڭ بەز قۇلاق تراكتورچىغا پا جىڭلى كىچىچە بېرىپ ئەكېلىڭلار ، دېدى ، دە ! غىدىڭ - پىدىڭ قىلسا ، ياقىسىدىن سۆرىگەنچە ، مېنىڭ يېنىمغا ئەكىر ! ئاتىكاچىلىقىنى جايىدىن چىقىرىمەن ، — دەپ قەتئىي بۇيرۇق قىلدى ئۇ . رېشىت ھېرىپ - ئاچقىنىنى ئۇنتۇپ ، تەرى قۇرۇماستىن ، يەنە چىقىپ كەتتى . ئۇ بوسۇغىغا بېرىپ ، ئارقىسىغا يەنە بىر بۇرۇلۇپ قارىدى . ئۇنىڭ چىرايى پۇتۇنلەي قارىداپ كەتكەن ، كۆزلىرىدىن چەكسىز دەرد - ئەلەم چاقنايتتى ، ئەمما چىقىپ كەتتى . پازىل چوڭنىڭ تاقىتى قالمىغانىدى : «كەل نىسا ! » دېدى ئۇ . بۇ قېتىم ، نىسانىڭ تەنلىرى شوركۇنۇپ تىكەنلەشتى ، ئۇنىڭ كۆزلىرى سەل ئەندىشە بىلەن ئىشىككە تىكىلدى . پازىل چوڭ ئاغزىنى چاكىلدىتىپ ، بېشىنى سىلكىپ ، ئۇ ئەمدى كەلمەيدۇ ، دېگەن مەنىنى بىلدۇردى...

يەر شارى ئۆز ئوقىدا ئايلانغىنى بىلەن ، نان بىر ئۇلدا پىشمىغاندەك ، يىللار ھەرخىل كۆرۈنۈشلەر بىلەن ئالمىشىدۇ . مانا مۇشۇ ئۆزگىرىشلەر ئىچىدە ، پازىل چوڭ پېنسىيىگە چىقتى ، رېشىت سىناقتىن ئۆتۈپ ، تۆمۈر تاۋاقلىق ئادەمگە ئايلاندى . پازىل چوڭ پېنسىيىگە چىقىپ ئەتىسى ، رېشىت نىسانى ئۆيىدىن قوچىقىدا بىر بالا بىلەن قوغلاپ چىقاردى... نىسا يەنە باشپاناھسىز كوچىدا قالدى... كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىشىپ ، پۇل بېرىدۇ . نىساغا ئەمەس ، ئۇنىڭ قولىدا ناسۋال قاپىقىدەك ساڭگىلاپ ، بىر قەۋەت

قاسماق ئىچىدە قالغان ئاۋاق بالىغا ئىچ ئاغرىتىپ پۇل بېرىدۇ··· نىسا قەيەردە كەچ بولسا، شۇ يەردە ئۇخلايدۇ. ئۇخلىغاندا، غەزەل ئوقۇيدۇ. ئۇنىڭ ئوقۇغان غەزەللىرىنىڭ ئاھاڭى ھېچبىر نىمىگە ئوخشىمايدۇ، سۆزىنى پەرق قىلغىلى بولمايدۇ. چاچلىرى چىگىللىشكەن، يۈزلىرىنى قاسماق باسقان··· ئالدىغا مېۋە شۆپۈكى، ئۈچكە، مۇز چوكىسىنىڭ ياغىچى، تۈگمە، سۆڭەك، قۇشقاچنىڭ ئۆلۈكى، ئالدىغا ئۇچرىغان ھەممە نىمىنى سالىدۇ، كېيىن ئاپىرىپ، ئۆزىنىڭ ئاغزىغا سالىدۇ، بالىنىڭ ئاغزىغا سالىدۇ، تۈكۈرىدۇ··· كاززاپلار: «نىساخان، بىر موچەن بېرىمەن، ئاۋۇ كىشىنى قۇلىقىدىن تۇتۇپ بىرنى سۆيۈۋەت!» دەيدۇ. نىساخان دەررۇ بېرىپ، ئۇ كىشىگە ئېسىلىدۇ، گالۋاڭلىرىنى سۆيۈۋالىدۇ. كۈلكە ـ قىقاس چىقىدۇ. چېچەنلىرى ئۇنى ئىتتىرىۋېتىدۇ، كاچات بىلەن ئۇرىدۇ، يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلىدۇ، كىشىلەر توپلىشىدۇ. كاززاپلار يەنە ئۇنى گەپكە سالىدۇ: «نىساخان، مۇشۇنىڭ ئىچىدىكى ئاشناڭنى ساناپ چىقە، بەش موچەن بېرىمەن» دەيدۇ. نىساخان چىرايلىق ياش يىگىتلەرنى، مويسىپىتلارنى، كادىرلارنى كۆرسىتىپ: «ماۋۇنىڭ بىلەن پالانى يەردە···»، «ئاۋۇ بىلەن پۈستانى يەردە··· » دەپ ئۆزى ئاغزىنى تۇتۇپ كۈلىدۇ··· بىر قولىدا ناسىۋال قاپىقىدەك ساڭگىلاپ تۇرغان بالا··· بەزىدە يىغلايدۇ، بەزىدە ئۇخلايدۇ. نىساخان شۇئان قاچىدىكى پاسكىنا نەرسىلەرنى، مېۋە شۆپۈكلىرىنى، سۆڭەكلەرنى قىزلارغا ئاتىدۇ، قىزلار قاقشايدۇ، ئۇنىڭدىن قورقۇپ قاچىدۇ. يەنە كاززاپلار سورايدۇ: «نىساخان، بالاڭنىڭ دادىسى كىم؟» «ھە، ماۋۇنىڭ دادىسى ھەربىي··· ئېسىل ھەربىي··· ياق، بىر چۆلە ماز ھەربىي··· ياق، ياق··· بالامنىڭ دادىسى چوڭ باشلىق··· ناھايىتى يوغان باشلىق··· ماۋۇ قورسىقىمدىكىنىڭ دادىسى — سەن!···» شۇئان قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلىدۇ. ئۇ تاماشا كۆرگۈچىلەرنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ ـ دە: «ھە··· كۈلۈپ، ئىت يالىغۇدەك بولۇپ كېتىپسەنغۇ؟··· ئاشۇنداق گەپ قىلىپ،

www.uyghurkitap.com

سېنى كۆلدۈرۈۋېتىمەن ، سۆلتىڭگە بېقىپ پۇل بەرسەڭچۇ ئەي پوخۇر شەپكە... سۆلتىڭنى سوپەك تراكتور تارتالمايدۇ... ئىسىت ، ساڭا ئاشنا بولغان قىزغا !... » دەيدۇ . ئېتىكى ئاشۇ ۋاراقلاپ تۇرغان كۆلكىلەر ئىچىدە ، پارچە پۇلغا تولىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن ، بىر بۇلۇڭغا قاراپ كېتىدۇ - دە ، پۇللىرىنى رەتلەپ ساناشقا باشلايدۇ...

كىشىلەر ، بولۇپمۇ ياشلار ھەر كۈنى كىنوغا كىرىشتىن ئاۋۋال ، نىساخاننىڭ ئەنە شۇ تاماشىسىغا داخىل بولۇشىدۇ . ئۇچىيى ئۈزۈلگۈدەك كۈلۈشۈپ ، بىر - بىرىنى مازاق قىلىشقىنىچە ، كىنوغا كىرىپ كېتىشىدۇ...



[General Information]
书名=阿，无情的河　维吾尔文
SS号=40231962